يۈسۈپ ئىلياس

# يُغمر تنقلار

(تارىخىي رومان)

بۇ كىتاب قازاقىستان يازغۇچى نەشرىياتىنىڭ 1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغان سلاۋىيان يېزىقىدىكى نەشرىگە ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据哈萨克斯坦共和国作家出版社1993年斯拉夫文印刷版本转写出版.

مەسئۇل مۇھەررىرى: سۇلتان ھاشىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى: ئازاتگۈل ئاتاۋۇللا
تېخرېداكتورى: ياسىن تۇردى

# ئېغىر تىنىقلار

ئاپتورى: يۇسۇپ ئىلياس (قازاقىستان)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 16.625 قىستۇرما ۋارىقى: 3
1997 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 6 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 15,000 ——— 10,001
ISBN7-228-04123-2/I·1508
باھاسى: 16.00 يۈەن



يۇسۇپ ئىلياس

# مۇندەرىجە

بىرىنچى قىسىم ........ 1
بىرىنچى باب . . . ........ 1
ئىككىنچى باب . . . ........ 17
ئۈچىنچى باب . . . ........ 45
تۆتىنچى باب . . . ........ 58
بەشىنچى باب . . . ........ 85
ئىككىنچى قىسىم ........ 111
بىرىنچى باب . . . ........ 111
ئىككىنچى باب . . . ........ 124
ئۈچىنچى باب . . . ........ 138
تۆتىنچى باب . . . ........ 161
بەشىنچى باب . . . ........ 203
ئالتىنچى باب . . . ........ 225
ئۈچىنچى قىسىم ........ 252
بىرىنچى باب . . . ........ 252
ئىككىنچى باب . . . ........ 276
ئۈچىنچى باب . . . ........ 295
تۆتىنچى باب . . . ........ 310
بەشىنچى باب . . . ........ 330
تۆتىنچى قىسىم ........ 358
بىرىنچى باب . . . ........ 358
ئىككىنچى باب . . . ........ 374
ئۈچىنچى باب . . . ........ 395
تۆتىنچى باب . . . ........ 415
بەشىنچى قىسىم ........ 433
بىرىنچى باب . . . ........ 433
ئىككىنچى باب . . . ........ 451
ئۈچىنچى باب . . . ........ 461

تۆتىنچى باب . . . ...................................... 467
بەشىنچى باب . . . ...................................... 497
ئالتىنچى باب . . . ...................................... 509
خاتىمە . . . ............................................ 527

ئۆتمۈشنى بىلمىگۈچە، بۈگۈنكى كۈننىڭ مەنىسىنى ۋە كېلەچەكنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

— ماكسىم گوركىي

# بىرىنچى قىسىم

## بىرىنچى باب

1720 ـ يىلىنىڭ شەبال ئېيى. بۇ چاغدا تېكەس ۋادىسى شۇنچىلىك گۈزەللىشىپ كېتىدۇكى، رەڭمۇ رەڭ گۈل ـ چېچەكلىرىنى نامايىش قىلىش ئۈچۈن دۇنيادىكى ھەممە گىياھلار مۇشۇ ۋادىنى تاللاپ ئالغاندەك كۆرۈنىدۇ. يېشىل دالىنىڭ ئۈستى ئاق، قىزىل، ھال ۋە سېرىق ئېچىلغان رەڭمۇ رەڭ گۈللەر بىلەن جىمىرلاپ كېتىدۇ. ھاۋادىن دىماغنى يارغۇدەك خۇش پۇراقلار تارقىلىدۇ. تەبىئەتنىڭ بۇ مەنزىرىسىدىن بەھرىمەن بولغان بوز تورغايلار ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلۈپ، قىن ـ قىنىغا پاتماي سايرىماقتا. كېپىنەكلەر لەرزان شامالدا تەۋرىنىپ تۇرغان گۈل ـ غۇنچىلارنىڭ ئۈستىدە پەرۋانە بولماقتا. ھەرخىل گۈللەرنىڭ شەربىتىدىن مەست بولغان ھەرىلەرنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازىغا تەڭكەش قىلغاندەك بۆدۈنىلەر بىلەن كەكلىكلەرنىڭ سايرىغىنى ئاڭلىنىپ قالىدۇ. سوزۇلۇپ ياتقان تەڭرىتېغىنىڭ چوققىلىرىدىكى ئاق قارلار بىلەن گويا كۆك ئاسمانغا قويۇلغان ئۈچى ئۇچلۇق كۈمۈش تۈۋرۈكتەك خانتەڭرى چوققىسى پارقىراپ تاۋلىنىپ كۆرۈنىدۇ. بىراق، جۇڭغار خانلىقىنىڭ خۇنتەيجىسى

چـىۋاق رابدانىنىڭ يازلىق ئوردىسىدىن چىققان ئۈچ ئاتلىق ئادەمگە تەبئەت-نىـىڭ بـۇ گـۈزەل مـەنـزىرىسى قىلچە تەسىر قىلمىغاندەك ھەرقايسىسى ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند .

بـۇلارنـىـڭ بىرى ، تۇنۇگۈن كەچتە خۇنتەيجى سوۋغا قىلغان تو-رۇق ئاتـقـا مىنىپ ، ئۈچىسىدىكى زەرباپ پەرىجىسىنىڭ ئارقا پېشى ئاتنىڭ قـۇيـرۇق تـەرىـپـىـگە يېيىلىپ كەتسمۇ ، پەرۋا قىلماي كېلىۋاتقان دانىيال خـوجا . ئىككىنچىسى ، يەنە شۇ خۇنتەيجى تەرىپىدىن سوۋغا قىلىنغان قارا قـاشقا ئاتقا مىنىپ ، ھاۋارەڭ پەرىجىسىنى بۆكتۈرلەپ ئالغىنى ئۇنىڭ ئوغلى يـاقـۇپ خـوجـا . ئۈچـىـنـچـىسى ، بېشىغا سېلىنىدىر شەكلىدە قارا قالپاق ، ئۈچـىسىغا ئۆرە ياقىلىق ، پەشلىرى يېنىدىن ئىزمىلىنىدىغان سېرىق چاپان كـىـيـىـۋالغىنى ، يەتتە يىلدىن بېرى دانىيال خوجىنىڭ خىزمىتىنى قىلغاچ ئۇنـى مـۇھاپىزەت قىلىشقا بەلگىلەنگەن داندار ئىسىملىك جۇڭغار . ئۇ دانى-يـال خـوجـا بـىـلـەن ياقۇپ خوجىنىڭ ئوردىغا كېلىشتە مىنگەن ئاتلىرىنى يېتىلىۋالغاندى .

ئۇلار « قـايـقـىنىڭ تۈزى » دەپ ئاتىلىدىغان يەردىن ئۆتۈپ ، ئوڭ تەرەپتىكى « ئاتنىڭ تىغى » غا كەلگەندە ، قاپتاللاردا تىۋىلغا بىلەن ئازغان ئۆسـۈپ كـەتـكـەن سـايـغا چۈشتى . كۈن چىقىشقا ماڭغانسېرى سايدىكى بـۇلاقلاردىن چىقىپ ، بەزىدە تارىيىپ ، بەزىدە كېڭىيىپ ئېقىۋاتقان سۇلار-نـىـڭ قـوشـۇلـۇشـىدىن ھاسىل بولغان ئېقىننى بويلاپ كېلىۋاتقان دانىيال خوجا ، سايىنىڭ بىر قولتۇقىغا كەلگەندە ئېتىنى توختىتىپ يەرگە چۈشتى .

ـــ كىچىككىنە دەم ئېلىۋالايلى ، ـــ دېدى ئۇ ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىغان ئوغلىغا .

بـۇ گـەپـنـى ئاڭلاپ يـاقـۇپ خـوجـا بـىـلـەن داندارمۇ ئاتلىرىدىن چۈشتى .

دانىدار ئاتلارنى ئېقىن بويىدا ئۆسكەن تاللارغا باغلىغاندىن كېيىن ئۇلاغلىرىنى بوشىتىپ، ئىوزۇق ـ تۈلۈك سېلىنغان خۇرجۇننى ئالدى ـ دە، دانىيال خوجا پەرىجىسىنى ئېسىپ قويغان تالنىڭ سايىسىگە كەلدى.

— سىلەر ماڭا قارىماي غىزالىنىۋېرىڭلار، — دېدى دانىيال خوجا، — مەن سۇغا چۈشۈپ ئازراق سالقىنداپ كېلەي.

— سۇ سوغۇق ئەمەسمۇ، ئاتا؟ — ياقۇپ خوجا ھەيران بولۇپ سورىدى. ئۇنىڭ نەزىرىچە سالقىن ساينىڭ تېگىدە ئېقىۋاتقان سۇ تېخى ئادەم چۆمۈلگۈدەك ئىسسىق ئەمەس ئىدى.

دانىيال خوجا بالىسىنىڭ سوئالىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، خۇرجۇندىن لۆڭگىسىنى ئالدى ـ دە، ئۇلۇڭ تەرەپتىكى غىمىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئەپلىك بىر يەرنى تېپىپ، ئۈستۈبېشىدىكىلەرنى يەشتى، ئاندىن كەشىنى سۆرەپ ئېقىننىڭ قىرغىقىغا كېلىپ پۇتىنى سۇغا چىلىدى. سۇ راستىتىنلا سوغۇق ئىكەن، بىراق نىيەت قىلغاندىن كېيىن يالتىيىشقا بولمايتتى. دانىيال خوجا «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دەپ پىچىرلىغىنىچە ئېقىننىڭ ئىچىگە كىردى. ئۇ تاغ سۈيىنىڭ ئەندىكتۈرۈپ بەدىنىنى مۇزلاتقىنىغا قارىماي، خۇددى ھاممامدا غۇسۇل قىلغاندەك، قىرغاقتا ئولتۇرۇپ تەرەت ئالدى. ئاندىن ئېلىپ كەلگەن جايىنامازنى يېيىپ، بالدۇر زۇھا① نامىزىنى، كېيىن پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى ۋە «يا زول جاللالى ۋەل ئېكرام» دېگىنىچە ئۇزاقتىن ئۇزاق، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا «سەئىدۇل ئىستىغپار» ئوقۇشقا باشلىدى.

كىچىكىدىن تارتىپ ئىلمان سۇ بىلەن تەرەت ئېلىشقا ئۆگەنگەن دانىيال خوجىنىڭ، ھازىر مۇزدەك تاغ سۈيىدە غۇسۇل قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىبادەت قىلىشىغا تونۇگۇن يۈز بەرگەن مۇنۇ ۋەقەلەر سەۋەب بولغانىدى.

① زۇھا نامىزى — كۈن كۆتۈرۈلگەندە ئوقۇلىدىغان ناماز.

بۇرناكۇن كەچتە، دانىيال خوجىنىڭ ئۆيىگە مەخسۇس چاپارمەن كېلىپ، ئۇنى خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى. خۇنتەيجىنىڭ بىرەر مۇھىم مەسىلە يۈز بەرگەندىلا چاپارمەن ئەۋەتىدىغانلىقىنى بىلىدىغان دانىيال خوجا ھەرخىل پەرەزلەرنى قىلدى. بىر تۇرۇپ قەشقەرىيە تەرەپتە ياكى تۇرپان، قۇمۇل تەرەپلەردە جوڭغارلارغا قارشى بىرەر ھەرىكەت يۈز بەردىمىكىن دېسە، بىر تۇرۇپ، ئايا كۆز تەرەپتىكى قازاقلار قوزغالدىمىكىن دەيتتى. چۈنكى، مۇشۇ يېقىندا ئۆزىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن سوپى - دەرۋىشلەردىن «قەشقەرىيەدىكى بەزى بەگلەر جوڭغارلارغا تۆلىنىدىغان سېلىقلارنى يىغىشتىن باش تارتىپتۇ»، «بەزى شەھەرلەرنىڭ بەگلىرى ئۆز يۇرتىدا تۇرۇۋاتقان جوڭغار بەگلىرىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى كۆرەڭلىشىپ كەتكىنىگە چىدىماي، ئەھلى مۇسۇلمانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. خۇنتەيجى ئوردىسىدا تىلماچلىق قىلىدىغان موللا ئىبراھىم مەشھۇر: «جوڭغارلار ئاياكۆز دەرياسىنىڭ بويىدا بولغان جەڭلەردە ئوتتۇزمىڭ قازاق لەشكىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ①، ئۆزىگە تەمەننا قويغان خۇنتەيجى تالاس ۋادىسى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ سۆزلەپ بەرگەندى.

دانىيال خوجا قانچە ئويلىنىپ تولغانسىمۇ، خۇنتەيجىنىڭ نېمە ئۈچۈن چاقىرغانلىقىنى يا ياخشىلىققا، يا يامانلىققا جورالماي، تۇنۇگۈن چوڭ ئوغلى ياقۇپ خوجا بىلەن داندارنى ئەگەشتۈرۈپ، جوڭغار خانىنىڭ يازلىق ئوردىسىغا كەلگەنىدى. خان ئوردىسىدىن مىڭ قەدەمچە يىراققا تىكىلگەن كىگىز ئۆيگە يېقىنلاشقاندا، ئۆيىنىڭ سايىسىدە سالقىنداپ ياتقان

---

① بۇ جەڭ 1717 - يىلى بولغان.

ئىككى ئىت هاۋشىغان بويى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى . ئىتلارنىڭ ئۇنىنى ئاڭلاپ ، ئۆيدىن چىققان تىلماچ موللا ئىبراهىم مەشھۇر دانىيال خوجىنى كۆرۈپ : « بۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن بۇياققا كېلىپ قالدىكىنا ؟ » دېگەن ئوي بىلەن بىر پەس تۇرۇپ قالدى ـ دە ، ئاندىن دەرهال ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۈتۈۋالدى . ئۇنىڭغىچە قوشنا ئۆيلەردىن چىققان ئىككى نەپەر جۇڭغار ئىراۋۇلى ئىتلارنى قوغلاپ ، مېهمانلارنى ئاتتىن چۈشۈردى .

دانىيال خوجا تىلماچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ، پاتىهە قىلغاندىن كېيىن ، ئامانلىق سوراشقان بولدى ـ دە ، تەرەت ئېلىش ئۈچۈن چۆگۈن سورىدى ۋە بىر پەستىن كېيىن دىگەر نامىزىنى بىللە ئوقۇشتى . شۇ ئارىدا بايىقى جۇڭغار ئىراۋۇللىرىنىڭ بىرسى بىقىنلىرى كۈمۈش بىلەن نەقىشلەنگەن تورسۇق بىلەن بىرنەچچە چۆچەكنى ئەكىرىپ ، يولۇچىلارغا قىمىز قۇيۇشقا باشلىدى . كۈن بويى هېچ يەردە توختىماي كەلگەچكە چارچاپ قالغان مېهمانلار ئىككى چۆچەكتىن قىمىز ئىچىپ ، هاردۇقلىرىنى چىقارغاندەك بولدى .

ـــ قەدەملىرىگە مۇبارەك بولغاي ، خوجام ، ـــ دېدى موللا ئىبراهىم مەشھۇر دانىيال خوجىنىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلمەك بولۇپ .

ـــ تۇنۇگۈن خۇنتەيجى جانابلىرى چاپارمەن ئەۋەتىپتىكەن . . .

ـــ شۇنداقمۇ ؟ ـــ تەئەججۇبلەندى تىلماچ .

دانىيال خوجا موللا ئىبراهىم مەشھۇرنىڭ كۆندە دېگۈدەك خۇنتەيجىنى كۆرۈپ تۇرغىنىغا قارىماي ، ئۇنىڭ ئۆزىگە چاپارمەن ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ ، يەنە سۆز قاتتى .

ـــ دۇنيانىڭ ئىشلىرى تىنچلىقتۇ ؟

ـــ هازىرچە تىنچلىق ، خوجام ، تاڭلا نېمە ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشى پەقەت ئاللاتائالاغا ئاياندۇر .

دانــيـال خـوجـا ئۆز ھۆرمــتـى ئۈچۈن سويۇلىدىغان قوزىغا دۇئا بـەرگــەندىن كېيىن، پەگا تەرەپتە ئولتۇرغان داندارغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئۇلـۇغ خـۇنتەيجى جانابلىرىغا مېنىڭ كەلگەنلىكىم ھەققىدە ئۇ-چۇر بېرىلمىدىمۇ؟

— يـاق، خـوجـام، مـانـا ھازىـر بـەجا كەلتۈرىمەن، — دېدى ۋە ئالـدىدىكى چۆچەككە قۇيۇلغان قىمىزنى بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋېتىپ تالاغا چىقتى.

ئۇ پاقلاننىڭ گۆشى پىششىقا يېقىن قايتىپ كەلدى - دە، ئۆزىنىڭ خۇنتەيجى ئالدىدا ئىناۋىتى بارلىقىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك مەغرۇرلىنىپ:

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىز، خوجامنىڭ بۇگۈنچە ياخشى دەم ئېلىشىنى، كېرەك بولغاندا ئادەم ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، — دېدى.

— ئەمـرچـىمىز ئۆزۈن يىللار ياشىسۇن، — دېدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر موڭغۇلچىلاپ.

ئۇلار كـەچلىك تاماقتىن كېيىن، تۈن يېرىمىغىچە ئۇيان - بۇيانـدىـن پـاراڭـلىشىپ ئولتۇرغىنىغا قارىماي، دانىيال خوجا ھەممىدىن بۇرۇن ئۇيغىنىپ كەتتى.

تـەگـرىـتـېـغىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئارغامچا بويى ئۆرلىگەندە، دىـقـمـاق تـورۇق ئاتـقـا مـىـنـگـەن جـۇڭغار ئىراۋۇلى ئوردا تەرەپتىن ئات چـاپتۇرۇپ كەلدى - دە، موللا ئىبراھىم مەشھۇرغا ئۇلۇغ خۇنتەيجى جاناب-لىـرىـنـىـڭ دانــيـال خوجا باشلىق مېھمانلارنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىشىنى ئىـپـتىقانلىقىنى ئۇقتۇردى. خۇنتەيجىنىڭ پەرمانىدىن خەۋەر تاپقان دانىيال خوجىلار ئورنىدىن قوزغىلىپ ئوردا تەرەپكە پىيادە مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، بايىقى لەشكەر: «ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرى مېھمانلارنى ئاتلىرىغا مىنىپ كەلسۇن دېگەندى» دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دانىيال خوجىلا ئەمەس، ھەتتا جۇڭغار ئوردىسىنىڭ رەسىم ـ قائىدىلىرىنى بەش قولدەك بىلىدىغان موللا ئىبراھىم تىلماچمۇ ھەيران قالدى. چۈنكى، جۇڭغار خانلىقىدا نەچچە يىللاردىن بېرى ئەمەل قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە، خان ئوردىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەرقانداق ئادەم مىڭ قەدەم يىراقلىقتا ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭاتتى. ھەتتا قەبىلىلەرنىڭ تەيجىلىرى بىلەن نويان باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرىمۇ ئوردىغا بەش يۈز مېتىر قالغاندا، ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭاتتى. شۇڭا، خان ئوردىسىدىن كەلگەن جۇڭغار لەشكىرى، موللا ئىبراھىم مەشھۇر باشلىق مېھمانلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى بايقاپ:

— دەرھال ئاتلىرىڭلارنى مىنىپ مېڭىڭلار! — دېدى ـ دە، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئوردا تەرەپكە كەتتى.

ئانچە كېچىكمەي دانىيال خوجىلارمۇ ئاتلىرىغا مىنىپ مېڭىشتى.

ئۇلار خۇنتەيجىنىڭ يازلىق ئوردىسى دەپ ئاتىلىدىغان ئون ئالتە كەرگىلىك، چاڭغىرىقىنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز بادىرىنىڭ ئۇچىدا ئاتىنىڭ بىر تۇتام قۇيرۇقى بىلەن ئۈچ بۇرجەك بايراق يەلپۈنۈپ تۇرغان ئاق ئۆيگە ئۈچ يۈز قەدەمچە قالغاندا، ئاتلىرىنى ئويناقلىتىپ كېلىۋاتقان خۇنتەيجى باشلىق بىرقانچە نويانىنى ①كۆرۈپ دەرھال ئاتلىرىدىن چۈشتى. ئاڭغىچە يايلى ـ قۇيرۇقى يەرگە تېگىپ تۇرغان جەرەن ئاتقا مىنىپ ھەمراھلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان خۇنتەيجى دانىيال خوجىلارغا يېقىنلاپ قالدى. ئۇ ئۇچىسىغا پارقىراپ تۇرىدىغان سېرىق تاۋاردىن ئۆرە ياقىلىق كەڭ پەشمەت كىيىپ، بېلىنى قىزىل شايى بىلەن ئىككى ئايلاندۇرۇپ باغلىۋالغان، بېشىغا قاسقىنى ئۈستىگە قايرىلغان،

① نويان — ئەمەلدار، مەنسەپدار.

قۇببىسى كىچىك قارا قالپاق كىيىۋالغانىدى. بېشىنىڭ چوققىسىدا ئۆستۈرگەن بىر ئۆرۈم ئۇزۇن چېچى ئۇڭ قۇلىقىنىڭ ئارقىسىدىن مەيدىسىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن، شالاڭ ئۆسكەن ئىنچىكە بۇرۇتى بىلەن بىرنەچچە تال ساقىلى بىلىنەر - بىلىنمەس يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇ ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرگەن دانىيال خوجا باشلىق ئادەملەرنى كۆرۈپ ئېتىنى توختاتتى. دانىيال خوجا بىلەن ياقۇپ خوجا قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، باشلىرىنى ئېگىپ سالام بەردى. موللا ئىبراھىم مەشھۇر بىلەن داندارلار باش كىيىملىرىنى ئېلىپ، بىر تىزىنى يەرگە تەگكۈزۈپ ئېگىلىشتى.

— خوجىنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟ — خۇنتەيجى دانىيال خوجا ئۆز ئالدىدا ھەغدا تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى باشقا بىرسىدىن سورىغاندەك ئەلپاز كۆرسەتتى.

— ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرى ئۇزۇن يىللار سەلتەنەت كۆرسۈن، — دېدى دانىيال خوجا ئوردا ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق.

— ئەمسە ئاتلىرىڭلارغا مىنىڭلار! — دېدى خۇنتەيجى ۋە ئېتىنى دېۋىتىپ ئالغا ئىنتىلدى.

شۇ چاغدا قۇلا ئاتقا مىنگەن نويانلاردىن بىرسى قامچا تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋىدى، ئوردىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۆيلەرنىڭ دالدىسىدا تۇرغان يىگىرمىگە يېقىن قوراللىق جۇڭغارلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كەلدى - دە، خۇنتەيجى باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن دانىيال خوجىلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ مېڭىشتى.

ئۇلار بىرەر سائەتتىن كېيىن، تەڭرىتېغىنىڭ كىچىك بىر تارماقىدىكى ئېگىز دۆڭلۈككە جايلاشقان يېشىل دەپسەنگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەرگە تېكەس بىلەن ئىلى ۋادىسىدا تۇرۇۋاتقان جۇڭغارلارنىڭ ھەممىسى

دېگۈدەك يىغىلىشقانىدى. كەرمىلەرگە باغلانغان ئاتلار چىۋىنقاپ تۇرۇشاتتى. يەرگە ئويۇپ ياسالغان ئوچاقلاردىن چىققان تۈتۈنلەر تاغ قاپتاللىرىنى بويلاپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى.

خۇنتەيجىلەر دەپسەنگە يېقىنلىشاي دېگەندە، قۇلا ئاتقا مىنگەن نويان بىرنەچچە قوراللىق لەشكەرنى ئېلىپ ئىلگىرىلەپ كەتتى ـ دە، يىغىلغان خەلققە مۇراجىئەت قىلىپ، خۇنتەيجى باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرىغا يول ئاچتى.

خۇنتەيجى باشلىق ئەمەلدارلار دەپسەنگە كېلىشى بىلەن، ئۇلارغا يول بېرىپ ئىككى چەتتە ئۆرە تۇرۇشقان جۇڭغارلارنىڭ بەزىلىرى ئىككى قولىنى جۈپلەپ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ ھۆرمەت بىلدۈرسە، بەزىلىرى ئېگىلىپ يەرگە باش ئۇراتتى.

خۇنتەيجى دەپسەنىنىڭ ئوتتۇرىغا تىكىلگەن چوڭ ئاق ئۆيگە يېقىنلاشقاندا ئىككى يۈزگە يېقىن گېچىل① غاز قانتى بولۇپ سەپ تۈزدى. چاچلىرى قىرىپ چۈشۈرۈلگەن گېچىللەرنىڭ ھەممىسلا يالاڭئاشتاق ئىدى. ئۇچىسىغا كىيىۋالغان جىگەررەڭ چاپانلىرىنىڭ ئېتەكلىرى تۇمشۇقى ئاسمانغا قاراپ تۇرىدىغان قىزىل ئۆتۈكلىرىنىڭ يۈزلۈكىگىچە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېرىق تاۋاردىن بەلۋاغ باغلىشىۋالغانىدى.

خۇنتەيجى باشلىق ئەمەلدارلار گېچىللەر سېپىنىڭ چېتىگە كەلگەندە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىشتى. ئوڭ تەرەپتە تۇرغان گېچىللەر: « ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي! » دەپ ۋارقىرىدى. سول تەرەپتە تۇرغانلار ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ: « ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن تاغۇ تاشلار تىترىگەي! » دەپ خىتاب قىلىشتى. ئاندىن ھەممە گېچىللەر قوللىرىنى جۈپلەپ پېشانىلىرىگە ئۈچ

① گېچىل ـــ بۇددا دىنى تەھسىل قىلىۋاتقان تالىپلار، راھىبلار.

قېتىمدىن تەگكۈزۈشتى. شۇ چاغدا سېرىق تاۋاردىن ئۈزۈن چاپان كىيگەن، چىراي ـ شەكلى ماي سۇركىۋالغاندەك پارقىراپ كەتكەن ئېگىز بويلۇق بىر گىگەن ①: «شان ـ شەۋكىتى تەڭرىتېغىدىنمۇ ئۇلۇغ، ھەممە جۇڭغارلارنىڭ شاپائەتچىسى بولغان خۇنتەيجىمىزنىڭ قەدىمىگە مۇبارەك!» دەپ جۆپلەنگەن ئىككى قولىنى پېشانىسىگە ئۈچ قېتىم تەگكۈزۈپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان چىلەڭگە «باشلاڭلار» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى.

چىلەڭ خۇددى مۇشۇ ئىشلارنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئۈزۈنلۈقى ئۈچ گەز كېلىدىغان سېرىق تاۋارنى يېيىپ، تۆت ئۇچىنى تۆت گېچىلگە تۇتقۇزدى ـ دە، ئۆزى ئاق ئۆيگە كىرىپ ئۈستى سېرىق تاۋاردا يېپىلغان بىر نەرسىنى يوغان كۈمۈش تاۋاقتا كۆتۈرۈپ چىقتى، بىرەر مىنۇتتەك كالپۇكىنى مىدىرلىتىپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغاندىن كېيىن، بايىقى تاۋاقنى تۆت گېچىل كۆتۈرۈپ تۇرغان سېرىق تاۋار ئۈستىگە قويدى. كۆ-ئاندىن تاۋاق ئۈستىدىكى تاۋار يوپۇقنى ئىككى قوللاپ ئېلىۋەتتى. كۈمۈش تاۋاقتا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئالتۇن بۇت ھەممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. شۇ ئارىدا تۆت گېچىلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىچى ئەركە ② بىلەن تولدۇرۇلغان تۇگىنىڭ قېشىغا قىرى يۇقىرىسىغا قايرىلىپ، چوققىسىغا تۇرلۇك مارجانلار ئورنىتىلغان قالپاقلارنى كىيگەن، ئىككىسىگە ئۆرۈلگەن ئۈزۈن چاچلىرى چېتى يېرىق پەشمەتلىرىنىڭ ئېتەكىگە چۈشۈپ تۇرغان بىر نەچچە قىزلار پەيدا بولدى. دومبىيىپ تۇرغان مەڭزىلىرى قىزارغان، قىياق كۆزلىرى جۇلالىنىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بۇ جۇڭغار قىزلىرىنىڭ كەيپى چاغ ئىدى.

دانىيال خوجا جۇڭغارلارنىڭ ھەر يىلى يازنىڭ مۇشۇ پەيتىدە يىل

---

① گىگەن — بۇددا دىنىدىكى راھىبلارنىڭ دىنىي دەرىجىلىرى.

② ئەركە — سۈتتىن ياسالغان موڭغۇل هارىقى.

بـويـى ئـبادەتخانىدا تۇرىدىغان مەبۇدنى يايلاقتا مۇشۇنداق تەنتەنە بىلەن كۆتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان . بۇ ھەقتە نىلقا ، قاينۇق ، تېكەس ۋە ئىلى ئەتراپىغا سىلىنغان كۈرەلىرىدىكى بۇتنى يايلاقتا كۆچۈرۈشكە بىر نەچچە قېتىم قاتناشقان داندارمۇ سۆزلەپ بەرگەنىدى .

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، قۇياش بىلەن ئاي تۇرۇۋاتقان كۆك ئاسمان ، ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنى ، يەر بىلەن تاغۇ تاشلارنى ۋە ئۆسۈملۈكلەر بىلەن سۇلارنى ياراتقان ئۇلۇغ مەبۇدنى يازنىڭ مۇشۇ پەسلىدە يايلاقتا ئاچىقىپ بىرمەزگىل يايلاتسا ، ئۇ ئۆزىگە تېۋىنغان ئادەملەرگە ھەرقاچان يار - يۆلەك بولىدىكەن . ئۇلۇغ خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدان جانابلىرىنىڭ بۇ يېقى تەڭرىتاغلىرىدىن ئېشىپ تىبەتكىچە ، ئۇ يېقى كۆكچىدىن ① ئاياكۆز ۋە باشقا يەرلەرگىچە بولغان يۇرۇشلەردە كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەن ئاشۇ ئۇلۇغ مەبۇدنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئىكەن . شۇڭا ، يىلدا بىر قېتىم داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان مەدىرە ② مۇراسىمىغا قاتنىشىش ھەربىر جۇڭغار بالىسى ئۈچۈن ئىنتايىن شەرەپلىك ۋاقىت ئىمىش .

دانىيال خوجىنىڭ بۇ خىياللىرىنى ئۇزۇن چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن يېڭى قىسقا ، پەشلىرى ئۇزۇن ، تاقىر بېشىنىڭ چوققىسىدىن ئۆسكەن بىر ئۆرۈم چېچى ئاقىرىپ كەتكەن قېرى لامانىڭ چوڭلۇقى لىگەنچىلىك ئىككى مىس تاۋاقنى بىر - بىرىگە ئۇرۇشىدىن چىققان جاراڭلىق ئاۋازى بۇزۇۋەتتى . ئۇنىڭ كۆزى تۆت گېچىل كۆتۈرۈپ تۇرغان سېرىق تاۋار ئۈستىدىكى بۇتنىڭ ئاستىدىن جۈپلەنگەن قولنى پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ ، ئاق ئۆي تەرەپكە ئۆتۈۋاتقان خۇنتەيجىگە چۈشتى . ئۇ مەبۇدنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپلا ، لامانىڭ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈشى بىلەن ياغاچ ئا- ياقتا ئاغزىنىڭ يېرىمى يېپىقلىق تۇڭدىكى ئەركىدىن ئېلىپ بىر

---

① كۆكچى ــ بالقاش كۆلى .

② مەدىرە ــ جۇڭغارلارنىڭ مەبۇدنى يايلاقتا ئاچىقىش مۇراسىمى .

كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتى . ئاندىن تۇگغا ياندىش تۇرغان قىياق كۆز قىزلارغا كۆز يۇگۇرتۇپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بويى ئېگىزرەك ، ئاھۇ كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان بىرسىنى سۆيۈپ قويدى . قۇدرەتلىك خۇنتەيجىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولالىغان قىزنىڭ مەگزىلىرى تېخىمۇ قىزىرىپ ، مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى چاقناپ كەتتى . خۇنتەيجىنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولالمىغان باشقا قىزلار ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تىزلىنىپ ، ئۇنىڭ يەگلىرى بىلەن پەشلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈشتى .

شۇ چاغدا بايىقى تاقىر باش لاما قولىدىكى مىس تاۋاقلارنى يەنە ئۇردى . بۇ قېتىم خۇنتەيجىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ھېسابلىنىدىغان ساغا نويان سېمىز قەددىنى ئېگىپ ، مەبۇدنىڭ ئاستىدىن ئۆتتى ـ دە ، تۇگ-دىكى ئەركىدىن بىرئاياق ئېلىپ ئىچتى ۋە خۇنتەيجىگە ئوخشاش كۆگلى تارتقان بىر قىزنى سۆيۈپ ، لامالار تۇرغان يەرگە باردى .

مىس تاۋاقلار يەنە ئۇرۇلدى ، يەنە بىر نويان مەبۇد ئاستىدىن ئۆتتى . ئۇمۇ بىر ئاياق ئەركە ئىچىپ ، بىرقىزنى سۆيۈپ قويدى .

نۆۋەت دانىيال خوجىغا كېلىپ قالدى . ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋاسى ، قەشقەرىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پاسىبانى دەپ ھېسابلايدىغان دانىيال خوجىنىڭ بەدىنى شۈركىنىپ ، يۈرىكى قىسىلدى . « قانداق قىلسام بولار ؟ » دېگەن سوئال پېشىغا يىگىنەدەك سانجىلدى . « ئەگەر مۇشۇ كۇپارلارغا ئوخشاش بۇتنىڭ ئاستىدىن ئۆتسەم ، ئاللاتائالا بىلەن روسۇلىللانىڭ ۋە پۈتۈن ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولىمەن . ئەگەر بۇتنىڭ ئاستىدىن ئۆتمىسەم ، ئىمانى يوق بۇ قانخور خۇنتەيجى كاللامنى ئالىدۇ ياكى ھېلىقى ھاجى سوپۇمنى ئاساۋ بايتالنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ كۆكۆل ئاچقاندەك ئىش قىلىدۇ . . . »

ئۇ قورسىقى ئېچىپ ، كۆزى قىزارغان ئاچ شىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ

قالغان كېيىكتەك ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ بۇ ھالىنى بايقىغان موللا ئىبراھىم مەشھۇر :
— « ئاۋام ئۆز پادىشاھىنىڭ دىنى بىلەن » دېگەن ماقال بار . خوجام « كۆرسۇن » گە بولسىمۇ جۇرئەت قىلسىلا ، — دەپ پىچىرلىدى .
ياقۇپ خوجا بولسا :
— ئۆزلىرى : « سۇلتان ئاللاتائالانىڭ سايىسىدۇر » دەيتتىلىغۇ ، ئاتا ، — دېدى .
شۇ ئارىدا قېرى لامانىڭ قولىدىكى مىس تاۋاقلار يەنە ئۇرۇلدى . بۇ قېتىم ئۇنىڭدىن چىققان سادا خۇددى قىيامەت قايىم باشلانغاندەك ، دانىيال خوجىنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى ، ئۇ قورقىنىدىن مەبۇد ئاستىدىن قانداق ئۆتكىنىنىمۇ بىلمەي قالدى . « خىش قېلىپىدىن چىقتى » دەپ ئويلىدى - دە ، ئىختىيارسىز ھالدا توڭگىنىڭ ئۈستىدىكى ئاياق بىلەن ئەركە ئېلىپ بىرنەچچە يۇتۇم ئىچىۋەتتى ۋە ئۆزىدىن بۇرۇن مەبۇدنىڭ ئاستىدىن ئۆتكەنلەرگە ئوخشاش ، ئۇدۇل كەلگەن جۇگغار قىزنى سۆيۈپ نويانلارنىڭ قېشىغا كەلدى .
دانىيال خوجىنى بۇنداق قىلىدۇ ، دەپ كۈتمىگەن خۇنتەيجى « قەشقەرىيىدە < ئاق تاغلىق > ، < قارا تاغلىق > دەپ ئاتىلىدىغان خوجىلارنىڭ ئىچىدە بىزنى بۇنىڭدەك ھۆرمەت قىلىدىغان سادىق خوجا يوق بولسا كېرەك » دېگەن ئويغا كېلىپ ، بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلگىرى يەكەنگە لەشكەر تارتىپ بارغىنىدا دانىيال خوجىنىڭ قارشىلىق بىلدۈرمەي تەسلىم بولغىنىنى ئەسلىدى .
موللا ئىبراھىم مەشھۇر مەبۇدنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈشى بىلەنلا ، قېرى لاما قولىدىكى جاڭنى كۆتۈرۈپ ئاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى . نۆۋەت مەبۇد-

نىڭ ئاستىدىن ئۆتۈشكە تەقەززا ۋە تەشنا بولۇپ تۇرغان جۇڭغارلارغا كەلدى . خۇنتەيجى باشلىق نويانلارمۇ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن ئاتلىرىغا مىنىشتى .

دانىيال خوجا يازلىق ئوردىغا كەلگەندە خۇنتەيجىنىڭ ھۇزۇرىدا بولمىغان دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن ، بۇ ئويى ئەمەلگە ئاشمىدى . ئۇنىڭغا ساغا نويان داندار ئارقىلىق تىلماچنىڭ ئۆيىدە كۈتۈپ تۇرۇشنى ئۇقتۇردى .

شۇكۈنى كۈن ئولتۇرارغا يېقىن دانىيال خوجىنىڭ ئالدىغا ئىككى ئات يېتىلىگەن بىرنەچچە نۆكەرلەر بىلەن ساغا نويان كەلدى ـ دە ، ئاتتىن چۈشمەي ، تالادىلا :

ــ ئۇلۇغ ئەمىرچىمىز خوجىنى ئۆزىگە يېقىن ئادەم كۆرۈپ ، كەچىك خوجا ئىككىسىگە مۇنۇ ئاتلارنى يوسۇن قىلدى ، ــ دېدى .

كىگىز ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆرە تۇرغان دانىيال خوجا ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەشەككۈر بىلدۈردى :

ــ ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن ، بەختى زىيادە بولسۇن !

موللا ئىبراھىم مەشھۇر ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆرۈپ بەرگەندىن كېيىن ، ساغا نويان :

ــ ئۇلۇغ ئەمىرچىمىزنىڭ ئىشلىرى يەنە كۆپىيىپ كەتتى . خوجا ئۆيىگە قايتىپ دەم ئالسىمۇ بولىدۇ ، ــ دېدى ـ دە ، نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوردا تەرەپكە قايتتى . دانىيال خوجىنىڭ بېشىدا : « بۇ ھۆكۈمدار نېمە ئۈچۈن چاپارمەن ئەۋەتىپ چاقىرتىدۇ ، نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلماي قايتىپ كېتىشۈرسۇن دەيدۇ ؟ » دېگەن سوئاللار پەيدا بولغان بولسىمۇ ، ئەمما بىر پەستىن كېيىن : « ھە ، بۇ جۇڭغار خانىنىڭ

مۇددىئاسى ئېتىقادىمنى مەسخىرە قىلىش ئىكەن ـ دە ... خەير ، بۇ كۆچـ لۈكلەرگە خاس خۇسۇسىيەت . ئۇلار ماڭا ئوخشاش ئاجىزلارغا خالىسا جەبىر كۆرسىتىدۇ ، خالىسا بىر پارچە سۆڭەك تاشلاپ قويىدۇ ، ئۇنىڭ ساغان نويانىدىن ئەۋەتكەن ئاۋۇ ئىككى ئېتى ئاشۇ سۆڭەك ئەمەسمۇ ؟ خەير ... ھازىر بىز ئۈچۈن قەھرىتان قىش ، قاراڭغۇ تۈن بولغان بۇ جاـ ھان بىر كۈنلەر كېلىپ بىزنى ئىللىق باھارغا ، يورۇق كۈنلەرگە يەتكۈزەر ... » دەپ ئويلىدى .

دانىيال خوجا بۇگۈن ئەتىگەن موللا ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ مېھماندوستلۇقىغا رەھمەت ئېيتىپ تالاغا چىقتى ، داندار ئۇنىڭ مىنىدىغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇراتتى .

— خۇنتەيجى جانابلىرى ھەدىيە قىلغان ئاتلارنى نېمىشقا توقۇمىدىڭىز ؟ — دېدى خوجا دانداردىن نارازى بولغان قىياپەتتە .

— ئۇلارنى يېتىلىۋالاي دېۋىدىم .

— ياق ، شۇ ئاتلارنى ئېگەرلەڭ !

دانىيال خوجىنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى مەقسىتى ئۆزىگە يوسۇن قىلىنغان ئاتلارنى مىنىش ئارقىلىق خۇنتەيجىدىن مىننەتدار بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى ...

ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشامدىن بېرى خۇنتەيجىنىڭ تەكەببۇرانە مۇئامىلىسىنى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەھلى مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە مەڭلىغان كۇپارلارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ بۇنىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆمۈر بويى ئۆكۈنۈش بىلەن ئۆتىدىغان نۇقسان كەلتۈرگىنىنى ئويلاپ ئەپسۇسلىناتتى ، ئەزايى ـ بەدىنى بوشىشىپ كەتـ كەنىدى . ھازىر مۇزدەك تاغ سۈيىگە چۈشۈپ غۇسلى قىلغاچقىمۇ ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان « سەئىدۇل ئىستىغپارنىڭ » شاپائىتىمۇ ،

بويى يېنىكلىگەندەك بولۇپ، كەيپىياتى تۈزۈلۈپ قالدى. شۇنداق بولسمۇ، قىبلىگە قاراپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە، تەسۋىيسىنى سىيرىپ: «ئاللاھۇممە سەلى ئەلا، مۇھەممەدىن ۋە ئەلا كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىم...» ① دەپ دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى.

تالنىڭ سايىسىدىكى چىملىققا سېلىنغان داستىخان چۆرىسىدە ئولتۇرغان ياقۇپ خوجا، دادىسىنىڭ كېچىكىپ كەتكەنلىكىدىن ئەنسىرەپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئېقىن ياقىلاپ ماڭدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا دادىسىنىڭ: «ھەي، ئۇلۇغ رەببىم! جىمى ھەمدۇ سانالار بارلىق ئالەمنى ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچى ساڭىلا خاستۇر. سەن بىزنى رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرگىن، ئىشلىرىمىزدا توغرا يولغا سالغىن. سائادەتمەن بەندىلىرىڭ قاتارىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھى كەبىر ②، گۇناھى سەغىرلىرىمنى ③ مەغپىرەت قىلغىن...» دەپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىۋاتقىنى ئاڭلاندى.

ياقۇپ خوجا قولىنى دۇئاغا كۆتۈرگىنىچە دادىسىنىڭ يېنىغىراق كېلىپ توختىدى.

— ... ھەي، رەببىم، — دېيتتى دانىيال خوجا مۇناجىتىنى داۋام قىلىپ، — بىزگە ئىلتىپات قىلغان ئېھسانلىرىڭغا يېنىپ-يېنىپ تەشەككۇر بايان قىلىمەن. سېنىڭدىن باشقا ئاللا يوقتۇر، ئۇلۇغ مۇھەممەد سېنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرىڭدۇر. ماڭا ئوخشاش زالىمنىڭ زۇلمىغا گىرىپتار بولغان قۇللىرىڭنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىش، ئۇلارغا نۇسرەت ئاتا قىلىش پەقەت ساڭىلا خاس پەزىلەتتۇر. سەن ھەممىگە قادىر، يوقنى بار، بارنى يوق قىلغۇچىسەن...

---

① «ھەي، ئاللا، مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ جەمەتىگە، ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە رەھمەت قىلغىن».

② گۇناھى كەبىر — چوڭ گۇناھ.

③ گۇناھى سەغىر — كىچىك گۇناھ.

ئـۇ شـۇنچىلىك مىسكىنلىشىپ كەتكەنىدىكى، كۆزىدىـن ئاققان ياش ئاق ئارىلىغان ساقىلىدىن مەيدىسىگە تاماتتى.

دادىسـىنىڭ مۇنداق پەرىشان ھالىنى ھېچقاچان كۆرمىگەن ياقۇپ خوجا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئىختىيارسىز ئۇھ تارتتى. بۇنى بايقاپ قالغان دانىـيال خوجا دۇئاغا كـۆتـۈرگـەن قـولـى بىلەن يـۈز - كۆزىنى سىيـپىدى - دە، ئوغلىغا قاراپ:

— كـېـلىنىڭ ئوغلۇم، ئالالاتائالا: «پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر» ① دېگەن. تۇنۇگۇندىن بۇيان توۋا ئۈستىگە توۋا قىلىش بىلەن بولۇۋاتىمەن... — دېدى.

— تـولا ئۇبدان قىپتىلا ئاتا، — دېدى ياقۇپ خوجا، — ئالالاتائالا قىلغان دۇئالىرىمىزنى ئىجاۋەت قىلغۇچىدۇر.

دانىيال خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ گەپنى يۆتكىدى:

— غىزالىنىپ بولدۇڭلارمۇ؟

— سىلىچۇ، غىزالانمامدىلا؟

— ياق، كۆڭلۈم ھېچنېمىنى تارتمايدۇ.

ئۇلار ئاتـلىـرىـنـى باغـلـىـغان يـەرگـە كـېـلىشتى. ياقۇپ خوجا داستىخاندىن نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىپ خۇرجۇنغا سالدى ۋە چەتتىكى تـالـنىڭ سايىسىدە ئوخلاپ قالغان داندارنى ئويغاتتى. ئۇلار يەنە ئاتلىرىغا مىنىشتى.

## ئىككىنچى باب

ھىـدايـەتۇللا ئىشان (ئاپاق خوجا) جوڭغارلارنىڭ ياردىمى بىلەن يـەكـەن ئۇيـغـۇر خـانـلىقى (سەئىدىيە دۆلىتى) نى ئاغدۇرغاندا، تەقىبكە

---

① قۇرئان، سۈرە «نۇھ» نىڭ 10 - ئايىتى.

ئۇچرىغان دانىيال خوجا بىر نەچچە يىللىق ئۆمرىنى چەت ئەللەردە مۇھاجىر بولۇپ ئۆتكۈزگەنىدى.

1664 ـ يىلى، ئاپاق خوجىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ باللىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن تەخت تالىشىش بىر نەچچە يىل داۋام قىلدى. شۇ قالايمىقانچىلىقلاردا ئاقباشخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن قەشقەرىيىگە قايتىپ كەلگەن دانىيال خوجا يەكەن شەھىرىدە خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرغانىدى. قەشقەرىيىدىكى خوجىلار ھاكىمىيەت تالىشىش ماجىرالىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، جۇڭغارخانلىقىغا ھەر يىلى تۆلەپ تۇرىدىغان سېلىقنى ۋاقتىدا تاپشۇرالماي يۈردى. بۇنىڭدىن غەزەپكە كەلگەن جۇڭغار خانلىقى 1713 ـ يىلى قەشقەرىيىگە ئىككىنچى قېتىم لەشكەر تارتىپ كەلدى. بۇ چاغدا قارا تاغلىقلارنىڭ يەكەن بىلەن خوتەن تەرەپلەردىكى پېشۋاسى — يەكەن تەختىگە ئولتۇرغان دانىيال خوجا جۇڭغارلار بىلەن ئۇرۇشۇشنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا تەسلىم بولدى، ھەتتا ئۇلار بىلەن بىللە قەشقەرگىچە بېرىپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ پېشۋاسى ئەخمەت خوجىنىڭ تەختىنى ئاغدۇرۇشقا قاتناشقانىدى. لېكىن، شۇنىڭغا قارىماي خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدان دانىيال خوجىنى ئەخمەت خوجىغا قوشۇپ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئىلىغا ئەكىلىپ گۆرۈ ھېسابىدا تۇتۇپ تۇردى.

ئەمما، دانىيال خوجىنىڭ ئەھۋالى ئەخمەت خوجىغا قارىغاندا ئەركىنرەك ئىدى، يەنى ئۇنىڭغا خۇنتەيجى باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى ئازراق بولسىمۇ ھۆرمەت بىلەن قارايتتى، ئۇنىڭ بۇ تەۋەدىكى ئادەملەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىغا رۇخسەت قىلاتتى. ئەخمەت خوجىنى قاتتىقراق تۇتاتتى. جۇڭغارلارنىڭ نەزىرىچە، ئاپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەخت تالىشىپ، ئۆزلىرىگە بېرىدىغان سېلىقنى تۆلىمىگەن ياكى ئاز تۆلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر تەختىدە

ئولتۇرغان بۇ خوجا جۇڭغارلارنىڭ ئاپاق خوجىغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ ئۇلارغا قارشىلىق بىلدۈرگەنىدى.

دانىيال خوجا ئىلى تەۋەسىگە كەلگەن يەتتە يىلدىن بېرى روھىي جەھەتتىن بۈگۈنكىدەك چۈشكۈنلۈككە بېرىلمىگەنىدى. كېچىنى تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۇيقۇسىز دېگۈدەك ئۆتكۈزگەن خوجىنىڭ تاڭغا يېقىن كۆزى ئىلىندى. ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە: تۈنۈگۈن مەدرىسە بايرىمىدا كۆرگەن سېرىق تاۋار ئۈستىدىكى بۆت سەكرەپ يەرگە چۈشكەن پېتى ئۇدۇل ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. دانىيال خوجا بولسا كىچىك بالىلار ئوينايدىغان قونچاقچىلىك بۇ بۆتنىڭ پىتىقلاپ مېڭىشىغا ھەيران بولۇپ قاپتۇدەك. ئەمما، ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلگەنسېرى بۆت يوغىناپ، بويى بىر دەمدىلا تېرەكچىلىك ئۆسۈپ كېتىپتۇدەك. ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان ئېگىكىدىن بىر پەستىلا ئاتىنىڭ قۇيرۇقىدەك ئۇزۇن سېرىق ساقال پەيدا بولۇپ تىزىغىچە چۈشۈپتۇدەك. بىر چاغدا ھېلىقى قېرى لاما باشلىق يۈزلىگەن جۇڭغارلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا خۇددى « چۆچۈرە قاينام » ئوينىغان كىچىك بالىلاردەك بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ پىرقىراپ يۈرگۈدەك. بۆت بولسا ئۇنىڭغا قاراپ: « ھەي، خوجا، سەن نېمىشقا مۇنۇ ئادەملەرگە ئوخشاش مېنىڭ ئەتراپىمدا چۆرگىلىمەيسەن؟ » دەپ ۋارقىرىغۇدەك. دانىيال خوجا « توۋا، بۆت دېگەن سۆزلىمەيدىغان، بۇلارنىڭ بۆتى بىزنىڭ زۇۋانىمىزدا گەپ قىلىۋاتىدىغۇ؟ دەپ ھەيران بولۇپ تۇرۇشىغا، ئاچچىقى كەلگەن بۆت تىرناقلىرى قاسساپنىڭ كانارىدەك ئېگىلىپ كەتكەن قولىنى سۇنۇپ، كېكىردىكىنى بۇغماقچى بولۇپ يېقىنلاشقاندا، قورققىنىدىن جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ كېتىپتۇدەك ... ئۇ ئويغىنىپ كەتتى. يۈرىكى سېلىپ، بەدىنى قارا تەرگە چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن دۇردۇن ئاغچا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ

ئېرىنىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. دانىيال خوجا تېخىچە قورقۇنچ تەسىرىدىن قۇتۇلالماي ھاسىرايتتى.

— ئۆزلىرىنى قارا بېسىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى دۇردۇن ئاغىچا ئېرىنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ ۋە، — سول تەرەپلىرىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتسىلە، — دەپ مەسلىھەت بەردى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ جوزىدىكى شامنى ياندۇردى.

شۇ چاغدا يانداش ئۆيدە ياتقان ياقۇپ خوجا كىرىپ كەلدى - دە، ئاپىسىغا قاراپ:

— نېمە بولدى، ئانا؟ ئاتامنىڭ ئاۋازى بۆلەكچە قاتتىق چىقىپ كەتتىغۇ؟ — دېدى.

— ئاتىلىرىنى قارا بېسىپ قالغان ئوخشايدۇ.

— ئانىڭىز توغرا دەيدۇ، بالام، — ئۇن قاتتى ئەس - ھوشىنى يىغقان دانىيال خوجا، — ئەجەب بىر يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن.

— دەرھال ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇۋەتسىلە، ئاتا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى يامان چۈش كۆرىدىكەن، ئۇنى ھېچكىمگە ئېيتمىسۇن، تۇرۇپ ناماز ئوقۇسۇن» دېگەن، — دېدى ياقۇپ خوجا.

دانىيال خوجا ئوغلىنىڭ مەسلىھەتىگە ئىچىدىن رازى بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ چۈشنىڭ ئۈچ تۈرلۈك بولىدىغانلىقى، ئىككىنچى تۈرلۈك چۈشنىڭ شەيتان ۋەسۋەسىسىدىن بولىدىغان قورقۇنچلۇق چۈش ئىكەنلىكى، بۇنداق چۈش كۆرگەن ئادەمنىڭ ھېچكىمگە دېمەي ناماز ئوقۇشى لازىم، دېگەن سۆزىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئوغلىدىن رازى بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، خوجەنتتە مۇھاجىر بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا تۇغۇلغان بۇ بالىسىنىڭ، مۇدەررىسلەرنىڭ بەرگەن تەلىمىدىن باشقا ھەدىسلەردىنمۇ خەۋەردار ئىكەنلىكى ئىدى.

بۇ چاغدا خوراز قىچقىرىپ ، ئاسمان سۇزۇلۇشقە باشلىغانىدى . دانىيال خوجا يالاڭ پەرىجىسىنى يېپىنچاقلاپ ، ئۇخلىغاندا كىيىۋالىدىغان قارا تەقىيىسىنى چۆكۈرۈپ ، كەشىنى سايقىنىچە تەرەت ئالغىلى هويلىغا چىقتى . بىر پەستىن كېيىن ئائىلە بويىچە جەم بولۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇشتى .

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن دانىيال خوجا ئۆزىنى پەنجىرىلىرى تاغ تەرەپكە قارىغان ياغاچ ئۆيگە ، چۆرىسى ئېگىز چەڭزىلەر بىلەن قاشالانغان كەڭ هويلىسىغا پاتمايۋاتقاندەك هېس قىلىپ ، ئىشىك ئالدىغا چىقتى ۋە سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان ئاق پوستەكنى ئېلىپ دەريا تەرەپكە كەتتى .

جۇڭغار هاكىملىرى ئۇنى ئىلىدىكى قىشلىق ئوردىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان قاپچىغاي ( تار ئۆتكەل ) دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى . دانىيال خوجا ئىككى يىلنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى . ئۈچىنچى يىلدىن باشلاپ ، هەر يىلى باهار كېلىشى بىلەنلا مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كېلەتتى . بۇ ئىشنى خۇنتەيجىنىڭ ئەمرى بىلەن كەلگەن بىر نەچچە جۇڭغار يىگىتلىرى يۈك - تاقنى ئات - ئۇلاغلارغا ئارتىپ ئىككى كۈندىلا ئورۇنلاپ قوياتتى . دانىيال خوجا ئائىلىسى بىلەن تا كەچ كۈز-گىچە مۇشۇ يەردە تۇراتتى . بۇ يەرنىڭ بىر ئالاهىدىلىكى ، ئۆيدىن چىقسىلا چوققىلىرىدىن قار كەتمەيدىغان ۋە غەربىي دىيارنى ئىككىگە بۆ-لۈپ تۇرىدىغان تەڭرىتېغى كۆرۈنۈپ تۇرسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، شۇ هەيۋەتلىك تاغ باغرىلىرىدىن بۇژغۇنلىنىپ چىققان سۇلاردىن پەيدا بولغان ئىلى دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

دانىيال خوجا دەريا بويىغا بارغاندىن كېيىن ، پوستىكىنى يەرگە تاشلاپ ، پەرىجىسىنىڭ يەڭلىرىنى تۇردى - دە ، قىرغاقتا زوڭزىيىپ

ئولتۇردى . بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم دەپ پىچىرلاپ يۈز ـ قولىنى يۇدى . ئاندىن ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ بىر نەچچە يۇتۇم ئىچتى ـ دە : « ئەۋلىيالار بۇ دۇنيا مۆمىنلەرنىڭ زىندانى ، كۇپپارلارنىڭ بوستانى » دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن ـ دە ، ــ دېدى ھەسرەت بىلەن ، ــ بۇنىڭدىن قىرىق ـ ئەللىك يىل مۇقەددەم ئالى تاغلىرىنىڭ مەشرىق تەرىپىدە ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنلىرىدا كۆچمەن بولۇپ يۈرگەن بۇ جۇڭغارلار ، ھازىر تەڭرىتېغىنىڭ شەرقى ھەم غەربىدىكى بىر مۇنچە يەرلەردە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتىدۇ ... »

ئۇ كۆكسى تولغۇچە نەپەس ئېلىپ ، پوستىكىنى يەرگە پىتىپ تۇرغان ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىگە يايدى . دانىيال خوجا كۆندە بولمىسىمۇ ئارا كۈندە بىر بەزىدە يالغۇز ، بەزىدە ياقۇپ خوجا ، بەزىدە دۇردۇن ئاغچا بىلەن كېلىپ مۇشۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى ، بەزى چاغلاردا ئۆزىنى يوقلاپ قەشقەرىيە تەرەپلەردىن كەلگەن مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆھبەت قىلاتتى .

ئۇ ئولتۇراي دەپ تۇرۇشىغا ، ئۆيى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئوغلىنى كۆرۈپ قالدى . خىيالىغا : « ئۆيگە بىرەر مېھمان كەلگەن بولسا كېرەك ، ئېھتىمالىم » دېگەن ئوي كەلدى . ئۇ خاتا ئويلىمىغانىدى . ئالدىراپ كەلگەن ياقۇپ خوجا :

ــ سىلىنى ھېلىقى ئەدەن دېگەن كىشى يوقلاپ كەپتۇ ، ــ دېدى .

ــ ئەدەن ؟! ــ دانىيال خوجا بىردەم ئويلىنىپ كەلگەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى ، ئاندىن تاش ئۈستىگە يايغان پوستىكىنى ئۈنتۈپ ئالدىراش ئۆيىگە ماڭدى .

ئۆيىگە كەلگەن ئادەم بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن خوجەنتتە

مۇھاجىر بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا تونۇشقان ئەدەن قىچىر ناملىق كىشى
ئىدى. ئەسلى ئۇ قەشقەردە «تۇرۇمتاي» كۆلبېشىدا تۇرىدىغان سامساق
ھاممامچىنىڭ بالىسى بولۇپ، ئاپاق خوجىغا مۇرىت بولغان دادىسى قورۇ-
جايى بىلەن ھامماملىرىنى ۋەخپە قىلىۋەتكەندە، ئون تۆت ياشقا كىرگەن
بالا ئىدى. لېكىن، ئۇ دادىسىغا ئوخشاش خانىقاغا بېرىپ دەرۋىشانە ھايات
كەچۈرۈشنى خالىمايتتى، ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن، بىر ئوبدان ئۆتۈۋات-
قان تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، تەرىقەتچىلىك يولىدا رىيازەت چېكىشكە
بەل باغلىغان دادىسىغا ئاچچىق قىلىپ قەشقەردىن كەتكەنىدى. تەقدىر
ئۇنى شامال ئۇچۇرغان قامغاقتەك يەكەن، خوتەنلەرگە ئېلىپ باردى. بۇ
تەرەپلەردە بەش يىلدەك سەرگەردانلىقتا يۈرۈپ، بىر سودىگەرنىڭ كار-
ۋىنىغا ئەگىشىپ ئەنجانغا باردى. لېكىن، بۇ شەھەردىمۇ ئۇزاق تۇرمىدى.
قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر سودىگەرگە ياللىنىپ خوجەنتكە
كەلدى. ئەدەن بۇ سودىگەرگە يېقىپ قالدىمۇ، سودىگەر ئىككى يىلدىن
بېرى تۇل ئولتۇرغان قىزىنى ئەدەنگە نىكاھلاپ كۈيئوغۇل قىلىۋالدى. ئۇ
قېيناتىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن خوجەنت ئەتراپىدىكى يېزا- قىشلاقلارغا
بېرىپ تىجارەت قىلدى. قېيناتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، بىر نەچچە قېچىرغا
مال ئارتىپ، ئۇ شەھەردىن بۇ شەھەرگە قاتناپ يۈردى ۋە ئۇنىڭ نامى
خەلق ئارىسىدا «ئەدەن قېچىر» دەپ ئاتىلىپ كەتتى. شۇ چاغلاردا
دانىيال خوجا بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن پات- پات خەۋەر ئې-
لىپ تۇرغانىدى. ئۇ بەدەخشان، سەمەرقەنت، بۇخاراغا ئوخشاش
شەھەرلەردە تىجارەت قىلىپ خوجەنتكە قايتىپ كەلگىنىدە، دانىيال خوجا
بىلەن ھەمىشە بىللە بولاتتى. بارغان يەرلىرى، كۆرگەن شەھەرلىرى ھەم
ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ مەئىشىتى ھەققىدە ئېرىنمەي سۆزلەپ بېرەتتى.
تىجارىتىدىن جىقراق پايدا ئالغان چاغلىرىدا دانىيال خوجىنىڭ

ئۇنىمىغىنىغا قارىماي سوۋغا ـ سالام بېرەتتى. ئۇ ھەتتا بىر كۈنى دانىيال خوجىغا: «بىزنىڭ زەئىپە سىڭلىمگە كېلىن ئاغچا بولغۇدەك بىر قىز تۇغدى، ئەمدى ئىسمىنى ئۆزلىرى قويۇپ بېرىدىلا» دەپ خۇش خەۋەرمۇ يەتكۈزۈپ كەلگەنىدى.

مانا شۇنىڭدىن تالاي يىللار ئۆتۈپ، دانىيال خوجىغا بۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشۈش، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى كەچ كۈزدە بىر قېتىم نېسىپ بولغانىدى. بۇ چاغدا دانىيال خوجا تار ئۆتكەلدىكى قورۇسىدا يەرگە چۈشكەن غازاڭلارنى سۈپۈرۈۋاتاتتى، ھويلىغا خالتىر قېچىر يېتىلىگەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى ـ دە:

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خوجام! ـــ دېدى. دانىيال خوجا خېلىدىن بېرى ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۇستىرا كۆرمىگەن، ئۇچىسىغا قەلەندەرنىڭ جەندىسىدەك بىر نېمىنى، بېشىغا مويى تاقىرلىشىپ كەتكەن كۆرپە تۇماق كىيگەن ئەدەن قېچىرنى تونۇيالماي قالغانىدى.

ـــ مېنى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ، خوجام، مەن ئەدەن قېچىر ئەمەسمۇ، ـــ دېدى كىرگەن ئادەم ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

دانىيال خوجا قولىدىكى چىغ سۈپۈرگىنى تاشلاپ، ئەدەن قېچىرنى قۇچاقلىدى، ھەر ئىككىسى كۆز ياشلىرىغا ئىگە بولالماي قالدى.

ـــ سىلىنى راست كۆرۈۋاتىمەنمۇ، خوجام؟ ـــ دېدى ئەدەن قېچىر يېڭى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتىپ، ـــ تەقدىرنىڭ سالغىسى تەگرىتېغىدىن ھالقىتىپ، ئۆزلىرىنى مۇشۇ يەرگە تاشلىۋەتكەنلىكىنى موللا ئىبراھىم مەشھۇر دېگەن تىلماچنىڭ ئاقسۇدىكى ئىنىسىدىن ئاڭلاپ تۇرالمىدىم دېسىلە، ھېلىمۇ ئەھلى ئىسلامنىڭ بەختىگە ساق ـ سالامەت ئىكەنلا.

شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەن ياقۇپ خوجا سالام بەردى.

— بۇ يىگىت كىم بولىدۇ، خوجام؟ — سورىدى ئەدەن قىچىر.
— بىزنىڭ ئوغول — ياقۇپ خوجا.
— ھېلىقى كىچىك خوجام مۇشۇمۇ؟ شىرغەرراندەك يىگىت بولۇپ كېتىپتىغۇ، — ئۇ ئىككى قولىنى سوزۇپ ياقۇپ خوجا بىلەن سەممىي كۆرۈشتى ـ دە، گېپىنى داۋام قىلدى، — خوجام، ھېلىقى يىلى ئۆزلىرى « بۇ قىز بالىنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن مۇبارەك ئىسمى < ئامانىسانۇ بولسۇن > دەپ ئاق جايىنامازغا دۇگىلەتكەن قىزنىم بالاغەت يېشىغا يەتكەندە، بۇ دۇنيانىڭ چۆل ـ جەزىرىسىنى تاشلاپ، ئۇ دۇنيانىڭ گۈلىستانىغا سەپەر قىلدى، ئەمەسما، — دېدى ۋە ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى.
— ئاللا تائالا ئىمانىنى بەرگەي، — تەسەللى بەردى دانىيال خوجا.
— ئۇنى ئاز دەپ مۇشۇ يېقىندا ئالتە قىچىرغا گۆرۈچ ئارتىپ، ئاقسۇدىن قەشقەرگە كېتىۋاتسام، ئۈچ شەھەرگە ① كېتىۋاتقان قالماقلار گۈرۈچلىرىمنى ئاتلىرىغا يەم ـ بوغۇز قىلىش ئۈچۈن تارتىۋالدى. قاراپ تۇرۇپ بۇ قالماقلارغا تارتقۇزۇپ قويامدىمەن، دەپ ئارقىسىدىن ئۈچ شەھەرگىچە باردىم، قارىسىلا. شەھەر ھاكىمى خوجابەگ ئىسىملىك بەگزادە تۇغۇلمىغان تايىنى يېغىر قىلىدىغان بىر كاززاپكەن، قارىسىلا. گېپىمنى باشلا ـ باشلىمايلا: « سەن زىندان دېگەن نەرسىنىڭ چۈشۈپ كۆرگەنمۇ؟ » دەپ سورىدى. ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ بىر پەس تۇرۇپ قالدىم ـ دە: « يوقسۇ، بېگىم، خۇدايىم ئۇنداق يەرنى ھېچبىر بەندىسىگە كۆرسەتمىسۇن » دېدىم. ئۇ: « ئەمىسە ئۆيۈڭگە بېرىپ سىڭگەن نېنىڭنى يە، قالماقلارنى يامانلاپ زىنداندا ياتقانلار ئارىسىدىن ساڭىمۇ بىر كىشىلىك ئورۇن چىقىدۇ » دېمەمدا. سۇنغۇسى كەلگەن چىنە تاشقا تەگكەندەك

---

① ئۈچ شەھىرى — ھازىرقى ئۈچتۇرپان.

دادخاھلىق قىلىپ بارغان يىپرىمنى كۆرمەملا ...
شۇ چاغدا دانىيال خوجىنىڭ ئۆيىدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەششاتە ① ئايال نىسا بېگىمنىڭ :
— ياقۇپ خوجام، مېھماننى باشلاپ ئۆيگە كىرىشمەملا، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.
دانىيال خوجا خېلى يىللار داۋام قىلغان جۇدالىقتىن كېيىن، كۆلتۈلمىگەندە ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن ۋە مۇھاجىرلىقتا يۈرگەن چاغلىرىدا ئۆزىگە ئىخلاس قىلىپ، ئىككى ئات تاپسا بىرىنى بەرگەن بۇ ئادەمنى قېرىندىشىدىنمۇ ئارتۇق كۆرۈپ كۈتۈۋالدى. ئۇ جۇگغارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقاندىن بېرى، قەشقەرىيىنى ۋە ئۇ ياقلاردىكى ھەمسۆھبەت يارۇ بۇرادەرلىرىنى سېغىنىپ ئەسلەپ يۈرەتتى. ئەدەن قېچىرنىڭ كېلىشى ئۇنىڭغا ئۆزى بىلەن بىللە پۈتۈن تارىم ۋادىسىنى ۋە ئۇ يەردىكى ھەممە ۋەتەنداشلىرىنى ئېلىپ كەلگەندەك بىلىندى، ئىككىسى بېشىدىن ئۆتكەن قىسمەتلەرنى سۆزلەپ ـ سۆزلەپ تۈگىتەلمەيتتى.
ئەدەن قېچىر كەچلىك تاماقتىن كېيىن، چىراغ كۆتۈرگەن ياقۇپ خوجا بىلەن ئېغىلغا كىرىپ قېچىرنىڭ چومنى ئالماق بولۇۋىدى، چوم كۆرۈنمىدى.
— ئاپلا، قېچىرنىڭ چومنى بىرەيلەن ئېلىۋەتكەنگە ئوخشىمامدۇ، كىچىك خوجام، — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.
ـ مەن ئۇنى قازناققا ئەكىرىپ قويۇۋىدىم، — دېدى ياقۇپ خوجا.
— نېمىشقىمۇ ئاۋارە بولغاندىلا، خوجام. ئۆزۈم ئەكىرەتتىمغۇ، — دېدى ئەدەن قېچىر ۋە، — يۈرسىلە، شۇ چومنىڭ ئىچىدە بىر نەرسىلەر بار ئىدى، قازناققا كىرەيلى، — دېدى.
ئۇ قازناققا كىرگەندىن كېيىن چومنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى

① مەششاتە — گىرىم قىلغۇچى، پەردازچى، خىزمەتچى.

تىكىشنى سۆكۈپ، ئۇ يەردىن سەرگەزگە ئۇرالغان بىر نەرسىنى ئالدى، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئالغان نەرسىنى دانىيال خوجىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— ئەمدى، خوجام، تىرىكچىلىكىمىز يامان ئەمەس، ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ دۇئالىرىنى بەرسىلە، — دېدى.

— ھەي، ئەدەنباي، سىلىنىڭ مۇشۇ غېرىبانە كۆلبەمگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىنىڭ ئۆزى ھەر قانداق سوۋغا - سالامدىن ئارتۇق ئەمەسمۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، خوجام، بىراق مېنىڭ كۆڭلۈم شۇنى خالىدى - دە، مۇنۇ سەرگەزنىڭ ئىچىدىكى نىل بويىقىدا بويالغان چەكمەن. پاختىنى قېلىن سالدۇرۇپ تىكتۈرۈۋالسىلا، ئىلىنىڭ سوغۇقى ئەركەشتامدەك يەرگە قېچىپ كېتىدۇ، جۇمۇسلا، — ئۇ ئىككىنچى بولاقنى ئاچتى، — ماۋۇ خوتەننىڭ خان ئەتلىسى، ھەسەن - ھۈسەنمۇ بۇنىڭ رەڭگىنى كۆرسە، ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ، جۇمۇسلا. ئاغچىلىرى بىلەن كېلىن بالا بۇنى كىيىدىغان بولسا، ئۆزلىرىنى يەكەن ھەرەمدە يۈرگەندەك ھېس قىلىدىلا، جۇمۇسلا.

دانىيال خوجا ئەدەن قېچىرنىڭ ئىخلاسىغا، دېگەن سۆزلىرىنىڭ قىزىقلىقىغا قايىل بولۇپ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلدى.

— مانا ئەمدى خاتىرجەم ئۇخلايمەن دېسىلە، خوجام، — دېدى ئەدەن قېچىر خۇش بولۇپ.

دانىيال خوجا مېھماننى ئۈچ كۈنگىچە قويۇپ بەرمىدى. تۆتىنچى كۈنى:

— بۈگۈن سىلىگە خۇنتەيجىنى كۆرسىتىپ كېلەيمۇ، ئەدەنباي، — دېدى ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىۋېتىپ.

— خۇدايا تـوۋا دېـسله ، خوجام . ئەدەن قېچىر ئۇ قالماقنى مىڭ يـىـل كـۆرمىسە ، هازىرلا كۆرگەندەك دېسله ، بۇ جۇڭغار دېگەن قالماقلار تـەڭـرـتېغى بىلەن قارا تاغنىڭ ئارىسىدىكى يەرلەردە بۆرىگە ئوخشاش تىـ ـمـسـقـىلاپ يـۈرمـەمـدا . هازىـر بـاشتىكى تۇماقنى شامال ئۇچۇرسا يەرگە چـۈشـمەي ، ئاشۇ قالماقلارنىڭ ئـۇسـتـىـگـە چۈشىدىغان زامان بولدى ، ئەمەسما .

دانىيال خوجا كۈلۈۋەتتى :

— گـەپ مـۇنـداق ، ئـەدەنـبـاي ، — دېـدى ئـۆز ئـويـىـنـى چـۈشـەنـدۈرۈپ ، — مەنمۇ سىلىگە ئوخشاش جۇڭغارلارنىڭ خانىنى كۆـ رۈشكە خۇشتار ئەمەس . بىراق ، سىلە دېگەن تۇججار — سودىگەر ئادەم ، هازىـر ئۆزلـىـرى ئېـيتقاندەك ، مەشرىقتىن — مەغرىپكىچە مۇشۇلار ئىگىلەپ كـەتـتـى . شۇڭا ، سىلىنى خۇنتەيجىگە كۆرسىتىپ ، بۇ كىشى مېنىڭ كونا تـونـۇشـۇم ، كـەسـپـى تـۇجـجـار ئـىدى ، شۇڭا بۇ كىشىنىڭ ئىشەنچلىك تـىـجـارەت قـىـلـىشى ئۈچۈن قولىغا بىرەر دەستەك ئىلتىپات قىلسىلا ، دەپ ئىلتىماس قىلىپ كۆرەي دېۋىدىم .

— دېگەنلىرىڭىز توغرا ، خوجام ، لېكىن مېنى دەپ ئۇ قالماق خانىغا ئېـگـىـلـمـىـسـىـلـە . ئۇ دېـنسىز ماقۇل دېسىغۇ نانۇ گۆش ، ئۇنداق دېمىسە ئۆزلىرى خىجىل بولۇپ قالىدىلا .

— ئۇنى بارغاندا كۆرەرمىز .

قـەتئـىـي قـارارغا كەلگەن دانىيال خوجا ئوغلىنى چاقىرىپ ، ئىككى ئات تـوقـۇشـنى بۇيرۇدى — دە ، ئۆزى دۇردۇن ئاغچىنىڭ قېشىغا كىرىپ ، ئـىـكـكى بېشى نېمىلەر بىلەندۇر تولدۇرۇلغان گىلەم خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ چىقتى .

دانـىـيـال خـوجـا بـىـلـەن ئەدەن قـېـچـىـر خان ئوردىسىغا يېتىپ

كەلگەندە، چۈشلۈك تامىقىنى يەپ، چىشنى كوچۇلاۋاتقان خۇنتەيجىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ساغا نويان سۆزلەۋاتاتتى:

— داندارنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى دانىيال خوجىنىڭ ئۆيىگە قىچىر مىنگەن، كۆرۈنۈشى قەلەندەرلەرگە ئوخشايدىغان قارا ساقاللىق بىر ئادەم كەپتۇ. خوجا بۇ ئادەمگە چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپتۇ. داندار ئارقىلىق ئەتراپتىكى ئاۋۇللاردىن قوي ئەكەلدۈرۈپ سويۇپتۇ. ئۇ ئادەم ھازىرغىچە خوجىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېتىپتۇ. ئىرەن قابۇرغىدىكى چىدەنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى نويان، — ئۆتكەن ھەپتىنىڭ بېشىدا ئەخمەت خوجا بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، دۇمبىسىگە خۇرجۇن ئارتقان ئۈچ ئادەم كەپتۇ. لېكىن، پايلاقچىلار بۇ ئادەملەرنى خوجىنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزمەپتۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ بىرسىنى بولسىمۇ قويۇپ بېرىشنى سوراپ ئەخمەت خوجىنىڭ ئۆزى پايلاقچىلارغا بىر مۇنچە يوسۇنلارنى تەڭلەپتىكەن، چىدە: «ئۇلۇغ ئەمرچىمىزدىن رۇخسەت بولمىغۇچە، بۇنداق ئىشلارنى قىلالمايمەن» دەپتۇ. ئەخمەت خوجا خاپا بولۇپ: «دۇنيادا ھېچكىمدىن قورقماي پۈتۈن ئىقلىمنى بويسۇندۇرغان ئەمرچە مېنىڭدىن نېمىشقا قورقىدۇ، سەن ئۇلۇغ ئەمرچىگە ئېيتقىن، مېنىڭ مۇخلىسلىرىم، تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇشۇمغا ئىجازەت قىلسۇن. چۈنكى، مېنى ئىزدەپ كېلىدىغانلار مەرھۇم بوۋام ئاپاق خوجىنىڭ پۇشتى ۋە مۇرىت - مۇخلىسلىرى بولۇپ، ئۇلار يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئەمەس...» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىپتۇ.

كېيىنكى چاغلاردا ئۆزىنى ئىككىنچى چىڭگىزخاندەك ھېس قىلىپ يۈرگەن چىۋاڭ رابدان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، قېلىن كالپۇكىنىڭ بىر چېتىدە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى - دە:

— دانىيال خوجا بويىسۇنۇشنى بىلىدىغان ئادەم ، ئۇ بېشى كېسىل-
گەن يىلانىنىڭ تىرىلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ ، — دېدى مايلىق قولىنى
ماتا لۆڭگىگە سۈرتۈۋېتىپ : — يارغۇغا ئېيتقىن ، دانىيال خوجىنى مادىدىي
تەرەپتىن خالىغانچە تەمىنلىسۇن ، بۇنداق قىلىشىنىڭ بىز ئۈچۈن پايدىسى
بولسا بولىدۇكى ، زىيىنى بولمايدۇ ، — ئۇ سەل ئويلانغاندەك بولدى - دە ،
ئاندىن ، — ئەمدى ئەخمەت خوجىغا بولغان مۇناسىۋەتنىمۇ يۇمشاتساق
بولار . قەشقەرىيە تەرەپتىكى ئىشەنچلىك ئادەملىرىمىزنىڭ مەلۇماتىغا قارى-
غاندا ، ئاق تاغلىق گۇرۇھىغا مەنسۇپ نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خوجىغا
بوۋىسى ئاپاق خوجىغا ئېتىقاد قىلغاندەك ئېتىقاد قىلار-
مىش ... — دېدى .
دەل شۇ چاغدا بۇلارنىڭ قېشىغا پاكار بويلۇق يارۇغ كىرىپ
كەلدى - دە ، دانىيال خوجىنىڭ بىر ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇلۇغ خۇن-
تەيجىنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى .
— باشلاپ كىر ، — دېدى خۇنتەيجى .
ئوردىغا كىرگەن دانىيال خوجا يىلەن ئەدەن قېچىر ئىشىك
بوسۇغىسىدىن ئاتلاپلا ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ، باشلىرىنى ئېگىپ
سالام بەردى . شۇ ئارىدا ئوردا تىلمىچى موللا ئىبراھىم مەشھۇرمۇ پەيدا
بولدى . دانىيال خوجا ئۇلۇغ خۇنتەيجىنىڭ شەنىگە رەھمەت بىلدۈرگەن-
دىن كېيىن « ئىنسان ئېھسانىنىڭ قۇلى » دېگەن ئەقىدىگە ئاساسلىنىپ ،
ئەدەن قېچىرنىڭ قولىدىكى گىلەم خۇرجۇننى ئالدى ۋە ئۇنىڭدىن ئىككى
ئاي ئىلگىرى خوتەنلىك بىر مۇخلىس قالدۇرۇپ كەتكەن ئىككى توپ ،
سەككىز يېرىم قاتلاقلىق سېرىق شايى بىلەن بىر دانە پارقىراپ تۇرغان
يامبۇنى ئېلىپ ، خۇنتەيجىنىڭ ئالدىدىكى پاكار قارا جوزىنىڭ ئۈستىگە
قويدى :

— جۇڭگـار خەلقىنىڭلا ئەمەس ، باشقا خەلقلەرنىڭمۇ ئۇلۇغ خۇن-
تـەيـجـىسى بولغان جانابلىرىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا قەدەم ـ تەشرىپ قىلغىنىمىز
ئۈچۈن بىشىمىز كۆككە يەتتى . جانابلىرىنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول كېلىشنى
ھۆرمەتسىزلىك دەپ چۈشەنگەن بۇرادىرىم ئەدەن تۇججارنىڭ بۇ ئەرزد-
ەەس سوۋغىسىنى ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلىشلىرىنى ئىلتىماس قىلىمەن ، —
دېدى .

تىلىماچ بۇ گەپلەرنى ئۆرۈپ بەرگەندىن كېيىن ، قولىنى
قوۋۇشتۇرۇپ ئەدەپ بىلەن ساقلاپ تۇرغان دانىيال خوجا سۆزىنى داۋام
قىلدى :

— ئۇلۇغ ئەمىرچىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشىمىزدىكى مۇددىئا ،
بۇرادىرىم ئەدەنباي كونا ۋە قەدىناس تونۇشلىرىمىنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ
كىشى تۇججارلىق كەسپى بىلەن غەربىي دىيار ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدىكى
شەھەرلەرگە قاتناپ تىجارەت قىلاتتى . ۋەھالەنكى ، كېيىنكى چاغلاردا بىر
گۇرۇھ نائىنساپ قاراقچىلارغا ئۇچراپ ، بارلىق سەرمايىسىدىن ئايرىلىپ
قاپتۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىشىنىڭ قولىدا ئۇلۇغ ئەمىرىمىز تەرىپىدىن
بېرىلگەن دەستەك بولمىغاچقا ، ئۆزلىرىگە تەۋە بولغان ئۈچ ،
ئەرداۋۇل ( ئاقسۇ )غا ئوخشاش شەھەرلەردە چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئوخ-
شايدۇ . شۇ بايىستىن مەزكۇر بۇرادىرىمىزنىڭ تۇججارلىق كەسپىنى داۋام
قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز .

خۇنتەيجىگە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈپ
ئېيتىلغان بۇ گەپلەر تەسىر قىلدىمۇ ياكى ئۆزىگە پايدىلىق ئادەم دەپ
ھېسابلىغان دانىيال خوجىنى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رازى قىلىشنى
ئويلىدىمۇ ، ئىشقىلىپ يارغۇغا بۇيرۇق بەردى :

— سەن ھازىرلا بۇ كىشىلەرگە دەستەك تەييارلاپ بەرگىن ، — ئۇ

بـۇيـرۇقـىـنـى تـېخىمۇ ئۇچۇقلاشتۇردى ، ــــ مۇنۇ كىشى تۇججار بولغاچقا جـاھان كـېزىـپ يۈرىدىكەن ، بۇنىڭغا ئالتۇن دەستەك ، خوجىغا كۈمۈش دەستەك تەييارلا .

خۇنتـەيـجـىـنـىـڭ بـۇ گـېـپـىـگـە دانـىـيال خوجا يەنە بىر قېتىم مـىـنـنـەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ قولىنى كۆكسىگە قويدى . ئەدەن قېچىر بولسا كـۆتۈلمىگەن بۇ ساخاۋەتتىن خۇشال بولۇپ ، ئىختىيارسىز ھالدا يېنىدىكى تـىـلـمـاچـنىڭ بىقىنىنى تۇتۇپ : « موللا ئىبراھىم ئاخۇن ، خۇنتەيجى خو-جـامـغـا تـەكـلـىماكاندىكى قۇملاردىنمۇ جىق رەھمەت ئېيتىمەن . گېپىمنى ئۆرۈپ بەرسىلە ، جۇما » دېدى .

خـۇنـتـەيـجى بىلەن ساغانوياناللار ئەدەن قېچىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈشكەن ھالدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى ...

دەريا بويىدىن ئۆيىگە كېلىۋاتقان دانىيال خوجا بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئـىـلـگـىـرى بولۇپ ئۆتكەن يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى ئېسىگە ئالدى ۋە : « ئەدەن تـۇجـجار بىلەن بىر نەچچە كۈن مۇلاقەتتە بولسام ، بەلكى بۇ يەردىكى مۇ-سـاپـىـرلـىقىم بىلەن روھىي ئازابلىرىم بىر ئاز بولسىمۇ يېنىكلىشىپ قالار » دەپ ئويلىدى .

ئۆيـىـنـىـڭ ئالـدىدىكى سۇپىدا ئولتۇرغان ئەدەن قېچىر دانىيال خو-جـىـنـى كۆرۈپلا ، ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى . ئۇلار يەنە ئۈچ يىل بۇرۇن تـار ئۆتـكـەلـدە كـۆرۈشكەندەك قۇچاقلىشىپ كەتتى . لېكىن ، بۇ قېتىم ئۇ چـاغـدىـكـىـدەك كـۆز يـاشـلـىـرىـنى تۆكۈشمىدى . دىدار كۆرۈشۈشنىڭ دەسـلـەپكى ھاياجانلىق دەقىقىلىرى ئۆتكەندىن كېيىن ، دانىيال خوجا مېھ-مىنىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى ، ئاندىن ياقۇپ خوجىغا :

ــــ بـالام ، دانـدارغـا ئېـيـتـىـڭ ، قوي كەلتۈرسۇن ، ئۆزىڭىز بىزگە قىمىز ئەكىرىڭ ، ــــ دەپ تاپشۇردى .

ئەدەن قېچىر خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي:

— سىلىنى ئىزدەپ يەنە شۇ تار ئۆتكەلگە بېرىپتىمەن ئەمەسما؟ ئۇچرىغان ئادەملەردىن سورا - سورا بۇ تۇرۇۋاتقان جايلىرىنى تۆت كۈندە ئاران تاپتىم دېسىلە، — دېدى ۋە ئۆيگە كىرىپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى «قۇم دەرۋازا» نىڭ ئەتراپىدىن جاي ئېلىپ، بالا - چاقىسىنى كۆچۈرۈپ كەلگەنلىكىنى، تەرىقەتچىلىك يولىغا كىرىپ دەرۋىش بولۇپ كەتكەن ئاتىسىنى سۈرۈشتە قىلىپ ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكىنى ئۇقالماي، كونا خانىقادىكى قېرى دەرۋىشلەرنىڭ: «سىلىنىڭ ئاتىلىرىنى ئاقباشخان يەكەنگە بېرىپ بىرەر مىڭغا يېقىن سوپى - دەرۋىشلەرنى ئۆلتۈرگەندە، شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەجەل شارابىنى ئىچتىمىكىن» دېگەن گەپلىرىگە ئىشىنىپ نەزىر - نىياز قىلغانلىقىنى، كېيىن تىجارەت بىلەن بارغان شەھەرلىرىنى ۋە قولىدىكى ئالتۇن دەستەكنى كۆرگەندە قەشقەرىيىدىكى قاراخانىلار بىلەن ئاقخانىلارنىڭ بالدۇر ھودۇقۇپ، كېيىن ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۈلگۈردى. ھازىر ئۇنىڭ ئۈستىۋېشى، رەڭگىرويى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئۇچىسىغا بېغىر رەڭ مەخمەلدىن پەشمەت، بېشىغا بىر ئىلىكتەك مويى بار سەرپۇش تۇماق كىيىۋاپتۇ. بۇرۇتىنى چەكتۈرۈپ، قويۇق تەرىپىنى جاۋغىيىدىن ساڭگىلىتىپ، دانىيال خوجىنىڭكىگە ئوخشاش ساقىلىغا قوشۇۋېتىپتۇ.

ئەدەن قېچىر ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۆينىڭ تۆرىگە سېلىنغان بەقەسەم كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشنى ئەپ كۆرمەي، دانىيال خوجىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى - دە:

— ئۆزلىرىگە ئېيتىدىغان گەپلىرىم شۇنداق جىقكى، خوجام، تەگرىتېغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئات چېپىپ يۈرگەن قالماقلاردىنمۇ نۇرغۇن، — دەپ يەنە سۆز باشلىدى، — شۇ تاپتا كۆرگەنلىرىم بىلەن

ئاگىلىغانلىرىمنىڭ قايسىسىنى بالدۇر، قايسىسىنى كېيىن ئېيتىشنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن، دېسىلە.

دانىيال خوجا ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى ـ دە:

ــ بالدۇر كۆرگەنلىرىنى ئېيتسىلا، كېيىن ئاگلىغانلىرىنى، ــ دەپ لوقما سالدى.

ــ كۆرگەنلىرىمۇ جىق، خوجام. بىراق، ھازىر ئۆزلىرىگىلا مۇناسىۋەتلىكلىرىنى ئېيتاي. ئەگەر كۆڭۈللىرىگە خۇش كەلسە، بۇ خەۋىرىمگە ئوبدانراق بىر نەرسە بېرەلا، مۇبادا خۇش كەلمىسە مېنى كايىمىسىلا. نېمشقا دېسىلە، مەن كۆرگەنلىرىمنى ئېيتىپ، بىر ئادەمنىڭ ئامانىتىنى ئىگىسىگە يەتكۈزگەن بولىمەن، ــ ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن خوجىغا قارىدى.

ئۇنىڭ گېپىدىن ئېنىقراق بىر نەرسىنى چۈشىنەلمىگەن دانىيال خوجا:

ــ قېنى؛ قېنى، نېمىلا بولسا، ئەدەنباي، تارتىنماي سۆزلەۋەرسىلە، ــ دېدى.

ــ ئۇنداق بولسا ئاگلىسىلا، ــ ئەدەن قېچىر نېمىدىندۇر ئېھتىيات قىلغاندەك، ئىشىك تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ ئاۋازىنى پەسەيتتى ـ دە، دانىيال خوجىغا مۇراجىئەت قىلدى، ــ ئۆزلىرىنىڭ بايان ئاغچا ئىسىملىك زەئىپلىرى بارمىدى؟

ــ ھە ... ھەئە، ئۇ كىشى تىرىكمىكەن، قەيەردىكەن؟

دانىيال خوجىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىپ چىققان بۇ سوئالنى ئاگلىغان ئەدەن قېچىر:

ــ مەن ئۇ كىشىنى كۆردۈم، خوجام، مۇشۇ ئەتراپتا بار ئىكەن، ــ دەپ بۇ قېتىمقى سەپىرىدە بايىنبۇلاق دېگەن يەردىكى قالماقلار

ئارىسىدا سودا ـ سېتىق قىلغانلىقىنى ، بىر قالماق ئاۋۇلغا كەلگەندە ، بىر خوتۇندىن بۇ يەردە ئۇلجىغا چۈشكەن بىر مەزلۇمنىڭ بارلىقى ، ئىسمى با-يان ئاغچا ئىكەنلىكى ، بۇرۇن يەكەندە تۇرىدىغان قانداقتۇر بىر خوجىنىڭ نىكاھىدا بولغانلىقى ، ئاۋۇللىرى يېقىن بولغاچقا كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانلىقى ، بۇ يەردىكى قالماقلار ئۇنى « بايان ئاۋغاي » دەپ ئاتىشىدىغانلىقى ، ئۇنىڭ ئالتە ـ يەتتە ياشلارغا كىرگەن بىر ئوغلى بارلىقى ، مەزكۇر خوتۇندىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، سودا قىلغان بولۇپ شۇ ئاۋۇلغا بارغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ :

ـــ سىلىمۇ ، خوجام ، بەزى سىر ـ ئەسرالىرىنى قورساقلىرىدىن سىرتقا چىقارماي ، چىرىتىۋېتىدىكەنلا ، ـــ دېدى ئەدەن قېچىر سۆزىنى داۋام قىلىپ ، ـــ ئاشۇ يىلى تار ئۆتكەلدىكى ئۆيلىرىدە بىر نەچچە قېتىم مۇڭدىشىپ كېچىنى تاڭغا ئۇلاشتۇردۇق . بۇ ھەقتە بىرەر ئېغىزمۇ تىنىپ قويماپتىلا ـ ھە ، بىر ھېساپتا سىلىدەك ئەۋلىيا ئادەملەرنىڭ ئۆز سىرىنى باشقىلارغا دەپ يۈرۈشىمۇ توغرا ئەمەس ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ شۇنىڭ بىلەن قارىسىلا ، ھېلىقى ئولجىغا چۈشكەن مەزلۇمنىڭ ئۆيىگە باردىم . بارسام ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئوچاقتا تېزەك قالاپ چاي قاينىتىۋاتقان بىر ئايال ئۇچراشتى . تەۋەككۇل دەپ بايىقى ئايالغا : « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، بايان ئاغچا » دېدىم . ھېلىقى ئايال مېنىڭ زۇۋانىمنى ئاڭلاپ چەكچىيىپ بىر قارىدى ـ دە : « سىلى كىم بولىدىلا ؟ » دەپ سورىدى . مەن ئۆزۈم-نىڭ ئەھلى تۇججار ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ، « سىلى مېنىڭ ئىسمىمنى نەدىن بىلىدىلا ؟ » دەپ سورىدى . مەن قوشنا ئاۋۇلدىكى ئولجىغا چۈشكەن ئۇيغۇر ئايالدىن ئاڭلىغانلىقىمنى ئېيتىپ : « سىلى يەكەنلىك قايسى خوجامنىڭ ئىلكىدە بولغان ؟ » دەپ سورىدىم ، « دانىيال خوجامنىڭ » دېمەمدا ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ قارىسىلا ، خۇددى بىر

كارامەت كۆرۈۋاتقاندەك تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭغىچە بايىقى مەزلۇمنىڭ: «دانىيال خوجام تىرىكمۇ، خەۋەرلىرى بارمۇ ؟» دېگەن سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ هوشۇمنى يىغدىم ـ دە: «خوجام ھەزرەتلىرى ئىنشائاللا تىرىك، هازىر ئۇ كىشى ئىلى تەۋەسىدىكى تار ئۆتكەل دېگەن جايدا گۆرۈدە تۇرۇۋاتىدۇ» دېدىم. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېلىقى مەزلۇم ئۆزىنى تۇتالماي كۆز ياشلىرىنى مارجاندەك تۆكتى.

ـــ شۇنىڭ بىلەن، ـــ لوقما سالدى خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا تەقەززا بولغان دانىيال خوجا.

ـــ شۇنىڭ بىلەن قارىسىلا، خوجام، ئۇنىمىغىنىمغا قويماي ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. خۇرجۇنۇمنى كۆتۈرۈپ، ئۇستىدىكى كىگىزلىرى قارىداپ، ئۇ يەر ـ بۇ يېرى تېشىلىپ كەتكەن كەپىگە كىردىم. بىراق، كەپىنىڭ ئىچى تولىمۇ پاكىز ئىكەن. بايىقى مەزلۇم رايىمغا باقماي داستىخان سالدى، بىر نەچچە تال قۇرۇت ـ ئىرىمچىكلەرنى قويۇۋېتىپ: «كۆڭۈللىرىگە شەك كەلتۈرمىسىلە، مەن دانىيال خوجىنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈشتە ئاۋۋال ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان» دېدى. ئۇنىڭغىچە يېرىم تاغاردەك تېزەكنى كۆتۈرۈپ ئالتە ـ يەتتە ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئوغۇل بالا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ماڭا كۆزى چۈشۈپ، خۇددى ئاجايىپ بىر ئىقلىمنى كۆرۈۋاتقاندەك ئۇزاققىچە تىكىلىپ قارىدى ـ دە، بۇرۇلۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى. ۋاي ـ ۋاي، ھېلىقى بالىنىڭ قاڭشارلىق بۇرنى، كەڭ پېشانىسى، ئوت چاقناپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى، رەڭگى ـ رۇخسارى، سۇبھانالل، بەئەينى ئۆزلىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپتۇ ـ دە. بايىقى مەزلۇمنىڭ: «بۇ ئوغۇل دانىيال خوجامدىن بولغان» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ بىر چاغقىچە خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمگە كېلەلمەي تۇرۇپ قاپتىمەن...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دانىيال خوجا، خۇددى سېھىرلىنىپ قالغاندەك شۈككىدە بولۇپ كەتتى.

— خەيرىيەت، — دەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇردى ئەدەن قىچىر، — بايىقى مەزلۇم مۇنۇ خەتنى قولۇمغا بېرىۋېتىپ: « بۇ نامىنى ھەزرىتى دانىيال خوجامغا تاپشۇرغايسىز ھەم مەندىن ئاڭلىغان زەبانىڭىز بىلەن بايان قىلغايسىز. يوق ئىرسە بۇ بالامنىڭ ئىمانىغا زامىن بولۇپ، قىيامەت كۈنى يۈزىڭىز قارا بولۇر » دېدى، — دەپ يېنىدىن خەتنى ئېلىپ دانىيال خوجىغا تاپشۇردى.

دانىيال خوجا خەتنى ئېلىپ دەرھال ئوقۇشقا باشلىدى. زېھنى ئۆتكۈر بۇ جوڭغار قىزى يەكەندىكى چېغىدا ھەرەمدىكى مەششاتە ئايال نىسا بېگىمدىن بىر يىل ئىچىدىلا ئوقۇش - يېزىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. دانىيال خوجىمۇ يات - يات ئۇنىڭغا ئوقۇش - يېزىشنى ئېھتىھان قىلىپ، قوشۇمچە تەلىم بەرگەنىدى. دانىيال خوجا قولىدىكى خەتنى ئوقۇۋېتىپ، يېنىدا ئەدەن قىچىرنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، كۆزلىرىنى غۇۋا يۇمۇپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان روھىي ھالەتنى سەزگەن ئەدەن قىچىر ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى.

دانىيال خوجا شۇ ئولتۇرغىنىچە بايان ئاغچىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنى ئىختىيارسىز ئەسلەشكە باشلىدى.

1679 - ياكى 1680 - يىلى بولسا كېرەك. ئۈچ شەھىرىنىڭ ھاكىمى مۇھەممەت ئىمىنخان جوڭغار باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلاپ، ئوتتۇز مىڭغا يېقىن ئادەمنى ئەسىرگە ئالغان ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى يەكەن ئۇيغۇر خانلىقىغا سادىق خوجىلار بىلەن بەگلەرگە، شۇ جۈملىدىن دانىيال خوجىغا كىچىككىنە قىزى بار بىر جوڭغار ئايالنى ئىنئام قىلغانىدى. لېكىن، ئۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي بولۇپ

كـەتكەنلىكتىن چەت ئەلگە كېتىشكە مەجبۇر بولغان دانىيال خوجا مەزكۇر جۇڭغـار ئايالـنـى قـىـزى بـىلەن چارەك دېگەن يەردىكى بىر مۇخلىسىغا ئامـانـەت ھېـسـابىدا قالدۇرۇپ قويغانىدى. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ ئاپـاق خـوجـا، ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغان ئايالى — خېنىم پاشا ئۆلـتـۈرۈلـدى. يىگىرمە يىلغا يېقىن داۋام قىلغان ئاپاق خوجىنىڭ ھاكىمىـيـتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، قەشقەر تەختىگە ئۇنىڭ نەۋرىسى ئەخمەت خوجا ئولـتـۇردى. يـەكـەن شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان ئاقباشخان بولسا مۇھاجـىرلـىقـتـا يۈرگەن دانىيال خوجىغا: « بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز سىلەرنى ئىـززەتـلەپ كەلگەن، ھالا، مەملىكەت تىنچتۇر. ئەلۋەتتە، بۇ دىيارغا كېلـىـپ مۇلـۇكـنـى قـولـلىرىغا ئېلىپ، پۇقرانى ھىدايەت يولىغا باشلىغايلا » دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ، ئۇنى يەكەن تەختىگە ئولتۇرغۇزغانىدى.

دانـىيال خوجىنىڭ بېشىغا ئامەت قۇشى قونغانلىقىنى ئاڭلىغان چارەكـتـىـكـى مۇخلىسى ۋايىگە يەتكەن سەرۋى قامەت بىر قىزنى ئوردىغا ئەكـىـلىپ، دانىيال خوجىغا تاپشۇردى ۋە: « ھەزرىتى ئۇلۇغ خوجام، ئالـدىـلـىـرىـدا تىزلىنىپ، مۇبارەك ئاياغلىرىنىڭ ئىزلىرىنى كۆزۈمگە سۈرتۈپ ئەيـۇ سـورايـمەن. سىلىنىڭ ئىخلاسمەنلىكلىرى ئالالاتائالانىمۇ قايىل قىلدۇ، بـىـلـىـمـلـىـرى دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر، ئەقىل ـ پاراسەتلىرى ھەزرىتى ئەلـىـنـىڭ زۇلپىقارىدىنمۇ ئۆتكۈر، كەچۈرۈمچانلىقتا ھېچبىر ئەۋلىيا ئۆزلىرىگـە تـەڭلىشەلمەيدۇ ... » دەپ كېلىپ، ئۆزىگە ئامانەت قويغان ئايالنىڭ رىـزقـى تـۈگەپ، بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، لېكـىـن ئۇنـىڭ قىزىنى قۇرئاننىڭ ئىچىدە ساقلىغاندەك ئەتىۋارلاپ، بۈگۈن يەتكۈزۈپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

ئەنـە شـۇ چاغدا، رەسمىيلا بوي تۇزەپ قالغان جۇڭغار قىزى گويا ئۇۋچـىـنىڭ تورىغا چۈشكەن كېيىك بالىسىدەك، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ

دانىيال خوجىغا ھەم قورقۇنچ ھەم ئۈمىد بىلەن قارىغانىدى. خوجا قەددى ــ قامىتى كېلىشكەن، چاقناپ تۇرغان قىياق كۆزلىرى قويۇق كىرپىكلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بۇ قىزنىڭ زۇۋانىنى ئاڭلاپ بېقىش نىيىتىدە:

ــ ئىسمىڭىز كىم بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىۋىدى، بېشىغا چاققانغىنا سەللە ئورىغان بۇ يېڭى خوجايىنىغا ئەيمىنىپ قارىغان جۇڭغار قىزى:

ــ ئىسمىم بايان، ــ دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ئۆز قوۋمى بىلەن ئەركىن ــ ئازادە ياشاۋاتقان يېرىدىن مەجبۇري ئايرىلىپ، باشقا بىر ئىقلىملارنىڭ قولىغا تۇتقۇن بولغان بۇ قىزنىڭ ئاۋازى، نېمە ئۈچۈندۇر دانىيال خوجىنىڭ قۇلىقىغا ماھىر ئۇستىلار ياسىغان كۈمۈش قوڭغۇراقنىڭ ئۈنىدەك يېقىملىق ئاڭلاندى. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۆز ئۆلجىسىغا باشتىن ــ ئاياغ سىنچىلاپ قارىدى ــ دە، نىسا بېگىم دېگەن مەششاتە ئايالنى چاقىرىپ:

ــ بۇ قىز بالىنى پەرۋىش قىلىپ تەربىيلەشنى ئۆزلىرىگە ھاۋالە قىلىمەن. دەرھال يۇيۇندۇرۇپ، باشتىن ــ ئاياغ يېڭى لىباسلار بىلەن كىيىندۈرسىلە، ــ دېدى ۋە يەنە، ــ مەن ھازىر خوتەن شەھىرىگە ئاتلىنىپ قالدىم، ئۇياقتىن كەلگۈچە بۇ قىز بالىغا خۇددى دۇردۇن ئاغچىغا ئوخشاش مۇناسىۋەتتە بولغايلا، ئاللاتائالا نېسىپ قىلسا خوتەن سەپىرىدىن كەلگىنىمدە، بۇ قىز بالىنى ئەھلى ئىسلام قىلىپ ئىلكىمگە ئالىمەن، ــ دېگەن سۆزلەرنى قوشۇپ قويدى.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان نىسا بېگىم بىلىنەر ــ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ بېشىنى ئېگىپ:

ــ ئاللاتائالا نىيەتلىرىگە يەتكۈزسۇن، خوجام. خېنىمنى ئۆزلىرى دېگەندىنمۇ ئارتۇق پەرۋىش قىلىمەن، ــ دېدى.

دانىيال خوجا ئىسا بېگىم بىلەن ھەرەم تەرەپكە كېتىپ بارغان بايان قىزغا كۆزىنى ئۈزمەي بىر ھازاغىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ئەمما ئۇنىڭ خوتەن تەرەپتىكى سەپىرى خېلىلا ئۇزىراپ كەتتى. بۇنداق بولۇشى، بىر نەچچە يىللاردىن بېرى ئاپاق خوجىنىڭ تەقىبىگە ۋە جۇڭغار ئەمەلدارلىرىنىڭ جەبىر - زۇلمىغا، تالان - تاراج قىلىنىشىغا دۇچار بولغان قارا تاغلىق خوجىلار بىلەن بەگلەر، سوپى - ئىشانلار بىلەن ئۇلارنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرى ۋە ھاكىمىيەتتىن چەتلەشتۈرۈلگەن ھاكىملار دانىيال خوجىنىڭ خوتەن تەرەپكە كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئاۋام خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يول - يوللاردا قارشى ئېلىشتى. ھەر بىر كۈنىنىڭ بىر قىسمىنى تىرىكچىلىك بىلەن ئېتىزلاردا، شەھەر - بازارلاردا ئۆتكۈزىدىغان، يەنە بىر قىسمىنى مەسچىت - خانىقالاردا ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلىپ، ئۇ دۇنيادىكى نازۇ نېمەتلەر بىلەن كەۋسەر بۇلاقلىرىنىڭ شەربەتلىرىنى، گۈزەللىكتە تېگى يوق نازۇك بەدەن ھۆر قىزلارنى تىلەيدىغان بۇ ئاۋام خەلققە، ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋاسى دانىيال خوجىنى زىيارەت قىلسا، مۇشكۈللىرى ئاسانلىشىپ، يوق نەرسىلىرى بار بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا، ئۇلار تەرەپ - تەرەپلەردىن ئات، قېچىر ۋە ئېشەكلەرگە مىنىشىپ، ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا ئولتۇرۇشۇپ، بەزىلىرى پۇتىنى ئات، قولىنى قامچا قىلىپ كېلىشىپ يول ياقىلىرىغا توپلىناتتى. كۆپچىلىك يىغىلغان مۇنداق ئورۇنلاردا بېشىغا قارا تەقىيە، ئۇچىسىغا جۇلىقى چىققان جەندە كىيگەن، يالاڭ ئاياغ، چاچلىرى گەدىنىگە چۈشكەن قارا تاغلىق سوپى - دەرۋىشلەر، ئۇزۇن ۋە چاڭگاكلاشقان ساقاللىرىنى سىلىكىپ: «سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئۇلۇغ خانى — مەرھۇم ئىسمايىلخاننىڭ مۇبارەك تەختىگە ئىگىدارلىق قىلىش ئۈچۈن، مەرھۇمنىڭ ئۆزى قول بېرىپ مۇرىت بولغان پىرى -

كامىللارنىڭ بىرى دانىيال خوجامنىڭ قايتىپ كېلىشى ، ئاللاتائالانىڭ بىزگە ئوخشاش بارلىق ئەھلى مۇسۇلمانلارغا قىلغان شاپائىتىدۇر ! »
دەپ تەشۋىق قىلاتتى ...

بۇ قېتىمقى سەپىرىدىن مەمنۇن بولۇپ بېشى كۆككە يەتكەن دانىيال خوجا ، ئاللاتائالانىڭ مۇنچىلىك شانۇ شەۋكەت ئاتا قىلغىنىغا شۈكۈر سانا ئوقۇپ قارغىلىق ، قارىقاش ، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ھاكىملار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلارغا جايلىشىپ كەتكەن كانجۇت قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ بىر ئايغا مۆلچەرلىگەن بۇ سەپىرىنى قىرىق - ئەللىك كۈندە تاماملاپ يەكەنگە كەلدى .

ئۇ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىگىلا نىسا بېگىمنى چاقىرتىپ جۇڭغار قىزىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى . نىسا بېگىم :
— بايان قىز ئۆزلىرىدىن ناھايىتى مىننەتدار : « خوجام شاپا - ئەتلىك ، ياخشى ئادەم ئىكەن » دەپ نەچچە قېتىم گەپلىرىنى قىلدى ، — دەپ جاۋاب بەردى .
— دۇردۇن ئاغچىنىڭ نارازىلىقى بارمۇ ؟
— ئۇ نېمە دېگەنلىرى ، خوجام . قايسىبىر كۈنى گەپتىن گەپ چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئالىرىنى پۇرىتىپ كۆرسەم ، دۇردۇن ئاغچا : « پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامۇ مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۈستىگە بىر نەچچە ئايالنى ئالغانىكەن . خوجام بولسا ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى پېشۋاسىدۇر . ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى كەڭ ، ماڭىمۇ ، قالماق قىزىغىمۇ يېتىدۇ » دېدى .
نىسا بېگىم دۇردۇن ئاغچىنىڭ : « خوجامنىڭ كۆڭلى شۇنى خا-

لىسا ، مەن بىچارىنىڭ رازىلىق بەرمىگىنى بىلەن ئۇ قالماق قىزىنى ئېلىشتىن يالتىيىپ قالارمىدى » دېگەن سۆزلىرىنى ئەنە شۇنداق ياساپ ئېيتقاندى . ئەمما ، ئۇنىڭ بۇ گېپىگە چىنپۈتكەن دانىيال خوجا ئىچ يانچۇقىغا سېلىپ يۈرىدىغان ھەمياندىن ، قارغىلىقتىكى بىر مۇخلىسى سوۋغا قىلغان تىللا ئۈزۈكنى ئېلىپ ، نىسا بېگىمگە ھەدىيە قىلدى ـ دە :
— ئەتە ناماز پېشىنغىچە غەسسال ئايال بىلەن بايان قىزنى غۇسلى قىلدۇرۇڭلار ، نامازدىن كېيىن مەۋلانە ھەزرەت ئىككىمىزنىڭ ئالدىدا ئىمان ئېيتىدۇ ، — دېدى .
نىسا بېگىم « خوپ » دېگىنىچە قول قوۋۇشتۇرۇپ كەينىگە داجىدى ، دانىيال خوجا :
— بايان قىزنى نىكاھىمغا قاچان ئېلىش ئۆزلىرى بىلەن دۇردۇن ئاغىچىغا باغلىق . سىلەر قايسى كۈنى بايان قىز ئاغچا بولۇشقا لايىق دېگەندە ، شۇ كۈنى نىكاھ ئوقۇلىدۇ ، — دېدى .
بىراق ، ئەتىسى پېشىن نامىزىدىن كېيىن ، بايان قىزنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندە ، ئۆزىنى ئامەھرەم تۇتۇپ ، كىمخاب كۆشىكنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان جۇڭغار قىزىنىڭ مەۋلانە ھەزرەتنى ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغان دانىيال خوجىنىڭ يۈرەك تارلىرى تىترەپ كەتكەندەك بولدى . بۇ تاغ قىزىنىڭ مەيىن ۋە زىل ئاۋازى گويا باھار شامىلىدەك ، دانىيال خوجىنىڭ ئىختىراسلىرىنى قوزغىۋەتتى .
ئۇ ئۆزىگە ئىگە بولالماي ، يېنىدا ئولتۇرغان غېرىچتىن ئۇزۇن ئاق ساقىلى ، قاسقاندەك يوغان سەللىسى بار مەۋلانە ھەزرەتنى ئۇنتۇپ ، كىمخاب كۆشەكنى قايرىدى .
كۆشەكتە تىزلانغان پېتى قىبلىگە قاراپ ئولتۇرغان بۇ جۇڭغار

قىزى ئىلگىرى كۆرگىنىگە مۇتلەق ئوخشىمايتتى. ئۇ بىر ئايدىن ئوشۇق ۋاقىتتا شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەندىكى، چىراي - شەكلى چېكىلىشكە باشلىغان تاغ ئالمىسىدەك سوزۇلۇپ، دومبىيىپ تۇرغان مەڭزىلىرى قىزىرىپ، يۇمران لەۋلىرى گۈل غۇنچىسىدەك تاۋلىنىپ كەتكەندى. ئاپئاق شايى ياغلىقنىڭ قاتلانغان يېرى ماڭلىيىنى يېپىپ تۇرغاچقىمۇ، ئەگمە قاشلىرى بىلەن يېرىم يۇمۇلغان هالدا كۆرۈنگەن قارا كۆزلىرى يالقۇنجاپ تۇراتتى. كۆكرىكىنىڭ تەپتىگە بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقاندەك ئەتلەس كۆينىكىنىڭ گۈللىرى تىترەپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

بايان قىزنى مۇشۇ هالەتتە كۆرگەن دانىيال خوجا هاياجانلانغىنىدىن: «ئۆز ۋاقتىدا سەنئان هەزرەتلىرى بۇتپەرەسلەرنىڭ مۇشۇنداق نازىنىن قىزىنى كۆرۈپ، ئۆز دىنىنى ۋە كەبەتۇللانى تەرك ئەيلىگەن ئىكەن - دە ...» دېگەن ئويغا كەلدى ۋە جۇڭغار قىزىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمى تۈگىشى بىلەن تېخى تونۇگۇنلا نىسا بېگىمگە: «بۇ قىزنى نىكاھىمغا ئېلىش دۇردۇن ئاغچا ئىككىڭلارغا باغلىق» دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇپ، مەۋلانە هەزرەتكە: «ئەمدى نىكاھىمىزنى ئوقۇپ قويسىلا» دېگەندى.

مانا شۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ، بىر كۈنى ئۇخلاپ كەتكەن دانىيال خوجىنىڭ قويىندا ياتقان بايان ئاغچا، نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ قورسىقىدا مىدىرلاپ كەتكىنىدىن ئويغىنىپ، ئۇنىمۇ ئويغىنىۋەتكەن ۋە خوجىنىڭ قولىنى قورسىقىنىڭ مىدىرلاپ كەتكەن يېرىگە ئاپىرىپ: «ئەنە، ئەنە، يەنە مىدىرلاۋاتىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئەندىشىلىك هالدا ئېيتقانىدى. شۇ چاغدا دۇردۇن ئاغچىدىن تۇغۇلغان ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى بولغان دانىيال خوجا: «ئەندىشە قىلمىسىلا، ئاغچا، ياراتقان ئاللا ئۇچىنچى پەرزەنتىمگە جان ئاتا قىلىۋېتىپتۇ» دەپ بايان ئاغچىنى

قۇچاقلىغان ھالدا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەندى. شۇنىڭدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا جۇڭغار ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كەلدى-دە، پۈتۈن قەشقەرنى ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلدى. شۇ چاغدا يەكەن، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەر بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا-كەنتلەردىن نۇرغۇنلىغان ئادەم، شۇ قاتاردا بايان ئاغچىمۇ ئۇلارنىڭ قولىغا ئولجا چۈشۈپ كەتكەندى...

شۇنىڭدىن بېرى يەتتە يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئەل-يۇرتى بىلەن تاجۇ تەختىدىن ئايرىلىپ، جۇڭغارلار قولىدا گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان دانىيال خوجا بايان ئاغچىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قانچە سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسىمۇ، ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغانىدى.

ئۇ مۇشۇلارنى ئەسلەۋېتىپ، بۇ ئاسىي بەندىلەر ئۈچۈن غەم-تەشۋىش بىلەن تولغان دۇنيانىڭ بىۋاپالىقىدىن رەنجىگەندەك چوڭقۇر تىنىپ ئۇھ تارتتى. شۇ چاغدا ھويلا تەرەپتىن كىملەرنىڭدۇر سالام-سائەت قىلىشقىنى، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق تىۋىشى ئاڭلاندى. دانىيال خوجا قولىدىكى بايان ئاغچىدىن كەلگەن خەتنى يانچۇقىغا سېلىپ، ھويلىغا چىقماق بولۇپ تۇراتتى، ئۆيگە ئەدەن قېچىرغا قوشۇلۇپ، بىلىگە قامچا قىستۇرۇۋالغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر پۇتى ئاقساق ئادەم كىرىپ سالام بەردى.

— بۇ كىشىنىڭ ئىسمى مامۇت ئاخۇن، — دېدى ئەدەن قېچىر ئۆزىگە ئوخشاش دۈگىلەك ساقاللىق ئادەمنى كۆرسىتىپ، — بۇ كىشىنى ئون ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا كونەس دېگەن يەردە تۇرىدىغان بىر قالماق بەشكىرەمدىن ئولجا قىلىپ كەلگەنىكەن، قۇلدەك ئىشلىتىپ بىر پۇتىنى ناكا قىپتۇ. ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن تىجارەت بىلەن سەپەردە يۈرۈپ، تائەت-ئىبادەت قىلىشقا چولام تەگمىگەندىن كېيىن، بىرەر

ئەھلى مۇسۇلمانىنى بولسمۇ قالماقنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇراي دەپ، ئاتمىش سەر كۈمۈش تۆلەپ بوشىتىۋالدىم. مامۇت ئاخۇنمۇ ئاتلارنى ئېلىپ ئارقامدىن يېتىپ كەپتۇ ئەمەسما.

— تولا ئوبدان بوپتۇ، خۇش كەپسىلەر، مېھمانلار، — دېدى دانىيال خوجا ئىلتىپات بىلدۈرۈپ.

## ئۈچىنچى باب

دانىيال خوجا ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىنلا داندارنى چاقىرتىپ، بۈرناكۈن خۇنتەيجى سوۋغا قىلغان تورۇق ئاتنى ئېگەرلەشنى بۇيرۇدى ـ دە، ياقۇپ خوجىغا ئەدەن قېچىر بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتچىسىنى ئوبدان مېھمان قىلىشنى، ئەدەن قېچىرنىڭ ئۆزى قايتىپ كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرۇشنى تاپىلىدى. ئاندىن خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسىغا بارغاندا كىيىدىغان ئۇستىۋاشلىرىنى كىيىپ ئاتقا مىندى.

دادىسىنىڭ قەدىرلىك مېھماننى تاشلاپ شۇنچە ئالدىراش ماڭغىنىغا ھەيران بولغان ياقۇپ خوجا داندارنى توختىتىپ: «نەگە، نېمە ئىش بىلەن ماڭدىڭلار؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ مۈرىسىنى چىقىرىپ، ھېچ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

بۈگۈن تېگەس ۋادىسىنىڭ مەنزىرىسى كۆندىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ئاخشام سەپكىلەپ ئۆتكەن يامغۇر يولنىڭ توپا ـ چېڭىنى بېسىپ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ياشارتىۋەتكەن، بەزى گىياھلارنىڭ چېچەكلىرىدە توختاپ قالغان يامغۇر تامچىلىرى خۇددى كۆزنىڭ چانىقىدا توختاپ قالغان ياشتەك يالتىراپ كۆرۈنەتتى.

دانىيال خوجىنىڭ ئاستىدىكى تورۇق ئات ماڭغانسېرى قىزىپ

تىزگىن سىيرىشقا باشلىدى . يا ئوڭ ، يا سول تەرىپىگە قارىماي كېلىۋاتـ
قان دانىيال خوجىغا ئاستىدىكى ئات بۇرۇن ئۆزى مىنىپ يۈرگەن
ئاتلاردىن ئۇچقۇر بولسىمۇ ، قاشاڭدەك ياكى ئاستا مېڭىۋاتقاندەك بىلىـ
نەتتى . ئۇ خۇنتەيجى بىلەن كۆرۈشكەندە دەيدىغان گەپ ـ سۆزلىرىنى
نەدىن ۋە قانداق باشلاش ھەققىدە ئويلىنىپ ، « ئاتنىڭ تېغى » دىكى
سايدىن ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى .
ئەگەر ، دەپ ئويلىدى ئۇ ـ پىكرىنى خۇلاسىلىدى ئۇ : « مېنىڭ بۇ
ئىلتىماسىمنى جۇڭغار تەيجىسى ، بۇ ئادەم بۇرناكۇنكى مەدىرە بايرىمىدا
بۇتىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكىنى ئۇچۇن ، بالىسى ئىككىسىگە ئات سوۋغا
قىلغىنىمغا قاراپ ، خۇنتەيجىدىن نېمىنى تەلەپ قىلسام شۇنى بېرىدىكەن
دەپ كەپتۇ ـ دە ، دېگەن ئويغا كېلىپ ئىلتىماسىمنى رەت قىلسىچۇ ،
مۇبادا ، ئۇ شۇنداق قىلىدىكەن ، ئەدەنبايىنى باينبۇلاققا ئەۋەتىپ ، بايان
ئاغىچا بىلەن بالامنى ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان قالماق قانچىلىك
مال ـ دۇنيا سورىسىمۇ بېرىپ قايتۇرۇپ ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىمەن ، بۇـ
نىڭدىن ئۆزگە چارە يوق ... »
بۇ چاغدا ئۇلار « قايىقىنىڭ تۈزى » دېگەن يەرگە يېتىپ
كەلگەنىدى . دانىيال خوجا يولنىڭ چېتىگە چىقىپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە ،
ئېتىنى داندارغا تۇتقۇزدى ، ئۆزى سۇ سىرغىپ ئېقىۋاتقان ئېرىق ياقىسىدا
تەرەت ئېلىپ ، پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ يەنە ئاتلاندى . داندار بولسا تېخى
بۇرناكۇنلا خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسىدىن قايتقان دانىيال خوجىنىڭ بۈگۈن
يەنە ئۇيىاققا ئالدىراش كېتىۋاتقىنىدىكى سەۋەبنى چۈشىنەلمەي ، يا ئۇنى
سوراشقا جۈرئەت قىلالماي : « بەلكى تۈنۈگۈن كەلگەن سودىگەر بىرەر
مۇھىم خەۋەر ئەكەلگەن بولسا كېرەك » دېگەن ئويغا كېلىپ ، ئوردىغا
بارغاندا تېگىشلىك ئادەملەرگە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقى ھەققىدە

ئويلىناتتى .

ئۇلار دىگەر مەزگىلىدە قايسى كۆندىكىدەك ئوردا تىلمىچى موللا ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشتى . قوشنا ئۆيلەردىن چىققان ئىراۋۇللار ھاۋشىغان ئىتلىرىنى قوغلاپ ، دانىيال خوجىلارنى كۈتىۋالدى . تىلماچ ئۆيدە يوق ئىكەن ، ئىراۋۇللارنىڭ بىرسى ئۇنىڭ ئوردا تەرەپتىن تېخى قايتمىغانلىقىنى ئېيتىپ ، قايسى كۈندىكىگە ئوخشاش كۈمۈش نەقىشلىق تورسۇقتا قىمىز ئەكىردى . دانىيال خوجا ئۈچىنچى ئاياق قىمىزنى يېرىملاتقان داندارغا قاراپ :

— مېنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىمنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بىلەن كەلگىنىمنى ئوردىغا مەلۇم قىل ، — دەپ تاپشۇردى .

ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى . قۇياش غەربكە سىلجىپ ، كۆلەڭگىلەر ئۇزىراشقا باشلىدى . يا ئوردىغا كەتكەن داندار ، يا بۇ كىگىز ئۆينىڭ ئىگىسى ئىبراھىم مەشھۇر بويىنى كۆرسەتمىدى . لېكىن ، ئوردا ئاشخانىسىدىن دانىيال خوجىغا ئىراۋۇل ئارقىلىق بىر تاۋاق مانتا ئەۋەتىلدى . بۇنىڭغا قارىغاندا ، دەپ ئويلىدى ئۇ ، ئوردىغا بىرەر شەھەردىن ئەلچىلەر كەلگەن بولسا كېرەك ياكى ئۇ يەردە قانداقتۇر بىر تەنتەنە ئۆتكۈزۈلۈۋاتامدىكىن ... داندار نېمىشقا قايتىپ كەلمەيدىغاندۇ ؟ ...

دانىيال خوجا مۇشۇنداق مۇلاھىزىلەر بىلەن تەقەززا بولۇپ تۇرغاندا ، ئوردا تەرەپتىن ئۈچ ئاتلىق ئادەم ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ دېگۈدەك يېتىپ كەلدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە كىپتى بۆكىگە ①ئوخشايدىغان ، سېمىزلىقىدىن تەڭنىدەك يوغان قورسىقى ئېگەرنىڭ ئالدى قېشىدىن ئارتىلىپ تۇرغان بىر ئەمەلدار ( دانىيال خوجا گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان يىللاردا بۇنداق ئادەمنى كۆرمىگەنىدى ) ئۆزلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان كىيىم - كېچەكلەرنى كىيگەن دانىيال خوجىنى كۆرۈپ ئېيتىنى

① بۆكى — پالۋان .

توختاتتى ـ دە ، ئۇيغۇر تىلىدا :

ــ ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىز خوجىنىڭ ئوردىغا كېلىشكە ئىجازەت بەردى ، ــ دېدى .

ــ ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىزنىڭ شان ـ شۆھرىتى كەم بولمىغاي ، ــ دېدى دانىيال خوجا .

بايىقى بۆكىگە ئوخشايدىغان ئەمەلدار قانداق تېز كەلگەن بولسا ، شۇنداق تېز ئوردا تەرەپكە كەتتى . ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگىنىگە ھەيران بولغان دانىيال خوجا يېنىدىكى قىمىز قۇيۇۋاتقان ئىراۋۇلدىن :

ــ بۇ كىشى كىم ؟ ــ دەپ سورىۋىدى ، ئۇ :

ــ ئۆزۈن يىللاردىن بېرى قەشقەرىيىدە تۇرۇۋاتقان دانچىن دورغا ، ــ دېدى ئىراۋۇل .

※ ※ ※

بۇگۈن چىۋاڭ رابدان خۇنتەيجى ئۆزىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەدىرە بايرىمىدىن بىر كۈن ئىلگىرى كەلگەن قارا تاغلىقلارغا مەنسۇپ بىر قانچە ئادەمنى قوبۇل قىلىشنى بەلگىلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ كېلىشىنى جۇڭغار ھاكىمىيىتىنىڭ قەشقەرىيىدە قارار تاپقىنىنىڭ ئىپادىسى دەپ ھېسابلىغان . شۇڭا ، ساغا نويان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۆزلىرىگە بويسۇنغان ۋە ئۇزۇن يول ، ئېگىز داۋانلارنى بېسىپ كەلگەن بۇ ئادەملەرگە ئانچە ـ مۇنچە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ، تىلەك ـ ئارزۇلىرىنى ئورۇنداپ بېرىشنى لايىق كۆرگەنىدى . شۇڭا ، بۇگۈن ئەتىگەندىلا ئوردا خىزمەتچىلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ يازلىق ئوردىنىڭ ئىچىدىكى گىلەملەر ئۈستىگە تۆگە يۇڭى سېلىنغان تاۋار كۆرپىلەرنى ۋە سېرىق كىمخابتا قاپلانغان تەكىيىلەرنى جۈپ ـ جۈپى بىلەن قويۇشتى . خۇنتەيجىنىڭ ئۆيىدىن ئوردىنىڭ ئىشىكىگىچە بولغان ئارىلىققا كەڭلىكى ئىككى گەز كېلىدىغان گىلەم پا-

يانداز سىلىندى. ئوردا ئاشخانىسى دەپ ئاتالغان ئۆينىڭ ئالدىدا مۇسۇلمان ئاشپەزلەرنىڭ بىر نەچچىسى پاقلانلارنى سويۇپ گۆش پارچىلىسا، يەنە بىر نەچچىسى ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر ئوچاقلارغا ئېسىلغان مىس چۆگۈنلەرنىڭ ئاستىغا ئوت قالايتتى.

كۈن ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەندى. تېكەس دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تۈزلەڭگە تىكىلگەن كىگىز ئۆيدە جۇڭغار تەيجىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەملەر ئىككى كۈندىن بېرى سىياقىنى تۈزەپ، ئوردا سەلتەنىتىگە لايىق كىيىنىشىپ تەييار تۇرۇشاتتى. بۇلارنىڭ بىرسى، بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بايان ئاغچىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ دانىيال خوجىغا نىكاھ قىلغان مەۋلانە ھەزرەت؛ يەنە بىرى، ئاپاق خوجا تىرىك چاغدا ئاق تاغلىقلار تەرىپىدە تۇرۇپ قايسىدۇر بىر شەھەردە ھاكىم بولغان، ئاپاق خوجا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىر نەچچە يىل يەكەندىكى «چىلتەنلىرىم» ①مازىرىدا رىيازەت چېكىپ، قارا تاغلىق خوجىلار تەرىپىگە ئۆتكەن نىياز بەگ؛ كىچىكىدىنلا قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن خوتەنلىك ھاكىم غازىبەگ؛ كانجۇت قەبىلىلىرى بىلەن كەشمىر ۋە بەدەخشانلارغا كارۋان ئەۋەتىپ، سودا-سېتىق قىلىدىغان ھوشۇر قازىلار ئىدى.

ئىشى ۋە يېشى بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدىغان بۇ ئادەملەرنى بىرلەشتۈرگەن نەرسە، كېيىنكى بىر قانچە يىللاردىن بېرى جۇڭغار خۇنتەيجىسىنىڭ قەشقەرىيىنى ئىدارە قىلىشتا كۆپرەك قارا تاغلىقلارغا يۆلىنىپ كېلىۋاتقىنىدىن پايدىلىنىپ، دانىيال خوجىنى گۆرۈلۈكتىن ئازاد قىلىش ۋە يېڭىۋاشتىن ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇش ئىدى. ئەگەر جۇڭغار تەيجىسىنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولۇپ، بۇ مەقسەتلىرى ئەمەلگە ئاشسا،

---

① ئۇ چاغلاردا ئاپاق خوجىغا مۇخلىس بولغانلار ئۇنىڭدىن يالتىيىپ، قارا تاغلىق خوجىلارغا مۇخلىس بولۇشنى خالىسا، مۇشۇ مازاردا يەتتە يىل رىيازەت چېكىدىكەن.

ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل قەشقەرىيە بويىچە ئابرۇيلۇق ئادەملەردىن بولىدىغانلى-
قىنى ، خۇنتەيجىنىڭ دىلىنى يومشىتىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئۇلاغقا ئارتىپ
كەلگەن سوۋغا - سالاملىرىنى ئاز ۋاقىتتىلا نەچچە ھەسسىلەپ
ئۈندۇرۇۋالىدىغانلىقلىرىنى ئوبدان بىلىشەتتى .

ئۇلار ئۆزلىرى چۈشكەن كىگىز ئۆيگە بىردەم كىرىپ ، بىردەم
چىقىپ ئوردا تەرەپتىن كېلىدىغان چاپارمەننى كۈتەتتى . كۈن بارغان-
سېرى ئۆرلەپ ، يەر - جاھاننى قىزىتىشقا باشلىدى . مەۋلانا ھەزرەت بىلەن
غازىبەگ زۇھا نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئۆي تەرەپكە مېڭىشىدى ، ئۇلارغا
ئەگىشىپ باشقىلارمۇ ئۆيگە كىرىشتى . شۇ چاغدا دۈپۈرلەپ كېلىۋاتقان
ئاتلارنىڭ تۇياق تاۋۇشى ئاڭلاندى . بۇنى ئاڭلاپ دۇرۇت ئوقۇش ئۈچۈن
يانچۇقىدىكى تەسۋىيگە قول سالغان مەۋلانە ھەزرەت دەرھال يالتىيىپ دۇ-
ئاغا قول كۆتۈردى . كىچىكمەي ئۇلارنىڭ ھەممىسى تالاغا چىقىشتى - دە ،
ئوردا تىلمىچى موللا ئىبراھىم مەشھۇر بىلەن بىر نەچچە ئاتلىق جۇڭغار
ئىراۋۇللىرىنى كۆردى .

— ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرى ھەر قايسىلىرىغا ھۆرمەت كۆرسى-
تىش ئۈچۈن ئوردىدىكى قەيسەر مۇھاپىزەتچى ئىراۋۇللاردىن بىر
نەچچىسىنى مەن بىلەن ئەۋەتتى ، — دەپ سۆز باشلىدى تىلماچ سالام -
سائەتتىن كېيىن ، — قېنى ئەمسە ، ئاتلىرىغا مىنىشسىلە .

ئۇلار پاكارغىنا ئىككى قاپتالدىن ئۆتۈپ تۈزلەڭگە چىققاندا ،
ئۆزلىرى ئۈچۈن تىكىلگەن ئۆيگە ئوخشاش يۈزلىگەن كىگىز ئۆيلەرنىڭ
ئوتتۇرىسىدا ، بىر تۇتام قىلىي بار بايراق لەپىلدەپ تۇرغان تولىمۇ يوغان
ئاق ئۆينى كۆردى ۋە بىر ئاز مېڭىپ چەتتىكى بىر ئۆيگە يېقىنلاشقاندا ،
موللا ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ ئىشارىتى بويىچە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ پىيادە
مېڭىشتى .

ئۇلارنى ساغا نويان بىلەن يارۇغچى نويان ئوردا ئىشىكىدە كۈ‐تۈۋالدى .

— مېھمانلار چارچىماي ياخشى كەپتىمۇ ؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى ساغا نويان جۇڭغار خانلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇچىنچى شەخسكە مۇراجىئەت قىلغاندەك تەكەببۇرانە قىياپەتتە .

— ئۇلۇغ نويانغا تەن ساقلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز ، — دېدى مەۋلانە ھەزرەت قولىنى كۆكسىگە قويۇپ . باشقىلارمۇ ھەزرەتكە ئەگىشىپ باشلىرىنى سەل ‐ پەل ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى .

موللا ئىبراھىم مەشھۇر مەۋلانە ھەزرەتنىڭ گېپىنى ئۆرۈپ بەر‐گەندىن كېيىن ، ساغا نويان مېھمانلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى . ئۇلار ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى ئۇستىگە ئېپىق تېرىسى يېپىلغان تەختنىڭ تۆۋىنىگە ياي شەكلىدە سېلىنغان كۆرپىلەرگە ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ، مەۋلانە ھەزرەت قولىنى كۆتۈرۈپ :

— ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ شان ‐ شەۋكىتى زىيادە بول‐غاي ، — دەپ دۇئا قىلدى ، باشقىلارمۇ قوشۇلۇشتى .

شۇ ئارىدا ئوردىغا كىرگەن بىر جۇڭغار ئەمەلدارى ساغا نويانغا خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتۇيدى ، ئۇ موللا ئىبراھىم مەشھۇرغا مېھمانلارنىڭ قوزغالماي ئولتۇرۇشنى ئۇقتۇرۇپ ، ئۆزى ئوردا ئىشىكىدىن چىقتى ، ئۇنىڭغىچە پۆپۈكلۈك نەيزە تۇتۇپ ، ئەگرى قى‐لىچلارنى ئاسقان تۆت نەپەر مۇھاپىزەتچى ئىراۋۇل پەيدا بولدى ‐ دە ، ئىككىسى ئوردا ئىشىكىدە ، ئىككىسى خۇنتەيجى ئولتۇرىدىغان تەختنىڭ كەينىدە تىك تۇرۇشتى . بۇلارنىڭ كەينىدىنلا بېشىغا موگو سىياقى قارا قالپاق ، ئۇچىسىغا يەڭلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېتەكلىرىنىڭ چۆرىسىگە زەر ئارىلاش چىلتەك تۇتۇلغان ، ئۆرە ياقىلىق ، ئالدى پېشى بىقىنىدىن

ئىزمىلىنىدىغان كىمخاب چاپان كىيگەن، ئىنچىكە بۇرۇتلۇق، شالاڭ ساقال خۇنتەيجى كىرىپ كەلدى.

ئولتۇرغانلار دۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ باشلىرىنى ئەگكىنىچە قوللىرىنى قوۋۇشتۇردى. خۇنتەيجى ئۇلارنى بايقىمىغاندەك چەمى قىلىن قىزىل ئۆتۈك كىيگەن ئەگرى پۇتلىرىنى تەكەببۇرانە تاشلاپ كېلىپ تەختكە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ساغا نويان، سول تەرىپىگە يارۇغچى نويان كېلىپ تىزلاندى. ئاندىن مېھمانلار تەرىپىدىن جۇڭغار خانلىقىنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى مەدھىيىلەش، ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشكە ئوخشاش تەنتەنىلىك سۆزلەر ئېيتىلدى.

بېقىندۇرغۇچى بىلەن بېقىنغۇچىلارنىڭ بۇ سۆھبىتى چۈشكە يېقىن باشلىنىپ، نامازدىگەرگىچە داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا بارلىق پەم - پاراسىتىنى خۇنتەيجىنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەرپ قىلغان مېھمانلار: «جاھاندا تەڭدىشى يوق خاقانىمىز»، «ئۇلۇغ تەڭرىمىزنىڭ سايىسى بولغان خۇنتەيجى جانابلىرى»، «ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ شاپائەتكارى ...» دېگەنگە ئوخشاش دەبدەبىلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە بېخىللىق قىلمىدى.

خۇنتەيجى بولسا ئۆز شەنىگە ئېيتىلغان بۇ ماختاشلارغا، ئارىلاپ قىسىق كۆزلىرىنى تېخىمۇ يۇمۇپ مۇغەمبىرانە كۈلۈپ قويسا، ئارىلاپ ياپىلاق يۈزىگە جىددىي تۈس بېرىپ تەكەببۇرانە قىياپەتكە كىرەتتى.

جۇڭغار خۇنتەيجىسى خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغان سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆتكەن ئاخشام ساغا نويان باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن بار مەسلىھەت تەييارلىغان جاۋابىنى ئوقتۇردى.

— ھەر بىرىڭلار بىزنىڭ بىردىن قەبىلىنى باشقۇرىدىغان تەيجىلىرىمىزگە ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ دىيانەتلىك مۆتىۋەرلىرى ۋە

خانلىقىمىزنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ كېلىۋاتقان ئەھلى ئىسلامنىڭ ئۆلىمالىرى بىلەن بەگزادىلىرى بولغاچقا، — دېدى ئۇ پادىشاھلارغا خاس كىبىر بىلەن، — تىلەك ـ تەلەپلىرىڭلارنى ئەلۋەتتە ئورۇندايمەن.

بۇ سۆزلەرنى موللا ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان مېھمانلار خۇنتەيجىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ:

— ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ بۇ شاپائىتى تەڭرىمىزنىڭ شاپائىتى بىلەن ئوخشاشتۇر، — دېيىشتى.

— ئەمما، — دېدى خۇنتەيجى، — دانىيال خوجىنىڭ ئۆز ئېلىگە خان بولۇشى ئۈچۈن مەرھۇم خۇنتەيجىمىز غالدان بوشۇقتۇخان ① دەۋرىدە ئاپاق خوجا تۆلەپ تۇرغاندەك، ھەر يىلى تۆت يۈزمىڭ ② سەر كۈمۈش قىممىتىدە خىراج تۆلىنىپ تۇرۇشى شەرت.

خۇنتەيجىنىڭ بۇ گېپى ئوردا ئىچىدە بىر پەس سۈكۈت پەيدا قىلدى. چۈنكى، قەشقەرىيىدىن كەلگەن مېھمانلار دانىيال خوجا ئۈچۈن بۇنچىلىك نۇرغۇن مىقداردا خىراج تۆلەيمىز دەپ ئويلىمىغانىدى. لېكىن، نارازىلىق بىلدۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلىشالمىدى. ئەكسىچە، ھەممىسى دېگۈدەك ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغان ھالدا:

— ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىزنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۈر ئىزھار قىلىمىز، — دېيىشتى.

خۇنتەيجى بولسا قېلىن كالپۇكىنىڭ بىر چېتىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلگەن بولۇپ ساغا نويانغا قارىۋىدى، ئۇ:

— مېھمانلارنىڭ قورسىقىمۇ ئاچقاندۇر، ئەمدى ئوردا ئاشخانىسىغا

---

① غالدان بوشۇقتۇخان — 1678 ـ يىلى قەشقەرىيىنى ئىشغال قىلغان.

② «تارىخى نادىرىيە» دە تۆت يۈز مىڭ سەر كۈمۈش دېيىلسە، باشقا مەنبەلەردە يۈز مىڭ يامبۇ دېيىلگەن.

مەرھەمەت قىلغاي، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممە مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە ئۇلۇغ خۇنتەيجىگە ئۆزلىرىنى قوبۇل قىلغىنى ۋە تىلەك ـ تەلەپلىرىنى ھەل قىلىپ بەرگىنى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم رازىمەنلىك بىلدۈرۈپ ئوردىدىن چىقىشتى.

※ ※ ※

دانىيال خوجىنىڭ كەلگىنىنى ئوردىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ساغا نويانىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن داندار، ئۇنىڭ خان ئوردىسىغا كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن:

— بىر ئىلاج قىلىپ مېنىڭ كەلگىنىمنى نويانغا مەلۇم قىلىسىڭىز؟ — دەپ ئۆتۈندى ساغا نويانغا يېڭىدىن ياردەمچى بولۇپ كەلگەن دانچىن دورغىغا.

— ھازىر مۇمكىن ئەمەس، — ئېتىراز بىلدۈردى دورغا، — ئۇ كىشى ماڭا: «مەن بۈگۈن ناھايىتى ئالدىراش، بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن ئادەملەر بولسا، ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىلىۋەر» دېگەن.

— ھەي، دانچىن دورغا، مېنىڭ ئىشىم بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى داندار، — تۆلەكتىكى (گۆرۈدىكى دېمەكچى) دانىيال خوجىنى بىلەمسىز؟ ھە، مەن ھازىر شۇ كىشى بىلەن قوبىدىن كەلدىم. ئۇ ئادەم بىر مۇھىم ئىش بىلەن خۇنتەيجى جانابلىرىنى زىيارەت قىلماقچى.

— گەپ دېگەننى مۇنداق چۈشەندۈرۈپ دېمەمسىز، — دانچىن دورغا دەرھال يۇمشاپ قالدى، — يۈرۈڭ، ھازىر ئوردا ئاشخانىسى تەرەپكە بارايلى. شۇ يەردىن بەزى ئەمەلدارلار ئوردىغا قاتناپ تۇرىدۇ.

ئۇلار ئوردا ئاشخانىسىغا يېقىنلاشقاندا، خان ئوردىسىدىن چىققان بىر توپ ئادەملەرمۇ يېتىپ كەلدى. داندار ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈرگەن

مـوللا ئـبراهىم مەشهۇر ، ساغا نويان ۋە يارۇغچى نوياندىن باشقىلارنى تو-
نـۇيـالـمـىـدى . ئۇچـىـسىغا دانىيال خوجىغا ئوخشاش كىيىملەرنى كىيگەن
سـاقـال ـ بـۇرۇتلۇق بۇ ئادەملەرگە ، ئۇلار بىلەن بىللە كېلىۋاتقان نويانلار
هۆرمـەت بـىـلدۈرگەندەك مۇئامىلە قىلاتتى . موللا ئىبراهىم مەشهۇر بولسا ،
بـۇ ئادەمـلـەرنـىڭ سۆزىنى نويانلارغا ، نويانلارنىڭ سۆزىنى ئۇلارغا ئۆرۈپ
بېرەتتى .

دانـچـىـن دورغـا ئوردىـدىكـى سۆهبەتـنـىڭ تـامـام بولغىنىنى
چۈشەنـدى ـ دە ، قـەدىـمـىـنـى تېزلىتىپ ، ساغا نويان تەرەپكە ماڭدى .
مـەۋلانـە هەزرەتـنـىڭ سۆزىنى يارۇغچى نويانغا تەرجىمە قىلىپ كېلىۋاتقان
مـوللا ئـىبراهىم مەشهۇر ئاشخانىغا يېتەي دېگەندە ، ئۆزلىرىگە يول بېرىپ ،
هۆرمـەت بـىـجـا كەلتۈرۈپ تۇرغان داندارنى كۆرۈپ قالدى ـ دە ، هەيران
بولۇپ :

ـــ هوي ، قاچان كەلدىڭىز ؟ ـــ دەپ سورىدى .

ـــ بىر نەچچە چاي قاينىغۇدەك ۋاقىت بولدى .

ـــ خوجامۇ كەلدىمۇ ؟

ـــ هە ، ئۇ كىشى سىلەرنىڭ ئۆيدە قالدى .

شـۇ ئارىـدا سـاغا نويانغا يولۇقۇپ قايتقان دانچىن دورغا داندارنىڭ
قولىدىن تارتىپ :

ـــ نـويـان جـانـابـلـىـرىـغـا گېپىڭىزنى يەتكۈزدۈم ، خوجىغا سەل
تـۇرۇپ ئادەم ئەۋەتـىـدىغان بولدى . يۈرۈڭ ، مۇنۇ ئۆيگە كىرىمىز . نويان
جـانابلىرى ماڭا : « داندارنى ئوبدان مېهمان قىلىڭ » دەپ تاپشۇردى ، ـــ
دېـدى ـ دە ، ئۇنـى چـەتـتـە تۇرغان بوش ئۆيلەرنىڭ بىرىگە باشلىدى ۋە
ئاشـخـانـا خـىزمەتچىلىرىنىڭ بىرىنى چاقىرىپ ، بىر تورسۇق ئەركە بىلەن
تاماق ئەكىلىشنى بۇيرۇدى . يول بويى تۈزۈككىنە بىر نېمە يېمىگەن داندار

يېرىم ئاياق ئەركىدىن كېيىن، ھورى چىقىپ تۇرغان پېتىر مانتىغا تۇتۇش قىلىدى. شۇ چاغدا موللا ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئاتلىق ئىراۋۇللارنىڭ بىرى دانىيال خوجىغىمۇ تاماق ئاپارغانىدى.

※ ※ ※

ــ ئۇلۇغ خۇنتەيجىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، بەخت ـ سائادىتى مەڭگۈلۈك بولغاي، ــ دېگىنىچە بېشىنى ئېگىپ سالام بەردى ئوردىغا كىرگەن دانىيال خوجا.

خۇنتەيجى قىسىق كۆزىنى لىپىلدىتىپ قارىدى ـ دە:

ــ خوجىنىڭ سالامەتلىكى ياخشىدۇر؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ مەرتىۋىسى ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىزنىڭ شاراپىتىدە ساق ـ سالامەت يۈرۈپتىمەن.

جۇڭغار خانىنىڭ ئوردىسىدا بۇ ئىككى ئادەمدىن باشقا ساغا نويان بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى بۆكە سۈپەت دانچىن دورغا ۋە موللا ئىبراھىم مەشھۇرلار بولۇپ، ئۇ خۇنتەيجى بىلەن دانىيال خوجىنىڭ سۆزلىرىنى ئۆرۈپ بېرەتتى. قالغان ئىككىسى بولسا، پات ـ يېقىندا يەكەندىكى خانلىق تەختىگە ئولتۇرماقچى بولۇۋاتقان بۇ خوجىنىڭ ھەر بىر سۆزىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى.

ــ ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىزدىن يوشۇرىدىغان سىر ـ ئەسرارىم يوق، ــ دېدى دانىيال خوجا، ــ ئۆزلىرىنىڭ ئەمر ـ پەرمانى بىلەن يەكەندىن ئىلى تەۋەسىگە چىققاندا كىچىك زەئىپەم بايان ئاغچا ھامىلىدار پېتى يوقاپ كەتكەنىدى، شۇ كۈنگىچە بۇ بىچارىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالماي يۈرەتتىم. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل مۇقەددەم ئۆزلىرى ئىلتىپات قىلىپ، دەستەك ھەدىيە قىلغان تۇججار بۇرادىرىم تۇنۇگۈن ئۇنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ھازىر ئۇ زەئىپەم يەتتە ياشلىق ئوغلۇم بىلەن بايىنبۇلاق

دېگەن يەردىكى بىر كىشىنىڭ قولىدا دېدەك بولۇپ هايات كەچۈرۈۋېتىپتۇ ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان خۇنتەيجىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسانپەرۋەرلىك هېسسىياتلىرى قوزغىلىپ كەتتىمۇ ياكى بايىلا قەشقەرىيىدىن كەلگەن مۆتىۋەر زاتلار ئالدىدا قىممىتى تۆت يۈز مىڭ سەر كۈمۈش دەپ باهالانغان خوجىنىڭ ئۇيىاقىا بارغاندا ئۆزى ئۇچۇن ياخشىراق خىزمەت قىلىشقا تۈرتكە بولار دەپ ئويلىدىمۇ ، ئىشقىلىپ ، جۇڭغار ئاۋۇللىرىنىڭ بىرىدە تېزەك تېرىپ ، كالا سېغىپ يۈرگەن بۇ ئۇلجا ئايالنى بالىسى بىلەن دانىيال خوجىغا ئېلىپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردى :

— خوجا توقال ئاغچىسىنى ياخشى كۆرەتتىكەن ـ دە ، — دېدى مۇغەممبىرانە كۈلۈپ ، ئاندىن ساغا نويانغا قاراپ ، — دانچىن دورغا بىلەن ئىبراهىم تىلماچ ئىككى ـ ئۈچ ئىراۋۇل بىلەن ئەتىلا يولغا چىقىپ ، خوجىنىڭ توقالى بىلەن بالىسىنى ئېلىپ كەلسۇن . ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىگىسى ئۇنىمىسا ، ئۇنىمۇ قوشۇپ بىللە ئېلىپ كەلسۇن ، — دەپ بۇيرۇق بەردى .

دانىيال خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ خۇنتەيجىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى .

— خوجا ئەل ـ يۇرتىنى سېغىندىمىكىن ؟ — دەپ سورىدى خۇنتەيجى .

كۈتۈلمىگەن بۇ سوئالغا ئالدىراپ جاۋاب بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى هېس قىلغان دانىيال خوجا بىر پەس ئويلىنىپ تۇردى ـ دە :

— ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرى ئەل ـ يۇرتۇمنى سېغىنىشنى راۋا كۆرسە ، ئەلۋەتتە ، سېغىنىمەن ، راۋا كۆرمىسە سېغىنمايمەن ، — دېدى .

خۇنتەيجى يەنە مۇغەمبىرانە كۈلۈپ قويدى ، باشقا گەپ قىلماي ئۇنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت قىلدى .

# تۆتىنچى باب

« قىزنىڭ جېنى قىرىق » دېگەن تەمسىل مۇشۇ بايان ئاغچىغا ئوخشاش ئاياللارغا ئېيتىلغان بولسا كېرەك. ئۇ جۇڭغارلارنىڭ تورغۇت قەبىلىسىگە مەنسۇپ بادە چولاق دېگەن ئادەمنىڭ قېرىغان چېغىدا كۆرگەن يالغۇز قىزى ئىدى. دادىسى « قېرىغان چېغىمدا كۆرگەن بىر تال بالام » دەپ ئۇنى تولىمۇ ئەتىۋارلايتتى. يازنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرى بىلەن قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىدە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى، گويا چوڭ كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندەك كىچىككىنە بايان قىزغا سۆزلەپ بېرەتتى. ئۆمرىدە كۆپنى كۆرگەن بۇ ئادەم بەزى كۈنلىرى غالدان بوشۇقتۇخان دېگەن خۇنتەيجى 1690 ـ يىلدىن يەتتە يىلغا يېقىن چىن سۇلالىسىگە قارشى سوقۇشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پادىشاھى تۇرىدىغان شەھەرگە يېتىپ بارالماي، يېرىم يولدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى ھەم مۇشۇ سوقۇشتا قىلىچ تېگىپ، سول قولىنىڭ چېپىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بەرسە، بەزىدە ئۇياقلاردا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشىمايدىغان تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، بىر قانچە يۈز، ھەتتا بىر قانچە مىڭ ئادەملەرنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ، كېسەك دېگەن نەرسىلەردىن ئۆي ياساپ، مەھەللە ـ شەھەر قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، گۆش بىلەن سۈت ـ قېتىقتىن باشقا ئوت ـ چۆپكە ئوخشاش نەرسىلەرنى يەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بەزىدە بولسا جۇڭغارلار ئىچىدە غالدان بوشۇقتۇخان توغرۇلۇق تارالغان ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرەتتى.

ئالتۇن تېغىمىزدەك تاغ يوقتۇر،
غالدان تەيجىدەك ئەر يوقتۇر.

ۋاي ـ ۋاي ، ۋاي ـ ۋاي ،
غالدان تەيجىدەك ئەر يوقتۇر .

بىر كۈنى قوشنا ئاۋۇللاردىكى بىر تونۇشىنىڭ تويىغا كەتكەن بادە چال مەست ھالەتتە ئۆيىگە كېلىپ :

غالدان تەيجى ئات چاپسا ،
تاغلار تەزىم قىلىدۇ .
ۋاي ـ ۋايەي ، ۋاي ـ ۋايەي ...

دېگەن ناخشىسىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئېيتقىنىچە ئۇخلاپ قالدى ـ دە ، شۇ ئۇخلىغانچە يېنىپ ئويغانمىدى . كىچىككىنە بايان قىز ئانىسى بولغۇنتاي بىلەن تەگرىتېغىنى مۇڭغا تولدۇرۇپ بىر نەچچە كۈنگىچە قاقشاپ يىغلىدى . ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتقان جۇڭغار مومايلىرى : « بولدى قىلىڭلار ، قىزلىرىم ، بۇ ئەجەل دېگەن نەرسە ھېچكىمنى ئايىمايدۇ ، پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ ، خاقان بولغان ئۇلۇغ چىڭگىزخانمۇ ، باتۇر ① خۇنتەيجى بىلەن غالدان بوشۇقتۇخانمۇ ئەجەلگە تەڭ كېلەلمىگەن » دەپ تەسەللى بېرىشتى . بىراق ، بادە چالنىڭ ئۆلگىنىگە ھەپتە بولماي تۇرۇپ ، بۇ ھازىدار ئاۋۇلدا يەنە بىر كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بەردى .

بۈگۈن ئۇلارنىڭ قايغۇسىغا ئورتاقلىشىپ ، بولغۇنتاينىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغان قوشنا ئاۋۇللاردىكى بىر نەچچە دوستلىرى ، ئىتلارنىڭ قاتتىق قاۋىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى . ئۇلار ھە دېگەندە « ئاۋۇلغا بۆرە كەلگەن ئوخشايدۇ » دەپ ئويلاشتى . لېكىن ، ئانچە كېچىكمەي ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا قانداقتۇر بىر يات تىلدا سۆزلەشكەن ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرى

---

① باتۇر ـــ غالدان بوشۇقتۇخاننىڭ دادىسى بولۇپ ، 1634 ـ يىلى ئۆزىنىڭ پايتەختىنى قوبۇقساردىن ئىلىغا كۆچۈرۈپ كەلگەن .

ئاڭلاندى . ئاندىن ئۆيگە نەيزە ـ قىلىچ ھەم مەشئەللەرنى كۆتۈرگەن بىر قانچە قوراللىق ئادەملەر كىرىپ كەلدى ـ دە ، قورققىنىدىن ئۇركىگەن كېپىنەكلەردەك ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا توپلىشىۋالغان جۇڭغار ئاياللىرىنى ئەسىرگە ئېلىشتى .

بۇ قوراللىق ئادەملەر مۇھەممەت ئىمىنخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭغارلارغا قارشى جەڭ قىلغان لەشكەرلەر ئىدى . ئۇلار بۇ ئۇرۇشتا تەگرىتېغىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئەسىرگە ئالغان مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن بىر نەچچە يۈز ئايالنى قەشقەرگىچە ئەكەلدى . بۇ يەرگە كەلگۈچە ئۇلارنىڭ سانى ئازىيىپ ئاتمىشقا يېقىن قالغانىدى . بۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ ماڭغان ئېگىز بويلۇق ، بېشىغا سەللە ئورىغان بادراڭ كۆز ئادەم ھەرقونالغۇغا ياكى يېزا ـ شەھەرلەرگە كەلگەندە بىر مۇنچىلىگەن ئەسىر ئاياللار بىلەن باللارنى ئۆزىگە ئوخشاش كىيىم كىيگەن ئادەملەرگە بېرىۋېتەتتى . بۇگۈنمۇ خۇددى شۇنداق بولدى . تۇتقۇن ئاياللار تۇرۇۋاتقان يەردە يەنە شۇ بادراڭ كۆز ئادەم ئىككى ـ ئۈچ خىزمەتچىسى بىلەن پەيدا بولدى ـ دە ، بولغۇنتاي بىلەن بىر نەچچە ئايالنى ئايرىپ ، ئىككى ئات قوشۇلغان مەپىگە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇلارنى بىر قانچە لەشكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە يەكەنگە ئېلىپ ماڭدى . بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ، بولغۇنتاينى قىزى بىلەن دانىيال خوجىنىڭ ئۆيىگە ئەكەلدى . ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەستىن ، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولغان دانىيال خوجا ، ئۆزىگە تارتۇق قىلىنغان بۇ جۇڭغار ئايالنى قىزى بىلەن ئارتۇق يۈك بىلىپ ، بۇرۇندىن تارتىپ ئۆزىگە مۇخلىس بولۇپ خىزمىتىنى قىلىپ كەلگەن ، ھازىر بولسا چارەك دېگەن مەھەللىدە تۇرۇۋاتقان سۇپۇرگە ئاخۇن دېگەن ئادەمگە ئامانەت قىلىپ تاپشۇردى .

شۇنداق قىلىپ « زىندانغا چۈشكەن ئادەم ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ

يەرگىمۇ ئۆگىنىپ قالىدۇ » دېگەندەك ، ئۆز يەرلىرىدە جۇڭغارلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ئولجا ئاياللار بىلەن قىزلارنىڭ ئېغىر قىسمەتلىرىنى كۆرۈپ ئۆسكەن بولغۇنتايلار ، ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان بىر ئىقلىمدىكى ئادەملەر ئارىسىدا ، شۇلارنىڭ رايىغا بېقىپ ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى .

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ دانىيال خوجىنىڭ بۇ مۇخلىسى — سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ مومىيى ئۆلۈپ قالدى ـ دە ، ئىچىگە جىن كىرىپ بولغۇنتايغا : « سېنىڭ ئايىغىڭ ياراشماي زەئىپەم ئۆلۈپ قالدى ، ئەمدى سەن مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتۈشۈڭ كېرەك » دېدى . بۇ چاغدا ئۇيغۇر تىلىنى ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالغان بولغۇنتاي : « ھەي ئاتا ، ئادەملەرنى ياراتقان تەڭرىدىن قورقمامسىز ؟ مەن سىزنىڭ بالىڭىزدەك تۇرسام ... » دەپ نارازىلىق بىلدۈردى . يەنە بىر قېتىم ، دۈمبىسىدىكى يۇلغۇننى ئوچاق ئالدىغا چۈشۈرۈپ ھاردۇقىنى چىقىرىپ ئولتۇرغان بولغۇنتايغا : « بۈگۈن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىڭ لازىم ، كەچتە نىكاھىمىز بولىدۇ » دەپ ، باياتىن بېرى ئۆيدە ئولتۇرغان ئىككى مومايغا — ھەدىسى بىلەن سىڭلىسىغا : « ھازىر مۇنۇ ئەھلى كۇپارنى پۇتىغا ئىككى كېسەك قويۇپ ، شۇ كېسەكلەر ئېزىلىپ كەتكۈچە غۇسلى قىلدۇرۇڭلار ، ئاندىن بۇنىڭغا ئىمان ئېيتقۇزىمەن » دېدى . بولغۇنتاي بۇ چاغدىمۇ : « ئۆلۈپ كەتسەم كېتىمەنكى ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزگە كۆنمەيمەن » دەپ ئۇنىمىدى .

ئۈچىنچى قېتىم بولسا ، بىر كېچىسى تەڭرىتاغلىرىدا يۈرۈپ چۈش كۆرۈۋاتقان بولغۇنتاي بەدىنىگە مۇزدەك بىر نەرسە تەگكەندەك بولۇپ ئويغىنىپ كەتتى . يېنىدا ئاپئاق ساقىلىنى ساڭگىلىتىپ سۇپۇرگە ئاخۇن ھىجراپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان بولغۇنتايغا : « نېمىشقا قورقىسەن ، بۇ مەنغۇ ، بىردەم بولسىمۇ سەن بىلەن ياتاي دەپ كەلدىم ... »

دېدى. ئاچچىقى كەلگەن بولغۇنتاي نېمە كۆرسەم شۇنى كۆرەي دېگەن ئويغا كەلدى، ئۇنىڭ يۇزىگە تۇكۇرۇپ، بىر نەچچە كاچات ئۇرۇۋەتتى. سوپۇرگە ئاخۇن بولسا: «خەپ، سەن قانجۇققا بىر تېتىمىسام!» دېگىنىچە رەلـلە بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بىراق، ئۇ بولغۇنتايغا ئۆزى ئېيتقاندەك «تېتالمىدى». چۈنكى، شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىلا، مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە تۇرىدىغان بىر ئادەمنى، دانىيال خوجىغا ئوخشاش بىر قارا تاغلىق خوجىنىڭ ئۆزىگە ئامانەت قويغان جۇگغار ئايالغا چېقىلىپ قويغىنى ئۈچۈن، ئۆتكەن كېچە ھېلىقى خوجىنىڭ بىر نەچچە مۇخلىسلىرى قوزۇققا ئولتۇرغۇزۇپ كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، سوپۇرگە ئاخۇننىڭ بولغۇنتايغا بولغان مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى، ھەتتا ئۇ: «مېنىڭ بۇ ناشايان ھەرىكەتلىرىم دانىيال خوجامغا ئايان بولۇپ قالمىسا بولاتتى» دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. قولى بوش بولسىلا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ تـوۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇشقا، بولغۇنتاي بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى خۇمنىڭ ئىچىدىكى قىممەتلىك خەزىنىدەك كۆرۈپ ئاسراشقا باشلىدى. ئەمما، بولغۇنتاينىڭ ئۆمرى كوتا ئىكەن. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە يات ئىقلىملارنىڭ قولىغا ئولجا بولۇپ، تۆگىمەس قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنى تەڭ تارتىپ كېلىۋاتقان قىزىنى راسا بوي تۇزەپ كېلىۋاتقاندا، چەت ـ چۆرىسىدە قۇمدىن باشقا نەرسە يوق بىر يۇرتتا يالغۇز قالدۇرۇپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

مۇساپىرلىقنى ئاز دەپ تۇغقان ئانىسىدىن ئايرىلىپ، يات ئادەملەرنىڭ قولىدا قېلىش بايان قىزنى يىلتىزى قۇرۇغان گۈلدەك سولاشتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭغا دۇنيا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ كەڭ جاھان ھېچبىر قىزىقى يوق، پەقەت غەم ـ قايغۇدىنلا ئىبارەت بىر نېمىدەك كۆرۈنۈپ

كەتتى. كېچىلىرى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي: «دادامنىڭ جېنىنى ئۇيقۇسىدىن ئويغاتماي، ئانامنىڭ جېنىنى كېسىلىدىن ساقايتماي ئېلىپ كەتكەن تەڭرى مېنىڭ جېنىمنى نېمە ئۈچۈن ئۇنتۇپ قالدىكىنا؟ يا مېنى يەنە بىر قانچە يىللار ئازاب تارتىپ خورلانسۇن، دېدىمىكىنا؟» دېگەنگە ئوخشاش ئويلارغا بېرىلەتتى. بەزى كېچىلىرى بولسا: «بوينۇمغا تانا باغلاپ، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە ئازابىدىن بىراقلا قۇتۇلايمىكىن؟ ...» دەيتتى. لېكىن، ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە سولىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان سۇپۇرگە ئاخۇن: «قىزىم، يۈرگىن، ئاناڭ رەھمەتلىكنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ كېلەيلى» دەپ، تۇپراق بېشىغا ئېلىپ باراتتى ۋە بولغۇنتايىنىڭ قەبرى ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قىرائەت قىلىپ دۇئا قىلاتتى. ئاندىن بايان قىزغا قاراپ: «رەھمەتلىك بولغۇنتاي ياخشى مەزلۇم ئىدى. ئاللاتائالا ئاشۇنداق ياخشى ئادەملەرنى ئۆز دەرگاھىغا بالدۇر چاقىرىپ ئالىدۇ، بۇنىڭغا سەۋر قىلىش كېرەك، قىزىم» دەپ تەسەللى بېرەتتى.

بەزى كۈنلىرى بايان قىزنىڭ ئاش ـ تاماققا كۆڭلى تارتماي قالغىنىنى كۆرسە، زورلاپ دېگۈدەك بىر نەرسىلەرنى يېگۈزەتتى: «بۇنداق قىلساڭ، قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك ئۆزۈڭنىمۇ، چۆلدىكى قاقشال بولۇپ قالغان قېرى سۆكسۆكتەك مېنىمۇ ئەجىلىمدىن بۇرۇن ئۆلتۈرمەمسەن. مەنغۇ تېرەك ئۈچىدىكى ئاپتاپتەك ئۆمرى قالغان ئادەم، سەن دېگەن بۇ دۇنيانىڭ كارامەتلىرىنى ئەمدى كۆرۈشكە باشلىغان قىزغۇ. بۈگۈن ـ ئەتە ئاللاتائالا نۇسرەت بېرىپ، كەلىمە ھۇللا پىرىم كېلىپ قالسا، سېنى قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇ كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن» دەيتتى.

ئارىدىن يەنە بىر نەچچە ۋاقىتلار ئۆتتى. لېكىن، بايان قىزنىڭ

بېشىغا كەلگەن غەم - قايغۇ كۆڭۈل ئاسمىنىدا كۈزنىڭ قارا بۇلۇتلىرىدەك تارقىماي چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئۇ گەپ سورىسا «ھەئە» ياكى «ياق» دېگەن ئىككى سۆز بىلەنلا جاۋاب بېرەتتى. ئۆزى گويا كېكەچ ئادەمدەك ھەپىتلەپ - ھەپىتلەپ چىش يېرىپ بىر نەرسە دېمەيتتى. ئۇ قېرى مۇخلىس سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ قانچە كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلغىنىغا قارىماي، ئاپىسى بار چاغدىكى سىياقىغا كېلەلمىدى.

بىر كۈنى يەكەن تەرەپتىن كەلگەن قارا تەقىيىلىك سوپى - دەرۋىشلەر بىلەن سۆھبەتتە بولغان سۈپۈرگە ئاخۇن ئۆيىگە كەلدى - دە:

— ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق، — دېدى ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلغاندەك. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ئوچاققا ئوت يېقىۋاتقان بايان قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، — ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق، — دەپ سۆزىنى تەكرارلىدى ئۇ، — ئاللاتائالا كەلىمە ھۇللا خوجامغا دېگىنىمدەك نۇسرەت ئاتا قىپتۇ. ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى دىيارىمىزغا يېتىپ، يەكەن تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ. ئاللا نېسىپ قىلسا، ئەتە يەكەنگە بېرىپ، سېنى بارلىق مۇسۇلمان قوۋمىنىڭ شاپائەتچىسى بولغان دانىيال خوجامغا تاپشۇرۇپ بويىنۇمدىكى قەرزدىن ئادا بولماقچىمەن.

بايان قىز ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە: «تەڭرى جېنىمنى ئالمىغاندىكىن، ماڭا قەيەردە يۈرسەممۇ، كىمنىڭ ئىشىنى قىلساممۇ بەربىر» دېگەن ئەلپاز كۆرسەتتى.

دېگەندەك، سۈپۈرگە ئاخۇن ئەتىسى سەھەردىلا ئېشەك ھارۋىسىنى قوشۇپ، بايان قىزنى ئولتۇرغۇزدى، بېشىغا مومىسىدىن قالغان كونا پەرەنجىسىنى ئارتىپ، يۈزىگە قىللىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن قارا چۈمبەلنى تارتىپ يولغا چىقتى ۋە يەكەنگە كېلىپ دانىيال خوجىنى زىيارەت

كەتتى. كېچىلىرى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي: «دادامنىڭ جېنىنى ئۇيقۇسىدىن ئويغاتماي، ئانامنىڭ جېنىنى كېسىلىدىن ساقايتماي ئېلىپ كەتكەن تەڭرى مېنىڭ جېنىمنى نېمە ئۈچۈن ئۇنتۇپ قالدىكىنا؟ يا مېنى يەنە بىر قانچە يىللار ئازاب تارتىپ خورلانسۇن، دېدىمىكىنا؟» دېگەنگە ئوخشاش ئويلارغا بېرىلەتتى. بەزى كېچىلىرى بولسا: «بوينۇمغا تانا باغلاپ، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە ئازابىدىن بىراقلا قۇتۇلايمىكىن؟ ...» دەيتتى. لېكىن، ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن - كۆڭگە سولىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان سۇپپۇرگە ئاخۇن: «قىزىم، يۈرگىن، ئانالڭ رەھمەتلىكنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ كېلەيلى» دەپ، تۇپراق بېشىغا ئېلىپ باراتتى ۋە بولغۇنتايىنىڭ قەبرى ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قىرائەت قىلىپ دۇئا قىلاتتى. ئاندىن بايان قىزغا قاراپ: «رەھمەتلىك بولغۇنتاي ياخشى مەزلۇم ئىدى. ئاللاتائالا ئاشۇنداق ياخشى ئادەملەرنى ئۆز دەرگاھىغا بالدۇر چاقىرىپ ئالىدۇ، بۇنىڭغا سەۋر قىلىش كېرەك، قىزىم» دەپ تەسەللى بېرەتتى.

بەزى كۈنلىرى بايان قىزنىڭ ئاش - تاماققا كۆڭلى تارتماي قالغىنىنى كۆرسە، زورلاپ دېگۈدەك بىر نەرسىلەرنى يېگۈزەتتى: «بۇنداق قىلساڭ، قىزىل گۈلىنىڭ غۇنچىسىدەك ئۆزۈڭنىمۇ، چۆلدىكى قاقشال بولۇپ قالغان قىرى سۆكسۆكتەك مېنىمۇ ئەجىلىمدىن بۇرۇن ئۆلتۈرمەمسەن. مەنغۇ تېرەك ئۈچىدىكى ئاپتاپتەك ئۆمرى قالغان ئادەم، سەن دېگەن بۇ دۇنيانىڭ كارامەتلىرىنى ئەمدى كۆرۈشكە باشلىغان قىزغۇ. بۇگۈن - ئەتە ئاللاتائالا نۇسرەت بېرىپ، كەلمە ھۇللا پىرىم كېلىپ قالسا، سېنى قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇ كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن» دەيتتى.

ئارىدىن يەنە بىر نەچچە ۋاقىتلار ئۆتتى. لېكىن، بايان قىزنىڭ

بېشىغا كەلگەن غەم ـ قايغۇ كۆڭۈل ئاسمىنىدا كۈزنىڭ قارا بۇلۇتلىرىدەك
تارقىماي چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئۇ گەپ سورىسا «ھەئە» ياكى «ياق»
دېگەن ئىككى سۆز بىلەنلا جاۋاب بېرەتتى. ئۆزى گويا كېكەچ ئادەمدەك
ھەپىلەپ ـ ھەپىلەپ چىش يېرىپ بىر نەرسە دېمەيتتى. ئۇ قېرى مۇخ-
لىس سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ قانچە كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلغىنىغا
قارىماي، ئاپىسى بار چاغدىكى سىياقىغا كېلەلمىدى.

بىر كۈنى يەكەن تەرەپتىن كەلگەن قارا تەقىيلىك سوپى ـ دەر-
ۋىشلەر بىلەن سۆھبەتتە بولغان سۈپۈرگە ئاخۇن ئۆيىگە كەلدى ـ دە:

— ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق، — دېدى ئۆزىگە ئۆزى
گەپ قىلغاندەك. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ئوچاقتا ئوت يېقىۋاتقان
بايان قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، — ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمى-
نىم يوق، — دەپ سۆزىنى تەكرارلىدى ئۇ، — ئاللاتائالا كەلىمە ھۇللا
خوجامغا دېگىنىمدەك نۇسرەت ئاتا قىپتۇ. ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇبارەك قەدەم-
لىرى دىيارىمىزغا يېتىپ، يەكەن تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ. ئاللا نېسىپ
قىلسا، ئەتە يەكەنگە بېرىپ، سېنى بارلىق مۇسۇلمان قوۋمىنىڭ شاپائەت-
چىسى بولغان دانىيال خوجامغا تاپشۇرۇپ بوينۇمدىكى قەرزدىن ئادا
بولماقچىمەن.

بايان قىز ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە: «ئەگەر جېنىمنى ئالمىغاندى-
كىن، ماڭا قەيەردە يۈرسەممۇ، كىمنىڭ ئىشىنى قىلساممۇ بەرىبىر» دېگەن
ئەلپاز كۆرسەتتى.

دېگەندەك، سۈپۈرگە ئاخۇن ئەتىسى سەھەردىلا ئېشەك ھارۋىسىنى
قوشۇپ، بايان قىزنى ئولتۇرغۇزدى، بېشىغا مومىيىدىن قالغان كونا
پەرەنجىنى ئارتىپ، يۈزىگە قىللىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن قارا چۈمبەلنى
تارتىپ يولغا چىقتى ۋە يەكەنگە كېلىپ دانىيال خوجىنى زىيارەت

قىلدى ـ دە ، ئۆزى دېگەندەك بىر نەچچە يىللاردىن بېرى « قۇرئاننىڭ ئىچىدە ساقلىغاندەك » كۆڭۈل قويۇپ ئاسرىغان ئامانىتىنى تاپشۇرۇپ بەردى ...

بايان قىز ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش چوڭ دانىيال خوجىنىڭ كىچىك ئاغىچىسى بولغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا ، خۇددى باغقا كۆچۈرۈپ كەلگەن چۆل گۈلىدەك ياشناپ كەتكەنىدى . بىراق ، ئۇنىڭ بۇ هاياتىمۇ چۈش مەزگىلىدىكى دەرەخ سايىسىدەك قىسقا بولدى . ئۇ هامىلىدارلىق پەيزىنى سۈرۈپ يۈرگەن چاغلاردا ، يەكەنگە باستۇرۇپ كەلگەن جۇڭغارلار تەرىپىدىن يەنە ئولجىغا ئېلىندى .

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ تەقدىرنىڭ تېخىمۇ دەهشەتلىك سوقۇندىلىرىنى باشتىن كەچۈرۈشكە باشلىدى . ئۇنى ئولجىغا ئالغان جۇڭغار لەشكىرى يول بويىدىكى چۈشكۈنلەردىمۇ ، ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ سىلىق سۆز ، قورقىتىش ، قارا كۈچ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆز دېگىنىگە كۆندۈرەلمەي ، ئاخىر بايىنبۇلاق دېگەن يەردە تۇرىدىغان بالدىن دامچى ① دېگەن جۇڭغارغا ئەللىك سەر كۈمۈشكە سېتىۋەتتى .

بايان ئاغچا بۇ يېڭى خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىرەر ئايدىن كېيىنلا بوشاندى . يېڭىدىن تۇغۇلغان بۇ بوۋاق جەبىر ـ جاپاسى تولا يورۇق دۇنياغا كېلىشنى خالىمىغاندەك ئىڭەلىگەندە ، بايان ئاغچا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرىگەنىدى . لېكىن ، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆتكەن يىللاردا ئۇنىڭ چىرايىدا بۇ خىل هالەت ئەكس ئەتمىدى .

بالدىن دامچىنىڭ خوتۇنى ئولتۇرغان جايىدىن ئاران تۇرىدىغان سېمىز ئايال بولۇپ ، شۇ چاغقىچە بىر قېتىممۇ قورساق كۆتۈرمىگەنىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئەرزان باهادا سېتىۋالغان بۇ دېدەكنىڭ تۇغقان بالىسىنى « ئۆزىمىزنىڭ بالىسى » دەپ ، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇرۇق ـ

① دامچى — يۈز ئۆيلۈكنى باشقۇرىدىغان مەنسەپ .

تۇغقانلىرىغا توي قىلىپ بەردى. بوۋاققا سۆسەر دەپ ئىسىم قويۇشتى، لېكىن بايان ئاغچا بالىسىنى بىرەر قېتىممۇ بۇ ئىسىم بىلەن ئاتاپ باقمىدى.

بىر كۈنى، ئەگىرى سايىنىڭ كۈنگىيىدىكى قىشلاققا كۆچۈپ كەلگەن چاغدا، تۆت ئايدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان بالدىن دامچى، سېمىز خوتۇنى خورەككە چۈشكەندە، ئۈچ ئايلىق بالىسىنى قۇچاقلاپ ياتقان بايان ئاغچىنىڭ يوتقىنىنى قايرىدى. ئۇنىڭ ياغاچتەك قاتتىق قولى بەدىنىگە تەگكەندە، يىلان چاققاندەك قورقۇپ كەتكەن بايان ئاغچا بالىسىنى باغرىغا باسقىنىچە:

— خارغاتا! هەي، خارغاتا! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ قاتتىق ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن خارغاتا يۈز بەرگەن ئەھۋالنى چۈشىنىپ شۇنداق خاپا بولدىكى، بالدىن دامچىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ، بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى ۋە:

— بۇنىڭدىن كېيىن، كۆزۈمگە مۇشۇنداق توپا چاچماقچى بولىدىكەنسەن، دادامغا ئېيتىپ ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقتۇرۇۋېتىمەن، دامچىلىقتىنمۇ قۇرۇق قالىسەن! — دەپ جاڭجال كۆتۈردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بالدىن دامچى بايان ئاغچىغا چېقىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، تىكىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى...

— سەن، بايان خوتۇن، — دېدى بىر كۈنى خارغاتا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، — ئەر خەق دېگەننىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقنى ئوڭاي ئۇنتۇپ قالىدىغان ئۇياتسىز خەق ئىكەنلىكىنى مېنىڭدەك بىلمەيسەن. گېپىڭگە قارىغاندا، مەن بالدىنغا تەگكەن يىلى تۇغۇلغان ئوخشايسەن. مۇنۇ بالاڭنى دېمىسەم، سېنى بىكارغا بەرسىمۇ ئالمايتتىم. تەڭرىم ماڭا بالا بەرمىگىنى بىلەن، مال - چارۋىنى يېتەرلىك بەرگەن.

دادامنىڭ يىلقىسىلا ئىككى مىڭدىن ، كالا ـ تۆگىلىرى مىڭدىن ئاشىدۇ ، قوي دېگەننىڭغۇ سانى يوق . ئۇلار تەگرىتېغىنىڭ يايلاقلىرىغا پاتمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ يىلى خۇنتەيجىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ساغا نويان بۇياققا كەلگەندە بىر نەچچە كۈن مېھمان بولۇپ دادامنى ئۆلگەن زايىسانىنىڭ ① ئورنىغا زايسان قىلىپ كەتتى . كېيىن مەن دادامغا : « سىز زايىسان بولغاندىكىن كۈيئوغلىڭىزغا ئەڭ بولمىغاندا ، دامچى دېگەن مەنسەپنى بېرىڭ » دەپ ، بۇ جىندىنى مەنسەپكە ئولتۇرغۇزغانىدىم . ئەر كىشىگە بۇنداق ياخشىلىق قىلىش كۆرگەنلا خوتۇننىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ ، راستمۇ ؟ بۇنى دېدەك بولساڭمۇ بىلىشىڭ كېرەك . شۇ ياخشىلىقىمنى ئۇنتۇپ ، ۋاپاسىزلىق قىلىۋاتقان بالدىن ساراڭنى كۆرگەنسەن ...

خارغاتا پاخپايغان قېلىن چاچلىرىنى دىقماق بارماقلىرى بىلەن سىلاپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى :

— بىز سېنى سېتىۋالغاندا ، تەگرىمىز بىزگە بالا بەرمىدى ، بۇ خوتۇننىڭ قورسىقىدا بالىسى بار ئىكەن ، سالامەت تۇغسا ئۆزىنى دېدەك ئورنىدا ئىشلىتىپ ، بالىسىنى بېقىۋالارمىز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خوتۇن مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس ، ئۆز قوۋمىمىزدىن ئىكەن ، دەپ ئويلىغانىدۇق . ساڭا دەيدىغان گېپىم شۇكى ، بالىنى ئىككىمىز تەڭ بېقىپ ئۆستۈرىمىز ، ئەمما ئۇنىڭغا ئىگە بولىمەن دەپ ئويلىما ، ئاندىن كېيىن جىن ـ شەيتانلارنىڭ كەينىگە كىرىپ ، كۆزۈمگە تويا چاچما . ئەگەر يا بالدىنغا ، يا مۇشۇ ئەتراپتىكى ئەر خەقلەرگە سۇركىشىپ قالساڭ ، ئۇ چاغدا يەر دەسسەپ يۈرىمەن دەپ ئويلىما ، ئۇقتۇڭمۇ ؟

— ئۇقتۇم ، ـ دېدى بايان ئاغچا .

ئۇ ئۆزى ئۇچۇن كۈتمىگەن يەردىن خارغاتاغا ئوخشاش ھىماي-

① زايسان — كىچىك قەبىلىلەرنى باشقۇرىدىغان مەنسەپ .

چىنگە دۇچار بولغىنىغا خۇشال بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتىدىن كىرىپ، كۆلىدىن چىقىشقا باشلىدى. خارغاتامۇ ئۆي ئىشلىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، كۆڭلى تارتقان ئاۋۇللارغا بېرىپ - كېلىدىغان، ھەتتا بارغان يەرلىرىدە ئولجىغا ئېلىنغان خوتۇن - قىزلار توغرۇلۇق گەپ - سۆز قوزغىلىپ قالسا، بايان ئاغچىنى ماختاپ سۆزلەيدىغان بولدى.

خارغاتا بۇ يىل ياز كېلىشى بىلەن بايان ئاغچىغا كىچىككىنە كەپە تەييارلىتىپ، ئىچىگە سېلىش ئۈچۈن بىر پارچە كىگىز ۋە كونىراپ كەتكەن ئورۇن - كۆرپىلەرنى بەردى. بالدىن دامچىنىڭ يوغان ئاق ئۆيى بايىنبۇلاقنىڭ قايسى يېرىگە تىكىلسە، بايان ئاغچىنىڭ كەپىسىمۇ شۇ يەرگە يانداپلا تىكىلەتتى. كېچىلىرى ئۇنىڭ كەپىسىگە خارغاتانىڭ خورىكى بىلەن بالدىن دامچىنىڭ ئۇيقۇلۇق ھالدا چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بەختسىزلىككە گىرىپتار بولغان بەزى ئادەملەر ھە دېگەندە ئۆزىنى يوقىتىپ، ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىشىگە ئۈمىد باغلىمايدۇ. ھەتتا بەزىلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈشتىنمۇ ۋاز كېچىدۇ. لېكىن، بايان ئاغچا بۇنداق ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ ئىرادىسى قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغانسېرى تاشقا سۈركەلسە يالتىرايدىغان ياكى ئوتقا چۈشسە تاۋلىنىدىغان پولاتقا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا بۇنداق خورلىنىشلارغا بەرداشلىق بېرىدىغان ئىرادە بىلەن كۈچ - قۇۋۋەتنى ئاتا قىلغان نەرسە — قورسىقىدا تۇرۇپ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈۋاتقان بالىسى ئىدى. ئۇ بەزى كۈنلىرى ئىككى غۇلاچ كونا ئارغامچىغا باغلانغان ئوتۇننى كۆتۈرۈپ ئۆي تەرەپكە يانغاندا: «يارەببىم، سېنىڭدىن باشقا سېغىنىدىغان ھېچكىمىم يوق. گۇناھسىز پەرزەنتىم ئۈچۈن بولسىمۇ شاپائەت قىلغىن» دەپ نالە قىلاتتى. بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن بولسا، پۈتۈن

پىكىر ـ خىيالى مۇشۇ بالىنى ئامان ـ ئېسەن ئۆستۈرۈشنىڭ كويىدا بولدى. ئۇ تاڭ سەھەردىن تۈن قاراڭغۇسىغىچە تىنىم دېگەننى بىلمەيتتى. چاي قايناتىپ، تاماق ئېتەتتى، قازان ـ قومۇچلارنى، كىر ـ قاتلارنى يۇ-ياتتى، كالىلارنى ساغاتتى، ئاتلارغا چۆپ بېرىپ، ئېغىل تازىلايتتى. بەزى كۈنلىرى شۇنداق ھېرىپ كېتەتتىكى «قىرىق جېنى»نىڭ ئوتتۇز توققۇزى تۈگەپ، بىرسىلا قالغاندەك ھالسىزلىنىپ كېتەتتى. بەزى كۈنلىرى يالغۇز ئاياغ يولدا سۇغا كېتىۋېتىپ، تاغ قاپتاللىرىدا ئېچىلىپ كەتكەن چوغلۇق، سەبدە ۋە توغاچ گۈللەرنى كۆرۈپ، يەكەندىكى ھۇجرىسىنىڭ ئالدىدىكى باغدا ئېچىلىدىغان خۇش پۇراق مودەن گۈللەر، قىزىل ۋە كۆك رەڭدىكى گوۋانازلار، تا كەچ كۈزگىچە ئېچىلىپ تۇرىدىغان رەڭمۇ رەڭ ئەتىر گۈللەر، ھېقىقەتەك قىپقىزىل مارجان گۈللەر ۋە پاختىدەك ئاپئاق سەنەم گۈللەر كۆز ئالدىغا كېلىپ ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىۋېتەتتى. بولۇپمۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ھەرىمدە كەچۈرگەن شاھانە مەئىشەتتى — رەڭمۇ رەڭ تاۋلىنىپ تۇرىدىغان رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەكلەر، كالا بىلەن قوي گۆشىدىن باشقا توخۇ، كەكلىك ۋە بۆدۈنىگە ئوخشاش قۇشلارنىڭ گۆشلىرىدىن تەييارلانغان لەززەتلىك تاماقلار ھەم تام ـ تورۇسى گەج بىلەن نەقىشلەنگەن، قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن ئۆيلەر، يۇمشاق ماۋۇق تەكىيلەر بىلەن شايى ئەتلەستىن تىكىلگەن يوتقان ـ كۆرپىلەر، ھەرەمدىكى چوڭ ـ كىچىك خىزمەتكار ئا-ياللارنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندە «بايان ئاغچا» دېسە «بايان ئاغچا» دەپ، ئېگىلگەن ھالدا ھۆرمەت كۆرسىتىشلىرى يادىغا كەلگەندە بولسا، ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ھايات كەچۈرگىنىگە ئىشەنمەيمۇ قالاتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، كېچىنىڭ بىر مەزگىلىگىچە ئۇخلىيالمىدى. كۈندىن ـ كۈنگە رەڭ تۇزەپ، كەڭ پېشانىسى يالتىراپ،

ئۇچى تەرىپى قۇشلارنىڭكىدەك ئېگىلىپ كەلگەن بۇرنى قىرلىنىپ ۋە يوغان، قارا كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ بارغانسېرى دادىسىغا ئوخشاپ كېتىۋاتقان بالىسى دۇنيادىن بىغەم ئۇخلىماقتا ئىدى. ئۆزى بولسا بىردەم ئۇ يېقىغا، بىردەم بۇ يېقىغا ئۆرۈلۈپ تولغاندى. بىر چاغدا دانىيال خوجىنىڭ ئاخشىمى ياتقان چاغدا: «ئى ئىلاھا، ياشايدىكەنمەن ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ ياشايمەن. ئۆلىدىكەنمەن ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ ئۆلىمەن» دەپ ئوقۇش لازىم دېگەن سۆزلىرى يادىغا كەلدى ـ دە، شۇ سۆزلەرنىمۇ بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاپ كۆردى، لېكىن بۇنىڭمۇ پايدىسى بولمىدى. ئەكسىچە، دانىيال خوجا بىلەن بىللە ياشىغان چاغلىرى ئېسىگە كېلىپ پۇچىلىنىپ كەتتى. كۆز ئالدىدىن نىسا بېگىم دېگەن ئورۇق ئايالنىڭ دانىيال خوجا خوتەندىن قايتقان كۈنىنىڭ ئەتىسى:

— خوجىمىزنىڭ رايىغا باقسىلا، جۇمۇ، خېنىم. ئۇ كىشى تولىمۇ مېھرىبان، كۆڭلى يۇمشاق ئادەم. مۇنۇ مەرمەر تاشتەك قاتتىق مۇرىلىرىنى يۇمشاق قوللىرى بىلەن سىلاپ قويغاندىن باشقا، ئۆزلىرىنى خاپا قىلغۇدەك ئىش قىلمايدۇ، — دەپ دانىيال خوجا كۈتۈپ تۇرغان ئۆيگە باشلاپ كىرگەنلىكى، ئاندىن ئىككىسى ئۇچۇن بىر ئورۇن سېلىپ: «ياخشى چۈش كۆرۈشسىلە» دەپ چىقىپ كەتكەنلىكى ۋە دانىيال خوجىنىڭ چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئۆزىنى قۇچاقلىۋالغانلىقى بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئۇ ئىختىيارسىز «ئۇھ» تارتىپ يېنىغا ئۆرۈلدى ۋە پەسىڭكىدە كۈلۈۋەتتى. يادىغا شۇ كېچىسى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، تالاغا چۆگۈن كۆتۈرۈپ ماڭغان دانىيال خوجىنى توختىتىپ قۇچاقلىۋالغىنى كەلگەنىدى. «خوجام نىسا بېگىم دېگەندەك، راستىنلا سىلىق ـ سىپايە، ياخشى ئادەم ئىدى» دەپ ئويلىدى ئۇ كۆكسى تولغۇدەك نەپەس ئېلىپ:

« مەنغۇ بۇ يەردە قانچە جاپا تارتسامۇ بالام بىلەن ئۆزۈمنى بەزلەپ يۈرىمەن. خوجام بىچارىنىڭ ھالى نە بولغاندۇ، ھېلىقى كۈنى خۇنتەيجىنىڭ كۆزىگە قان تولغان ئەسكەرلىرى ئوردىنى قاپلاپ كەتكەندى ... »

بايان ئاغچا مۇشۇنداق خىياللارغا بېرىلگەنسېرى دانىيال خوجىنىڭ ھاياتلىقىغا ئىشەنمەيتتى. چۈنكى، ئۇ جۇڭغار خۇنتەيجىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بۇرۇندىنلا شەپقەتسىز مۇئامىلە قىلىپ كەلگىنىنى، غالدان بوشۇقتۇخان ۋاقتىدا ئۇيغۇرلاردىن نەچچە مىڭلىغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، نەچچە مىڭلىغان ئادەمنى ئولجا ئالغانلىقى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەرنى دادىسىدىن تالاي قېتىم ئاڭلىغانىدى.

« ئادەم بالىسى دېگەن بەزى چاغلاردا قويدىنمۇ ئەقىلسىز بولىدىكەن - دە » دەپ ئويلىدى ئۇ: « مۇنۇ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان خارغاتاغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ قويلىرى، تەگرىتېغىنىڭ بىر سېيىدا بىر - بىرى بىلەن ئۇسۇشمەي يايلاپ، قىشلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭغارلار بولسا بىرى تەگرىتېغىنىڭ ئۇ تەرىپىدە، بىرى بۇ تەرىپىدە تۇرۇپ بىر - بىرى بىلەن قىلىچلىشىدۇ. بىر - بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، خوتۇن - بالىلىرىنى ئولجا ئېلىشىدۇ. بۇلار نېمە يەتمەي شۇنداق قىلىشىدىكىن؟ ... »

بايان ئاغچا كۆزىنىڭ قاچان ئىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى. ئۇنى خارغاتانىڭ بىقىنىغا تەگكەن سېمىز ۋە دىقماق قوللىرى ئويغىتىۋەتتى.

— نويانلارنىڭ خوتۇنىدەك نېمانچە ئۇخلايسەن؟ — دېدى ئۇ گۆشلۈك قاپاقلىرىدىن تېخىمۇ قىسىلىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — قورساقلار ئېچىپ كەتتىغۇ.

بايان ئاغچا گۇناھكار ئادەمدەك ئورنىدىن تۇردى - دە، يۈز - كۆ-

زىنى يۇمايلا ئۈچ پۇتلۇق ئوچاقتا چۆگۈن ئېسىپ، ئوت تۇتاشتۇردى، ئاندىن باغلاقلىق موزايلارنى ئەگىشىپ يۈرگەن ئىنەكلەرنى سېغىشقا تۇتۇش قىلدى.

※ ※ ※

بايان ئاغچىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس، مىننەتدارچىلىقى يوق ئىشلار بىلەن بالدىن دامچىنىڭ بوسۇغىسىدا يۈرگىنىگە ئالتە يىلدەك بولدى. بايىنبۇلاقتا يەنە باھار كەلدى. ئەتراپ يېشىللىققا چۆمۈپ، گۈل - چېچەكلەرگە تولدى. ۋادىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كۆدە ئۆسىدىغان سازلىقلار سان - ساناقسىز ئاق قۇشلار بىلەن ئۆردەك - غازلارغا تولۇپ كەتتى.

كىچىككىنە سۆسەرمۇ ئالتە ياشنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغانىدى. بىراق، ئۇ ئۆزى دېمەتلىك جۇڭغار باللىرىغا ئوخشاش ئوغلاق - قوزىلارغا ئېسىلىپ، ئۆي ئەتراپىدىكى چۆپلۈكلەردە كېپىنەك قوغلاپ ياكى ئوقيا ياساپ ئوينىمايتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپلا ئاپىسىنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. بەزى كۈنلىرى بالدىن دامچى ئۇنى ئېتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ئانچە - مۇنچە ئويناتقان بولاتتى، بەزى كۈنلىرى خارغاتا ئاغزى باغلانغان قاپ - تاغارلارنى يېشىپ، قۇرۇت - ئىرىمچىكلەرنى بېرەتتى. ئاندىن قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ: «چوڭ بولغاندا نويان بولامسەن، دورغا بولامسەن؟» دەپ سورايتتى. سۆسەر ئۇنىڭ سوئالىغا بالدىن دامچى ئۆگىتىپ قويغاندەك: «غالدان بوشۇقتۇخان بولىمەن» دەپ خارغاتانى كۈلدۈرۈۋېتەتتى.

سۆسەرنى بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى خارغاتا ئۆيىگە ئاچىقىۋالغانىدى.

— سۆسەر بىزنىڭ ئۆيدە تۇغۇلغان بالا، — دېدى ئۇ، — ئەمدى

ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چىقسۇن ، ئەمچەك سۇتۇڭگە رەھمەت . ئۇنى بالدىن ئىك-
كىمىز تۆرىلەرنىڭ باللىرىدەك تەربىيىلەيمىز .
بۇ گەپ بايان ئاغچىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى ،
كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى . ئۇ بارلىق
كۈچىنى يىغىپ :
ـــ خارغاتا ، ئۇ مېنىڭ بالامغۇ ، ئىچىمنى يېرىپ چىققان يۈرەك
پارەمغۇ ؟ تەڭرىدىن قورقساڭچۇ ؟ ـــ دەپ يالۋۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى
قۇچاقلىدى . لېكىن ئۆزىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ، باشقىلارنى ئۆزى
ئۈچۈن يارىتىلغان قۇللار دەپ ھېسابلايدىغان خارغاتا ئۇنىڭ نالىسىگە
پەرۋا قىلماي غەزەپلەندى :
ـــ ئەمدى سەن دېدەكنىڭ بىزگە كېرىكى يوق ، بىلدىڭمۇ !
خالىساڭ خىزمىتىمنى قىلىپ ، يۇندامنى ئىچىپ يۈرىۋەر ، خالىمساڭ ھا-
زىرلا ئۆيۈمدىن يوقال ! ئۇقتۇڭمۇ ؟ ـــ دەپ ۋارقىرىدى .
بىر قولى بىلەن يەرگە تايىنىپ تىزلانغان ھالدا ئولتۇرغان بايان
ئاغچا بېشى تاشقا تەگكەندەك ئېسەڭگىرەپ قالدى . بىر چاغدا ئۇنىڭ قۇ-
لىقىغا خارغاتانىڭ ئۆيىدىن چىققان : « ئاپا ، ئاپامغا بارىمەن ، قويۇۋەت
مېنى ! » دەپ ۋارقىرىغان سۆسەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ ، ۋاي بالام
دېگىنىچە سەندىرەكلەپ خارغاتانىڭ ئىشىكىگە باردى . ئۇنىڭ بۇ ئىشنى
ياقتۇرمىغان خارغاتا كاچىتىغا بىر نەچچىنى ئۇرۇپ ئىتتىرىۋەتتى . ھوشى-
دىن كېتەي دەپ قالغان بايان ئاغچا كەپىسىنىڭ ئالدىدىكى داق يەردە
خېلى ئۇزاق ياتتى . ئۇنىڭ مال ـ ۋارانغا قارىماي ، يا تاماق تەييارلىماي
يېتىۋالغىنىغا ئىچى پۇشقان خارغاتا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن قورقۇپ ،
ئۇخلىغاندەك كۆزىنى يۇمۇپ يېتىۋالغان بالىنى كىگىز ئۇستىگە ياتقۇزۇپ
تالاغا چىقتى ـ دە :

— ھەي ، ئۇيغۇرلارغا ئىتتىكنى ئاچقان بۇزۇق دىدەك ! — دەپ تىللىغىنىچە كىلىپ بايان ئاغچىنى نوقۇشتۇردى ، — لاپچىيىپ ياتقۇچە ئوچاققا ئوت قالاپ ، مال ـ ۋارانغا قارىمامسەن ؟

ئۆلگەنىنىڭ ئۇستىگە تەپكەندەك ، ئۆكتەملىك بىلەن ئىيتىلغان ھاقارەتلىك بۇ گەپلەر بايان ئاغچىغا نەشتەردەك سانجىلدى . ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى ـ دە ، خارغاتاغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ :

— يالماۋۇز ! — دەپ ۋارقىرىدى .

ئۇنىڭ غەزەپتىن پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرى خارغاتاغا شۇنچىلىك دەھشەت سالدىكى ، ئۇ قورققىنىدىن ئارقىسىغا بىر قەدەم چېكىنىپ كەتتى .

— بالامنى بىرىۋەت ! — دىدى بايان ئاغچا ، — بولمىسا سىنى ئۆلتۈرىمەن ، يا ئۆزۈم ئۆلىمەن ! — ئۇ ئو چاق قىشىدا تۇرغان پالتا تەرەپكە ماڭدى .

دەل شۇ چاغدا بالدىن دامچىنى ئىزدەپ ، ئۇنىڭ قوشنا ئاۋۇلدا تۇرىدىغان ئاكىسى كىلىپ قالدى ـ دە ، كىگىز ئۆي بىلەن كەپىنىڭ ئارىسىدا رەڭگىرويى ئۆرتىلىپ ، بىر ـ بىرىگە ئاچ بۆرىلەردەك قارىشىپ تۇرغان خارغاتا بىلەن بايان ئاغچىنىڭ قىشىغا كەلدى .

— تەگىرىم ئەۋەتكەندەك كەلدىڭا ، قىيناغا ، — دىدى خارغاتا جانلىنىپ ، — مۇنۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان دىدەكنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ كۆزۈمدىن يوقاتقىنا .

— ئاچچىقىڭ تازا كەپتۇ ـ دە ، كىلىن ، — دىدى ئۇ كۇلكە ئارىلاش ، — بۇ دىدىكىڭنى بارغانلا يىرىگە « ئۇنداق ياخشى ، مۇنداق ياخشى » دەپ ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيتتىڭغۇ ؟ قوي ، ئاچچىقىڭ كەينىگە كىرمە ، ئاچچىق دىگەن ياخشى ئادەمنىمۇ يامان قىلىۋىتىدىغان نەرسە ، — ئۇ ئوچاق تەرەپتە پالتا تۇتۇپ تۇرغان بايان ئاغچىغا ، — ھە ، بايان خو-

تۇن ، سېنىڭمۇ ئاچچىقىڭ خېلى كەپتۇ ـ دە ، سالاممۇ قىلمايسەنغۇ ؟ — دېدى .

يېشى يەتمىشنىڭ ئۈستىگە چىققان بۇرۇلدە ئىسمىلىك بۇ كوسا بوۋاينى بايان ئاغچا ھەر قېتىم كۆرگىنىدە سالام قىلىپ قارشى ئالاتتى ۋە ئۇنىڭ چىراي شەكلىنىڭ قايسىدۇر بىر يەرلىرىنى رەھمەتلىك دادىسىغا ئوخشىتىپ ئۆزىگە يېقىن كۆرەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك :

— خارغاتا بالامنى تارتىۋالدى ، — دەپ دەرد ئېيتتى .

— بالا بىزنىڭ ، — دەپ يەنە ئۆكتەملىك بىلەن ۋارقىرىدى خارغاتا .

بۇ گەپلەردىن ئىككى خوتۇننىڭ ئارىسىدىكى چاتاقنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن بۇرۇلدە بوۋاي ئۇلارنى مادارا قىلىشنى لايىق كۆردى .

— ھەر ئىككىڭلارنىڭ بۇ گەپلىرى ئاچچىقنىڭ ئالامىتى . سۆسەر مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلۇپ ، مۇشۇ ئۆينىڭ سۈت ـ قېتىقىنى ئىچىپ ئۆسۈۋاتـقاچقا ، ئۇنى خارغاتانىڭ بالام دېيىشى توغرا ، شۇنىڭدەك سۆسەرنى تۇغۇپ ، ئەمچەك بەرگىنىڭ ئۈچۈن ، سېنىڭمۇ بالام دېيىشكە ھەققىڭ بار . بالىنى خارغاتا تارتىۋالسا نەگە ئاپىرىدۇ ؟ بەرىبىر ھەممىڭلار مۇشۇ ئۆيدە بىللە تۇرىسىلەرغۇ . مېنىڭچە بولغاندا سۆسەرنى سېنىڭ ـ مېنىڭ دەپ تالاشقۇچە ، ئۇنى بىرلىشىپ بېقىڭلار . سىلەرنىڭ بۇ جېدىلىڭلارنى باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن . ئەل ئارىسىغا تارقاپ كەتسە ، زايسان جانابلىرىنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يېتىدۇ ، شۇنداق ئەمەسمۇ . كېلىن ؟ — دېدى ۋە ئاخىرقى گېپىنىڭ خارغاتاغا تەسىر قىلغىنىنى بايقاپ ، بايان ئاغچىغا ئۇن قاتتى ، — سەنمۇ بۇ ئۆيگە تونۇگۇن يا بۇگۈن كەلمىدىڭ . تويتوغرا ئالتە يىل بولدى . بىلسەڭ ، ھازىر خارغاتانىڭ سىڭلىسىغا ئايلىنىپ قالدىڭ ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئويلاندۇرۇپ قويىدى، ئەتىمالىم، ھەر ئىككى ئا-يال بىر ئاز پەيلىدىن يانغاندەك تۇرۇپ قىلىشتى. بۇرۇلدە بوۋاي كېلىنىگە مۇراجىئەت قىلدى.

— بالدىن نەگە كەتتى. خارغاتا؟

— تۈنۈگۈن داداملار تەرەپكە كېتىۋىدى.

— ھىم، ئەگەر كەچ - پات كېلىپ قالسا ماڭا بىر يولۇقسۇنچۇ.

ئۇ خارغاتانىڭ تەكلىپ قىلغىنىغا ئۇنىماي قايتىپ كەتتى.

«بۇرۇلدە بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىمۇ ھەقىقەت بار، دەپ ئويلىدى قاراڭغۇ كەچە ئىچىدە يالغۇزدىن يالغۇز ئولتۇرغان بايان ئاغچا، بۇلار مېنىڭ قورسىقىمدىكى بالا بىلەن قوشۇپ سېتىۋالدى. كىچىك خوجىنى مۇشۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇغۇپ ئۆستۈردۈم. بۇلار مېنىڭدىن بالام چوڭ بولغۇچە پايدىلاندى. ئەمدى ئۆيدىن قوغلىۋەتسىمۇ، باشقا بىر ئادەمگە سېتىۋەتسىمۇ ئىختىيار مۇشۇلاردا. مېنىڭ ئەمدىكى تەقدىرىمنى بەلگىلەيدىغانلارمۇ مۇشۇلار. بۇرۇلدە بوۋاي ئېيتقاندەك بالام كېچىسى يې-نىمدا ياتمىغىنى بىلەن كۈندۈزى كەچ كىرگۈچە مەن بىلەن بولىدۇغۇ. ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىگە بولالماي ئۆلجىغا چۈشۈپ، مالغا ئوخشاش سېتىلىپ يۈرۈپ، يەنە خارغاتا بىلەن جېدەللەشكىنىمنى قارا! ئەجەب يېنىكلىك قىپتىمەنا. ھېلىمۇ بۇرۇلدە بوۋاي كېلىپ قالدى، ئۇ كەلمەي باشقا بىرسى كېلىپ قالغان بولسا، بەلكىم بۇ چاغقىچە ئۆلۈپمۇ كېتەر ئىدىم ياكى خارغاتا بالامنى تىرىك يېتىم قىلىپ، باشقا بىرسىگە سېتىۋېتەر ئىدى...»

ئۇ بايىلا بالىسىنىڭ كۆيۈكىدە يۈرىكى ئۆرتىنىپ، چۆجىسىنى قوغداپ ساغا ھۆرپەيگەن مېكىياندەك خوجايىنىغا پالتا كۆتۈرگەن بولسا، ھازىر بالىسى تۇرماق ئۆزىگىمۇ ئىگە بولالمايدىغان ئاجىز ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشقا يەنە بىر قېتىم مەجبۇر بولدى.

باياں ئاغچا ئولتۇرغان يېرىدىلا سونايلىنىپ يېتىشغا ، كۆندىكـ
ىدەك خارغاتانىڭ خورىكى ئاڭلاندى . « رەھىمسىز توڭگۇز ! » دەپ
قارغىدى ئۇنى ، مېنى قاقشاتقىنىڭ بىلەن بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سېـ
نىمۇ قاقشىتىدىغانلار چىقار ! ... »

ئۇ خارغاتانىڭ چالا بوغۇزلانغان مالنىڭ خىرقىرىغىنىدەك
چىقىۋاتقان خورىكىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ، كونا چاپىنى بىلەن بېشىنى
يۆركىۋالدى . شۇ چاغدا قاراڭغۇ كەپىنىڭ ئىچىگە كىرگەن بالىسىنىڭ
پەس ئاۋازدا « ئاپا ! » دېگىنىنى ئاڭلىدى ـ دە : « بالام ، جېنىم قوزىچىـ
قىم » دەپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ قۇچاقلاپ ، كۆرمىگىنىگە بىر نەچچە
سائەت بولغان بالىسىنى خۇددى بىر نەچچە يىلدىن كېيىن كۆرۈۋاتقاندەك
مېھرى بىلەن سۆيۈپ كەتتى . ئۇنىڭ يۈرىكىنى مىڭ پارە قىلىۋەتكەن
دەرد ـ ھەسرەتلىرى ئۇنتۇلۇپ ، قەلبىدە بالىسىغا بولغان ئانىلىق مېھرى
ئۆركەشلىدى . بىراق ، بايان ئاغچا ئۆزىگە نېسىپ بولغان بۇ خۇشاللىقنىڭ
ئۇزاق داۋام قىلىشى دەھشەتلىك قايغۇ ۋە ئېغىر جۇدالىققا سەۋەب
بولىدىغانلىقىنى دەرھال چۈشەندى ـ دە :

ــ ئەمدى بولدى ، بالام ، يۈگۈر ، خارغاتانىڭ ئۆيىگە چىقىپ ياتـ
قىن ، ــ دېدى بىر چاغدا ئۆز باغرىغا ئۆگىنىپ قالغان بالىسىنى ئورنىدىن
تۇرغۇزۇپ ، ــ ئەگەر ئۇ بۇ يەرگە چىققىنىڭنى بىلىپ قالسا ، مېنى يەنە
بىر ئادەمگە سېتىۋېتىدۇ . ئۇ چاغدا بىر ـ بىرىمىزنى مەڭگۈ كۆرەلمەي
قالىمىز . يۈگۈر ، ئالتۇنۇم ، ئاستا ئاشۇ ئۆيگە چىقىپ يات ، ئەتە يەنە كۆـ
رۈشىمىزغۇ . ئەنە ، ئاڭلاۋاتامسەن ، خارغاتا ھازىرلا جېنى چىقىدىغاندەك
خورەك تارتىۋاتىدۇ . يۈگۈر ، بالام ، ئۇ زالىم ئويغىنىپ كەتكۈچە كىـ
رىۋالغىن .

ئۇ ئۆزىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي تارتىشىپ تۇرغان بالىسىنى

يانپېشىدىن ئېتىلىپ دېگۈدەك چىقىرىۋەتتى ـ دە ، ئۆزىنى تۇتالماي ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى .

※ ※ ※

بايان ئاغچا بۇگۈنمۇ كۈندىكىدەك سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى . يامغۇر سىمىلداپ يېغىۋاتاتتى . ئۇ خارغاتا بەرگەن ـــ كىگىز چەمى تېشىلىپ كەتكەن كونا ئۆتۈكنى پۇتىغا سېپىپ ، جەينىكى بىلەن پەشلىرىگە ياماق چۈشكەن چاپىنىنى كىيدى ـ دە ، بېشىغا تېزەك تەرگىلى بارغاندا ئېلىۋالىدىغان ئەسكى تاغارنى يېپىندى ، ئاندىن سوغىنى ( ياغاچ چېلەكنى ) كۆتۈرۈپ ئىنەكلەرنى سېغىشقا ماڭدى . ئۇنىڭ قولى تاغىل ئىنەكنىڭ يېلىنىدا بولغىنى بىلەن ، كۆزى خارغاتانىڭ ئۆيىدە ئىدى . ئۇ بىر ئىنەكنى سېغىپ ، يەنە بىر ئىنەككە يۆتكەلگەندە : « كىچىك خوجام ئاغرىپ ـ تارتىپ قالمىغاندۇ ؟ » دېگەن ئوي كېلىپ ، كۆڭلى ئەنسىرەشكە باشلىدى . لېكىن شۇ چاغدا ئۆيدىن چىققان سۆسەر كالىلارنىڭ ئارىسى بىلەن كېلىپ ، ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلىۋالدى . تونۇش قوللار بوينىغا تېگىپ ، تونۇش پۇراقلار دىمىغىغا ئۇرۇلغاندا ، بايان ئاغچىنىڭ ۋۇجۇدى ياپراپ كەتتى .

ـــ بۇگۈن قانداق ئۇخلىدىڭ ، بالام ؟ ـــ دەپ سورىدى .

ـــ ياخشى ، ئاپا ، بىراق كېچىچە چۈشۈمدىن چىقمىدىڭىز .

بۇ گەپ بايان ئاغچىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى تىترىتىۋەتتى ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى .

ـــ ئاپا ، ـــ دېدى سۆسەر ئانىسىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇ-رۇپ ، ـــ بىر گەپ سورىسام ئېيتامسىز ؟

ـــ سورا ، بالام .

ـــ مېنىڭ ئۆز دادام كىم ؟

باياان ئاغچىنىڭ كالا سېغىۋاتقان قوللىرى توختاپ، بىر ھازاغىچە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالدى ـ دە:

ــ ئۇنىڭ ساڭا نېمە كېرىكى بار، بالام. ھازىرچە بالدىن دامچىنى دادا دەپ يۈرىۋەر، ــ دېۋىدى، بالىسى ئۇنىڭ بويىندىن يەنە قۇچاقلاپ، يالۋۇرغان ھالدا سوراپ تۇرۇۋالدى. بالىنىڭ تەلپىنى رەت قىلىشقا كۆڭلى چىدىمىغان باياان ئاغچا:

ــ ئۇنى، بالام، ئىككىمىز خالىي قالغان بىر چاغدا ئېيتىپ بېرەي، ھازىر ئۆيگە كىرىپ كەتكىن، ئۇستۇڭنىڭ ھۆل بولۇپ كەتتى. خارغاتا كۆرۈپ قالسا مېنى يەنە تىللايدۇ، ــ دېدى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، بالدىن دامچى بىلەن خارغاتا بىر تۇغقىنىنىڭ تويىغا كەتتى. خېلىدىن بۇيان مۇشۇنداق پەيتنى كۈتۈپ يۈرگەن باياان ئاغچا كۆكسى ـ قارنى قانغۇچە بالىسىنى قۇچاقلاپ، يۈز ـ كۆزىگە سۆيۈپ، ئۇنىڭ قايسى كۈنى سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەردى ۋە گېپىنىڭ ئاخىرىدا:

ــ ئەگەر تەڭرىم يار ـ يۆلەك بولۇپ، بۇ گىرىپتارلىقتىن قۇتۇلساق، ئاشۇ يەكەن دېگەن شەھەرگە بېرىپ، داداڭنىڭ بار ـ يوقىنى سۈرۈشتە قىلىمىز، ــ دېدى.

ئۆتكەندە يۇتىنىڭ ئاغرىقى كۈچىيىپ قالغان خارغاتا ھور ئارشاڭغا كەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئاۋۇلىغا كەلگەن ئەدەن قېچىردىن خوجىنىڭ ھاياتلىقىنى ئاڭلىغان باياان ئاغچىنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالدى، ئۇ بالىسىنى قۇچاقلاپ خۇشاللىقىدىن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ:

ــ خوجا داداڭ ھايات ئىكەن، بالام، ئۇ ھازىر چىۋاڭ رابدان خۇنتەيجىنىڭ قېشىدا ئىمىش، ــ دېدى.

بۇ گەپكە ھەيران بولغان بالا:

— ئۇنداق بولسا بىزنى نېمە ئۈچۈن يېنىغا ئاپىرىۋالمايدۇ ؟ — دەپ سورىۋىدى ، بايان ئاغچا :

— خوجا داداڭ بىزنىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلىكىمىزنى ، قەيەردە تۇرۇۋاتقىنىمىزنى بىلمەيدۇ ، بالام . مەن بايا سەن كۆرگەن سودىگەر كىشىدىن خوجا داداڭغا خەت يېزىپ ئەۋەتتىم . ئەمدى ئۇ كىشى كېلىپ بىزنى ئەكېتىدۇ ، ئۇقتۇڭمۇ ، بالام .

— ئۇقتۇم .

— شۇنىڭغىچە بۇ گەپلەرنى ھېچكىمگە ، خارغاتاغىمۇ ، بالدىن دامچىغىمۇ ئېيتما ، ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل .

شۇنىڭدىن كېيىن ، سۆسەرنىڭ كەيپىياتىدا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى . ئۇ ، بالدىن دامچى بىلەن خارغاتانىڭ ئۆزىنى ئەركىلىتىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ياقتۇرماي : « مەن سىلەرنىڭ كىچىك بالاڭلارمۇ ؟ » دەپ نارازىلىق بىلدۈرىدىغان ، بىرەر نەرسىنى باھانە قىلىپ ئۇلاردىن يىراق كېتىدىغان بولۇۋالدى . پەقەت بايان ئاغچىنىڭ مەسلىھىتى ۋە زورلىشى بىلەنلا بالدىننى دادا ، خارغاتانى ئاپا دەپ قويىاتتى .

سۆسەرنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى بايقىغان خارغاتا : « بۇ دىدەك بىزنىڭ ئۆيدە بار - يوقىمىزدىن پايدىلىنىپ ، بالىنى بۇزۇۋاتسا كېرەك » دېگەن ئويغا كېلىپ ، بايان ئاغچىدىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا كىردى . ئەگەر ، دەپ ئويلىدى ئۇ : « بايانىنى كۆزدىن يوقاتسام ، بىرىنچىدىن ، بالىنىڭ بىردىنبىر ئانىسى ئۆزۈم بولىمەن . ئىككىنچىدىن ، پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى يەنە كۆچىيىپ ، نەۋاقتىكىدەك ماڭالماس بولۇپ قالسام ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئۇياتسىز بالدىن بۇ ياش دىدەكنى ئازدۇرۇشى مۇمكىن ... »

مۇشۇنداق قارارغا كەلگەن خارغاتا ، ئۆز ئويىنى بالدىنغا ئېيتىدى ، ئۇ دەرھال نارازىلىق بىلدۈردى . بۇنداق بولغىنى ، خارغاتانىڭ پۈتى ئارشاڭغا بارغاندىن كېيىن بىر ئاز ياخشى بولغاندەك قىلسىمۇ ، لېكىن ھازىر بۇرۇنقىدەك ئورنىدىن تۇرالمايتتى . يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويسا ، تاياق تۇتۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقاتتى . شۇڭا بالدىن دامچى : « ئەگەر خارغاتا ئولتۇرۇپ قالسا ، ئۇنىڭغا قارايدىغان بىر ئايال كېرەك ، ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغان مۇشۇ بايانىڭ ئۆزى ياخشى . ئاندىن كېيىن بۇ بايانىنى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى قولغا چۈشۈرىمەن » دەپ ئويلايتتى .

— مەن ساڭا بۇ گەپنى ئۆزۈم دەۋاتمايمەن ، — دېدى خارغاتا دېگىنىگە كۆندۈرۈش ئۈچۈن ، — دادام نەۋاقتا كەلگەندە : « بۇ دېدەكنى يۇقاتمىساڭلار ، بالىنى ئۆزۈڭلارغا ئۆگىتەلمەيسىلەر ، باشقا دېدەك ئېلىڭلار » دېگەنىدى . پۈتۈمنىڭ ئاغرىقى بىلەن بولۇپ ساڭا دېيىش ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ .

— ئۇنى بىز بەرگەن پۇلنى تۆلەپ كىم ئالىدىكەنتاڭ ، — دېدى بالدىن ، — ھازىر ھەممە خەقنىڭ ئۆيىدە دېگۈدەك بىر - ئىككىدىن ئولجا دېدەكلەر بار .

— تايىنى يوق گەپنى قىلما ، بالدىن ، بۇنىڭغا تۆلىگەن كۈمۈشنىڭ ھەممىسىگە ئالمىسىمۇ ، يېرىمىنى بېرىپ ئالار ، — دېدى خارغاتا ئاچچىقى كېلىپ ، — يۇگۇر ، ئېتىڭغا مىن - دە ، بايانىنى ئالىدىغان ئادەم ئىزدە . بۇنى بۇرۇلدە قېيناغا بىلەن جايىرسانالارغىمۇ ئېيتىپ قوي ، ئۇلارمۇ ئىزدەشسۇن .

باي خوتۇنىدىن ھەم ئۇنىڭ زەيسان دادىسىدىن تەپ تارتىدىغان بالدىن ، توقۇقلۇق تۇرغان ئېتىغا مىندى . ئۇنىڭ بېشىغا : « بايانىنى باشقا ئادەملەرگە ساتقاندىن كۆرە ، ئاكامغىلا بېرىۋەتمەيمەنمۇ ، — دېگەن ئوي

كـەلـدى ، ـــ شـۇنداق قىلسام ئاكامۇ رازى بولۇپ قالىدۇ . مەنمۇ خالىغان ۋاقتىمدا كۆرۈپ تۇرىمەن ، خالىغان ۋاقتىمدا ياندۇرۇپمۇ ئالالايمەن » .

ئۆزىنىڭ بۇ ئەقلىدىن خۇشال بولغان بالدىن ئىتىغا قامچا ئۇردى .

ئۇ چـۈشـتـىـن كـېيىن ئاكىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئىـگـەر تـوقـۇلغان بىر ئاتنى يېتىلەپ كەلگىنىنى كۆرگەن خارغاتا خۇشال بولغىنىدىن ، يىگىلا بىر قاپ تېزەك كۆتۈرۈپ كەلگەن بايان ئاغچىغا :

ـــ بـايـان ! هەي ، بـايـان ، قـازانـغـا دەرهال گۆش سال ! ـــ دەپ بـۇيـرۇق بەردى . ئاندىن ئۆيگە كىرگەن قىيناغىسىنى خۇش چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى .

ـــ پـۇتـۇم يـاخـشـى بـولـۇپ قالدى ، دەپ يۈرەتتىڭ ، يەنە كىگىز پـايپاق كىيىۋاپسەنغۇ ، كېلىن ؟ ـــ دېدى بۇرۇلدە بوۋاي گۈللۈك شىرماق ئۈستىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن .

ـــ تـۈنـۈگـۈن جايىر باخشى كەپتىكەن ، ئىسسىق تۇت ، بورسۇق مېيى سۈركە ، دېدى ، قىيناغا .

ـــ هېلـىقى بىر كەلگىنىمدە مەنمۇ دېگەنغۇ بورسۇق مېيى پايدا قىـلـىـدۇ دەپ ، بـىـراق مەن باخشى بولمىغاندىكىن ، بۇ قېرى دەۋېرىدۇ دەپ ئىشەنمەپسەن ـ دە ، هە ؟ ـــ دېدى بۇرۇلدە رەنجىگەندەك بولۇپ .

ـــ يـاق ، ياق ، هەرگىز ئۇنداق ئەمەس ، قىيناغا ، ئۇ چاغدا پۇتۇمـنـىـڭ ئاغرىقى ئۇنچىلا ئەمەس ئىدى . شۇڭا بورسۇق مېيى سۈركىمىگەن .

بالدىن دامچى سۆزگە ئارىلاشتى .

ـــ خارغاتا ، باياننى ئاكامغا بېرىۋېتىدىغان بولدۇم .

ـــ نـېـمـە ! ـــ خـارغـاتـانـىـڭ رەڭـگـى ئـۆزگـىـرىـپ ئېـرىگە چەكچەيدى ، ـــ ئېسىڭ دۇرۇسمۇ ، يا مېنى ئەخمەق قىلاي دەۋاتامسەن ؟!

قـېـيـنـاغـىلار بـىـلەن يايلاق ، قىشلىقىمىز يېقىن تۇرسا ، باياننىڭ ئۇ يەردە

مۇشۇنداق قارارغا كەلگەن خارغاتا، ئۆز ئويىنى بالدىنغا ئېيتىدۇ، ئۇ دەرھال نارازىلىق بىلدۈردى. بۇنداق بولغىنى، خارغاتانىڭ پۈتى ئارشاڭغا بارغاندىن كېيىن بىر ئاز ياخشى بولغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ھازىر بۇرۇنقىدەك ئورنىدىن تۇرالمايتتى. يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويسا، تاياق تۇتۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقاتتى. شۇڭا بالدىن دامچى: «ئەگەر خارغاتا ئولتۇرۇپ قالسا، ئۇنىڭغا قارايدىغان بىر ئايال كېرەك، ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغان مۇشۇ باياننىڭ ئۆزى ياخشى. ئاندىن كېيىن بۇ باياننى بىر كۇنى بولمىسا بىر كۇنى قولغا چۈشۈرىمەن» دەپ ئويلايتتى.

— مەن ساڭا بۇ گەپنى ئۆزۈم دەۋاتمايمەن، — دېدى خارغاتا دېگىنىگە كۆندۈرۈش ئۈچۈن، — دادام نەۋاقتا كەلگەندە: «بۇ دېدەكنى يۇقاتمىساڭلار، بالىنى ئۆزۈڭلارغا ئۆگىتەلمەيسىلەر، باشقا دېدەك ئېلىڭلار» دېگەنىدى. پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى بىلەن بولۇپ ساڭا دېيىش ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

— ئۇنى بىز بەرگەن پۇلنى تۆلەپ كىم ئالىدىكىنتاڭ، — دېدى بالدىن، — ھازىر ھەممە خەقنىڭ ئۆيىدە دېگۈدەك بىر - ئىككىدىن ئولجا دېدەكلەر بار.

— تايىنى يوق گەپنى قىلما، بالدىن، بۇنىڭغا تۆلىگەن كۈمۈشنىڭ ھەممىسىگە ئالمىسىمۇ، يېرىمىنى بېرىپ ئالار، — دېدى خارغاتا ئاچچىقى كېلىپ، — يۇگۇر، ئېتىڭغا مىن - دە، باياننى ئالىدىغان ئادەم ئىزدە. بۇنى بۇرۇلدە قېيناغا بىلەن جايرسانالارغىمۇ ئېيتىپ قوي، ئۇلارمۇ ئىزدەشسۇن.

باي خوتۇنىدىن ھەم ئۇنىڭ زەيسان دادىسىدىن تەپ تارتىدىغان بالدىن، توقۇقلۇق تۇرغان ئېتىغا مىندى. ئۇنىڭ بېشىغا: «باياننى باشقا ئادەملەرگە ساتقاندىن كۆرە، ئاكامغىلا بېرىۋەتمەيمەنمۇ، — دېگەن ئوي

كەلدى، ــ شۇنداق قىلسام ئاكامىۇ رازى بولۇپ قالىدۇ. مەنمۇ خالىغان ۋاقتىمدا كۆرۈپ تۇرىمەن، خالىغان ۋاقتىمدا ياندۇرۇپمۇ ئالالايمەن».

ئۆزىنىڭ بۇ ئەقلىدىن خۇشال بولغان بالدىن ئېتىغا قامچا ئۇردى.

ئۇ چۈشتىن كېيىن ئاكىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئېگەر توقۇلغان بىر ئاتنى يېتىلەپ كەلگىنىنى كۆرگەن خارغاتا خۇشال بولغىنىدىن، يېڭىلا بىر قاپ تېزەك كۆتۈرۈپ كەلگەن بايان ئاغچىغا:

ــ بايان! ھەي، بايان، قازانغا دەرھال گۆش سال! ــ دەپ بۇيرۇق بەردى. ئاندىن ئۆيگە كىرگەن قىيناغىسىنى خۇش چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى.

ــ پۇتۇم ياخشى بولۇپ قالدى، دەپ يۈرەتتىنىڭ، يەنە كىگىز پايپاق كىيىۋاپسەنغۇ، كېلىن؟ ــ دېدى بۇرۇلدە بوۋاي گۆللۈك شىرماق ئۈستىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن.

ــ تۈنۈگۈن جايىر باخشى كەپتىكەن، ئىسسىق تۇت، بورسۇق مېيى سۈركە، دېدى، قىيناغا.

ــ ھېلىقى بىر كەلگىنىمدە مەنمۇ دېگەنغۇ بورسۇق مېيى پايدا قىلىدۇ دەپ، بىراق مەن باخشى بولمىغاندىكىن، بۇ قېرى دەۋىرىدۇ دەپ ئىشەنمەپسەن ـ دە، ھە؟ ــ دېدى بۇرۇلدە رەنجىگەندەك بولۇپ.

ــ ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، قىيناغا، ئۇ چاغدا پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى ئۇنچىلا ئەمەس ئىدى. شۇڭا بورسۇق مېيى سۈركىمىگەن.

بالدىن دامچى سۆزگە ئارىلاشتى.

ــ خارغاتا، باياننى ئاكامغا بېرىۋېتىدىغان بولدۇم.

ــ نېمە! ــ خارغاتانىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ ئېرىگە چەكچەيدى، ــ ئېسىڭ دۇرۇسمۇ، يا مېنى ئەخمەق قىلاي دەۋاتامسەن؟! قىيناغىلار بىلەن يايلاق، قىشلىقىمىز يېقىن تۇرسا، باياننىڭ ئۇ يەردە

تۇرغىنىنى بىلەن بۇ يەردە تۇرغىنىنىڭ نېمە پەرقى بار ؟ مەن سېنى قېيناغىڭغا ئېيتقىن ، يىراقراق يەردە تۇرىدىغان ئادەملەرنى تاپسۇن ، بايان دېدەكنى ئەرزان بولسىمۇ ، ھەتتا بىكارغا بولسىمۇ شۇلارغا بېرىۋېتەيلى ، دەپ ئەۋەتكەنغۇ ؟

— ئۇ گەپلەرنىمۇ دېدىم ، — دېدى بالدىن ئۆزىنى ئاقلىماق بولۇپ .

ئاچچىقى كەلسە قېيناغىسى تۇرماق ئۇنىڭدىن چوڭلارغىمۇ ھۆرمەت قىلمايدىغان خارغاتا تېخىمۇ تېرىكىپ كەتتى :

— سەن ئۇياتسىز قاچانغىچە مېنى ئالدايسەن ، ھە ؟ بايان دېدەكنى ئالىدىغان ئادەمنى يىراقتىن ئىزدىمەي ، نېمىشقا قېيناغىڭنىڭ قولىغا ئېتىنى يېتىلەپ كەلدىڭ ؟ سەن ئۇياتسىزنىڭ مەندىن يوشۇرىدىغان ھارام ئويلىرى بار ...

ئۇنىڭ سۆزىنى ئىتلارنىڭ قاتتىق ھاۋشىغان ئاۋازى بېسىپ كەتتى . بىر نەچچە ئاتلىق ئاتلىرىنى دۈپۈرلەتكىنىچە كېلىپ ئۆينىڭ يېنىدا توختىدى .

— بالدىن دامچىنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ ؟ — دېگەن ئەر كىشىنىڭ سوئالىغا :

— مۇشۇ ، — دەپ جاۋاب بەرگەن بايان ئاغچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

ئۇنىڭغىچە تالاغا چىققان بالدىن دامچى كەلگەن مېھمانلارنى كۆرۈپ ، ئۇلارنىڭ ئاتتىن چۈشۈشىگە ياردەملەشتى .

※ ※ ※

بايان ئاغچا يەر ئوچاقتىكى قازانغا گۆش سېلىۋېتىپ خارغاتانىڭ كېيىنى قولىقىغا كىرگەندە ، قولىدىكى ياغاچ تەگنىنىڭ يەرگە چۈشۈپ

كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. خىيالىغا: «ئەمدى ئۆلۈمدىن باشقا يول قالماپتۇ ـ دە، بالامدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ ھەسرىتىدە قان قۇسۇپ يۈرگۈچە، قارا يەرنى ماكان قىلغىنىم ياخشى ئەمەسمۇ ؟! شۇنچە يىللاردىن بېرى بېشىمغا كەلگەن جەبىر ـ جاپالارغا ئاشۇ بالام ئۈچۈن چىدىغان ئەمەسمىدىم. ئۇلار ھازىر مېنى ئاۋۇ قۇلا ئاتقا مىندۈرۈپ نەگىدۇر بىر ياققا ئېلىپ كېتىدۇ. ۋۇجۇدۇمغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىپ، غەم ـ قايغۇيۇمنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان بالامدىن مەڭگۈ ئايرىلىمەن. ئەمدى ماڭا بۇ يورۇق جاھاننىڭ نېمە كېرىكى بار ؟ ...» مۇشۇنداق ئويلارغا كەلگەن بايان ئاغچا يېنىدا ئولتۇرغان بالىسىنى يېنىپ ـ يېنىپ باغرىغا باساتتى. كۆزىدىن ئىسسىق ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ، بالىسىنىڭ باش ـ كۆزىگە سۆيەتتى: «ۋاي، جېنىم بالام، ئەمدى قانداق قىلارمەن، ياراتقان تەڭرىنىڭ ئالدىدا ئىككىمىزنىڭ نېمە گۇناھلىرى باردۇ» دەپ نالە قىلاتتى.

بىراق، بەزى چاغلاردا كىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇشۇنداق ئېغىر، جاندىن كەچكۈزۈۋېتىدىغان غەم ـ قايغۇلار، كۈتۈلمىگەن بىر چاغدا خۇشاللىققا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. بايان ئاغچا ئەنە شۇنداق پەغان چېكىپ تۇرغاندا، بالدىن دامچىنىڭ ئۆيى تەرەپتىن: «بىزنىڭ سىلەر بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىمىز يوق. خۇنتەيجى جانابلىرى ئەگەر ئۇلار بايان دېدەك بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنى بېرىشكە ئۇنىمىسا، ئۆزلىرىنىمۇ قوشۇپ ئوردىغا ئەكىلىڭلار دېدى» دەپ ئېيتقان سۆزلىرى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ يىغا ئارىلاش نالىسى شۇ ھامان توختىدى ـ دە: «ئاھ، تەڭرىم، بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقانلار بايا كەلگەن ئادەملەرمۇ ياكى مېنىڭ ھالىمغا ئىچى ئاغرىپ، ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىلەرمۇ ؟ ...» دەپ ئويلىدى.

شۇ مەھەلدە تالاغا چىققان ئادەملەرنىڭ بىرسى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئا-

ئاپ مۇراجىئەت قىلدى :

— سىلى بايان ئاغىچا بولاملا ؟

ئۇ چىراي ـ شەكلى ، كىيىم ـ كېچەكلى ئۇيغۇرلارغا ئوخشايدىغان بۇ ئادەمنىڭ جۇڭغار تىلىدا سۆز قىلغىنىغا ھەم ھەيران بولۇپ ، ھەم ئەيمىنىپ ، ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالماي بېشىنى لىڭشىتتى .

— يانلىرىدىكى ئوغۇلمۇ سىلىنىڭمۇ ؟

— شۇنداق ...

— ئەمىسە ، ئوغۇللىرى بىلەن يولغا تەييارلانسىلا ، سىلەرنى دانىيال خوجام خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسىدا كۈتۈپ تۇرىدۇ .

بايان ئاغىچا تۇيۇقسىز سادىر بولغان بۇ ئىشلارغا بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا ، بىر تەرەپتىن ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى . ئەمما بايىقى ئادەمنىڭ دېگىنى بويىچە دەرھال تەييارلانمىسا ، خارغانا ئۆيدىن چىقىپ ، دىققەت قوللىرى بىلەن تۇتۇۋالىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى ـ دە ، دەرھال كەپىسىگە كىرىپ يىرتىق چاپىنى بىلەن چەمى تېشىلگەن ئۆتۈكىنى كىيىپ چىقتى .

خۇنتەيجى ئوردىسىدىن كەلگەن ئادەملەر بايان ئاغچىنى تېخى بايلا ئۆزىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەن بۇرۇلدە بوۋاينىڭ قۇلا ئېتىغا مىنگۈزدى . ئۇنىڭ بالىسىنى بالدىن دامچىنىڭ سورىغىنىغا ئۇنىماي ، موللا ئىبراھىم مەشھۇر ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئېلىۋالدى . ئۇلار بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ خۇنتەيجىنىڭ يازلىق ئوردىسى تىكىلگەن تېكەس ۋادىسىغا يېتىپ كەلدى .

## بەشىنچى باب

بۈگۈن جۇڭغار خانىنىڭ يازلىق ئوردىسىدا تېكەس ، كۈنەس ۋە

ئىلى ۋادىسىدىكى جۇڭغارلارنىڭ زەيسانلىرى بىلەن دورغىلىرى ئىلقا، قاينۇق، تېكەس كۆرەلىرىدىن كەلگەن چوڭ - چوڭ لامالار، خان ئوردىسىدىكى نويانلار بىلەن ئارباچى زەيسان ①، جاخچىن ②، يارۇغچىغا ئوخشاش ئەمەلدارلار، تۇرپان، قۇمۇل ھەم قەشقەرىيىدىن ئەكىلىپ، ئىلى ۋادىسىدا گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان خوجىلار ۋە باشقا نوپۇزلۇق ئادەملەر مۇھەييا بولۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قانداقتۇر بىر تەنتەنىلىك مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەندەك كىيىنىۋېلىشقانىدى. ئېتەك - يەڭلىرى كەڭ، سىرىنق چاپان كىيگەن لامالارنىڭ تاقىر باشلىرى، كوسا ئېكەڭلىرى پارقىرايتتى. دورغىلار بىلەن زەيسانلار كۆندىن ئىشلەنگەن جەز تارالغىسى بار بەلۋاغلىرىغا چەت - چۆرىسىگە كۈمۈش تۇتۇلغان ناسۋال چاقچىلىرىنى ئېسىۋېلىشقانىدى.

دانىيال خوجا قاتارلىق گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان ئادەملەر بىلەن تېخىچە ئۆز يۇرتىغا قايتىش ئۈچۈن ئىجازەت كۈتۈپ ئولتۇرغان مەۋلانە ھەزرەت باشلىق قەشقەرىيىدىن كەلگەن مۆتىۋەر زاتلار خۇددى ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن خانلىق مەسچىتكە كەلگەندەك ياسىنىشقانىدى. دانىيال خوجا تېخى ئۆتكەن ھەپتىدىلا سىقىمدىن ئاشىدىغان ساقىلىنى قىسقارتىپ، بۇرۇتلىرىنى چەكتۈرگەن، ئۈچىسىغا زەرباب پەرىجىسىنى كىيىپ، بېشىدىكى زەرلىك كۇلاسىنىڭ ئۈستىدىن چاققانغىنا يېشىل سەللە ئورىۋالغانىدى. ئۇ بۇ يەرگە ئوغلى ياقۇپ خوجا، نىسا بېگىم، ئەدەن قېچىر ۋە داندارلارنى ئەگەشتۈرۈپ، بايان ئاغچىلاردىن ئىككى كۈن ئىلگىرى كەلگەنىدى.

ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن لاما دىنى بىلەن ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىشنى توغرا سىياسەت دەپ قارايدىغان جۇڭغار

---

① ئارباچى زەيسان — ئالۋان - ياساق ۋە مالىيە باشلىقى.

② جاخچىن — چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى.

خۇنتەيجىسى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا قەشقەرىيىدە نايىپلىق ① قىلىۋاتقان ئىنىسى سېرىن دۇندۇپنى چاقىرتىۋېلىپ، ئۇنى چىن سۇلالىسىگە قارشى يۈرۈش قىلىدىغان ئەسكەرلىرىگە باشلىق قىلىشنى، ئۇنىڭ ئورنىغا جوڭغارلارنىڭ: «تۆزنىڭ تۆلكىسىنى تۇتۇش ئۈچۈن تۆزنىڭ، قىرنىڭ تۆلكىسىنى تۇتۇش ئۈچۈن قىرنىڭ تايغىنىدىن پايدىلىنىش لازىم» دېگەن تەمسىلىگە ئەمەل قىلىپ، دانىيال خوجىنى قەشقەرىيىگە خان قىلىپ ئەۋەتىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئويىنى ساغا نويان باشلىق يېقىن ئادەملىرى: «ناھايىتى توغرا تەدبىر! بۇ ئۇلۇغ ئەمىرچىمىزگە خاس سىياسەت» دېيىشىپ ماقۇللىغانىدى. ئەمما، باشلىقلارنىڭ ماختىغىنىدىن كۆرە، ئۆزىنىڭ پاراستى بويىچە ئىش قىلىدىغان خۇنتەيجى دانىيال خوجىنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىنى يەنە بىر نۆۋەت سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇنى مەدىرە بايرىمىغا قاتناشتۇردى. خوجا بۇ سىناقتىن ياخشى ئۆتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەرىيىدىن دانىيال خوجىنى سوراپ بىر نەچچە دىنىي ئەرباپلار بىلەن نوپۇزلۇق ئادەملەرنىڭ كېلىشى، ئۇلارنىڭ ھەر يىلى تۆت يۈز مىڭ سەر كۈمۈش تۆلەپ تۇرۇشقا كاپالەت قىلىشى ھەم شۇ كۈنى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك دانىيال خوجىنىڭ ئوردىغا كېلىپ، ئاشۇ يىللاردا ئولجىغا ئېلىنغان خوتۇنى بىلەن بالىسىنى دانىيال خوجىنىڭ قايتۇرۇپ ئېلىشىغا ياردەم سورىشىدەك بىر ۋاراقى كېلىۋاتقان ئىشلارنى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ جورۇغان خۇنتەيجى، مۇشۇنداق بىر تەنتەنىلىك سورۇن ئۆتكۈزۈپ، شۇ يەردە خوتۇنى بىلەن بالىسىنى دانىيال خوجىغا قايتۇرۇپ بېرىشنى ۋە ئۇنى قەشقەرىيىگە خان قىلىپ بەلگىلىگەنلىكىنى ئۇقتۇرماقچى بولغانىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، چوڭ ئوردىنىڭ تۆرىدىكى

---

① نايىپ — ۋەكالەتەن ئىش باشقۇرغۇچى.

تەختىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن لامالار ، سول تەرىپىدە دانىيال خوجا ، مەۋلانە ھەزرەت باشلىق ئۇيغۇرلار غاز قانىتى بولۇپ ئولتۇرۇشتى . كۆپ كېچىكمەي قورallıق ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى پەيدا بولدى ـ دە ، ئىككىسى تەختىنىڭ ئارقىسىغا ، ئىككىسى ئىشىكنىڭ ئىككى چېتىگە كېلىپ تۇرۇشتى . ئۇنىڭغىچە ئوردا ئىشىكىدىن بىرىنچى بولۇپ ساغا نويان ، ئۇنىڭغا سوگدىشىپلا خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدان كىردى . ئولتۇرۇشقان ئادەملەر دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . ھەممە جۇڭغارلار باش كىيىمنى ئېلىپ ، ئېڭىشكەن بويىچە ئىككى قولىنى ئېگىلگەن باشلىرىنىڭ پېشانىسىگە ئۈچ قېتىمدىن تەگكۈزۈشتى . دانىيال خوجا باشلىق ئۇيغۇرلار قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ، باشلىرىنى سەل ـ پەل ئېڭىشتۈرگەن ھالدا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى . خۇنتەيجى تەختكە كېلىپ ئولتۇرۇشى بىلەنلا ، شۇنى كۈتۈپ تۇرغان بالدىن دامچى قانداقتۇر بىر ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ كەچۈرۈم سورىماقچى بولغان ئادەمدەك تەختنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە ، خۇنتەيجىنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ :

— خەلقىمىزنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى دۇنياغا تونۇتقان ئەمرچىمىز ، قىرىغان چېغىمدا ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان ، گۆش ـ يېغىمنى يەپ ، سۈت ـ قېتىقىمنى ئىچىپ ، شۇ ياشقا كەلگەن بالامنى مىنىڭدىن ئايرىۋەتمەڭ . مەن بىچارە قۇلىڭىزنىڭ مۇشۇ بالىدىن باشقا بالىسى يوق ، — دېدى ۋە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلىۋەتتى .

ئوردا ئىچىدىكى سەلتەنەت بىر پەستىلا سۆرۈنلىشىپ ، تېخى ئولتۇرۇپ بولمىغان ئادەملەر ئاۋۋال بالدىن دامچىغا ، كېيىن قاش ـ قاپىقى تۈرۈلگەن خۇنتەيجىگە قاراشتى . خان ئوردىسىدا ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ قۇدرەتلىك ئىگىسى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋالنى « ئەدەپسىزلىك » دەپ ھېسابلىغان خۇنتەيجى ئاچ-

چىقى بىلەن :

— جە ! — دېدى ـ دە ، بالدىن دامچى قۇچاقلاپ تۇرغان پۇتىنى سىلكىپ تارتىۋالدى .

شۇ چاغدا ساغا نويان ئۇنىڭ قۇلىقىغا : « ئۇلۇغ ئەمرچىمىز ، بۇ ئادەم بايىنبۇلاقتىكى ئۇلىزابات زايىسانىنىڭ كۈيئوغلى ئىكەن » دەپ پىچىرلىدى .

خۇنتەيجىنىڭ ساغا نويانىنىڭ گېپى تەسىر قىلغانلىقىنى ياكى بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن باشتىلا پۇكۇپ قويغان ئويى بارلىقىنى ، ئۇنىڭ سۇرلۇك چىرايىغا قاراپ پەرەز قىلغىلى بولمايتتى .

— قېنى ، ھېلىقى بالىنى ئوردىغا ئەكىرىڭلار ! — دېدى ئۇ كەسكىن ئاۋاز بىلەن .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، داندار بىلەن موللا ئىبراھىم مەشھۇر دەرھال تالاغا چىقىپ بايان ئاغچا بىلەن بۆرۈلدە بوۋاينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان سۆسەرنى ئوردىغا يېتىلەپ كىردى . تەن قۇرۇلۇشى جۇڭغارلارغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان ، رەڭگى ئاققا مايىل ، ماڭلىيى كەڭ ، بۇرنى قاڭشارلىق ، قارا قاشلىرىنىڭ قۇيرۇق تەرىپى ئېگىلىپىرەك كەلگەن بۇ بالىغا خۇنتەيجى باشلىق ھەممە ئادەم تىكىلىپ قاراشتى . بالىنىڭ چىراي ـ شەكلى ئۆزىگە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرگەن دانىيال خوجا ئىختىيارسىز ھالدا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى ، يېنىدا ئولتۇرغان ئەدەن قېچىر توختىتىۋالدى . ياقۇپ خوجا بولسا ، ئۆرە ياقىلىق ، پەشلىرى بىقىنىدىن ئىزمىلىنىدىغان كالتە چاپانلىق بۇ بالىنى كۆرۈپلا ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلمىدى .

ئىشىكتىن كىرگەن يەردە ئۆرە تۇرغان بالا نېمە قىلارىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدى . يايلاقتەك يوغان ئوردا ئىچىدە ھەيۋەت

بىلەن ئولتۇرۇشقان ئادەملەر ئۇنى تېخىمۇ مەڭدىتىپ قويغانىدى . ئۇردا ئىچىدە بىر مىنۇتتەك جىمجىتلىق هۆكۈم سۈردى .

ــ هەي ، بالا ، ـــ دېدى خۇنتەيجى ۋە ئۆز هۆكمىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ ، لامالارنىڭ ئاياغ تەرىپىدە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان بالدىن دامچىننى كۆرسەتتى ، ـــ بۇ ئادەم سېنى ئۆزۈمنىڭ بالىسى دەيدۇ ، مۇنۇ ئادەم بولسا ، ـــ ئۇ سول تەرەپتىكى ئۇيغۇرلار قاتارىدا ئولتۇرغان دانىيال خوجىنى كۆرسەتتى ، ـــ ياق ، بۇ بالا مېنىڭ ئوغلۇم دەيدۇ . ئىختىيارنى ئۆزۈڭگە بەردىم بالا . بۇ ئىككى ئادەمنىڭ قايسىسىرىنى ئاتام دەپ تەن ئالساڭ ، ئەرك ئۆزۈڭدە ، ـــ دېدى .

خۇنتەيجىنىڭ بۇنداق هۆكۈم قىلىشىنى كۈتمىگەن ئادەملەرنىڭ چىرايىدا هاياجانلىنىش پەيدا بولدى . ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى : « ئۇلۇغ خۇنتەيجىنىڭ بۇ هۆكمى ئادالەتلىكنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئۆلگىسى » دەپ ئويلاشتى ۋە ئوردا بوسۇغىسىدا ئۆزلىرىدىن تەپ تارتىپ تۇرغان سۆسەرگە قاراپ : « بۇ بالا شەك يوك ، تۇغۇلغاندىن بېرى بېقىپ ئۆستۈرگەن بالدىن دامچىنى ئاتام دەيدۇ » دېگەن قارارغا كەلدى ، هەتتا دانىيال خوجىمۇ مۇشۇنداق ئويدا بولدى . بىراق ، بايان ئاغچىنىڭ نەۋاقتا ئەدەن قېچىردىن ئەۋەتكەن خېتىدىكى : « ئوغلىمىز نەچچە يىللاردىن بېرى بالدىن دامچىنى دادا دەپ يۈرگەنىدى . بۈگۈن سىلىنىڭ هايات ئىكەنلىكلىرى توغرىسىدا ئاڭلىدىم . ئەمدى ئوغلىمىزغا ھەقىقىي دادىسىنىڭ ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىمەن . ئەگەر ئىمكانىيەتلىرى بولسا بىزگە ئىگە بولسىلا ... » دېگەن سۆزلىرى يادىغا كېلىپ ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولدى .

خۇنتەيجىنىڭ يۇقىرىقى هۆكمى بالىغىمۇ تەسىر قىلدى . ئۇ دەرهال ئەس ـ هوشىنى يىغىپ ، بارلىق دىققىتى ئۆزىگە چۈشكەن ئادەملەرگە

قارىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى تەختىنىڭ سول تەرىپىدە ئۆزىگە تىكىلىپ ئول-
تۇرغان ، كىيىم - كېچەكلىرى جۇڭغارلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ،
ئۇزۇن - قىسقا ساقال - بۇرۇتلىرى بار ئادەملەرگە چۈشكەندە ، بالدىن
دامچىنىڭ يول بويى ، ھەتتا بۈگۈن ئەتىگەندىلا : « خوتۇنلار ① دۇنيادىكى
ئەڭ يامان خەق ، ئۇلار ئادەم گۆشى يەيدۇ . ئۇلارنى كۆرگۈدەك بولساڭ
يېقىن يولىما ! » دېگەن سۆزلىرى يادىغا كېلىپ ، دەرھال تەختىنىڭ ئوڭ
تەرىپىدە ئولتۇرۇشقان جۇڭغارلار ئارىسىدىكى بالدىن دامچىغا قارىدى .
لېكىن ، ئۇنى كۆرۈپلا ، ئانىسى بايان ئاغچىغا خارغاتا ئىككىسىنىڭ قىلغان
زۇلۇملىرى ۋە قايسى كۈنىلا ئانىسىنى ئۆزىدىن ئايرىپ كىملەرگىدۇر
سېتىۋەتمەكچى بولغىنى ئېسىگە كەلدى .

ئۇ مۇشۇنداق بىر - بىرىدىن دەھشەتلىك ئىككى خىل ئوينىڭ
ئىلكىدە قېلىپ ، نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر ھازاغىچە تۇرۇپ قالدى .
لېكىن ، خۇنتەيجى باشلىق ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىنى ئويلاپ
ئورنىدىن ئاستا قوزغالدى . ئاستا چامداپ ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىغا
كەلدى - دە ، بىر دەم سول تەرىپىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئولتۇرغان دا-
نىيال خوجىغا ، بىردەم ئوڭ تەرەپتىكى جۇڭغارلار ئارىسىدا
ئولتۇرغان بالدىن دامچىغا قارايتتى . بۇ ئىككى ئادەمنىڭ قايسىسىنى
دادا دەپ تەن ئېلىشنى بىلەلمەي قىينىلاتتى . بالدىن دامچىنى « دادام
مۇشۇ » دەپ ، ئۇ تەرەپكە قەدەم تاشلىسا ، ئانىسى دېگەن سۆزلەرنى ئەس-
لەپ توختاپ قالاتتى . دانىيال خوجىنى « مۇشۇ مېنىڭ دادام » دەي دېسە ،
شۇ ياشقا كەلگۈچە بېقىپ ئۆستۈرگەن بالدىن دامچىنى قىيمايتتى .
شۇ تاپتا ئۇنىڭ روھىي ھالىتى شۇنداق قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قال-
دىكى ، بەدىنىدىكى ھەممە قانلىرى يۈزىگە يىغىلىپ ، پۇتلىرى
دەرمانسىزلانغاندەك تىزلىرى تىترەپ كەتتى . شۇ چاغدا بالدىن دام-

① خوتۇن — جۇڭغارلار ئۇيغۇرلارنى شۇنداق ئاتىغان .

چىنىڭ تەلمۈرۈپ قارىغان قىياق كۆزلىرىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، بۇرۇلۇپ يەنە بىر قەدەم تاشلىدى. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر توختاپ قېلىپ، سول تەرىپىگە قارىۋىدى، ئۆزىگە تەمشىلىپ تۇرغان دانىيال خوجىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئۇ تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە «ئاتا!» دېگىنىچە ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا تاشلىدى.

دانىيال خوجا كۆز ياشلىرىغا ئىگە بولالماي، قۇچىقىدا بىھوش سىياقى ياتقان ئوغلىنى مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ، باش ـ كۆزىگە سۆيۈپ كەتتى.

بۇ هال ئوردىغا يىغىلغانلارنى هاياجانغا سالدى. هەتتا بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن قەشقەرىيىنى ئىشغال قىلغان چاغدا كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇرغان بۆكە قامەت دانچىن دورغىنىڭمۇ يۈرەكلىرىنى تىترىتىۋەتكەندەك بولدى.

ئوردىدا يۈز بەرگەن بۇ هاياجانلىق دەقىقىلەر بېسىلغاندىن كېيىن، خۇنتەيجىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ساغا نويان:

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىز دانىيال خوجىنى يېڭىدىن تېپىلغان ئوغلى هەم ئايالى بىلەن بەختلىك ئۆمۈر كۆرسۇن ۋە جۇڭغار خاندانلىقى ئۈچۈن ساداقەتلىك كۈيئوغۇل بولسۇن! دەپ تىلەك بىلدۈرىدۇ، — دېدى.
ئاندىن دانىيال خوجىنىڭ بۈگۈندىن باشلاپ گۆرۈلۈكتىن بوشىتىلغانلىقىنى، قەشقەرىيىگە خان بولۇپ بەلگىلەنگەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

دانىيال خوجا ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى ـ دە:

— ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي، شانۇ شەۋكىتى تېخىمۇ ئاشقاي، — دەپ چىۋاڭ رابدانغا تەزىم بەجا قىلدى.

دانىيال خوجىدىن كېيىن مەۋلانە هەزرەت باشلىق ئادەملەرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىشتى.

※ ※ ※

دانىيال خوجا خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسىغا كېلىشىۋاتقاندا : « بۇ رەھىم-
سىز جۇڭغار پادىشاھى بايان ئاغچا بىلەن ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ بېرىپ ،
ئۇنىڭ بەدىلىگە تېرەمنىڭ بىر پارچىسىنى سويۇپ ، تورسۇق ياساتسىمۇ
مەيلى » دەپ قەلبى ئۆرتەنگەن ھالدا ئىزتىراپ چەككەنىدى .
ھازىر بولسا ، پۈتۈن ھاياتىمدا ئۇنتۇلمايدۇ دەپ ھېسابلىغان
قايغۇ ـ ئەلەملىرى غايىب بولۇپ ، ئۆزىنى يەتتە يىلدىن بېرى گۆرۈدە تۇ-
تۇپ تۇرغان بۇ جۇڭغار خۇنتەيجىسى ئىشغالىيەتچى ئەمەس ، بەلكى بەخت
ـ سائادەت ھەدىيە قىلغۇچى ئادەمدەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇ ئوردا
ئىشىكىدىن چىقىپ ئوردا ئاشخانىسىغا بارغۇچە جۇڭغار ئەمەلدارلىرى بە-
لەن لامالارنىڭ ، تېخىچە گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان خوجىلار بىلەن بەگلەرنىڭ
ۋە قەشقەرىيىدىن كەلگەن مۆتىۋەر زاتلارنىڭ تەبرىكلەپ ئېيتقان سۆزلە-
رىنى ئاڭلاپ ماڭدى .
دانىيال خوجا نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى بېشىغا كەلگەن
قىسمەتلەرنى ۋە بۈگۈنكى خۇشاللىقنى ئاللاتائالانىڭ ئىلتىپاتى ، نەچچە
يىللاردىن بېرى قىلغان تائەت ـ ئىبادىتىمنىڭ نەتىجىسى دەپ
بىلەتتى . ئەگەر ئۇنىڭدىن بىرەر ئادەم : « ئۆزلىرىنىڭ باشلىرىغا
كەلگەن كۈلپەت ۋە بۈگۈنكى خۇشاللىقلىرىنىڭ سەۋەبكارى جۇڭغار
خۇنتەيجىسى چىۋاڭ رابدان ئەمەسمۇ ؟ » دەپ سوراپ قالغۇدەك
بولسا ، ئۇ : « بۇنداق دەپ ئۆزلىرىنى گۇناھكار قىلمىسىلا . ماڭا يەت-
كەن بۇ ياخشىلىق ( مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن ) ئاللا
تەرىپىدىن بېرىلگەندۇر . < ئەگەر ئاللا ساڭا بىرەر كۈلپەت يەت-
كۈزسە ، ئۇنى ئاللادىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ ، ئەگەر ئاللا
ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلە-

شالمايدۇ ، چۈنكى ئاللا ھەر نەرسىگە قادىردۇر > ① دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى » .

ئۇ بۈگۈنكى قوش خۇشاللىقنىڭ بىرىنى باينبۇلاقتا كەتكەن دانچىن دورغا بىلەن موللا ئىبراھىم مەشھۇرلار كەلگۈچە تەقەززا بولۇپ كۈتكەندى . ئىككىنچىسىنى ، يەنى قەشقەرىيىگە خان بولۇپ بەلگىلىنىشىنى مۇتلەق خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەندى . ئۇ : « بۇ پەلەكنىڭ گەردىشى دېگەن نەرسە ، ھارۋىنىڭ چاقىغا ئوخشاش بىر كۈنى پەستە ، ئازگالدا چۆرگىلىسە ، يەنە بىر كۈنى دۆڭگە چىقىپ چۆرگىلەيدىكەن ... » دەپ ھەيران بولاتتى . ئۆزىنى يىراقتا كەتمەي ئوتلىسۇن دەپ ، پۇتىغا سېلىنغان چىدەنى ② ئېلىۋېتىپ ، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەن ئاتقا ئوخشاش ھېس قىلاتتى .

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىز ، — دېدى يارۇغچى نويان مايلىق قولىنى چۈچىلىق ماتا لۆڭگىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ ، — خوجىنى بۈگۈندىن تارتىپ يول تەييارلىقىنى قىلىۋەرسۇن دېگەنىدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىگە كەلگەن دانىيال خوجا :

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ ئۆمرى زىيادە بولغاي ، — دېدى .

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىز يەنە ، خوجىنىڭ ئۆز كۆچىدىن بىر كۈن ئاۋۋال ئوردىغا كېلىپ ، ئۆزىنى زىيارەت قىلىشىنى تاپشۇردى .

— ھەممە ئىشلار ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ خاھىشىدەك بولىدۇ .

يارۇغچى نويان مېھمانلارغا زىياپەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئۇقتۇردى .

---

① قۇرئان ، سۈرە « ئەنئام » نىڭ 17 ــ ئايىتى .
② چىدە ــ تاسمىدىن قىلىنغان چۇشەك .

※ ※ ※

دانىيال خوجا قوبىدىكى ئۆيىگە ھەر قېتىمدىكىدەك ئاتلىق كېلىۋېتىپ، ئۆزىنى ئانىسى بىلەن بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، مامۇق بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلغان ئەركەك غازدەك ھېس قىلاتتى. مۇشۇ يېقىندىلا بۇ يولدا بىر نەچچە قېتىم ماڭغىنىغا قارىماي، ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىلەرگە، يول ياقىلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلارغا خۇددى بۈگۈن كۆرۈۋاتقاندەك ھەۋەس بىلەن زوقلىنىپ قارايتتى.

ئۇ تۈنۈگۈندىن بېرى ئۆزىگە ئۆگىنىپ قالغان بالىسىنى ئىگىرىنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ، دۇنيادا ئۆزىدىن باشقا بەختلىك ئادەم يوقتەك، خۇشاللىقى قوينىغا سىغماي كېلىۋاتاتتى. بالىسى بىلەن ئۆز زۇۋانىدا گەپلىشەلمىگىنىگە بىر ئاز ئەپسۇسلىناتتى. شۇنىڭغا قارىماي، يەتتە يىل جەريانىدا ئۆگىنىۋالغان جۇڭغار تىلىدىن پايدىلىنىپ ئانچە - مۇنچە پاراڭلىشىپ قوياتتى.

سۆسەر بولسا، ئۆزى بىلەن ئاپىسىنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك، بىردەم بېلىنى تۇتۇپ تۇرغان دانىيال خوجىنىڭ قولىغا، بىردەم كەينىگە بۇرۇلۇپ نىسا بېگىم بىلەن پاراڭلىشىپ كېلىۋاتقان ئاپىسىغا قاراپ قوياتتى.

بىر چاغدا ئۇ يولنىڭ چېتىدە ئوتلاپ يۈرگەن يىلقىلارنى كۆرۈپ:

— ئاتا، ئاتا، ئاۋۇ يايلى - قۇيرۇقى يەرگە تېگىپ تۇرغان جەدە ئات سەتەرمۇ؟① — دەپ سورىدى.

— سەتەر؟! ئۇ نېمە دېگىنىڭىز، بالام؟ بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى دانىيال خوجا.

---

① سەتەر — جۇڭغارلارنىڭ ئادىتىدە، خۇداغا ئاتالغان، باشقىلار مىنىشكە بولمايدىغان ئات.

— نېمىشقا بىلمەيسىز ، بالدىن دامچىنىڭ شۇنداق بىر ئېتى بار . يايلى - قۇيرۇقى يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ . ئۇنى « سەتەر » دەپ زادى مىنمەيدۇ .

دانىيال خوجا ئىختىيارسىز « ئۇھ » تارتىۋەتتى : « كىچىك بالا دېگەن قانداق شېشىگە قۇيسا ، شۇنىڭ رەڭگىنى ئالىدىغان سۇغا ئوخشاش بولىدىكەن - دە ، مۇنۇ بالا يەتتە يىل قالماقلارنىڭ ئارىسىدا ياشاپ ، شۇلارنىڭ رەسىم - يوسۇنلىرىنى بىلىۋاپتۇ ... » دەپ ئويلىدى ۋە ئۆيگە بارغاندىن كېيىن بالىنىڭ قۇلىقىغا ئەزەن ئېيتقۇزۇپ ، ئۇيغۇرچە ئات قويۇشنى ، ئاندىن ئۇستا چاقىرىپ ، خەتنە قىلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى .

تۇنۇگۈندىن بېرى بايان ئاغچىنى كۆرۈپ ، ئىچى - قارنى ئېگىر-دەك ئېچىشىپ كەتكەن نىسا بېگىم تېخىچىلا بۇ دىدار كۆرۈشۈشنىڭ هاياجانلىق تەسىراتىدىن قۇتۇلالماي ، بىردەم : « ياراتقان ئىگەم ئاجىز بەندىسىنىڭ بېشىغا شۇنچىمۇ ئېغىر كۈنلەرنى سالىدىكىنا ، قانداقمۇ بەرداشلىق بەرگەنلا ، خېنىم » دېسە ، بىردەم : « ھېلىمۇ ياراتقان ئىگەمگە مىڭ قەتلە شۈكۈر دېسىلە ، پاقلانىدەك ئوغۇللىرى بىلەن هالال جۈپتىلىرىنىڭ قولىغا قارچىغىدەك قونۇۋالدىلا » دەپ شۈكۈر سانا قىلاتتى .

بايان ئاغچا بولسا ، تۈنۈگۈن كەچتە نىسا بېگىمنىڭ خارغاتادىن قالغان كونا كىيىملەرنى كۆيدۈرۈپ ، يۇمشاق ، يېڭى كىيىملەرنى كىي-دۈرگەنلىكىنى ، بالىسىنى يېتىلەپ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن دانىيال خوجىنى كۆرگەندە ئۆزىنى توختىتالماي ، ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە تونۇش مۇلايىم كۆزلىرىنىڭ نەملىشىپ كەتكىنىنى ئويلاپ ، نەچچە يىللاردىن بېرى جۇڭغار ئاۋۇلىدا ئۆتكۈزگەن دېدەكلىك هاياتىنى ئەپسىز يېتىپ قالغاندا كۆرۈپ قالىدىغان دەھشەتلىك چۈشكە ئوخشىتاتتى .

بۇلارنىڭ ئارقىسىدىراق كېلىۋاتقان ياقۇپ خوجا ھاياتىدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرگە خۇشال بولۇپ، چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ قالغان دادىسىغا ۋە شۇنچە ئۇزاق مۇشەققەتلىك جۇدالىقتىن كېيىن، ئۆز ئۆيىگە كېلىپ، قوشۇلغان بايان ئاغچىنىڭ سۇسراپ قالغان گۈلدەك مەيۈس چىرايىغا قارايتتى. ئۇنىڭ بىلەن قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان ئەدەن قېچىر بولسا:

— ھە، كىچىك خوجام، سىلى قانداق ئويلايدىلا. ئاتىلىرى خوجەنتتىكى چاغدىلا: «ھەر قانداق جۇدالىقنىڭ ئاستىغا دىدار كۆرۈش-مەك يوشۇرۇنغان بولىدۇ» دەيدىغان، — دەپ ئۆزىنىڭ ئوي - خىيالىنى بىلدۈرەتتى، — ئاتىلىرىنىڭ بۇ سۆزى مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم توغرا كەلدى، دېسىلە. بىر قېتىم ئاپاق خوجىنىڭ دەۋرىدە بىر نەچچە يىل مۇھاجىرلىقتا يۈرۈپ، ئاندىن ئۆز زېمىنىغا كەلدى. بۇ قېتىم مۇنۇ قال-ماقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ بىر نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدى، ئاخىر يەنە ئۆز دىيارى بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغان بولدى. تۇنۇگۇن بولسا، يەتتە يىلدىن بېرى ئىز - دېرىكىنى ئالالماي يۈرگەن بايان ئاغچا بىلەن دىدارلاشتى. مانا مۇشۇلارغا قارىغاندا ئاتىلىرىنى «ئەۋلىيا» دېمەي كىمنى دەيمىز، قانداق دەيدىلا؟ توغرا گەپ قىلدىمۇ، كىچىك خوجام؟

ياقۇپ خوجا بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى، ئاندىن كەي-نىدە يۈك ئارتىلغان ئاتنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان داندارغا سۆز قاتتى:

— داندار، ئاتىنىڭ ئۈستىدىكى يۈكلەر بىر تەرەپكە ئاۋۇپ قاپتۇ.

ئۇلار كونا ئۆۋىسىغا كىرەرگە يېقىن قوبىغا يېتىپ كېلىشتى.

※ ※ ※

تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا ئويغىنىپ كېتىدىغان بايان ئاغچا، كونا ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنىگە قارىماي، قارغىش بالىسىنىڭ بۆ-

شۈكىنى تەۋرىتىپ، كىرپىك قاقمىغان كىلىنلەردەك ئۈخلىماقتا ئىدى.

دانىيال خوجا بايان ئاغچىنى نىكاھىغا ئالغاندا، ئەر كىشىنى يېرىم خۇدا دەپ بىلىدىغان دۇردۇن ئاغچا تارتىنشمايلا رازىلىق بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بايان ئاغچا جۇڭغارلارنىڭ چاپقۇنچىلىقىدا يوقاپ كەتكەندە ئانچە ئېچىنمىغانىدى. ھەتتا بىر قېتىم نىسا بېگىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ: «كۆز يېشىمنى كۆرۈپ، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئىچى ئاغرىغان چېغى. ئىگەم دانىيال خوجىنى يەنىلا ئۆزۈمگە ئوڭچە قالدۇردى» دەپ، خۇشاللىقىنى بىلدۈرگەنىدى. بايان ئاغچىنىڭ خەۋىرى كېلىپ، ئۇنى بالىسى بىلەن ئۆيگە ئېلىپ كەلگۈچە: «يا ئاللا خۇدايىم، ئەرخەقلەرنىڭ بىر نەچچە خوتۇن ئېلىشىنى راۋا كۆرسەڭمۇ، ماڭا بىر ئەرنى ئارتۇق كۆردۈڭمۇ؟» دەپ نالە قىلدى. كۆندىشى كېلىپ ئۆيگە كىرگەندە ئۇنىڭ بايان ئاغچا ئىكەنلىكىگە گۇمانلىنىپ: «ۋاي، تووۋا، ئادەم بالىسىمۇ شۇنچە ئۆزگىرىپ كېتىدىكىنا؟» دەپ ھەيران بولدى. چۈنكى، ئۇ بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئېرىنى مەپتۇن قىلغان، قىياق كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان بايان ئاغچىغا ئوخشىمايتتى. ھازىر ئۇنىڭ يۈزىدىكى گۆشلىرى سىمىقىپ، مەڭزىنىڭ ئۇستىخانلىرى دومبىيىپ قالغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ياقۇتتەك قىزىل لەۋلىرى ئۆڭگەن، جاۋغايلىرى ئىچىگە كىرىپ، قوللىرىدىكى كۆرۈنمەس تومۇرلار بۆرتۈپ تېشىغا چىققانىدى. يۇمران كۆكرەكلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك تەلپۈنۈپ تېشىغا تېپىپ تۇرمايتتى. دۇردۇن ئاغچا: «ھەي، بىچارىيەي!...» دېدى ــ دە، بايان ئاغچىغا بولغان كۆندەشلىكىنى ئۇنتۇپ، ياتار چاغدا ئۇنىڭ ئاستىغا سېلىنغان كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر كۆرپىنى قوشلاپ سېلىپ بەردى.

ــ بايان ئاغچا ئويغىنىپتىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ ئەتىگەنلىك چايغا تەكلىپ قىلىپ كىرگەن نىسا بېگىمدىن.

— ياق ، تېخىچە ئويغانماپتۇ .

— بوپتۇ ، ئويغاتمىسىلا ، بىچارىگە هاردۇق يېتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ . خوجاملار مېنى كۈتمەي ناشتا قىلىۋەرسۇن . مەن بايان ئاغچا ئويغانغاندا بىللە ناشتا قىلىمەن .

ئارىدىن يەنە بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى . بايان ئاغچىنىڭ تېخىچە ئويغانمىغانلىقىدىن ئەنسىرىگە دۇردۇن ئاغچا نىسا بېگىمنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇنىڭ هۇجرىسىغا كىردى ۋە هەر ئىككىسى هەيران بولغىنىدىن بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى . چۈنكى ، بايان ئاغچىنىڭ قاغجىرىغان يەردەك قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرى چۈشىنىكسىز بىر نەرسىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى . كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ياشلىرى قاڭشىرىنىڭ ئۈستىدىن ياستۇققا تېمىۋاتاتتى .

— قارا بېسىپ قالغان ئوخشايدۇ ، ئەتىمالىم ، — دەپ پىچىرلىدى نىسا بېگىم .

شۇ چاغدا ياتقان ئورنىدىن بېشىنى يۇلۇپ كۆتۈرگەن بايان ئاغچا قولىنى سوزۇپ :

— بالامنى بېرىۋەت ، يالماۋۇز ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالدى .

نىسا بېگىم « بىسمىللا » دەپ دەم سېلىشقا تەرەددۇت قىلىۋىدى ، ئۇنىڭغىچە ئويغىنىپ كەتكەن بايان ئاغچا خارغاتانىڭ كەپسىدە ئەمەس ، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ياتقانلىقىنى بىلىپ ، دۇردۇن ئاغچا بىلەن نىسا بېگىمنىڭ ئالدىدا خىجىل بولغاندەك قىسىلىپ قالدى .

— ئۆزلىرىنى قارا بېسىپ قالدىغۇ دەيمەن ، — دېدى نىسا بېگىم ۋە جاۋابمۇ كۈتمەي گېپىنى يۆتكىدى ، — چوڭ ئاغچا ئۆزلىرى بىلەن بىللە

ناشتا قىلىمەن دەپ، تېخىچە ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچمىدى.

— كىچىك خوجام تۇردىمۇ، چاي ئىچتىمۇ؟

بايان ئاغچىنىڭ بۇ سوئالىغا دۇردۇن ئاغچا جاۋاب بەردى:

— كىچىك خوجام تۇرغىنى نەۋاق، ئاكىلىرى بىلەن چاي ئىچىپ بولۇپ ئوينىشىۋاتىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بايان ئاغچىنىڭ يۈرىكى تەۋرىنىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ بالىسى بىلەن ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلىدىغان ئادەملەر ئارىسىغا قايتىپ كەلگىنىگە خۇشال ئىدى.

※ ※ ※

بايان ئاغچىنىڭ بالىسىغا شۇ كۈنى چۈشتە ئەدەن قېچىر ئەزەن قىچقىرىپ: «بۇ يىگىتنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن مۇبارەك ئىسمى — يۈسۈپ خوجا بولسۇن» دەپ، يېڭى ئات قويدى. ئەتىسى «ئۆشكىلىك» دېگەن تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۇيغۇرلار تۇرىدىغان مەھەللىدىن ئۇستا ئەكىلىپ، يۈسۈپ خوجىنى خەتنە قىلدۇردى.

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە دانىيال خوجىنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خۇشال ئىدى. چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى. يۈسۈپ خوجىنى تۇتقان ئۇستىنىڭ قولى يېنىك ئوخشايدۇ، بىر ھەپتە ياتمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئۇلار ئەتە يولغا چىقىمىز دەپ تۇرغان كۈنى دانىيال خوجىنى ئىزدەپ بىر كىشى كەلدى. كەتمەن ساقاللىق، بېلىنى بىر غۇلاچ ئارغامچا بىلەن باغلىۋالغان بۇ ئادەم قاينۇق كۆرەسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى جاغىستاي دېگەن يەردە تۇرىدىكەن. ئۇ جۇڭغار خۇنتەيجىسى بوشۇقتۇخان بىلەن ئاپاق خوجا قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندا، ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن بۇ تەۋەگە يالىنىپ چىقىپتۇ ـ دە، شۇنىڭدىن بېرى قاينۇق كۆرەسىدە تۇرۇۋاتقان

جۇگغارلار ئۇچۇن ئاشلىق، مىندىغان ئاتلىرى ئۇچۇن يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپ تەييارلايدىكەن. بۇ يەرگە كېلىشىدىكى سەۋەب، بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن ئاشلىق سۇغىرىۋاتقان يېرىگە چاي ئېلىپ كېلىۋاتقان ئون ئۈچ ياشلىق قىزىنى ئۇكەرچە دېگەن يەردە تۇرىدىغان ئىككى جۇڭغار ئاتقا ئۆڭگىرىپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بارسا قىزىنى قايتۇ-رۇپ بېرىشنىڭ ئورنىغا تىللاپ، ئۇرۇپ قوغلىۋېتىپتۇ. تەقدىرنىڭ بۇ يازمىشىغا لەنەت ئوقۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ياتسا، يان قوشنىسى كې-رىپ: « ھەي، بەختى قارا موللا قادىر، كونا لاتىدەك پۇرلىشىپ ئۆيۈڭدە ياتقۇچە قوبىدا تۆلەكتە ( گۆرۋدە ) تۇرۇۋاتقان دانىيال خوجامغا بېرىپ دەردىڭنى ئېيتساڭ بولمامدۇ. ئۇ ئادەم ھازىر تۆلەكتىن بوشىنىپ قەشقەرىيىگە خان بوپتۇ. خۇنتەيجىنىڭ ئۆزى بىر قالماق چوكانىنى بالىسى بىلەن ھەدىيە قىپتۇدەك. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ خوجامنىڭ ئىناۋىتى كاتتا ئوخشايدۇ. ھالىڭغا يەتسە بىر شۇ ئادەم يېتىدۇ » دەپتۇ. شۇنىڭ مەسلە-ھەتى بىلەن تاغ ـ داۋانلارنى پىيادە بېسىپ، ئاران دېگەندە يېتىپ كەپتۇ.

— ئاۋۋىلى خۇدا، ئۇنىڭدىن قالسا ئۆزلىرىگە سىغىنىپ كەلدىم، — دېدى موللا قادىر سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بىزگە ئوخشاش بىچارىلەرنىڭ كەتمەن بىلەن يەر چاناپ، ماڭلاي تەرىمىزنى تۆككەندىن باشقا ئالالانىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھىمىز بار. زاغرىمىزنى سۇغا چىلاپ، بىر ئوبدان ياشاۋاتقان ماكانىمىزدىن ئايرىلىپ: « بىز ئاق تاغلىق، سىلەر قارا تاغلىق » دەپ، بىر ـ بىرىنىڭ ياقىسىنى سىقىشقان خوجىلارنىڭ كاساپى-تىدىن، بىزگە ئوخشاش مۇساپىرلارنىڭ مۇرىسىنى چوقۇپ يەيدىغان مۇنۇ قالماقلارنىڭ زۇلمىغا گىرىپتار بولدۇق. مانا ئەمدى بۇلار ئىشلەپ تاپقان نېنىمىزدىن باشقا، ئىچىمىزدىن چىققان بالىلىرىمىزنىمۇ تارتىۋالىدىغان بولدى. خۇدايىم ئۇمۇرلىرىنى زىيادە قىلىپ، بالا ـ ۋاقىلىرىنىڭ دۆلەتلى-

رىنى كۆرسىلە . مەن بىچارىنىڭ ئەرز ـ دادىنى خۇنتەيجى دېگەن بۇرادەرلىرىگە ئېيتىپ ، قىزىمنى قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بەرسىلە . خەقلەر- نىڭ گېپىگە قارىغاندا ، خۇنتەيجى دېگەن قالماق پادىشاھى ئۆزلىرىنىڭ سۆزىنى يەردە قويمايدىكەن .

دانىيال خوجا خېلى ئۇزاقىچە گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان خۇشاللىقىنى مۇنۇ كەتمەن ساقاللىق ئادەمنىڭ سۆزلىرى ، تۇيۇقسىز چىققان شامالدەك ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى . ئۇ ئۆز ئالدىغا تاغدەك ئۈمىد بىلەن كەلگەن بۇ ئا- دەمگە : « ماقۇل ، خۇنتەيجى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي ، سىلىگە ياردەم قىلاي » دېسە ، ئۆزى ئاشۇ خۇنتەيجىنىڭ سايىسىگە سالام قىلىپ ، بېلىنى مۈكچەيتكەن ئادەملەرنىڭ بىرسى . بۈگۈن « خان » بولغىنى بىلەن ، ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ . « سىلىگە ياردەم قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ » دەي دېسە ، بۇ بىچارە ئادەمگە « ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەن- دەك » تەسىر بېرىپ ، ئۆمۈر بويى تىللاپ ـ قارغاپ ئۆتىدۇ .

مۇشۇنداق تەڭقىسلىقتا قالغان دانىيال خوجىنىڭ ۋۇجۇدىدا نەچچە كۈندىن بېرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان ھۆكۈمرانلىق تۇيغۇسى يوقاپ ، ئۇنىڭ ئورنىدا بىچارىلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى .

— بۇرادەرلىرى خۇنتەيجى توغرا گەپ قىلغانلىرى ئۈچۈن ئۆزلە- رىنى خانلىقتىن چۈشۈرۈۋەتمەس ، خوجام ، — دېدى موللا قادىر دانىيال خوجىنىڭ جىمىپ كەتكىنىگە نارازى بولغاندەك ، — بىزگە ئوخشاش بى- چارە خەقنىڭ تەقدىرىنى ئويلىمىسىلا خان بولغانلىرىنىڭ نېمىگە ئەتۋارى بار . « پايدىسى يوق مازاردىن شەيخمۇ قاچىدۇ » خوجام . بۇرادەرلىرى بولغان قالماق خۇنتەيجىسى ئەقىلسىز ئادەم ئەمەستۇر ، ئەقلى ـ ھوشى بولغاچقا پادىشاھ بولۇپ تەختتە ئولتۇرغاندۇر . ئۇ كىشى بىز خەق-

نىڭ مۇشۇكىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن چاشقاندەك قىيىلىپ ھايات كەچۈرۈۋاتقىنىمىزنى ئاڭلىسا، بەلكى ئىچى ئاغرىپ، ساخاۋەتمۇ قىلىپ قالار. شۇنداق ئەمەسمۇ، خوجام؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ...

— لېكىن دېگەننى قويسلا، خوجام. ئۆزلىرىگە روسۇللىلاغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىپ كەلدىم. ماقۇل، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم بېرەي دېسىلە. بەش كۆن بولسىمۇ سىلىدىن ئۈمىد قىلىپ خاتىرجەم بولاي.

— ماقۇل، ماقۇل، — دەۋەتتى دانىيال خوجا.

— ئەمىسە ئۆزلىرىگە چوڭ رەھمەت، خوجام. خۇدايىم ھەر بىر ئىشلىرىدا يار - يۆلەك بولغاي.

ئۇ دانىيال خوجىنىڭ خېرىدارلىق قىلغىنىغا ئۈنىماي:

— سىلىنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز «ماقۇل» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئۆزى، مېنىڭدەك بىچارىگە نانۇ گۆش دېسىلە خوجام! — دەپ ئۆزرە ئېيتىپ خوشلاشتى.

«ئادەم دېگەن بىر نەرسىدىن خاتىرجەم بولسا، يەنە بىر نەرسىدىن خاۋاتىر بولىدىكەن - دە» دەپ ئويلىدى دانىيال خوجا. ئۇ بايىلا ئۆزىنى ئىنتايىن خاتىرجەم ھېس قىلىپ، ئوي - خىياللىرىدا يەكەن شەھىرىدىكى تەنتەنىلىك ئۇچرىشىشلارنى، شاھانە زىياپەتلەرنى، نەچچە مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى، زىيارەت قىلغىلى كەلگەن سانسىز مۇرىت - مۇخلىسلىرىنىڭ پەرىجسىنىڭ پەشلىرىنى كۆزىگە سۈرتۈپ تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى. ھازىر بولسا مۇنۇ موللا قادىر دېگەن ئادەمنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، خان بولۇشنىڭ راھەت - كۆرۈشتىن باشقىمۇ مەسئۇلىيەتلىك تەرەپلىرى بارلىقىنى ۋە ئۆزىگە قول بېرىپ، تەرىقەت يولىغا كىرگەن نەچچە مىڭ مۇرىت -

مۇخلىسلىرىدىن باشقا، مۇنۇ موللا قادىرغا ئوخشاش نەچچە تۇمەن دېھقانلار بىلەن كاسىپلارنىڭ ئېچىنارلىق تەقدىرىگە ئارا بولۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. لېكىن: «قانداق قىلىپ ئۇلارغا ئارا بولۇش كېرەك؟» دېگەن سوئال بېشىغا كەلگەندە جاۋاب تاپالماي تۇرۇپ قالدى.

ئۇ يەنە شۇنداق ئويلار ئىلكىدە تۇرغاندا، ئوغلى ياقۇپ خوجا كىرىپ، ئاخۇن چوڭ دادىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئۇنىڭ ئاخۇن چوڭ دادا دېگىنى دۇردۇن ئاغچىنىڭ تاغىسى ساقىلاخۇن دېگەن كىشى ئىدى.

يەكەن ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان چاغلاردا ئاپاق خوجىغا مۇرىت بولغان بۇ ئادەم، 1678 ـ يىلى جۇڭغارلار يەكەن شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندا، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئالتۇنلۇق مەدرىسىدە جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن يىغىلغان مىڭدىن ئوشۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە ئۇ مەدرىسنى ئۈچ يۈز ئاتمىش ھۇجرىسى بىلەن كۆيدۈرۈشكە قاتناشقانىدى. 1679 ـ يىلى ئاپاق خوجىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بىرەر يۈزدەك پىچاقچى مۇرىتلارنى تاللاپ مۇھەممەت ئىمىنخاننى ① ئون توققۇز مۇلازىمى، ئۈچ بالىسى ۋە ئىككى مېھمىنى بىلەن قوشۇپ جەمئىي يىگىرمە تۆت ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلار تۇرغان ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەنىدى. ئاپاق خوجا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆزىگە سادىق ئىشلەپ كېلىۋاتقان ساقىلاخۇننى ئۆلۈشتىن ئۈچ يىل بۇرۇن، خەلپىلەرنى تەربىيىلەيدىغان ۋە «ئىشقىيە» سۈلۈكىنى ② تارقىتىدىغان مۇرشىت قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئۇنىڭدىن تەربىيىلىنىپ چىققان خەلپىلەر بېشىغا ئاق پۆپۈكلۈك كۇلاھ، ئۈستىگە ئاق جىيەكلىك جەندە كىيىپ، قولىغا ئاق ساپلىق ساپايى تۇتقان

① جۇڭغارلارنى قەشقەرىيىدىن قوغلاپ، ئوتتۇز مىڭ ئادىمىنى ئەسىرگە ئالغان بۇ خان بەزى مەنبەلەردە ئاپاق خوجا تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن دېيىلىدۇ.

② سۈلۈك ـــ يول، مەسلەك، ئېقىم.

بىر نەچچە سوپىلارنى ئەگەشتۈرۈپ ، ئۆيىقى تۇرپان ، بۇ يېقى ئىلى ، يەتتە سۇ تەۋەسىدىكى خانىقا ـ مەسچىتلەردە ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلىيالىقى ، مۇھەممەت پەيغەمبەر بىلەن ئوخشاشلىقى ، پەيغەمبەرگە ئاللادىن قانداق ۋەھيي كەلسە ، بۇ كىشىگىمۇ شۇنداق ۋەھيي كېلىدىغانلىقى ، ھەتتا پەيغەمبەر ھىدا غارىدا ① خۇدا بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا ئاپاق خوجىنىڭ روھىمۇ پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئاللانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلىقى ھەققىدە تەشۋىقات يۈرگۈزەتتى ...

ساقىلاخۇننىڭ مۇنداق ئىشلىرىنى بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئېرەن قابۇرغىدا تۇرۇۋاتقان ئەخمەت خوجىنىڭ باللىرىغا تەلىم بېرىۋاتقىنىدىن خەۋەردار دانىيال خوجىنىڭ بۇ ئادەمنى كۆرۈشكە كۆزى يوق ئىدى . بىراق ، ئۇنىڭ ئىككى ـ ئۈچ كۈن يول مېڭىپ شۇنچە يىراق يەردىن كەلگىنىنى ھېسابقا ئالدىمۇ ياكى دۇردۇن ئاغچىنىڭ يۈز ـ خاتىرىنى قىلدىمۇ ، ئىشقىلىپ ، ياقۇپ خوجىغا باشلاپ كىرىشنى تاپشۇردى .

— ئۆزلىرى بىلەن مۇلاقەتتە بولۇشنى خېلىدىن بۇيان ئويلاپ يۈرەتتىم ، — دەپ سۆز باشلىدى ساقىلاخۇن پاتىھەدىن كېيىن ئۇچلۇق ساقىلىنى سىيپاپ تۇرۇپ ، — ھالا ، بۈگۈن ۋاقتى ـ سائىتى كەپتۇ . جانابىي خۇنتەيجى ھەزرەتلىرى ئىنئام قىلغان يۇقىرى مەرتىۋىلىرىگە مۇبارەك بولغاي ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەخمەت خوجام جانابلىرىمۇ ناھايىتى خۇرسەن بولدى .

دانىيال خوجا تەشەككۇر بىلدۈردى .

— مېنىڭ ئۆزلىرىنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ ، ئەخمەت خوجام جانابلىرى : « دانىيال خوجامنى مېنىڭ نامىمدىنمۇ مۇبارەكلەپ قويسىلا . زىققى كېسىلىم قوزغىلىپ قالمىغان بولسا ، مەنمۇ سىلى بىلەن بىللە بارغان بولاتتىم » دەپ ئۆزرە ئېيتتى ۋە ئۆزلىرىگە مۇنۇ نامىنى

① ھىدا غارى — مەككە شەھىرىگە يېقىن تاغدىكى غار .

ئەۋەتتى، — ساقىلاخۇن ئاقۇچ پەشمەتنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن لىپاپىغا سېلىنغان خەتنى ئېلىپ سۇندى.

دانىيال خوجا لىپاپىنى ئېچىپ، ئالقاندەك قەغەزگە يېزىلغان خەتنى ئوقۇدى:

«ھۆرمەتلىك دانىيال خوجامغا يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، چىۋاڭ رابدان خۇنتەيجى ئىنئام قىلغان ئالىي رۇتبىلىرى ① مۇبارەك بولغاي. كىچىك زەئىپىڭىز بىلەن ئوغلىڭىزنىڭ ئۆز ھامىيلىقىڭىزغا ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىسيار ② خۇرسەن بولدۇم. سۈگرە سۆزۈم شۇلكى، بۇ جۇڭغارلارنىڭ قولىدا ئىقامەتتە ③ تۇرۇپ شۇ نەرسىنى چۈشەندىمكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ نادانلىقلىرىنى تەكرارلىغان ئادەملەرنىڭ ئىستىقبالى ھېچقاچان ياخشى بولمايدىكەن. دىيارىمىزنىڭ خانلىق تەختى جانابىڭىزغا نېسىپ بولغان بۈگۈنكى كۈندە تەپرىقىچىلىككە يول قويمىسىلا ئىكەن.

نامە تامام. ئەخمەت خوجا»

خەتتىكى سۆزلەر دانىيال خوجىنى سەل ئويلاندۇرۇپ قويدى. لېكىن، بۇنى بىلىندۇرمەي ساقىلاخۇنغا ئىلتىپات بىلدۈردى.

— قېنى، ئازادە ئولتۇرسىلا، ئەخمەت خوجام جانابلىرىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ساق - سالامەتتۇر؟

— ئەلھەمدۇلىللا، ئۇ كىشى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئايى بەرىكەتىدە ساق - سالامەت تۇردى.

بىر - بىرى بىلەن ئوت بىلەن سۇدەك كېلىشەلمەيدىغان بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا بىردەم ئىلى تەۋەسىنىڭ يەر شارائىتى، ساپ ھاۋاسى، بىردەم قەشقەرىيە تەرەپتە ئۆسىدىغان ئەنجۈر، ئانارغا ئوخشاش مېۋىلەر-

---

① رۇتبى — دەرىجە، مەنسەپ.
② بىسيار — كۆپ، نۇرغۇن، ناھايىتى.
③ ئىقامەت — تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان.

نىڭ بۇ تەرەپلەردە پىشمايدىغانلىقى توغرۇلۇق گەپ ـ سۆزلەر بولدى . ساقىلاخۇن داستىخانغا دۇئا قىلدى ۋە ئورنىدىن قوزغىلىپ ، دانىيال خوجىنىڭ سەپىرىنىڭ ئوڭ ۋە بەخەتەر بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى .

ئۆز نۆۋىتىدە دانىيال خوجىمۇ ساقىلاخۇننىڭ شۇنچە يىراق يەردىن يوقلاپ كەلگىنىگە مىننەتدار بولغانلىقىنى ئىزهار قىلىپ ، ئەخمەت خوجامغا سالام ئېيتىشىنى ، ئۇنىڭ زىنقى كېسىلىگە ئاللاتائالانىڭ شىپالىق بېرىشىنى تىلىدى . ئەمما ، ساقىلاخۇن هويلىدىن چىقىشى بىلەنلا : « بايىقى خەتتىكى سۆزلەر راستتىنلا ئەخمەت خوجامنىڭ يۈرىكىدىن چىققانمىدۇ ؟ ياكى مۇنۇ ساقىلاخۇن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، بىز بىلەن مادارا قىلىش ئۈچۈن يازغانمىدۇ ؟ » دەپ ئويلىدى .

※ ※ ※

دانىيال خوجا قەشقەرىيىنىڭ خانى بولۇپ تەيىنلەنگىنىدە ، ئۆزىنى كىشەندىن قۇتۇلغان ئاتتەك ياكى تۆمۈر قەپەستىن بوشىغان قۇشتەك هېس قىلىپ خۇشال بولغانىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقى ئۇزۇن كۈنگىمۇ يەتمىدى . ئۇ هازىر يەنە مۇشۇ ئورنىدىن قولتۇقىدىكى تاۋۇزى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن كىچىك بالىدەك مەيۈسلىنىپ تالاغا چىقتى . بايا ئۇ قەشقەرىيىگە مېڭىش ئالدىدا خۇنتەيجىگە يولۇقۇپ ، يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتقاچ ، گەپ ـ سۆزلىرى بولسا ئاڭلىماق نىيىتىدە ئوردىغا كىرىشۈپىدى . چېۋاڭ رابدان دەرهال قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭغا بۇ يىل كۈزگىچە قىلىدىغان بەزىبىر مۇھىم خىزمەتلەرنى تاپشۇردى . ئاندىن :

ـــ خوجا يەنە باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن ، بۇرۇندىن كېلىۋاتقان ئەنئەنىمىز بويىچە ، خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن مەشەدە قالىدۇ ، ـــ دېدى .

هازىر دانىيال خوجىنىڭ كەيپىياتى شۇنچىلىك ناچار ئىدىكى، ئوردا ئالدىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن جۇڭغار ئەمەلدارلىرىغىمۇ، سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇرغىمۇ پەرۋا قىلماي، خۇددى يەرگە سانجىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ئىچىدە: «بۇ رەھىمسىز خۇنتەيجى نە ۋاقتا پۇت ـ قولۇمنى بوشاتقىنى بىلەن، بېشىمغا نوختا سېلىشنى بۇگۈنگە قالدۇرغانىكەن ـ دە» دەپ ئاچچىق پىچىرلىدى.

ئۇنىڭغىچە ئوردا ئىچىدىن چىققان موللا ئىبراھىم مەشھۇر ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا چوقچىيىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ يېنىغا كەلدى ـ دە:

ـــ تېخىچە تۇرۇپتىلىغۇ، خوجام؟ ـــ دېدى ھەيران بولۇپ، ـــ يۇرسىلە، ئۇستىياشلىرىمۇ ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ.

دانىيال خوجا پەقەت شۇ چاغدىلا يامغۇر يېغىپ، كىيىملىرىنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ موللا ئىبراھىم مەشھۇر بىلەن بىللە چۈشكەن ئۆيى تەرەپكە كېتىۋېتىپ:

ـــ ئادەملەر پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قۇشنىڭ قەيەرگە قونىدىغانلىقىنى بىلمىگەندەك، بۇ ھۆكۈمدارنىڭ بېشىدا قانداق ئوي، قورسىقىدا قانداق شۇملۇقنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدىكەن ـ دە، ـــ دېدى ھەسرەت بىلەن.

ـــ سىياسەت دېگەندە، خوجام، ھەر تۈرلۈك ئېگىز ـ پەسلىكلەر، كەڭچىلىكلەر بىلەن تارچىلىقلار بولۇپ تۇرىدىكەن ـ دە، ـــ دېدى ئىبراھىم مەشھۇر دانىيال خوجىنىڭ پەرىشان ھالىغا تەسەللى بېرىپ ۋە خۇنتەيجىنىڭ: «خوجىغا ئېيتقىن، مەن ئۇنىڭ ئوغلىنى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ ئاغزىنى يېپىش ئۈچۈنلا ئېلىپ قالدىم. ئۇ بالا بۇ يەردە نويانلارنىڭ بالىلىرىدەك ئەركىن يۈرىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى يەتكۈزدى.

ئۇلار ئاتلىرىنى باغلىغان كەرمىگە كەلگەندە، دانىيال خوجا ئېيتـ

نىڭ چۇلۋۇرىنى يەشمەك بولۇۋىدى، ئىبراھىم مەشھۇر چاققانلىق بىلەن بۇ ئىشنى بەجا كەلتۈرۈپ، خوجىنى يۆلەپ ئېتىغا مىنگۈزدى.

يامغۇر ئىنتىكلەپ قالغانىدى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەيتتى.

— پادىشاھ دېگەننىڭ مىڭ تۈرلۈك ھىيلىسى بولىدىكەن ـ دە، خوجام، — دېدى ئىبراھىم مەشھۇر، — بۈگۈن ئۇنىڭ بىر تۈرىنى ئىشلەتسە، ئەتە يەنە بىر تۈرىنى ئىشلىتىدىكەن، بۇ ھەقتە ھېچكىمگىمۇ تىنىپ قويمايدىكەن.

« بۇ گەپلەرنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار ؟ دەپ ئويلىدى دانىيال خوجا موللا ئىبراھىم مەشھۇردىن رەنجىگەن ھالدا، ماڭا بۇ جۇڭغار خانىنىڭ ھىيلىسى ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ كۆڭۈل ئارامى كېرەك ».

— بايا سىلى كېلىشتىن بالدۇر ئاڭلاپ قالدىم، چىن پادىشاھى ئۆتكەن ئايدىلا بۇلارنىڭ قولىدىن تىبەتنى تارتىۋاپتۇ...

ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبار قىلمىغان دانىيال خوجا:

— سىلى قانداق ئويلايدىلا، موللا ئىبراھىم، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتكەل بەرمەيدىغان داۋانلار بىلەن ئۇچۇپ ئۆتكىلى بولمايدىغان يارلىقلار تولا ئۇچرىشىدۇ ؟ — دېدى ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەي سۆزىنى داۋام قىلدى، — خۇنتەيجىنىڭ بايىقى سۆزلىرىدىن شۇنى چۈشەندىمكى، بۇلار مېنى قەشقەرىيىگە خان قىلىپ بەلگىلەپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرى چالغان نەغمىگە ئۇسسۇل ئويناتماقچىكەن، ئوغلۇمنى گۆرۈگە ئېلىپ قېلىشى شۇنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ ؟ خەيرىيەت، بۇ دۇنيادا پېشانىسىگە يېزىلغان قىسمەتتىن قۇتۇلغان بەندە بولغان ئەمەس، تەقدىرگە تەن بەرمەي ئىلاج يوق. ياقۇپ خوجام

ئاۋۋال رەببىمىز ئاللاتائالاغا، ئاندىن ئۆزلىرىگە ئامانەت.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، خوجام. كۈچلۈكلەرنىڭ رايىغا بېقىش، ب ئاۋۋال - ئاخىر ئىنسانلار ھاياتىنىڭ قانۇنى بولۇپ كەلگەن. چۈنكى، ھۆكۈمرانلارنىڭ تومۇرىدا ھالال قان، ۋۇجۇدىدا ئىنساپ - تەۋپىق دېگەن نەرسە بولمايدىكەن. شۇڭا، بۇرۇن ئۆتكەن ئەللامىلەر ئاجىزلار كۈچلىنىۋالغۇچە، زوراۋانلار بىلەن مادارا قىلىشنى دانالىقنىڭ بەلگىسى دېگەن.

شۇ كۈنى، دانىيال خوجىنىڭ قەشقەرىيىگە ماڭغان كۆچى يامغۇر توختىشى بىلەنلا يولغا چىقتى. ئۇلارنى موللا ئىبراھىم مەشھۇر، ياقۇپ خوجا ۋە داندارلار شۇتا دېگەن تاغ ئېغىزىغىچە ئۇزىتىپ باردى.

# ئىككىنچى قىسىم

## بىرىنچى باب

خۇشاللىقىغا قارىغاندا، غەم ـ ئەندىشىسى بىلەن قايغۇ ـ ھەسرىتى كۆپ يەكەن شەھىرى، ئەتراپىدىكى قىڭغىر ـ قىيسىق يوللاردا ھەر كۈنى توپا توزىتىپ كېلىدىغان مىڭلاپ ئادەملەرگە ــ دېھقانلار بىلەن كاسىپلار، ئوتۇنچىلار بىلەن باققاللار ۋە سوپى ـ دەرۋىشلەرگە ئانچىلا ئېتىبار قىلمايتتى.

لېكىن، تۈنۈگۈن كەچتە يېتىپ كەلگەن خەۋەر شەھەردىكى، شەھەر ئىچى تۇرماق ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرگىمۇ، مەسچىتلەرنىڭ قۇتبىسىدىن جامائەتكە مەلۇم قىلىنىپ يېتىپ باردى ۋە يەكەن خەلقىنى تەۋرىتىۋەتكەندەك بولدى.

ــ ھەزرىتى دانىيال خوجام جانابلىرىنىڭ دىيارىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىشى ئاللاتائالانىڭ بىز مۆمىن بەندىلەرگە قىلغان شاپائىتىدۇر. ئاپاق خوجا تەرىپىدىن خانۇ ۋەيران قىلىنغان خاندانلىقىمىزنىڭ قايتا تىكلىنىشىدۇر. ئەھلى جامائەت! ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قالماقلارنىڭ قولىدا رىيازەت چەككەن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ زۇلمەتتىن پارىغ ① بولۇپ، دىنى ئىسلامنىڭ زىياسىنى چېچىش ئۈچۈن شەھىرىمىزگە كېلىۋاتقان بۇ زاتنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپ ئېلىش بارچىمىزنىڭ بۇرچىدۇر...

بۇ خەۋەر بولۇپمۇ قارا تاغلىق خوجىلار بىلەن ئۇلارنىڭ سۆلۈكىنى

① پارىغ ــ ئازاد بولۇش، قۇتۇلۇش.

ياقلايدىغان ئادەملەرگە، خۇددى دۇنيادىكى يامانلىقنى تۈگىتىپ تىنچ،
پاراۋان دۇنيا يارىتىدىغان مەھدى ① كېلىۋاتقاندەك تەسىر قىلدى. ئۇلار
تونۇش ـ بىلىشلىرىنى دانىيال خوجىنىڭ يەكەنگە كېلىۋاتقىنى بىلەن
مۇبارەكلىشەتتى، چىرايلىرىدا تەبەسسۇم ئوينايتتى. بەزىلىرى خۇشالل-
قىدىن، بەزىلىرى ياراتقان ئاللانىڭ بۇ شاپائىتىدىن تەسىرلىنىپ كۆز ـ
ياش قىلسا، يەنە بەزىلىرى ياراتقان ئاللانىڭ بۇكەرىمەھۇللا ② پىر دەپ
ئاتالغان خوجىنىڭ چاپىنى بىلەن پۇتىدىكى مەسسىگە قونغان توپا ـ
چاڭنى تەۋەررۇك ئورنىدا كۆزىگە سۈرتۈپ تاۋاپ قىلىشنى كۆڭۈللىرىگە
پۈكۈشەتتى.
قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ بۇ خۇشاللىقى باشقا ئادەملەرگىمۇ تەسىر
قىلدى. ئەللىك يىلغا يېقىن جۇڭغارلار بىلەن ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ
تەرەپدارلىرى بولغان ئاق تاغلىق سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ دەردىنى تارتىپ
كەلگەن خەلقمۇ، دانىيال خوجىنىڭ قەشقەرىيىگە خان بولۇپ كەلگىنىگە
قارا تاغلىق خوجىلاردىن كەم خۇشال بولمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارى-
سىدا قارا تاغلىق سوپىلارنىڭ: «سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى
ۋە قالماقلار بىلەن ئاپاق خوجىغا قارشى ئۇرۇشقان مەرھۇم ئىسمايىلخان
بىلەن مۇھەممەت ئىمىنخانلار پىر تۇتۇپ قول بەرگەن ھەزرىتى دانىيال
خوجىنىڭ قالماقلار قولىدا يەتتە يىل رىيازەت چېكىپ قايتىپ كېلىشى
ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئىلتىپاتىدۇر، تائەت ـ ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ئاللا تەرىپىدىن
قوبۇل قىلىنغىنىدۇر. ئەمدى ئۇ كىشىنىڭ غەمخورلۇقىدا قالماقلار بىلەن
ئاق تاغلىقلارنىڭ جەبىر ـ زۇلۇملىرىدىن، تەھدىتلىرىدىن خالاس بولى-
مىز» دېگەن تەشۋىقاتلىرى شەھەر كوچىلىرىدا ياڭراپ كەتتى.

① مەھدى ــ شىئە مەزھىپىدىكى ئون ئىككى ئىمامنىڭ بىرى، 892 ـ يىلى ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتكەن، شىئەلەر بۇ ئىمامنى ئاخىر زامان بولغاندا يەنە پەيدا بولىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ.
② كەرىمەھۇللا ــ ئۇلۇغ.

شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپلا بىر قولىغا سۈپۈرگە، بىر قولىغا چېلەك تۇتقان ئادەملەر كوچىلارغا سۇ چېچىپ تازىلاشقا باشلىدى. كۆپلىگەن ئادەملەر دانىيال خوجىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىقىشتى. چۈش مەھەللىگىچە ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەنلىكتىن خالايىقنىڭ بىر قىسمى پېشىن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىتلەرگە يول ئېلىشتى، بىر قىسمى يول ياقىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ سايىسىگە چاپانلىرىنى يېيىپ ناماز پېشىننى ئوقۇدى. بىر چاغدا ئۇلارنىڭ كۆزىگە يولنىڭ توپىسىنى توزۇتۇپ كېلىۋاتقان بىر نەچچە ئاتلىق ئادەم كۆرۈندى. كۈتۈپ تۇرۇشقانلار:

— خوجاملار كېلىۋاتىدۇ! — دەپ چۇرقىرىشىپ يول قاسنىقىغا كېلىشتى.

ئارىدىن ئانچە ئۆتمەي بايىقى ئاتلىق ئادەملەرمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئابدۇللا باقاۋۇل باشلىق ئادەملەر ئىكەن. بۇلارنى كۆرۈپ ئەتىگەندىن بېرى دانىيال خوجىنى كۈتۈۋاتقان ئادەملەر لاسسىدا بولۇپ قالدى.

— خوجام ھەزرەتلىرىنى كۈتۈۋاتامسىلەر؟ — دەپ سورىدى باقاۋۇل سالام - سائەتتىن كېيىن.

— شۇنداق، ئۆزلىرىنىڭ ئۇ زاتى ئالىيلىرىدىن خەۋەرلىرى بارمۇ؟ — دەپ سوراشتى كىشىلەر.

— خەۋىرىم بولمامدىغان، ئۇ كىشى بىلەن تاغارچىغىچە ھەمسەپەر بولۇپ كەلدىم، ئۇلار يولدا بىر ئاز تەخىر قىلىدىغان بولۇپ، ماڭا رۇخسەت قىلدى.

شۇ چاغدا يول ياقىسىدا تۇرغان ئادەملەرنىڭ بىرسى ئابدۇللا باقاۋۇلنىڭ سول تەرىپىدىكى جەدە ئاتقا مىنگەن جۇڭغار لەشكىرىنىڭ

تىزگىنىگە ئېسىلىپ :

ــ ئاتتىن چۈشسىلە، بېگىم ! ئات لازىم بولسا ئۆزلىرىنى چىللاپ كەلگەن ئاپاق خوجىنىڭ پۇشتىدىن ئات ئېلىپ مىنسىلە، ــ دېدى ۋە جوڭغار لەشكىرىنىڭ نارازىلىقىغا پەرۋا قىلماي، ياقىسىدىن تارتىپ يەرگە چۈشۈرمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇمۇ بوش كەلمىدى :

ــ مانا ساڭا ئات ! ــ دېگىنىچە ياقىسىغا ئېسىلغان ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە قامچا بىلەن بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. بايىقى ئادەمنىڭ جەھلى چىقىپ :

ــ تېخى شۇنداقمۇ ؟ « مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك » دېگەن مۇشۇ ـ دە، بېگىم. بىراق، سىلى ئۇرۇشنى بىلمەيدىكەنلا، ــ دەپ جەدە ئاتلىق جوڭغارنى ئاتتىن تارتىپ يەرگە چۈشۈردى ۋە خەقلەرنىڭ ئاجراتقىنىغا قارىماي بىر نەچچە مۇشت ئۇرۇۋەتتى. جوڭغار لەشكىرىنىڭ ئېغىز ـ بۇرنى قاناپ كەتتى.

بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋالدىن نارازى بولغان باقاۋۇل :

ــ ھەي، ئۇكام، ــ دېدى جەدە ئاتنىڭ ئىگەر ـ توقۇمىنى يېشىۋاتقان بايىقى ئادەمگە، ــ « يولۋاسنىڭ بېشىدىن پىت ئىزدىمە » دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ سەن ؟ بۇنى ئۇرۇشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ ؟ بۇلاردىن ئالىدىغان قىساسىڭ بولسا، دانىيال خوجام كەلگۈچە سەۋر قىلىپ تۇرساڭ بولمامدۇ ؟

ــ شۇنى دېسىلە، بۇ ئادەم سەۋر ـ تاقەت قىلىشنىڭ ساۋابلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ، ــ دەپ سۆز قىستۇردى بىرسى.

مېنىڭ مۇشۇ چاغقىچە سەۋر ـ تاقەت قىلغىنىممۇ يېتەر، ــ دېدى بايىقى ئادەم، ئاندىن ئەتراپىغا قاراپ، ــ ھەي، تاھىر چوڭ ! ــ دەپ

بىر سىنى چاقىردى ـ دە ، باقاۋۇلغا مۇراجىئەت قىلدى ، ــ ماڭا ئىشەنمىسىلە ، مانا ماۋۇ تاھىر چوڭدىن سورىسىلا . ئۆتكەن جۈمە كۈنى مۇشۇ خۇنپەر يەنە بىر ئادىمى بىلەن خامانغا كېلىپ ، ماۋۇ جەدە يورغىنى بۇلاپ كەتكەنىدى . ئۇنى ئاز دەپ ئىككىسى بىر بولۇپ ، ھوشۇمدىن كەتكۈچە دۇمبالىغانىدى . راستمۇ ، تاھىر چوڭ ؟

ــ سابىر نوگاينىڭ دېگەنلىرى بىردىنبىر راست ، باقاۋۇل جانابلىرى ، بۇلارنى ئاجرىتىمەن دەپ مەنمۇ بىر مۇنچە نېسى تاياق يېگەن ، ــ دېدى تاھىر چوڭ .

ــ ئاڭلىدىلىمۇ ؟ ــ سابىر نوگاي دېگەن ئادەم تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى ، ــ بىكاردىن ـ بىكار ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ئەخمەق ئەمەسمەن . قولۇمدىن بىر يۇرتقا بەگ بولۇش كەلمىسىمۇ ، ئۆزۈمنى بوزەك قىلغان ئادەمدىن ئۆچ ئېلىش كېلىدۇ . خۇدايىمنىڭ مۇشۇنداق بىر ياخشى كۈنىدە بۇ بۇلاڭچىنىڭ ئۇچراپ قالغىنىنى قارىسىلا . ھەم ئۆچۈمنى ، ھەم جەدە يورغامنى ئېلىۋالدىم .

ئابدۇللا باقاۋۇل ئۇچىسىغا كىرلىشىپ قالغان ئاق يەكتەك كىيگەن ، ئىشتىنىنىڭ بىر پۇچقىقى تىزىغىچە كۆتۈرۈلۈپ قالغان سابىر نوگايغا قاراپ :

ــ بىر ھېسابتا توغرىمۇ ئىش قىلدىلا . بىراق ، يولدا ئۇچرىغان بىر يىلاننى ئۇرغان بىلەن ئۇنىڭ ئوردىسىدىكىلەر تۈگىمەيدۇ ـ دە ، ــ دېدى ۋە سابىر نوگاينىڭ مۇشتىدىن تېخىچە ئېسىنى يىغالماي تۇرغان جۇڭغارغا كۆز يۈگۈرتۈپ ، ــ ئەمدى قانداق قىلىمىز سابىر ئاخۇن ؟ ــ دېدى .

ــ نېمىنى قانداق قىلىمىز دەيدىلا ؟ ــ سابىر نوگاي ئۇچىسىغا مەخمەل پەرىجە كىيگەن ، شاپ بۇرۇتلۇق باقاۋۇلغا ئەيمىنىپ قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، ــ ئەمدى تەخسىر ، ئۆزلىرىدىن ئاشىدىغان ئەقىل

بىزدە يوق، ئۆزلىرى بىر نەرسە دېسىلە.

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى. بىز ماۋۇ ئاتلارنىڭ ئۈستىدىكى يۈك-لەرنىڭ بىر-سىنى سىلىنىڭ ئاتلىرىغا ئارتىپ ئوردىغا يەتكۈزۈۋالايلى. سىلى بىز بىلەن بىللە بارسىلا، ئۇ يەردىن ئاتلىرىنى ئېلىپ ئۆيلىرىگە قايتسىلا. ماۋۇ قالماق لەشكىرى يۈكتىن بوشىغان ئاتقا مىنىپ بارار جايىغا بېرىۋالسۇن، قانداق دېدىم؟

— تولا ئوبدان.

باقاۋۇلنىڭ بىر نۆكىرى دەرھال يەنە بىر ئاتنىڭ يۈكىنى چۈشۈ-رۈپ جەدە يورغىنىڭ ئۈستىگە ئارتتى ۋە يۈكتىن بوشىغان ئاتقا ئىگەر توقۇپ جوڭغار لەشكىرىگە بەردى. ئەتراپىغا چۆمۈلىدەك ئولىشىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئامان قالىدىغىنىغا ئىشەنمىگەن جوڭغار لەشكىرى ئابدۇللا باقاۋۇلغا رەھمەت ئېيتىپ ئاتقا مىندى.

— سەنچۇ، ناجى ①؟ — دېدى باقاۋۇل ئۇنىڭغا، — ھازىر خۇن-تەيجى جانابلىرىنىڭ ئوردىسىدا ئەمەس، باشقا خەقلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋاتقىنىڭنى ئۇنتۇما، جۇمۇ؟ بۇ خەقلەرنىڭ غەزىپى كەلسە، چاشقان-نىڭ تۆشۈكىنى مىڭ تىللاغا ئېلىپ مۆكۈۋالساڭمۇ قۇتۇلالمايسەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ قېلىشتى.

— ئەمىسە، تۇغقانلار، — دېدى باقاۋۇل يىغىلىپ تۇرغان ئادەملەرگە قاراپ، — كۈننىڭ ئىسسىقىدا تەرلەپ بۇ يەردە تۇرۇۋەرمەي قايتىپ كېتىڭلار. خوجام ھەزرەتلىرى كەلسىمۇ، كېچىنىڭ نىسپىدا ئاران كېلەر. ئېمىشقا دېسەڭلار، سىلەرگە ئوخشاش خوجامنىڭ ئالدىغا چىققان شەھەر مۆتىۋەرلىرى بىلەن ئوردا ئەمەلدارلىرى ئەمدىلەتىن ئۇ كىشى بىلەن دىدارلاشتى.

---

① ناجى — ئاداش، ئاغىنە.

※ ※ ※

ئەسەت ( ئىيۇل ) ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولغاچقا، كۈننىڭ ئىسسىقى ئىنتايىن كۈچىيىپ كەتكەنىدى. بۇنداق چاغلاردا ھەتتا ئۇ شەھەردىن بۇ شەھەرگە ماڭغان سودا كارۋانلىرىمۇ كۈندۈزى كۈننىڭ ئىسسىقى يانغۇچە بىر نەچچە سائەت سالقىن جايلاردا سەگىدەپ، ئاندىن يولغا چىقىدۇ. لېكىن، يۇرۇشلۇق ئاتلارغا مىنگەن دانىيال خوجىلار يۈرتىغا تېزرەك يېتىش ئۈچۈن ئالدىرايتتى. كۈننىڭ ئىسسىقىغا پەرۋا قىلماي، ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان تاغارچى دېگەن مەھەللىدىن ئۆتۈپ، يەكەنگە ئىككى پەرسا يول قالغاندا، بايان ئاغچىنىڭ هارارىتى كۆتۈرۈلۈپ، ئىلاجسىز توختاشقا مەجبۇر بولدى. شۇ چاغدا قارشى ئېلىش ئۈچۈن يەكەندىن چىققان بىر قانچە ئادەملەرمۇ يېتىپ كەلدى. بۇلار دانىيال خوجىدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى خۇتەنىيجى ئوردىسىدىن قايتقان مەۋلانە ھەزرەت، خوتەن ھاكىمى غازىبەگ، يەكەن ھاكىمى نىيازبەگ، ھوشۇر قازى ۋە مۇشۇ باھانىدە دانىيال خوجىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى ياكى ئەتە ـ ئۆگۈن بىرەر ئەمەلگە ئىگە بولۇشنى ۋەياكى نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى پۈتتۈرەلمەي يۈرگەن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا دانىيال خوجىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئابدۇقادىر مۇپتىغا ئوخشاش باشقا ئادەملەرمۇ بار ئىدى.

بۇلار دانىيال خوجا بىلەن ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھالدا سالام ـ سائەت قىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سورىشىۋاتقاندا، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن خىزمەتچىلەر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى باراقسان دەرەخلەرنىڭ سايىسىگە كىگىز ـ گىلەملەرنى يېيىپ،

كۆرپە ... راسلاشتى. ئۇنىڭ بىرسىگە دا-نىيال خوجا باشلىق تەرەر، ئىككىنچىسىگە دۇردۇن ئاغچا باشلىق ئاياللار تەكلىپ قىلىندى.

شۇ ئارىدا چاقىلىرى ئېگىز، ئۈستىدە كۆك تاۋاردىن پۆپۈكلۈك سايىۋىنى بار مەپىلەرمۇ يېتىپ كەلدى. بىرىنچى مەپىدىن شەھەر ھاكىمى نىيازبەگنىڭ ئايالى مەھرىمى بىلەن، يەنە بىر مەپىدىن مەۋلانە ھەزرەت بىلەن ئابدۇقادىر مۇپتىنىڭ ئايالى چۈشۈشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېتەك - يەڭلىرىگە زەرلىك چىلتەكلەر تۇتۇلغان ئۇزۇن ئاق پەرەنجىلەرنى ئارتىپ، يۈزلىرىنى چۆرىسىدە قىزىل جىيەكى بار چۈمبەل بىلەن تۇسۇۋالغانىدى. ئۈچىنچى مەپىدە مەپىكەشتىن باشقا كىشى يوق ئىدى. خىزمەتچىلەر بۇ مەپىدىن ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ، پاخالغا ئوراپ سېلىنغان بىر نەچچە سېۋەت مېۋە بىلەن قوغۇن - تاۋۇزلارنى چۈشۈردى. ئالدى ئوچۇق ئاق يەكتىكىدىن تۈكلۈك مەيدىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان، پۇتىسىغا غىلاپلىق پىچاق ئېسىۋالغان خىزمەتچى سېمىز پاقالىنى دانىيال خوجىنىڭ ئالدىغا يېتىلەپ كەلدى.

— ئامىن! — دېدى دانىيال خوجا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ. خوجىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ئەللىك قەدەمچە نېرىدا ئولتۇرغان ئاياللارمۇ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

داستىخانلارغا مېۋە - چېۋىلەر، دىت بىلەن تىلىنغان قوغۇن - تاۋۇزلار، ئۈستىگە زىما سۈركەپ پىشۇرۇلغان يۇمشاق نانلار كەلتۈرۈلدى.

خىزمەتچىلەر ئوت يېقىپ قازان ئاستى، بەزىلىرى چوغ چۈشۈرۈشكە باشلىدى.

— ئۆزلىرى يوق چاغدا ئىچى - قارنىمىز بەئەينى ئاتەش يۇتۇۋال-غاندەك ئۆرتىنىپ كېتىۋىدى، — دەپ سۆز باشلىدى مەۋلانە ھەزرەت، —

ئىنشائاللا ، خۇدايىتائالانىڭ رەھمىتى بىلەن بۇ كۆڭلەرگىمۇ مۇيەسسەر بولدۇق .

— ئەلۋەتتە ، شۇنداق ، — ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى ئابدۇقادىر مۇپتى ، — خوجام ھەزرەتلىرىنىڭ خاندانلىقىمىزنىڭ تەختىگە مۇشەررەپ بولۇشى ئەھلى ئىسلامنىڭ رەۋناقىدۇر .

— ئۆزلىرىسىز ئۆتكەن بۇ يەتتە يىلدا ، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى نىياز بەگ ، — بەئەينى پاسىبانىدىن ئايرىلغان يېتىم باللاردەك مىسكىنلىشىپ كېتىۋىدۇق . ياراتقان ئاللاغا مىڭ قەتلە شۈكۈر . ئۆزلىرىگە يەنە قايتىدىن مۇيەسسەر بولدۇق .

ئۆز شەنىگە ئېيتىلغان بۇ گەپلەردىن ئوڭايسىزلانغان دانىيال خوجا :

— ئۆزلىرىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى ئوبدان كېتىۋاتامدۇ ؟ — دەپ مۇراجىئەت قىلدى خوتەن ھاكىمى غازىبەگكە .

— قەدىر ئەھۋال ، خوجام ، — دېدى غازىبەگ قولىدىكى قوغۇن تىلىمىنى داستىخانغا قويۇپ ، — كۆپ چاغلاردا بىزنىڭ ھاكىملىقىمىزدىن جۇڭغارلارنىڭ « ماقۇل » ، « ياق » دېگىنى ئۈستۈنلۈك قىلىدۇ .

— ئەينى ھەقىقەت ، — ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى ئابدۇقادىر مۇپتى ، — بەزى ناكەس ئادەملەر شەرىئىتىمىزنىڭ ھۆكمى بويىچە چىقارغان پەتىۋالىرىمىزنى مشۇرەت ① بېرىپ كۈچىدىن قالدۇرماقتا .

كېيىنكى ۋاقىتلاردا تىجارىتى يۈرۈشۈپ ، نەچچە ساي تولغۇدەك چارۋا ۋە بىر نەچچە شەھەرلەردە دۇكان ئېچىپ ئۈلگۈرگەن ھوشۇر قازى ئارىدا بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرگە ئارىلاشماي ، يېرىم قوغۇننى كاسا قىلىپ يەۋاتاتتى . ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى ياقتۇرمىغاندەك :

— ھوشۇر باي تازا چاڭقاپ كېتىپتۇ - دە ، — دېدى نىيازبەگ .

① مشۇرەت — پارا .

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاش بىلەن ھوشۇر قازى قولىنى قوغۇندىن تارتىپ :

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزلىرىدەك ھاكىممىز بار ئىدى . بۇ-گۇن بولسا ھەزرىتى خوجام جانابلىرى پۈتۈن قەشقەرىيىگە خان بولۇپ كەلدى . ئەمدى كەمىنىلىرىدەك تۇججارلار كەئبەتۇللادىكى كەپتەرلەردەك خاتىرجەم دانلايمىز - دە ، تەخسىر ، — دېدى .

— ئارى ، راست ، — دەۋەتتى مەۋلانە ھەزرەت .

شۇ ئەسنادا خىزمەتچىلەر دۇمبە جىگەر سېلىنغان تاۋاقلارنى ئەكىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى .

دانىيال خوجا بۇ ئادەملەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىدا ئۆزىگە خاس مۇددىئالارنىڭ بارلىقىنى پەملىدى .

※ ※ ※

يەنە بىر دەرەخنىڭ سايىسىدە ئولتۇرغان ئاياللارمۇ ، دۇردۇن ئاغىچىنىڭ ھارماي - چارچىماي كەلگەنلىكىنى سوراپ ، ئۆزلىرىنى بۇ كۈن-لەرگە يەتكۈزگەن ئاللا تائالاغا شۈكۈر سانالار ئېيتىشتى .

نىياز بەگنىڭ ئاغىچىسى كۆيئوغلى ياقۇپ خوجا بىلەن قىزى ئايشەم ئاغىچىنىڭ جۇڭغارلار قولىدا گۆرۈدە قالغىنىغا ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلدى . بۇنى كۆرۈپ دۇردۇن ئاغىچىمۇ ، مۇپتىنىڭ قۇشناچى بىلەن شەھەر ھاكىمىنىڭ ئاغىچىسىمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى .

— ئەمدى ، سەۋر قىلىشسىلا ، ئاغىچىلىرىم ، — دېدى بۇلاردىن يېشى چوڭ ، ئورۇقىنا كەلگەن قۇشناچىم ، — ھېلىمۇ خۇدايىتائالانىڭ خوجامنى ، دۇردۇن ئاغىچا ۋە باللار بىلەن ساق - سالامەت يۈز كۆرۈش-تۈرگىنىگە شۈكۈر قىلايلى .

— ئۆزلىرى بۇياققا مېڭىشقاندا ئايشەم ئاغىچا قىزىم بويىنىنى قىسىپ قالغاندۇ ، تايىنلىق ، — دېدى نىياز بەگنىڭ ئاغىچىسى يەنە ئۆپكىدەپ .

— ئايشەم ئاغچا ماڭا قارىغاندا سەۋرلىك ئىكەن ، — جاۋاب بەردى دۇردۇن ئاغچا ، — ئۇياق مېنى خاتىرجەم قىلىپ : « ئاپا ، بىزدىن ۋايىم قىلمىسىلا ، ياقۇپ خوجام ئىككىيلەن سىلەرنىڭ ئامان بولۇشۇڭلارنى خۇدادىن تىلەيمىز . ئاپام بىلەن داداملارغا ۋە باشقا قاياشلىرىمىزغا بىزدىن سالام ئېيتسىلا » — دېدى .

بۇلارنىڭ گېپى نىسا بېگىم كېلىشى بىلەن بۆلۈندى . ئۇ يولدىن خېلى نېرىراق ، دۆڭرەك يەرگە تىكىلگەن تۆت تۈۋرۈكلۈك شايى چېدىر ئىچىدىكى بايان ئاغچىنىڭ قېشىدىن كەلگەنىدى .

دۇردۇن ئاغچا ئۆزلىرىنى قارشى ئالغىلى كەلگەن خوتۇنلارنىڭ « كۆندىشى ئاغرىپ قالسا ، غېمىدىمۇ يوق ئولتۇرىدۇ » دەپ غەيۋەتىمنى قىلمىسۇن ، دېگەن ئويغا كېلىپ ، نىسا بېگىم كېلە ـ كەلمەيلا :

— بايان ئاغچىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟ — دەپ سورىدى .

— بايىقىدىن كىچىككىنە ياخشى .

— يۈسۈپ خوجام يېنىدىمۇ ؟

— ھەئە ، شۇ خوجام يېنىدا بولغاچقا بۇياققا كېلەلىدىم .

شۇ ئارىدا نىياز بەگنىڭ ئاغچىسى :

— قۇشناچىم ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسىلەرنى ئوقۇپ ، بايان ئاغچىغا دەم سېلىپ قويسىلىچۇ . قوقاقتىن بولسا پايدا قىلىدۇ ، — دەپ سۆز قىستۇردى .

بۇ تەكلىپ قۇشناچىمنىڭ مۇددىئاسى بولغاچقا :

— شۇنى دېسىلە ، باياتىن بېرى شۇنداق قىلىش يادىمغىمۇ كەلمەپتۇ ، — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى ، ئاندىن ، — يۈرسىلە ، نىسا بېگىم ، — دەپ چېدىر تەرەپكە ماڭدى .

— بۇ قالماق ئاغچىنىڭ ئەركە ئاغرىقى ئەمەستۇر ، قۇدا ؟ — دەپ پىچىرلىدى نىياز بەگنىڭ ئاغچىسى ، — ئۇنداق دېگىنىم ، بايا سەپسىلىپ قارىسام ، دومىلاق يۈزى كۆمۈرنىڭ چوغىدەك تاۋلىنىپ ، قىسىق كۆزلىرى تېخىمۇ خۇمارلىشىپ كېتىپتۇ .

— كىم بىلىدۇ ، دەيدىلا ، — دېدى دۇردۇن ئاغچا ، ئۇ قۇدىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇلاي دېسە ، بۇ گەپنىڭ ئەتىلا يەكەندىكى بەگزادىلەر بىلەن خوجىلارنىڭ خوتۇنلىرىغا تارقىلىپ ، بىر مۇنچە سۆز - چۆچەك بولىدىغىنى يادىغا كېلىپ توختاپ قالدى .

ئۇنىڭ بۇ ھالىنى چۈشەنگەن ئاغچا :

— « تەڭ ئورتاق ئىنىەكتىن ئوگچە موزاي ئەلا » دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ ، خېنىم ؟ — دېدى ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ ، — تۈنۈگۈن مۇسۇلمان بولغان ئۇ قالماق خوتۇن ساقىيىپ قالسا تولا يايرىتىۋەتمەي ، دېدەكلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلغانلىرى ياخشىمىكىن ، قۇدا ؟

دۇردۇن ئاغچا چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋەتتى ۋە : « بۇ خوتۇن توغرا دەۋاتىدۇ » دەپ ئويلىدى . لېكىن ، بۇ ئويىنى تېشىغا چىقارماي :

— ھازىرچىغۇ بايان ئاغچا بىلەن ئىناق تۇرۇۋاتىمىز ، — دەپ قويدى .

ئۇنىڭغىچە بۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەن قۇشناچىم :

— كىچىك ئاغچىنىڭ ھارارىتى سەل يېنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ ، — دېدى ، — خويما تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتىكەن ، ئويغاتمىدىم .

— ئويغاتماي ، نېمە ئانچە ئاياپ كەتتىلە ؟ — دېدى نىياز بەگنىڭ ئاغچىسى .

— ھەي ، ئاغچا ، — دېدى ئۇنىڭ سۆزىنى ياراتمىغان قۇشناچىم ، — نېمە ئۇنداق چېقىپ گەپ قىلىدىلا . ئۇ خېنىمنى بىلالدەك

ئەزەن چاقىرىپ ئويغىتىشنى ① راۋا كۆرمەي، ئاللاتائالادىن شىپالىق بېرىشنى تىلەپ قايتىپ كەلدىم.

قوشناچىنىڭ قايتۇرغان جاۋابى نىياز بەگنىڭ خوتۇنى تۇرماق، دۇردۇن ئاغىچىغىمۇ ياقمىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر نەرسە دەپ ئېتىراز بىلدۈرمىدى.

بۇ چاغدا يەر - جاھانغا نۇر چېچىۋاتقان قۇياش ئۇۋىسىغا يېقىنلىشاي دەپ قالغانىدى. تارىم ئويمانلىقىدىن كېلىۋاتقان چۆل شامىلى كوسىنىڭ ساقىلىدەك ئۇ يەر - بۇ يەردە دىڭگىيىپ ئۆسكەن يۇلغۇنلارنىڭ شاخلىرىنى سىلكىتىپ قوياتتى. دەرەخ سايىسىدە بىر نەچچە سائەت ھەمسۆھبەت بولۇشقان ئەرلەر، ئەمدى ماڭساقمۇ بولار دېيىشىپ، دۇئادىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن قوزغالغاندا، بايان ئاغچىنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ ئويغۇسى قانغان يۈسۈپ خوجا بىلەن ئايۇپ خوجا دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، مېھمانلارغا سالام بەردى.

دانىيال خوجا باللىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، مېھمانلار خۇددى چوڭ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندەك قول بېرىپ، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى سوراشتى. بۇ ئىككى خوجىزادە ئۇلاردا ئىككى خىل تەسىرات قالدۇردى. چوڭى تولىمۇ ياۋاش ۋە مۆمىن كۆرۈندى. كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان كىچىكى تولىمۇ ئەلتەك بىلىندى. خۇددى ئۇلارنىڭ تەسىراتىنى تەستىقلىغاندەك يۈسۈپ خوجا ئاكىسىنى نوقۇپ قويۇۋىدى، ئۇنىڭ رەڭگى ھۆپپىدە قىزىرىپ، بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. باللىرىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىدىغان دانىيال خوجا:

— ماڭا بىر نەرسە ئېيتماقچىمىدىڭىز، بالام؟ — دەپ سورىۋىدى، ئايۇپ خوجا تېخىمۇ بەتتەر قىزىرىپ، قولى بىلەن يۈسۈپ خوجىنى

① ھەدىستە: مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۇخلاپ قالغاندا، ئۇنىڭ بىلال دېگەن مەزىنى ئەزەن ئېيتىپ ئويغىتىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

كۆرسەتتى. دانىيال خوجا ئۇنىڭغا قارىۋىدى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ دىققىتى ئۆزلىرىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى پەملىگەن يۈسۈپ خوجا دادىسىنىڭ قۇلىقىغا:
«ئاپام كۆن ئولتۇرغاندىن كېيىن يولغا چىقساق دەيدۇ» — دېدى.
دانىيال خوجا بۇ ئوغلىنىڭ پەم - پاراسىتىگە قايىل بولۇپ «ماقۇل، بالام» دەپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە، ئايۇپ خوجىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ، ئۇلارنىڭ قايتىشىغا رۇخسەت بەردى.

## ئىككىنچى باب

يەكەن خانلىقىنىڭ توققۇز دەرۋازىلىق ئوردىسى بىر نەچچە كۈنلەرگىچە ئادەملەردىن خالىي بولمىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دانىيال خوجىنىڭ جۇڭغارلار قولىدىن قۇتۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتكۈل قەشقەرىيىگە خان بولغانلىقىنى مۇبارەكلەپ كەلسە، بىر قىسمى ئاق تاغلىق خوجىلار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ جەبىر - زۇلۇمىدىن شىكايەت قىلىپ، ئەرز - دادىنى ئېيتقىلى كېلەتتى. بەزىلىرى ئاپاق خوجا دەۋرىدە تارتتۇرۇپ قويغان تېرىلغۇ يەرلىرى بىلەن باغ - ۋارانلىرىنى تەلەپ قىلىپ ئەرز - ئىلتىماس قىلاتتى.
ئوردىدىكى باقاۋۇللار بىلەن غۇلاملارنىڭ ئىشلىرى كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بامدات نامىزىدىن تارتىپ، تا يېرىم كېچىگىچە تىنىم تاپماي، يەكەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاقلاردىن، ھەتتا ئۇ يېقى خوتەن، چىرىيە، كىرىيە، بۇ يېقى مەكىت، يېڭىسار ۋە قەشقەر تەرەپلەردىن كەلگەن سوۋغا - سالاملارنى، دانىيال خوجىدىن دۇئا ئېلىش ياكى ئۇنىڭ نەزىرىگە چۈشۈش ئۈچۈن ھەدىيە قىلىنغان نەرسە - كېرەك، مال - ۋارانلارنى قوبۇل قىلىش بىلەن بولاتتى. غۇلاملار بولسا، دانىيال خوجىنىڭ سۆھبىتىدە بولغان ئادەملەرگە ھېلىدىن - ھېلى قەنت -

گىزەكلەر بىلەن چاي ۋە تائاملارنى توشۇپ، ئاشخانا بىلەن ئوردا ئارىسىدا قاتناپ يۈرەتتى.

دانىيال خوجىنىڭ مۈگىلىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان ئاق پىشماق چىرايىغا ئۇچىسىغا كىيگەن شاھانە كىيىملىرى، قۇببىسى ئالتۇندەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ئۇچلۇق كۇلاھ ئۈستىدىن ئورنۇالغان يېشىل سەللىسى سەلتەنەت ۋە سۈر پەيدا قىلغانىدى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى ئوردىدىكى كونا ئەمەلدارلار، خىزمەتچىلەر، يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن بەگلەر، دىنىي ئەربابلار ۋە چوڭ سودىگەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ خانلىق ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى، مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلايتتى، لېكىن ھېچقايسىسىغا ھېچنېمە دېمەيتتى.

بۈگۈن ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۇچۇن يۇتىغا ـ پۇت، قولىغا ـ قول بولىدۇ دەپ ھېسابلىغان ئادەملەردىن بىر قانچىسىنى ئوردىغا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئوي ـ پىكرىنى بىلمەكچى بولدى.

تورۇسى قۇببە شەكلىدە ياسىلىپ، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنىڭ چۆرىسى تۈرلۈك نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن كەڭ سورۇنخانىنىڭ ئىچىدە ئاتاق ـ ئابرۇي ۋە مەنسەپ دەرىجىلىرى بويىچە ئولتۇرغان ئادەملەر دانىيال خوجىنىڭ سۆزلىرىنى، خۇددى مەسچىت خۇتبىسىدىن پەيغەمبەر ھەدىسلىرىنى تىڭشاۋاتقاندەك ئېتىبار بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى.

دانىيال خوجا سۆزىنى باشلاشتىن ئاۋۋال، جىمى ئالەمنى يوقتىن بار قىلغان ئاللاتائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتتى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئاللاتائالانىڭ رەھمەت قىلىشىنى تىلىدى. ئاندىن كېيىن مۇسۇلمان بەندىلەر ئۇچۇن ئاللادىن باشقا يۆلەنچۈكنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇلارغا شاپائەت قىلغۇچىمۇ، جازا بەرگۈچىمۇ ئاللانىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— جانابىي سەيدىلمۇرسەلىن ① : « مەسلىھەتكە چاقىرىلغان ئادەم — ئىشەنچلىك ئادەم » دېگىنىدەك ، بۇ سۆھبەتكە داخىل بولغان ھەرقايسىلىرى مېنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىم ، شۇ بايىستىن ھەربىرلىرىدىن پىنھان تۇتىدىغان سىر - ئەسرارىم يوق . بۇ پانىي دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتى چاقماق يورۇقىدەك قىسقا ، ئازابى بولسا قىش كېچىسىدەك ئۇزۇن بولىدىكەن . سەئىدىيە خانلىقىمىزنىڭ يۈز يەتمىش يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن سەلتەنىتى ، ئۆزلىرىڭلار بىلىسىلەركى ، قىرىق نەچچە يىلدىن بۇيان شاخلىرى كېسىلگەن دەرەختەك ھالەتكە چۈشۈپ قالدى . بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب . . . — ئۇ گەپنىڭ مۇشۇ يېرىگە كەلگەندە ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ئىسھاق ۋەلى ئەۋلادىنى پىر تۇتۇپ كەلگەن سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمايىلخاننىڭ ، ھىدايەتۇللا ئىشانغا مۇرىت بولغان ئادەملەردىن باج - سېلىق ئالماسلىقتا رازىلىق بەرگەنلىكىنى ؛ نەتىجىدە بىر يىلنىڭ ئىچىدىلا ئوتتۇزمىڭ ئادەمنىڭ بۇ ئىشانغا مۇرىت بولۇپ ، شۆھرىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ؛ دۆلەت خەزىنىسىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى ، بۇنى ئازدەپ سەئىدىيە دۆلىتىگە خەۋپ تۇغۇلغانلىقىنى سۆزلىمەكچى بولۇپ ، نېمە ئۈچۈندۇر يالتىيىپ قالدى ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاق تاغلىق خوجىلاردىن باشقا ھەممە خەلقنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان ھىدايەتۇللا خوجىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تىلغا ئالدى ، — ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ تەپرىقىچىلىكى بىلەن ۋاپاسىزلىقىدۇر . ئەگەر ئۇ تەپرىقىچىلىك ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ ، مەرھۇم ئىسمايىلخاننىڭ ( ئاللا ئۇ كىشىنىڭ جايىنى جەننەت قىلسۇن ) تەختىگە تەھدىت سالمىغان بولسا ، غەيرىي دىن ئەھلىلىرىنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ ، ئۇلارنى باشلاپ كەلمىگەن بولسا ، بۇنچىلىك پاجىئەلەرگە دۇچار بولماس ئىدۇق . مەۋلانە ھەزرەت ئېيتقان-

① سەيدىلمۇرسەلىن — مۇھەممەد پەيغەر دېمەكچى .

دەك ، چۈجىلەرچىلىكمۇ بولالمىدۇق . ئۇلار بىر ئۈۋىدىن چىقىپ ، بىر كاتەكتە ياشىسىمۇ ، بىر ـ بىرى بىلەن چوقۇلىشىپ تۇرىدۇ ، لېكىن چوقۇلاشقىنى بىلەن ئۆز ئۈۋىسىغا غەيرىي قۇشلارنى باشلاپ كەلمەيدۇ .

دانىيال خوجا ئويلانغان ھالەتتە ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ داۋام قىلدى :

ــ يېقىندا ، يەنى مەن بۇ تەرەپكە مېڭىشتىن بىر كۈن مۇقەددەم ، ئېرەن قابۇرغىدا تۆلەكتە تۇرۇۋاتقان ئەخمەت خوجىدىن نامە ئالدىم ، ــ ئۇ يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر پارچە قەغەزنى ئالدى ، سورۇندا ئولتۇرغانلار تېخىمۇ سەگەكلەشتى . مەۋلانە ھەزرەت باشلىق دىنىي زاتلارنىڭ تەسۋى تۇتقان قوللىرى ھەرىكەتتىن توختىدى ، ــ مەن بۇ نامىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس ، ئۆزۈمگە تەسىر قىلغان يېرىنىلا ئوقۇپ بېرەي : « جۇڭغارلارنىڭ ئىلكىدە ئىقامەتتە يۈرۈپ شۇ نەرسىنى چۈشەندىمكى ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ نادانلىقىنى تەكرارلىغان ئادەملەرنىڭ ئىستىقبالى ھېچقاچان ياخشى بولمايدىكەن . » ئەخمەت خوجىنىڭ بۇ سۆزلىرى سىلەرنىمۇ ئويلاندۇرۇشى مۇقەررەر .

ھازىر بىز مەھكۇم ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق . شەھەر ـ قىشلاقلىرىمىزدا پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى . ھىدايەتۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ساتقۇنلۇق ، كۆرەلمەسلىك ۋە ئەمەلپەرەسلىكنى شۇنچىلىك ئەۋج ئالدۇردىكى ، ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مېھىر ـ شەپقىتىنى ، قېرىنداشلىقىنى ۋە ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ تاشلىدى ، ھەممە جايلاردا مەزھەپچىلىك ، بارلىققا كەلدى ، ئادالەتنىڭ ئورنىغا جاھالەت ھۆكۈم سۈرۈپ ، ئىلىم ـ مەرىپەت تالاپەتكە ئۇچرىدى . ھاكىملار بىلەن بەگلەرنىڭ ھەق ـ ئادالەت بىلەن كارى بولماي قالدى . ئەھۋال ئەنە شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ئۇلارنىڭ بەزىبىرلىرى جۇڭغارلارنى مال ـ دۇنيا يىغىش ، بۇلاڭ ـ تالاڭ

قىلىش بىلەن مەشغۇل بولماقتا، دەپ شىكايەت قىلىشىدۇ. ھەق ـ ئادالەت بىلەن ئۆزلىرىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان بەگلەر، ھاكىملارنىڭ كارى بولمايۋاتقان يەردە، ئۇلاردىن ئۇنى تەلەپ قىلىش ئەقىلغا مۇۋاپىق ئەمەستۇر.

بۈگۈن ھەر بىرلىرىگە، خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ شۇنى جاكارلايمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن خاندانلىقىمىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مالىيە ئىشلىرى دىنىمىزنىڭ ئاساسىي بولغان كالامۇ شېرىپ ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرى بويىچە يۈرگۈزۈلىدۇ. خەلق ئارىسىدا تەپرىقىچىلىك قىلغۇچىلار، خانلىقىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈش نىيىتىدە پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقۇچىلار، ئەمەل ئۈچۈن خەلقنى قۇتراتقۇچىلار، خاندانلىقىمىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ھېسابلىنىپ ھەر ئىككى دۇنيادا جازا تارتقۇچىلاردۇر. جانابىي سەيدىلمۇرسەلىن: « دوستلاشتۇرغۇچى بولغانلىرىڭلار، قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ يېقىن بولىدىغانلىقىڭلاردۇر » دېگەن. بىز ھازىر ئۆزىمىزدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ئىقلىمغا مۇتىئى ① بولۇپ قالغىنىمىز ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن مادارا قىلىپ ياشاشقا مەجبۇرمىز. چۈنكى، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن بولمىغان چاغدا مادارا قىلىش ھەم سەيدىلمۇرسەلىندىن قالغان يولدۇر.

دانىيال خوجا سۆزىنىڭ ئەمدىكى قىسمىدا خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدان ئۆزىگە بەرگەن بەزى يولىيورۇق، ئىمتىيازلىرى ھەققىدە توختالدى.

— بىزنىڭ جۇڭغار ھۆكۈمدارلىرى بىلەن قىلىشقان بۇ مادارامىز، — دېدى ئۇ، — خۇددى ھىدايەتۇللا ئىشان زامانىسىدىكىگە ئوخشاش يىلىغا تۆت يۈز مىڭ سەر كۈمۈش قىممىتىدە خىراج تۆلەش ھېسابىغا توختىغان بولسىمۇ، لېكىن خۇنتەيجى جانابلىرى خەلقىمىزنىڭ دىنىي ـ ئېتىقادى بىلەن ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھېچقانداق چەكلىمە قويمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرىيىنىڭ ھەر-

---

① مۇتىئى — بېقىندى، قارام.

قايسى شەھەرلىرىدە قورۇقچى ھېسابىدا تۇرۇۋاتقان جۇڭغارلارغا جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن خالىي بولۇش ھەققىدە پەرمان بەرمەكچى بولدى ۋە يەنە ھىدايەتۇللا ئىشان دەۋرىدە تۇرلۇك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن تارتىۋېلىنغان ۋە مۇسادىرىگە ئۇچرىغان تېرىلغۇ يەر، ئۆي ـ جاي ۋە مۈلۈكلەرنى ئەسلى ئىگىلىرىگە، ئەگەر ئۇلار ئۆلۈپ ـ تارتىپ كەتكەن بولسا، ۋارىسلىرىغا قايتۇرۇپ بېرىشكە ئىجازەت قىلدى.

دانىيال خوجىنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەۋلانە ھەزرەت قاتارلىق بىر نەچچە ئادەم ئۆزلىرىنى توختىتالماي:

— ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي، — دەۋەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا ئاپاق خوجا دەۋرىدە ئايرىلىپ كەتكەن مال ـ ۋارانلىرى بىلەن تېرىلغۇ يەرلىرى كەلگەنىدى.

دانىيال خوجا ئۇلارنىڭ بۇ لوقمىسىغا ئېتىبار بەرمەي سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇرۇنقى دانىشمەنلەرنىڭ نوپۇزلۇق كىتابلىرىدا: «ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بىلەن ئوردا ئەركانلىرى، ئۆز شاھىنىڭ ئەقىلدارلىرىدۇر» دەپ يېزىلغانىكەن. بۇ دىيارغا خان بولۇش ماڭا نېسىپ بولغىنى بىلەن، خاندانلىقىمىزنىڭ ئىشى ھەر بىرلىرىگە ئوخشاش تەدبىركار ئادەملەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستى بىلەن كامال تاپقۇسىدۇر.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن سورۇنخانىدا بىر مىنۇتتەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى باياتىن بېرى ئاڭلىغان سۆزلەردىن تەسىرلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— دانىيال خوجام ھەزرەتلىرىنىڭ تەخت ـ سەلتەنىتى مۇستەھكەم بولغاي، — دېدى بىر چاغدا قۇدىسى نىياز بەگ، — بۇ سۆھبەتكە داخىل

بولغان ھەربىرىمىزنىڭ پەرىشان كۆڭۈللىرى غەمدىن خالاس بولغاندەك پاكى ئەقلىي زېھنىمىز ئەقلىي قۇۋۋەت ئالغاندەك بولدۇق. شەھەرلەر بىلەن قىشلاقلىرىمىز ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ كاساپىتىدىن جۇڭغارلارنىڭ قالماقلىرىنىڭ ئاياغ ئاستىدا خارۇزارلىققا مۇپتىلا بولغانىكەن، ئەڭ ئالدى بىلەن ھىدايەتۇللانىڭ پۇشتى — ئەۋلادىدىن قىساس ئېلىشىمىز مەتلۇپ ①.

— ئەينى مۇددىئانى سۆزلىدىلە، بېگىم، — دەرھال قۇۋۋەتلىدى مەۋلانە ھەزرەت، — ئاللاتائالا: « كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ ... ② » دېگەن. ھىدايەتۇللا ئىشان بۇتپەرەسلەر بىلەن بىرلىشىپ، نەچچە مىڭلىغان دىيانەتلىك مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈردى. كۆپلىگەن ئىلىم - پازىللىرىمىزنى قەبزى روھ قىلدى. « ئىسھاقىيە » سۇلۇكىگە مەنسۇپ خوجىلىرىمىز بىلەن موللا - ئىماملىرىمىزنىڭ ئىلكىدىكى يەر - زېمىنلەرنى تارتىۋالدى ③.

— ئارى راست! — مەۋلانە ھەزرەتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ قوشۇمچە قىلدى ئابدۇ قادىر مۇپتى، — شەرىئەت ئەھكاملىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئۆزى ئىسلام دىنىدا بولۇپ، جاھىلىيەت ④ دەۋرىدىكى ئىشلارنى قىلغان ياكى ناھەق ھالدا ئىنسان باللىرىنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى ئاللاتائالا ئەڭ يامان ئادەملەر دەپ ئاتىغان.

شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىشتە بۇلاردىن ئانچە قېلىشمايدىغان غازىبەگ باشلىق بىرنەچچىسى، ئاپاق خوجىنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرىغا

---

① مەتلۇپ — تەلەپ قىلىش.

② قۇرئان، سۈرە « نىسا » نىڭ 93 - ئايىتى.

③ بۇ يەردە ئاپاق خوجىنىڭ قارا تاغلىقلارنىڭ يېتەكچى ئادەملىرىدىن تۆت يۈز كىشىنى « قارا مۇسۇلمانلار » دەپ ئۆلتۈرگەنلىكى، 1300 دىن ئوشۇق ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ، ئۆزلىرىنى چۆل - جەزىرىگە ھەيدىۋەتكەنلىكى، يەر - زېمىن، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغانلىقى ئىشارە قىلىنىدۇ.

④ جاھىلىيەت — ئىسلامدىن بۇرۇنقى دەۋر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قانداق مۇناسىۋەت قىلىشتا دانىيال خوجىنىڭ پىكرى ئاساسلىق رول ئويناۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەخمەت خوجا يازغان خەتنى بىكاردىن ـ بىكار ئوقۇپ بەرمىگەنلىكىنى ئويلاپ، بىر نەرسە دېيىشكە ئالدىرىمىدى.

دانىيال خوجا: «مەۋلانە ھەززەت بىلەن ئابدۇ قادىر مۇپتىلار باياتىن بىرى ئېيتقان سۆزلىرىمنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرمەپتۇ ـ دە، ئۇلار سەيدىلمۇرسەلىنىڭ (ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە تىغ تەگلىسە، ئۆلتۈرگۈچمۇ، ئۆلگۈچىمۇ دوزاختا بولىدۇ) دېگەن سۆزلىرىنى ئوقۇمىغانمىكىنا؟» دەپ ئويلىدى ۋە ئۆزىنىڭ خانلىق پائالىيىتىنى باشلاش ھەم ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتە ئاپاق خوجىنىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى بىلەن مادارا قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بارلىقىنى بۇ ئادەملەرنىڭ چۈشەنمىگىنىگە كۆزى يېتىپ:

ـــ ئاللاتائالا، ـــ دېدى ئۇ ۋە قۇرئاندىكى ئىككى ئايەتنى ئوقۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈردى: «بىر يامانلىقنىڭ جازاسى، شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر . . . كىمكى ئەپۇ قىلسا (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى تۈزىسە)، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللا بېرىدۇ. ئاللا زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ، كىمكى (ئەرزىيەتكە) سەۋر قىلسا (ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن)، ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە، مەرغۇپ ① ئىشلاردىندۇر.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىرنەچچە ئادەم سەللىلىك باشلىرىنى لىڭشىتىپ ماقۇللىدى ۋە باياتىن سۆزگە ئارىلاشماي، جىم ئولتۇرغىنىغا خۇشالمۇ بولۇشتى. دانىيال خوجىنىڭ پىكرىنى قوللاش پۇرسىتى كەلگىنىنى ھەممىدىن بۇرۇن چۈشەنگەن غازىبەگ:

ـــ خوجام ھەزرەتلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىغا تەسەننا ② ئېيتماق ۋە

---

① مەرغۇپ ـــ يېقىملىق، سۆيۈملۈك.

② تەسەننا ـــ قايىل بولۇش، رەھمەت ئېيتىش، ئالقىشلاش.

قايىل بولماق ھەممىمىز ئۈچۈن پەرھىز ۋە قەرزدۇر. ۋەھالەنكى، خوجام ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەھلىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارغا بۇنداق كەڭ قورساقلىق قىلىشى: «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ ①» دېگەن ئاللاتائالانىڭ كالامىغا ئۇيغۇندۇر. مېنىڭ ئويۇمچە، خاندانلىقىمىزنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھەر يىلى تۆلىنىدىغان خىراجنى ئۆز مۇددىتىدە ئەۋەتىپ، قالماق ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە مۇيەسسەر بولۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلققە سېلىنغان سېلىقنى ئۆز پېتىچە يىغىپ قوشۇمچە سېلىققا پۈتۈنلەي يول قويماسلىق كېرەك. ئۆتكەن يىللاردا كۆپلىگەن شەھەرلەردىكى بەگلەر خەلقنىڭ زىممىسىدىكى سېلىقلارنى بەزى يەرلەردە بىر، بەزى يەرلەردە ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ يىغىۋېلىپ، ئوشۇق قىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەميانىغا سېلىشتى. بۇنداق قىلىش «خۇدا ئۇرغاننى، خۇدا بەردى قوشلاپ ئۇرۇپتۇ» دېگەندەكلا بىر ئىش. ئىككىنچىدىن، ھازىر شەھەرلەر بىلەن قىشلاقلىرىمىزدا بىر قالماققا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، بىر يۇرتنىڭ ئادىمىنى دۇمبالايدىغان خۇشامەتچى ئەمەلدارلار كۆپىيىپ قالدى. بۇنداق ئەمەلدارلارنى قايسى مەزھەپكە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم. ئاندىن كېيىن شەھەرلىرىمىزدە قورۇقچى ھېسابىدا تۇرۇۋاتقان قالماق لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ دائىرىسىدىن چىقماسلىقنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەك. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ بەزىبىرلىرى شۇنچىلىك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىكى، دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىقىدا ئاتلىرىنى بېقىپ، يەنە ئۇلاردىن ئاشلىق تەلەپ قىلىدۇ.

① قۇرئان، سۈرە «فۇسسىلەت» نىڭ 34 ـ ئايىتى.

— ھەزرىتى خوجام جانابلىرىنىڭ تەخت ـ سەلتەنىتى مۇستەھكەم بولغاي، — دەپ سۆز باشلىدى غازىبەگنىڭ گەپلىرى ئىلھاملاندۇرغان ھوشۇرقازى، — خاندانلىقىمىزنىڭ شەھەر ـ قىشلاقلىرىدىكى بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇشتەك مۇھىم ئىشلارنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان چوڭ ـ كىچىك تۇججارلار، ھەرقانداق خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي، شەھەرمۇ شەھەر سەپەر قىلىپ، ئۆمرىنىڭ بىر قىسمىنى مۇساپىرلىقتا ئۆتكۈزمەكتە. ھالا، شۇنىڭغا قارىماي جۇڭغارلار بىلەن باج ئالىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچراپ كەلمەكتە. مۇشۇ يېقىندا، شەھىرىمىزدىكى ئىككى تۇججار ھىندىستانۇ كەشمىر تەرەپتىن ساق ـ سالامەت قايتىپ، يەكەننىڭ چېتىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۈچ ئۇلاق مىلىنى قالماقلار بىلەن باجگىرلار ئېلىۋاپتۇ. خوتەن شەھىرىدە تۇرىدىغان قېيىنىم بىر قانچە قېچىرغا مال ئارتىپ مارالۋېشىغا بارسا، يەنە شۇ قالماقلار بىلەن باجگىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئىككى قېچىر مالدىن ئايرىلىپتۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ سادىر بولۇشى تۇججار ئەھلىنىڭ نارازىلىقىنى پەيدا قىلماقتا. خاندانلىقىمىز مانا مۇشۇنداق ئىشلارغىمۇ ئارا بولسا، ئەينى مۇددىئا بولار ئىدى.

— بۇ ھەقتە خۇنتەيجى جانابلىرى بىلەن سۆزلەشكىنىمدە، — دەپ چۈشەنچە بەردى دانىيال خوجا، — ئۇ كىشى تەۋەيىمىزدىكى شەھەرلەردە تۇرۇۋاتقان جۇڭغارلار بىلەن ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى لەشكەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان توپىلاڭلارنى بىر تەرەپ قىلىش بولۇپ، مەمۇرىي جەھەتتىكى ئىشلىرىمىزغا — دېھقانلار بىلەن تۇججارلارنىڭ پائالىيەتىگە ئارىلىششقا ھەق ـ ھوقۇقى يوق دەپ ئالاھىدە تەكىتلىدى. بۇ توغرۇلۇق جايلاردىكى جۇڭغار بەگلىرىگە پەرمان ئەۋەتمەكچى بولدى.

مەنمۇ خانىدانلىقىمىزنىڭ كىچىكتۇرسە بولمايدىغان بەزى ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن ، غازىبەگ جانابلىرى ئېيتقاندەك ، بارلىق جۇڭغار بەگلىرىنى ئوردىغا چاقىرتىپ سۆزلەشمەكچىمەن .

ئۇ بۇ گۇنچە مۇشۇنچىلىك سۆھبەتلەشكىنىمىزمۇ يېتەر دېگەندەك ، ئۈستىگە قىزىل چۇچىلىق داستىخان سېلىنغان شىرەنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان كاتىپتىن خەت يېزىلغان بىر پارچە قەغەزنى ئالدى .

— ئەمدى ھەر بىرلىرىنىڭ دىققىتىنى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ تىلەك ـ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئادالەتلىك بىلەن جارى قىلىش ئۈچۈن ، خاندانلىقىمىزدا بىر نەچچە ئۆلىما ـ پازىللاردىن ئىبارەت « ئەھكام شەرىئەت » مەھكىمىسى ۋە چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەردە قازى ـ كالان مەھكىمىلىرى تەسىس قىلىشنى ھاجەت ھېسابلىدىم .

ئولتۇرغانلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەگەكلەشتى . بولۇپمۇ باشلىرىنى قىڭغايتىپ تەسۇى سىيرىپ ئولتۇرغان دىنىي زاتلارنىڭ چىرايى گويا بىر كوزا ئالتۇنغا ئوگچە ئۇچراپ قالغان ئادەملەرنىڭ چېھرىسىدەك تاۋلىنىپ كەتتى . ئۇلار خۇددى بۇرۇن مەسلىھەتلىشۋالغاندەك :

— ئەينى مۇددىئا ، — دەپ بىر ئېغىزدىن قۇۋۋەتلەشتى .

— « ئەھكام شەرىئەت » مەھكىمىسىنى باشقۇرىدىغان ئادەم شەيخۇلئىسلام نامى بىلەن ئاتىلىپ ، — داۋام قىلدى خوجا ، — ئۇنىڭ قارىمىقىدا قازى ـ قۇززات ۋە مۇپتىغا ئوخشاش لاۋازىملاردىن ئىبارەت ئۈچ ئادەم بولۇشى لازىم .

— ئەينى مۇددىئا ! — دېگەن ئاۋازلار يەنە ئاڭلاندى .

بېشىدا جۇڭغارلارنىڭ نوختىسى تۇرسىمۇ ، بىر قولىدا دىنىي پېشۋالارنى ، يەنە بىر قولىدا مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ھەرىكەتكە سېلىپ ،

خانلىق ھۆكمىنى يۈرگۈزمەك بولغان دانىيال خوجا، ئۆز تەدبىرىنىڭ ئالقىشقا ئېگە بولغىنىدىن خۇشال بولۇپ، مەزكۇر لاۋازىملارغا لايىق نامزات كۆرسىتىشنى ئىلتىماس قىلدى.

باياتىن بېرى «ئەھكام شەرىئەت» مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىماقچى بولغىنىغا خۇشال بولۇپ، ئەينى مۇددىئا دېسە ئەينى مۇددىئا دەپ قۇۋۋەتلەشكەن دىنىي زاتلار، ئەمدى ئۇنىڭغا نامزات كۆرسىتىدىغان چاغدا، خۇددى قۇدۇقتا تاشلىۋەتكەن تاشتەك جىمىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا لاۋازىملىق ئورنىدىن بىرىنى ئىگىلەش ئىشتىياقى پەيدا بولغانىدى. ھېچقايسىسى بۇ ئورۇنلارغا ئۆزىدىن باشقا ئادەمنى لايىق كۆرمەيتتى. ھەممىسى «شەيخۇلئىسلام» لىققا ياكى قازى ـ مۇپتىلىققا مېنى سايلىسا بولاتتى دېگەن تەمەدە سورۇن ئەھلىگە ئىلتىجا بىلەن قارايتتى.

شەھەر ھاكىملىرى بىلەن بەگلەر بىر ـ بىرىدىن سەللىسى يوغان، تەسۋىسى ئۇزۇن بۇ ئاخۇن ـ موللىلارنىڭ قايسىسىنى قايسى لاۋازىمغا سايلاشنى، قايسى ئادەم دانىيال خوجىنىڭ دىتىغا لايىق كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تەڭقىسلىقتا قالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئەمەللەرنى ئىگىلىگەن ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىگە پەند ـ نەسىھەت قىلىپ ئارام بەرمەيدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئىككى تائىپىگە مەنسۇپ بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ خىل روھىي ھالەت خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلدى.

ئاخىر دانىيال خوجا ئېغىز ئاچتى:

— بىز خاندانلىقىمىزنى بۇرۇنقىدەك، يەنى مەرھۇم سۇلتانىمىز ئىسمايىلخاننىڭ (ئاللاتائالا ئۇ كىشىگە جەننەت ئاتا قىلسۇن) ۋاقتىدىكىدەك باشقۇرىمىز. دۆلەتنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش — ھاكىملار

بىلەن بەگلەرنىڭ، دىنىي جەھەتتىن باشقۇرۇش — «ئەھكام شەرئىەت» مەھكىمىسىدە ئىشلەيدىغان زاتلىرىمىزنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ.

بۇ گەپ ھاكىملار بىلەن بەگلەردە پەيدا بولغان ئەندىشىلەرنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە خاتىرجەملىك پەيدا قىلدى. ئەمما، دىنىي زاتلار بۇرۇنقىدەكلا يېڭى لاۋازىملىق ئورنىدىن ئۈمىد قىلىپ، ئۇنى بىر - بىرىگە قىيىشماي قورساق تىڭشاپ ئولتۇرۇۋەردى.

— خوجام ھەزرەتلىرى لايىق كۆرسە، مېنىڭدە بىر مەسلىھەت بار، — دېدى بىر چاغدا غازىبەگ سورۇنخانىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — خاندانلىقىمىزنىڭ تەخت - سەلتەنىتى ئۈزلىرىگە نېسىپ بولغاندىكىن، مەمۇرىي ۋە دىنىي ئىشلاردىمۇ يول كۆرسىتىپ، ھامىيلىق قىلىدىغانمۇ ئۆزلىرى، شۇ بايىستىن خانلىق لاۋازىملىرى بىلەن بىللە شەيخۇلئىسلاملىقنىڭمۇ ئۆز قوللىرىدا بولغىنى ھەممە تەرەپتىن پايدىلىقتۇر.

ئۇنىڭ پىكرىنى ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى.

※ ※ ※

ئۇلار دىگەر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە سورۇنخانىغا جەم بولۇشتى. شۇنىڭغىچە بولغان ئارىلىقتا كىم - كىملەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى، كىم - كىملەر بىلەن پىچىرلىشىۋالدى، بۇ تەرىپى نامەلۇم ئىدى. لېكىن، يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان «ئەھكام شەرئىەت» مەھكىمىسىدىكى لاۋازىملارنىڭ ئىگىلىرى ئوردا كاتىپى تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى:

«بىرىنچى، دانىيال خوجام ھەزرەتلىرى خانلىققا قوشۇپ، شەيخۇلئىسلاملىق لاۋازىمىنى قوبۇل قىلغاي؛

ئىككىنچى، قازى - قۇززاتلىقنى تەۋەيىمىزدىكى كۆپلىگەن ئالىم - پازىللىرىمىزنىڭ ئۇستازى، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى دانىيال خوجام

هەزرەتلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە « ئىسھاقىيە » سۇلۇكىگە مۇرىت قوبۇل قىلىپ ، خانلىق مەسچىتىدە ئىمامەتچىلىك قىلىۋاتقان مەۋلانە ھەزرەت جانابلىرى قوبۇل قىلغاي ؛

ئۈچىنچى ، مۇپتىلىق لاۋازىمىنى بولسا ، ھىدايەتۇللا ئىشان دەۋرىدە تەقىبكە ئۇچراپ ، خوتەندىكى مەۋلانە ئالاھىددىن مۇھەممەت ① جانابلىرىنىڭ قەبرىگاھىنى پاناھلىغان ، ھەزرىتى دانىيال خوجامغا ۋەكالەتەن « ئىسھاقىيە » سۇلۇكىگە مۇرىت ـ مۇخلىسلارنى قوبۇل قىلغان ئابدۇغوپۇر مۇپتى جانابلىرى قوبۇل قىلغاي . . . »

ئوردا كاتىپىنىڭ ئاخباراتى تۈگىشى بىلەنلا ، ئولتۇرۇشقانلار دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، يېڭى لاۋازىم ئىگىلىرىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ، مۇبارەكباد قىلىشىپ تەبرىكلەشتى .

ــ خاندانلىقىمىزنىڭ ھۆرمەتلىك ئەقىلدارلىرى ۋە سۆيۈنچىلىرى ، ــ دەپ سۆز باشلىدى دانىيال خوجا ، ــ خانلىقىمىزنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىكى كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ، ئىناۋىتىنى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ ، ھاكىم ـ بەگلىرىمىزنى ھازىرچە ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم .

ئولتۇرۇشقانلار يەنە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، دانىيال خوجىغا ئۆزىنىڭ پەرمانبەردارلىقىنى بىلدۈردى .

ــ ئەمدى شەھەرلىرىمىز بىلەن قىشلاقلىرىمىزدىكى بازارلارنى ئاۋات قىلىپ ، خەلقىمىزنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن ، دەشت ـ چۆللەرنىڭ ئىسسىقىغا ، تاغ ـ داۋانلارنىڭ سوغۇقلىرىغا باقماي ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەھلى تۇججارلىرىمىزغا ، خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغان ھەر خىل دەستەكلەر بار . ئۇنى ھەر قايسى شەھەرنىڭ

---

① ئالاھىددىن مۇھەممەت ــ ئۆز دىنىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن 1217 ــ 1218 ـ يىللىرى كۈچلۈك خان تەرىپىدىن ، ئۆزى ئىمام بولغان مەدرىستە مىخلاپ ئۆلتۈرۈلگەنىكەن .

هاكىم ـ بەگلىرى دىۋانبېگىدىن رويخەت بويىچە ئېلىۋالسا بولىدۇ .
بۇ قېتىم ھوشۇر قازىنىڭ چىرايى ئالايىتەنلا نۇرلىنىپ كەتتى ، ئۇ خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى .

## ئۈچىنچى باب

« دانىيال خوجام تولىمۇ ياخشى ئادەملىكى ئۈچۈن ، بۇنداق پۈرسەتكە ئىگە بولدۇم . بولمىسا ماڭا ئوخشاش جاھانكەزدى تۇججارغا مۇنداق ئۇلۇغ ئادەملەر بىلەن ھەمسەپەر بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن ، ئۇلارنىڭ كەينىنىڭ چېڭىنى سۈرتۈش ئۈچۈنمۇ يەتتە كۈن نۆۋەت كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى . ھېلىمۇ ياراتقان ئىگەمگە مىڭ قەتلە شۈكۈر ئېيتىپ ، ۋاقتىدا ئۆز يولۇمنى تاپاي . < يېتىمنىڭ ـــ بۇلۇڭدا ، تېرىقنىڭ ـــ تۇلۇمدا > بولغىنى ياخشى . ماۋۇ خۇدايىمنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىلە ، بىچارە خوجامنى بىر كۈننىڭ ئىچىدە قالماقلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، تەڭرىتېغىدىنمۇ ئېگىز خان قىلىۋەتتى . ئەممازە ، ئەمدى بۇ ئادەمنىڭ كەينىدە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرگىنىم قاملاشماس . ئۇنىڭدىن كۆرە ئاۋۇ مەھەللىگە بارغاندا : < خوجام جانابلىرى ، شۇنچە يەرگە كەلگۈچە ئۆزلىرى بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ كەلدىم . ئۆزلىرى بىلىدىلا ، تۇججار دېگەن بىر يەر ھېجىر سىركە ساتمىغان كۈننى بىكار ئۆتكەن ياكى زىيان تارتقان كۈن دەپ بىلىدىغان خەق . ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىلسىلا . يەكەن تەرەپلەرگە يولۇم چۈشۈپ قالسا ، دۇئالىرىنى ئالغىلى بارارمەن > دېسەم ، ئۇ كىشى ھەرگىز ياق دېمەيدۇ . . . »
ئەدەن قېچىر مۈز داۋاندىن ئۆتۈپ ، جام دېگەن مەھەللىگە كەلگۈچە مۇشۇنداق ئويلارغا بېرىلگەن بولسىمۇ ، دانىيال خوجىدىن ئايرىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي ، ئاقسۇغىچە بىللە كەلدى . ئۇلارنى شەھەرگە بىر

پەرسادەك يول قالغاندا ئاقسۇ ھاكىمى ئابدۇۋاھاپ بەگ باشلىق بىر نەچچە ئەمەلدارلار ۋە بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان جۇڭغار لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى قارشى ئالدى. شۇ چاغدا، ئۇ دانىيال خوجىنى پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن ئادەملەر ئارىسىدا بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى، قېچىرلىرىنى بۇلاپ كەتكەن قالماقلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئۈچ شەھىرىگە بارغىنىدا: «جۇڭغارلارنى يامانلىساڭ زىنداندا ياتىسەن» دەپ قوغلىۋەتكەن خوجاشبەگنى كۆرۈپ قالدى. «يا پىرىم، ماۋۇ دۇنيانىڭ ئىشىنى قارىسىلا، ئاۋۇ نوغۇچ يۈتۈۋالغاندەك غادىيىپ يۈرىدىغان سىم ساقال بېگىم خوجامنىڭ ئالدىدا سازاڭغا ئوخشاش نەچچە يېرىدىن پۈكلىنىپ يۈرمەمدا» دېگەن ئويغا كېلىپ، ئەمدى دانىيال خوجا بىلەن بىللە مېڭىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى چۈشەندى ۋە يول ياقىسىدا ئولتۇرغان خىزمەتكارىغا:

— مامۇت ئاخۇن، خوجامنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىدىغان ئادەملەر بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بىز ئەمدى ئۆز يولىمىزنى داۋام قىلساق بولغۇدەك، — دېدى - دە، دانىيال خوجا بىلەن خوشلاشمايلا ئېتىغا مىندى.

ئۇ ئىككى ئايدىن بېرى ھەم خىزمەتچى، ھەم ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان مامۇت ئاخۇن بىلەن تالاي كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، بۈگۈن بەشكېرەمگە ماڭدى.

— ياراتقان ئىگەمنىڭ بارغۇ، مامۇت ئاخۇن، بىر ئىشىغا ئەقلىم يەتمەيدۇ - دە، — دېدى يول ماڭسا يا ئۈگدىمەيدىغان، يا گەپ قىلىپ زېرىكمەيدىغان ئەدەن قېچىر قۇما تېغىنىڭ ئارىسىدىكى تار يولدا كېتىۋېتىپ، — ئۇ زاتى ئۇلۇغ ئۆز بەندىلىرىنى مۇنۇ كاپىر، مۇنۇ مۇسۇلمان دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي، بەزىلىرىگە تاغنىڭ غولىغا سىغمىغۇدەك مال بېرىدىكەن، بەزىلىرىگە بولسا قوتۇر ئاتنىڭ تۈكىنىمۇ راۋا كۆرمەيدىكەن.

راستلا، ھېلىقى قالماق خوجايىنلىرىنىڭ يىلقىلىرى بىرەر مىڭغا يېتەرما ؟

— ئۇ نېمە دېگەنلىرى، مىڭ دېگەنمۇ گەپمىكەن ؟ ئۇ خوجايىننىڭ ئەڭگىرتە دېگەن ياقتا ئىككى مىڭدىن ئوشۇق يىلقىسى، ھۆكەرچى دېگەن يەردە بىرەر مىڭدەك كالىسى بار، دېيىشلە.

— قارۇندەك ① شۇنچە مېلى تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ناكا بولغۇچە ئىشلەتكىنى قانداق ئۇ نائىنساپنىڭ ؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، ئەدەنباي، — دېدى مامۇت ئاخۇن ئۇنىڭ سوئالىغا ھەيران بولۇپ، — مېنى بىزە كولدۇرلىتاي دەملا نېمە ؟ ئۆزلىرى دانىيال خوجامدەك ئەۋلىيا ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ يۇرۇپمۇ، بايلارنىڭ ئاچ كۆز كېلىدىغانلىقىنى بايقىمىدىلىمۇ ؟ بىزدەك كەمبەغەللەر زاغرىغا قانائەت قىلساق، بۇ باي دېگەن خەقلەر دۇنيانىڭ جىمى نازۇ نېمىتىگە تويمايدىغان، ئاچ كۆز كېلىدۇ.

ئۇلار بىغىر كۆپمە بولۇپ تۇرغان ياپىلاق دۆڭدىن تۆۋەنلىگەندە، ئېشەك يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئىككى ئادەمنى كۆردى. بۇلارنىڭ بىرسى، جىگدە ياغىچىدىن ياسالغان ھاسا تۇتۇپ، ئۇچىسىغا جۇلىقى چىققان جەندە، بېشىغا ئۇچى ئۇچلۇق ئاق كۇلاھ كىيىۋالغانىدى. قۇلاق تۈۋىدىن باشلانغان ئۇزۇن ئاق ساقىلى يېتىم قىزلارنىڭ چېچىدەك چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆسكىلەڭ قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى نۇرسىز كۆزلىرى ئازگال يەرگە چۈشۈپ قالغان قارا ماجاندەك يالتىرايتتى.

ئىككىنچىسى بولسا، گەۋدىلىك، بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن ياش يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ قۇرامىغا يەتكەن قەددى ـ قامىتى تار كېلىپ قالغان ماتا كۆينىكىنىڭ بىقىن تەرىپى يىرتىلىپ قالغانىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ پۇتى يالاڭ ئاياغ بولۇپ، يولنىڭ ئۇپىدەك توپىسى تىزلىرىغىچە قونغا-

① قارۇن — رىۋايەت قىلىنىشىچە: بۇ ئادەم ئىنتايىن باي بولۇپ، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ دۇئايىبەند قىلىشىدىن، ئۇنى بارلىق مال ـ مۈلكى بىلەن يەر يۇتۇۋەتكەنىكەن.

نـــدى . ئۇلارنىڭ ئاياغ ئــېـلـــشـــى شۇنچە بوش ۋە ئاستا ئىدىكى ، بار-لــىق كـۆچ - قـۇۋۋىـتـى تۈگەپ كەتكەندەك پۇتلىرىنى سۆرەپ ماڭاتتى . شـۇنــىڭـغا قارىماي ، ئۇستىگە خۇرجۇن ئارتىلغان ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇۋالغان يىگىت ، مۇڭلۇق ئاۋازدا سوزۇپ - سوزۇپ ناخشا ئېيتاتتى :

بېهىش ئېيتۇر نە دەرسەن ، سۆزنى بىلمەي ئېيتۇرسەن ،
سەندە پىر ئون بولسا ، مەندە يۇسۇپ كەنئان بار .
دوزاخ ئېيتۇر مەن ئارتۇق ، بېخىل قوللارمەندە بار ،
بېخىللارنىڭ بويىندا ئوتلۇق زەنجىر كىشەن بار ① .

ئەدەن قېچىر سوگدىشىپ كېلىپ سالام بەردى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — دېدى قېرى دەرۋىش ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى ياراتمىغان ئەلپازدا ۋە ياش يىگىتكە ئاچچىق ئا-رىلاش سۆز قاتتى ، — نېمىشقا توختاپ قالدىڭ ؟ بۇ پانىينىڭ راھىتىنى ئىزدىگەنلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ ، گۇناھقا پاتماي مۇناجىتىڭنى داۋام قىل !

دوزاخ ئېيتۇر مەن ئارتۇق ، تەرسا جوهۇت مەندە بار . . .

— توختا ! — دېدى قېرى دەرۋىش ئاچچىقى بىلەن ، — مۇنۇ گۇناھكار بەندىلەر ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرى ئاز بولۇپ قالغاندەك ، سېنىمۇ يولدىن چىقاردى ، « بېهىش ئېيتۇر مەن ئارتۇق ، پەيغەمبەرلەر مەندە بار » دېگەن مىسرالارنى تاشلاپ كەتتىڭمۇ ؟

يىگىت يەنە داۋام قىلدى :

« بېهىش ئېيتۇر مەن ئارتۇق ، مۆمىن قۇللار مەندە بار . . .

— توختا ! — ئاچچىقىغا بەس كېلەلمىگەن قېرى دەرۋىش قول-

① خوجا ئەخمەت يەسسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرى .

دىكى ھاسا بىلەن يىگىتنىڭ دۈمبىسىگە ئۇردى ۋە، — ئىست، ساڭا قىلغان ئەجرىم! — دېگەن پېتى چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋەتتى.

— نېمانچە خاپا بولىدىغانسەن، چوڭ دادا، — دېدى يىگىت، — بايىلا ھەممىسىنى توغرا ئوقۇدۇمغۇ؟

— بولدى، سەن ئەقىلسىزگە بۇ تاياق ئاز! — بوۋاي ھاسىسىنى كۆتۈرۈپ يەنە ئۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، يىگىت ئىشەكنى تاشلاپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— ئەمىسە مەن كەتتىم، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۇچقان قېرى دەرۋىش:

— ھەي ئابدۇغولام، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمە! — دەپ ۋارقىرىدى.

بىراق ئابدۇغولام ئىسىملىك بۇ يىگىت توختىماي، بىردەمدىلا خېلى يەرگىچە ئۇزاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇزايىدىن گېپىگە كىرمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بوۋاي، ئەدەن قېچىرلارغا يالۋۇرۇش ئا- ھاڭىدا مۇراجىئەت قىلدى:

— ھەرقايسىلىرى ئەھلى مۇسۇلمانلارغۇ، ماڭا ياردەم قىلىپ، ئاۋۇ گەدىنىگە شەيتان مىنىۋالغان بالىغا نەسىھەت قىلىپ توختاتساڭلارچۇ؟ ئۇ ھارسىمى قاراپ تۇرۇپ ئاتا- ئانىسىنىمۇ، مېنىمۇ داغدا قويىدىغان بولدى.

ئەدەن قېچىر ماموت ئاخۇننىڭ يېتىلىكىدىكى ئاتنى ئېلىپ، ئۇنى ياش يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن بېرىشقا ئەۋەتتى- دە، قېرى دەرۋىشكە قاراپ:

— بۇ يىگىتنى نەگە ئېلىپ مېڭىۋىدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— نەگە ئېلىپ باراتتىم، ئاپاق خوجامنىڭ مازارىنى تاۋاپ قىلدۇ- رۇپ، ياش جېنىغا كېلىۋاتقان دەھشەتلىك جازانىڭ ئالدىنى ئالاي دېۋىدىم.

— بۇ يىگىتتىن شۇنچىۋالا نېمە سەۋەنلىك ئۆتتۈۋىدى ؟

— سەۋەنلىك دەيلىيا ؟ — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ گېپىنى ياراتماي ، — سەۋەنلىك دېگەنمۇ گەپمۇ ؟ تۈنۈگۈن باللارنى كۆرەي دەپ كاتتايلاقتا بارسام ، چوڭ ئوغلۇم ياسىن خوجىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئاشلىقىنى يىغىشتۇرۇپ بەرگىلى كېتىۋېتىپتۇ . ئۆيدە مۇشۇ هارىمى بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى بار ئىكەن . بۇ هارىمى ياسىن خوجىنىڭ دانلاپ كىرگەن توخۇلىرىنى هويلىمىزنى بۇلغىۋەتتى دەپ قوغلاپ ، بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ . بەختىمىزگە خوجام جانابلىرى كەپسەن ① ئالغىلى كېتىپ ، ئۆيدە يوق ئىكەن ، بولمىسا ناسىر تاۋاقنىڭ بالىسىغا ئوخشاش توخۇغا تاش ئاتقان قولىدىن ئايرىلاتتى .

— ئاشۇ بىر توخۇ ئۈچۈنمۇ ؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ؟ گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس . خۇدا هەيدەپ ، ئۆز ئايىغى بىلەن هويلىغا كىرگەن توخۇلارنى « خوجامنىڭ نەزىرى چۈشكەچكە بۇ جانىۋارلار بىزنىڭ ئۆيگە كىردى » دېمەي قوغلىۋېتىپ ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ ئىززەت - هۆرمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ خوجىلارنىڭ رەهمىتىنى ئېلىشنىڭ ئورنىغا رەنجىتىپ ، ئۇ كىشىنىڭ قەهرىگە ئۇچرىغىلى قىل قالدى . ئەمدى بۇ هارىمى ئاپاق خوجام هەزرەتـ لىرىنىڭ مازارىنى تاۋاپ قىلىپ ، توۋا - ئىستىغپار ئوقۇمىسا ، تاڭلا مەهشەردە ئاللاتائالانىڭ جامالىغا قايسى يۈزى بىلەن قارايدۇ .

ئۆز نۆۋىتىدە ، ئەدەن قېچىرمۇ ئۆزىنى ئېتىقادلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىمەن دەپ يۈرەتتى . ئۇ هەج قىلالمىغان بولسىمۇ ، ئىسلام دىنى تەلەپ قىلغان هەممە پەرهىزلەرنى ئورۇنلايتتى . ناماز ئوقۇيتتى ، زاكات بېرەتتى ، روزا تۇتاتتى ، ئاللانىڭ بىرلىكى ، مۇهەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئاللانىڭ بەرهەق ئەلچىسى ئىكەنلىكى هەققىدە كەلىمە شاهادەت ئېيتاتتى . لېكىن ،

① كەپسەن — خوجىلار دېهقانلاردىن هەقسىز يىغىۋالىدىغان ئاشلىق .

مۇنۇ بوۋاينىڭ ئېتىقادى ئۇنىڭغا چېكىدىن ئېشىپ كەتكەندەك بىلىندى .
بوۋاي خوجىلارنىڭ ئىشەكلىرى يەلپۈنۈپ ئۆسكەن ئاشلىقنى يېسە ياكى
ئۇنىڭ ئۇستىدە يېتىپ ئېغىنسا ، « ماڭا خوجامنىڭ نەزىرى چۈشتى ، ئۇ
دۇنيالىقىم ياخشى بولىدىغان بولدى » ، دەپ خۇشال بولىدىغان ئادەملەر
جۈملىسىدىن ئىكەن . بۇنداق ئادەملەرگە بىر نەرسىنى چۈشەندۈرۈش —
قۇرۇق شاخنى ئېگىشكە ھەرىكەت قىلغان بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى
سەزگەن ئەدەن قېچىر :
— ئۇ ياسىن خوجام دېگەنلىرى شۇنچىلىك دىلى قاتتىق
كىشىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— يوقسۇ ، ئۇ خوجامنىڭ دېگەن سۆزلىرىنىڭ بەرىكىتىدىن ئاللا-
تائالا بىزگە ئوخشاش گۇناھكار بەندىلىرىگە رىزقى - نېسۋە ئاتا
قىلىۋاتىدۇ ، دېسىلە . ئۆتكەندە بىرقانچە خوجاملار ئاغچىلىرى بىلەن كې-
لىپ مېھمان بولۇشقانىدى . شۇ چاغدا ياسىن خوجام مېنى چاقىرىپ ،
مېھمانلىرى قايتقۇچە ئۇلارنىڭ ياخشى دەم ئېلىشى ئۈچۈن ، ئۆيىنىڭ
ئەتراپىدا كۆزەتچىلىك قىلىپ بېرىشىمنى ئىلتىماس قىلدى . ماقۇل دەپ
ئالتە كېچە كۆزەتتە تۇرۇپ ، يېقىن - ئارىدىكى كوچا - باغلاردا كوكىرى-
غان پاقىلاردىن يىگىرمە سەككىزنى ئۆلتۈردۈم . بىمەزگىل ھاڭراپ ،
مېھمان خوجىلارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتمىسۇن دەپ ، قوشنىلارنىڭ ھوي-
لىسىدىكى ئېشەكلەرنىڭ كۆتىنى مايلاپ قويدۇم . بۇنىڭدىن كۆردىلىمۇ ،
ياسىن خوجام دىلى قاتتىق ئادەم بولسا ، مېھمان خوجىلارنىڭ ياخشى ئارام
ئېلىشى ئۈچۈن بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلمىگەن بولاتتى . . .
شۇ ئارىدا مامۇت ئاخۇن بايىقى يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى ،
ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولغان بوۋاي :
— يۈر ، بالام ، گەدىنىڭگە مىنىۋالغان شەيتاننىڭ كەتكىنى تولا

ئوبدان بوپتۇ . پۇتۇڭ ئاغرىسا ئېشەككە مىنىۋال ، — ئاندىن ئۇ مامۇت ئاخۇنغا قاراپ ، — سىلىگىمۇ رەھمەت ، ئۆزلىرىنى يولدىن قويۇپ ، بىرمۇنچە ئاۋارە قىلدۇق ، — دېدى .

ئەدەن قېچىر بۇلار بىلەن خوشلىشىپ ، يولىنى داۋام قىلدى . قۇما تېغىنىنىڭ كۈنگە قاقلىنىپ ، قاغجىراپ كەتكەن ئېتەكلىرىدىن توختىماي چىرىلدىغان چېكەتكىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى . ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كۆك ئاسماندا جۇپلىشىپ ئۇچقان بېغىرتاقلار بىلەن ئاق تۇمشۇق چاڭچاڭ قارغىلار كۆرۈنۈپ قالاتتى .

— شۇنداق قىلىپ مامۇتباي ، — دېدى خېلىغىچە جىم ماڭغانلىقتىن ئىچى پۇشقان ئەدەن قېچىر ، — خۇدا بۇيرۇسا ئۆيلىرىگە ئۇ دۇنيادىن كەلگەن ئادەمدەك كىرىپ بارىدىلا ـ دە .

— بۇمۇ ئۆزلىرى قىلغان ياخشىلىقنىڭ شاراپىتى .

— بۇ گەپنى دېمەيدىغانغا كېلىشكەنىدۇققۇ ، مامۇتباي ، ئوغۇل بالا دېگەن قىلغان ۋەدىسىدە تۇرۇشى كېرەك ـ دە . بەشكېرەمگە بارغاندا يەنە مۇشۇ گەپنى قىلسىلا ، ئۇ چاغدا ئىككىمىز چېلەپ دىدارلىشالمايمىز جۇما .

مامۇت ئاخۇن خىجىل بولۇپ گەپ قىلالمىدى . چۈنكى ، ئەدەن قېچىر كۈنەستىكى قالماق بېيىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغاندا ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ ئادەمدىن ئۆزىنىڭ ياخشىلىقنى تەكرارلىماسقا ۋەدە ئالغانىدى .

— جىمىپلا كەتتىلىغۇ ، مامۇتباي ، — دېدى يەنە ئەدەن قېچىر چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ ، — يا ئاياللىرىنىڭ سىياقىنى كۆز ئالدىلىرىغا كەلتۈرۈپ ، قانداق كۆرۈشسەم بولىدىكىن دەپ ئويلاۋاتامدىلا ؟

مامۇت ئاخۇن ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىپ :

— بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا . مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەندە ، ئايالىم ئىككى ئوغلۇمغا ئانا ئىدى . مېنىڭسىز ئۆتكەن يىللاردا بۇ

بىچارىلەرنىڭ ھالى نېمە بولغاندۇ ، دېسىلە ، — دېدى .
— نېمە بولاتتى ، ئاياللىرى ئەقلى - ھوشى بار خوتۇنلاردىن بولسا ، ئىككى بالا دېگەننى چىشىنىڭ كىرى بىلەن بولسىمۇ بېقىپ قاتارغا قوشىدۇ . خۇدايىم « بەرسەڭ يەيمەن ، ئۇرساڭ ئۆلىمەن » دەيدىغان خوتۇندىن ساقلىسۇن .
— توغرا دەيدىلا ، بىراق ئايرىلىپ كەتكىنىمىزگە تالاي يىللار بولۇپ كەتتى - دە .
— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس ، ماموتباي . ئەگەر ئاياللا ئىككى يىلدا بىر ئەر يەڭگۈشلەپ ، يوتقان - كۆرپە يىغىدىغان خوتۇنلار جۈملىسىدىن بولماي ، سىلىگە چىن دىلى بىلەن ئېتىقاد قىلغان خوتۇن بولسا ، يۈز يىل ئايرىلىپ كەتسىمۇ تەلمۈرۈپ كۈتىدۇ ، جۇما .
ئۇلار بەشكېرەمگە يېتىپ كېلىپ ، چۆرىسىگە تام ئورنىدا ئانار دەرىخى تىكىلگەن باغنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، ئۆگزىسىگە لويلا - كوكاتلار ئۆسۈپ كەتكەن ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى . بۇلارنى كۆرۈپ ، ھويلىدىكى ئۇزۇم بارىڭىنىڭ ئاستىدا دەم ئېلىۋاتقان قېرى ئادەم گەزىنىگە مەسھى قىلىپ ، ئورنىدىن تۇردى ۋە كەشنى سۆرەپ لاڭقا ① نىڭ قېشىغا كەلدى .
« گۈلسەنەم مۇشۇ ئادەمگە تېگىۋاپتۇ - دە » دېگەن ئويغا كەلگەن ماموت ئاخۇنىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ ، ئىچ - قارنى ئېچىشىپ كەتكەندەك بولدى . لېكىن ، ئۆزىنى تۇتۇپ سالام - سائەت قىلىشتى ۋە :
— ئۆزلىرى كىم بولىدىلا ؟ — دەپ سورىدى .
— ھېيدىل ئىمام دېگەن كىشى بولىمەن ، — دېدى بوۋاي .
— بۇ ئۆي ماموت ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئۆيى بولىدىغاندۇ ؟
— ھەئە ، بۇرۇن شۇنداق ئىكەن . ( ئاللاتائالا مەرھۇمنىڭ روھىغا جەننەت ئاتا قىلغاي ) ئۇ كىشى قالماقلارنىڭ قولىدا ئەجەل شەربىتىنى

① لاڭقا — ئىشىك ئورنىدا بادرىدىن قىلىنغان توسۇق .

ئىچكەندىن كېيىن، شەھەر ھاكىملىرى بۇ ئۆينى ۋەخپىگە ئېلىپ، ئولتۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ماڭا بەرگەندى، مەن مۇشۇ مەھەللىدە ئىما-مەتچىلىك . . .

— مامۇت ئاخۇننىڭ بالا - چاقىلىرى بولىدىغانغۇ، ئۇلار قەيەردە؟ — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى مامۇت ئاخۇن.

— گۇلسەنەمنى دەملا، ئۇياق ھازىر ئانىسىنىڭ ئۆيىدە. مەن ئۇ مەزلۇمنى بۇرناكۇنلا، ئاپىسىنىڭ قىرىق نەزىرىسىگە بارغاندا كۆرۈۋىدىم.

— يۇرسىلە، — دېدى مامۇت ئاخۇن ۋە ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى. ھېدىل ئىمام بولسا، ئۇستۈپشى پۈتۈن، ئات يېتىلىگەن بۇ نا-تونۇش ئادەملەر كوچىدىن بۇرۇلۇپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى: «يا، قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا، ھەرقانداق قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەت ۋە پىتنە - پاساتلاردىن ساقلىغايسەن!» — دەپ خۇداغا سىغىندى.

※ ※ ※

ئەدەن قىپچىر بۇداقى سەپىرىدە ئۆزى ئويلىغاندەك پايدا ئالالمىسىمۇ، مامۇت ئاخۇننى جۇڭغارلار قولىدىن قۇتۇلدۇرغىنىنى، دانىيال خوجىنىڭ بايان ئاغچا بىلەن قايتىدىن تېپىشىشىغا سەۋەبكار بولغىنىنى ئويلاپ ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. ئۇ پۇل تاپسا ساندۇقىغا ياكى كوزىغا سېلىپ ساقلايدىغان خەسىس سودىگەرلەر جۈملىسىدىن بولماي، دىلى سۇ ئىچكەن ئادەملەر بىلەن بەرھەم كۆرەتتى ياكى كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقاتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بازار رەستىلىرىدە خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان سودىگەرلەر، خانىقالاردا ئەتىدىن - كەچكىچە زىكىر سوقۇپ جەرە تەلقىن① قىلىدىغان سوپى - دەرۋىشلەر، قەشقەر بازىرىنى ئاۋات

---

① جەرە تەلقىن — تەرىقەت يولىغا كىرگەن سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ رىيازەت چېكىپ ئىبادەت قىلىدىغان شەكىللىرىنىڭ بىرى.

قىلىدىغان دېھقان ـ ھۈنەرۋەنلەردىن تارتىپ، مەسچىتلەرنىڭ خۇتبىلىرىدە خەيرى ـ ساخاۋەت قىلىشنىڭ ساۋابلىقىنى تەرىپلەيدىغان روھانىيلار ئارىسىدىمۇ تونۇش ـ بىلىشلىرى كۆپ ئىدى.

ئۇ قەشقەرگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا بازار ئارىلاپ، ماللارنىڭ نەرخ ـ ناۋاسىنى ئۇقتى، قانداق ماللارنىڭ بازىرى چاققان ۋە كاساتلىقىنى بىلدى. ئاندىن كونا خانىقا تەرەپكە بېرىپ، تونۇيدىغان سوپى ـ دەرۋىشلەرنى يوقلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دادىسىنى بىلىدىغان قېرى دەرۋىشلەرگە ياغاچتىن ياسالغان تەسۋىلەرنى ھەدىيە قىلىپ دۇئاسىنى ئالدى..

ئۇ ئەمدى قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئانىسى رەھمەتلىكنىڭ تۇپرىقىنى زىيارەت قىلماق بولۇپ مېڭىۋىدى، مامۇت ئاخۇننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ مامۇتبايمۇ سىلى؟ ــ دېدى ئۇ ئىشەنگۈسى كەلمەي، ــ گۈلسەنەمخان ئۆزلىرىنى قوغلىۋەتمىگەندۇ؟

ــ قوغلاپقۇ ئەتمىدى، ئەمما قوغلاپ دېگۈدەك كەلدى، ــ دېدى ئۇ، ئاندىن ئۇدۇلىدىكى بۆشۈك ساتىدىغان دۇكاننىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىككى يىگىتكە قاراپ، ــ مەيەرگە كېلىڭلار! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ھېچنېمە چۈشىنەلمىگەن ئەدەن قېچىر بىردەم مامۇت ئاخۇنغا، بىردەم ئۇنىڭ چاقىرىشى بىلەن كېلىۋاتقان يىگىتلەرگە قارايتتى.

ــ ئەدەنباي دېگەن تاغاڭلار مانا مۇشۇ ئادەم بولىدۇ، ــ دېدى مامۇت ئاخۇن يىگىتلەرگە، ئاندىن ئەدەن قېچىرغا قاراپ، ــ بۇلار مېنىڭ ئوغۇللىرىم. ماۋۇنىڭ ئىسمى ساۋۇت ئاخۇن، ماۋۇنىڭ ئاۋۇت ئاخۇن.

ئىككى يىگىت تەڭلا دېگۈدەك ئەدەن قېچىرغا سالام بېرىپ كۆرۈشتى.

— گۈلسەنەممۇ كەلگەنىدى ، ئۆياق ئۆيلىرىدە — يەڭگەمنىڭ قېـ
شىدا قالدى ، — دەپ ئىزاھات بەردى مامۇت ئاخۇن .

ئەدەن قېچىر ئۇزۇن يىللار داۋام قىلغان جۇدالىقتىن كېيىن ، تېخى تۇنۇگۇنلا بالا ـ چاقىسى بىلەن كۆرۈشكەن مامۇت ئاخۇننىڭ بۈگۈن ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ قەشقەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگىنىنى بىلمەك بولۇپ :

— قېنى ، ئەمىسە ، ئاۋۇ چايخانىغا كىرىپ بىرەر پىيالىدىن چاي ـ پاي ئىچىشمەيلىمۇ ، — دېگەنىدى ، مامۇت ئاخۇن :

— چاينى ئۆيلىرىدە ئىچىمىز ، ئەدەنباي ، قېنى يۈرسىلە ، — دېدى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغۇچە ئۆزلىرىنىڭ بۇياققا كېلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈردى ، — كېيىنرەك بارىلى ، ئەدەنباي ئۇزۇن سەپەردە يۈرۈپ چارچاپ كەتتى دېسەم ، قارىسىلا ، يا مۇنۇ باللار ، يا بۇلارنىڭ ئانىسى گېپىمگە كىرسە : « ئۇ ئادەم تۇجار بولسا بىر ياققا كېتىپ قالمىسۇن ، يۈرسىلە ، بۈگۈنلا بارىلى » دەپ گۈلسەنەم ئۇنىمىدى . بىر ياقتىن مۇنۇ باللار : « ئانامنىڭ سۆزىگە ماقۇل دېسىلە ، ئاتا » دەپ تۇرۇۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھاردۇقلىرى چىقار ـ چىقمايلا ئارقىلىرىدىن يېتىپ كەلدۇق .

ئۇلار سېپىل ياقىسىدىكى تار ، توپىلىق كوچا بىلەن مېڭىپ قوش ئىشىكلىك ھويلىغا كىردى . بۇلارنى كۆرۈپ ، ئۇلۇك تەرەپتىكى بۈگلۈكتە ئولتۇرغان ئەدەن قېچىرنىڭ ئايالى تىللاخان بىلەن گۈلسەنەم دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھال ـ ئەھۋال سوراشتى . مېھمانلار ئەدەن قېچىرنىڭ « ئۆيگە كىرىلى » دېگىنىگە ، « ئۆيدىن مۇشۇ بۈگلۈك سالقىن ئوخشايدۇ » دەپ ئۇنىمىدى .

ئەدەن قېچىر گۈلسەنەم بىلەن مامۇت ئاخۇننى تۆرگە چىقىرىپ ، باللىرىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى . مامۇت ئاخۇن : « قەدىم يەتتى ، بالا

يەتمسۇن ! » دەپ دۇئا قىلدى .

— بىز مامۇت ئاخۇننىڭ سىلى توغرۇلۇق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا كەلدۇق ، — دەپ سۆز باشلىدى رەڭگى ئاق سېرىق ، پېشانىسى بىلەن جاۋغايلىرىنى قورۇق قاپلىغان گۈلسەنەم ، — بىزگە ئۆز بەندىلىرىنى يوقتىن بار قىلىپ ياراتقان خۇدايىمۇ ، مۇسۇلمانلارنىڭ غەمخورچىسى بولغان خوجاملارمۇ قىلمىغان ياخشىلىقلارنى قىپتىلا . مامۇت ئاخۇننى دەپ نەچچە يىللاردىن بېرى قىلىۋاتقان ئاھ ـ زارىمىزنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇپتىلا . ئۇنى گىرىپتارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ، يەتمىش يەرگە مەسچىت سالدۇرغان بايلاردىنمۇ ئوشۇق ساۋابلىق ئىش قىپتىلا . بۇ ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ، ئۆزلىرىنىڭ قۇتلۇق ئۆيلىرىگە كېلىپ رەھمەت ئېيتىشنى لايىق كۆردۇق . سىلىنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى ئىككى ئالەمدىمۇ ئۇنتۇمايمىز . مانا مۇنۇ ئىككى ئوغلۇمنى ئالدىلىرىغا باشلاپ كەلدىم . ھەر ئىككىسى رۇستەمدەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدى . مامۇت ئاخۇن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ ، مۇشۇ باللارنىڭ بىرىسىنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئاتا قىلدۇق .

بۇ گەپلەردىن ئەدەمن قېچىرنىڭ قەلبى تىترەپ كەتكەندەك بولدى .

— گۈلسەنەم بار گەپنى ئېيتتى ، ئەدەمباي . مېنىڭمۇ ، باللارنىڭمۇ تىلىكى شۇ ، قوبۇل قىلسىلا ، — قوشۇمچە قىلدى مامۇت ئاخۇن .

ئارىدا بىرەر مىنۇتتەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى . گۈلسەنەم بىلەن ئۇنىڭ باللىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزىر بوۋايدەك كۆرۈنگەن ئەدەمن قېچىرغا تەلمۈرۈپ قارايتتى . ئۇ بولسا ، ئاڭلىغان گەپلىرىنىڭ تەسىرىدە ھاياجانلىنىپ نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى . تىللاخان بولسا « دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئەقىدە بىلىدىغان ئادەملەر بولىدىكەن ـ ھە ؟ » دېگەندەك ئۇيلارغا بېرىلىپ ، ئېرىنىڭ ئۇلارنى رازى قىلغۇدەك جاۋاب بېرىشىنى

كۆتەتتى.

— مامۇتباي، — دېدى بىر چاغدا ئەدەن قىچىر، — سىلىدىن بىر نەرسە سوراي، يولدا كېتىۋېتىپ، يىقىلىپ چۈشكەن بىر ئادەمنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويسىلا، ئۇنىڭ بەدىلىگە ھەق تەلەپ قىلامىلا؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، ئۇنداق قىلىش نائىنساپلىق بولامدۇ، — دېدى مامۇت ئاخۇن.

— دۇنيا دېگەن ئۆزى كارۋان سارايغا ئوخشايدىكەن، شۇنداق ئەمەسمۇ، گۇلسەنەم؟ — دېدى ئۇ ۋە گۇلسەنەمنىڭ ماقۇللىغانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — شۇ كارۋان سارايغا كېلىپ - كەتكۈچە، سىلى بىلەن بىزگە ئوخشاش نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بىرسى يىقىلىپ، يەنە بىرسى يىقىلغاننى يۆلەپ تۇرىدىغان ئىشكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ غەم - تەشۋىشى جىق دۇنيادا يولۇم چۈشۈپ قالماقنىڭ ئارىسىغا بېرىپ قاپتىمەن. شۇ يەردە يىقىلىپ قالغان مامۇت ئاخۇننى يۆلەپ قويۇپتىمەن، بۇ مېنىڭ ئادەمگەرچىلىكىم ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ بەدىلىگە سىلىنىڭ بىر نەرسە بېرىمەن دېگەنلىرى مېنىڭ شۇ ئادەمگەرچىلىكىمگە نۇقسان كەلتۈرمەمدۇ؟ ئەمما، مېنىڭ بۇ ئىشىم، گۇلسەنەم، مامۇتباي ئىككىڭلارنىڭ مۇنۇ باللار بىلەن ئۇلىشىپ كەلگىنىڭلارغا قارىغاندا ئەرزىمەس نەرسە. شۇ تاپتا بېشىم كۆككە يېتىپ، خۇدايتائالانىڭ ھەرقايسىلىرىدەك ئادەملەرنى كۆپرەك ياراتمىغىنىغا نارازى بولۇپ قالدىم. ئەمدى ھەرقايسىلىرىغا قىلىدىغان بىرلا ئىلتىماسىم بار. ئۇ بولسىمۇ، ماۋۇ كارۋان سارايغا ئوخشايدىغان دۇنيادىن كەتكۈچە، بىر - بىرىمىزنى ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللاردەك ئىزدىشىپ ئۆتتۇشەيلى.

ئەدەن قىچىرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ رازى ۋە مىننەتدار بولغان مامۇت ئاخۇن يىنىپ - يىنىپ رەھمەت ئېيتتى.

گۈلسەنەم بولسا يوغان كۆزلىرىدە پەيدا بولغان ياشلىرىغا ئىگە بولالماي:

— ياراتقان ئىگەم ئۆزلىرى بىلەن بالا - چاقىلىرىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن. ئۇلار بىلەن قوۋۇلىشىپ ياشىسىلا، — دەپ تىلەك بىلدۈردى.

ئۇلار ساھىبخانىلارنىڭ قانچە خېرىدارلىق قىلغىنىغا ئۇنىماي، كەچكە يېقىن قايتىشتى.

※ ※ ※

بامدات نامىزىنى كونا خانىقانىڭ مەسچىتىدە ئوقۇغان ئەدەن قېچىر قەبرىستانلىق تەرەپكە ماڭدى. بۈگۈن ھاۋا كۈندىكىدەك ئوچۇق بولماي، ئاسمانىنى بىر تۇتاش بۇلۇتلار ئىگىلىۋالغانىدى. لەرزان شامال دەرەخلەرنىڭ ئۇچىنى تەۋرىتەتتى. قېرى قارىياغاچلار بىلەن سۆگەتلەرنىڭ شاخلىرىدا تۈنەپ چىققان قارغىلار، نېمىنىدۇر بىر - بىرىگە خەۋەر قىلغاندەك قاقىلدىشىپ ساماغا كۆتۈرۈلەتتى. كوچىلاردا ئەتىگەنلىك بازارغا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن مېۋە - چېۋە ئېلىپ كېتىۋاتقان ئادەملەر، باشقا شەھەرلەردىن مال ئارتىپ كېلىۋاتقان ئېشەك - تۆگە كارۋانلىرى، ھۆل بېدە، قۇرۇق ئوتۇن باسقان ھارۋىلار ۋە نەگىدۇر ئالدىراپ ماڭغان يېنىك مەپىلەر ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇچراپ تۇراتتى.

ئەدەن قېچىر ئانىسىنىڭ تۇپرىقىغا يېقىنلاشقاندا، سول تەرەپتىكى ئۈستى چۈشۈپ كەتكەن كونا گۈمبەزدىن بىر نەچچە ئادەم چىقىپ كەلدى. بۇياقلاردىكى شەھەر - يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە، بولۇپمۇ مازار ۋە قەبرىستانلىقلاردا ئۇچرىشىپ قالىدىغان بۇ خىل ئادەملەرنىڭ بىر قىسمى، بۇ دۇنيانىڭ نازۇ نېمەتلىرىدىن كېچىپ، ئۇ دۇنيادىكى راھەت - پاراغەتكە يېتىش ئۈچۈن تەركىدۇنيا بولۇپ، تائەت - ئىبادەتكە بېرىلگەن سوپى - ئاشىقلار؛ يەنە بىر قىسمى، كۈن كەچۈرۈشىنىڭ قاتتىقلىقىدىن، ئالۋان -

سىلىقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆي ـ جايلىرىدىن ئايرىلىپ، خانىقالاردا بىر-
رىلىدىغان ئۇماچ بىلەن كۈننى ئۆتكۈزىدىغان ماكانسىزلار؛ يەنە بىر
قىسمى بولسا، كۆرۈنۈشتە قەلەندەرچىلىكنى كەسىپ قىلغان بولۇپ، ئۆز-
لىرى مۇرىت بولغان پىرلار بىلەن ئىشانلارنىڭ ئەمر ـ مەرۇپلىرىنى
ئورۇنلايدىغان ياللانما دەرۋىشلەر ئىدى.

ئەدەن قىچىر كونا گۇمبەزدىن چىققان ئادەملەرگە پەرۋا قىلماي
مېڭىۋەردى، ئەمما ئۇنىڭ قۇلىقىغا: « بۇ گەپلىرى توغرا ئەمەس. ھەزرىتى
شەيخ شاھاۋىدىن جانابلىرى ئەيتىدۇلەركى، دەرۋىش بولۇش ئۈچۈن
قىرىق تۈرلۈك مەقامنى بىلىش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇنى سوپى -پىيشكە
بولىدۇ، سۇلتان ئەھمەت كۇبرا دېگەن كىشى بولسا: مەن 73 يىل ئۆمۈر
كۆردۇم، قىرىق يىل مۇساپىرچىلىق بىلەن بولدۇم. يەتتە يىل ھەج قىل-
دىم، مىڭ مەرتىبە خەتمە قۇرئان قىلدىم، يەتمىش مەرتىبە ھەزرەت
روسۇلىللا سەللەلا ئەلەيھە ۋەسسالامنى چۈشۈمدە كۆردۈم، مۇبارەك يۈزلى-
رىمگە قاراپ، بۇ قىرىق مەقامنى ماڭا ئېيتتىلەر، مەن ئەمەل قىلمىدىم »
دېگەن گەپلەر ئاڭلاندى. ئۇ كېتىۋاتقان بۇ ئادەملەر تەرەپكە بۇرۇلۇپ
قاراپ، بۇرناكۈن بەشكېرەمگە كېلىۋېتىپ يولدا ئۇچراتقان قېرى
دەرۋىشنى تونۇپ قالدى.

ھەمىشە ئانىسىنىڭ تۇپرىقىغا چىققاندا ئۆزى بىلگەن قىسقا سۈرە-
لەرنى ئوقۇپ دۇئا قىلىدىغان ئەدەن قىچىردا، ھازىر ئاشۇ قېرى دەرۋىشكە
قۇرئان ئوقۇتۇپ دۇئا قىلىش ئىشتىياقى پەيدا بولدى ۋە ئۇدۇل ئۇلارنىڭ
ئالدىغا بېرىپ، سالامدىن كېيىن قېرى دەرۋىشكە ئىلتىماس قىلدى:

— مەيەردىكى بىر قەبرىگە ئانام مەرھۇم قويۇلغانىدى، مالال
كەلمىسە شۇ مەزلۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇپ بەرسىلە بەكمۇ خۇ-
شال بولاتتىم.

قېرى دەرۋىش ئەدەن قېچىرغا نۇرسىز كۆزلىرىنى تىكىپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى .

ــ مېنى تونۇيالمايۋاتامىلا ، بۇرناكۇن بەشكېرەم يولىدا ئۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقان تۇججار مەن ئەمەسمۇ .

ــ ھە ، شۇ ئادەم سىلىمۇ ؟ ــ دېدى دەرۋىش ئاندىن ، ــ تووۋا ، تۇججارلارمۇ ۋاپات بولغان ئاتا ـ ئانىسىنى ئەسلەيدىكەن ـ دە ، ــ دېدى .

ــ بۇ قانداق گەپلىرى ، تەقسىر ، تۇججارلار ئادەم ئەمەسمۇ ؟

ــ ئادەملىكىغۇ ئادەم . بىراق ، ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىغا قارىغاندا پۇلنى ياخشى كۆرىدىغان خەق ـ دە . بەزى تۇججارلار قەشقەردە تۇرۇپ بەدەخشاندىكى زەبەرجاتنىڭ نەرخىنى بىلىدۇ ، لېكىن قەبرىستانلىقتا كەلسە ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇپرىقىنى تاپالماي شەيختىن سورايدۇ .

ــ بەلكىم ، ئۇنداق تۇججارلارمۇ باردۇر . ئەمما ، مەن ئۇنداقلاردىن ئەمەس ، ــ دېدى ئەدەن قېچىر ۋە بۇ قېرى دەرۋىشنىڭ تىرتەكلىكىنى ياقتۇرماي قوشۇمچە قىلدى ، ــ ۋاقتىلىرى بولمىسا مەيلى ، بىلگەن سۈرىلىرىمنى ئوقۇپ قايتارمەن .

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ مېڭىۋىدى ، قېرى دەرۋىش ۋارقىرىدى :

ــ ھەي ، تۇججار ، توختىسىلا ، نىيەتلىرى تۈزۈك ئادەمدەك تۇرىدىلا ، ئانىلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ خالىسانە ، لىللا قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلسام قىلاي .

ئۇلار تۇپراق بېشىغا كەلگەندە يامغۇر تامچىشقا باشلىدى . قېرى دەرۋىش ھەمراھلىرى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ :

ــ بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىم ، ــ دەپ سوزۇپ ئوقۇشقا باشلىدى .

يامغۇر بارغانچە ئىتتىكلەپ ، بىر پەستىلا يەر ـ جاھاننى ھۆل

قىلىۋەتتى . سالمىقىنى سول پۇتىغا سېلىپ ئولتۇرغان ئەدەن قېچىر ، ئەمدى ئوڭ پۇتىغا يۆتكىدى . قېرى دەرۋىش بولسا كۆزلىرىنى غۇۋا يۇمۇپ ، ئاۋازىنى شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا تەڭكەش قىلغاندەك ، ئىككى مۈرىسىنى ئىغاڭلاتقان هالدا ئايەت ئوقۇشنى داۋام قىلماقتا ئىدى . ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان دەرۋىشلەرمۇ ساقال - بۇرۇتلىرىنىڭ مۇهاسىرىسىدە قالغان ئاغزىلىرىنى مىتىلدىتىپ ، ئوقۇۋاتقان ئايەتلەرنى تەكرارلايتتى . ئۇلارنىڭ شارقىراپ قۇيۇۋاتقان يامغۇردا ئۇستىۋاشلىرىنىڭ هۆل ، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنىڭ پاتقاق بولغىنى بىلەن قىلچە كارى يوق ئىدى .

ئارىدىن يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، قېرى دەرۋىش « ئامىن ! » دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى . ئۇنىڭ گۆشسىز جەينەكلىرىدىن يامغۇر سۈيى تامچىلايتتى . لېكىن ، بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغان دەرۋىش ئالدى - ئارقىسىغا تەۋرىنىپ پىچىرلاپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇراتتى .

ئەدەن قېچىرغا بۇ دەرۋىشنىڭ قىرائەت قىلغىنىغا قارىغاندا دۇئا قىلىشى تولىمۇ ئۇزىراپ كەتكەندەك بىلىندى . چۈنكى ، توختىماي يېغىۋاتقان يامغۇر ئۇنىڭمۇ ئۇستىۋېشىدىن ئۆتۈپ هالىنى قويمىغانىدى .

— ئاللاهۇ ئەكبەر ! — دېدى قېرى دەرۋىش بىر چاغدا ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى سىيپاپ .

ئەدەن قېچىر ئورنىدىن تۇرۇپ رەهمەت ئېيتتى ۋە ئۇنى رازى قىلماقچى بولۇپ ئاز - تولا پۇل سۇنۇۋىدى :

— تۇججار دېگەن مانا مۇشۇنداق هەممە نەرسىنى پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغان خەق - دە ، — دەپ تېرىكىپ قالدى قېرى دەرۋىش ، — مەن خالىسانە ، لىللا ئوقۇدۇم ، بۇ تۇججار بولسا ئۇنىڭ بەدىلىگە هەق تۆلەپ ، مېنى ئاللانىڭ سۆزىنى ساتىدىغان تۇججارغا ئايلاندۇرماقچى ،

يۈرۈشسىلە ! ــ ئۇ ئاچچىقى كەلگەن ھالدا يېنىدىكى دەرۋىشلەرنى ئە-
گەشتۈرۈپ كېتىپ قالدى . « بۇ ئادەم ھەقىقىي ئاشىق ئىكەن » دەپ
ئويلىدى ئەدەن قىچىر .

ئۇ قەبرىستانلىقتىن قايتىپ شەھەرگە كەلگەندە ،
قويىنىدىكى يامغۇرنى تۆكۈپ يېنىكلەشكەن بۇلۇتلار ، نەيزە بويى
كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ نۇرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تارقىلىشقا باش-
لىدى . يوللارنىڭ توپىسى بېسىلىپ ، ئەتراپتىكى جىگدىلەر
بىلەن تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى كۈمۈش مىسالى پارقىراپ كۆرۈ-
نەتتى . ئاپتاپ تەپتىدىن ئەدەن قىچىرنىڭ ھۆللەشكەن كىيىملىرى
ئەكچىپ كەتتى .

ئۇ بازار تەرەپكە ماڭدى ۋە مىغىلداپ كېتىۋاتقان ئادەملەر
ئارىسىدىن ئۆتۈپ ، ئانار گۈللۈك ، ئىران نۇسخىلىق گىلەملەرنى
يېيىۋەتكەن خوتەن سارىيىنىڭ ئالدىدىكى چايخانىدا ناشتا قىلدى .
ئاندىن قوغۇن ـ تاۋۇز بازىرىغا بېرىپ بىر نەچچە كۆكچە ، مېۋە
بازىرىدىن بىر سېۋەت ئەنجۈر ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى . ئۇ ئەمدىلا بوگ-
لۇك ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇراتتى ، كوچا تەرەپتىن بىر سىنىڭ چاقىرغان
ئاۋازىنى ئاڭلىدى . ئەدەن قىچىر ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئىشىكنىڭ
لوكىدىنىنى چىقاردى . ھويلىغا ئاپئاق ساقىلىنىڭ ئۇچى سارغىيىپ كەت-
كەن ، بېشىدا ئاق خەسىدىن شىرىپ تىكىلگەن ئۇچلۇق كۇلاھى بار ،
ئوتتۇرا بويلۇق بىر ئادەم كىرىپ كەلدى .

ئەدەن قىچىر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كونا خانىقادا تۇرىدىغان ھا-
بىل سوپى دېگەن بۇ ئاشىقنى ، دادىسى رەھمەتلىك بىلەن بىر قازاننىڭ
ئۇمىچىنى ئىچكەن ، بىللە رىيازەت چېكىپ ، تالاي كېچىلەرنى بىللە ئۆت-
كۈزۈشكەن دەپ ھۆرمەتلەپ ، يوقلاپ تۇراتتى . بىلىكىدە ساڭگىلاپ

تۇرغان ھېقىق تەسۋىنىمۇ تېخى تۈنۈگۈنلا سوۋغا قىلىپ دۇئاسىنى ئالغاندى. شۇڭا ئۇ، بۇ ئادەمگە ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. بىراق، ھابىل سوپى:

— ئۆيگە كىرمەيمىز، — دېدى ئۇنىڭ ئىلتىپاتىنى رەت قىلىپ، — سىلى ھازىر ھېچ ياققا بارماي ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، رەھمەتلىك بولۇپ كەتتى دەپ يۈرگەن ئاتىلىرىنىڭ دېرىكى چىقىپ قالدى. مەن دىككىدە چوڭ خانىقاغا بېرىپ ئازاق دەرۋىشنى باشلاپ كېلەي. ئۇ ئادەم ئۆزلىرىنى چۆپلۈكتە يوقاپ كەتكەن يىڭنىدەك ئىزدەپ يۈرۈپتۇ — دېدى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

ھابىل سوپىدىن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلايمەن دەپ ئويلىمىغان ئەدەن قېچىرنىڭ ئىچى - قارنى گويا قاراڭغۇ ئۆيگە چىراغ يېقىلغاندەك يورۇپ كەتتى.

— تىللاخان، ھوي، تىللاخان، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن بۇ خۇشاللىقنى ئورنىدىن قوزغالسا يوقىلىپ كېتىدىغاندەك ئالدىراپ، — مېھمانخانىغا كۆرپە سېلىڭ، چاي دەملەڭ، تاماققا تۇتۇش قىلىڭ.

— نېمە بولدى شۇنچە؟ — دەپ سورىدى ئىچكىرىكى ئۆيدە چېچىنى تاراۋاتقان تىللاخان.

— ئۇنى ھازىر ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

كېچىكمەي ھويلىغا ھابىل سوپى بىلەن بىللە بۈگۈن ئەتىگەندە ئانىسى مەرھۇمنىڭ قەبرىسىدە قۇرئان ئوقۇغان قېرى دەرۋىش كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى ئەدەن قېچىر مېھ-

مانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — قېرى دەرۋىش بىر نەرسىدىن گۇمانلانغاندەك ئەدەن قېچىرغا سىنچىلاپ قارىدى ، — سىلى بۇگۈن ئەتىگەن قەبرىستاندا ئۇچراشقان تۇججارغۇ دەيمەن ، — دېدى .
— شۇنداق .
— خۇدايا تووۋا ، — ياقىسىنى تۇتتى دەرۋىش ، — بۇمۇ ئاللا - تائالانىڭ قۇدرەت - كارامەتلىرىنىڭ بىرسى . ئىسمىلىرى بىلەن ئاتىلىرىنىڭ ئىسمى كىم بولىدۇ ؟
— ئىسمىم ئەدەنباي ، ئاتامنىڭ ئىسمى سامساق .
— توغرا ، ئۆيۈڭلار بۇرۇندىن تارتىپ مۇشۇمىدى ؟
— يوقسۇ ، بۇرۇنقى ئۆيىمىز « تۇرۇمتاي كۆلۋېشى » دېگەن يەردە بولىدىغان ، ئۇ يەردە كىچىككىنە هامامىمىز بار ئىدى . ئاتام رەھمەتلىك تەرىقەت يولىغا كىرگەندە ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ۋەخپە قىلىۋەتكەن .
— توغرا ، بۇلارمۇ ئەسلىرىدە بار ئىكەن . ئەمىسە بىزنى خالىيراق ئۆيگە باشلىسىلا .
ئەدەن قېچىر ئۆزى تىمەن بولسىمۇ ، كۆزلىرى ئاجىزلىشىپ قالغان بۇ ئادەم بىلەن ھابىل سوپىنى مېھمانخانىغا باشلىدى .
— ئاتىلىرى سامساق سوپىۇم بىلەن ھەزرىتى ئاپاق خوجام يەكەن تەختىگە ئولتۇرغان يىلى تونۇشقانىدىم ، — دەپ سۆز باشلىدى قېرى دەرۋىش ، — شۇنىڭدىن كېيىن تالاي يىللارغىچە ياتار جايىمىز بىلەن بارار جايىمىز بىللە بولدى . ھەزرىتى ئاپاق خوجام باقىي ئالەمگە رەھلەت قىلغان

دىن كېيىن، موللا ساقى جانابلىرى سامساق سوپۇمنى يەكەندىكى خېنىم پاشانىڭ ① ئوردىسىدا قالدۇرۇپ، مېنى قەشقەردىكى يەھيا خوجام ② نىڭ ئىختىيارىغا ئەۋەتتى. بۇ يىللاردا ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭ ۋارىسلىرى خېنىم پاشادىن چوڭ ئوغلى يەھيا خوجىغىچە بولغان بىر قانچە كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئەجەل شەربىتى ئىچىشتى. مېڭىلىغان سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ قېنى تۆكۈلدى. بىزگە ئوخشاش تەرىقەت ئەھلى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تېرىقتەك چېچىلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز بىر ـ بىرىمىزنى تالاي يىللارغىچە كۆرمىدۇق. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى بىر نەچچە سوپى ـ ئاشىقلار بىلەن ئىمامى جەئفەر سادىق ③ ھەزرەتلىرىنىڭ (ئاللا ئۇكىشىنىڭ روھىغا جەننەت ئاتا قىلسۇن) مازارىنى زىيارەت قىلاي دەپ نىيىگە بارسام، ئاتىلىرى سامساق سوپۇم شۇ يەردە ئىكەن. ئۇ كىشىنىڭ بۇ مازاردا ئىستىقامەت قىلىپ ياتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئېشىپتۇ. ئىككىمىز بىللە ئىستىقامەت قىلىپ يەنە بىر يىلنى ئۆتكۈزدۇق.

ــ ئازاق سوپۇم، ــ دېدى ئۇ بىر كۈنى، ــ ماۋۇ جاھاننىڭ تەتۈرلۈكىنى قارىسىلا. مەن ئاللاتائاللانىڭ ئىشقىدا رىيازەت چېكىپ، بۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىدىن ۋاز كېچىپ، جەبرۇجاپالارغا گىرىپتار بولغىنىمغا خوش بولۇپ يۈرۈپتىمەن. ياش چېغىمدىلا پانىي ئالەمنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىگە ئىختىيار قىلىپ، بىر يىللىرى قەشقەردىكى كونا خانىقادىن قېچىپ كەتكەن ئوغلۇم، ھازىر شەھەرمۇ شەھەر سەپەر قىلىپ،

---

① خېنىم پاشا ــ ئاپاق خوجىنىڭ خوتۇنى، ئەسلى ئىسمى مۇتەم خېنىم. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۈچ يىل خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، يىگىرمە مىڭدەك ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە خەلق ئىچىدە «جاللات خېنىم» دەپ نام قالدۇرغان.

② يەھيا خوجا ــ ئاپاق خوجىنىڭ ئوغلى، قەشقەرگە ھاكىم بولغان، ئۆگەي ئانىسى خېنىم پاشا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن (تارىختىن قىسقىچە بايان).

③ جەئفەر سادىق ــ (700 ــ 765) جەئفەرىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى، شىئەلەرنىڭ ئالتىنچى ئىمامى. تەرىقەتچىلەر بۇ ئىمامنى نىيەدە ئۆلگەن دەپ، شۇ يەردە مازار بىنا قىلغان.

تـۇجـجـارلىق بىلەن ياشاۋېتىپتۇ . ئۆتكەن يىلى قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن ئادەمـلـەرنـىـڭ گېپىگە قارىغاندا ، ئۇ بالا مېنى ئاشۇ يىلى يەكەندە قىرغىن قىلىنغان سوپى ـ دەرۋىشلەر قاتارىدا ئەجەل شەربىتى ئىچىپتۇ دەپ ئاڭلاپ شەرىئەتىمىز بۇيرۇمىغان ئىشلارنى قىپتۇ .

ـــ ئاتـام بىچارە هازىر شۇ يەردىمۇ ؟ ـــ تاقىتى تاق بولغان ئەدەن قېچىر دەرۋىشنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى .

ـــ مـەن ئۇنـداق دېـمىدىمغۇ ، ـــ دېدى دەرۋىش ئۇنىڭ سوئالىنى يـاقـتـۇرمـاي . ئـانـدىـن قاشلىرىنى ھىمىرىپ بىر پەس تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، ـــ يېقىندا كاتتايلاقتا تۇرىدىغان ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە بارسام ، مۇخـلىسلىرىدىن ئىككىيلەن ئالاھىدە ئىزدەپ شۇ يەرگە كەپتۇ . ئۇلار قالـماقلارنـىـڭ قولىدا تۇرۇۋاتقان ئەخمەت خوجامنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئىـلـى تـەرەپـكـە مـاڭـغـانىكەن ، بىر نەچچە سائەت مۇلاقەتتە بولۇشتۇق . شـۇلارنـىـڭ گـېـپـىـگـە قـارىـغـاندا ، ئاتىلىرى سامساق سوپۇم ئىبلىسنىڭ ۋەسـۋەسـىسى بىلەن شۇنچە يىللىق تائەت ـ ئىبادىتىنى تاشلاپ ، بۇ دۇنيا ـ نـىـڭ نـازۇ نـېـمـەتـلـىـرىـگە مەيل قىلغان ئوخشايدۇ . مەنغۇ ئۇلارنىڭ بۇ گـەپـلـىرىگە ئىشەنمىدىم . ھەزرىتى ئاپاق خوجام بىلەن بەدەخشان ، كەشـمـىر ، خـاقـان ، چـىنلارغا ھەمسەپەر بولغان كىشىنىڭ ئۆز پىرىگە بولغان ئەقـىدە ـ ئېتىقادىدىن يۈز ئۆرۈشىگە ئەقىل باراۋەر قىلمايدۇ . سامساق سو ـ پـۇم بايىقى مۇخلىسلىرىدىن ماڭا سالام ئـېـيـتىپ ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ جاھاندا بار ـ يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرۈپ خەۋەر بېرىشىمنى تاپىلاپتۇ .

ـــ ئاتام بىچارە تىرىك ئىكەن ـ دە ! دەۋەتتى خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ئەدەن قېچىر .

ـــ ھـەئـە ، ئۇ كـىـشـى مـۇخـلىسلىرىم كۆرگەندە تىرىك ئىكەن . ئەمـما ، شـۇنـىڭدىن بېرى ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى . بۇ ۋاقىت ئىچىدە

قايسى بەندىلەرنىڭ بىزگە ئوخشاش هايات يۈرۈشى، قايسىلارنىڭ قەبزى روھ ① قىلىنىشى ئاللانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللا تائالا «بارلىق هايات ئۆلۈمنى تېتىيدۇ»، «بارلىق ئىنسان يوقالغۇچىدۇر» دېگەن.

ئەدەن قېچىرنىڭ خۇشاللىقتىن داۋالغۇپ كەتكەن كۆڭلى قايىنىغان سۇغا بىر پارچە مۇز تاشلىغاندەك بېسىلىپ قالدى.

— ئۇ مۇخلىسلىرى بىچارە ئاتامنى يەكەننىڭ قەيىرىدە ئۇچراتقانلىقىنى ئېيتمىدىمۇ؟

— ئېيتتى، سامساق سوپۇم ئۇ يەردە هېلىم يۇمشاق دېگەن كىشىنىڭ كارۋان سارىيىدا ئىمىش، — ئازاق دەرۋىش هابىل سوپىغا قارىدى، — قېنى سوپۇم، قوزغالمايمىزمۇ.

— ياق، ئۇنداق گەپنى دېمىسىلە، تەقسىر، — دېدى ئەدەن قېچىر ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — مەن بىچارىنىڭ كۆڭلىنى خۇش خەۋەر بىلەن خۇرسەن قىلىپ، بىر چىنە چاي ئىچمەي كېتىمەن دېگەنلىرى نېمىسى؟

— مەن بۇ يەرگە ئۆزلىرىدىن چاي تەمە قىلىپ كەلمىدىم، ئۇستازىم سامساق سوپۇمنىڭ ئامانىتىنى ئورۇنلىغىلى كەلدىم. ماڭا دۇنيانىڭ نېمىتىدىن تائەت ـ ئىبادەت مۇھىم، رەنجىمىسىلە.

ئۇلار ئەدەن قېچىرنىڭ قانچە چىڭ تۇرۇپ خىزىدارلىق قىلغىنىغا ئۇنىماي قايتىشتى.

## تۆتىنچى باب

ئالتۇنلۇق تەرەپكە كېتىدىغان كوچىدىكى قېرى سېدىنىڭ سايىسىدە ئولتۇرغان، يەكتەكنىڭ ئۈستىدىن ئېتەك ـ يەڭلىرىگە قاتمۇ قات ياماق سېلىنغان پەرىجە كىيىۋالغان بۇ قېرى ئادەمنىڭ چىرايى شۇنچىلىك

① قەبزى روھ — جېنىنى ئېلىش.

جۇدەك ئىدىكى، بىر نەچچە يىل ئاغرىپ يېتىپ، ساقايغاندەك كۆرۈ-
نەتتى. بىر چاغلاردا ھەممە نەرسىگە زوقلىنىپ، سىنچىلاپ قارايدىغان
ئۆتكۈر كۆزلىرى، گويا يېغى تۈگەشكە باشلىغان چىراغدەك پىلدىرلاپ
قالغانىدى. كوچىدا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىگىمۇ
ئىچى پۇشقاندەك، سانسىز قورۇقلار چۈشكەن چىرايىنى تۈرۈپ قارايتتى.
سەلكىن شامال كوچىنىڭ چېڭىنى توزۇتسا، بۇ ئادەم يېنىدىكى كونا چېي-
لىكىدە سۇ ئەكىلىپ ئەتراپقا چاچاتتى - دە، پەقەت كەچ كىرىپ، قاراڭغۇ
چۈشكەندىلا خەير - ئېھسان قىلىنغان نان، توغاچ، مېۋە - چېۋىگە
ئوخشاش نەرسىلىرىنى ياغلىقىغا تۈگۈپ، خانىقا ياكى دەرۋىشخانىلارغا
بارماي، ھېلىم يۇمشاق دېگەن كىشىنىڭ كارۋان سارىيىغا يول ئالاتتى.
بېلى مۈكچىيىپ، چىشى سارغايغۇچە تەرىقەت يولىدا رىيازەت
چەككەن بۇ ئادەمنى يەكەنلىكلەر ئادەتتىكى سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ
بىرسى دەپ ئويلىشاتتى. ئۇنىڭ ئەللىك يىلغا يېقىن تەرىقەت يولىدا
بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قىسمەتلىرىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.
بۇ يىل ئەتىيازدىن بېرى ھېلىم يۇمشاقنىڭ كارۋان سارىيىدا
ھويلا - ئارامنى تازىلاپ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلىپ كۈن
ئۆتكۈزۈپ يۈرگەن بۇ ئادەم ھەر كۈنى كەچتە: «مەن يوق چاغدا
بىرەرسى ئىزدەپ كەلمىگەندۇ، ھېلىماخۇن؟» دەپ سورايتتى ۋە
«يوقسۇ، سوپۇم» دېگەن جاۋابنى ئاڭلاپ ئۇنچىقمايتتى.
سارايۋەن بىلەن باشقىلار تەرىپىدىن «سوپۇم» دەپلا ئاتىلىپ
كەتكەن بۇ قېرى دەرۋىش، بۈگۈن ياتىقىغا كەلمىدى.
شۇ كۈنى كەچتە قۇلاقلىرى شىڭگىتايغان، چىۋىلىرى تەرلىگەن
تورۇق يورغىسىنى مىنگەن ئەدەن قېچىر كارۋان سارايغا كىرىپ ئېتىدىن
چۈشتى. ئۇنىڭ ئۇستىۋېشى بىلەن گىلەم - خۇرجۇنىغا قاراپ، خېلى

يىراق يەردىن كەلگەن سودىگەر ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىگەن سارايۋەن، دەرھال ئالدىغا بېرىپ ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى ۋە دەرۋازىغا قاراپ تۇرىدىغان پېشايۋانلىق ئۆيلەرنىڭ بىرسىگە باشلىدى.

ئۆينىڭ ئىچىدە ئېدەندىن يېرىم گەز كۆتۈرۈلۈپ ياسالغان بۆگلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە بورا سېلىنغانىدى، ھويلا تەرەپكە قارىغان، قەغەز چاپلانغان پەنجىرىسى بار ئىدى.

— بۇ ئۆيلەرىدە بۈرگە، چۈچۈن دېگەن جانىۋارلار يوقتۇ، ھېلىماخۇن؟ — دەپ سورىدى ئەدەن قېچىر قولىدىكى خورجۇننى بۆگ-لۈككە قويۇپ.

— بۇ قانداق گەپلىرى، — نارازىلىق بىلدۈردى سارايۋەن، — دۇنيادا ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى مانا بۈگۈن ئۆزلىرىدىن ئاڭلاۋاتى-مەن، — دېدى ئۇ ۋە گېپىنى يۆتكەپ، — ئۆزلىرى كېلەر - كەلمەي تۇرۇپلا ئىسمىمنى نەدىن بىلىۋالدىلا؟

— ئىسىملىرىنى بىلگەچكە باشقا سارايلارغا چۈشمەي، مۇشۇ يەرگە كەلدىم - دە، مۇنۇ بورىنىڭ ئۈستىگە سالىدىغان كىگىزلىرى باردۇ؟

— بولمامدىغان، ئەگەر خېرىدار بولسىلا زىلچىمۇ سېلىپ بېرىد-مەن، دېسىلە.

— مەيلى، ھەم كىگىز، ھەم زىلچە سېلىپ بەرسىلە.

«بۇ خېلى بايۋەچچە تۇججار ئوخشىمامدۇ» دەپ ئويلىغان سارايۋەن، دەرۋازىنىڭ قېشىدىكى ئۆيگە كىرىپ، خىزمەتچىلىرىنىڭ بى-رىگە بىر پارچە ئاق كىگىز بىلەن بىر دانە گىلەم كۆتۈرتۈپ كەلدى.

— يېقىن ئەتراپتا ھامام ياكى سەراپ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەدەن قېچىر.

— هامام ئۆزىمىزدە بار ، — دېدى سارايخان گىلەم - كىگىزلەرنى سېلىپ بولغان خىزمەتكارىغا قاراپ ، — ھېلىقى سوپۇم تېخىچە كەلمىدى - ھە ؟ قاۋۇل ئاخۇن ئەمدى ئۆزلىرى هامامغا ئوت يېقىشقا تەسلە .

راستىلا ، بالدۇر مۇنۇ مېھمانغا يۈز - قولىنى يۇيىدىغان ئاپتۇۋا بىلەن داس ئەكىرىشقا تەسلە . ئاندىن ئاشپەز ئۇستامغا دەپ قويسىلا ، ئاچچىققىنا چاي بىلەن پىيالە كەلتۈرسۇن .

ئەدەن قېچىر يۈز - قولىنى يۇيۇۋېتىپ چىقىپ كېتىشكە تەمشەلگەن سارايخاننى شەرەت بىلەن توختىتىۋالدى :

— جىنىدەك توختاپ تۇرسىلا ، سىلى بىلەن قىلىشىدىغان گېپىم بار .

« بۇ تۇججارنىڭ نېمە گېپى باردۇ ؟ » دەپ ئويلىغان سارايخان بۇگلۈكىنىڭ چېتىگە كېلىپ ئولتۇردى .

— ئۆزلىرى ئازاق سوپۇم دېگەن دەرۋىشنى تونۇمدىلا ؟ — دەپ سورىدى ئەدەن قېچىر گەدەنلىرىنى ئېرىتىۋېتىپ .

— بىلمەمدىغان ، ئۇ كىشى قېيناتامنىڭ ئاكىسى بولىدۇ . بۇ گەپلىرىگە قارىغاندا قەشقەردىن كەلگەن ئوخشىمامدىلا ؟

— ھەئە ، مەن ئۆزلىرىگە شۇ كىشىنىڭ گېپى بىلەن كەلدىم . سىلىنىڭ سارايدا سامساق سوپى دېگەن كىشى بارمۇ ؟

سامساق سوپى ؟ — سارايخان بىر پەس ئويلىنىپ قالدى ، — ياق ، بۇ يەردە ھەممىمىز سوپۇم دەپلا ئاتايدىغان بىر قېرى دەرۋىش بار ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ھېچقايسىمىز سوراپ كۆرمەپتىمىز .

ئەدەن قېچىرنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى .

— ئۇ قېرى دەرۋىش قېنى ؟ مېنى هازىرلا شۇ كىشىنىڭ قېشىغا باشلاپ چىقسىلا ، — دېدى تاقەتسىزلىنىپ .

— ئۇ سوپۇم كۈندە بۇ مەھەلدە پەيدا بولاتتى، — شۇ ئارىدا بايىقى خىزمەتكار چىراغ كۆتۈرۈپ كىردى. سارايۋەن ئۇنىڭغا قاراپ، — قاۋۇل ئاخۇن، سوپۇم ھويلا - ئارامدا كۆرۈنمەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.
ئۇ «ياق» دېگەندىن كېيىن، — بەلكىم بىرەر تونۇش ئادىمى ئۇچراپ قالغان بولسا، شۇ كىشى بىلەن يۈرەمدىكىن، — دەپ قوشۇپ قويدى.
— ئۇ سوپۇمنىڭ كەتكەن يېرىنى بىلەمدىلا؟
— ياق، ئۇ ئادەم بۇ يەرگە كەچقۇرۇندىلا پەيدا بولىدۇ. كۈندۈزى نېرىقى كوچىدىكى سېدە تۇۋىگە بېرىپ ئولتۇرىدۇ.
ئەدەن قىېچىرنىڭ كۆڭلىدە ئەنسىرەش ئارىلاش تەقەززالىق پەيدا بولدى.
— ئەمىسە شۇ يەرگە بېرىپ كەلمەمدۇق، — دېدى ئۇ، مەن شۇنچە يەردىن ئاشۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەن.
— «قوتتۇر ئاتنىڭ تۈكى دورا بولۇپ قالسا، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئوتلايدۇ» دېگەندەك، كۈندە ئادەمنىڭ پۇتىغا پۇتلىشىپ يۈرىدىغان ما سوپۇمنىڭ بۈگۈن ئەتۋار بولۇپ كەتكىنىنى - ھە، بارساق بارايلى، كۆڭۈللىرى قالمىسۇن.
ئۇلار چىراغنى ئۆچۈرۈپ كوچىغا چىقتى. كۈندۈزى مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ، ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئايىغىدا چەيلىنىپ، ھارۋىلارنىڭ چاقلىرىدا ئېزىلىپ، توپىسى ئۇپىدەك بولۇپ كەتكەن كوچىلار، ھازىر ئازادە ھەم جىمجىت بولۇپ قالغانىدى. ئىشىكى يېپىلماي قالغان ھويلىلاردا چىراغ يېقىپ يىپ ئىگىرىۋاتقان، مۈكچىيىپ خام توقۇۋاتقان بوزچىلار كۆرۈنۈپ قالاتتى.
ئەدەن قىېچىرلار ئازراق مېڭىپ، ئالتۇنلۇق مازارىغا چىقىدىغان كوچىغا بۇرۇلدى، ئېرىق بويىدا ئۆسكەن ئېگىز ۋە يوغان سېدىگە

يېقىنلاشقاندا، ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا:
— يەنە ئازراق ئىچىۋەتسىلە، بوۋا، — دېگەن ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى، ئۇنىڭ كەينىدىن، — رەھمەت، قىزىم، خۇدايىتائالا بەختلىرىنى بەرسۇن، — دېگەن ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
سارايۇەن ئەدەن قېچىرغا قاراپ:
— ئىزدىگەن ئادەملىرى بار ئىكەن، — دېدى.
ئۇلار سېپدە تۆۋەنگە كەلدى. تىزىنى يېپىپ كەلگەن سەرگەز كۆيـنىكى بار كىچىككىنە بىر قىز بىر قېرى ئادەمنىڭ بېشىنى يۆلەپ ھېجىردا دوغاپ ئىچكۈزۈۋاتاتتى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سوپۇم، — دېدى سارايۇەن، — بۈگۈن نېمىشقا كەلمىدىكىن دېسەم، بايا بىتاپ بولۇپ قاپتىلا - دە.
— ھېلىماخۇنمۇ سىلى؟ مېنى ئىزدەپ بىر كىم كەلمىدىما؟ — دەپ سورىدى بوۋاي. ئۇنىڭ دوغاپ بىلەن نەملەشكەن ئاغزى ئاران ھەرىكەتلىنەتتى.
— كەلدى، سوپۇم.
شۇ چاغدا تاۋى قېچىپ، داق يەردە ياتقان ئاتىسىنى تونۇپ قالغان ئەدەن قېچىر ئۆزىنى تۇتالماي:
— ئاتا، بۇ سىلىمۇ؟ سىلىنىمۇ كۆرىدىغان كۈن بولىدىكەنغۇ؟ — دېگىنىچە كېلىپ بوۋاينى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.
خېلىدىن بېرى ئۆز سارىيىدا ياتقان قېرى سوپىنى مۇنۇ بايۇەچچە تۇججارنىڭ ئاتام دەپ كۆز ياش تۆككىنى، سارايۇەن بىلەن ھېجىر تۇتۇپ تۇرغان قىزنى ھەيران قالدۇردى. ئۇلار خۇددى بىر مۆجىزە كۆرۈۋاتقاندەك تۇرۇپ قېلىشتى. شۇ ئەسنادا:
— ئەدەنمۇ سەن؟ ئۇنۇڭ ئوخشايدىغۇ، كەلدىڭمۇ بالام، — دېدى

بوۋاي ۋە ئۆزىگە ئىگە بولالماي هوشىدىن كەتتى .
بىردەمدىلا ئەنسىزچىلىك باشلىنىپ كەتتى .
— يۇگۇرسىلە ، قىزىم ، مۇزدەك سۇ ئەكەلسىلە ، — دېدى سارايـ
ۋەن ، ئاندىن كۆزلىرىدىن ياش قويۇلۇپ تۇرغان ئەدەن قېچىرغا
قاراپ ، — ئاۋۇ ئۆيدىن چىراغ سوراپ چىقاي ، ئۆزلىرىگە بەك بولـ
سىلا ، — دېدى .
ئەدەن قېچىر قۇچىقىدا هوشسىز ياتقان دادىسىنىڭ بېشىنى
تۇتۇپ ، ئۆزى بىلىدىغان ئايەتلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇشقا باشلىدى .
ئارىدىن ئانچە ئۆتمەي ، بوۋاينىڭ ئورۇق گەۋدىسى كۆتۈرۈلگەنـ
دەك بولۇپ ، كۆزلىرى ئېچىلدى . كۆز چانقىدا توختاپ قالغان ياشلىرى
چىراغ يورۇقىدا يالتىراپ كەتتى . بۇنى كۆرۈپ كىچىككىنە خاتىرجەم
بولغان سارايۋەن :
— تازىمۇ قورقۇتۇۋەتتىلە ـ دە ، سوپۇم . ئەمدى ماۋۇ سۇدىن
ئىككى يۇتۇم ئىچىۋەتسىلە ، — دەپ هېجىرنى ئاغزىغا ئاپاردى .
بوۋاي ئەس ـ هوشىنى يىغىپ ئولتۇرۇپ قالدى .
— ئىلايا شۈكۈر ، — دېدى سارايۋەن ئەدەن قېچىرغا قاراپ ، —
سىلىمۇ قىزىق تۇججار ئىكەنلا ، ئاتىلىرىنى كۆرگەندىكىن خۇشال
بولماي ، كىچىك بالىدەك يىغلىغانلىرى نېمىسى ؟ قاراپ تۇرۇپ مۇنۇ سوـ
پۇمنىمۇ ، بىزنىمۇ ئاۋارە قىلدىلا . بوپتۇ ، سىلى ئەمدى ئاتىلىرى بىلەن بىر
پەس مۇڭدىشىپ تۇرسىلا ، مەن سارايغا بېرىپ هارۋا ئەكىلەي ، — دېدى
ـ دە ، كېتىپ قالدى .
ئەدەن قېچىر دادىسىنى مۇشۇنداق هالەتتە كۆرۈشنى ئەسلا ئويلىـ
مىغانىدى . ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى قوشۇما قاش ، شاپ بۇرۇتلۇق ، تەپسە
تۆمۈر ئۈزگۈدەك كۈچ ـ قۇۋۋەتتى بار تەمبەل دادىسى هازىر بىر سىقىم بوـ

لۇپ ، چۆلدىكى قۇرۇپ كەتكەن قاقشالدەك بولۇپ قالغانىدى .

— ئەدەن بالام ، كەلگىنىڭ ئوبدان بولدى ، — دېدى بىر هازادىن كېيىن سامساق سوپى بېلىدىن قۇچاقلاپ ئولتۇرغان بالىسىغا ، — مۇشۇ يېقىندىن بۇيان ئاناڭ رەھمەتلىك چۇشۇمگە تولا كىرىدىغان بولۇپ قېلىۋىدى ، بايا سېنى كۆرىدىكەنمەن .

— مەنمۇ سىلىنى جىق ئىزدىدىم ، ئاتا . ئەگەر ئازاق دەرۋىش ئۇچرىمىغان بولسا . . . — ئەدەن قېچىرنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى .

— ئۆزۈڭنى تۇتقىن ، بالام . ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ، بىزنىڭ . . . — سامساق سوپىنىڭ كۆڭلى داۋالغۇپ ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي بىر هازاغىچە تۇرۇپ قالدى ، — مېنىڭدىن رەنجىمە ، بالام . سېنىڭ ئالدىڭدا ئاتىلىق قەرزىمنى ئادا قىلالمىدىم ، — دېدى كۆچىنىپ ۋە ئارىدەك قاتتىق بارماقلىرى بىلەن ئەدەن قېچىرنىڭ قولىنى سىلاپ قويدى .

— هەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە ، ئاتا . ئاللاتائالا نېسىپ قىلىپ ئۆزلىرى بىلەن قىرىق يىلدىن ئاشقاندا ئاران دىدارلاشتىم . ئەمدى ياراتقان ئىگەم ئۆزلىرىگە بولغان بالىلىق قەرزىمنى ئادا قىلىشقا نېسىپ قىلغاي .

شۇ ئارىدا ئۇستىگە كىگىز ـ كۆرپە سېلىنغان هارۋا سېيدىنىڭ تۇۋىگە كېلىپ توختىدى . ئەدەن قېچىر بىلەن سارايۋەن سامساق سوپىنى خۇددى بىرقاپ سۆڭەكنى كۆتۈرگەندەك هارۋىغا سالدى .

※ ※ ※

قايىندىن تەختكە ئولتۇرغان دانىيال خوجا دەسلەپكى ئايلاردا هاكىمىيەتنى مۇستەهكەملەشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى كۆردى . ئۇ جۇمە نامىزىنى يۇرۇنقىدەك ، ئەسلىدە ئەللىك ئىككى گۇمبىزى بولسىمۇ ، خەلق

ئاربىدا « قىرىق گۇمبەز » دەپ ئاتىلىپ كەتكەن ۋە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى مىڭ بەش يۈز ئادەم ناماز ئوقۇيدىغان ئازنا مەسچىتىدە ئوقۇماي ، يەكەن-دىكى باشقا مەسچىتلەرگە بېرىپمۇ ئوقۇيتتى ۋە ھەر قېتىم خۇتبە ئوقۇغاندا ، ئۆزىنىڭ قەشقەرىيىگە خان بولۇشىنى ئاللاتائالانىڭ ھۆكمى ۋە مۇشۇ دىياردىكى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇلىرىنىڭ ئاللا تەرىپىدىن ئىجاۋەت قىلىنىشىدىن دەپ چۈشەندۈرەتتى . سۆزىنىڭ ئاخىرىنى بولسا : « ھەر بىرىڭلارغا سىر ئەمەسكى ، ئۆتكەن بىر قانچە ئون يىللاردىن بېرى ھىدايەتۇللا خوجىنىڭ مۇرتەدلىكىدىن ① جۇڭغار قالماقلىرىغا قارام بولۇپ قالدۇق . ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا ، يۈز يەتمىش يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن خانلىقىمىزنىڭ ئۇلىنى بەرپا قىلغان جاھانپاناھ مەرھۇم سۇلتانىمىز سەئىدخاندەك ② ( ئاللاتائالا ئۇ كىشىگە جەننەت ئاتا قىلغاي ) ، مۇسۇلمان پۇقرالىرىمىزدىن ئون يىلغىچە باج - خىراج ئالماي ، ھەر بىرىڭلارنىڭ دۇئايى بەرىكىتىنى ئالغان بولاتتىم . لېكىن ، مىڭ ئەپسۇسكى ، ھازىر بۇنىڭ ئىلاجى يوق . . . » دېگەندەك جۈملىلەر بىلەن تۈگىتەتتى .

ئۇ بەزى كۈنلىرى شەھەر ئىچىدىكى چوڭ - چوڭ خانىقالارغا ( بۇ چاغلاردا يەكەن شەھىرىدىكى خانىقالارنىڭ سانى ئون ئالتىگە يەتكەنىدى ) بېرىپ ، ئۇ يەردىكى تەرىقەت يولىدا رىيازەت چېكىۋاتقان سوپى - دەرۋىشلەرگىمۇ ۋەز - نەسىھەت ئوقۇپ تۇراتتى :

— ھەق ( خۇدا ) يولىدا رىيازەت چېكىش ئادەمدىكى ھاۋايى - ھەۋەس ، ھايۋانىي نىسبەتلەرنى يوق قىلىدۇ . ئادەم رىيازەت چېكىش ئار-قىلىق ئۆز نەپسانىيىتىنى يېڭەلىسە ، ئۇنىڭ روھىدا پاكلىقتىن ئۆزگە نەرسە

① مۇرتەد — دىنغا خىيانەت قىلغۇچى ، ئۆز دىنىدىن يۈز ئۆرۈگۈچى .

② سەئىدخان — يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچىسى بولۇپ ، پۇقرالاردىن ئون يىلغىچە ئالۋاڭ - ياساق ئالمىغان .

قالمايدۇ. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاللانىڭ شولىسى بىلەن يورۇپ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلەيدۇ. ھەدىستە: «كىمكى ئۆز نەپسىنى بىلسە، ئۆز خوجىسىنى (خۇدانى) بىلىدۇ» دېيىلگەن. ئەگەر سىلەر ئاللاتائالاغا بولغان ئىشق ئوتىدا كامالەتكە يەتسەڭلەر، ھەر دائىم ئۇنى يادلاپ، ئارزۇ قىلىپ ياشاڭلار. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئادەم ئاللاتائالانى يادلاپ جان تەسلىم قىلسا، ئۇنىڭ ئۆلۈمى مەڭگۈ ھايات بىلەن تەڭدۇر...»

ئۇنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى تەرىقەت يولىغا كىرگەن سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ ئېتىقادلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، خۇددى ياغ چېچىلغان ئوتتەك لاۋۇلدىتىۋېتەتتى. دانىيال خوجا قايتىدىغان چاغدا، خانىقا ئەھلىگە ئۆزىنىڭ نامىدىن بىر نەچچە قوي ياكى كالا، ياغ - گۈرۈچلەرنى ھەدىيە قىلاتتى.

دانىيال خوجىنىڭ بۇ خىل پائالىيەتلىرى تېز ئارىدىلا يەكەن شەھىرىدىن ھالقىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاقلارغا پۇر كەتتى. ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن مۇخلىسلىرى دانىيال خوجىنى كۆككە كۆتۈرۈپ: «بۇ ئادەم ئالاغا يېقىن كەرىمە ھۇللا پىر»، «مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ شاپائەتچىسى» دەپ تەرغىب قىلىشاتتى. بەزىلىرى دانىيال خوجىنىڭ جۇڭغارلار قولىدا يەتتە يىل گۆرۈدە تۇرۇپ يەكەنگە قايتىدىن كېلىشىنى، ئاللاتائالانىڭ نەمرۇد ① تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغان ئىبراھىم پەيغەمبەرنى كۆيدۈرمەي ساقلاپ قالغىنىغا ئوخشاتسا، بەزىلىرى دېڭىزغا تاشلانغان چېغىدا بېلىق يۇتۇۋېتىپ، ئۇنىڭ قورسىقىدا قىرىق كۈن يېتىپ تىرىك قالغان يۇنۇس پەيغەمبەر ② گە ئوخشىتاتتى. ۋەز -

---

① نەمرۇد — مىلادىدىن 2640 يىل ئىلگىرىكى بابىل پادىشاھى بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبراھىم پەيغەمبەرنى ئوتقا تاشلىغان، ئىبراھىم پەيغەمبەر ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئوتتا كۆيمەي ئامان قالغان.

② دىنىي كىتابلاردا يۇنۇس پەيغەمبەر ھەققىدە شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ.

نەسىھەتلەرنىڭ ئاخىرىنى: « ئۇلۇغ پىرىمىز دانىيال خوجامغا مۇرىت بولماي ئۆلگەن ھەرقانداق مۇسۇلمان دوزىخىدۇر، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئىككى ئالەمدە يۈزى قارادۇر، چۈنكى بۇ ئۇلۇغ پىرىمىز مۇسۇلمانلارنى جەننەت ۋە دوزاخقا ئايرىغۇچىدۇر ... شۇڭا قايسىكى مۇسۇلمان جەننەتكە كىرىمەن دېسە، دانىيال خوجام ھەزرەتلىرىگە بەيئەت قىلىشى كېرەك ... مۆمىنلەر پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ھارام دۇنيا، ئازغۇن ئالەم ۋەسۋەسىلىرىدىن خالىي تۇتۇپ، پۈتۈن مېھرىنى ئۇلۇغ پىرىنىڭ ئىختىيارىغا ئاتىشى ۋە ئۇ-نىڭ مۇبارەك تەلىملىرىدىن ئايرىلماسلىقى ۋاجىپتۇر » دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاياغلاشتۇراتتى.

دانىيال خوجىنى تەرىپلەپ يۈرگۈزۈلگەن بۇ خىل تەشۋىقاتلار، ئەسىرلەر بويى، ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە تۇغۇلۇشىدىن تارتىپلا « يوپۇرماقنىڭ مىدىرلىشىمۇ خۇدانىڭ ھۆكمى بىلەن بولىدۇ » دېگەن تەلىماتنى ئاڭلاپ ئۆسكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىغا خۇددى قۇملۇق يەرگە چېچىلغان سۇغا ئوخشاش سىڭەتتى.

كۆرۈنۈشتە ئىنتايىن مۇلايىم، تەقۋادار، ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە سىلىق - سىپايە، خەلق ئارىسىدا دىنىي ئىسلامنىڭ پاسىبانى بولۇپ تونۇلغان بۇ خوجىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا باشقىلارغا بىلىندۈرمەيدىغان غەم - تەشۋىشلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن خانلىق تەختىدە مەڭگۈ ئولتۇرۇشنى ئويلايتتى. « بۇنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى — جۇڭغارلارغا تۆلىنىدىغان خىراجنى ئۆز ۋاقتىدا تۆلەپ، ئۇلارنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش ۋە سوۋغا - سالاملار ھەدىيە قىلىش، ئاندىن كېيىن ھاكىمىيەتكە قارشى ئىغۋا تارقىتىدىغان « ئىشقىيە » ( ئاق تاغلىق ) خوجىلارنىڭ پائالىيىتىنى چەكلەش، ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ

خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تەسىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن كەڭ تۈردە تەرغىبات ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈش لازىم . . . » دەپ ئويلايتتى ئۇ .

ئۇ ئەنە شۇنداق مۇلاھىزىلەرگە بېرىلىپ ئولتۇراتتى ، ئۇردا خادىمى كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە :

ــ ئۆزلىرىنى ئەدەن قىپچىر ئىسىملىك بىر تۈججار زىيارەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ كەپتۇ ، ــ دېدى .

ــ ئەدەن قىپچىر ؟ ھە ـ ھە ، ئۇ كىشىنى دەرھال باشلاپ كىرسىلە .

كىچىكمەي ئۇردا ئىشىكىدە پەيدا بولغان ئەدەن قىپچىرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ بەختىگە شاپا-ئەتچى بولغان ، خوجام ! ــ ئۇ تولۇپ تاشقان قەدىردانلىق بىلەن دانىيال خوجىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆزلىرىگە سۈركىدى ، ــ ئۆزلىرىنى بۇنداق سەلتەنەتتە كۆرۈشنى نېسىپ قىلغان خۇدايىتائالاغا مىڭ مەرتىبە رەھمەت . قۇتلۇق ئورۇنلىرىغا مۇبارەك بولغاي ، خوجام ! ــ دېدى .

ئۆز نۆۋىتىدە دانىيال خوجمۇ خانلىقنى بىر دەقىقە ئۇنتۇپ ، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلدۈردى ۋە :

ــ يېڭىلا ئۆزلىرى ھەققىدە ئويلىنىۋىدىم ، ــ دېدى ، ئاندىن ئۇنى قولتۇقىدىن تۇتىقىنىچە تەختىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بېغىررەڭ دۇخاۋا قاپلانغان كۇرسىغا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ ، ــ نەۋاقتا بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي كېتىپ قالغانلىرى نېمىسى ؟ ــ دەپ رەنجىش بىلدۈردى .

ــ ئەمدى ، خوجام ئۇ چاغدا شۇنداق بولۇپ قالدى ـ دە ، ــ خىجىل بولغاندەك جاۋاب بەردى ئەدەن قىپچىر ، ــ ئۇ چاغدا ئاقسۇ شەھىرىگە كېلەر ـ كەلمەيلا ئۇ شەھەرنىڭ كاتتىلىرى ، ئۈچ شەھەردىن

كـەلـگـەن بـەگـلـەر ئايـاغـلـىرىـغا پاياندار بولۇپ ، ئۆزلىرىنى پەرۋانىدەك چۆرگىـلـەشـكە باشلىدى . كاتتىلارنىڭ بۇ ئىشلىرىنى كۆرۈپ ، ئۆزۈمنى چەتكە تارتىشنى لايىق كۆرۈۋىدىم .

— بۇياققا قاچان كەلدىلە ؟

— تۆت كۈندەك بولۇپ قالدى .

— بـەلـلـى ، ئەدەنـبـاي ، شـۇنـىـڭـدىـن بۇيان قەدەملىرى بۇگۈن يېتىۋاتامدۇ ؟

— رەنـجـىـمـىسلە ، خوجام . بۇدا ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىش نىيىتىم يـوق ئىـدى ، بـىـراق ئاتـام بـىـچارىـنـىـڭ ئـىـلـتـىـماسىنى ئورۇنلىمسام بولمايدىغاندەك قىلىدۇ . . .

— گـەپـلـىرىگە چۈشىنەلمىدىم ، ئەدەنباي ، — دېدى ھەيران بول- غـان دانىيال خوجا ، — ئاشۇ يىلى تار ئۆتكەلگە بارغانلىرىدا ، ئاتام بىچارە ئۆلۈپ كېتىپتۇ ، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزدۈم دېگەنىدىلىغۇ ؟

— تـوغـرا دەيـدىلا ، خوجام . « مۆمىنلەرنىڭ زىندانى » دەپ ئاتى- لىدىغان بۇ دۇنيادا ، ئويلاپ كۆرمىگەن ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن . مەن ئۇ چـاغـدا بـىـچارە ئاتـامنى شۇ بىر يىلى ئاقباشخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن سـوپـى - دەرۋىـشـلـەر قاتارىدا ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئاڭلاپ ، نەزىر - نۇزۇر قـىـلـىۋىدىم . ۋەھالەنكى ، ئاتام بىچارە مېنىڭ بەختىمگە ھايات ئىكەن ، — ئۇ دادىـسىغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ، — ئاتـام بـىـچارە ھازىر كېسەل كۆرپىسىدە ياتىدۇ ، ئۆزلىرىگە ئېيتىدىغان تو- لىمۇ مۇھىم گەپ - سۆزلىرى بار ئوخشايدۇ . بۇگۈن ئازراق ياخشى بولۇپ قـېلىۋىدى : « يۈگۈر بالام ، خوجامغا بېرىپ ئېيتقىن . ئۇ كىشىنىڭ ئاكىسى شـۇئەيـىـب خوجامنىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە سىرلارنى بىلد- مەن ، ئاڭلاپ قالسۇن » — دەپ ئۇلتۇرغۇزمىدى .

كۆتۈلمىگەن بۇ گەپلەر دانىيال خوجىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چايقىۋەتكەندەك بولدى. كۆز ئالدىدا بۇنىڭدىن ئوتتۇز نەچچە يىل بۇرۇن تىزناپ ( يەكەن ) دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆلۈپ كەتكەن، بوي - تۇرقى ئېگىز، قاملاشقان، دۆڭ ماڭلاي ئاكىسىنىڭ قىياپىتى كەلدى.

« مېنىڭدىمۇ ئىنساپ يوق، دەپ ئويلىدى ئۇ. نەچچە يىلدىن بېرى دۇشمەنلەرنىڭ تەقىبى ۋە جۇڭغارلارنىڭ قولىدا گىرىپتار بولۇپ، مەرھۇم ئاكامنىڭ قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدىم. لېكىن، بۇ دىيارغا خان بولۇپ كەلگەندىن بېرى شۇنچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئىسمايىلخان مۇرىت بولغان ئاتام رەھمەتلىك دارىلباقىيغا رەھلەت قىلغاندا، ئاشۇ ئاكام ئاتا ئورنىدا پاسىبانلىق قىلغان ئەمەسمىدى؟...»

ئوردىنىڭ قۇببىلىق تورۇسىغا، تام - دېرىزىلىرىدىكى نەقىشلەرگە، قىبلە تەرەپتىكى تامدا جىلتىدا ئېسىقلىق تۇرغان قۇرئان ۋە سىلىنغان ئانار گۈللۈك گىلەملەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ ئولتۇرغان ئەدەن قېچىر تاقەتسىزلەندى ئەتىمالىم، يەنە سۆز قاتتى:

— ئاتامنىڭ چامدىغۇدەكلا ھالى بولسا، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلماي ھۇزۇرلىرىغا ئېلىپ كېلەتتىم. بىراق، ئىلاج يوق، خوجام، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياشىنىپ قالغان ئادەم.

— ئاتىلىرى ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى دانىيال خوجا.

— ئانچە يىراق ئەمەس. « ئالتۇن دەرۋازا » دىن كىرگەن كوچىدىكى ھېلىم يۇمشاق دېگەن كىشىنىڭ كارۋان سارىيىدا.

شۇ چاغدا ئوردا خادىمى كىرىپ، خۇتەنىيجىنىڭ قېشىدىن بىر كىشى كەلگەنلىكىنى ۋە نىياز بەگ باشلىق بەگلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەدەن قېچىر ئورنىدىن تۇردى.

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى ، ئەدەنباي ، — دېدى دانىيال خوجا ، — كەچتە خۇپتەن نامىزىنى مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇسىلا ، ئوردا خادىملىرىغا ئېيتىپ قويىمەن ، ئاندىن ئاتىلىرىنى زىيارەت قىلىشقا بارايلى .

※ ※ ※

دانىيال خوجا ئوردىدىن چىقىپلا ، يان تەرەپتىكى ئانچە چوڭ بولمىغان قوبۇلخانىدا ئولتۇرغان جۇڭغارنى كۆرۈپ هەيران بولغىنىدىن :

— هوي ، داندارمۇسەن ، قاچان كەلدىڭ ؟ — دەۋەتتى .

— هازىر كېلىشىم ، — دېدى داندار ۋە ئىچ يانچۇقىغا سېلىنغان لىپاپىنى ئېلىپ دانىيال خوجىغا سۇندى . خوجا لىپاپىنىڭ تېشىغا كۆز يۈگۈرتۈپ ، ئوغلىنىڭ خېتى ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە ، كېيىن ئوقۇماق بولۇپ يانچۇقىغا سالدى . ئاندىن داندىردىن سورىدى :

— ياقۇپ خوجامنىڭ ئەهۋالى قانداق ؟ سالامەت تۇرۇۋاتامدۇ ؟

— خوجام ناهايىتى ياخشى ، ئۆزلىرى بار چاغدىكىدەك ، — دېدى . ئاندىن يەنە بىر يانچۇقىدىن ئىككىنچى لىپاپىنى چىقاردى . بۇ جۇڭغار خانلىقىدىن كەلگەن خەت بولۇپ ، ئۇنىڭدا : « هۆرمەتلىك دانىيال خوجا ، بىزگە كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا ، بەزى جايلاردىكى مۇهاپىزەتچى ئەسكەرلىرىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى يەرلىك خەلقلەر نارازى بولىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ . شۇ بايىستىن ئۇلارنىڭ ئىش ـ پائالىيىتىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ، ئۆزىڭىزنىڭ كونا تونۇشى داندار دورغىنى تولۇق هوقۇق بىلەن قەشقەرىيىگە ئەۋەتتۇق . بەزى ئىشلاردا ئۇنىڭغا ياردەم بېرەرسىز ، بەزى ئىشلاردا ياردىمىنى ئالارسىز . . . » دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر يېزىلىپ خۇنتەيجىنىڭ تامغىسى بېسىلغانىدى .

— يېڭى خىزمىتىڭىزگە مۇبارەك بولغاي، — خەتنى ئوقۇپ تۈگەتكەن دانىيال خوجا ئۇنى ئوردىنىڭ چېتىدىكى سورۇنخانىغا تەكلىپ قىلدى، — يەكەنگە كەلگەندىن بېرى ئىشلار كۆپىيىپ، بۇ ياقتىكى ئامبۇنلار ① بىلەن مۇلاقەت قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي يۈرەتتىم، — دېدى ۋە بۇگۇن قەشقەرىيىنىڭ ھەر بىر يېرىدە تۇرۇۋاتقان جۇڭغار لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى چاقىرتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

ئۇلار بىر چېتىدە ساپسېرىق مىيىز گۈللەر، يەنە بىر چېتىدە قىپقىزىل مارجان گۈللەر ئۆسكەن ۋە كۆك خىشتىن بىر-بىرىگە كىرىشتۇرۇپ ياسالغان يول بىلەن مېڭىپ ئوك تەرەپكە بۇرۇلدى. بۇ يەردە نوتىلىرى شالاڭلاشقان قېرى مەجنۇنتاللار بىلەن شاخلىرىغا قاغىلار چاڭگا سالغان قارىياغاچلار ئارىسىدا چوك سورۇنخانا بار ئىدى. بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل مۇقەددەم سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ مەلىكىسى ئامانىساخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ياسالغان بۇ سورۇنخانا شۇ دەۋردىكى ھەشەمەتلىك بىنالارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز، كەڭلىكى يىگىرمە بەش چامدامدەك كېلىدىغان بۇ بىنانىڭ ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە يېپىلىپ، ئىچكى قۇببىسىگە ھەر خىل گۈللەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن، كۆك خىش بىلەن تۇرغۇزۇلغان تاملىرى گەج بىلەن سۇۋىلىپ، كۆركەم پەنجىرىلىرى بىلەن ئىشىكلىرىنىڭ چۆرىسىگە تۈرلۈك گۈزەل نەقىشلەر ئويۇلغانىدى. ئىبدەندىن بىرەر گەزگە يېتەر-يەتمەس كۆتۈرۈلۈپ ياسالغان سەينانىڭ تۆت تەرىپىدىكى تامغا سۇلتان سەئىدخاننىڭ:

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر سېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.

---

① ئامبۇن — جۇڭغارچە بەگ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

هۆر بىرلە جەننەتۇل مەۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن ،
يارنىڭ كۆڭلىدە يۈز مىڭ جەننەتۇل مەۋاسى بار .

دېگەن مىسرالىرى ، ئۇنىڭ ئايىغىغا سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ :

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ دۇنيانىڭ ئۇچى ،
بۇ دۇنيا بىر كونا رابات ، بىز يول ئۆتكۈچى

دېگەن مىسرالىرى ، ئوڭ تەرەپتىكى تامغا مەلىكە ئامانىساخاننىڭ :

« ساڭا يۈز شۈكۈر يارەب ، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ ،
پېقىرومىسكىنلىگە ئابدۇرىشىتخاننى پاناھ قىلدىڭ .
نەفسى ① كېچە ـ كۈندۈز قىل دۇئا تەڭرى تەقەددۇسغە ،
كى شاھنىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىق گۇناھ قىلدىڭ .

دېگەن مىسرالىرى ۋە سول تەرەپتىكى تامغا يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندىنىڭ :

پەلەكتىن سادا كەلمىش چېچىپ ھەردەم ھالاۋەتنى ،
گادا ئىزدەپمۇ جەننەتتىن تاپالماس ساخاۋەتنى .
ئاتا قىلسا مۇنارىمنى ياساپ كەۋسەرۇھەل تاشتىن ،
قىدىر ئۆلمەس مۇقام ئىچرە قىلىپ گۇمران جاھالەتنى .

دېگەن مىسرالىرى ھۆسنىخەت بىلەن يېزىلىپ ، ئالتۇن رەڭ بىلەن بويالغانىدى .

شۇ چاغدىكى ، ئىشانۇ سوپىلارنىڭ ساز چېلىپ ، ناخشا ئېيتىشنى چوڭ گۇناھ دەپ چەكلىگىنىگە قارىماي ، بۇ سورۇنخانىدا كۈندە دېگۈدەك

---

① نەفسى ــ ئامانىساخاننىڭ تەخەللۇسى .

دۇتار بىلەن تەمبۇرنىڭ، قالۇن بىلەن ساتارنىڭ ۋە راۋاپ بىلەن نەينىڭ سادالىرى ياڭراپ تۇراتتى. بەزى كۈنلىرى سۇلتان ئابدۇرشىتخان باشلىق مەلىكە ئامانىسا خېنىم ۋە ئۆز زامانىسىدە مۇقامچىلارنىڭ پىرى دەپ تونۇلغان يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان ئاۋازلىرى ياڭرايتتى. بۇ ناخشا ـ سازلارغا مەھلىيا بولغان كېنىزەكلەر كەمچەت تۇماقلىرىنى سىڭايان كىيىپ، شەھلا كۆزلىرى بىلەن قەلەم قاشلىرىنى ئوينىتىپ، نازۇك بەللىرىنى مىڭ خىل شەكىللەرگە كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. بەزى كۈنلىرى يۈسۈپ قىدىرخان تىزىنىڭ ئۈستىگە قويغان ساتار ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ مۇقام باشلىغاندا، ئۇنىڭ خۇش ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئادەملەر بىردەم بارلىقتىن يوقلۇققا كەتكەندەك، بىردەم يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىۋاتقاندەك بولاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ياڭرىغاندا، يوپۇرماقلىرىنى سەلكىن شامالدا تەۋرىتىپ ئويناۋاتقان مەجنۇنتاللارنىڭمۇ شاخ ـ نوتىلىرى سېھىرلىنىپ قالغاندەك توختاپ قالاتتى.

مەلىكە ئامانىسا خېنىم قىسقا دەستىلىك، كىچىككىنە تەمبۇرىغا ناخۇن ئۇرۇپ «ئىشرەت ئەڭگىز» (خۇشاللىق قوزغاش) مۇقامىنى باشلىغاندا، سورۇندىكىلەر باھار پەسلىدە جان كىرىپ كۆكىرىشكە باشلىغان مايسىلاردەك ياكى ئۇزۇن ۋاقىتلار داۋام قىلغان جۇدالىقتىن يار ۋەسلىگە يەتكەن ئاشىقلاردەك جانلىنىپ كېتەتتى...

1679 ـ يىلى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ياردىمىگە يۆلەنگەن ئاپاق خوجا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش بىلەن توختىماي، سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ھەممە نەرسىنى خانىۋەيران قىلدى. قۇرئان بىلەن ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق كىتابلارنى كۆيدۈرۈشكە پەرمان بەردى. يۈزلىگەن مەرىپەت ئەھلىنى دارغا ئاستى، تەقىب قىلدى، يادىكارلىقلارنى

بۇزۇپ تاشلىدى ، شۇ قاتاردا مەزكۇر سورۇنخانىمۇ بىتچىت قىلىندى . ئۇ- نىڭ رەڭدار كاھىشلار بىلەن قاپلانغان گۈمبىزى چېقىلىپ ، تاملىرىدىكى نەقىشلەر بىلەن نەزمىلەر چېپىپ تاشلاندى . سورۇنخانىنىڭ سەيناسىغا ، ئېدەنلىرىگە ئىشلىتىلگەن تاختايلار جۇڭغار تۆرىلىرىنىڭ ئاتلىرىنى باقىدىغان ئوقۇرغا ، ئۆزى بولسا ئاتخانىغا ئايلانغانىدى .

دانىيال خوجا كەلگەندىن كېيىن ، ئوردا ئەتراپىنى كۆزدىن كە- چۈرۈپ ، مەزكۇر خارابىگە ئايلانغان بىنانى بىر قۇر ئىسلاھ قىلىپ ، ئۇنى غەيرىي دىندىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىدىغان سورۇنخانا قىلدى . ئۇنىڭ ئو- يىچە ئۆز ھۇزۇرىغا كەلگەن غەيرىي دىن ئادەملىرىنى سەئىدىيە دۆلىتىنى بەرپا قىلغان سەئىدخاندىن تارتىپ ، مۇھەممەت ئىمىنخانغىچە بولغان خانلارنىڭ ۋە ئىسھاق ۋەلىدىن تارتىپ ئاتىسى ئەبەيدۇللادەك دىن پېشۋالىرىنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى تەككەن مۇقەددەس ئوردىدا ئەمەس ، مۇشۇ سورۇنخانىدا قوبۇل قىلىش ئۇنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەھلى ئىسلام ئالدىدىكى ئابرۇيىنى كۆتۈرەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك ، ھۇزۇرىغا كېلىدىغان جۇڭغار ئەمەلدارلىرىدا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ جۇڭغار خانلىقىغا ساداقەتلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ، ئىككى كۈنىنىڭ ئالدىدا « ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىز چېۋاڭ رابدان جانابلىرىغا شان - شەرەپلەر بولسۇن » دېگەن سۆزلەرنى جۇڭغار تىلىدا ئالتۇن ھەل بىلەن يازدۇرۇپ سورۇنخانىغا ئاستۇرۇپ قويغانىدى .

ئۇ داندارنى ئەگەشتۈرۈپ سورۇنخانىغا كىرگەندە ، شەھەر ھاكىمى نىياز بەگ ۋە جۇڭغار بەگلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى . بۇلار ئۈچ ( ئۈچتۇرپان ) ، بارچۇق ( مارالبېشى ) ، ئاتۇش ، يېڭى ھىسار ( يېڭىسار ) ، قاغىلىق ، قارىقاش ۋە مەكىت قاتارلىق يەرلەردە تۇرۇۋاتقان جۇڭغار لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى . ئۇلارنىڭ

ئۇچىسىدىكى كىيىملىرى خىلمۇ خىل بولسىمۇ، بېشىدىكى يۇڭدىن بېسىلـ
غان قالپاقلىرى بىلەن پۇتىدىكى قىلىن ئۇلتاڭلىق ئۆتۈكلىرى بىر خىل
ئىدى.

دانىيال خوجا بەگلەرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار قاراڭغۇ
تاغ تەرەپتە تۇرىدىغان كۆچمەن قەبىلىلەر سوۋغا قىلغان ئېيىق تېرىلىرى-
نىڭ ئۈستىگە قايتىدىن ئولتۇرۇشتى.

نەچچە يىللاردىن بېرى يەرلىك ھاكىم، بەگ ۋە ئاق تاغلىق
خوجىلار بىلەن بىرلىشىپ، خەلقنى خالىغانچە بوزەك قىلىپ، بۇلاپ -
تالاپ ئۆگەنگەن بۇ بەگلەر خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدانىنىڭ ئىشەنچىسىگە
ئىگە بولۇپ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان بۇ خوجىنىڭ ئۆزلىرىنى نېمە
سەۋەبتىن چاقىرغانلىقىنى تېزرەك بىلىۋېلىشقا تەقەززا ئىدى.

— بۇ كىشى، — دەپ سۆز باشلىدى دانىيال خوجا ئۆزىگە يېقىن
ئولتۇرغان، بەگلەرگە قارىغاندا ئاددىيراق كىيىنگەن داندارنى كۆرسى-
تىپ، — ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىزنىڭ پەرمانى بويىچە، سىلەر بىلەن بىزنىڭ
خىزمەتلىرىمىزنى نازارەت قىلغىلى كەلگەن داندار دورغا جانابلىرى بو-
لىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بەگلەر بىردىن سەگەكلىشىپ قالدى.

— سىلەر بىلەن بىز بۇ كەڭ دىياردا ياشاۋاتقان خەلقلەر ئارىسىدا
ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ ئادىل سىياسىتى بىلەن ئەمر - مەرۇپلىرىنى
ئىجرا قىلغۇچىلاردۇرمىز. مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنلا، سىلەر بى-
لەن كۆرۈشۈپ مۇلاقەتتە بولماقچى ئىدىم. ۋەھالەنكى، سىلەرنىڭ
خىزمەت پائالىيىتىڭلار ھەققىدە بەزىبىر يېقىمسىز خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ،
ئۇلارنىڭ راست - يالغانلىقىغا كۆز يەتكۈزۈپ، ئېنىقلاش ئۈچۈن ئايدىن
ئوشۇق ۋاقىت كەتتى، — دەپ كېلىپ بەزى ئامبۇنلار لەشكەرلىرىنىڭ

ئاتلىرىنى دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىدە بېقىشىغا پەرمان بەرگەنلىكى ،
بۇنىڭدىن نارازى بولغان ئادەملەرنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەتكەنلىكى ، يەنە بەزى
ئامبۇنلارنىڭ لەشكەرلىرى ئائىسىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ ماڭغان بىر چو-
كانىنى بۇلاپ كەتكەنلىكى ، مەكىت ، ئاتۇش ، قارىقاش قاتارلىق يەرلەردە
تۇرۇۋاتقان جۇڭغار ئەسكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا ، بازار - رەستىلەردە ئالغان
ماللىرى ئۈچۈن ھەق تۆلىمەيدىغانلىقىغا ئوخشاش ئەھۋاللارنى ئېيتىپ : —
بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ سادىر بولۇشى ، ھۆرمەتلىك ئامبۇنلار ، جۇڭغار
خانلىقىنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاۋام خەلقنىڭ
ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىزنىڭ ئادىل سىياسىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى
يوقىتىدۇ ، — دېدى .

ھەرقانداق ئىشغالىيەتچى ئەمەلدارلارنىڭ تەبىئىتىدە بولمايدىغان
ھەقىقەت ، ئادالەت دېگەن ئۇقۇملار سورۇنخانىدا ئولتۇرغان بۇ جۇڭغار
ئامبۇنلىرىدىمۇ يوق ئىدى . ئۇلارنىڭ بىردىنبىر مەقستى — ئۆز
ھوقۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ خالىغانچە مال - دۇنيا يىغىشتىن ئىبارەت ئە-
دى . ئۇلار ھىدايەتۇللا ئىشانىنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ ، خالىغان ئىشلىرىنى
قىلىپ ئۆگىنىپ كەتكەچكە ، ئۆزلىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ ھوقۇقدار ئادەملەر،
بىز دەپ ھېسابلايتتى .

شۇڭا ئۇلار دانىيال خوجىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئانچە
ياقتۇرمىدى ، لېكىن نارازىلىق قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى . چۈنكى ،
ئۇلۇغ خۇنتەيجىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن دانىيال خوجىدىن ،
ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەن داندار دورغىدىن ئەي-
مىنىشتى .

— مېنىڭ سىلەرگە ئېيتماقچى بولغان سۆزۈم ، — داۋام قىلدى
دانىيال خوجا ، — بىز بولۇپ ، سىلەر بولۇپ ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىزنىڭ

يۈكسەك ئابرۇيىنى ساقلايلى. بۇنىڭدىن كېيىن خالىغان چاغدا خەلقتىن خىراج ئېلىشنى، بازارلاردىن نەرسە ئالغاندا ھەق تۆلىمەسلىكنى، دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى بىلەن باغ - ۋارانلىرىغا زىيان يەتكۈزۈشنى توختىتايلى. ئەگەر ئۆزۈڭلار بىلەن لەشكەرلىرىڭلار تۇرمۇش تەرەپتىن قىيىنچىلىق كۆرسەڭلار، تۇرۇۋاتقان يېرىڭلاردىكى ھاكىم - بەگلەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلار تەلەپلىرىڭلارنى ئورۇنلىمىسا، ماڭا خەۋەر يەتكۈزۈڭلار، — ئۇ ھازىرچە مۇشۇ دېگەنلىرىمىزۇ يېتەر دېگەن ئويغا كېلىپ گېپىنى توختاتتى - دە، داندارغا قاراپ، — ھۆرمەتلىك دورغىنىڭ گەپ سۆزلىرى بارمىكىن؟ — دېدى.

— بار، — دەرھال جاۋاب بەردى داندار. ئۇ دانىيال خوجىنىڭ مۇنۇ كېرىلىپ ئولتۇرغان ئامبۇنلار ئالدىدا ئۆزىگە ھۆرمەت كۆرسىتىپ سۆزگە تەكلىپ قىلغىنىدىن روھلىنىپ كەتكەنىدى، — خوجىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا، لېكىن بۇ خوجا ئۇلۇغ ئەمرچىمىزگە ئىنتايىن سادىق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ كىشىنىڭ ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزۈۋاتقان ئىش - ھەرىكەتلىرىڭلارنى تولۇق دېمىدى. سىلەرنىڭ بۇ ياقتىكى ۋەزىپەڭلار جۇڭغار خانلىقىنى ئەللىك نەچچە يىلدىن بېرى كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان خەلقنى بۇلاپ - تالاش، ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا زورلۇق قىلىش، تېرىلغۇ يەرلىرىدە ئات بېقىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى سىرتتىن كېلىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش. ئۇلۇغ ئەمرچىمىز ماڭا مۇشۇنى چۈشەندۈرۈپ قويغىن دەپ، ئالاھىدە تاپشۇردى، ھەم بۇ تەرەپتە يەرلىك خەلقلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان ئامبۇنلارنى خىزمىتىدىن بوشىتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا كىشىنى قويۇشۇمغا ھوقۇق بەردى...

داندارنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، باياتىن بېرى تەكەببۇرانە

قىياپەتتە ئولتۇرغان ئامبۇنلارنىڭ شەستى چۈشۈپ، چىرايلىرىدا ئەنسە-
رەش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

— دۇنيادا بىزدەك ئادىل، بىزدەك باتۇر ئادەملەر يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەگرى تېغىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئاتلىرىمىزنى چاپتۇرۇپ يۈرىمىز، — دېدى داندار، — ھازىر بۇياققا دانىيال خوجا خان بولدى. ئەمدى جۇڭغارلارنىڭ ئاتلىرى ھېچقاچان پۇتلاشمايدۇ. چۈنكى، بۇ كىشى بىزنىڭ يەنى جۇڭغارلارنىڭ كۈيئوغلىدۇر. ئۇلۇغ خونتەيجى جانابلىرى بۇ كىشىگە ئۆز قەبىلىسىنىڭ بىر قىزىنى بېرىپ، ئاندىن بۇياققا خان قىلىپ ئەۋەتتى.

ئامبۇنلار تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، بىر - بىرىگە قاراشتى.

— ھازىر سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئۇقتۇرۇپ قويىدىغان ئىككى گەپ بار، — دېدى داندار گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، — ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۇلۇغ ئەمىرچىمىزنىڭ ئەمر - پەرمانىغا بويسۇنماي، يەرلىك خەلقلەرنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىغان لامجىن بىلەن ئىمىگەن دېگەن ئامبۇنلار بۈگۈندىن باشلاپ خىزمەتلىرىدىن بوشىتىلدى. ئىككىنچىسى، كېلىدىغان ئاينىڭ يىگىرمىسىدىن يىگىرمە بەشىگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەممە ئامبۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنباسارلىرى بىلەن بارچۇققا كېلىڭلار. شۇ يەردە قۇرۇلتاي ئۆتكۈزىمىز.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا سورۇنخانىدا پىچاق كەسكەندەك جىمجىتلىق ئورنىدى. چۈنكى، داندارنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشىنى ئامبۇنلار تۇرماق، دانىيال خوجىمۇ كۈتمىگەنىدى. ئۇ دائىم دېگۈدەك كۈلۈپ يۈرىدىغان، مۇلايىم داندارنىڭ دورغىلىق مەنسەپكە ئېرىشىشى بىلەن بۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كېتىدىغىنىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. بۇ يەردە ئولتۇرغان ئامبۇنلارنىڭ ئىچىدە قويلارنىڭ

ئارىسىغا كىرىپ قالغان تۆگىدەك ، قەددى قامىتى يوغان لامجىن ئامبۇن بىلەن جۇغى كىچىك ئېمىگەن ئامبۇن بېشىغا تاياق تەگكەندەك ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويدى .

دانىيال خوجا بولسا ئۇچرىشىش مۇراسىمىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ، سول تەرىپىدە ئولتۇرغان نىياز بەگكە قارىۋىدى ، بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن ئابدۇللا باقاۋۇل دەرھال تالاغا چىقىپ ، ئۇردا خىزمەتچىلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى . ئۇلارنىڭ بىرى ، ئامبۇنلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدى ، بىرى ، داستىخان سالدى ، يەنە بىرلىرى نان ـ توقاچ ، قەنت ـ گېزەك كەلتۈرۈپ چىنىلەرگە چاي قۇيدى . ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بىر نەچچە تاۋاق گۆش بىلەن مەي قۇيۇلغان ساپال تۈگنى كۆتۈرگۈزۈپ ئابدۇللا باقاۋۇل كىرىپ كەلدى .

— داندار دورغا ، زىياپەتنى ئۆزۈڭ باش بولۇپ ئاياغلاشتۇرسەن ـ دە ، — دېدى دانىيال خوجا خۇددى يېقىن ئادىمىگە مۇھىم بىر ئىشنى ھاۋالە قىلغاندەك . ئاندىن ئابدۇللا باقاۋۇلنى تونۇشتۇرۇپ ، — مانا بۇ كىشى قانداق خىزمەتلەر بولسا بەجا كەلتۈرىدۇ ، —دېدى .

ئۆز نۆۋىتىدە ، داندارمۇ دورغىلىقىنى بىر مىنۇتقا ئېسىدىن چىقىرىپ ، تار ئۆتكەل بىلەن قوبىدا بۇ ئادەمنىڭ خىزمىتىنى قىلغان چاغلىرىدىكىدەك :

— بولىدۇ ، خوجام ، ئۇ يېقىدىن خاتىرجەم بولسىلا ، — دېدى .

※ ※ ※

دانىيال خوجا بىلەن ئەدەن قېچىر كىرىپ كەلگەندە ، كارۋان سارايىنىڭ ھويلىسى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ياندۇرۇپ قويغان چىراغلارنىڭ نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى .

ئەدەن قېچىر ئۇچىسىغا يالاڭ پەرىجە ، بېشىغا سەككىز چەكلىك

قارا تەقىيىسنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان دانىيال خوجىنى دادىسى ياتقان ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى دانىيال خوجا بوسۇغىدىن ئۆتۈپلا. ياغاچ كاتىنىڭ ئۈستىدە ياتقان قېرى دەرۋىش سامساق سوپى ئۇ-نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاندەك، يۇمۇق كۆزىنى غۇۋا ئېچىپ قارىدى.

— قېنى، خوجام، مۇنۇ كاتقا مەرھەمەت قىلسىلا، — دېدى ئەدەن قېچىر، ئاندىن دادىسىغا قاراپ: — ئاتا، دانىيال خوجامنى باشلاپ كەلدىم، — دېدى.

باياتىن بېرى مىڭ تۈرلۈك ئويلار بىلەن ئۆتمۈش ھاياتىدا بېشىدىن ئۆتكەن قىسمەتلەرنى ئەسلەپ خىيال دېڭىزىغا چۆككەن سامساق سوپى، ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە شامنىڭ يورۇقىدا قىرلىق بۇرنىنىڭ بىر چېتى يالتىراپ، يەنە بىر چېتى قارىيىپ كۆرۈنگەن دانىيال خوجىنى كۆردى. شۇنداق بولسىمۇ:

— خوجام كەلدىما؟ — دەپ سورىدى. ئاندىن: «مۇنۇ ئادەمنىڭ دۈگىلەك ساقىلىنى دېمىسە، ئاكىسىغا ئەجەب ئوخشايدىكەن. ئۇ رەھمەتلىكمۇ مۇشۇنداق ئاق پىشماق، قۇش بۇرۇنلۇق بولىدىغان» دېگەن ئويلاردا بولدى.

ئەدەن قېچىر دادىسىنىڭ بېلىگە ياستۇق يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ:

— كىچىككىنە ئۇسسۇلۇق ئىچەمدىلا، ئاتا؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، بالام، — دېدى ئۇ ۋە ئۆچەي دەپ قالغان چىراغدەك پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ھېلىدىن - ھېلى يۇمۇپ - ئېچىپ، دانىيال خوجىغا قاراپ تۇردى - دە، ئاندىن ئەدەن قېچىرغا، — ئاۋۇ بۇلۇڭدا تۇرغان پەرىجەمنى ئەكەلگىنە؟ — دېدى.

ئۇ دادىسىنىڭ بۇ گېپىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئۆينىڭ

بۇلۇڭىدا پۈكلىشىپ ياتقان كونا، جۇلىقى چىققان پەرىجىنى ئەكەلدى.
— پىچىقىڭنى ئېلىپ، پەرىجىنىڭ پەشلىرىنى سۆك.
دانىيال خوجام ھەم قىزىقىپ، ھەم كېسەللىكتىن تىرىك مۇردىدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان بۇ بوۋاينىڭ ھەر بىر گېپىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇردى.
ئەدەن قىپچىر كات بىلەن كۈرسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان جوزىدىكى شامنى بىر چەتكە سۈرۈپ، كونا پەرىجىنىڭ پەشلىرىنى سۆكۈشكە باشلىدى ۋە ئۇ يەردىن بىر نەچچە ئالتۇن تەڭگىلەرنى ئالدى. بۇ سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدە زەرب قىلىنغان تىللالار ئىدى.
— ھەممىسى قانچىكەن، بالام؟ — دەپ سورىدى سامساق سوپى.
— سەككىز دانە ئىكەن، ئاتا.
— بولدى، ھەممىسى مۇشۇ.
ئۆمۈر بويى دىگۇدەك خانىقانىڭ ئۇمىچى ۋە خەلقنىڭ خەير-سەدىقىسى بىلەن كۈن كەچۈرۈپ، بېلى مۈكچەيگەن بۇ قېرى دەرۋىشنىڭ ئەسكى جەندىسىدىن چىققان ئالتۇنلارنى كۆرگەندە، شۇنچە يىللاردىن بېرى سودا-سېتىق بىلەن يۈرگەن ئەدەن قىپچىر تۇرماق، خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان دانىيال خوجىمۇ ھەيران قالدى.
— بۇلارنى، بالام، پاكىز بىر نەرسىگە ئوراپ، خوجام ھەزرەتلىرىگە بەرگىن، — دىدى سامساق سوپى ۋە، — مانا ئەمدى دارىلباقىيغا كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق، — دەپ يىغلىۋەتتى.
ئۆي ئىچىدە ئادەمنى ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈرگەن جىمجىتلىق پەيدا بولدى. دادىسىنىڭ مۈشكۈل ھالىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئېچىشقان ئەدەن قىپچىر ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ:
— كىچىككىنە يېتىپ ئارام ئالامدىلا ئاتا، — دىدى. سامساق

سوپى بېشىنى چايقاپ ئۇسسۇلۇق سورىدى .

— ئاللاتائالا : « روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مورادىغا يېتىدۇ ① » دېگەن ، — دېدى بىر نەچچە يۇتۇم ئۇسسۇلۇق ئىچكەن سامساق سوپى ، — بېشىمدىن ئۆتكەن قىسمەتلەر قانچىلىك كۆپ بولسا ، بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىممۇ شۇنچىلىك باردۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى پەللىسىدە بولسىمۇ ، سىلى بىلەن دىدارلىشىپ ، روھىي جەھەتتىن ئادالىنىشنى خالىغانىدىم ، — ئۇ ھەر بىر سۆزىنى ئېيتقاندا نەپىسى يېتىشمەيۋاتقاندەك قىينىلاتتى ، قۇرۇغان كالپۇكلىرىنى تىلى بىلەن نەمدەيتتى .

— ئەللىك يىلغا يېقىن ھىدايەتۇللا ئىشانغا مۇرىت بوپتىمەن . ئۇ-نىڭغا ھەمراھ بولۇپ ، يۇرتمۇ يۇرت سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپتىمەن . ئۇنى ئاز دەپ تابۇت ② ئېلىنىڭ پايتەختى لخاساغا بېرىپ ، ئۇ يەردىكى لا-ماسۇن ئاتلىق بۇتخانىدا توقسەن كۈن يېتىپتىمەن . ھىدايەتۇللا ئىشانغا ئەگىشىپ ، كۈنگە بەش قېتىم بۇتقا باش قويۇپتىمەن ، بۇتپەرەسلەرچە كىيىنىپتىمەن . ئاندىن يەنە شۇ ھىدايەتۇللا ئىشانغا خىزمەت قىلىپ كۆكنۇر ( چىڭخەي ) ، كەڭسۇ ( گەنسۇ ) دېگەن يەرلەر ئارقىلىق ئىلە-دىكى قالماقلار پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپتىمەن . ئۇ يەردىن يەنە شۇ ھىدايەتۇللا ئىشانغا ئەگىشىپ مۇسۇلمانلار قوۋمىنىڭ دىيارى بولغان ئانا يۇرتۇمغا بىر نەچچە مىڭ قالماق لەشكىرىنى باشلاپ كېلىپ ، ھەقتا ئالاغا قۇلچىلىق قىلغاچ ، ئۆز روزىغارلىرىنى تەۋرىتىپ يۈرگەن خەلقنىڭ غەيرىي ئىقلىم قولىدا خارۇ زار بولۇشىغا سەۋەب بوپتىمەن .

— ھەرگىز ئۇنداق دەپ ئويلىمىسىلا ، — تەسەللى بەردى دانىيال خوجا ، — بۇ ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشىدا سىلى ۋە سىلىگە ئوخشاش

① قۇرئان كەرىم ، سۈرە « شەمس » نىڭ 9 ـ ئايىتى .
② تابۇت — تىبەت دېمەكچى .

ھىدايەتۇللا ئىشانغا قول بەرگەن مۇرىتلار ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى جاۋابكاردۇر.

— ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن... — سامساق سوپى گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئاندى ئوغلىغا قاراپ، — ئۇسسۇلۇق بەرگىنە، بالام، — دېدى، تاۋلىنىپ قالغان چايدىن يېرىم چىنە ئىچىۋېلىپ دانىيال خوجىغا قارىدى، — قانداق شەيتان گەجگەمگە مىنىۋالدى بىلمىدىم، مەرھۇم ئىسمايىلخان ھەزرەتلىرى ھىدايەتۇللا ئىشانغا مەرھەمەت قىلىپ، ئۇنىڭ مۇرىتلىرىدىن خىراج ئالمايدىغانلىقىنى جاكارلىغان يىلى، كۈن ئارىلاپلا دېگۈدەك ھامامغا كېلىپ يۇيۇنىدىغان موللا ساقى بىلەن ساقىلاخۇنلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ھىدايەتۇللا ئىشانغا قول بەرگەنىدىم. موللا ساقى ئۆز قىلمىشىغا يارىشا جازاسىنى ئالغان بولسىمۇ، ساقىلاخۇن دېگەن جاللات تېخىچە زېمىننى دەسسەپ تىرىك يۈرگەن ئوخشايدۇ. مەن بۇ قانخور ئادەمنىڭ شۇچاغقىچە ئەجەل شەربىتىنى ئىچمەي يۈرگىنىگە ھەيرانمەن. ئاڭلىشىمچە، ئۇ ھازىر ئىلى تەرەپتە ئىمىش.

دانىيال خوجىنىڭ يادىغا ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتى ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ھەمسۆھبەت ئادىمى بولغان، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن خوتۇنى خېنىم پاشا تەختكە ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ ۋەزىرى بولۇپ، كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولغان ۋە قارا تاغلىق سوپىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن موللا ساقى بىلەن ئۆزى بۇ ياققا مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، ئېرەن قابۇرغىدىكى ئەخمەت خوجىنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەلگەن ساقىلاخۇن كەلدى: «بۇ قېرى سوپى ھىدايەتۇللا ئىشانغا مۇناسىۋەتلىك خېلى ئىشلارنى بىلىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن دانىيال خوجا:

— گەپلىرىگە قارىغاندا ، ساقىلاخۇن جانابلىرىدىن خېلى ئەرزىيەت چېكىپتىلا - دە ، — دېدى .

— ئۇ بەتبەخت ئادەم زاتىدىن بولماي ، ئادەم سەبىينى ① يولدىن ئازدۇرغان هازازۇلدىنمۇ ② يامان دېسىلە . مېنى مىڭلىغان ئادەملەر قاتارى كۆن كەچۈرۈۋاتقان روزىغاردىن ، يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسى بولغان مۇنۇ بالامدىن ئايرىلىپ ، تەرىقەت يولىدا رىيازەت چېكىشمگە سەۋەبكار بولغان شۇ بەتبەخت ، دېسىلە ، — سامساق سوپىنىڭ قېنى قىزىپ قالدى ئەتىمالىم ، سۆزلەپ كەتتى ، — ياراتقان ئاللانىڭ قۇلى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولغان مەن بىچارە بۇ يورۇق جاهانغا نېمە ئۈچۈن كەلدىم ؟ پۈتۈن ئۆمرۈمنى دېگۈدەك ساقىلاخۇن ئۆگەتكەن تەرىقەت يولىدا روهىي كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىپ ، هىدايەتۇللا ئىشانىنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم . قولۇمدا بار مۈلۈكنى ، هەتتا ئۆزۈمنىمۇ شۇ پىرىم ئۈچۈن بەخشەندە قىلدىم . بىراق ، ئۇلار ماڭا ئوخشاش مۇرىت - مۇخلىسلارغا ئۆگەتكەنلىرىگە ئۆزلىرى مۇتلەق ئەمەل قىلمايدىكەن . دارىلباقىينىڭ راهەت - پاراغىتى ماڭا ئوخشاش مۇرىتلارغا كېرەك بولۇپ ، پىرلارغا كېرەك ئەمەسمۇ ؟ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىرىدە بارمۇ - يوقمۇ بىلمەيمەن ، هىدايەتۇللا ئىشان ئىسمايىلخان تەختتە ئولتۇرغان يىللاردا مەسچىت - مەسچىتلەرنىڭ خۇتبىسىدە : « تەرىقەت يولىغا كىرگەن هەربىر مۇرىت ئىبراهىم ئەدهەمگە ③ ئوخشاش هەق يولىدا تەسلىم بولۇشى كېرەك . ئۇ ئادەم بارلىق مال - مۈلكىدىن ، تاجۇ تەختىدىن ، مەملىكىتىدىن ۋە پادىشاهلىق تاجىدىن ۋاز كېچىپ ، ئاللا يولىدا يۈز مىڭ ئىلتىجا بىلەن ئۈچىسىغا جەندە كىيگەن » دەپ ۋەز ئوقۇيتتى . ئۇ يەنە : « يامان-

---

① سەبىي — پاك . ئادەم ئەلەيهىسسالامدەك پاك ئادەمنى دېمەكچى .
② هازازۇل — شەيتان ، ئىبلىس .
③ ئىبراهىم ئەدهەم — تەرىقەت يولىغا كىرگەن بەلىخلىق مەشهۇر شەخس .

لىقلقا ياخشىلىق قىلغىن ، شۇنداق قىلساڭ سەن بىلەن ئاداۋەتتە بولغان ئا-دەم دوستۇڭغا ئايلىنىدۇ » دېگەن قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى . ۋەھالەنكى ، بۇ ئىشانىنىڭ ھايات چېغىدىكى ئىش - ھەر-كىتى ئۆزى تەشەببۇس قىلغان سۆزلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسى بولدى . بۇتپەرەسلەر بىلەن بىرلىشىپ ، مىڭلىغان مۇسۇلمانلارنى قەتل قىلدى . مىڭلىغان دېھقان - كاسىپلارنى خانىۋەيران قىلدى . ئەلمىساقتىن بېرى ئەۋلىيا - ئەنبىيالىرىمىزنىڭ ئاياغلىرى تەگكەن يەرلەردە بۇتپەرەسلەرنىڭ ئويۇن - كۈلكىسىنى ئويۇشتۇردى . قەشقەرىيەدىكى خەلقلەرنى تائىپىگە بۆلۈپ ، بىر - بىرىگە قارشى قويدى . . .

ساماساق سوپىنىڭ سۆزلىرىدىن بىرەر يېڭىلىقنى ئۇقالمىغان دانىيال خوجا ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ لوقما تاشلىماقچى بولۇپ تەمشەلگەنىدى :

— مېنىڭ ئۆزلىرىگە ئېيتماقچى بولغىنىم ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلىۋەردى ئۇ ، — « ئىسھاقىيە » سۇلۇكىنىڭ پېشۋالىرى ئەھلى مۇسۇل-مانلار ئۈچۈن ۋاپاسىزلىق قىلمىدى . ئۇلار دەھشەتلىك تەقىب ۋە جازالاشلارغا ئۇچرىسىمۇ ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى ھىدايەتۇللا ئە-شاندەك ئۆز زېمىنىغا غەيرىي دىندىكىلەرنى باشلاپ كەلمىدى .

— ماڭا دېمەكچى بولغان گەپلىرى شۇمۇ ؟ — دەپ سورىدى دانىيال خوجا ، ئۇ ساماساق سوپىنى قىرىلىقتىن ئەقلى - ھوشى ناچارلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى .

— ياق ، مەن تېخى ئۆزلىرىگە ھېچنېمە دېمىدىم ، خوجام ، — دېدى ساماساق سوپى ۋە چىنىدىكى چايدىن بىر ئاز ئىچىپ دېمىنى رۇسلىۋالدى ، — باياتىن بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئىچىمنى تىلغاپ كەل-گەن ئوي - پىكىرلىرىمنى ئېيتىپ ، قورسىقىمنى بىر ئاز بولسىمۇ بوشىتىۋالدىم . ئەمدى ئۆزلىرىگە ئاچىدىغان سىرىم ، ئاكىلىرى شۇ ئەيىپ

خوجامنى قەتل قىلغان كىشىنى بىلەمدىلا ؟ ــ دەپ سورىدى .
دانىيال خوجا جاۋاب بېرەلمىدى . بۇ ھەقتە ئۇ تالاي يىللار سۈرۈشتە قىلغان بولسىمۇ ، ئېنىق بىر نەرسە ئۇقالماي ، كېيىنكى چاغلاردا پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى . ئۇنىڭ جاۋاب بېرەلمىگىنىدىن تەئەججۈپلەنگەن سامساق سوپى :
ــ ئۇ قاتىل ھازىر غىچە ئامان - ئېسەن يۈرۈۋاتىدۇ ، ــ دېدى .
ــ ئۇ كىم ؟
ــ بايا دېدىمغۇ ، ئەخمەت خوجىنىڭ قانىتى ئاستىغا كىرىۋالغان ساقلاخۇن .
دانىيال خوجىنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇچلۇق ساقاللىق ، ئۆزىنى تولىمۇ كىچىك پېئىل تۇتىدىغان ساقلاخۇننىڭ قىياپىتى يەنە بىر قېتىم نامايان بولدى .
ــ ھىدايەتۇللا ئىشان يەكەن تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، كەشمىر تەرەپكە سەپەر قىلغان شۇئەيىپ خوجامغا قەشقەردىكى پەيزىۋات ، يەكەندىكى توققۇز كەنت ، خوتەندىكى ئاقساراي ۋە ئاقسۇدىكى ئاقيارغا ئوخشاش يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن ، ھاكىمىيەتنى تەڭ كۆرەيلى ، قەشقەرىيىگە قايتىپ كەلسىلە دەپ ، نامە ئەۋەتكەنمۇ ؟
ــ شۇنداق .
ــ ھىم ، ــ سامساق سوپى داۋام قىلدى ، ــ بىر كۈنى كەچتە موللا ساقى ئازاق سوپى بىلەن ئىككىمىزنى چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ . بارساق ، ئۇ يەردە ساقلاخۇنمۇ ئولتۇرغانىكەن . موللا ساقى بىزنىڭ كېلىشىمىزگە داستىخان سېلىپ : « پىرىمىزنىڭ ھەر بىرلىرىگە قىلغان ئىلتىپاتى » دەپ ، بۇدۇنە گۆشى باسقان پولۇ بىلەن مېھمان قىلدى . ئاندىن : « پىرىمىزنىڭ پەرمانى شۇلكى ، ئىككى كۈن ئىچىدە سوپى -

دەرۋىشلەردىن تۆت يۈز كىشىنى ئۈيۈشتۈرۈپ يولغا چىقىشىمىز كېرەك » دېدى . بىز دېگەن مەھەلدە يولغا چىقىپ ، تېزناپ دەرياسىنىڭ ساھىلىغا باردۇق . كېچىنىڭ بىر مەزگىلى بولغاندا ، موللا ساقى دەريا ساھىلىغا كېلىپ تۈنەشكە باشلىغان بىر تۈركۈم ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلىشقا پەرمان بەردى . سوپى - دەرۋىشلەر دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تۇتۇۋالدى .

شۇ چاغدا :

— ھەي ، مۇسۇلمانلار ، بىزگە تەگمەڭلار ، مەن شۇئەيىپ خوجام بولىمەن . ماڭا سىلەرنىڭ پىرىڭلار ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ ئۆزى چاقىرىپ نامە ئەۋەتكەن . ئىشەنمىسەڭلار مانا ، ئوقۇپ كۆرۈڭلار . نامىنىڭ ئاستىغا مۆھۈر بېسىلغان ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئازاق سوپى ئىككىمىز ئويلىنىپ قالدۇق ، موللا ساقىغا : « بۇ كىشىلەرگە جەبىر قىلماي ، پىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا ئاپىرايلى » دېدۇق . ئۇ بىزگە يا ياق ، يا ماقۇل دەپ جاۋاب بەرگۈچە ساقىلاخۇن : « ماڭا پىرىمىزنىڭ ئۆزى قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ بۇ پېشۋاسىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن قەتل قىل دەپ تاپشۇرغان » دېدى - دە ، قوش بىسلىق خەنجىرىنى شۇئەيىپ خوجىنىڭ بويىنىغا سۈركىدى . بۇنى كۆرۈپ ، كۆزى قارايغان سوپى - دەرۋىشلەر باشقا خوجىزادىلەرنى قەتل قىلىشتى .

ئۆي ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى . ئەدەن قېچىر پىلىكى ئېگىلىپ كەتكەن شامنىڭ پوتلىسىنى قولى بىلەن چىمدىپ ئېلىۋەتتى .

— لېكىن ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى سامساق سوپى ، — شۇ كېچىدىكى توپىلاڭدا قېچىپ قۇتۇلغان بىر خوجىزادە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ، يۈزىگە قارا بوياق سۈركەپ ، ئۇچىسىغا باشتىن - ئاياغ قارا

كـيىپ ، ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ ئالدىغا كىرىپ ، يۈز بەرگەن ۋەقەنى بايان قىـپـتۇ . ھىـدايـەتـۇللا ئىـشـان ، ھېچنېمىنى بىلمەس كىشى بولۇۋېلىپ ، ئوردىـدىـكـى يېـقىنلىرى بىلەن دەريا بويىغا كېلىدۇ ۋە تاغارغا سېلىنغان شـۇئەيـىـپ خـوجىنىڭ جەسىتىنى كۆرگەندە يالغاندىن يىغلىغان بولىدۇ . ئانـدىـن ئۇنـى تـۆگـە بىلەن يەكەنگە ئەكىلىپ نامزىنى چۈشۈرىدۇ ، جەسەتنى ئالتۇنلۇق مازىرىغا دەپنە قىلدۇرىدۇ .

سـامـسـاق سوپى سۆزلەپ بەرگەن بۇ ۋەقەگە قىرىق يىل بولغىنىغا قـارىـمـاي ، دانـىيال خوجىغا تۇنۇگۈن ياكى بۈرناكۈن بولغاندەكلا تەسىر قـىـلـدى . چـۈنـكـى ، ئۇ ، بـۇ چـاغلاردا يىگىرمە ياش ئەتراپىدىكى يىگىت بـولـۇپ ، ئوردا ئـىـچـى ـ سـىـرتىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنىڭ ماھىيىتىنى بـۇ گـۈنـكـىـدەك چـۈشـەنـمـەيـتـتـى . كـېـيـىـن ئۇنـىـڭغىمۇ « ئىسھاقىيە » سـوپـىـلىرىنىڭ ئارىسىدا دىنىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى ـ دە ، ئۆزىـنـى « بـالاگـەردان پـىـر » دەپ ئېلان قـىـلـدى . 1663 ـ يـىـلـىغا كـەلـگـەنـدە « ئىسھاقىيە » سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى بولۇپ ، يەكەن ، خوتەن تـەرەپلەردە دىنىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىر قىسمىنى قولغا كىرگۈزدى . 1694 ـ يـىـلـى ئاپاق خوجىنى مەخپىي ھالدا زەھەرلەپ ، ئۈچ يىلدىن كېيىن خېنىم پـاشانىڭ ھاكىمىيىتىنىمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن بـىـر قـانچە يىللار ئىچىدە نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن دانـىـيـال خـوجـا ، ھازىر تەجرىبىلىك سىياسىي ئەرباب بولۇپ قالغانىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك ، سامساق سوپۇمنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ يالغۇز سـاقـىـلاخـۇنـغـىـلا ئەمـەس ، بـەلكى پۈتكۈل « ئىشقىيە » سۇلۇكىدىكى ئاق تاغلىق خوجىلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغىۋەتتى .

« چىۋاڭ رابدان نېمە سورىسا شۇنى بېرىپ ، ساقىلاخۇننى يەكەنگە يـالاپ كـېـلـىش لازىم . ئۇنى قەشقەرىيىدىكى ھەممە شەھەرلەرگە ئاپىرىپ ،

ئاپاق خوجا دەپ ئاتالغان بۇ ئىشاننىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى ھەققىدە خۇتبىگە چىقىرىش كېرەك، دېگەن ئويغا كەلدى ئۇ، ئەگەر بۇ يىل كۈزگىچە شۇنداق قىلالىسام، ئاكام شۇئەيىپ خوجىنىڭ روھى خۇرسەن بولىدۇ ھەم «ئىشقىيە» سۈلۈكىنى ياقلايدىغان خوجىلار بىلەن سوپى ـ ئىشانلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرۇيى چۈشىدۇ...»

— مۇنۇ شىرە ئۈستىدە تۇرغان ئالتۇنلار شۇ مەرھۇم ئاكىلىرىنىڭ مۈلكى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى سامساق سوپى، — شۇئەيىپ خوجاملار بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، شۇيەردىلا ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى تالان ـ تاراج قىلىندى. ئاكىلىرىنىڭ خۇرجۇنىدا مۇشۇنداق تىللادىن قىرىق ئالتە دانە بار ئىكەن. موللا ساقى بىلەن ساقىلاخۇنلار ئون بەش دانىدىن ئېلىپ، قالغىنىنى ئازاق سوپى ئىككىمىزگە بۆلۈپ بەرگەن. شۇنىڭدىن بېرى بۇ نەرسىلەرنى سەدەپ ئىچىدىكى ئۈنچىدەك ساقلاپ كېلىۋاتاتتىم. دارىلباقىيغا سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن، ئىككى تۈرلۈك ئارزۇ ـ ئارمىنىم بار ئىدى. بىرى، ئوغلۇم ئەدەنبايىنى كۆرۈش، ئىككىنچىسى، مەرھۇم شۇئەيىپ خوجامنىڭ مۈلكىنى ۋارىسلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش. قۇدرەتلىك ئۇلۇغ ئاللاغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، ھەر ئىككى ئارزۇيۇمغا مۇيەسسەر قىلدى.

دانىيال خوجا ئىسمى ئازاق سوپى دەپ ئاتىلىۋاتقان ئادەمنى مۇشۇ سامساق سوپىغا ئوخشاش ئاپاق خوجا سۈلۈكىدىن ۋاز كەچكەن بولسا، بەزىبىر ئىشلاردا پايدىلىنىشنى ئويلاپ:

— ئۇ ئازاق سوپۇم دېگەنلىرى ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

«دانىيال خوجا ئۇنىڭدىن ئاكىسىنىڭ ئالتۇنلىرىنىمۇ ئېلىۋېلىش غەرىزىدە ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان سامساق سوپى:

— ئۇ ئۆزىگە تەگكەن ئالتۇنلارنى ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ ئىلتىپاتىغا

مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن مۆھتەرەم خېنىم پاشاغا ھەدىيە قىلىۋەتكەن، — دېدى.

— مەن گەپنى ئۇقتۇرالمىدىم، — دېدى خوجا ئىزاھات بېرىپ، — ئازاق سوپۇمۇ سىلىگە ئوخشاش ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ سۇلۇكىدىن يالتايدىمۇ ياكى تىنچە سادىقمۇ؟

— ئۇنىڭ سادىقلىقىدا گەپ يوق. بۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىلگىرى، ئۇ ئادەم بىلەن ئىمام جەئفەر سادىق رەزىيالLAھۇ ئەنھانىڭ مازىرىدا بىرنەچچە كۈن مولاقەتتە بولۇپ: «شۇنچە يىللار ھىدايەتۇللا ئىشانغا مۇرىت بولۇپ، ئۇنىڭ يولىدا رىيازەت چەككىنىمىزمۇ يېتەر. ئەمدى مۇنۇ تۈمەن مىڭلىغان ئادەملەرگە ئوخشاش بەش ۋاخ نامىزىمىزنى ئوقۇپ، روزىمىزنى تۇتۇپ، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن تىرىكچىلىكىمىزنى قىلىپ ياشىمايلىمۇ!» دېسەم، ئۇ: «خوجامغا تىل تەگكۈزمىسىلە، ئۇ كىشى مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ سۇلتانىدۇر، سۇلتان ئاللانىڭ سايىسىدۇر» دەپ بىر مۇنچە خاپا بولدى. ھەتتا ھىدايەتۇللا ئىشاننى تەرىپلەپ: «ئۇ كىشى پەيغەمبەرگە ئوخشايدۇ، سىلى بىلەن بىز پەيغەمبەرنىڭ ئۈممەتلىرى. پەيغەمبىرىمگە ئاللاتائالادىن قانداق ۋەھيي كەلگەن بولسا، بىزنىڭ ئاپاق خوجىمىزغىمۇ شۇنداق ۋەھيي كېلىدۇ» دەپ، يەر ـ كۆككە سىغمىغۇدەك ماختىدى. چىشىم قېرىشىپ: «ئۇ دەزنى ماختىسىلا ئاللاتائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدىلا» دەۋەتتىم.

— دەز دەمدىلا؟ بۇ دېگەنلىرى ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ لەقىمىمۇ؟ — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سورىدى دانىيال خوجا.

سامساق سوپىنىڭ ساغۇچ چىرايىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى ـ دە، بالىسىغا قاراپ:

— ئەدەنباي، خوجامنى قۇرۇق گەپ بىلەن مېھمان قىلىمىزمۇ؟

يۇگۇر، ئۆز قولۇڭ بىلەن بىر چەينەك چاي دەملەپ كىر، — دېدى.

— ئۇ كىشىنىڭ بۇنداق لەقىمى بارلىقىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم، — دېدى سامساق سوپى بالىسى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى بىلەن، — بىر كۈنى، موللا ساقى چاقىرتىپتۇ. كوچىدا كېلىۋاتسام خېنىم پاشانىڭ مەپىسى ئالدىمدىن چىقىپ قالدى. ئۆزۈمنى چەتكە تارتىپ ھۆرمەت بىلدۈردۈم، ئاندىن موللا ساقىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، دەرۋازىسىنى قاقتىم. دەرۋازىۋەن بوۋاي مېنى كۆرۈپ: « كېچىكتىڭلىغۇ، موللا ساقى جانابلىرى كۈتۈۋاتىدۇ » دېدى. مەن دائىم كىرىپ يۈرگەن مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، پەگاغا قەدەم قويدۇمۇ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي تۇرۇپ قالدىم، — ئۇ، ئۆيدە دانىيال خوجىدىن باشقا كىشى بولمىسىمۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ، پىچىرلىغاندەك سۆزلىدى، — ئىشەنسىلىمۇ، ئىشەنمىسىلىمۇ ئۆزلىرى بىلىدىلا، خېنىم پاشا بىلەن موللا ساقى بىر - بىرىگە ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپ كېتىپتۇ. دەرھال ئارقامغا قايتتىم. ئۇنىڭغىچە ئۆيدىن چىققان موللا ساقى:

— مایاقتا كەلسىلە، سامساق سوپۇم، — دەپ يەنە شۇ ئۆيگە باشلاپ كىردى، — ئەسلىرىدە بولسۇن، بۇ ئۆيدە مېنىڭدىن بۆلەك ھېچكىمنى كۆرمىدىلە، — دېدى. ئاندىن ۋەزىپە تاپشۇرۇپ يەكەن تەرەپكە ئەۋەتتى. كېيىن ئۇقسام، بۇ لەقەم ھىدايەتۇللا ئىشانغا مەدرىستە تالىپ بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا قويۇلغانىكەن. بىراق، ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا خەۋەردار ئىكەن.

— ھازىر سالامەتلىكلىرى قانداق؟ ياخشى تېۋىپلاردىن ئەۋەتەيمۇ؟ — دەپ سورىدى دانىيال خوجا گەپنى يۆتكەپ.

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، خوجام. شۇ تاپتا ئىچى - قارنىمنى ئۆرتەپ تۇرغان ھەممە نەرسىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزۈمنى پاختىدەك يېنىك

چاغلاۋاتىمەن .

ئەدەن قىيچىر كىرىپ چاي قۇيدى . ئۇ بايا دانىيال خوجىنىڭ ئىلتىماسىنى يەردە قويماي كەلگىنىگە خۇشال بولغان بولسا ، ھازىر ئۇنىڭ دادىسى ئېيتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ ، چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقاپ خىجىل بولاتتى .

— ئەمىسە ئۆزلىرىگە چوڭ رەھمەت ، ساماساق سوپىۇم ، — دېدى قولىدىكى قۇرۇق پىيالىنى شىرەگە قويغان دانىيال خوجا قايتماقچى بولۇپ ، — قىرىق يىلدەك قورساقلىرىدا ساقلاپ يۈرگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، ماڭار يولۇمغا شولا چۈشكەندەك بولدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، قىرىق يىلدەك مەرھۇم ئاكامنىڭ مۈلكىگە خىيانەت قىلماي تاپشۇرغانلىرىغا مىڭ كەررە رازى بولدۇم ، — ئۇ گېپىنى توختىتىپ ، لاتىغا ئوراقلىق تىللالار-نىڭ تۈتۈنىنى ئېلىپ ساماساق سوپىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ، — مۇنۇلارنى مەرھۇم ئاكامنىڭ ئورنىدا ئۆزلىرىگە ھەدىيە قىلدىم ، — دېدى .

※ ※ ※

ئۆزىنى « پاختىدەك يېنىك » چاغلىغان ساماساق سوپىۇم ، بىر ھازاغىچە ئوغلى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى .

— سېنىڭ بۇ پىرىڭ ، بالام ، ياش چاغلىرىدا ئىسمايىلخانىنىڭ ئوردىسىدا ئىستىقامەت قىلغاچقىمۇ ياكى بىر قانچە يىللار مۇھاجىرلىقتا ھەم قالماقلارنىڭ قولىدا يۈرگەچكىمۇ ، مېنىڭ پىرىمغا قارىغاندا پىچاق ئارقىسى تۈزۈكتەك كۆرۈنىدۇ . بىراق ، ئېسىڭدە بولسۇنكى ، بۇ تەرىقەت پېشۋالىرى ھېچقاچان ئادەملەرنىڭ غېمىنى قىلمايدۇ . ئۇلار ئاۋام خەلق ئىچىدە شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ ، ئۆزىنى كارامەت قىلىپ كۆرسىتىدۇ . ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق كارامەتلىرىگە ئىشەنگەن ساددا خەلق : « بۇ ئادەم راستتىنلا غايىپنى بىلىدىغان ئەۋلىيا

ئوخشايدۇ » دەپ ئىخلاس قىلىشىدۇ .

ئەدەن قىيچىر دادىسىنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران بولغاندەك ھاڭقىيىپ قالدى .

— گەپلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتامسەن ؟ — دېدى سامساق سوپى ، — مەن ساڭا ئاڭلىغىنىمنى ئەمەس كۆرگىنىمنى سۆزلەپ بېرەي . بىر كۈنى ، سەن خانىقادىن قېچىپ كەتكەن يىلىغۇ دەيمەن ، بىز تۇرۇۋاتقان خانىقاغا پىرىمىز ھىدايەتۇللا ئىشانىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى . بۇ چاغدا تىرىكچىلىكنىڭ ھەممە تەشۋىشلىرىدىن ۋاز كېچىپ ، تەرىقەت يولىغا كىرگەن سوپى - ئاشىقلارنىڭ بىر قىسمى ھويلىدىكى زەيكەش يەرلەردە يېتىپ ، بەدەنلىرىنى قۇرت - قوڭغۇزغا ئوخشاش ھاشاراتلارغا چاقتۇرۇۋاتاتتى . بەزىبىر روھىنى پاكلاش ئۈچۈن ئۈچ ئايدىن ئالتە ئايغىچە روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلغان سوپىلار تام تۈۋلىرىدە ئەسنىشىپ ، مۈگدىشىپ ئولتۇرۇشاتتى . بەزىلەر سەجدىدىن باش كۆتۈرمەي نامازخانلىق قىلاتتى . تەسۋىلىرىنى سىيرىپ ، توۋا - ئىستىغپار ئوقۇيتتى . بىر مۇنچىلار دائىرە شەكلىدە ئولتۇرۇپ ھۆكمەت ئوقۇشۇپ جەرە سالاتتى .

بىر چاغدا ساقىلاخۇن پەيدا بولۇپ ، كېسەل بولۇپ ھۇجرىلىرىدا ياتقان سوپى - ئاشىقلارنى ھويلىغا ئاچىقىشنى ۋە ئۇلارغا پىرىمىز ھىدايەتۇللا ئىشانىنىڭ شاپائەت قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى .

خانىقا ھويلىسىغا ھەر خىل ئاغرىقلارغا گىرىپتار بولغان ئوتتۇزغا يېقىن ئادەم ياتقۇزۇلدى . ئۇستۇبشى كىر ، چاچ - ساقىلى ئۆسكەن ، رەڭگى - روھى جۇدەك بۇ ئادەملەرنىڭ ھالى ئېچىنىشلىق ئىدى .

شۇ ئارىدا موللا ساقى قاتارلىق بىر قانچە ئادەملەرنىڭ ھەمراھلىقىدا پىرى كامىلىمىز ھىدايەتۇللا ئىشان ھويلىغا كىرىپ كەلدى . ئۇ بېشىغا كۈمۈش رەڭلىك كۇلاھ كىيىپ ، ئۇستىدىن سېرىق سەللە ئورىۋالغان ،

ئۈستىگە ساغۇچ رەڭلىك شايى پەشمەت، پۇتىغا پارقىراپ تۇرىدىغان مەسە ـ كەش كىيىۋالغانىدى. يېڭى چەكتۈرگەن قارا بۇرۇتى بىلەن تاراشلانغان كۆتمەك ساقىلى گۆشلۈك يۈزىگە سالاپەت بېغىشلايتتى. قولىدىكى كەھرىۋا تەسۋىسى كۆن نۇرىدا يالىلداپ تۇراتتى.

ئۇ موللا ساقى يېنىغا كېلىشى بىلەن ئورنىدىن قوزغىلىپ، كېسەل بولغان سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا باشلىدى. بەزى كېسەللەرنىڭ پېشانىسىگە قول تەگكۈزۈپ: «ئاللاتائالا بۇگۈنكى دىگەر نامىزىنى ئەھلى مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ئوقۇشقا نېسىپ قىلغاي» دەپ تىلەك بىلدۈردى. بەزى كېسەللەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە بېشىنى چايقاپ «ئاللاتائالا بۇ سوپىمىنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلغاي» دېدى. ئاندىن كېيىن ھەممە كېسەللەرگە موللا ساقى تۇتۇپ تۇرغان ھەميانىدىن پۇل ئېلىپ ئاز ـ تولىدىن ھەدىيە قىلدى. ئالاھازەل پىرىمىزنىڭ قولى پېشانىسىگە تەگكەن كېسەللەر بىرەر سائەتتىن كېيىنلا ساقىيىپ كەتتى. بېشىنى چايقاپ قويغانلىرى بولسا كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپ كېسەلى ئېغىرلىشاتتى ياكى دارىلباقىيغا كېتەتتى.

— بۇ راستتىنلا كارامەتكەنغۇ، ئاتا، — دەۋەتتى ئەدەن قېچىر.

سامساق سوپى ئاغزىنىڭ چېتىدىلا كۈلۈپ قويىدى:

— مەنمۇ، بالام، ئۇزۇن يىللار بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق كارامەتلىرىگە مەھلىيا بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىقان ئوقى، شىلتىگەن قولى بولۇپ يۈردۈم. بىراق، بۇ كارامەتلەرنىڭ سىرىنى كېيىنرەك بىلىپ قالدىم ـ دە، ئۇ ئىشانغا قول بېرىپ مۇرىت بولغىنىمغا مىلىك بىر ئۆكۈندۈم.

— شۇ چاغدا ئۇ خوجامنىڭ كارامىتىدىكى سىر نېمە ئىكەن؟

— بۇ كارامەتنىڭ سىرى شۇ ئىكەنكى، موللا ساقى بىلەن ساقىلاخۇنلار ھەققىي ئاغرىق سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ئارىسىغا تۆت مۆچىسى

ساق ئادەملەردىن بىر نەچچىسنى قوشۇپ ياتقۇزىدىكەن . پىرىمىزنىڭ قولى ئەنە شۇلارنىڭ پېشانىسىگە تېگىدىكەن ـ دە ، ئۇلار ساقىيىپ كېتىدىكەن .

ـــ يا ئاللا ! ـــ دەۋەتتى ھەيران بولغان ئەدەن قىچىر .

ـــ مانا شۇنداق ، بالام ، خوجا ئىشانلارنىڭ مۇشۇنداق كارامەتلىرى مېنىلا ئەمەس ، مىڭلىغان ساددا مۇسۇلمانلارنى بالا ـ چاقىسىدىن ، تىرىكچىلىكىدىن بەزدۈرۈپ ، تەرىقەت يولىدا تەركىدۇنيا قىلىۋەتتى . ئۇلاردا : « خوجاملار بىلەن ئىشانلارنىڭ ئىلكىدىكى يەرلەردە ھەقسىز ، ئۆز ئىختىيارىي بىلەن ئىشلەپ بەرسە ساۋاب تاپىدۇ ، ئىشلىمىسە ئاللانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ » دېگەن چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلاتتى . ھەتتا بەزى ئادەملەر بۇ خوجىلار بىلەن ئىشانلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ئالغان ھوسۇلىنىڭ باش بۈرنىنى شۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ . بەزىلىرى ئۇلارنىڭ ئۇلاقلىرى ئېتىزلىرىغا كىرىپ چەيلەپ ئېغىنىسا ، قوغلاپ چىقىرىشنىڭ ئورنىغا « خوجاملارنىڭ نەزىرى تەگدى » دەپ خۇشال بولۇشىدۇ .

ئۇ بىر ئاز دەم ئېلىۋېلىپ يەنە سۆزلەپ كەتتى :

ـــ بەزى چاغلاردا ، بالام ، ئادەم دېگەن ئۆتمۈش ھاياتىنى ئويلىمىسا ياخشىكەن دەپ قالىمەن . نېمىشقا دېسەڭ ، شۇ چاغلاردا كەچۈرگەن ھاياتىڭ يېڭىۋاشتىن كۆزۈڭگە كۆرۈنۈپ ، ياخشى بولسا روھىڭنى كۆتۈرىدىكەن ، يامان بولسا روھىڭنى چۈشۈرۈپ ، تېخىمۇ غەمگە پاتۇرىۋېتىدىكەن . بىز ھىدايەتۇللا ئىشان باشلىق بىر قانچىمىز ۋەتەنىدىن ئايرىلىپ كەشمىرنىڭ پادىشاھى مۇھەممەد راجا ① دېگەن كىشىنىڭ ئالدىغا باردۇق ۋە ئۇ كىشىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە تابۇت ئېلىپ سەپەر قىلىپ ، يىگىرمە بىر كۈن دېگەندە لخاسا دېگەن شەھەرگە يېقىنلاشتۇق .

① مۇھەممەت راجا ـــ 1770 ـ يىللاردا كەشمىر پادىشاھى بولغان .

ھەمـمـمـمـز تـابۇتلارغا ئوخشاش كىيىندۇق ، بولمسا ئۇ شەھەرگە بىزنى قـويـۇپ بـەرمـەيـدىـكـەن . شـەھەرنـىـڭ ئوتـتـۇرىـسـىغا بارغىنىمىزدا بىر بـۇتـخانىنىڭ ئالدىدا تۇرغان چوڭ قوڭغۇراقنى كۆردۇق . پىرىمىز ھىدايە-تـۇللا ئـىـشـان كەشمىر پادىشاھىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قوڭغۇراقنى ئۇردى . . شۇ چاغدا بۇتخانىدىن بىر راھىب يۈگۈرۈپ چىقىپ ، بىزنى ئۇنىڭ ئىچىگە ئېلـىـپ كـىردى . بىز بۇ بۇتخانىدا ئۈچ ئاي تۇردۇق . بۇ جەرياندا : « بىز دېـگـەن پـەيـغـەمبەرگە ئوخشاش . . . پەيغەمبەرگە ئاللادىن قانداق ۋەھىي كـەلـسە ، پىرغىمۇ شۇنداق ۋەھىي كىلىدۇ . . . » دەيدىغان ھىدايەتۇللا ئى-شان بـاشـلـىـق ھەمـمـمـمـىـز بۇتخانىدىكى راھىبلار نىمە قىل دېسە شۇنى قـىـلـدۇق . مۇسۇلمانچىلىقنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ، شۇلارچە ياشاپ ، ئۇلارنـىـڭ بـۇتـلـىرىغا سىغىنىدىغان راھىبلارغا ئايلىنىپ قالدۇق . لېكىن ، پـىـرىـمـىز بۇنى گۇناھ دەپ قارىمىدى . ئۇ : « بۇ ھەم ھەق يولىدا رىيازەت چـېـكـىـشـنىڭ بىر تۈرى ۋە ئاللانىڭ پېشانىمىزگە يازغان قىسمىتى » دەپ چۈشـەنـدۈردى . شۇ چاغدا مەن بۇنىڭغىمۇ ئىشەنگەنىدىم . لېكىن ، ھازىر ئويلاپ كـۆرسەم ، گۇناھلىرىمىزنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىرى مۇشۇ ئىكەن .

ئەدەن قـېـچـىـر دادىـسـىـنـىـڭ گـەپلىرىنى ئاڭلاپ ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك شۈككىدە بولۇپ قالدى .

— سىـىـنىڭ شۇ چاغدا خانىقادىن قېچىپ كەتكىنىڭمۇ ياخشى بول-غانـىـكـەن ، — دېدى سامساق سوپى گېپىنى يۆتكەپ ، — راست سۆزنى ئېيـتـسـام ، بالام ، ئادەم بالىلىرى ئۈچۈن سوپىلىق يولىغا كىرىشتىن كۆرە دېـھـقـانچىلىق ، سودىگەرچىلىككە ئوخشاش كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش مـىـڭ ھەسسە ياخشىكەن . مېنىڭ بۇ گېپىمنى نەۋرىلىرىمگىمۇ ئېيتىپ قويـ-غىـن . ئۇلار باغلارنىڭ سالقىن ھاۋالىرىدىن ، گۈل - گىياھلارنىڭ خۇش خـۇي پـۇراقـلـىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ ھايات كەچۈرسۇن . ياز كۈنلىرى

ئىتتىز - ئىرىقلاردا ئاشلىق ئۆستۈرۈپ، قىش كۈنلىرى كاسىپچىلىق قىلىسۇن. ھەرگىز ماڭا ئوخشاش ھەقنىڭ ۋىسالىغا يېتىمەن دەپ رىيازەت چېكىپ ئەخمەق بولمىسۇن، راستلا، — دەپ يەنە گېپىنى يۆتكىدى سوپىۇم، — كېيىنكى چاغلاردا ئانىڭ رەھمىتى چۈشۈمدىن چىقمايدىغان بولدى. بايا دانىيال خوجىنى ئۆزىتىپ كەتكىنىڭدە، كۆزۈم بىر ئاز ئىلىنغاندەك بوپتىكەن، رەھمەتلىكنى تازىمۇ ئاشكارا كۆردۈم. گۈلبەر كۆيىنىكىنى كىيىپ، قەلقەي ياغلىقىنى سىڭايان تېڭىۋاپتۇ. ماڭا قاراپ: «ھامىمامچىمۇ شۇنچە كىرلىشىپ كەتكەن بارمۇ، ماۋۇ سوپىۇنى ئېلىپ يۇيۇۋالسۇنسلا» دەپ يۈرگۈدەك.

— مەن بۇياقتا مېڭىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال ئانامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغانىدىم، لېكىن يولغا ئالدىراپ ياغ يۇرىتالمىدىم، — دېدى ئەدەن قېچىر ئەپسۇسلىنىپ.

— ئوبدان ئىش قىپسەن، بالام. ئاتا - ئانىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش — بالىلىق ۋەزىپىنى بېجىرىش دېگەنلىكتۇر.

شۇ چاغدا كارۋان سارايدىكى قېرى خورازلارنىڭ بوغۇق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

— خېلى ۋاق بولۇپ قاپتۇ، بالام. شامنى ئۆچۈرۈۋەت، دەم ئالايلى، — دېدى سامساق سوپىۇم ۋە، — ئانىڭ رەھمىتى ناھايىتى ياخشى مەزلۇم ئىدى، — دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

ئارىدىن بىر نەچچە مىنۇت ئۆتۈپلا، بۇ كۈننى تىنىمسىز تېپىرلاپ ئۆتكۈزگەن ئەدەن قېچىر ئۇيقۇغا كەتتى. بىراق، سامساق سوپىنىڭ ئەھۋالى بىنولماي قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېغىۋاتقاندەك بولۇپ، بىردەمدىلا ھالسىزلىنىپ قالدى. ئوڭ تەرىپىگە ئۆرۈلمەك بولۇۋىدى، چامى كەلمىدى. پۇت - قوللىرى ئۇگە - ئۇگىسىدىن بوشاپ كەتكەندەك بولۇپ، بەدىنى

شۇركىنىشكە باشلىدى.

— ئەدەنباي، ھەي، بالام...

ئۇنىڭ ھالسىز ئاۋازى قاتتىق ئۇخلاۋاتقان بالىسىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانمىدى، بىر ئازدىن كېيىن كالپۇكلىرى مىدىرلاشقىنىمۇ كەلمەي قالدى: «سەن بولساڭمۇ ئارام ئال، بالام، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ دۇنيادا زارلاپ ئۆتكەن روھىي قۇشلىرىم جەننەتنىڭ باغلىرىغا پەرۋاز قىلىدىغان ئوخشايدۇ...»

كۈندىكى ئادىتى بويىچە بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئويغانغان ئەدەن قېچىر ئورنىدىن تۇرۇپلا شامنى ياندۇردى، ئاندىن دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ قېشىغا باردى ـ دە، ئۇنىڭ كامازدەك ئوچۇق قالغان ئاغزىنى، ياستۇقنىڭ چېتىگە چۇشۇپ كەتكەن بېشىنى كۆرۈپ:

— جېنىم ئاتام! — دەپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

## بەشىنچى باب

ئاكىسى شۇئەيىپ خوجىنى ئۆلتۈرگەن ئادەم دۇردۇن ئاغچىنىڭ تاغىسى ئىكەنلىكىنى ئۇققان دانىيال خوجا، ئۆيىگە يېتىپ كەلگۈچە تۈرلۈك خىياللاردا بولدى. ئۇ بايلا: «خۇنتەيجىگە خالىغان نەرسىنى بېرىپ، ساقلاخۇننى بۇياققا يالاپ ئەكىلىشنى، ئاندىن «ئىشقىيە» سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى بولغان ئاپاق خوجىنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى پاش قىلدۇرۇشنى ئويلىغانىدى. ھازىر بولسا ئۇ ئويىدىن يېنىپ «بۇ ئۇچلۇق ساقال قاتىلنى بۇياققا ئەكىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ پوشكالىغا ئوراپ بەرسە ئىنتىلارمۇ يېمەيدىغان ئۇ تىرىك مۇردىنى شۇ ياقتىلا ھالاكەت گىردابىغا تاشلاش كېرەك» دېگەن ئويغا كەلدى. لېكىن بۇ ئويىمۇ مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. چۈنكى «ئىشقىيە» سۇلۇكىدىكى خوجىلارنىڭ بۆگۈنكى

پېشۋاسى بولغان ئەخمەت خوجىنىڭ قانىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەلۇم نوپۇزغا ئىگە بولغان بۇ ئادەمنى خۇنتەيجىنىڭ بىرىشىمۇ، بەرگەن تەقدىردە ئىككى پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان ساقلا-خۇنىنىڭ ئۆز سۇلۇكىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئاپاق خوجىنىڭ قىلمىشىنى پاش قىلىشىمۇ ناتايىن ئىدى. شۇنىڭدەك، ئۇ ئادەمنى تۇرۇۋاتقان جايىدا ئۇ-جۇقتۇرۇش قارىماققا ئانچە قىيىن ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى پۈرچىقى پىشماي، ئېپىنى تاپسا بىرىنى يەنە بىرى ئۆلتۈ-رۈپ كېلىۋاتقان «ئىشقىيە» سۇلۇكى بىلەن «ئىسھاقىيە» سۇلۇكى ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي ھالەت يەنىمۇ كۈچىيىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

مۇشۇنداق مۇلاھىزىلەرنى قىلغان دانىيال خوجا: «مەن ئۇچۇن ھازىرقى شارائىتتا ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ھەممىدىن مۇھىم. شۇڭا، مەلۇم ۋاقىتقىچە ‹ئىشقىيە› خوجىلىرىنىڭ چىشىغا تەگمەي تۇراي. بىراق، ئېپى كەلگەن بىر كۈنى قاتىل ساقلاخۇندىن ئاكام مەرھۇمنىڭ قىساسىنى ئالىمەن» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

— تازىمۇ كېچىكىپ قالدىڭغۇ، خوجام؟ — دەپ قارشى ئالدى نىسا بېگىم ھەرەمخانا ھويلىسىغا كىرگەن دانىيال خوجىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، — مۇشۇنىڭ بىلەن ئالتىنچى قېتىم ھويلىغا چىقىشىم دېسىلە، دۇردۇن ئاغچام تازىمۇ تەقەززا بولۇپ كەتتى.

ياش چېغىدا «چاكار چوكان» ①ئاتىلىپ دانىيال خوجىنىڭ قو-لىغا چۈشكەن، ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى بۇ ئائىلىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ خوتۇن دانىيال خوجىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ ياش چوڭ بولغىنىغا قارىماي، نېمە ئۈچۈندۇر جىلۋىلىنىپ

---

① چاكار چوكانلار — «گۇناھلىق» دەپ قارالغان ياش قىز - چوكانلار شۇنداق ئاتىلىپ، خوجا، ئىشانلارغا ياكى جوڭغار ئەمەلدارلىرىغا ھەقسىز، مۇددەتسىز ئىشلىتىش ئۈچۈن ھەدىيە قىلىناتتى.

كېتەتتى .

— بايان ئاغچا ئۇخلاپ قالدىمۇ ؟ — سورىدى خوجا . ئۇ ئاكىسىنىڭ قاتىلى دۇردۇن ئاغچىنىڭ تاغىسى بولۇپ چىققىنى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ قېشىغا كىرىشتىن يالتايغانىدى .

— ئۇ خېنىم ئۇخلاپ قالغىنى نەۋاق ، بۇ چاغقىچە ئىككى قېتىم چۈش كۆرگەندۇر .

— بايان ئاغچىنى ئويغاتسىلا .

— ۋىيەي ، خوجام ، ئۇ كىشىنىڭ تەييارلىقى يوققۇ ؟

دانىيال خوجا بايان ئاغچىنى جۇڭغارلار قولىدىن ياندۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ ، لېكىن شۇ چاغقىچە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرمىگەنىدى . ئۇ دەسلەپكى چاغلاردا بىر ئەت ، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان بايان ئاغچىنى « كىچىككىنە ئوڭشالسۇن » دېگەن ئويدا يۈرگەن بولسا ، كېيىن جۇڭغارلارغا ئولجا بولۇپ بىر نەچچە يىل هايات كەچۈرگىنى ئۈچۈن ، پاكىزلىقىغا گۇمان بىلەن قارىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەرىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خانى ۋە دىنىي رەهبىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق « بۇلغانغان » ئايالنى ئۆز نىكاهىدا تۇتۇپ تۇرسام خانلىق سەلتەنەتىمگە ، ئابرۇيۇمغا نۇقسان كېلىدۇ ، دېگەن ئويدىمۇ بولدى . بىراق ، خۇنتەيجىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ساغانويانىنىڭ : « ئۇلۇغ ئەمرچىمىز خوجىنى بايان ئاغچا بىلەن بەختلىك ئۆمۈر كۆرسۇن ۋە جۇڭغار خاندانلىقى ئۈچۈن ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىدىغان كۈيئوغۇل بولسۇن » دېگەن سۆزلىرى يادىغا كېلىپ يۇقىرىدىكى ئويلىرىدىن يالتىيىپمۇ قالاتتى .

هازىر ، ئۇشتۇمتۇتلا نىسا بېگىمگە : « بايان ئاغچىنى ئويغاتسىلا » دەۋەتتى ــ دە : « خەير ، بۇمۇ ئاللاتائالا دىلىمغا سالغان سۆز ، ئۇنداق بولمىسا بۇ سۆزلەرمۇ ئاغزىمدىن چىقمايتتى » دەپ ئۆزىگە

نەسەللى بەردى .
خوجىسىنىڭ دېگىنىنى بەجانىدىل ئورۇنلاپ ئۆگەنگەن نىسا بېگىم شاپاشلاپ بېرىپ بايان ئاغچىنى ئويغاتتى ـ دە ، ئۇنىڭ قېشىغا ئۆزىنىڭ ئېرى ئەمەس ، بەلكى پەيغەمبەر ياكى پەرىشتە كېلىدىغاندەك ھودۇقۇپ :
ـــ ئۆزلىرىنى تەرتىپكە سالسىلا ، خېنىم . ھازىر خوجام جانابلىرى كىرمەكچى ، ـــ دېدى ، ئاندىن تامنىڭ تەكچىسىگە قويۇلغان كۈمۈش شامدانىنى ئېلىپ ياندۇردى ۋە ياغاچ كارىۋاتتا ئۇخلاپ ياتقان يۇسۇپ خوجىنى ئويغىتىپ ، باشقا ئۆيگە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى ، بايان ئاغچا ئۇنىمىدى . نىسا بېگىم :
ـــ خوجام جانابلىرى كايىپ يۈرمەسمۇ ؟ ـــ دەپ ئەندىشىسىنى ئېيتتى .
ـــ خوجامغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن ، ـــ دېدى بايان ئاغچا .
ئارىدىن بىرئاز ئۆتكەندە ، نىسا بېگىم ئىشىكنى ئېچىپ دانىيال خوجىنى تەكلىپ قىلدى . بۇ چاغدا ئۇيقۇسى چايدەك ئېچىلغان بايان ئاغچىمۇ ياقىسى ئوچۇق ، ئېتەكلىرى ئوشۇقىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان كەچلىك شايى كۆڭلىكىنى كىيىپ ، بۆدۈنە كۆزلۈك قەلقەي ياغلىقىنى تېڭىپ ئۆلگۈرگەنىدى . ئۇ دانىيال خوجىنىڭ قەددى بوسۇغىدا كۆرۈنۈشى بىلەنلا :
ـــ خۇش كەپتىلا ، خوجام ، ـــ دەپ قارشى ئالدى .
ـــ ئاغچىنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ ؟ ـــ دېدى دانىيال خوجا .
نىسا بېگىم تاماق ئەكەلمەكچى بولۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭغۇىدى ، دانىيال خوجا : « غىزاغا خۇشتۇم يوق ، بىر چەينەك چاي بولسا بولىدۇ » دېدى .
ـــ يۇسۇپ خوجامنى ئويغىتايمۇ ؟ ـــ دەپ سورىدى بايان ئاغچا

ئىككى قات مەخمەل كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئېرىگە مۇراجىئەت قىلىپ .

— ياق ، ياق .

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن يۈسۈپ خوجا : « ئاتام بىزنىڭ ئۆيگە كىرسە ، مېنى نېمىشقا ئويغاتمىدىلا » دەپ تاپا - تەنە قىلىدۇ .

دانىيال خوجا بىر قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا ، يەنە بىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ ئۇخلاۋاتقان بالىسىغا زوقلىنىپ قارىدى - دە :

— يۈسۈپ خوجامنى ئەتىگەنلىككە ئۆزۈم ئويغىتىمەن ، — دېدى .

ئۇنىڭ ئۆتكۈر نەزىرى نىسا بېگىم كۆتۈرۈپ كىرگەن قەنت - گېزەكلەرنى داستىخانغا قويۇۋاتقان بايان ئاغچىنىڭ قويۇق كىرپىكلىرى ئارىسىدا يالتىراپ تۇرغان قىياق كۆزلىرىگە ، سەل دومبىيىپ تۇرغان قىزغۇچ مەڭزىگە ، ئالۇچىدەك پۇلتىيىپ تۇرغان لەۋلىرى بىلەن مەرمەردەك يالتىرىغان بويۇنلىرىغا چۈشتى - دە ، ئەدەن قېچىرنىڭ : « ئادەم دېگەن مالغا ئوخشاش نەرسە ، خوجام . كۈتۈمى قاملاشسا ، بەش كۈندىلا گۈزەللىشىپ كېتىدۇ » دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدى . دېمىسىمۇ ، بايان ئاغچىنىڭ سىياقى ، هازىر قىز چېغىدىكى ۋاقىتلىرىغىمۇ ، جۇڭغارلاردىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان ۋاقتىدىكىگىمۇ ئوخشىمايتتى . بوي - تۇرقى كىچىككىنە ئۆسۈپ قالغاندەك ، قامىتى نازۇكلىشىپ ، رەڭگى - رۇخسارى سۈزۈكلىشىپ كەتكەنىدى . گەپ - سۆز قىلغاندىمۇ ۋە جاۋاب قايتۇرغاندىمۇ ئوردا ئاياللىرىغا خاس غۇرۇر ۋە نازاكەت بىلەن سۆزلەيتتى . ئۇ دۇردۇن ئاغچىغا ئوخشاش ئېرىگە يېقىش ۋە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن سۈنئىي مۇناسىۋەت ، غىلجىڭلىق قىلمايتتى .

ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا دانىيال خوجىنىڭ ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغانلىقىغا پۈچىلىنىپ يۈرەتتى : « يەتتە يىل جۇڭغارلار قولىدا دېدەك

بولۇپ يۇرگىنىم خوجىنىڭ كۆڭلىگە تۈرلۈك گۇمانلارنى سالدىمىكىن ؟ خارغاتا دېگەندەك ، قايسى ئەرخەق ئۆزىگە سادىق بولغان ئايالنىڭ قەدرىنى بىلگەن ؟ » دېگەندەك ئويلارغىمۇ بېرىلدى . بىراق ، نىسا بېگىمنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ھەممە گەپنى دانىيال خوجىغا ئېيتقانلىقنى ۋە ئۇنىڭ نىسا بېگىم ئىككىسىنى دەرقەمتە قىلىپ : « بايان ئاغچا مېنى دەپ ، شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداش بېرىپتۇ ، ئەمدى بۇ ئاغچىغا بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى غەمخورلۇق قىلسلا » دېگەن سۆزلىرىنى يادىغا ئېلىپ يۇقىرىقى ئويدىن يالتىياتتى .

ئۇ بۈگۈن دانىيال خوجىنىڭ ئۆيىگە كىرىشىنى كۈتمىگەنىدى . شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ، ھە دېگەندە بىر ئاز ھودۇقۇپ قالدى . ئەمما ، ئۇنىڭ بۇ ھودۇقۇشى ئۇزاققا بارمىدى . ئۇ چاي قۇيۇپ سۇنغىنىدا ، خۇشاللىقنى دانىيال خوجىغا بىلدۈرمەي قاراپ قوياتتى . چۈنكى ، بۇنداق پۇرسەتنى ، يەنى ئېرى بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ ئولتۇرۇشنى ھەممە ئاياللارغا ئوخشاش چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلاتتى .

دانىيال خوجىنىڭ ساغۇچ كۆزلىرى داستىخان ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقان بايان ئاغچىنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان كۆكسىگە چۈشتى ـ دە ، ھېسسىياتلىرى قوزغىلىپ ئۇنى خۇشتارلىق بىلەن قۇچاقلىۋالدى .

ــ يۇسۇپ خوجام ئويغىنىپ كېتىدۇ ، خوجام ، ــ دېدى ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتكەن بايان ئاغچا نوتىدەك تولغىنىپ .

ــ راست ، ــ دېدى دانىيال خوجا قۇچىقىدىن بوشىغان بايان ئاغچىغا ۋە كەيىندىن ، ــ كېچىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدىغۇ دەيمەن . ئەمدى ئۇخلايلى ، ــ دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى .

* * *

— ئاتا، — دېدى دادىسىنى ئۆز ئۆيىدە كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزى بېسىقماي سۆزلەۋاتقان يۇسۇپ خوجا، — تۈنۈگۈن مەكتەپتىن كېلىۋاتسام، بىر ئادەم توختىتىۋېلىپ: «چوڭ بولغاندا نېمە بولىسەن؟» دەپ سورىۋىدى، مەن: «رۇستەمى داستاندەك باتۇر بولۇپ، دىۋىلەر بىلەن يىرتقۇچ هايۋانلارنى ئۆلتۈرىمەن» دېدىم، هېلىقى ئادەم: «مېنىڭ بالام چوڭ بولغاندا پەرىشتە بولىمەن دەيدۇ» دېدى. نېمىشقا دەپ سورىسام: «هېچكىم پەرىشتىدىن ماگا بىر نەرسە بەر، قورسىقىمنى تويدۇر، كىيىندۇر دەپ سورىمايدۇ» دېدى. شۇ ئادەمنىڭ بالىسى دېگەن گەپلەر توغرىمۇ، هە؟

دانىيال خوجا بىر دەقىقە تۇرۇپ قالدى ـ دە:

— ئاكىڭىز ئايۇپ خوجىدىن سوراپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سورىدىم. ئايۇپ خوجا ئاكام: «مەن ئىككى پەرىشتىنى بىلىمەن. بىرىنىڭ ئىسمى جەبرائىل، ئۇ پەيغەمبەرلەرگە ۋەهيي ئەكېلىدۇ. يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئەزرائىل، ئۇ ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئالىدۇ» دېدى.

— ئايۇپ خوجا ئاكىڭىز چوڭ پەرىشتىلەردىن ئىككىسىنىلا دەپ بېرىپتۇ. ئۇلار تۆت بولۇپ، قالغان ئىككىسىنىڭ ئىسمى مىكائىل ۋە ئىسراپىلدۇر. بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن پەرىشتىلەر بار. ئۇلارنىڭ هەممىسى ئاللاتائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرگۈچىلەردۇر. پەرىشتىلەرنى مالائىكىلەر دەپمۇ ئاتايدۇ.

— سىلى ئۇلارنى كۆرگەنمۇ، ئاتا؟

— ياق.

— ئەمسە، ئۇلارنى قانداق بىلدىلا ؟

— سىزگە ئوخشاش ئوقۇپ يۈرگەن چېغىمدا خەلپەتلەر بىلەن موللاملار ئۆگەتكەن.

— ئاتا، سىلى نېمىشقا مەككە دېگەن يەرگە بارمايدىلا ؟

— ئاللا نېسىپ قىلسا ئۇ يەرگىمۇ بېرىش نىيىتىم بار.

— مېنى ئالغاچ باراملا ؟

— خۇدا بۇيرۇسا.

— ئانامنىچۇ ؟ ئايۇپ خوجا ئاكامنىچۇ ؟

بايان ئاغىچا بۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا زوقلىنىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بالىسىنىڭ مەكتەپكە كېچىكىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بىر نەرسە دېمەكچى بولۇۋىدى، هويلا تەرەپتىن ئايۇپ خوجىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يۈسۈپ خوجام، هەي، يۈسۈپ خوجام !

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، جىلتىسىنى ئېلىشقا ئۆيگە نىسا بېگىم كىرىپ كەلدى - دە:

— ئۆزلىرىنى ئابدۇللا باقاۋۇل ئىزدەپ كەپتۇ، — دېدى.

دانىيال خوجا دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

※ ※ ※

ئۆمرىنى راهەت - پاراغەتتە ئۆتكۈزۈپ كۆنگەن ئادەم، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان بىر كۈننى گويا ئۆمۈر بويى جاپا - مۇشەققەت چېكىۋاتقاندەك هېس قىلىپ، پەرياد چېكىدىغان ئوخشايدۇ. دۇردۇن ئاغىچا ئۆتكەن كېچىنى ئەنە شۇنداق كۆز ياش تۆكۈپ ئۆتكۈزدى.

يېشى ئەللىكتىن ئېشىپ، نەۋرە كۆرگەن بۇ خوتۇننىڭ يۈرىكىگە نىسا بېگىمنىڭ: «خوجام بايان ئاغىچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى» دېگەن سۆزى نەيزىدەك سانجىلدى. لەۋلىرى كۆكىرىپ، گۆهەر كۆزلۈك هالقا

ئاسقان قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ كەتتى. چىدىمىغىنىدا: «بېشىڭنى يېگۈر، ھالال ـ ھارامنى پەرق قىلمايدىغان دەججال! بۇتقا چوقۇنىدىغان قالماقلارنىڭ ئارىسىدا يەتتە يىل ئېتىكىنى ئېچىپ جان ساقلىغان قانجۇقنىڭ قوينىغا كىرگۈچە ئۆلسەڭچۇ. ئىست، ساڭا بولغان ئەقىدەم! يەكەندىكى خوجىزادىلەر بىلەن بەگزادىلەرنىڭ ئاغچىلىرى بۇ ئىشىڭنى ئاڭلىسا، بېشىمنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟...» دەپ دانىيال خوجىنى قارغاپ، كەينىدىن يىغلىۋەتتى. كۆزىدىن چىققان ياش جاۋغايلىرىدىكى ئۇششاق ئەگرى قورۇقلارنى ئارىلاپ ئېقىشقا باشلىدى. «بۇ كۆزى قارايغان دەججالنىڭ ئۇياتسىزلىقىنى قارا دەيتتى ئىچ ـ ئىچىدىن ھەسرەت چېكىپ: «قالماقلارنىڭ قولىغا گىرىپتار بولغىنىدا، مېنىڭدىن ئارتۇق ۋاپادار، مېنىڭدىن ئارتۇق گۈزەل، قەدىردان ئادىمى يوق ئىدى. ئەمدىزە، شۇ گەپلىرىنى ئۇنتۇپ قىلغان ئىشىنى قارا. تېخى نەۋاقتىدىلا بۇ دەججالنى يەنە بىر قۇر سىناپ كۆرەي دەپ: < يېشىم چوڭىيىپ، كۆڭۈللىرىنى ئالالمايۋاتقان بولسام، ساقلاخۇن تاغامنىڭ پوسكامدا تۇرۇۋاتقان زىلەيخادىنمۇ گۈزەل قىزى بار. بىز ئىلىدا يۈرگەن چاغلاردا بىر نەچچە قېتىم ياتلىق بولغىنى بىلەن، بىر قېتىممۇ قورساق كۆتۈرمەپتۇ. شۇ خېنىمنى نىكاھلىرىغا ئېلىۋالسىلا ماڭىمۇ ئارام بولاتتى > دېسەم: < ئۇنداق گەپنى قىلمىسىلا، ئاغچا، ئۆزلىرى قايسى زىلەيخادىن كەم > دېگەن ئەمەسمىدى. بېشىڭنى يېگۈر يالغانچىنىڭ شۇ گېپىگە ئىشىنىپ يۈرۈپتىمەنا. بۇنداق نىيىتى بارلىقىنى بىلگەن بولسام، ئۇ قالماق ئالۋاستىنى داخانلارغا جادۇ قىلدۇرۇپ كاردىن چىقىراتتىم...»

ئۇنىڭ پىغانى شۇنچىلىك ئۆرلىدىكى، دانىيال خوجىغا تەگكەندىن تارتىپ كۆرگەن ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى بىلەن راھەت ـ پاراغىتى سۇنۇق تېپىنغا ئەرزىمەي قالدى. ئۇ دانىيال خوجىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يەكەن، خو-

تەنلەرنىڭ دىنىي ھۆكۈمرانى بولۇپ، «بالاگەردان پىر» ئاتىلىپ يۈرگەن چاغلاردا كۆرگەن راھەت ـ پاراغەتلىرىنى، بۇ قېتىم قەشقەرىيەگە خان بولۇپ كەلگەندە «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىگە مەنسۇپ ئادەملەر بىلەن سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ ئۆزىنى «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» دەپ ھۆرمەت كۆرسەتكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

شۇ چاغدا دۇردۇن ئاغچىنىڭ قېشىغا كىرگەن نىسا بېگىم:

— يەنە يىغلاپتىلىغۇ؟ — دېدى ئۇنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ، — ئۆزلىرىنى ئۇنداق ئۇپراتمىسىلا، ئاغچا. «ئەرخەق دېگەن ئۆيگە كىرسە ئۆزۈگىنىڭ، تالاغا چىقسا باشقىلارنىڭ» دېگەن تەمسىل بەكارغا چىقمىغان، خېنىم. خوجامنىڭ ھەۋىسى قوزغىلىپ، بۈگۈن بايان ئاغچىنىڭ قېشىغا كىرگەن بولسا، ئەتە ئۆزلىرىگە يېنىپ كېلىدۇ. ھېلىمۇ، ئۇ خوجامنىڭ تولىمۇ ئىنساپى بار ئادەمكەن، باشقا خوجىلاردەك ئەركەك چىۋىن قونمىغان قىزلاردىن بىر نەچچىنى ئېلىۋالمىغىنىغا، ھامامغا كىرگەندە قىسىر كېيىكتەك چوكانلاردىن ئىككىسىگە دۇمبىسىنى يۇغۇزمىغىنىغا مىڭ قەتلە شۈكۈر قىلسىلا.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى نىسا بېگىمنىڭ گەپلىرى تەسىر قىلغان ئاغچا، — تۈنۈگۈن ئۆزلىرىمۇ بار، مەۋلانە ھەزرەتنىڭ قۇشناچى چاقىرغان چايدا خوجىزادىلەر بىلەن بەگزادىلەرنىڭ ئاغچىلىرىغا: «مېنى دانىيال خوجام ھازىرغىچە زىلەيخادەك كۆرىدۇ» دېگەنىدىم. بۈگۈن بولسا شۇ ئىشەنگەن ئادىمىمنىڭ، قوغۇنلۇقتىكى قارانچۇقتەك كۆزگە ئىلماي قىلغان ئىشى بۇ. ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇلارغا قارايمەن، — ئۇ چىرايىنى ئۇمچەيتىپ يەنە كۆز يېشى قىلدى.

— ئۆزلىرىنى تۇتسىلا، خېنىم. ئۇ خوجىزادىلەرنىڭ ئاغچىلىرىمۇ يېتىشىپ تۇرغىنى يوق، تېشى ھېيت بولغىنى بىلەن ئىچى روزا،

ھەممىسىنىڭ ئىككى ـ ئۈچتىن كۈندەشلىرى بار. ئابدۇللا باقاۋۇلنىڭ گېپىگە قارىغاندا، دانىيال خوجامنىڭ لوپ دېگەن يەردە تۇرىدىغان بىر مۇخلىسى غۇنچە بويلۇق بىر قىزنى دۇئا ئېلىش ئۈچۈن ئەكەلگەنىكەن، خوجام جانابلىرى ئۇ مۇخلىسىغا دۇئا بېرىپ، بايىقى نازىنىن قىزنى ھوشۇرقازى دېگەن تۇججارغا ھەدىيە قىپتۇ. ئەگەر ئۇ كىشى بايىقى پەرىزاتنى تۇججارغا بەرمەي، ئۆزى ئېلىۋالسا قانداق قىلاتتىلا؟... تەقدىر شۇنداق دېمەكتىن باشقا نېمە ئىلاجلىرى بار، شۇنداققۇ دەيمەن.

— شۇنداق.

— ئۇنداق بولغاندىكىن، ئۆزلىرىنى ئۇپراتماي «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» دەك كەڭ قورساق بولسىلا، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا. مەن ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك نامىزىمدىن كېيىن ئاللاغا مۇناجات قىلىپ: «ئەي ئۇلۇغ رەببىم، دۇردۇن ئاغچىغا شۇنچە بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىپ، ئۇنى ھەزرىتى دانىيال خوجامغا ھالال جۈپ قىپسەن. مەن بولسام مۇشۇ خېنىمنىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈۋاتىمەن. لېكىن بۇ ئاغچىدىن ئالتە ياش چوڭ بولسامۇ، سېنىڭ ئىلتىپاتىڭ بىلەن يۈزۈمدە قورۇق يوق. سېنىڭدىن تىلەيدىغىنىم شۇكى، ئۇلۇغ خۇدايىم، دۇردۇن ئاغچامنىڭ ئايدەك جامالىدىكى قورۇقلارنى مېنىڭ چىرايىمغا كۆچۈرگىن. سېنىڭ قۇدرىتىڭ ئۇلۇغقۇ، ھەممىنى قىلىش قولۇڭدىن كېلىدىغۇ؟...» دەيمەن قارىسىلا. ئەگەر تەلىپىم ئىجابەت بولۇپ قالسا، بىر كېچىدىلا قارا تاغنىڭ كېيىكلىرىدەك ئويناقلاپ كېتىدىلا، دانىيال خوجامۇ ئوردىغا چىقماي، ئۆزلىرىگە قاراپ ئولتۇرىدىغان بولىدۇ.

— ئىلاھىم، ئېيتقانلىرى كەلسۇن، — دېدى دۇردۇن ئاغچا ۋە ئادىتى بويىچە ئۆز ئەقلىنى ئىشلەتمەي، نىسا بېگىمگە مەسلىھەت قىلدى، — ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟

— قانداق قىلاتتىلە ؟ دانىيال خوجام بىلەن كۆرۈشۈپ قالغۇدەك بولسىلا ، كۆڭۈلدىكىدەك دىلكەشلىك بىلەن ئەھۋالىنى سورىسىلا ، بايان ئاغچىغىمۇ شۇنداق مۇناسىۋەتتە بولسىلا . يەنە شەيتانلىرى قوزغىلىپ ، قاتتىق - يىرىك گەپلەرنى دەپ يۈرمىسىلە . خوجامنىڭ مىجەزىنى ئۆزلىرى ئوبدان بىلىدىلا . ئاچچىقى كەلسە ، ھەر ئىككىمىزنى « چاكار چوكان » لارغا قوشۇپ ، ئىلىغا چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن .

— يا ئاللا ، خۇدايىم ئۇنداق كۈنلەردىن ساقلىسۇن ، — دېدى چۆچۈپ كەتكەن ئاغچا . ئۇ ئەمدى خېلى ئىزىغا چۈشۈپ ، خەلق ئىچىدە « كەلىمە ھۇللا » دەپ ئاتالغان ئېرىنى قارغاپ تىللىغىنىغا پۇشايمان قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ھەم ئەۋلىيا ، ھەم ھۆكۈمران خان ئېرىدىن ئايرىلسا ، ھېچكىمگە ئەتىۋارى يوق خوتۇنلارنىڭ بىرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ : « يا ئاللا ، جېنىم خۇدايىم ، شەيتانىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن كەد ①خۇدايىم بولغان دانىيال خوجامغا تىل تەگكۈزۈپتىمەن . مېنى كەچۈرگىن ، سېنىڭدىن ئۆزگە سىغىنىدىغان رەببىم يوق » دەپ تەۋۋا قىلدى .

ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى بايقىغان نىسا بېگىم :

— ماۋۇ ئەينەككە قاراپ ، ئاي جامالىلىرىنى كۆرۈپ باقسىلا ، خېنىم ، — دېدى ھېجىرنىڭ ئاغزىدەك تاش ئەينەكنى ئالدىغا تۇسۇپ .

دۇردۇن ئاغچا كىرتەيگەن ۋە ياش بىلەن نەمدىشىپ چەت - چۆرىسى قىزارغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئۈمچەيدى .

— مەن سىلىگە ئۆزلىرىنى ئۇپراتمىسىلا ، ئۈمچەيمىسىلە ، دېدىمغۇ ، — دەپ بەزلىدى نىسا بېگىم سىن - سىپاتىدىن ئايرىلىشقا باشلىغان ئاغچىغا ئىچى ئاغرىپ .

— ھۆسنۈمنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كەتسە قانداق

---

① كەد — يېرىم .

قىلىمەن ؟ — دېدى ئۇ ئاۋازىنى تىترىتىپ ، — مۇشۇنداق بولۇپ كېتەر-مەن دەپ ئويلاپ باقماپتىمەن .
— كۆرگەنلا ئىشقا ئۆزلىرىنى ئۇپراتماي ، كۈلۈپ يۈرسىلە . شۇ چاغدا كۆڭۈللىرى خۇش بولۇپ ، تېزدەك ئاۋۇلىنىپ كېتىدىلا .
دۇردۇن ئاغىچا قولىدىكى ئەينەككە كۈلۈمسىرەپ قارىۋىدى ، ئېتى قېچىپ نېپىزلىگەن يۈزىدىكى چوڭ - كىچىك قورۇقلارنىڭ ھەممىسى مانا مەن دەپلا چىقىپ قالدى . ئۇ ئەينەكنى تاشلاپ يەنە يىغلىۋەتتى .
نىسا بېگىم :
— ۋاي ، سادىغاڭ كېتەي ئاغچام ، يەنە نېمە بولدىلا ؟ نېمىشقا كۆڭۈللىرىنى ئەسكى قىلىدىلا ؟ — دەپ پەرۋانە بولدى .
— كۈلۈمسىرىسەممۇ بولمايدىكەن ، ھېلىقى بىرنېمىلەر تېخىمۇ ئاشكارا بولىدىكەن .
— ئۇنداق بولسا كۈلۈمسىرىمەي ، قاش - قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ، ھال تارتىپ يۈرسىلە .
دۇردۇن ئاغىچا يېنىدىكى ئەينەكنى ئېلىپ ، قاش - قاپىقىنى سۈزۈپ قارىۋىدى ، دېگەندەك ، يۈزى سىلىق - سىپايە كۆرۈندى . ئۇ خۇشاللىقىدىن :
— قېشىمدا سىلى بولمىسىلا قانداق قىلار ئىدىم ، — دەپ نىسا بېگىمنى قۇچاقلىۋالدى .

※ ※ ※

— ئۆزلىرىنى ئەتىگەندىن بۇيان ئۈچ نەپەر ئامبۇن كۈتۈپ تۇ-رىدۇ ، — دەپ خەۋەر قىلدى باقاۋۇل ھۆرمەت بىلەن سالام - سائەت قىلىپ ، — ئەدەن ئىسمىلىك بىر تۈججار كېلىپ ، ئاتىسىنىڭ بۈگۈن كېچە دارىلباقىيغا رەھلەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ كەتتى ، — دېدى .

دانىيال خوجا دۇئا قىلدى ـ دە :

ـــ سىلى شۇ تۇججارنىڭ قېشىغا بېرىپ ياردەملەشسىلە . مەرھۇم سوپىنىڭ قەبرىسى ئالتۇنلۇق مازاردىن كولانسۇن . مېيىتنى ئازنا مەسچىتىگە ئەكىلىڭلار ، نامىزىنى ئۆزۈم ئوقۇيمەن ، ـــ دېدى .

ئابدۇللا باقاۋۇل خىجالەت ئارىلاش :

ـــ مەن ئۇ تۇججارنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى سورىۋالماپتىمەن ، ـــ دېگەندى ، دانىيال خوجا چۈشەندۈردى :

ـــ ئۇ تۇججارنىڭ بۇ يەردە ئۆيى يوق ، ئالتۇنلۇق تەرەپكە بارىدىغان كوچىدىكى كارۋان سارىيىدا تۇرىدۇ .

ـــ خوپ ، تەقسىر .

« ھەي . . . ـــ دەپ خۇرسىنىپ قويدى دانىيال خوجا باقاۋۇل كەتكەندىن كېيىن ، ـــ بۇ ئادەممۇ ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچىپتۇ . ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن سوپىلىق يولىغا كىرىپ ، رىيازەت چەككەن بۇ سوپى ئۆتكەن كېچىدىلا بىرمۇنچە سىرلارنى ئېيتىپ بەرگەنىدى . . . »

ئۇ مۇشۇنداق ئويلار بىلەن ئوردا تەرەپكە ماڭدى . يول بويىدىكى ئەتىرگۈللەردىن چىقىۋاتقان خۇش پۇراقلار دىماغقا ئۇرۇلاتتى . گۈلسەنەملەرنىڭ تۈگمىدەك يوغىناپ قالغان غۇنچىلىرى ئېچىلغىلى تۇراتتى . ئوردا ئۆگزىلىرىدىكى چوڭ ـ كىچىك گۈمبەزلەرگە ئورنىتىلغان رەڭمۇرەڭ كاھىشلار قۇياش نۇرىدا تاۋلىناتتى . خانلىق مەسچىتىنىڭ پەشتىقىغا ئورنىتىلغان كۈمۈشتىن ياسالغان ئاي پارقىرايتتى . ئۇ ئوردا پېشايۋىنىغا كېلىپلا ، ئۆزىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ ئالدىغا چىققان بەگنىڭ سالىمىنى ئېلىپ :

ـــ ئامبۇنلار قەيەردە ؟ ـــ دەپ سورىدى .

ـــ قوبۇلخانىدا ، ـــ دېدى ئۇ .

— ئۇ دەرگاھنى بۇلارنىڭ ئايىغىغا دەسسەتمەسلىك كېرەك ئىدى، — دانىيال خوجا رەنجىگەندەك ئەلپاز كۆرسەتتى ۋە سەل تۇرغاندىن كېيىن، — خەير، ئۇلارنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ چىقسىلا، — دېدى ـ دە، كەشنى يېشىپ پېشايۋاننىڭ تۆر تەرىپىگە قويۇلغان كۇرسىغا كېلىپ ئولتۇردى.

پېشايۋاننىڭ ئالدىنى چىرايلىق قىلىپ ياسالغان تەمگە يۆگىشىپ ئۆسكەن ھەشقىپىچەكلەر توسۇپ تۇرغاچقا، بۇ يەرمۇ قوبۇلخانىدەك سالقىن ئىدى.

دانىيال خوجىنى ئەتىگەندىن بېرى كۈتۈپ ئولتۇرغانلار بۈنۈگۈن داندار دورغا تەرىپىدىن مەنسەپلىرى ئېلىپ تاشلانغان ئامبۇنلار ئىكەن. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بۇ تەرەپتىكى خەلقلەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش باھانىسىدە ئۇلارنى بۇلاپ ـ تالاشنى كەسىپ قىلغان بۇ قاراخانلار كېچىدىن بېرى مەسلىھەتلىشىپ: « بىزگە ياردەم بەرسە مۇشۇ خوجا بېرىدۇ. داندار دورغىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، بۇ خوجا ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىزنىڭ يېقىنى ھەم ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ قىزىنى ئالغان كىشى ئىكەن. داندار دورغىمۇ بۇ خوجىنىڭ سۆزىنى يىرالمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ» دېگەن يەرگە كېلىشكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار دانىيال خوجىنى كۆرۈشى بىلەنلا، جۇڭغارلارغا خاس ئادەت بويىچە ئىككى قولىنى جۈپلەپ پېشانىلىرىگە تەگكۈزۈشتى، ئاندىن باشلىرىنى ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.

— قېنى ئولتۇرۇڭلار، — دېدى خوجا ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرغان نىياز بەگ بىلەن دىۋانبېگىنى يېنىدىكى كۇرسىغا تەكلىپ قىلدى.

— ھۆرمەتلىك خوجامنىڭ دىلىنى يۇمشىتىپ، ياردىمىنى ئالايلى دەپ كەلدۇق، — سۆز باشلىدى يېشى خېلىغا بېرىپ قالغان پاكار

ئامبۇن . ئاپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن قەشقەر ئەتراپىدىكى بىر قانچە شەھەرلەردە ئىشلىگەن بۇ ئامبۇننىڭ ئىسمى ئېمىگەن بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلەتتى ، — بەزى چاغلاردا باتۇر مىنگەن دۇلدۇلمۇ پۇت-لىشىپ قالىدۇ . چۆلدە يۈرگەن كارۋانلارمۇ يولدىن ئېزىپ ، كېيىن يەنە يولىنى تېپىۋالىدۇ . شۇنىڭغا ئوخشاش بىزمۇ خىزمەت قىلىمىز دەپ سە-ۋەنلىك ئۆتكۈزۈپتىمىز . ئالدىلىرىغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئارا بولارمىكىن دەپ كەلدۇق . بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق سەۋەنلىككە يول قويماسقا ۋەدە بېرىمىز . ئۇلۇغ ئەمرچىمىز بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پەرمانلىرىنى ئورۇنداپ ، ۋەدىمىزنى ئاقلايمىز . داندار دورغىمۇ سىلىنىڭ گەپلىرىنى يەردە قويماس .

پاكار ئامبۇننىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا ، ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ئېگىز بويلۇق ، بەلۋېغىدا چۆرىسى سېرىق مىس بىلەن نەقىشلەنگەن چاقچىسى ساڭگىلاپ تۇرغان ئامبۇن ، بىقىنىغا يۆلەپ ئولتۇرغان گىلەم خۇرجۇنى ئېلىپ دانىيال خوجىنىڭ ئالدىغا قويدى .

— بۇ نېمەگلار ؟ — سورىدى خوجا .

— ئازراق بولسىمۇ ئۆزلىرىگە ئەكەلگەن سوۋغىتىمىز ، — دېدى پاكار ئامبۇن . ئاغزى ئوچۇق خۇرجۇندا پارقىراپ كۆرۈنگەن يامبۇلارغا كۆزى چۈشكەن خوجا بىر پەس ئويلاندى ، دېۋانبېگىگە قاراپ :

— داندار دورغا نەدە ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇخلاۋاتىدۇ .

— كىشى ئەۋەتىسىلە ، دورغىنى باشلاپ كەلسۇن ، — دانىيال خوجا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، بۇ مەككار ئامبۇنلارنى خۇنتەيجى ئەۋەتكەن داندارنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ ، نېمە قىلسا شۇنىڭ ئۆزى قىلسۇن دېگەن قارارغا كەلدى .

ئامبۇنلار هودوقۇپ قالدى. ئۇلار: «بىزنى مەنسەپتىن ئالغان شۇ دورغا تۇرسا، بۇ خوجىنىڭ ئۇنى چاقىرتقىنى نېمىسى؟ بىزنى مەنسەپ ئۈچۈن پارا بېرىۋاتىدۇ دەپ چېقىشتۇرماقچىمۇ؟» دېگەن ئويدا بولۇشتى.

ئامبۇنلاردىكى بۇ ئالاقزادىلىكنى بايقىغان دانىيال خوجا:

— بۇنداق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ ئىشەنچلىك ۋەكىلى بولغان دورغىنىڭ ئىشى. سىلەرنى مەنسەپتىن ئالغانمۇ شۇ ئادەم. مېنىڭ ئويۇمچە، دورغىنىڭ كۆڭلى ھەر بىرىڭلارنىڭكىدەك يۇمشاق. مۇبادا، بۇ ئىش توغرۇلۇق مەن بىلەن مەسلىھەت قىلسا، خاتىرجەم بولۇڭلاركى، دورغىغا ياخشى مەسلىھەت بېرىمەن، — دېدى.

شۇ ئارىدا، كېچىنىڭ بىر مەزگىلىگىچە ئىچكەن شارابىنىڭ تەسىرىدە ئېزىلىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن داندار دورغا چالا ئۇيقۇلۇق ئادەمدەك ئوردا پېشايۋىنىغا چىقتى ۋە دانىيال خوجىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرگەن چاغلاردىكى ئادىتى بويىچە:

— خان خوجىنىڭ سالامەتلىكى ياخشىمىكىن؟ — دەپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ غەپلەت بېسىپ شۇ چاغقىچە ئۇخلاپ قالغىنىغا كەچۈرۈم سورىدى.

— داندار دورغا، — سۆز باشلىدى دانىيال خوجا، — باياتىن بېرى نىياز بەگ ئىككىمىز مۇنۇ ئامبۇنلار بىلەن خېلى ئۇزاق مولاقەتتە بولدۇق. بۇ كىشىلەر سادىر قىلغان سەۋەنلىكلىرىگە پۇشايمان قىلىپ كەپتۇ. بىزدە: «بەندىلەرنىڭ ھەممىسى يېڭىلىدۇ، يېڭىلمەس ئاللا» دېگەن سۆز بار. ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىزنىڭ بۇ دىياردا تۇرۇۋاتقان ئامبۇنلىرىنىڭ ئىشىنى سىز بۇ يەردە تۇرۇپ، ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلسام ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالار دەپ، سىزنى چاقىرىشقا مەجبۇر بولدۇم. نىياز بەگ ئىككىمىز مۇھىم ئىش بىلەن بىر يەرگە بارماقچى ئىدۇق. بۇ ئام-

بۇنلارنىڭ ئىلتىماسىنى ئۆزىڭىز بىر تەرەپ قىلىسىڭىز .
ئۇ دورغىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەي ، نىياز بەگ بىلەن دىۋانبېگىنى ئەگەشتۈرۈپ ئورۇدا ئىچىگە ماڭدى .
— تولىمۇ ئىبرەتلىك ئىش قىلدىلا ، تەقسىر ، — دېدى نىياز بەگ دانىيال خوجىنىڭ تەختىگە يېقىن قويۇلغان كۇرسىغا ئولتۇرۇپ ، — پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقىنى بەرسىمۇ تويمايدىغان بۇ ئامبونلارغا تىلىنىڭ ئۇچىدىلا خەيرخاھلىق كۆرسىتىپ ، ئۆزىنىڭ بېشىنى ئۆزىگە تاتلاتقۇزدىلا .
— بۇنداق قىلىشىمىزدىن مەقسەت ، نىياز بېگىم ، — دېدى خوجا ، — بۇياقتىكى ئامبۇنلارنىڭ تولىسى خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ، تونۇش - بىلىشلىرىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق نازۇك پەيتلەردە ھەرقاچان ئوتتۇنى ئوتتىن يىراق تۇتۇش لازىمدۇر .
— ئۇنداقتا بۇ ئامبونلار يامغۇر تۇرماق ، سۇغا چۈشۈپ كەتسىمۇ قۇرۇق چىقىدىكەن - دە .
— توغرا مۇلاھىزە قىلدىلا .
شۇ چاغدا خانلىق مەسچىتنىڭ پەشتىقىدىن مەزىننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :
— ئاللاھۇ ئەكبەر ، ئاللاھۇ ئەكبەر ... !
— يۈرسىلە ، — دېدى دانىيال خوجا ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، — بۈگۈن پېشىن نامىزىنى ئازنا مەسچىتكە بېرىپ ئوقۇيلى .
ئۇ بىر نەچچە مىڭ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدىغان بۇ مەسچىتكە بىرەر مۇھىم سەۋەب بولغاندىلا خۇتبىگە چىقىپ ۋەز ئوقۇش ئۈچۈن باراتتى . باشقا ۋاقىتلاردا ، ھەتتا جۈمە نامىزىنىمۇ ئوردىنىڭ قېشىدىكى خانلىق مەسچىتتە ئوقۇيتتى . شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ، نىياز بەگ

ئۆز پىرىنىڭ گېپىنى چالا ئاڭلاپ قالغاندەك ئىنقلاپ سورىدى:
— ئازنا مەسچىتكە دېدىلىما؟
— ھەئە...
دانىيال خوجا بۇ مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇشقا سەۋەب بولغان ئىشنى نىياز بەگكە يولدا كېتىۋېتىپ چۈشەندۈردى.

※ ※ ※

ئازنا مەسچىتنىڭ مەدرىسىدىكى ھۇجرىلىرىدا، بىر چاغلاردا يۈز- لىگەن تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلىشاتتى، ئالىم - پازىللار ئىلىم - مەرىپەت ئۈستىدە بەس - مۇنازىرىلەر قىلىشاتتى. شائىرلار مۇشائىرىلەر ئۆتكۈزەتتى. ئاپاق خوجا ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققان يىللاردا بۇ خىل پائالىيەتلەر پۈتۈنلەي چەكلەندى، ئىلىم - مەرىپەت ئەھلى تىرىپىرەن قىلىندى - دە، يەكەن ئاسمىنىنى تىرەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان رەڭدار گۈمبەزلىرى بار مەسچىتلا قالغانىدى. ئۆز ۋاقتىدا كۆڭگە ئىككى نۆۋەت تازىلىنىپ تۇرىدىغان مەسچىت ھويلىسى، ھازىر مەينەتلىشىپ كەتكە- نىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ساق قالغان ھۇجرىلار تەرىقەت يولىغا كىرگەن سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ ماكانىغا ئايلانغانىدى. جۈمە كۈنلىرى مەسچىتنىڭ ھويلا - پېشايۋانلىرى نامازخانلارغا، ئەتراپى يىراق - يېقىندىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىغا تولۇپ كېتەت- تى.

بۈگۈن جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا كەلگەن ئادەملەر خېلى نۇرغۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى جەندە كىيگەن، ساقال - بۇرۇتلىرى چاڭگاكلاشقان سوپى - دەرۋىشلەر بىلەن مۇرىسىگە كىرلىشىپ كەتكەن خالتا - خۇرجۇنلارنى ئارتىۋالغان دىۋانە - ئاشىقلار تەشكىل قىلاتتى. بولۇپمۇ، تەرىقەت يولىدا ئۇزۇن يىللار رىيازەت چەككەن سامساق سوپى

دېگەن ئادەمنىڭ جىنازا نامىزىنى دانىيال خوجام ئوقۇيدىكەن، دېگەن خەۋەر تارقالغاندا، يەكەن شەھىرىدىكى خانىقالاردا رىيازەت چېكىۋاتقان سوپى - دەرۋىشلەر ئازنا مەسچىتىگە قاراپ بۇ خەۋەر بازار رەستىلىرىدىكى سودىگەرلەر بىلەن كاسىپلارنىڭمۇ ۋە باشقا مەسچىتلەرگە بېرىپ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەملەرنىڭمۇ ئازنا مەسچىتىگە كېلىشىگە سەۋەب بولدى. بەزى ئادەملەر دانىيال خوجىغا يېقىنراق يەردە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن، تېخى ئەزەن چاقىرماي تۇرۇپلا مەسچىتكە كىرىپ جاي تۇتۇشتى.

بىر چاغدا ئويناقلاپ تۇرغان سېمىز ئاتلارغا مىنگەن ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا دانىيال خوجا باشلىق ئوردا ئەركانلىرىدىن مەۋلانە ھەزرەت، قازى كالان، ئابدۇقادىر مۇپتى، شەھەر ھاكىمى نىياز بەگ قاتارلىق كىشىلەر كېلىشتى.

دانىيال خوجىنىڭ كۆزى مەسچىت ھويلىسىغا كىرىپلا، ئۇ يەردە تۇرغان ئىككى تاۋۇتقا چۈشتى. تاۋۇتلارنىڭ بىرسىنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن چۇچىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان كەشمىر ياغلىق ئارتىپ قويۇلغانىدى. پېشايۋانغا يېقىن قويۇلغان ئىككىنچى تاۋۇت ئاق شايى بىلەن يېپىلىپ، ئۈستىگە قۇرئان سېلىنغان يېشىل جىلتە ئېسىپ قويۇلغانىدى. دانىيال خوجا ئۇدۇل مۇشۇ تاۋۇت تەرەپكە مېڭىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئەدەمن قېچىر بىلەن كۆرۈشۈپ، كۆڭۈل ئېيتتى:

— قالۇ ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئەيھى راجىئون ①. سەۋر قىلىسىلا، ئەدەمباي. ئالالائالا سەۋر قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر.

ئەدەمن قېچىرنى بۇرۇن كۆرمىگەن مەۋلانە ھەزرەت باشلىق ئوردا ئەركانلىرىمۇ بىر - بىرلەپ كېلىپ كۆڭۈل سوراپ تەزىيە بىلدۈرۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە: «ئۇلۇغ خوجىمىزنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولغان

① بىز ئاللانىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

بۇ تۇججار بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى كىمكىنە ؟ » دېگەن سوئال پەيدا بولدى .
دانىيال خوجا مەسچىت ئىچىگە كىرىشى بىلەن ، بورا ۋە كىگىز ـ گىلەملەرنىڭ ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئادەملەر باشلىرىنى بۇراپ قاراشتى ، بەزىلىرى سەل ـ پەل ئېگىشىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى . سەپلەر قايتىدىن رۇسلىنىپ ناماز باشلاندى . ناماز تۈگىگەندىن كېيىن دانىيال خوجا خۇتبىگە چىقتى .
ــ بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم ، ــ ، مەسچىت ئىچى شۇھامان جىمجىتلىققا چۆمدى ، ــ ھۆرمەتلىك ئەھلى مۇسۇلمانلار ، دۇنيادىكى ھەممە ئىنسانلار بىلەن مەخلۇقاتلارغا ، ئۇچار قۇشلار بىلەن قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا رىزقى ـ نېسىۋە بەرگۈچى ئاللاتائالا ئوقۇغان نامىزىمىزنى قوبۇل قىلغاي . بىز ھەممىمىز ئاللانىڭ ئىلكىدە تۇرىمىز . ئۆتكەن كېچە ئاللاتائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن رىزقى ـ نېسىۋىسى تۈگەپ ، قەبزى روھ قىلغان مۆمىنلەردىن ئىككى كىشىنىڭ مېيىتى مەسچىت ھويلىسىغا كەلتۈ۔ رۈلۈپتۇ . ئۇلارنىڭ بىرسى ، تەۋەللۇت ئۈستىدە دارىلباقىيغا رەھلەت قىلغان مەزلۇم ئىكەن . يەنە بىرسى ، ھەق يولىدا ئەللىك يىلغا يېقىن رىيا۔ زەت چېكىپ ، يوقلۇق ئالىمىگە سەپەر قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق ھەقنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن سوپى ـ سالىھدۇر . بۇ ئادەم شۇنچە يىللار ئۆمرىنى ھىدايەتۇللا ئىشانىنى پىر تۇتۇپ ئۆتكۈزگەن ۋە شۇ ئىشاننىڭ مۇشكۈللىرىنى ئاسان قىلىپ ، « ئىسھاقىيە » سۇلۇكىدىكى خوجىلار بىلەن سوپى ـ دەرۋىشلەرنى جازالاشتا پائالىيەت كۆرسەتكەندۇر .شۇنىڭغا قارى۔ ماي ، ئاللاتائالا بۇ سوپى ـ سالىھنىڭ جىنازىسىنى ئوقۇشنى ۋە ئۇنىڭ مېيىتىنى ئالتۇنلۇقتىكى شۇئەيىپ خوجامنىڭ قەبرىسى يېنىغا قويۇشنى ئىراده قىلدى . ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى ئۇلۇغدۇر ، ئۇ ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىشقا قادىردۇر . خالىسا بەندە مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا باشلايدۇ ، خا۔

لىسا توغرا يولدىن قايتۇرالايدۇ. ئاللاتائالا ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالامغا: «ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ئەمر - مەرۇپ قىلغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن» دەپ ۋەھيي قىلغان. روسۇلىللا جەبرائىلدىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى سورىغاندا ئۇ: «ئاللا سېنى تاشلى- ۋەتكەنلەرگە يېقىنلىق قىلىشقا، ساڭا بەرمىگەنلەرگە بېرىشكە، ساڭا زۇلۇم قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن. مەن قەشقەرىيىنىڭ ھەممە شەھەر - يېزىلىرىدىكى «ئىشقىيە» سۇلۇكىگە مەنسۇپ ئادەملەرنىڭ، خوجىلار بىلەن ئىشانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلدىم. بىز ئۇلار بىلەن بىر زېمىندا، بىر دىندا ۋە بىر تىلدا بولغىنىمىز ئۈچۈن، ئىناق - ئىتتىپاق ياشىمىغىمىز مەتلۇپتۇر. مۇشۇ نامازغا داخىل بولغان ھەر بىر ئادەم مېنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە يەتكۈز- گەيسىلەر... — دەپ خۇتبىنى تۈگەتتى.

دانىيال خوجىنىڭ بۇ خۇتبىسى نامازغا كەلگەن ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكىگە ياخشى تەسىر قىلدى. چۈنكى، ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇ- يان قەشقەرىيىدىكى خەلق ئارىسىدا تۈگىمەي كېلىۋاتقان جېدەل - ماجىرالارنىڭ تەشكىلاتچىسى ۋە «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى بو- لۇپ كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپلەر چىقىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، يېشىل سەللىسىنىڭ ساڭ- گىلاپ تۇرغان پەتلىسىنى پۇلاڭلىتىپ، خۇتبە تايىقىنى تۇتقان ھالدا سۆزلىگەن دانىيال خوجا ئۇلارنىڭ كۆزىگە راستتىنلا غايىپنى بىلىدىغان ئەۋلىيادەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بەزىلەر: «ياراتقان خۇدايىم بۇ خوجامغىمۇ ئىنساپ بېرىپتۇ»، «مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس، دېگەندەك، بىر نەچچە يىل قالماقلارنىڭ قولىدا تۇتقۇن بولۇپ، خېلى نەرسىلەرنى چۈشىنىپتۇ» دەپ ئويلايتتى. بەزىبىر «ئىشقىيە» سۇلۇكىگە

مەنسۇپلۇقنى ئاشكارىلاشتىن قورقۇپ يۇرگەن سوپى ـ دەرۋىشلەر بولسا، سامساق سوپىنىڭ نامىزىغا دانىيال خوجىنىڭ كەلگەنلىكىنى ۋە ئاللانىڭ ئۆيى ھېسابلىنىدىغان مەسچىتتە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ: « سامساق سوپۇم تەگسىز ئادەم ئەمەس ئىكەن، رەھمەتلىكنى ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭ روھى قوللىغاچقا، ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمى « ئىسھاقىيە » سۇلۇكىدىكىلەرنى ئۆيدە ئولتۇرغۇزمىدى » دېيىشەتتى.

دانىيال خوجا مەسچىتتىن چىقىشى بىلەن بۇ يەرگە يىغىلىدىن مەزىن بولۇپ سايلانغان دىۋانىبېگىنىڭ ئاكىسى بەرا سېلىق دېگەن ئادەم بىر قولىنى تۇتۇپ ئاۋازىنىڭ بارىچە:

ـــ سالاتۇ جىنازا! ـــ دەپ ۋارقىرىدى.

دانىيال خوجا باشلىق ئوردا ئەركانلىرى، سامساق سوپىنىڭ جەسىتى سېلىنغان تاۋۇتنىڭ كۆن چىقىش تەرىپىگە ئۆتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن مىڭلىغان ئادەملەر سەپ تۈزۈشتى. ئانچە كېچىكمەي ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرغان دانىيال خوجىنىڭ قولىنى قېقىپ:

ـــ ئاللاھۇ ئەكبەر! دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

## ئالتىنچى باب

« قوللۇقتا تۇغۇلغان ئەۋلادلارغا شۇ قۇللۇقنىڭ ئۆزى ئادەم ھاياتىدىكى تەبىئىي ئەھۋالدەك سېزىلىشى مۇمكىن ۋە ئۇنى ئۇلارنىڭ ھېچقاچان قولدىن چىقارغۇسى كەلمەيدۇ » دېگەنگە ئوخشاش، تۇغلۇق تۆمۈرخان ( 1329 ـ 1364 ) ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردىن تارتىپ ئۆتكەن 350 يىل ئىچىدە، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئۆز پائالىيىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن سوپىزمنىڭ ئاخىرقى پېشۋالىرى ھىدايەتۇللا ئىشان بىلەن دانىيال خوجىلار 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ھۆكۈمرانلىق

مەۋقەگە ئىگە بولۇپ ، ھاكىمىيەتنى ئۆز قوللىرىغا ئالغانىدى . ئۆزلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتاشقان بۇ خوجىلار خەلقنىڭ ئاڭ ـ سېزىمىنى ؛ ئىجتىمائىي ھاياتقا ، يېرىگە ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىگە بولغان قىزىقىشىنى ۋە مىللىي ھېسسىيات ، مىللىي غۇرۇرىنى تۇنجۇقتۇرۇپ ، ئۇلارنى تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ ھايات كەچۈرىدىغان ، « بۇ دۇنيادا قانچە ئازاب تارتسا ، ئۇ دۇنيادا شۇنچە راھەت كۆرىدۇ » دېگەن دىنىي ئەقىدىگە مۇتلەق ئىشىنىدىغان مۆمىن مۇسۇلمانلارغا ئايلاندۇرغانىدى .

خوجا ـ ئىشانلار تەرىپىدىن ئۈچ ئەسىردىن ئارتۇق ھەممە جايدا ، ھەر كۈنى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل دىنىي ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئاتىدىن ـ بالىغا مىراس تەرىقىسىدە ئۆتۈپ ، ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تېتىكلىك ، ھەرىكەتچانلىق ۋە جەڭگىۋارلىق روھنى سۇسلاشتۇرۇۋەتكەنىدى . ئۇلارنى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىپ بويسۇنىدىغان ، بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى « پېشانىمىزگە يېزىلغىنى شۇ ئىكەن » دەپ ھېسابلايدىغان ھالەتكە يەتكۈزگەنىدى ؛ شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ، دانىيال خوجا قەشقەرىيىگە خان بولۇپ كەلگەندە ، كۆپلىگەن كىشىلەر : « بۇ ئادەم تۇرمۇشىمىزنىڭ ئوڭلىنىشىغا غەمخورلۇق قىلار » دەپ ئويلاشنىڭ ئورنىغا ، دىنىي ھېسسىياتلىرىغا بېرىلىپ : « ئەمدى ئىسلام دىنى گۈللەيدىغان بولدى ، ئۇنىڭ پاسبانى خوجام ھەزرەتلىرى بولدى » دەپ خۇشال بولۇشتى . سوپى ـ دەرۋىشلەر خانىقايۇ مازارلاردا دەۋر قۇرۇپ ، ئەس ـ ھوشىدىن ئايرىلغۇچە زىكىر سالاتتى . شەھەر ـ يېزىلاردا قاتراپ يۈرگەن قەلەندەرلەر بىلەن ئاشىقلار : « سەدىقە بالانى ، توۋا گۇناھنى يەر » دەپ تىلەمچىلىك قىلاتتى . مەدداھلار بولسا ، ئون ئادەمنىڭ بېشى قوشۇلغان يەردە ئادەمزاتىدىن تارتىپ مۇھەممەد

پەيغەمبەر، چارىيالار ۋە باشقا ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ كارامەتلىرى، با-
تۇرلۇقلىرى، كۇپپارلارنى دىنىي ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قىلغان
غازاتلىرى توغرۇلۇق؛ جەننەتتىكى مۇسۇلمان بەندىلەر ئۈچۈن تەييارلان-
غان نازۇ نېمەتلەر، هۆر قىزلار، كەۋسەر بۇلاقلار توغرۇلۇق؛ گۇناهكار
ئادەملەر بىلەن كۇپپارلار كىرىدىغان دوزاختىكى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار،
يىلان ـ چايانلار ۋە باشقا تۇرلۇك ـ تۈمەن ئازابلار توغرۇلۇق ئۇنى
پۈتكۈچە سۆزلەيتتى.

قىسقىسى، خوجىلار بىلەن ئىشانلارنىڭ روهى
ۋەهىمچىلىك ئىلاهى هۆكۈمرانلىقى ئاۋام خەلقنى ئۆزلىرىگە باش ئېگىشكە
شۇنچىلىك ئۆگىتىۋەتكەنىدىكى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خوجا ـ ئىشانلارنى
هۆرمەتلەشنى، دۇئاسىنى ئېلىشنى گويا ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ روهىنى خۇش
قىلىش دەپ بىلەتتى. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئىنتايىن كەمبەغەل بولغىنىغا
قارىماي، ئۇ دۇنيانىڭ ساۋابىنى تېپىش ئۈچۈن، خوجا ـ ئىشانلارنىڭ
يەرلىرىگە بىر نەچچە كۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرەتتى....

دانىيال خوجىنىڭ ئازنا مەسچىتىدە ئوقۇغان خۇتبىسى «غۇلجىدا
كىگىز قاقسا، توپىسى تۇرپانغا يېتىپتۇ» دېگەندەك، بىر نەچچە كۈندىلا
يەكەن ئەتراپىدىكى يېزا ـ قىشلاقلار بىلەن يىراقتىكى شەهەرلەرگىمۇ
يېتىپ باردى. خەلق ئارىسىدا:

— بالا گەردان پىر دانىيال خوجام، ئاپاق خوجىنىڭ ئەڭ يېقىن
مۇخلىسى بولغان بىر قېرى ئاشىقنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ، هەممە ئاق
تاغلىقلارنىڭ گۇناهىنى كەچۈرۈم قىپتۇ.

— دانىيال خوجام بۇ ئاق تاغلىق سوپىنىڭ جەستىنى ئالتۇنلۇق-
تىكى مەرهۇم ئاكىسى شۇئەيىپ خوجامنىڭ قېشىغا دەپنە قىلدۇرۇپتۇ!

— ئاق تاغلىق سوپىنىڭ ئۆلۈمى دانىيال خوجامنىڭ چۈشىدە بىر

كـۆن ئـىـلـگىرى ئايان بولۇپ، روسۇلىللا : « ئەمدى بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ئۈمـمـەتـلـىـرـىـمـنـى ئاق تـاغلىق ، قارا تاغلىق دەپ بۆلمەي، جەڭگى ـ جـېـدەل قـىـلماي ئىناق ياشاڭلار » دەپ بېشارەت بېرىپتۇ . . . ــ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر تارقىلىپ كەتتى.

بـىـر چـاغلاردا، قەشقەرىيىدىكى شەھەر ـ يېزىلار ۋە بازارلاردا ئاق تـاغلىق مەدداھلار ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلىيالىقىنى تەرىپلەپ: « ھەزرىتى ئا- پـاق خوجام ئەسھابۇلكەبنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، تۇرپان خـەلـقـى ئۇ كـىـشىنىڭ تەرەت ئېلىشىغا سۇ بەرمىگەنىكەن، غەزىپى تۇتقان خـوجـام قـولـىـنـىـڭ كەينى بىلەن: < بۇ زېمىنىنىڭ ئۈستى چۆل، ئاستى كـۆل بـولـغـاي > دەپ دۇئا قـىـلغانىكەن، شۇ كېچىسىلا ئېقىۋاتقان سۇلار يـەرنـىـڭ ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرپانلىقلار كارىز كـولاپ سۇ ئـىـچـىـدىـغـان، دېھقانچىلىق قىلىدىغان بوپتۇ . . . » دېگەنگە ئوخـشـاش سـۆزلـەرنـى تـارقـاتـقـان بـولـسا، ئەمدىكى نۆۋەت قارا تاغلىق مـەدداھلارغـا كەلگەنىدى. ئۇلار دانىيال خوجىنى ئۇلۇغلاپ: « روسۇلىللا- نـىـڭ نـەسـەبـلـىـرىـدىن بولغان ھەزرىتى دانىيال خوجامغا مۇرىت بولماي ئۆلـگـەن ھەرقـانـداق مـۇسـۇلمان بالىسى دوزىخىيدۇر. بۇ ئادەمنىڭ ئۇلۇغ ئەۋلـىـيـا ئـىـكـەنـلـىـكىگە ھەتتا بۇتپەرەسلەرنىڭ پادىشاھىمۇ قايىل بولۇپ، ئەھلـى مـۇسـۇلمانلارغا خان قىلىپ ئەۋەتتى. دانىيال خوجامغا بەيئەت قى- لـىـڭلار، ئۇنـداق قـىـلمىساڭلار ئىككى دۇنيادا يۈزۈڭلار قارا بولىدۇ . . . » دەپ تەشۋىق قىلاتتى.

بـۇنـداق گەپلەر دىنىي ئېتىقاد بىلەن نادانلىق ئۆز تەبىئىتىنىڭ ئاي- رىـلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئادەملەرگە قالتىس تەسىر قىلاتتى ۋە خـوجـىلار بـىـلـەن ئىشانلارنى بۇ دۇنيادىلا ئەمەس، ئۇ دۇنيادىمۇ ئۆزلە- رىگە غەمخورلۇق قىلىدىغان شاپائەتچى دەپ ھېسابلايتتى.

ئەدەن قىپچىرمۇ ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. دادىسى ئاپاق خوجىغا مۇرىت بولۇپ، سوپىلىقتا روھىي كامالەتكە يېتىشنىڭ تۆت مەقامىنى① ئورۇنداپ، ھەق ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن رىيازەت چەككەن بولسا، ئۆزى دانىيال خوجا بىلەن خوجەنتتە تونۇشقان چېغىدىلا بۇ ئادەمگە ئىخلاس قىلىپ: «ئەگەر مۇشۇ خوجىنى رازى قىلىپ دۇئاسىنى ئالسام تىرىكچىلىكىم ئالغا باسىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. دېگەندەك، ئاشۇ يىلى ئۆزىنى يوقلاپ ئىلىغا كەلگەن ئەدەن قىپچىردىن خۇشال بولغان دانىيال خوجا، ئۇنىڭ خەتەرسىز ھەم ئىشەنچلىك تىجارەت قىلىشى ئۈچۈن خۇنتەيجىدىن ئالتۇن دەستەك ئېلىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سودىسى يۈرۈشۈپ، تىرىكچىلىكى ئۆگلىنىپ كەتكەنىدى.

بۇ قېتىم دادىسىنىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا، بۇ خوجىنىڭ ئىشلىرى، ئەدەن قىپچىرغا خۇددى خىزىر يولۇققاندەك تەسىر قىلدى. ئۇ ھەتتا بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنى: «بۇ خۇدايىتائالا ئاتام ئىككىمىزگە ئاتىغان بەخت. ئاتام بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بىللە بولۇشۇم ۋە ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن يەرلىكىگە قويۇشۇم، يەنە كېلىپ سەئىدخاندەك پادىشاھلار، شۇئەيىپ خوجامدەك ئەۋلىيالارنىڭ مازىرىغا دەپنە قىلىشىم، پەقەت مۇشۇ دانىيال خوجامنىڭ مەرھەمىتى. ئاللاتائالا بۇ خوجامنىڭ نەزىرى چۈشكەن ئاتامغا جەننەت ئاتا قىلسا، مېنىڭ كەسپىمگە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ» دەيتتى.

دېمىسىمۇ، سامساق سوپىمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئەدەن قىپچىرنى ئىزدەپ كېلىدىغان ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەق يولىدا رىيازەت چېكىپ يۈرگەن سوپى ـ ئىشانلار بولۇپ، ئۇلار سامساق سوپىمنىڭ تىنىقتىن قالغان ھۇجرىغا كىرىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى. ئان-

① شەرىئەت تەرىقەت، مەرىپەت، ھەقىقەت.

دىن ئەدەن قېچىرغا قاراپ :

— ئاتىلىرى ئاللانىڭ ۋىسالىغا يەتكەن ئادەم . ئاللا بىزگىمۇ شۇنداق بەختنى نېسىپ قىلسا ئارمىنىمىز يوق ، — دېيىشەتتى ۋە يەنە ، — بىز بىر قانچە سوپى - دەرۋىشلەر سامساق سوپۇمنىڭ قەبرىسىدە قىرىق كۈنگىچە دەۋر قۇرۇپ ، رىيازەت چېكىشنى نىيەت قىلغانىدۇق ، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ ئىجازىتىنى ئالايلى دېدۇق ، — دەپ ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشاتتى .

ئەدەن قېچىرغا تەزىيە بىلدۈرۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ، ئۇنىڭ دانىيال خوجام بىلەن يېقىنلىقىنى بىلىپ ، مۇشۇ باھانىدە تونۇشۇۋېلىشنى ئويلىغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى . بۇلارنىڭ بەزىلىرى دەرەخنىڭ ئۇچىدىكى ئالمىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پەستىكى شېخىنى ئەگكەندەك ، دانىيال خوجىغا يەتكۈزەلمىگەن ئەرز - دادىنى مۇشۇ تۇججار ئارقىلىق يەتكۈزمەكچى بولاتتى .

بۈگۈن ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا سارايۋەن ھېلىم يۇمشاق بىلەن بىر دۆمچەك ئادەم كىرىپ كەلدى :

— ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا تەزىيە بىلدۈرگەچ ، ئازراق ھالىمنى ئېيتقىلى كەلدىم ، — دەپ سۆز باشلىدى دۆمچەك ئادەم ، — سامساق سوپۇمنىڭ سىلىگە ئاتا بولىدىغانلىقىنى ئەزبىرايى خۇدا بىلمەپتىمەن . بىلگەن بولسام ، ئۇ بىچارىنى سېيدە تۇۋۇىدە ياتقۇزماي ، ئۆيۈمگە ئەكىلىۋالاتتىم . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇ ئادەمگە خۇدا يولىدا رىيازەت چېكىپ يۈرگەن سوپىلارنىڭ بىرسىكەنغۇ ، دۇئاسىنى ئالاي دەپ ، بەزى كۈنلىرى بىر دانە زاغرا ، بەزىدە بىر ھېجىر سۈيۈقئاش بېرىپ تۇرغانىدىم . رەھمەتلىك ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇزۇن - ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى . خەير ، ئاتىلىرىنىڭ جايى جەننەتتە بولغاي . بۇ ۋاپاسى يوق

دۇنيا مۇنۇ ھېلىماخۇننىڭ سارىيىدەك بىرسى كېلىپ، بىرسى كېتىپ تۇرىدىغان بىر نەرسە ئىكەن. رىزقىمىز تۈگىگەن بىر كۈنى بىزمۇ ئاتىلىرىغا ئوخشاش دارىلباقىيغا كېتىمىز، — ئۇ خىرقىراپ چىقىدىغان ئاۋازى بىلەن قۇرئان ئوقۇدى-دە، ئاندىن ئەسلى مەقسىتىگە كۆچتى، — بۈگۈن ھەپتىدىن ئاشتى. ھەزرىتى دانىيال خوجامغا دادخاھلىق قىلاي دەپ بىر نەچچە قېتىم بارسام، ئۇ جانابلىرىنىڭ قېشىغا كىرگۈزمىدى. خەقلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۆزلىرى ئۇ خوجام بىلەن پات-پات مۇلاقەتتە بولۇپ تۇرىدىغان تۇججار ئىكەنلا. سىلىدىن ئىلتىماسىم، ئۇ كىشى بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا مېنىڭ دەردى-ھالىمنى ئىككى ئېغىز سۆزلىرى بىلەن قۇلىقىغا سېلىپ قويسىلا.

— خوجامغا ئېيتىدىغان نېمە دەردلىرى بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى ئەدەن قېچىر.

— ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىپ سورىغانلىرىغا ھەشقاللا، ئۇكام، — دۈمچەك ئادەمنىڭ چىرايىدا ئۈمىدلىنىش پەيدا بولدى، — ئۆزلىرى ھېلىماخۇن بىلەن ئاتىلىرىنى ھارۋىغا سېلىپ ئەكەتكەن كۈنى كەچتە، ئۇ مەرھۇمغا دوغاپ ئىچكۈزۈپ ئولتۇرغان قىز بالا ئەسلىرىدە بارمۇ؟ ھە، شۇ قىز بالا مېنىڭ قىزىم رابىنىساخان بولىدۇ.

ئەدەن قېچىرنىڭ كۆز ئالدىغا شىدە تۈۋىدە ئاغرىپ ياتقان دادىسىغا ئۇسسۇلۇق بېرىۋاتقان سەرگەز كۆينەكلىك كىچىككىنە قىزنىڭ قىياپىتى كەلگەندەك بولدى:

— ئۇ قىز بالىغا بىر نەرسە بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— توققۇز ياشلىق قىز بالىغا نېمە بولىدۇ، ئۇكام، شۇنىڭ ئۈچۈن سەكپارە بولۇپ يۈرىمەن، بالانىڭ ئانىسى: «ئۆيدە چىشقا باسقۇدەك ھېچ نەرسە قالماپتۇ» دەپ سېتىپ كېلىش ئۈچۈن، ئىككى خام بىلەن

رابىنىسانى بازارغا چىقارغانىدى . ھېلى كېلەر ، بىزمان كېلەر بىلەن چۈشكىچە كۈتتۇق . ئاخىر تاقىتىم تۈگەپ بازارغا بارسام ، ھاسان باققال : « قىزلىرىنى بۇ يەردىن ئىزدىمەي ، مىرشاپخانىدىن ئىزدىسىلە . بۈگۈن بۇ مىرشاپلارغا نېمە كۆرۈندىكى ، خام ساتقىلى كەلگەن ھەممە ئادەمنى ھەيدەپ كەتتى » دېدى . مىرشاپخانىغا بارسام ئۇ يەردىمۇ ئاڭلىغۇدەك ئادەم تېپىلمىدى . ئەمدى قانداق قىلارمەن دەپ تۇرسام ، بېشىغا سەللە ئورىغان سالاپەتلىك بىر ئادەم مىرشاپخانىدىن چىقىپ قالدى . ھېلىقى ئادەمگە بېشىم يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ سالام بەردىم - دە ، دەردىمنى ئېيتتىم . بايىقى سالاپەتلىك ئادەم ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچىنى تولغاپ ، قۇشۇمىسىنى تۈرگەن پېتىچە بىر پەس تۇرۇپ :

— قىزلىرىنىڭ ئىسمى نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— رابىنساخان ، ئۇچىسىدا سەرگەز كۆينىكى بار ، — دېدىم .

— ئۇنداق بىھايا مۇرتەد قىزنى ئۆستۈرگۈچە ، بەدەۋىلەردەك كونا قۇدۇققا تاشلىۋەتسىلىمۇ بولغانىكەن ، — دېدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كەيپىم قىرىق گەز ئۇچتى . ئۆزۈمنى توختىتالماي :

— ئەمدى توققۇزغا كىرگەن ، ئانىسىنىڭ سۈتى ئاغزىدىن كەتمىگەن قىز بالىنى مۇرتەد دېيىشكە ئاغزىلىرى قانداق باردى ، خوجام ، — دېسەم ، بايىقى ئادەم :

— قىزلىرى كىچىك بولغىنى بىلەن جېنى چوڭ ئىكەن . ئامبۇنلارنىڭ بىرسىگە ئىككى يۈز دانە خام كېرەك بولۇپ مىرشاپ خوجامنىڭ ئالدىغا كىرىپتىكەن ، ئۇ جانابلىرى مەزكۇر ئامبۇننىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن ، مەن بىلەن بىر نەچچە مىرشاپنى بازارغا چىقىرىپ ، خام سېتىۋاتقان ئادەملەرنى ھەيدەپ كېلىشكە ئەۋەتتى . بىز ئانچە

كىچىكمەيلا يۈزدەك بوزچىنى ھەيدەپ كەلدۇق . مىرشاپ خوجام ئۇلارنىڭ قولىدىكى خاملارنىڭ بىرسىنى ھەپتىلىك ئالۋانغا ①تۇتۇپ ، قالغىنىغا تېگىشلىك پۇلنى بېرىپ قايتۇردى . سىلىنىڭ قىزلىرى : مىرشاپ خوجام ، ساڭ چاشقىنى قارلىغاچتىن ئاشلىق سورىغاندەك ، بىزگە ئوخشاش جېنىنى ئاران بېقىۋاتقان ئادەملەردىن ئالۋان ئېلىشنى قاچان توختىتىسىلەر ؟ ھازىر ئۆيىمىزدە چىشىمىزغا باسقۇدەك بىر نېمە يوق ، ئالۋىنىڭلار بولسا كېيىن ئالارسىلەر . . . » دەپ بىر مۇنچە ئوڭ ـ تەتۈر گەپلەرنى قىلدى . ئەگەر مەن ئارىلاشمىغان بولسام ، مىرشاپ خوجام پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەۋلادىغا تىل تەگكۈزگەن بۇ قىزلىرىنى شۇ يەردىلا قوزۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ ، ئەھلى مۇسۇلمانلارغا ئىبرەت قىلاتتى . ھېلىمۇ مىرشاپ خوجام ئىنساپلىق ئادەم ئىكەن . مېنىڭ : « بۇ قىز بالا تېخى نارەسىدىكەن ، خوجام . بىر قېتىمغا ئاچچىقلىرىنى ماڭا بەرسىلە » دېگىنىمنى ئىناۋەتكە ئېلىپ ، قىزلىرىنى « چاكار چوكان » لار ساقلىنىدىغان يەرگە ئەۋەتتى ، دەيدۇ قارىسىلا . ئۇ يەردىن « چاكار چوكانلار » تۇرىدىغان يەرگە بارسام ، نەيزە تۇتۇپ ، قىلىچ ئاسقان سىپاھلار دەرۋازىنىمۇ يېقىن يولاتمىدى .

ئەدەن قېچىر « چاكار چوكان » دېگەن ئاتالمىنى ئاڭلاپ ، ھەيران بولۇپ قالدى . بۇنى بايقىغان سارايۋەن چۈشەندۈردى :

— ئۆزلىرى بۇ شەھەرگە چەتتىن كەلگەن كىشى بولغاچقا بىلمەيدىلا . دانىيال خوجام ھەزرەتلىرى خان بولۇپ كېلىشى بىلەنلا ، خوجىلار بىلەن ئىشانلارنىڭ نەزىرىدە « گۇناھلىق » دەپ قارالغان قىز ـ چوكانلارنى تۇتقۇن قىلدى ، ئۇلارنىڭ سانى مۆلچەرگە يەتكەندە ئىلى تەرەپكە ئەۋەتىدىكەن . ئۇلار شۇ ياقتىكى قالماق ئەمەلدارلىرىنى ئىسلامغا تەشەببۇس قىلىپ ، ئۆتكۈزگەن چوڭ ـ كىچىك گۇناھلىرىنى

---

① — جۇڭغارلار دەۋرىدە يەكەنلىكلەر ھەر ھەپتىدە بىردىن ماتا ئالۋان تۆلەشكە مەجبۇر ئىدى .

يۈيىدىكەن، بولمىسا شۇ قالماقلارنىڭ قولىدا چاكار بولۇپ يۈرۈۋېرىدىكەن. ھەزرىتى دانىيال خوجام مەزكۇر «گۇناھلىق» ئاياللارنى ئۆردىنىڭ بىر چېتىدىكى مەخسۇس ھەرەمخانىدا توۋا ئوقۇتۇپ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەيدىكەن. خەلق ئەنە شۇنداق «گۇناھكار» قىز - چوكانلارنى «چاكار چوكانلار» دەپ ئاتايدىغان بولۇشتى.

ئەدەن قېچىر ئېغىر خورسىنىپ قويدى. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان دۇمچەك ئادەم: «بۇ كىشىگە ئېيتقان سۆزلىرىم تەسىر قىلدى، ئەتىمالىم» دېگەن ئويغا كەلدى:

— ئۆزلىرى شۇنداق قىلىپ، ماڭا قانداق جاۋاب بېرىدىلا، خوجام؟ — دەپ سورىدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، خوجام بىلەن قاچان مۇلاقەتتە بولسام، شۇ چاغدا سىلىنىڭ قىزلىرىغا كەڭچىلىك قىلىشنى ئىلتىماس قىلىمەن.

— مېنىڭ ئىسمىمنى سورىۋالمىدىلىغۇ؟ مۇبادا خوجام ھەزرەتلىرى ئۇ قىزنىڭ ئاتىسى كىم ئىكەن؟ —دەپ سوراپ قالسا نېمە دەيدىلا؟ — دېدى ئىشىنىڭ پۇختا بولۇشىنى ئويلىغان دۇمچەك ئادەم، ئاندىن، — مېنىڭ ئىسمىم قۇناخۇن باپكار. ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويمىسىلا، قۇناخۇن باپكار دېسە، يەكەندىكى ھەممە كاسىپلار بىلىدۇ. مۇنۇ ھېلىماخۇن ھازىر يانچۇقىغا پۇل چۈشۈپ، سارايۋەن بولۇپ كەتكىنى بىلەن پېقىر بۇنىڭ ئاتىسى رەھمەتلىك بىلەن بىر ئويۇن - بىر قويۇندا يۈرگەن ئادەملەر ئىدۇق. شۇنداققۇ، ھېلىماخۇن؟ — ئۇ ئاخىرقى گېپى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەدەن قېچىر تونۇۋاتقان سارايىنىڭ ئىگىسى بىلەنمۇ كۆڭلى يېقىنلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى.

— شۇنداق، قۇناخۇنكا، — دەپ قۇۋۋەتلىدى ئۇنىڭ سۆزىنى

سارايۋەن ، ئۆزلىرى بىز ئۇچۇن ئاتا كۆرگەن ئادەم ــ دە .
ئۇلارنىڭ گەپ ــ سۆزلىرى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالدى .
هۇجرىغا ئازنا مەسچىتىنىڭ مەزىنى بىلەن بىر نەچچە ئادەملەر كىرىپ كېلىشتى .

※ ※ ※

دانىيال خوجا ھەممە ھۆكۈمرانلارغا ئوخشاش ئىككى تەرەپلىمە ھايات كەچۈرەتتى . ئۇنىڭ بىرى ، ئەمەلدارلىرىدىن تارتىپ ھەممە ئادەملەرگە مەلۇم . ئۇلار كەشىنى كىيىمۇ « بىسمىللا » ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان بۇ ئادەمنى ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋاسى ، مۇسۇلمانلارنىڭ غەمخورچىسى دەپ بىلەتتى ۋە ئەمر ــ پەرمانلىرىنى جاندىل بىلەن ئورۇندايتتى .
ئۇنىڭ باشقىلارغا بىلدۈرمەيدىغان يەنە بىر ھاياتى ـ. ئۇ ئەمەلدە باشقىلارنىڭ غېمىنى ئويلىمايدىغان ، ئىنتايىن قىساسخور ۋە دالدىغا كىرىۋېلىپ ئوۋ قىلىدىغان ئادەم ئىدى . بىر ئادەمگە كىچىككىنە ياخشىلىق قىلسا ، ئۇنىڭ بەدىلىگە نەچچە ھەسسە ياخشىلىق كۆرمىسە ئۇيقۇسى كەلمەيتتى . قارىماققا ھەممە ئادەملەرگە سىلىق ـ سىپايە مۇناسىۋەت قىلىدىغان بۇ خوجام ئۈستى تىپتىنچ ، ئەمما ئاستىدىكى ئېقىنى كۈچلۈك قارا سۇغا ئوخشايتتى . ئۇ ئۆز تەختىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن دوستلۇقنى بىلدۈرۈپ ئۆچىنى ئالاتتى .
ئۇ ھازىر ھاردۇق چىقىرىدىغان مەخسۇس بۆلۈمىدىكى يۇمشاق كۇرسىدا ئولتۇرۇپ ، ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ قولىدىكى ۋەخپە يەرلەر بىلەن مال ـ چارۋىلارنى قولغا كىرگۈزۈش ، ئۆز ۋاقتىدا قارا تاغلىق خوجىلارنى قاگغىر قاقشاتقان ئادەملەردىن ئۆچ ئېلىش ۋە كېلەر يىلى يازدا

جۇڭغارلارغا تۆلىنىدىغان سېلىقلارنى تەييارلاش ھەققىدە ئويلىنىپ : « بۇ 《 ئىشقىيە 》 خوجىلىرى قانتى كېسىلگەن قۇشقاچقا ئوخشاپ قالدى . ھازىر ئۇلارغا ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ ۋاقتىدا ئىگىلىۋالغان يەرلەر بىلەن چارباغلاردىنمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق جانلىرى قىممەت . شۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت يار بەرگەنىكەن ، ئۇلارنىڭ ئۇ ياكى بۇ ئىشلىرىنى باھانە قىلىپ ئەدىپىنى بېرىش ؛ ئۇلارنىڭ قايتا باش كۆتۈرمەسلىكى ئۈچۈن ئەركەكلىرىنى 《 غۇلچا گەدەنكەش 》① ئاياللىرىنى 《 چاكار چوكان 》 قىلىپ ، جۇڭغارلارنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتىش لازىم . يامانراقلىرىنى بىرەر باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئەيىبلەپ كۆزدىن يوقىتىش كېرەك . ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ ئۆز سۇلۇكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بەرپا قىلغان مەسچىت ـ خانىقالىرىنى ، مۇخلىسلىرىنىڭ تۇنەكخانىلىرىنى خانۇ ۋەيران قىلىش لازىم . شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ۋەخپە يەرلەر بىلەن باغ ـ ۋارانلار ، چارۋاماللار ماڭا ئىخلاس قىلىپ ، مەزكۇر ئىشلارنى ئورۇندىغان ئادەملىرىمنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ . جۇڭغارلارغا تۆلىنىدىغان خىراجغا كەلسەك ، ئۇنىڭ كارى چاغلىق . قەشقەرىيە خەلقى بەئەينى سۈيى تۈگىمەيدىغان بۇلاققا ئوخشايدۇ . ئەللىك يىلغا يېقىن جۇڭغارلارغا بېرىپ كېلىۋاتقان خىراج ، ماڭا كەلگەندە تۈگەپ قالماس . . . »

ئۇنىڭ ئويلىرى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، ئۆينىڭ ئىشكى ئېچىلىپ ـ يېپىلغاندەك قىلدى .

ـــ كىم ؟ ـــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ .

ـــ مەن ئىدىم ، تەقسىر ، ـــ دېدى دىۋانبېگى ئەيمىنىپرەك ، ـــ ئۆزلىرىنىڭ ھاردۇق ئېلىۋاتقانلىقلىرىنى بىلمەپتىمەن .

ـــ خوش ، بىرەر ئىش بارمىدى ؟

ـــ يوقسۇ ، ھېلىقى ئەدەن قېچىر دېگەن كىشى كەپتىكەن .

① غۇلچا گەدەنكەش ـــ گەپكە كىرمەسلەر شۇنداق ئاتالغان .

— دەرھال باشلاپ كىرسلە، — دانىيال خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ تەخت تۇرغان خانىغا چىقتى.

ئاتىسىنىڭ يەتتىسى ئۆتكۈچە ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ، يەكەننىڭ يەتتە موللىسىغا قۇرئان تىلاۋەت قىلدۇرغان ۋە ئۇنىڭ قەبرىسىنى كۆزدىتىپ، رىيازەت چېكىۋاتقان سوپى - دەرۋىشلەرنى رازى قىلغان ئەدەن قىچىر، دانىيال خوجىنىڭ ئالدىغا قىلغان ياخشىلىقلىرىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ھەم خوشلىشىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئۈستىرا كۆرمىگەن ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ، چىراي - شەكلىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

— خۇش كەپتىلا، ئەدەنباي، — دېدى دانىيال خوجا ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگىلا ۋە دىۋانبېگىگە قاراپ، — غۇلاملارغا ئېيتسىلا، چاي دەملەپ كىرسۇن، — دېدى، ئاندىن ئەدەن قىچىرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ھاردۇق بۆلۈمىگە باشلاپ كىردى.

ئۇلار بۇ خاس خانىدا خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ئۆز خوجىسىنىڭ ئىلتىپاتىدا گۆش يەپ، قولىنى مەسسىگە سۇرتۇپ يۈرگەن ئەدەن قىچىر ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنى ماقۇللاپ بېشىنى ئىغىتاتتى ۋە قېنى، ئەدەنباي، چايغا باقسىلا دېگەندىلا، سەدەپ گۈللۈك چىنىنى قولىغا ئالاتتى.

— مەرھۇم ئاتىلىرى بىلەن مۇلاقەتتە بولغاندىن كېيىن، ئاكام شۇئەيىپ خوجام ئۆتكەن كېچە ئۈچىنچى قېتىم چۈشۈمگە كىردى ۋە ھەر قېتىمدا: «زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامنى ئالسا ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ» ① دېگەن ئايەتنى تەكرارلىدى، — دېدى دانىيال خوجا، — مەرھۇم ئاكامنىڭ روھى قۇشلىرى جەننەتۇل رىزۋاندا پەرۋاز قىلىپ يۈرسىمۇ، لېكىن ئاتىلىرى دېگەندەك، ساقلاخۇننىڭ بۇ پاك زېمىننى دەسسەپ يۈرگىنىدىن قورۇنسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەنلەر سان-

---

① — قۇرئان كەرىم، سۈرە «شۇرا» نىڭ 41 - ئايىتى.

جىغان نەيزىنىڭ يارىسىغا قارىغاندا، يېقىنلىرى سانجىغان يىڭنىنىڭ يارىسى ساقايمايدىغان ئوخشايدۇ. چوڭ ئاغچىنىڭ تاغىسى بولغان بۇ ساقىلاخۇننىڭ جىنايىتى ھەر كۈنى دېگۈدەك دىل ـ ئارامىمنى پاراكەندە قىلماقتا.

— ساقىلاخۇن دېگەنلىرى قوبىدىن بۇياققا مېڭىش ئالدىدا ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلگەن ئاق ئاتلىق ئادەمغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى ئەدەن قېچىر.

— شۇنداق، ئۇ ئادەم ھازىرمۇ شۇ ياقتا. ئېرەن قابۇرغا دېگەن يەردىكى ئەخمەت خوجىنىڭ قېشىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

دانىيال خوجىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن ئەدەن قېچىر دەرھال ئۆز ئىپادىسىنى بىلدۈردى.

— ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىرى خۇش بولىدىغان ئىش بولسا، ھېلىغۇ ئىلىدا تۇرۇۋاتقان بىر ساقىلاخۇن ئىكەن، يەتتە تاغنىڭ ئۇ چېتىدە تۇرۇۋاتقان ئون ساقىلاخۇن بولسىمۇ قىساسلىرىنى ئېلىپ بېرىشكە تەييارمەن. قەشقەرگە بارغىنىمدا، بىر ئۆزى قىرىق قاراقچىنىڭ ئەدىپىنى بېرەلەيدىغان پالۋان يىگىتلەردىن بىر نەچچىسىنى تاللاپ ئالىمەن ـ دە، ئۇ قاتىلنىڭ جېنىنى ئەزرائىلدىن ئىلگىرى ئالدى جەھەننەمگە يوللايمەن.

— بۇ سىلى ئويلىغاندەك ئاسان ئەمەس، — دانىيال خوجا ئۇنىڭ ساداقەت بىلدۈرگىنىگە خۇشال بولدى، لېكىن كالتە پەملىگىگە ئەپسۇسلاندى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىچە، ساقىلاخۇننى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەقىللىق ئوۋچىلار ھىيلە ئىشلىتىپ ئارسلاننى تۇتقاندەك، ئەخمەت خوجىمۇ، جۇڭغارلارمۇ گۇمانلانمايدىغان ۋە ئۇلار ساقىلاخۇننىڭ ئۆلۈمىنى خۇدادىن كەلگەن ئەجەل دەپ ھېسابلايدىغان بولۇشى لازىم ئىدى. چۈنكى، ئاق تاغلىقلارنىڭ بۈگۈنكى پېشىۋاسى ئەخمەت خوجىنىڭ ئاتا ـ

بۇۋىسنى كۆرگەن ۋە ئۇلارغا بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلغان ساقلاخۇن ئاق تاغلىقلار ئارىسىدا ھېلىمۇ نوپۇزغا ئىگە ئادەم ئىدى.

— سىلى قەشقەرگە قاچان ماڭماقچى بولۇۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى دانىيال خوجا گېپىنى يۆتكەپ.

— ئەتىلەتىن ماڭايمىكىن دېۋىدىم.

— ئىلى تەرەپكە قاچان بارىدىلا؟

— قاچان بارغىن دېسىلە، شۇ چاغدا بارىۋېرىمەن.

— ئۇنداقتا، ئىككى - ئۈچ كۈن تەخىر قىلسىلا، بىز ياقۇپ خوجامغا سوۋغا - سالام تەييارلايلى.

— خوپ، خوجام.

※ ※ ※

ئەدەن قېچىر بىلەن خوشلاشقان دانىيال خوجا ئوردىدىن چىقىپ ئۇدۇل دوردۇن ئاغچىنىڭ ئۆيىگە كىردى. بۇنداق چاغدا دانىيال خوجىنىڭ ئوردا ئىشلىرى بىلەن بەند بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان دۇردۇن ئاغچا، نىسا بېگىمگە قېشىنىڭ ياۋا تۈكلىرىنى تەرگۈزۈۋاتاتتى. شۇڭا، دانىيال خوجىنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشى ھەر ئىككىسىنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇلار خىجىل بولغىنىدىن قىزارغان يۈزلىرىنى تەتۈر قىلىپ ئو-ڭايسىزلاندى.

— ئاغچا ئىككىيلەنگە بىر چەينەك چاي ئەكىرسىلە، — دېدى دانىيال خوجا نىسا بېگىمگە ۋە ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىشى بىلەنلا دۇردۇن ئاغچىنىڭ ئېتى قېچىپ، بوشاشقان مۈرىسىنى تۇتۇپ، — جانلىرىنى قاقشىتىپ قاشلىرىنى تەرگۈزگەنلىرى نېمىسى؟ ئۇنىڭسىزمۇ ئادەمنى زى-لەيخادەك مەپتۇن قىلىدىلا، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دۇردۇن ئاغچىنىڭ كۆڭلىگە باھار قۇياشىنىڭ

نۇرى چۈشكەندەك يورۇپ، چىرايى گۈلدەك تاۋلىنىپ، كۆزلىرىگىچە كۈلۈپ كەتتى.

— خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن بېرى ئوردا ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ، ھېچبىر ئىبىسىگە كەلمەپتۇ. يا سىلى خاتىرەمگە سالماپلا، — دېدى دانىيال خوجا قېلىن كۆرپىگە ئولتۇرۇپ.

— ۋىيەي، نېمە دەيدىلا، خوجام؟ — دۇردۇن ئاغچا بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزگەندەك چۆچۈپ كەتتى.

— ئۇنداق دېگىنىم، — دەپ چۈشەندۈردى خوجا، — بىز ئىلىدىن بۇ ياققا مېڭىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، ساقىلاخۇن تاغىمىز ئالاھىدە كېلىپ مۇبارەكباد قىلغانىدى. شۇ چاغقىچە ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ نامىمۇ يازماپتىمىز. يەنە ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېلىقى ئەدەن تۇججار ئىلى تەرەپكە بارىدىكەن. شۇ كىشىدىن بىرەر ئۇلاغ سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ قويساق دېۋىدىم.

ئېرىنىڭ گەپلىرى ۋۇجۇدىدىكى ھەممە ھۈجەيرىلىرىنى خۇش قىلىۋەتكەن دۇردۇن ئاغچا، ئۆزىنىڭ ئىنتائەتچانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن:

— ۋىيەي، تاغامغا لايىق نەرسىلەرنى ئۆزلىرى تەييارلىمىسىلا، ئۇ كىشىگە قانداق نەرسىلەرنى ئەۋەتىشنى نەدىن بىلەي، — دېۋىدى، دانىيال خوجا:

— تاغا ئەسلىدە سىلىنىڭغۇ، زىلەيخەم، — دېدى ۋە بۇ ئارقىلىق دۇردۇن ئاغچىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ ھوقۇقلۇق ئاغچا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

بۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى قولدىن بەرگۈسى كەلمىگەن دوردۇن ئاغچا، ساقىلاخۇننىڭ پوسكامدا تۇرىدىغان قىزى — ياقۇتخان.

غىمۇ ئاز ـ تولا ياردەم قىلىشنى ئاغزىدىن چىقىرىۋىدى ، دانىيال خوجا :
— ئۇ زەئىپە ھەققىدە ياخشى ئويلاپتىلا . ياقۇت خېنىمغا ئاز ـ تولا ياردەمىمۇ قىلايلى ، ئاتامنى يوقلاپ كېلەتتىم دېسە ئىلغىمۇ ئەۋەتەيلى ، — دېدى .
— ۋـيـەي ، ئۇنـداق دېـسـەكـىمۇ يـاقـۇتـخـېـنىم تاغامنىڭ قېشىغا قارلىغاچتەك ئۇچۇپ بارا .
— ئەمىسە ، پوسكام تەرەپكە بۇگۈنلا ئادەم ئەۋەتسىلە ، ساقىلاخۇن تاغىمىز تېخىمۇ خۇش بولۇپ قالسۇن .
شـۇ ئارىـدا بىر پەتنۇستا چەينەك ـ چىنىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرگەن نـىسا بېگىم داستىخان راسلاشقا تۇتۇنغانىدى ، ئېرىنىڭ گەپلىرىدىن روھى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن دۇردۇن ئاغچا :
— نـىسـا بـېـگىم ، قوللىرىدىكىنى ماڭا بەرسىلە ، ئۆزۈم راسلاي . سـىلى چىقىپ غۇلاملارنىڭ بىرسىنى ھازىرلا مېنىڭ مەيەم بىلەن پوسكامغا ئەۋەتسىلە ، ياقۇت خېنىمنى يەتكۈزۈپ كەلسۇن ، — دېدى .

※ ※ ※

ساقـىلاخـۇنىنىڭ يالغۇز قىزى ياقۇتخان يورۇق دۇنياغا كەلگەندىن بـېـرى ئۆز بـەختىنى تاپالماي ، « ئۇھ » تارتىپ كېلىۋاتقان چوكانلارنىڭ بـىرى ئىدى . ھازىر ئۇنىڭ يېشى ئوتتۇزغا كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمدى قۇرامىغا يەتـكـەن قـىزلاردەك كـۆرۈنـەتـتى . ئۇ قىز چاغلىرىدا دادىسىنىڭ ۋەخـپـىـسدە ئىشلەيدىغان بىر ئادەمنىڭ ئوغلىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى . لېكـىـن ، نـەسەب ۋە ئاتاق سۈرۈشتۈرىدىغان ساقىلاخۇن قىزىنىڭ خاھىشى بـىـلەن ھېسابلاشماي ، ئۇنى ئاتاقلىق بىر خوجىغا ھەدىيە قىلىپ دۇئاسىنى ئالـغـانىدى . ئەمما ، بۇ خوجىنىڭ ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان ئۈچ خوتۇن ، ئۇنى دېـدەكـلىرىگە قوشۇپ ئۆي ئىشلىرىغا سالدى . ئۇچىنچى يىلى ، ئۇ خوجـ

نىڭ رىزقى تۈگەپ، ياقۇتخان ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. شۇ چاغدا ھېلىقى سۆيگەن يىگىتى يەنە ئەلچى كىرگۈزدى. ساقىلاخۇن يەنە ئۇنىماي، قەشقەردىكى بىر قېرى خوجىغا ھەدىيە قىلدى. بۇ ئادەم يېشى چوڭىيىپ قالغانلىقتىنمۇ ياكى ئۇ دۇنيانىڭ غېمىگە بېرىلىپ تائەت ـ ئىبادەت بىلەن بولۇپ كەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر ياقۇتخانغا كۆڭۈل بۆلمەي، يا ئۇنى تالاق قىلماي، بىر يىلغىچە تۇتۇپ تۇردى ـ دە، كېيىن ئۆيىگە ياندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ساقىلاخۇن بۇ قىزنى خوتۇنى ئۆلگەن بىر ئىمامغا بەردى. بىراق، يۇرتقا چېچىلغان رىزقىنى تېرىپ يەيدىغان بۇ ئادەمنىڭ مىراسىدىن قىزغانغان باللىرى بىر نەچچە ئايدىن كېيىنلا تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى چاپلاپ قوغلىۋەتتى. ياقۇتخان ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يەنە قايتىپ كەلدى. شۇ يىلى ئانىسى رەھمەتلىك دۇنيادىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ كۈندىشى كىچىك ئانىسىنىڭ قولىدا قالدى. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئەخمەت خوجىدىن خەۋەر كېلىپ دادىسى ئىلى تەرەپكە كېتىپ قالدى. مانا شۇنىڭدىن بېرى ياقۇتخان دادىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ يالغۇز قالدى. بۇلتۇر خەقلەرنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن قورقۇپ، ئىككى ئېغىز ئۆيىگە قاغىلىقتىكى چوڭ ئاپىسىنى ئەكىلىۋالدى. ھازىر ئۇ ئىجارىگە بەرگەن تېرىلغۇ يەرلىرىدىن چۈشكەن دارامەت بىلەن كۈن كەچۈرەتتى.

ئۇ دانىيال خوجىلارنىڭ يەكەنگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھەدىسى دۇردۇن ئاغچىنى يوقلاپ، كۆكسى ـ قارنى قانغۇچە مۇڭداشماقچى بولۇپ كېلىۋىدى، بىراق دۇردۇن ئاغچا ئۇ ئويلىغاندەك كىشىنىڭ ھال ـ مۇڭىغا يېتىدىغان ئايالدەك كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭغا بىر قارىسا ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل، يەنە بىر قارىسا قىتىغۇر ۋە مەرمۇز ئايالدەك تەسىر قىلدى.

ئۇنى دۇردۇن ئاغچا بىرىنچى قېتىم كۆرگەندىلا:

— ۋىيەي، ياقۇتخېنىم، مەن كۆرگەندە جاۋغايلىرىدىن شۆلگەي ئېقىپ تۇرىدىغان قارىمۇتۇق قىز ئىدىلە. ھازىر بارات ئاخشىمىدىكى ئايمۇ خىجالەت بولغۇدەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپلا. خۇدايىم سىلىگە بەرگەن مۇشۇ چىراينى ماڭا بەرسىغۇ، — دېگەنىدى.

ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىدە بولسا:

— ئەخمەق دېگەنىنىڭ، قارىسىلا، ياقۇتخېنىم، كۆزى ئەما بولىدىكەن. مونۇ بىزنىڭ ئەخمەق خوجا، ھېلىقى يىلى قالماقلارنىڭ قولىغا ئولجا بولۇپ كەتكەن خوتۇنىنى خونتەيجىگە ئەرز قىلىپ يەنە قايتۇرۇۋالدى، قارىسىلا. ئۇ بىرنېمە، قارا سۇنىڭ ئاپئاق بېلىقىدەك ئويناپ تۇرسىچۇ، كاشكى، بىر كۆرسىلە يېنىپ كۆرگىلىرى كەلمەيدۇ. رەڭگى قارىدىن ـ قارا، جىسمىدا قىرىۋالغۇدەك بىر پارچە گۆشمۇ يوق. شۇنداق بولسىمۇ، خوجىنىڭ ئاغزىدىن «بايان ئاغچىغا ياخشى قاراڭلار» دېگەن گەپ زادى چۈشمەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىسام، قارىسىلا، تېنىم تىكەنلىشىپ، پىغانىم ئۆرلەپ كېتىدۇ. بەزى كۈنلىرى چىدىمىغىنىمدىن: «ھەي، جېنىم خۇدايىم، خوجىنىڭ ئاشۇ قالماق خوتۇنىغا چۈشكەن كۆڭلىنى بويتاق يىگىتلەر كۆرسە شا بولۇپ قالغۇدەك ھۆسنى بار، لېكىن شۇ كۈنگىچە بەختى ئېچىلماي كېلىۋاتقان ياقۇتخېنىمغا چۈشۈرسەڭمىغۇ، دەپ ئىلتىجا قىلىپ كېتىمەن...» — دېگەنىدى.

ئەنە شۇ گەپلەردىن كېيىن ياقۇتخېنىمنىڭ كۆڭلىدە، نېمە ئۈچۈندۇر بايان ئاغچىغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك پەيدا بولدى. دۇردۇن ئاغچىنى بولسا: «شۇنچە يىللار ئۆي تۇتۇپ، ئاخىر ئېرىگە ئىگە بولالماي يۈرگەن ئەخمەق» دەپ ئەيىبلىدى.

ئەگەر دانىيال خوجىدەك ئادەم مېنىڭ قولۇمغا چۈشىدىغان بولسا، دەپ ئويلايتتى ئۇ: «نېرى كەتسە ئالتە ئاي، بولمىسا ئۈچ ئاينىڭ

ئىچىدە پاختىدەك ئىگىرىپ، ئۆزۈم خالىغاندەك خام توقۇيتتىم. بىراق...
مېنىڭ بۇ تەلەيسىز قوللىرىمغا بۇ خوجامنىڭ پېتىكىنى يۇيۇش نېسىپ
بولمىغان...»

ياقۇتخاننىڭ ئىچكى دۇنياسى ئەنە شۇنداق ئوي - پىكىرلەر بىلەن
پاراكەندە بولۇپ يۈرگەندە، ئۆزىنى چاقىرىپ دۈردۈن ئاغچا ئەۋەتكەن
ئىككى ئاتلىق مەپىنىڭ كېلىشى، گويا كۆتۈلمىگەندە تاغدەك خۇشاللىق
ئەكەلگەندەك تەسىر قىلدى. ئۇ كېچىنىڭ نىسپى ئۆتكەندە يولغا چىقتى.

※ ※ ※

— قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىغا خۇرسەنمەن، — دېدى دانىيال
خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن ياقۇتخانغا، — قېنى،
ئولتۇرسىلا. ئۆزلىرىنى ئاغچا ھەدىلىرى ئىككى نۆۋەت يوقلاپ كەلدى،
دېدى. ئەپسۇس، ئوردا ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ، كۆرۈشۈشكە نېسىپ
بولمىدى.

ياقۇتخان خوجىنىڭ گەپلىرىنى تىڭشىغاچ :« ئاغچا ھەدەمگە
قارىغاندا، بۇ ئادەم ئاشۇ يىللاردىكىدەك ياپياشلا تۇرۇپتۇ » دەپ ئويلىدى.
— ئاغچا ھەدىلىرى، ياقۇتخېنىم بۇ چاغقىچە تاغامنى سېغىنىپ
كەتتى، ئاتىسىنىڭ قېشىغا قارلىغاچتەك ئۇچۇپ بارغۇسى بار دېگەچكە،
ئۆزلىرىگە ھارۋا ئەۋەتكەندۇق، — داۋام قىلدى دانىيال خوجا، — ئەگەر
تاغىمىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، بىرەر - ئىككى ئاي بولسىمۇ ئۇ كىشىنىڭ
خىزمىتىنى قىلاي دېسىلە، ھەممە تەييارلىقلىرىنى ئاغچا ھەدىلىرى جۈندەپ
بەرسۇن. ئەتە - ئۆگۈن ئىلى تەرەپكە بارىدىغان ئىشەنچلىك مۇخلىسىم
بار، ئۆزلىرىنى شۇ كىشىگە قوشۇپ قويىمەن.

ئىلتىپاتلىرىغا تەشەككۈر، خوجام، — دېدى ياقۇتخان، — بايا
ئاغچا ھەدەممۇ مۇشۇنداق دېگەنىدى.

— ئەمـــسـە، يـول تـەييارلىقىنى كۆرىۋېرىڭلار، — دانىيال خوجا ئورنـــىدىـن تـۇردى، — ۋاقىت ياز بەرسە ئۆزلىرى بىلەن ئايرىم مۇلاقەتتە بـولـۇپ، تـاغـىـمـىـزغـا نـامـە پۈتۈپ بېرەرمەن، — دېدى ۋە ياقۇتخانغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ ئۆيدىن چىقتى.

دانــيـال خـوجىنىڭ بۇ قارىشىنى ئۆزىچە چۈشەنگەن ياقۇتخانىنىڭ قـەلـبىـدە ئايـاللارغـا خـاس بـىـر سىـىزىـم ئويـغـىـنـىـپ، ۋۇجـۇدىـنى تـىـتـرىتىۋەتكەندەك بولدى. بېشىدا بولسا: «نەچچە كۈنلەردىن بېرى قىـلـىـپ كـەلـگـەن ئاھۇ زارىـم ئاللاتـائالانىڭ قۇلىقىغا يەتكەن بولسا ئەجەب ئەمەس» دېگەن ئوي پەيدا بولدى.

ئۇلار ئاخـشـامـقـى مەسلىھەت بويىچە بۈگۈن بازارغا بېرىپ، ياقۇپ خـوجا بىلەن ساقلاخۇنلارغا سوۋغا ـ سالاملارنى ئالماقچى ئىدى. شۇڭا، دوردۇن ئاغچا:

— ئەمـسـە، قـوزغالمايلىمۇ، — دېدى دانىيال خوجا چىقىپ كېـتـىشى بىلەن نىسا بېگىمگە قاراپ، — مەيىكەشلەرمۇ كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ.

— ئۇلارنـىـڭ بـىـزنـى ساقلاپ تـۇرغـىـنـى نەۋاق، — نىسا بېگىم داستىخانلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

— بـۇ ئىشلارنى كېيىن، بازاردىن كەلگەندە قىلارمىز. قېنى كـېـيـىـنـىـپ چىقسىلا، — دېدى دۇردۇن ئاغچا نىسا بېگىمگە، ئاندىن ياقۇتخانغا قـاراپ، — سـىـلـى قوناق باسقان هارۋىدىن تىك پېتى چۈشۈپ قالغان تـاغـاردەك مـىـدىـر قـىـلـماي تۇرىدىلىغۇ، خېنىم، يۈرسىلە، مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ بىر قۇر تارىنىپ چىقسىلا، — دېدى.

بـايـاتـىـن بـېرى: «دانىيال خوجام ئاغچا ھەدەم بازارغا كەتكەندە كـېـلـىـپ قـالـسـا ئەجەپ ئەمەس» دېگەن تەمەدە بارماسلىقنىڭ قازىنىنى ئاسقان ياقۇتخان:

— ئۆزلىرى بېرىپ كېلىشەلا، مىجەزىم بولمايۋاتىدۇ، — دېدى.
— ۋاي، ماۋۇ خېنىمنىڭ گېپىنى؟ ئۇنداق ئادەم نېمە ئۈچۈن ئاخشام سوۋغا ـ سالامنى ئۆزىمىز ئاپىرىمىز دېدىلە.
— شۇنداقمۇ دېگەن، ئاغىچا ھەدە، — ياقۇتخان ئاۋازىنى پەسەيتىپ ئاغچا ھەدىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — ئەتىگەننىڭ بۇياقى ئاي كۆرۈپ قاپتىمەن.
ئۇنىڭ بۇ يالغان گېپى دۇردۇن ئاغچىنى ئىشەندۇردى.
— ئەمىسە، ئۇكام، خاپا بولمىسىلا، بىز بېرىپ كېلەيلى، سىلى مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىپ ئارام ئالسىلا.
ئۇ ئېتەك ـ يەڭلىرىگە زەر باسقان چىلتەكلىرى بار كىمخاب پەرىجىسىنى ئارتىپ، يۈزىگە ناۋات رەڭ قىلدىن توقۇلغان چۈمپەردە تۇتۇپ ئۆيدىن چىقتى.
ھېيلىسى ئىشقا ئاشقان ياقۇتخان مىيىقىدا كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، دۇردۇن ئاغچىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئىككى تېمىغا ئىران نۇسخىلىق گىلەملەر تارتىلغان بۇ ئۆينىڭ باغ تەرەپكە قارىغان دېرىزىلىرىگە كەشتە بېسىلغان يىپەك پەردىلەر ئېسىلغانىدى. ئوڭ تەرەپ- تىكى قىرلىق كاتىنىڭ يېنىغا قويۇلغان چوڭ تاش ئەينەكتە كۈننىڭ شولىسى جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى شىرەگە تىزىپ قويۇلغان ئەتىر بىلەن ئۇپا ـ ئەڭلىك قۇتىلىرىنىڭ سانى يوق، ئۆي ئىچى ئۇلاردىن چىققان خۇش پۇراقلارغا تولۇپ كەتكەنىدى.
ياقۇتخان ئۆزىنى ئاغچا ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە ئەمەس، چۆچەكلەر- دىكى گۈزەللىكى ئاي بىلەن كۈنگە ئوخشىتىلىدىغان ياش مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى:« تەڭشەلمىگەن ئالەم دېگىنى مۇشۇ ئىكەن ـ دە » دەپ ئويلىدى ئۇ ئەينەكنىڭ قېشىغا كېلىپ:

« رەڭگى ـ رۇخسارى گىياھ ئۆسمەيدىغان شورتاڭ يەردەك بولۇپ كەتكەن بۇ ئاغچا ھەدەمنىڭ قانداق خىسلىتى باركىنا ؟ دانىيال خوجامنى « كەلىمە ھۇللا پىر » دەپ ، ئەتىۋارلىغىنى بىلەن ، بۇ ئادەمنىڭمۇ پاراستى چاغلىق ئوخشايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم بولسا ، پېتىدىن چۈشۈپ كونا لاتىدەك پۈرلىشىپ كەتكەن دۇردۇن ئاغچىنىڭ قولىغا تەسۋى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، بۇنداق ئۆيلەردە پاخلانىدەك ، كۆزلىرى مەستانە ، بىلىقتەك تولغىنىپ تۇرىدىغان خېنىملار بىلەن ياشىمامدۇ . . . »

ئۇ شىرە ئۇستىدىكى قۇتىلاردىن بىرىنى ئېلىپ ، قۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا ، يەلكىسىگە ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن قولىنى سېلىپ ئىككى قولتۇقىغا ئەتىر چاچتى ـ دە ، تاغ كەپتىرىنىڭ گەۋدىسىدەك ئالدىغا تىپىپ تۇرغان كۆكسىنى تېخىمۇ ئالدىغا چىقىرىپ كېرىلدى .

شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ :

— سىلى بۇ ئۆيدە ئىكەنلىغۇ ، — دېگەن دانىيال خوجىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

ياقۇتخان قوشنىلارنىڭ خورىزىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچقان نومۇسلۇق مېكىياندەك نازلىنىپ يەرگە قارىۋالدى .

— ئاغچا ھەدىلىرى بىلەن بازار تەرەپكە بارماپتىلىغۇ ؟ — دېدى دانىيال خوجا كاتىنىڭ چېتىگە ئولتۇرۇپ .

— سىلى ئايرىم مۇلاقەتتە بولىمەن دېگەچكە ، ئاغچا ھەدەمگە مىجەزىم يوق دەپ بارمىدىم .

— تولىمۇ پاراسەتلىك ئىش قىپتىلا ، — خوجا ئولتۇرغان ئورنىدىن سۇرۇلۇپ ياقۇتخانغا يېقىنلاشتى ـ دە ، ئۇنىڭ لىغىرلاپ تۇرغان يۇمشاق مەيدىسىنى تۇتۇپ يېنىغا تارتتى ، — قېشىمغا ئولتۇرسىلا ، سىلىگە خېلىدىن بېرى دېيەلمەي يۈرگەن گېپىم بار ئىدى .

خوجىنىڭ گېپىي بىلەن ھەرىكىتىنى ئۆزىچە چۈشەنگەن ياقۇتخان :
— بىرسى كىرىپ قالارمىكىن ، خوجام ، ئىشىكنىڭ ئىلغۇسىنى سېلىپ قوياي ، — دېدى ، دانىيال خوجا بىر نەرسىدىن سەسكەنگەندەك تۇرۇپ قالدى . چۈنكى ، ساقلاخۇنىنىڭ بۇ قىزى توغرۇلۇق ھەر خىل قاملاشمىغان گەپلەرنى ئاڭلىغان ، ھەتتا ئۇنى پوسكامدىكى ھاكىملار « چاكار چوكان » قىلىپ ئوردىغا ئەۋەتىشنى سورىغاندا ، ئۇنىمىغانىدى . مانا ھازىر كۆرۈپ تۇرۇپتىكى ، ياقۇتخېنىم ھېچكىمدىن تەپ تارتمايدىغان ۋە ھېچكىمنى نېرى تۇر دېمەيدىغان ھالەتكە يېتىپ قاپتۇ . بۇنداق ئاياللار شەك يوق تۈرلۈك كېسەللەرگە سەۋەبكار بولىدۇ .
مۇشۇنداق ئويلارغا بېرىلگەن دانىيال خوجا :
— ھاجىتى يوق ، خېنىم ، — دېدى ياقۇتخاننى ئورنىدىن تۇرغۇزماي ، ئاندىن بىر قولىنى زورلاپ دېگۈدەك ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويىدى .
ياقۇتخان خۇددى مۇشۇنداق پەيتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا دانىيال خوجىغا چىرماشتى — دە ، ئۇنىڭ يۈز — كۆزلىرىدىن تارتىپ ساقاللىرىغىچە سۆيۈپ كەتتى .
بۇنداق ئاياللىق ھېسسىياتى قوزغىلىپ ، ئۆزىنى پىدا قىلغان ياش چوكاننىڭ ھارارەتلىك باغرىغا دۇچ كەلگەندە ، ھەرقانداق تاش بېغىر ئادەملەرمۇ بەرداشلىق بېرەلمىسە كېرەك . دانىيال خوجىمۇ شۇنداق بولدى . ئۇ ئۆزىنى قانچە تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ قولىدىن كەلمىدى . . .
— سىلىگە دەيدىغان گېپىم مۇنداق ، — دېدى بىر چاغدا ئۇ تېخىچە ئوڭۇممۇ ، چۈشۈممۇ دەپ ئولتۇرغان ياقۇتخانغا بىردىن سەگەكلىنىپ قاراپ ، — ئەمدى ئۆزلىرىنى ئۈچىنچى ئاغچا بولدۇم دەپ ھېسابلىسىلىمۇ بولىدۇ .
ياقۇتخان خۇشاللىقىدىن خوجىنىڭ بىر قولىنى كۆكرىكىگە

باستى .
— لېكىن نىكاھتىن ئۆتتۈش ئۈچۈن بىجىرىدىغان ئىشلىرى بار . بۇ ئىش سىلى ئۈچۈن بەخت ، مەن ئۈچۈن خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ .
— ئۇ نېمە ئىشتۇ ، خوجام ، قولۇمدىن كەلسىلا بەجانىدىل بىجىرىمەن .
— بۇ ئىش پەقەت سىلىنىڭ قوللىرىدىنلا كېلىدۇ .
— ئادەمنى تەقەززا قىلماي دېسىلىچۇ ، خوجام ، — ياقۇتخان خۇددى يىگىرمە يىللىق ئېرىگە ئەركىلىگەندەك دانىيال خوجىغا سۈركەشتى .
— ئاتىلىرىنى پوسكامغا قايتۇرۇپ كېلىدىلا ، ئۇ ئادەم نىكاھ ئۈستىدە بولۇشى لازىم .
— بۇ دېگەنلىرى زادى مۇمكىن ئەمەس ، خوجام ، — ياقۇتخان دەرھال ئېتىراز بىلدۈردى ، — ئاتامنىڭ مىجەزىنى بىلمەيدىلا ، ئۇ ناھايىتى جاھىل ، دېگىنىدىن قايتمايدىغان ئادەم . ئۇ شۇ چاغلاردا ، ئانامنىڭ تېخى يىلىمۇ تولمىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ يەردە يالغۇزچىلىق تارتىپ قالىمەن دەپ ، شۇنچە يالۋۇرسام ئۇنىماي ، ئاشۇ قالماقلارنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقان خوجىنى مىنىڭدىن چارە كۆرۈپ كېتىپ قالغان . ئاندىن كېيىن ئۇ ئادەم ئۆزلىرىنى جىندەك ئۆچ كۆرىدۇ .
— شۇنداقتىمۇ ، ئۇ ئادەمنىڭ رازىلىقىسىز نىكاھتىن ئۆتۈش توغرا ئەمەس . مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاتىلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئالماقچى .
— ئاتام كېلىشكە ئۇنىمىسىچۇ ؟ — ياقۇتخاننىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى يېڭىراقتىلا مۇيەسسەر بولغان بەخت ـ سائادىتىنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشى دادىسىنىڭ پوسكامغا كېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ، ئەمما بۇ ئىشنى بىجىرىش قولىدىن

كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ چارىسىز قالدى ـ دە : « نېمىشقىمۇ يارالغاندى-مەن ، نېمىشقا پوسكامدا تۇرنۇۋەرمەي ئۇردىلىرىغا كەلگەندىمەن ، ئۆزلىرىنى چۈشۈمدە كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتكەندەك ھەسرەت چېكى-دىغان بولدۇمغۇ . . . » دەپ يىغلىۋەتتى .

— ئۆزلىرىنى ئۇپراتمىسىلا ، ھەر ھالدا ئاتىلىرى كەلسە ناھايىتى ياخشى بولاتتى . ئەگەر ئۇ كىشى كېلەلمىسە ، سىلى بولسىمۇ دۇئاسىنى ئېلىپ كېلەلا ، — دەپ تەسەللى بەردى خوجا ۋە گېپىنى يۆتكىدى ، — ئاتىلىرىغا ئېلىپ بارغان سوۋغا ـ سالاملارنى ھەرگىز مېنى ياكى ئاغچا ھەدىلىرىنى تەييارلاپ بەردى دېمەي ، قەشقەردىن ئۆزۈم ئالدىم دەيدىلا . ئەگەر ئاتىلىرى بىزنىڭ بۇ نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتسىز بارلىقىنى بىلىپ قالسا ، ئۆزلىرى دېگەندەك ، دانىيال خوجا مېنىڭ يوقلۇقۇمدىن پايدىلىنىپ ، قىزىم بىلەن تىلىنى بىر قىلىۋاپتۇ دەپ ، تېخىمۇ ئۆچ كۆرۈپ كېتىشى ، ھەتتا سىلىنى بۇ ياققا ئەۋەتمەي قويۇشى مۇمكىن .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ياقۇتخانىنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەندەك بولسىمۇ ، لېكىن دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي ۋاتقاندەك دانىيال خوجىغا ئىلتىماس قىلدى :

— ئۇياققا بارمىسام نېمە بولىدۇ ، ھە ؟

— ياق ، بۇنىڭدىن يالتايمىسىلا ، ئاغچا ھەدىلىرىنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ قالىدۇ ، — دېدى ۋە ئۇنى تېخىمۇ ئۇمىدلەندۇرۇپ ، — ئىككىمىزنىڭ جۇدالىقى نېرى كەتسە ئۈچ ئاي ، بولمىسا ئىككى ئاي . شۇنىڭغىچە ئاللاتائالا ئامانچىلىقىمىزنى بەرسە ، ئۆزلىرىگە ئاتاپ ياسىلىدى-غان ھۇجرىلارمۇ پۈتۈپ قالىدۇ ، — دەپ قوشۇپ قويدى .

— مېنى ئۇياققا كىم ئاپىرىپ ئەكىلىدۇ ؟

— ئۇ كىشىدىن خاتىرجەم بولسىلا ، موزاينىڭ زىرقىغا خىيانەت

قىلغانلىق بولىدۇ دەپ، كالىنىڭ سۈتىنى ئىچمەيدىغان دىيانەتلىك ئادەم. ئۇ سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇشنى ئىبادەت قىلىشتىنمۇ ساۋابلىق ئىش دەپ بىلىدۇ.

# ئۈچىنچى قىسىم

## بىرىنچى باب

ئىلى دەرياسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئېگىز تاغلارنىڭ قوينىدا قاپتاللىرى تىك، ئېقىن سۈيى مول ئېرەن قابۇرغا دەپ ئاتىلىدىغان بىر جىلغا بار. ئۇنىڭ ئېغىزىدا چوڭ ـ كىچىك بىر قانچە ئۆيلەر بولۇپ، بۇلاردا ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ پېشۋاسى ئەخمەت خوجا باشلىق گۆرۈگە ئېلىنغان بىر نەچچە ئۆيلۈك خوجىلار بىلەن ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى تۇرىدۇ. ئەنە شۇ ئۆيلەرنىڭ سۇغا يېقىنراق سېلىنغان بىرسىگە ئۈچ ئاتلىق يولۇچى كېلىپ توختىدى.

بۇلارنىڭ بىرسى، ئەدەن قېچىر؛ يەنە بىرسى، بېشىغا قارا رەختتىن تىكىلگەن پەرەنجە ئارتىپ، يۈزىگە چۈمپەردە تارتىۋالغىنى ياقۇتخان؛ ئۈچىنچىسى بولسا، ئەدەن قېچىر ئۆتكەن قېتىم كۈنەس تەرەپتىكى بىر جۇڭغاردىن كۈمۈش بېرىپ قۇتۇلدۇرۇۋالغان مامۇت ئاخۇنىنىڭ چوڭ ئوغلى ساۋۇت يانتاق ئىدى. بۇ يىگىت بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ، ئۈستىگە يۈك ئارتىلغان ئىككى ئاتنى يېتەكلىۋالغانىدى.

يوچۇن ۋە كۈتۈلمىگەن بۇ ئادەملەرنى ئىشىك ئالدىدا كۆرۈپ ھەيران بولغان ساھىبخانا، يۈزىنى تور ياغلىق بىلەن ئوراپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ بىردەم ئات ئۈستىدە تۇرغان ئايالغا، بىردەم ئەرلەرگە قارايتتى. ئۇنىڭغىچە ئەدەن قېچىر سالام بېرىپ:

ــ ساقىلاخۇنكام جانابلىرىنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

— شۇنداق.

شۇ ئارىدا ئاتتىن چۈشۈپ ئۈلگۈرگەن ياقۇتخاننىڭ:

— ۋىيەي، مۇنۇ كىچىك ئانامنى، مېنى تونۇمىدىلىما؟ ئىلىغا كېلىۋېلىپلا ئۇنتۇپ كېتىپتىلا - دە، — دېگەن سۆزلىرى ئاڭلاندى.

— ياقۇتخېنىم! بۇ سىلىمۇ؟ — ساھىبخانا ئايال خۇددى مۆجىزە كۆرۈۋاتقاندەك ھەيران بولدى.

— ئاتام بىلەن ئىككىڭلارنى مېنىڭدىن بۆلەك يەنە كىم ئىزدەيتتى، — ياقۇتخان دەرھال كېلىپ كىچىك ئانىسىنى قۇچاقلىۋالدى، — ئاخشام چۈشلىرىڭىزگە كىرمىدىممۇ كىچىك ئانا؟ مەن بولسام ئاتام بىلەن ئىككىڭلارنى ھەر كۈنى چۈشۈمدە كۆرۈپ، خىزمەتلىرىنى ئادا قىلىپ يۈرىمەن، — دېدى.

— چۈشۈمگە كىرمەمدىغان خېنىم، بايا بىر چاغدا كۆزۈم ئىلىنىپ كېتىپتىكەن، ئۆزلىرى ئىچكىرى ئۆيدە لەڭمەن سوزۇپ ئولتۇرغۇدەكلا، بايا بىزنىڭ ئۆيگە يوللىرى چۈشىدىكەن - دە. قانداق، ھارماي - چارچىماي كەلدىلىمۇ؟ — ئۇ گېپىنى توختىتىپ، بۇلار كىمكىنە؟ دېگەندەك ئەدەن قېچىرغا قارىۋىدى:

— بۇ كىشى قەشقەرلىق ئەدەنباي دېگەن تۇججار، — دەپ تونۇشتۇردى ياقۇتخان، — يېنىدىكى يىگىت ئۇ كىشىنىڭ خىزمەتكارى. ھېلىمۇ، جېنىم خۇدايىم، بۇ كىشىلەرگە ئۇچرىتىپ قويىدى دېسىلە، بولمىسا بۇ يەرلەرنى قانداقمۇ تېپىپ كېلەر ئىدىم.

— قېنى، مېھمانلار، ئۆيگە كىرسىلە، — تەكلىپ قىلدى ساھىبخانا ئايال، ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكى شۇنچىلىك ئۇزۇن ئىدىكى پۇتى بىلەن قولىنىڭ ئۇچى ئاران كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئاتام ئۆيدە يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇتخان.

— ئاتىلىرى خوجامنىڭ بالىلىرىغا ساۋاق بەرگىلى كەتكەن، كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

ئەدەن قىپچىرلار ئىشكى غاچىلداپ ئېچىلىدىغان، بىرلا پەنجىرى بار ئۆيگە كىرىپ پاتنىھە قىلىشتى ۋە قائىدە بويىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئامانلىق سوراشتى. ئاندىن كېيىن ساھىبخانا ئايال مېھمانلارنىڭ ئازادە ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئېلىشىنى ئېيتىپ ھويلىغا چىقتى.

« سىياقى ۋىجىك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئاۋازى ئەجەب بەلەنكىنا بۇ قۇشناچىمنىڭ، دەپ ئويلىدى ئەدەن قىپچىر، شۇنىڭغا قارىغاندا، يېشىمۇ ئانچە چوڭ بولمىسا كېرەك ...»

ئۇنىڭغىچە ھويلا تەرەپتىن ياقۇتخان بىلەن ساھىبخانا ئايالنىڭ گەپلىرى ئاڭلاندى:

— ئوتتۇنىنى ماڭا بەرسىلە، كىچىك ئانا، مەن تۇرۇپ سىلى ئوت ياققانلىرى نېمىسى ؟

— ياق، ياق، سىلى يىراق يوللاردىن چارچاپ كەلدىلە، قىزىم.

— ئۇنداق گەپنى دېمىسىلە. مەن بۇياققا مېھمان بولغىلى ئەمەس، سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلغىلى كەلدىم.

ئەدەن قىپچىر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك يوچۇقىدىن ھويلىغا قارىدى ـ دە، بايا يۈزىنى يېپىۋالغان ياغلىقىنى ئەمدى سىڭايان تېڭىپ، قازانغا سۇ قۇيۇۋاتقان ساھىبخانا ئايالنى كۆرۈپ شۇنچىلىك ھەيران قالدىكى، ھەتتا كۆزلىرىگە ئىشەنمەي يېنىپ ـ يېنىپ قارىدى ۋە ياپىرىم، مەدەت بەرگەيسەن، مەن كىمنى كۆرۈۋاتىمەن » دەپ پىچىرلىۋەتتى: « بۇ خوتۇن نادىر تاغامنىڭ قىزى بىدىيان ئەمەستۇ ؟ ئەجەبمۇ ئوخشايدىكىنا . ئۇ قىزنىڭمۇ مۇشۇنداق جاۋغىيى بىلەن ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭى بولىدىغان، بىراق ئۇ قىزنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ

ئاڭلىۋىدىم، يالغانمىكىنا ؟ . . . »

ئۇنىڭ بۇ پىچىرلىشىنى چالا ئاڭلىغان ساۋۇت يانتاق :

ـــ تاغا، ماڭا بىر نېمە دەۋاتامدىلا، گەپلىرىنى ئاڭلىيالمىدىم ؟ ـــ دېدى .

ئەدەن قېچىر شۇ چاغدىلا ئۆزىگە كەلدى . ئەمما، ئۇنىڭ خىيالى قاناتلىنىپ، بېدىيان قىزغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە بېرىلدى .

ئەدەن قېچىر ئۇ چاغلاردا ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشلار چامىسىدىكى بالا ئىدى . مەكتەپتىن ئازاد بولۇشى بىلەنلا، قارا ئېشىكىگە ئىككى تۇڭنى ئارتىپ ھامامغا سۇ توشۇيتتى . بولۇپمۇ، پەيشەنبە كۈنى شۇنچىلىك ھېرىپ كېتەتتىكى، دادىسىنىڭ ھامامچىلىق قىلغىنىغا ئۆچلۈكى كېلىپ : « باشقا كەسىپ يوقتەك، نېمىشقا بۇ ئىشنى قىلىدىكىن ؟ » دەپ غىڭشىپ قوياتتى . چۈنكى، بۇ كۈنى باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا ھامامغا كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى ئىككى ھەسسە كۆپىيىپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ يۇيۇنۇشىغا سۇ ئۇلگۈرتۈش ئاسان ئەمەس ئىدى .

ئەنە شۇنداق بىر شەنبە كۈنىدە، دادىسىنىڭ قېشىغا تاغىسى نادىر ناۋاي كىرىپ كەلدى :

ـــ ئۆزلىرىنى بېشىمغا كەلگەن قايغۇ ـ ھەسرەتكە ئارا بولارمىكىن دەپ كەلدىم، ئاكا . ياراتقان ئىگەم ماڭا ئوخشاش كەمبەغەلگە ھۆسنى بار قىز بالا بەرگۈچە بەرمىسە بولمامدۇ . بېدىيان قىزىمنىڭ ھۆسنى بېشىمىزغا چۈشكەن بالا بولدى، ـــ دەپ يىغلىۋەتتى ئۇ، ئاندىن ئۆزىنى توختىتىپ بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى .

ئۇنىڭ گېپىگە قارىغاندا، بازارغا نان ساتقىلى چىققان قىزىنى بىر قانچە سوپى ـ ئاشىقلار : « بۇ قىز بالا شەرئىتىمىزنىڭ ئەھكاملىرىنى بۇزۇپ، يۈزى ئوچۇق سودا قىلدى » دەپ، ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ ئالدىغا

ئېلىپ بېرىپتۇ. خەقلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئىشان شەرىئەت قائىدىلىرىنى بۇزغان ئادەمگە ناھايىتى قاتتىق جازا بېرەرمىش. بەزىلەر: «بۇ قىز بالىنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ» دېيىشسە، بەزىلەر: «ياق، ئۇنداق قىلماي، مۇسۇلمانلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ئېشەككە تەتۈر مىنگۈزۈپ، كوچىمۇ كوچا سازايى قىلىدۇ» دېيىشىپتۇ.

— ھەر ھالدا بېدىيان قىزىمنىڭ بېشىدا كۆمۈرنىڭ چوغى كۆيۈۋاتىدۇ. سىلىگە كەلگىنىم، ئۆزلىرى شۇ ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ ئەڭ يېقىن مۇخلىسى ساقىلاخۇن دېگەن كىشى بىلەن پات ـ پات مۇلاقەت قىلىپ تۇرىدىكەنلا. شۇ كىشىگە ئەرز ـ دادىمنى يەتكۈزۈپ، قىزىمنىڭ قۇتۇلۇشىغا ياردەم قىلسىلا، ئۆلۈپ كەتكۈچە شۇ ئىشان خوجام بىلەن ساقىلاخۇن دېگەن كىشىلەرنىڭ ئوتىنى قالاپ، نېنىنى يېقىپ بېرەي. ئۆيدىكىلەر كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ، يۇندىسىنى تۆكۈپ خىزمىتىنى قىلسۇن. ئەگەر قىزىمنى كېلىن قىلىشنى خالىسىلا، ئەزبىرايى، بىكارغىلا بېرىۋېتىمەن. ئەمدى ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن قىزىمنىڭ ھالىغا ئىچلىرى ئاغرىسۇن... — دەپ يالۋۇردى.

دادىسى بۇ ناۋايچىلىق قىلىدىغان ئىنىسىغا: «ساقىلاخۇن جانابلىرى كەلسە سۆزلىشىپ كۆرەي» دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. ناۋاي ئىنىسى بولسا ھەر كۈنى كېلىپ دادىسىغا يالۋۇراتتى. بىر كۈنى كەچتە: «ساقىلاخۇن جانابلىرى بىلەن سۆزلەشتىم، دېدى دادىسى ناۋاي ئىنىسىنى كايىپ، بالاغەت يېشىغا تولغان قىز بالىنى پەرەنجىسىز بازارغا چىقارغان ئۆزلىرىگە ئاز! ھىدايەتۇللا خوجام: < بۇ ھاياسىز قىز بالىنىڭ ئاتىسىنىمۇ جازالاش كېرەك > دەپ غەزەپلەنگەنىكەن، مېنىڭ ئىلتىماسىمنى يادىغا تۇتقان ساقىلاخۇن جانابلىرى ئارىغا چۈشۈپ، قىزلىرىنى چالما كېسەك قىلىشتىن، ئۆزلىرىنى يۈز دەررە ئۇرۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. قىزلىرىغا

تۇۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇتۇپ : < ھازىرچە بۇ قىز بالا بىزنىڭ ئۆيدە دېدەك ئورنىدا تۇرۇپ تۇرسۇن > دەپ ئىلتىپات قىپتۇ » دېگەنىدى .

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپلا ، دادىسى ھىدايەتۇللا خوجىغا مۇرىت بولۇپ بارلىق مۈلكىنى ۋەخپە قىلىۋەتتى ـ دە ، ئۆزىنى ئەگەشتۈرۈپ خانىقاغا باردى . ئەمما ، بۇ يەردىكى دەرۋىشانە ھاياتقا چىدىيالمىغان بالا ئەدەن بىر كېچىدىلا قېچىپ كەتكەنىدى .

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ، بىر قانچە يىلنى ياقا يۇرتلاردا ئۆتكۈزۈپ ، قەشقەرگە كەلگىنىدە ، خانىقادىكى دەرۋىشلەردىن دادىسىنى ، مەھەللىدىكى ئادەملەردىن تاغىسى بىلەن بېدىيان قىزنىڭ تەقدىرىنى سۈرۈشتۈردى . بەزى ئادەملەر : « نادىر ناۋاينىڭ قىزى ئۈچ يىلدەك دېدەكلىكتە تۇرۇپ ، كېيىن ئۆزىنى تۈمەن دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ » دېسە ، بەزىلىرى : « ئۆلگىنىنى يالغان ئىكەن ، ھىدايەتۇللا خوجام بىر مۇخلىسىغا ھەدىيە قىلىۋېتىپتۇ » دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى . . .

مانا شۇنىڭدىن بېرى تالاي يىللار ئۆتتى . تەگرىتېغىنىڭ ئۇ تەرىپى بىلەن بۇ تەرىپىدە تالاي ئۆزگىرىشلەر سادىر بولدى . بالا چاغلىرىدا تاغىسى نادىر ناۋاينىڭ دۇكىنىغا نان ئېلىشنى باھانە قىلىپ ، كىچىك ئانىسى بىلەن زۇۋۇلا تۇتىدىغان بېدىيان قىزنى كۆرۈپ كېلىدىغان ئەدەن بالا ، ھازىر ئاتمىشقا كەلگەن مويسىپىت تۇججارغا ئايلاندى .

« بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ بولمايدىكەن ، دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە ، ئەگەر يېڭىلىشمىسام ، ساقلاخۇنىڭ ئۆيىدە قېرى پەرىشتىدەك يۈرۈۋاتقان مۇشۇ خوتۇن نادىر تاغامنىڭ شۇ قىزى ـــ بېدىيان ، كىم بىلىدۇ ، ھازىر ھەممە ئادەم تېرىقتەك چېچىلىپ ، توزغاقتەك تۇزۇپ كەتكەن زامان . بىرسىدىن ئۆلدى دەپ ئاڭلىغان ئادىمىڭ يەنە بىر يەردە تىرىك يۈرۈۋاتقان . ئەتىگەندە كۆرگەن ئادىمىڭ ، چۈش بولمايلا ئۆلۈپ

قالغان ، تۇنۇگۇنلا قەشقەردىكى ئېتىزدا كەتمەن چېپىپ يۈرگەن دېھقان ، بۈگۈن « غۇلجا گەدەنكەش » بولۇپ ، ئىلىدىكى قالماقلارنىڭ قولىدا ئىشلەۋاتقان . . . »

ئەدەن قىچىرنىڭ روھى دۇنياسى ئەنە شۇنداق ئوي - پىكىرلەر بىلەن بەند بولۇۋاتقاندا ، ئۆيگە داستىخان كۆتۈرۈپ كىرگەن ساھىبخانا ئايالنىڭ :

ـــ چاي ئىچكەش تۇرۇشسىلا ، مېھمانلار . ئاخۇنۇم كەلگۈچە قورساقلىرى ئېچىپ كېتەر ، ـــ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .

بۇ قېتىم ئەدەن قىچىرغا ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ تونۇشتەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي :

ـــ سىلى قەشقەر بۇلاق بېشىدىكى نادىر تاغامنىڭ قىزى بېدىيان بولامدىلا ؟ دەپ سورىدى .

ساھىبخانا ئايال داستىخاننى تۇتقان بويىچە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى - دە ، سوئالغا جاۋاب بەرمەي :

ـــ ئۆزلىرى ئۇ ئادەمنى بىلەتتىلىما ؟ ـــ دېدى .

ـــ بىلمەيچۇ ، نادىر تاغام ئانامنىڭ ئىنىسى تۇرسا ، سىلى مېنى تونۇمىدىلىمۇ ، مەن ئەدەنباي ئەمەسمۇ ؟

ـــ ئەدەنباي ؟ ـــ دېدى ساھىبخانا ئايال ئۆزىگە ئىگە بولالماي ۋە :

ـــ سىلىنىمۇ كۆرىدىغان كۈنلەر بولىدىكەنغۇ ، قېرىندىشىم ! ـــ دېگەن پېتى ئەدەن قىچىرنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى .

بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرغان ساۋۇت يانتاق : « بۇلار ئەمدىلەتىن بىر - بىرىنى تونۇپ قىلىشتى ، ئەتىمالىم ، مۇنۇ ئايال ئەدەن تاغامنىڭ ئاچىسى بولسا كېرەك » دېگەن ئويغا كەلدى .

ئۆي ئىچىدىن چىققان يىغا ئاۋازى قازاندىكى چاينى تەشتەككە قۇيۇۋاتقان ياقۇتخاننىمۇ مەڭدىتىپ قويدى . ئۇ قولىدىكى قاپاق چۆمۈچنى قازان بېشىغا قويۇپ ، ئۆيگە يۈگۈردى ۋە يۈزىنى يېپىۋالغان ياغلىقىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكىنىگە قارىماي ، ئەدەن قىچىرنى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقان كىچىك ئانىسىنى كۆرۈپ : « بۇلار ئۇزۇن يىللار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن قېرىنداشلارمۇ ياكى ئاشىقلارمۇ ؟ » دەپ ئويلىدى .

ئارىدىن ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ ، ساھىبخانا ئايال بىلەن ئەدەن قىچىرنىڭ قەلبىنى تەۋرەتكەن ھاياجانلىرى بېسىلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ، ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئەسلەش ۋە باشلىرىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى تونۇشتۇرۇشقا ئوخشاش تىرىكلەرگە خاس گەپلەر باشلىنىپ كەتتى .

※ ※ ※

قىرىغان چىغىدا گۆرۈدىكى خوجىلارنىڭ باللىرىغا ساۋاق بېرىپ كۈننى ئۆتكۈزۈۋاتقان ساقىلاخۇن ، ئاپاق خوجا ھايات چاغلاردا ھۆرمىتى چوڭ ئادەملەرنىڭ بىرسى ئىدى . ئاپاق خوجا ئۆلۈپ ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان خېنىم پاشا ، نېمە ئۈچۈندۇر موللا ساقى دېگەن كىشىگە كۆپرەك ئىمتىياز بېرىپ ، ساقىلاخۇنغا ئانچە ئىلتىپات بىلدۈرمىدى . بۇنىڭدىن دىلى رەنجىگەن ساقىلاخۇن يەكەندىن قەشقەرگە كېلىپ ، ئاپاق خوجىنىڭ ئىلگىرىكى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ۋە « ئۆز زامانىسىدە ئون سەككىز شەھەرنىڭ ئەركەك شىرى ئاتىلىپ ، ئىشانلىقتا يەتتە ئىقلىمغا تونۇلغان . . . » دەپ تەرىپ قىلىنغان يەھيا خوجىنىڭ قېشىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ قانىتى ئاستىغا كىردى . بىراق ، بۇ يەردىمۇ ئۇزاق تۇرالمىدى .

ئۆز تەختىگە ئۆگەي ئوغلى يەھيا خوجىدىن خەۋپ كېلىشىدىن قورققان خېنىم پاشا ، بىر نەچچە سوپى ـ دەرۋىشلەرنى قەشقەرگە ئەۋە-

تېپ، يەھيا خوجىنى ئىككى ئوغلى بىلەن ئۆلتۈردى. بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان ساقىلاخۇن، ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئەخمەت خوجىنى تۆشۈك تاغ دېگەن يەرگە يوشۇرۇپ ئۈلگۈردى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خېنىم پاشانىڭ ئۆزىمۇ ئاق تاغلىق سوپى - دەرۋىشلەر تەرىپىدىن پىچاقلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى - دە، قەشقەردىكى « ئىشقىيە » خوجىلىرى تۆشۈك تاغدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەخمەت خوجىنى ئەكىلىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. ساقىلاخۇنغا يەنە ئامەت كېلىپ ھۆرمەتلىك ئادەمگە ئايلاندى. بىراق، جۇڭغارلار بۇ دىيارغا ئىككىنچى قېتىم باستۇرۇپ كىرىپ، ئەخمەت خوجىنى ئەسىر ئېلىپ ئىلىغا ئەكەتكەندە، ساقىلاخۇن قايتىدىن ئادەتتىكى بىر پۇقراغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ھازىر بولسا ئۇ ئەخمەت خوجىنىڭ گىرىپتارلىقتا تۇرۇۋاتقىنىغا قارىماي، ئۆزىگە ئىلتىپات قىلىپ يېنىغا ئەكىلىۋالغىنىغا مىڭ قەتلە شۈكۈر قىلاتتى. بەزى كۈنلىرى: « ئەگەر ئەخمەت خوجا ئىلتىپات قىلمىغان بولسا، دەپ ئويلاپ كېتەتتى ئۇ، بۇ چاغقىچە زېمىننىڭ تېگىگە كىرىۋالغان بولسامۇ قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ ئىتلىرى پۇراپ يۈرۈپ تېپىۋالاتتى. ھېلىھەم ئاللاتائالانىڭ، ئۇنىڭدىن قالسا ئەخمەت خوجامنىڭ شاپائىتىگە مىڭ كەررە رەھمەت... »

ساقىلاخۇن ئېرەن قابۇرغىغا كەلگەندىن كېيىن، ۋاقتىنىڭ بىر قىسمىنى ئەخمەت خوجا بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ ئۆتكۈزەتتى. ئۇلار كۆپ چاغلاردا « ئىسھاقىيە » خوجىلىرى بىلەن « ئىشقىيە » خوجىلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان تالاش - تارتىشلارنى تەھلىل قىلاتتى. بەزىدە ئاپاق خوجا دەۋرىدە يۈرگۈزۈلگەن سىياسەتلەرنى ماختاپ: « ئىسلام دىنى ئۈچۈن ئۇ كىشىدەك پاسبانلىق قىلغان پېشۋا بولغان ئەمەس، لېكىن ئۇ ئۇلۇغ زاتنى

« ئىسھاقىيە » سۇلۇكىدىكى نادان خوجىلار قەشقەرىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پېشانىسىگە سىغدۇرمىدى » دېيىشەتتى. ئاپاق خوجىنىڭ جۇڭغار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەرىيەگە بارغىنى ۋە ھاكىمىيەت ئۈچۈن مىڭلىغان ئادەملەرنى قىرىپ تاشلىغىنى بولسا: « ئاللاتائالانىڭ خاھىشى، ئاللانىڭ قەشقەرىيەدىكى ئىمانى سۇسلاشقان مۇسۇلمانلارغا ئاپاق خوجام ئارقىلىق ئەۋەتكەن جازاسى » دەپ ھېسابلايتتى.

ئۇلار ئاپاق خوجىنىڭ غايىبىنى بىلىدىغان ھەقىقىي ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆزى ئۈچۈن مازار ياساتقىنى ۋە مازار پۈتۈپ ئالتە ئايدىن كېيىنلا ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتكەنلىكى بىلەن ئىسپات قىلىشاتتى: « ئەگەر ئاللاتائالادىن ئۇ ھەزرىتىمگە بىرەر ۋەھيي ياكى بېشارەت بولمىغان بولسا، ھېچقاچان بۇنداق قىلمايتتى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ۋاپاتىدىن ئىلگىرى ئۆز قەبرىگاھىنى تەييارلاش خاھىشىدا بولمىغان... » دېيىشەتتى.

ساقلىلاخۇن بولۇپمۇ خېنىم پاشا توغرۇلۇق گەپ بولۇپ قالغاندا جانلىنىپ كېتەتتى.

— ئۇ خېنىم « ئىسھاقىيە » خوجىلىرىنى پىر تۇتقان، بوۋىلىرى ھەزرىتى ئاپاق خوجامنى قەشقەرىيەدىن ھەيدەپ چىقارغان ئىسمايىلخاننىڭ سىڭلىسى بولغاچقا، « ئىشقىيە » خوجىلىرىغا ۋاپا قىلمىدى. ئۇ خېنىمنىڭ بۇنداق خىيانەتلىرىدىن قورۇنغان ئاپاق خوجام ھەزرەتلىرىنىڭ روھى پاكلىرى ئانچە كېچىكمەي، ئۇ خېنىمغىمۇ ئەجەل شەربىتىنى ئىچكۈزدى. ئۆز ۋاقتىدا، ئىرانلىقلارنىڭ ئۆزلىرىگە كىسرانىڭ قىزىنى پادىشاھ قىلىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغان روسۇلىللا: « ئايال كىشىنى ئۆزىگە ھۆكۈمران قىلغان خەلق مۇۋەپپەقىيەت تاپالمايدۇ » ① دەپ بىكار ئېيتمىغان

① « سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى »، 314 ـ ھەدىس.

دېــســلــە، ــــ دەيتتى.
ساقىلاخۇنـنـىڭ يـەنـە بىر قىسىم ۋاقتى خوجىزادىلەرگە ساۋاق بېرىـش بىلەن ئۆتتى. ئۇ ئىرەن قابۇرغىغا كەلگەن بىرىنچى يىلدىلا ئەخمەت خـوجـىـغـا يـاخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن خوجىزادىلەرنىڭ ساۋادىنى چـىـقـاردى. ئۇنـىـڭدىن كېيىن ناماز تەرتىقلىرىنى ئۆگىتىپ، قۇرئاندىكى قـىـسـقـا سۈرىـلـەردىن يادقا ئالدۇردى. بۇ يىل يازدىن بېرى بولسا، ئادەم ئاتــىدىن تارتىپ، ئاخىرقى پەيغەمبەر ــــ مۇھەممەد پەيغەمبەرگىچە بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئوقۇتۇشقا باشلىغانىدى.
ئۇ بــىـر نـەچـچـە بـالا ئولـتـۇرغان ساۋاقخانىدىكى پاكار جوزىنىڭ قـېـشىغا تىزلىنىپ ئولتۇردى ــ دە، قولتۇقىدىكى بۇلغارى مۇقاۋىلىق قېلىن كـىتابنى جوزىغا قويدى. نەچچە كۈندىن بېرى پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتـكـەن ئاجايىپ ــ غارايىپ سەرگۈزەشتىلەرنى قىزىقىپ ئاڭلىغان بالىلار، بـۈگـۈن قـايسى پەيغەمبەرنىڭ قانداق كارامەتلەرنى، قانداق مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكىنىنى ئاڭلايمىزكىن دېگەن ئۈمىدتە دىققەت بىلەن ئولتۇرۇشتى.
ــــ بـۈگۈنكى ساۋىقىمىز، خوجىزادىلىرىم، ھەزرىتى ئەييۇپ ئەلەيـھىسسالام، ــــ دېـدى سـاقىلاخۇن ۋە قېلىن كىتابنىڭ خەتكۈچ سېلىپ قـويـغـان بـېـتـىنى ئېچىپ، ئوقۇشقا باشلىدى، ــــ ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام ئىـبـراھـىم ئەلـەيـھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن ئىـدى. ئەيـيۇپ ئەلـەيـھىسسالامنى ئاللاتائالا نېمەت ئاتا قىلىش بىلەن سىنـىـدى. ئاللاتـائالا ئۇنـى نـۇرغـۇن بـايـلـىققا ئىگە قىلدى، ئۇنىڭغا كۆپ پـەرزەنـت ئاتـا قىلدى، تېنىنى ساق قىلدى. ئۇ ئاللاتائالانىڭ نېمەتلىرىگە شـۈكـۈر قـىـلـغۇچى تەقۋادار ياخشى بەندە ئىدى. ئاندىن ئاللاتائالا ئۇنى بـەرگـەن نـېمىتىنى يوق قىلىۋېتىش بىلەن سىنىدى، ئۇ مال ــ مۈلكىدىن، پـەرزەنـتـلـىـرىـدىـن ئايـرىلدى، ئېغىر كېسەللىكلەر چىرمىۋالدى. ئەييۇپ

ئەلەيھىسسالام بالاغا سەۋر قىلىپ، ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ئىلگىرىكى تەقۋادارلىق ھالىتى بويىچە پەرۋەردىگاردىن مەمنۇن بولدى. ئۇنىڭ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغان رەھىمە ئاتلىق بىر ياخشى مۆمىن ئايالى بار ئىدى، ئۇ ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن راھەت ــ پاراغەتتىمۇ، جاپا ــ مۇشەققەتتىمۇ بىرگە ئىدى. شەيتان ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنى ۋەسۋەسە قىلغىلى تۇردى. ئۇ ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ: «بۇ بالالارغا قاچانغىچە چىدايمىز؟» دېدى. ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ: «راھەت ــ پاراغەتتە قانچە ۋاقىت بولدۇم» دېدى، ئايالى «80 يىل» دېدى. ئاندىن ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام: «بالايىئاپەت ئىچىدە قانچە ۋاقىت تۇردۇم» دېدى. ئايالى: «يەتتە يىل» دېدى. ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام: «بالايىئاپەت ئىچىدە تۇرغان ۋاقىتنىڭ ئۇزاقلىقى راھەت ــ پاراغەتتە تۇرغان ۋاقىتمىچىلىك بولمىسا، ئاللاتائالادىن بالايىئاپەتنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەشتىن ئۇيالمىدىمەن» دېدى. ئاندىن ئۇ: «ئاللا بىلەن قەسەمكى، ساقىيىپ قالسام، سېنى چوقۇم يۈز قامچا ئۇرىمەن» دېدى. ئاندىن ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم، مېنى زىيان ــ زەخمەت ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇرسەن» دەپ دۇئا قىلدى. ئاللا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئاللا ئۇنى پۇتى بىلەن يەرنى تېپىشكە بۇيرۇدى. ئۇ پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋىدى، يەردىن سوغوق سۇ ئېتىلىپ چىقتى. ئاللا ئۇنى شۇ سۇدىن ئىچىشكە ۋە شۇ سۇ بىلەن يۇيۇنۇشقا بويرۇدى. ئاللاتائالا شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بەردى. ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈچ ــ قۇۋۋىتى تولۇق ئەسلىگە كەلدى، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئايالىنى ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ بىر باغلام چۆپ بىلەن

ئايالىنى ئۇرۇپ قەسەمدىن چىقتى. ئاللاتائالا ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامغا يىـ
گىرمە ئالتە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى. مال ـ دۇنيا بەردى. رۇم ئەھلىگە
پەيغەمبەر قىلدى...»

ساقىلاخۇن كىتابىنى يېپىپ، جوزىنىڭ بىر چېتىگە سۈرۈپ
قويدى ـ دە:

— ھۆرمەتلىك خوجىزادىلىرىم، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دېگەن
يەنە بىر مۆتىۋەرلىك كىتابتا زىكىر قىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئەييۇپ
ئەلەيھىسسالام بەش يۈز ئۆكۈزى، قىرىق قوشقىرى، سان ـ ساناقسىز قويـ
لىرى، تۆت يۈز قۇلى، مىڭ تۆگىسى، مىڭ قېچىرى ۋە بالىلىرىدىن
ئايرىلىپ، ئۆلارنىڭ بەدىلىگە ئالتە مىڭ قۇرت بەدىنىنى يەتمىش يىل ماـ
كان قىلىپ يېيىشمۇ، خەلق ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىققان سېسىق پۇراقتىن
يىرگىنىپ شەھەردىن قوغلاپ چىقارسىمۇ، قىرىق ئايالىنىڭ ئوتتۇز توقـ
قۇزى ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ سەۋر قىلىپ: «بۇ ھەم ئاللا تائالانىڭ
خاھىشى، تەقدىردىن بىسوراق قىلىمۇ تەۋرىمەيدۇ» دەپ، تائەت ـ
ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغانىكەن. ئاخىر ئاللاتائالا شاپائەت قىلىپ،
ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن بالىلىرىنى تىرىلدۈرۈپ، مال ـ دۇنيالىرىنى يۈز
ھەسسە ئاشۇرۇپ بەرگەن.

— ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى ۋە شاپائىتى چەكسىزدۇر. ئاللاتائالا
خالىغان ۋاقىتدا ئۆز بەندىلىرىنى ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامنى سىنىغاندەك
سىناپ كۆرىدۇ. خالىغان ۋاقىتدا ئوتنىڭ ئىچىدە ئىبراھىم
ئەلەيھىسسالامنى؛ مەككىدىكى دۈشمەنلىرىنىڭ ئارىسىدا ئون ئۈچ يىل،
مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئون تۆت يىل روسۇلۇللانى زىيان ـ
زەخمەتسىز ساقلىغاندەك سىلەرنىمۇ، خوجىزادىلىرىم، جۇڭغارلارنىڭ
قولىدا زىيان ـ زەخمەتسىز ساقلايدۇ. ئاللاتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا:

« رەببىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىل، سەن بىزنىڭ ھىمايىمىزدە، بىز سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا چوقۇم تېتىيمىز » دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى چەكسىزدۇر. ئۇنىڭ بەندىلەر ئىچىدىكى ئەلچىسى روسۇلىللا بىلەن، ئۇنىڭ پۇشتى بولغان بۇزرۇكۋار ئاتاڭلار ۋە ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭ روھى چوقۇم سىلەرگە مەدەت بېرىدۇ. ئامىن! — ساقىلاخۇن تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئورۇق قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ئاندىن كىتابىنى قولتۇقلاپ، قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋىدى، بۇرھانىدىن ئىسىملىك خوجىزادە مۇراجىئەت قىلدى:

— ئاخۇن ئاتا، چوڭ بوۋىمىزنى تۇرپان دېگەن يەردىكى ئەسھابۇلكەب دېگەن مازارغا بېرىپ زىيارەت قىلغان، دەپ ئاڭلىدۇق، راستمۇ؟

ساقىلاخۇن بۇ خوجىزادىنىڭ سوئالىغا ھەيران بولۇپ سورىدى:

— بۇنى ئۆزلىرىگە كىم ئېيتتى؟

— تۈنۈگۈن چۈشتە باللار بىلەن ئۆزىمىز ياسىغان كۆلگە چۆمۈلگىلى بارساق، بىر دەرۋىش ئۇچراپ قالدى. شۇ ئادەم: « بۇ قالماقلارنىڭ قولىدا گۆرۈدە تۇرغۇچە، رۇخسەت سوراپ، ئاپاق خوجام بوۋاڭلارغا ئوخشاش تۇرپاندىكى ئەسھابۇلكەبنى زىيارەت قىلساڭلار بولمامدۇ؟ » — دېدى.

— ئۇ دەرۋىش توغرا ئېيتىدۇ. ھەزرىتى ئاپاق خوجام ھىجرىيىنىڭ مىڭىنچى يىلى ①، يەنى بۇنىڭدىن ئاتمىش يىلدەك ئىلگىرى ئۇيەرگە بارغان.

— ئۇ ئەسھابۇلكەب دېگەن قانداق پەيغەمبەر؟

— ئەسھابۇلكەب توغرۇلۇق ئانچە - مۇنچە ئاڭلىغىنى بولمىسا، بۇ

---

① ئاپاق خوجا بۇ يەرگە 1600 - يىلى كەلگەن ۋە: « ئەسھابۇلكەبنىڭ مۇشۇ مەنزىلدە ئىكەنلىكىدە شەك - شۈبھە يوق، زىيارەت قىلىۋېرىڭلار » دېگەنىكەن.

ھەقتە تولۇق خەۋىرى يوق ساقىلاخۇن :

— ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەمەس ، ئەمما ناھايىتى ئۇلۇغ زاتتۇر . ئۇلۇغلۇقى شۇكى ، ئەسھابۇلكەب ھەزرەتلىرىنىڭ بېشىنىڭ چوڭلۇقى قىرىق گەزدىن ئاتمىش گەزگىچە ، سان يوتىسى ئۈچ گەزدىن سەككىز گەزگىچە كېلىدۇ ① — دېدى .

— ياپىرىم ! — دەۋەتتى خوجىزادىلەر .

— سىلى شۇنچە چوڭ ئاخۇن تۇرۇپ نېمىشقا بارمىدىلا ؟ — دېدى يەنە بىر خوجىزادە .

— خۇدا نېسىپ قىلسا ، ئەلۋەتتە بېرىپ زىيارەت قىلىمەن .

شۇ چاغدا يەنە ھېلىقى بۇرھانىدىن دېگەن خوجىزادە :

— ئاخۇن ئاتا ، تۈنۈگۈن ئەتىگەنكى ساۋاقتا ئاپاق خوجام بوۋىمىزنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن دېگەنىدىڭىزغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ھە . . . ھە . . . — ساقىلاخۇن بىردىن جانلىنىپ كەتتى - دە ، ئاپاق خوجىنى يەر - كۆككە سىغمىغۇدەك تەرىپلەشكە باشلىدى ، — سىلەرنىڭ مەرھۇم چوڭ بوۋاڭلار ،

---

① — ئەسھابۇلكەب توغرۇلۇق دىنىي كىتابلاردا مۇنداق رىۋايەت بار . رۇم شەھىرىدىكى بىر پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى ئۆزىنى خۇدا دەپ ئېلان قىلغان دەقيانۇس دېگەن پادىشاھتىن كېچىپ ، بىر قويچىنىڭ ياردىمىدە تاغقا بېرىپ ، ئۇ يەردىكى غارغا ئورۇنلىشىدۇ . ئۇلار غار ئىچىدە ئۇخلاپ ئويغانسا ، ئارىدىن 309 يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ . بۇ چاغدا دەقيانۇس ئۆلۈپ ، رۇم شەھىرىگە باشقا بىر ئادەم پادىشاھ ئىكەن . بۇنىڭدىن خەۋىرى يوق بايىقى ئادەملەر دەقيانۇس دەۋرىدە چىققان پۇل بىلەن بازارغا بېرىپ نان ئالىدۇ ۋە شۇ چاغدىلا ئۆزلىرىنىڭ 309 يىل ئۇخلىغىنىنى بىلىدۇ . بۇلارنىڭ ئاتلىرى : يەملىخا ، مەكسەلمىنا ، مىسلىنا ، كەكەشپۇتەن ، ئازارپەت يۇنۇس ، يوۋانىس يۇنۇس بولۇپ ، ئىتىنىڭ ئىسمى قىتمىر ئىكەن . ئۇلار ھازىرغىچە شۇ غاردا بار بولۇپ ، بىر يىلدا بىر قېتىم ئۆرۈلۈپ قويۇپ ئۇخلارمىش . شەيخلەر بۇ مازارنى « تىرىكلەر مازىرى » دەپ ئاتىغان . خوجا - ئىشانلار بولسا تېخىمۇ ئۇلۇغلاپ : « بۇ مازارنى زىيارەت قىلىش يېرىم ھەج قىلغانغا ئوخشاش » دېيىشكەن . رىۋايەتتە غاردىكى بايىقى ئادەملەر ئالاھىدە يوغان ، سۆڭەكلىك قىلىپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان .

بىزنىڭ ئۇلۇغ پىرىمىز ، شەرىئەت مەيدانىدا ئات چاپقۇچى ، تەرىقەتنىڭ گۈل تاجى ، جىمى ئەۋلىيالارنىڭ سەردارى ، قۇتبىل ئەقتاب ① ئاپاق خوجام ئون سەككىز شەھەرگە ②پادىشاھ بولغان چاغلاردا قويلارنى بۆرىلەر باقاتتى . ئۇ كىشىگە ئەگەشكەن ئادەملەرنىڭ كۆڭلى راھەتتە ئۆتەتتى . ئۇ كىشىنىڭ پىكىر ـ خىيالىمۇ ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ ، كەمبەغەل ـ مىسكىنلەرگە كۈندە ئۈچ قېتىم داش قاينىتىپ ئوماچ بېرەتتى . بۇ رىزىقتا ئۇلاشقانلار «نېمە ئۈچۈن بۇ خوجامنىڭ يولىغا بۇرۇنراق كىرمىگەن بولغىيدىم ؟ . . . » دەيتتى . ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭ سۆھبەتلىرى ئوتقا ئوخشاش ھەر قانداق ھۆل نەرسىنى قۇرۇتۇۋېتەتتى . بىر نەرسە يۇقمايدىغان ، قۇرۇپ كەتكەن ئادەم بولسا كۆيدۈرۈۋېتەتتى . ئۇ كىشىنىڭ سۆھبىتىگە مۇيەسسەر بولغان ئادەم دۇنيادىن ، بارلىق مەنسىپىدىن ۋاز كېچىپ ، ئۆي تۇتمايدىغان ، تىرىكچىلىك قىلمايدىغان ، بىر نەرسە تاپسا يەپ ، تاپمىسا ئاچ يۈرىدىغان ھالەتكە كېلەتتى . سىلەرنىڭ چوڭ بوۋاڭلار مۇسۇلمان قوۋمىنىڭ ئۇلۇغ پىرى ئىدى . ئاپاق خوجام ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش كارامەتلىك ③ زات ئىدى . ئۇ كىشى ھەرقانداق ئاغرىقتا مۇپتىلا بولغان ئادەمنى بىر قېتىم سىلاپ قويسا ياكى دەم سالسا ساقىيىپ كېتەتتى . ئۇ كىشى خانىقالارغا قەدەم تەشرىپ قىلسا ، ئۆلۈم ـ يېتىم بولمايتتى . مۇبارەك قەدەملىرى يەتكەن يەردىن تاڭلا مەھشەرگىچە بەرىكەت كەتمەيتتى . مىنگەن ئاتلىرى يۈز ياشتىن ئارتۇق ياشايتتى . تۇتۇپ قويغان ياغىچى

---

① قۇتبىل ئەقتاب ــ سوپىلىقتا ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە . تەرىقەتچىلەر : « بۇنداق زاتلار دۇنياغا مىڭ يىلدا بىر كېلىدۇ » دەپ قارىشىدۇ .

② قۇمۇل ، تۇرپان ، قارا شەھەر ، كۇچا ، ئاقسۇ ، قەشقەر ، يەكەن ، خوتەن ، ئىلى ، سېرىققول ، سالا ( چىڭخەيدىكى سالالارنىڭ شەھىرى ) ، بۇخارا ، پەرغانە ، نەمەنگان ، خۇراسان ، راجىدان ، بەدەخشان ۋە ئەنجان شەھەرلىرى كۆزدە تۇتۇلغان .

③ دىنىي كىتابلاردا ئىيسا پەيغەمبەر ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان ، كورنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان ، كېسەللەرنى ساقايتىدىغان مۆجىزىكار دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ .

چىنار بولۇپ ئۆسەتتى. قولىنى شىلتىغان تەرەپتە يورۇقلۇق پەيدا بولاتتى. غەزەپلەنگەندە يەر - زېمىن تىترەيتتى. ئۇ كىشى دۇئايىبەند قىلىۋەتكەنلەر تەلۋە، ئادەم سىياقىدىكى ئىت بولۇپ قالاتتى. ئۇ پىرىمىزغا ئىخلاس قىلغان ئادەمنىڭ بۇ دۇنيالىقىمۇ ياخشى بولاتتى. مۇخالىپەتچىلىك قىلسا دوزاخنىڭ تېگىگە چۈشەتتى. چۈنكى بېھىش دوزاخ شۇ كىشىنىڭ قولىدا ئىدى...

ساقىلاخۇن خوجىزادىلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ، بارلىق دىققىتى بىلەن تىڭشاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قايتىپ بارغاندا چوڭ بوۋىسى توغرۇلۇق ئېيتىلغان بۇ گەپلەرنى ئاتا - ئانىلىرىغا سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىنى، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئابرۇيىنىڭ ئاشىدىغانلىقىنى ئويلاپ تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتى.

— ئەمدى مەن سىلەرگە، خوجىزادىلىرىم، چوڭ بوۋاڭلار ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭ كەلىمىلىرىدىن بىر نەچچىنى ئېيتىپ بېرەي، ئۇلۇغ پىرىمىز: «ئۆلگەن مۇرىتلىرىمىزنىڭ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، ھەممە ئۆلۈكنى تىرىل دېسەم، ھازىرلا تىرىلىدۇ. ئەمما، ئاللانىڭ كارامىتىگە توغرا كەلمەيدۇ» دەيتتى. يەنە ئۇ كىشى: «ھەرقانداق ئادەم نەغمە - ناۋا، ئويۇن - كۈلكە بىلەن بولسا، ئۇنىڭ دىلىدىكى ئاللانىڭ ئىشقى توختايدۇ، يەنى كۆيۈۋاتقان ئوتقا سۇ چاچقاندەك بولىدۇ؛ ھەرقانداق ئادەم ئۆمرىنى راھەت بىلەن ئۆتكۈزسە، ئاخىرەتنىڭ راھىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ؛ ھەرقانداق ئادەم ئۆيىدىن، بالا - چاقىسىدىن، دۇنيانىڭ راھىتىدىن دىلىنى ئۈزۈپ، يىغلاپ، يۈرىكىنى كاۋاپ قىلسا، ئاخىرەتتە راھەت - پاراغەتتە بولىدۇ...» دېگەن. بىر كۈنى ئۇلۇغ پىرىمىز ئۆتمۈشتىن سۆز ئېچىپ: «خالايىق ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىپ، نەپسىنى سەمرىتكەنلىكتىن ئاللاتائالا قالماقلارنى مۇسەللەت ① قىلدى. ھېلا

① مۇسەللەت — ھۆكۈمدار، خوجايىن.

كۇخان ① دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت بولۇپ، خالايىقنى ئۇر ـ چاپ قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، خانىۋەيران قىلىپ، كۆرگەن راھىتىنى بۇرنىدىن چىقاردى. نەجمىدىن كۇبرا ② زامانىسىدە، ھىلاكۇخان ئەسكەر باشلاپ كېلىپ نەجمىدىن كۇبرا باشلىق يەتمىش مىڭ كىشىنى قەتل قىلىۋەتتى. سەۋەب نىمە؟ سەۋەب شۇكى، ئۇلار ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىپ، بىپەرۋا بولۇپ كەتكەنىدى. نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمى بويۇنتاۋلىق قىلىپ، ئىمانى سۇسلاشقانلىقتىن، خۇدا ئۇلارنى توپان سۈيىگە باستۇرۇۋەتتى ئەمەسمۇ؟! . . . » دېگەن. ھەزرىتى ئاپاق خوجام يەنە بىر كۈنى: « مېنىڭ زامانەمدە، دۇنيادىكى ئەسھابلەردىن مېنىڭ ئەسھابلىرىم ياخشى. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەسھابلىرىگە: « مېنىڭ ئەسھابلىرىم يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. يۇلتۇزمۇ ئىزىسىپ قالغان ئادەمگە يول كۆرسىتىدۇ » دېگەنىكەن. مېنىڭ مۇرىتلىرىم، ماڭا ئەگەشكۈچىلەر بولسا، خۇدا تەرىپىدىن يول تاپقۇچىلاردۇر. مېنى ئىنكار قىلغۇچىلار، ماڭا ئەگەشمىگەنلەر مۇناپىقلاردۇر. چۈنكى، شەرىئەت مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمى بولسا، تەرىقەت ئاللانىڭ ھۆكمىدۇر » دېگەن . . . — دېدى.

شۇ چاغدا گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان بۇ بىر نەچچە ئۆيلۈك ئادەملەرنى پېشىن نامىزىغا چاقىرغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ساقىلاخۇن ساۋاقنى توختىتىپ ھويلىغا چىقتى. ئۇنى قورۇ خىزمەتكارى توختىتىپ:

— قوشناچىم ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن، قەشقەر تەرەپتىن قىزلىرى كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى.

---

① ھىلاكۇخان — چىڭگىزخان ئەۋلادى بولۇپ، 1256 — 1265 ـ يىللاردا ئىران ۋە ئىراقتا پادىشاھ بولغان، باغداتنى ئىشغال قىلغاندا يەتمىش ـ سەكسەن مىڭ ئادەمنى قىرىپ تاشلىغان.

② نەجمىدىن كۇبرا — سوپىلىقنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى، كۇبراۋىيلىق تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى.

⁕ ⁕ ⁕

ساقىلاخۇن ئىلگىرى ـ كېيىن كۆرمىگەن ۋە كۈتمىگەن ئەدەن قېچىر بىلەن ساۋۇت ياتاقىنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ بەرگەن سالد. مىنى قاپىقىنى ئانچە ئاچماي، سىپايىلىك بىلەن ئىلىك ئالدى. شۇ ئارىدا ھويلىغا چىققان ياقۇتخان: «ۋاي، جېنىم ئاتا، سىلىشىمۇ كۆرىمەنكەنغۇ» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ، ساقىلاخۇننىڭ بوينىغا ئېسىلدى.

شۇ ياشقا كىرگۈچە مىڭ خىل قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئۆز دەۋرىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن قايغۇسىدا گۆشى قېچىپ، قامىتى ئېگىلگەن بۇ ئادەمنىڭ يۈرەك ـ باغرىمۇ، تارمۇشتەك قوللىرىغا ئوخشاش قېتىپ كەتكەنىدى. بىراق، يالغۇز پەرزەنتى ياقۇتخاننىڭ باللىق مېھرى يۈرەك ـ باغرىنى تەۋرىتىپ، ئۇلتۇرۇشقان كۆزلىرىنى نەمدەتتى.

— تىنچ ـ ئامان كەلدىڭىزمۇ، بالام؟ — دېدى بىر ھازاغىچە قىزىنى قۇچاقلاپ تۇرغاندىن كېيىن.

— ئۆزلىرى ياخشى تۇردىلىمۇ؟ سىلەرنى ساق ـ سالامەت كۆرگىنىمگە مىڭ قەتلە شۈكۈر، — دېدى ياقۇتخان.

— يۈرۈڭ، قىزىم، ئۆيگە كىرىلى.

بۇ چاغدا بېدىيان قۇشناچ مانتا تۈگۈپ، تالدىن توقۇلغان جىمىلغا قويۇۋاتاتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ئەدەن قېچىرلارنى ئۆيگە باشلىماي كىرىپ كەلگىنىنى خوپ كۆرمىگەن ئەلپازدا:

— مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىماي، ھويلىدا قويۇپ قويغانلىرى نېمىسى؟ — دېدى.

— ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىر پەس مەشەدە تۇرايلى دەپ ئۇنىمىدى، — دەپ يالغان ئېيتتى ساقىلاخۇن. ئاندىن قىزىغا قاراپ، — سىزنى قىزىم، كىچىك ئاپىڭىز مېنىڭدىنمۇ ئوشۇق سېغىنىپ كەتتى، —

دېدى .

— سېغىنمايچۇ ، ياقۇتخېنىم مەرھۇم ئاچام بىلەن ئىككىمىزنى تەڭ ئېمىپ چوڭ بولغان قىز تۇرسا .

بېدىيان قۇشناچ قولىنى سۇرتۇپ ، ياقۇتخاننىڭ ئۆزلىرىگە ئەكەلگەن سوۋغا ـ سالاملىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە خوتەن ئەتلىسىدىن تارتىپ ھىندىستاننىڭ قارىمۇچىغىچە ، شاپتۇل قېقىدىن تارتىپ ئانار شەربىتىگىچە بولغان ھەر خىل نەرسىلەر بار ئىدى .

— مۇنۇلارنى ئۆزلىرىگە ئەكەپتۇ ، — دېدى قۇشناچ يوغان كەشمىر ياغلىقتا ئورالغان مەللەرەڭ تون ، ئاق شايىدىن تىكىلگەن يەكتەك ، قارا دۇخاۋىدىن تىكىلىپ ، چۆرىسىگە ئاق يىپەكتىن پەۋاز تۇتۇلغان ئۇچىلۇق كۇلاھ ، قىزىل جىيەكلىك بار سەللىلىك داكا ۋە كۆندىن تىكىلگەن مەسە ـ كالاچلارنى كۆرسەتتى . بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ خۇشال بولغان ساقىلاخۇن :

— شۇنچە يىراق يەردىن يوقلاپ كەلگىنىڭىزمۇ يېتەتتىغۇ ، قىزىم ، تازىمۇ جۇۋاپ كېتىپسىز ، — دېدى . ئاندىن يەگا تەرەپتىكى ساندۇق ئۈستىدە تۇرغان نەرسىلەرگە كۆزى چۈشۈپ ، — ئاۋۇ ئوراقلىق تۇرغان نەرسىلەر نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— بۇلارنى ئەدەنباي ئاكام بەردى ، — دەپ جاۋاب بەردى قۇشناچ .

— ئەدەنباي ؟ — دەۋەتتى ھەيران بولغان ساقىلاخۇن ، — ئۇ نەنىڭ ئادىمى ؟

— ئۇ كىشىنى ھېلىلا ھويلىدا كۆردىلىغۇ ؟ — دېدى قۇشناچ . ئاندىن ئەدەن قېچىر توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ ، سوۋغا ـ سالاملىرىنى كۆرسەتتى .

ساقىلاخۇن ھە دېگەندە خوتۇننىڭ گەپلىرىگە ئانچە ئىشەنمىگەندەك قىلسىمۇ ، لېكىن سوۋغا ـ سالاملارنى كۆرگەندىن كېيىن : « بۇنىڭ راستىلا تۇغقىنىنى ئوخشىمامدۇ . بولمىسا شۇنچە نەرسىلەرنى بېرەمدۇ ؟ . . . » دەپ ئويلىدى . ھەتتا سوۋغىلارنىڭ ئىچىدە ۋالىلداپ تۇرغان بىر تىزىق ھېقىقنى ئېلىپ : « بۇنى ئەخمەت خوجىغا سوۋغا قىلسام بولغۇدەك » دېگەن خىيالغىمۇ كەلدى . ئۇنىڭ باياتىن بېرى كۆزىنىڭ ئاسمىنىدەك تۇتۇلۇپ تۇرغان چىرايى بىردىن ئېچىلىپ كەتتى ـ دە :

ـــ مەن چىقىپ مېھمانلارغا قاراي ، سىلەر تاماقنى تېزلىتىڭلار ، ـــ دەۋەتتى .

ئادەتتە ساقىلاخۇنغا ئوخشاش رىزقى ـ نېسىۋىسى خەقلەرنىڭ ئۆيلىرىگە چېچىلىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ قازىنى ئانچە كۆپ قايىنمايدۇ . شۇ سەۋەبتىنمۇ بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئاياللىرى ئىزا ـ تاماققا بوشراق كېلىدۇ . ئەمما ، باشقىلار بەرگەن تاماقلارنىڭ تەمىنى پىشۇرغان كىشىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بىلىدۇ . بۇنى ساقىلاخۇندەك تالاي ئاخۇن ۋە خوجىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ ، ئۇلارنىڭ داستىخىنىدا ئولتۇرغان ئەدەن قېچىر ياخشى بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇ ساقىلاخۇن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا نانىنى كۆپرەك يەپ ، قورسىقىنى تويدۇرۇشنىڭ كويىدا بولدى . ھەتتا ساۋۇت ياتتاققىمۇ مەسلىھەت بېرىپ :

ـــ نومۇس قىلماي قورساقنى چىڭدىۋال . ھازىر ئاتلىنىپ كەتسەك ، كەچتە نەدە يېتىپ ، نېمە يېيىشىمىزنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ ، ـــ دېدى .

ساقىلاخۇن بولسا : « قۇشناچىم مانتا پىشۇرۇۋاتىدۇ » دېمەكچى بولۇپ يالتىيىپ قالدى . ھەتتا ئۇ : « ناننىڭ ئېشىپ قالغىنىدىن مانتىنىڭ ئېشىپ قالغىنى ياخشى » دېگەن ئويغا كەلدى .

— شۇنداق قىلىپ ، سامساق سوپۇمنىڭ ئوغلى بولمەن دېسىلە ، — دېدى بىر چاغدا سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — رەھمەتلىك ئاق كۆڭۈل ، تەقۋادار ، ياخشى ئادەم بولىدىغان . تەرىقەت يولىدا كۆپلىگەن رىيازەتلەرنى چېكىپ ، ئاخىر ھەق ۋىسالىغا مۇيەسسەر بوپتۇ . . .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئەدەن قېچىر ھەيران بولۇپ ، ساقىلاخۇننىڭ سۆزىنى بۆلدى :

— ئاتامنىڭ دارىلباقىيغا رەھلەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپتىلا ـ دە .

— ھەئە ، بۇ خەۋەرنى سىلى كېلىشتىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن ئازاق سوپۇم دېگەن كىشى ئەخمەت خوجامغا ئەۋەتكەن بىر دەرۋىشتىن ئاڭلىغانىدۇق . لېكىن ، ئاللاتائالا بۇ خەۋەر كېلىشتىن ھەپتە ئىلگىرى ، ئەخمەت خوجامنىڭ چۈشىدە ئاتىلىرىنىڭ ئاق ئاتقا مىنىپ ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭ مازىرىغا كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەنىكەن .

ئەدەن قېچىر شۈككىدە بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ يادىغا دادىسى رەھمەتلىكنىڭ بۇ ئادەم توغرۇلۇق دانىيال خوجىغا سۆزلەپ بەرگەن گەپلىرى كەلدى .

ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ : « يەكەندە ئۆلگەن دادىسى ئىلىدا تۇرغان ئەخمەت خوجىنىڭ چۈشىگە ئايان بولدى » دېگەن سۆزلىرىم تەسىر قىلدى ، دەپ ئويلىغان ساقىلاخۇن يەنە سۆز قاتتى :

— ئۆزلىرىنىڭ قىزىم بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىشلىرى ، شۇ باھانىدە ئۇزۇن يىللار كۆرۈشمىگەن تۇغقانلىرى بىلەن دىدارلىششلىرىمۇ ئالدى بىلەن ئاللاتائالانىڭ ، ئۇنىڭدىن قالسا ھەزرىتى ئاپاق خوجامغا ئوخشاش ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ شاپائىتىدۇر . مەن شۇ كۈنگە قەدەر ئاتىلىرى سامساق سوپۇمنىڭ قۇشناچىمغا چوڭ ئاتا بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە ئېيتمىغانىدىم . ئەمدى ئۆزلىرى بىلەن بىللە بۇ خەۋەرنى

قۇشناچىمغا ئاگلىتىپ، تەزىيە بىلدۈرەيلى .
— ياق، ياق، — ئەدەن قىچىر ئېتىراز بىلدۈردى، — قۇشناچىمىزنى ئۆز ھالىغا قويايلى . ئۇنىڭسىزمۇ بۇ مەزلۇمنىڭ تەشۋىشلىرى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدىكەن .
شۇ ئەسنادا بىر لېگەن دۆۋىلەپ سېلىنغان مانتىنى كۆتۈرۈپ بېدىيان قۇشناچ كىرىپ كەلدى ۋە قولىدىكى لېگەننى داستىخانغا قويۇپ :
— قېنى، ئەدەنباي ئاكا، تاماقىا بېقىڭلار ! — دەپ تەكلىپ قىلدى .
ئەدەن قىچىر ساقىلاخۇنغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن لېگەنگە قول سالدى . ئۇنىڭ ئىشتىھاسى مانتىغا ئېغىز تېگىشى بىلەنلا بىر نەچچە كۈن ئاچ يۈرگەن ئادەمدەك ئېچىلىپ كەتتى . جىلىتىسى نېپىز يېيىلىپ، كىچىك - كىچىك تۈگۈلگەن بۇ پېتىر مانتا ئەدەن قىچىرغا بالا چېغىدىلا تاغىسىنىڭ ئۆيىدە يېگەن مانتىلارنى ئەسلەتتى . دادىسى رەھمەتلىكنىڭ : « بۇ كىچىك ئاناڭ ئاش - تاماقتا ئۇستا، مانتىنى قالتىس ئوخشىتىدۇ، يەنە بىر - ئىككىنى يەۋال » دېگەن سۆزلىرى يادىغا كەلدى : « دېمىسىمۇ كىچىك ئانام رەھمەتلىك قولى ئوڭلۇق ئايال ئىدى، دەپ ئويلىدى ئەدەن قىچىر، شۇ ئوڭلۇقلۇقنى مۇنۇ بېدىيانغا قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن - دە . »
ئۇ ساقىلاخۇن بىلەن لېگەنگە تارتىنىپ قول سېلىۋاتقان ساۋۇت يانتاقنى ھەيران قالدۇرۇپ، تاماقىا تۇتۇش قىلدى . چەينەك بىلەن چىنە كۆتۈرۈپ كىرگەن بېدىيان قۇشناچ قۇرۇقدىلىپ قالغان لېگەننى كۆرۈپ :
— يەنە ئازراق سېلىپ كىرەي، — دېۋىدى، ساقىلاخۇننىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ كەتتى . لېكىن، ئەدەن قىچىرنىڭ :
— رەھمەت، سىڭلىم . مانتىلىرى شۇنداق ئوخشاپتۇكى، قولۇمنى

قـوشـۇپ يـەۋەتكىلى تاس قالدىم . ھەر بىر مانتىنى يېگەندە كـىچىك ئانام رەھـمـەتـلـىـك ئېسـىـمـگە كېـلـىپ تۇردى . خۇدايىم قولـلـىرىـغا دەرد بـەرمـىسـۇن ، ــــ دېـگەن سۆزلىرى ساقىلاخۇننىڭ جىغىلدىغان يۈرىكىنى توختىتىپ ، بېديان قۇشناچىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋەتتى .

ئەدەن قېـچىرلار دىـگەر نامـىزىـنى ئوقۇپ ئاتـلـىرىـغا مىندى : « ئەمـدى قـاچـان كـۆرۈشـەرمىز ، ئەدەنباي ئاكا ؟ » دەپ كۆز ياشلىرىنى تۆككەن قۇشناچىمغا :

ــــ خـۇدا بـۇيـرۇسـا كـېـلـەر يـىـلى يەنە كېلىمەن ، كۆڭۈللىرىنى بـۇزمـىـسـىلا . ئاخۇن تاغام ئىجازەت قىلـسا ، ئۆزلـىرىـنى قەشـقەرگە ئا- پـىـرىـپ تـۇغـقـانـلـىـرى بـىـلـەن تـۇغـۇلـۇپ ئۆسـكەن مەھەللىلىرىنى كـۆرسىتىپ كېلىمەن ، ــــ ئاندىن ياقۇتخانغا قاراپ ، ــــ ئۆزلىرى ئاتىلىرى بـىـلەن كىچىك ئانىلىرىنىڭ قېشىغا ئاران كەلگەندە ، بۇلارنىڭ خىزمىتىنى قـىـلـىـپ ، دۇئاسـىـنـى ئالـسىلا . پوسكامغا بېرىپ قالسام ، چوڭ ئاپىلىرىغا سالامـلـىرىـنى يـەتكۈزۈپ ئۇ مەزلۇمنىڭ دۇئاسىنى ئالغاچ كېلىمەن ، ــــ دېدى .

ــــ بـولـمىغاندا ، بۈگۈن بىر كېچە قونۇپ كەتسىلىمۇ بولاتتى ، ــــ دېدى ساقىلاخۇن .

ــــ رەھـمـەت ، ئاخـۇن تـاغـا ، تۇججار دېگەننى ئۆزلىرى بىلىدىلا ، مېـلـىـنـى سـۇ قـىلىپ خاتىرجەم بولمىسا ، سىمابتەك مىدىرلاپ بىر جايدا تـۇرالـمـايدىغان خەق . قېنى ، تۇججار تۇغقانلىرىنىڭ سەپىرى ئوڭ ، مېلى بازارلىق بولۇشى ئۈچۈن بىر دۇئا بەرسىلە ؟

ــــ ئامـىـن ! ــــ دۇئا قىلدى ساقىلاخۇن ئۇزاققىچە ساقاللىرىنى سى- لـىـلـىـتـىپ . ئەدەن قېچىر بىلەن ساۋۇت يانتاق يۈك ئارتىلغان ئاتلىرىنى يېتىلەپ ھويلىدىن چىقتى .

## ئىككىنچى باب

ئەدەن قىچىر دانىيال خوجىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئويلىسا ، بۇنداق ئادەم ئۇچۇن بىر ئۆمۈر قۇل بولۇپ خىزمەت قىلسىمۇ ئەرزىيدۇ ، دەپ ئويلايتتى . لېكىن ، يەكەندىن ماڭىدىغان چاغدا ، ئۇ خوجىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئويلاپ ، چۈشىنىپ يەۋالغاندەك بىر قىسما بولۇپ قالغانىدى .

« سىلىگە تاپشۇرىدىغان ئىش ، ئەدەنباي » دېگەنىدى دانىيال خوجا ئۇنى ئوردىدىكى خاس ھۇجرىغا ئەكىرىپ : « ئەمىر ئەقىدەمگە ئالىدىغان بىر ئايالنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرماقچىمەن ، ئۇ مەزلۇمنى كۆز قارىچۇقلىرىدەك ئاسراپ ، ئىلىنىڭ ئېرەن قابۇرغا دېگەن يېرىدە تۇرۇۋاتقان ئاتىسى ساقلاخۇن جانابلىرىغا يەتكۈزىدىلا . ئاندىن كېيىن ياقۇپ خوجام بىلەن موللا ئىبراھىم مەشھۇرلارغا يازغان نامىلەر بىلەن سوۋغا ـ سالاملارنى بېرىدىلا . بۇياققا كېلىش چاغلىرىدا ئۆزلىرى ئېلىپ بارغان ئايال يەنە بىللە قايتىدۇ . شۇ چاغدا مەزكۇر ئايالنىڭ روھىي قۇشىنى تىرىك جانغا بىلدۈرمەي باغى جەننەتكە ئۇچۇرۇۋېتىدىلا . . . »

ئەدەن قىچىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ئوتقا كىرىپ ، سۇغا چۈشكەندىنمۇ بەتتەر ھالەتكە كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئائىلاج : « بولىدۇ ، خوجام ، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن . ھەممە ئىشلار ئۆزلىرى ئېيتقاندەك بولىدۇ » دەپ ۋەدە بەرگەنىدى .

شۇ ۋەدىسىگە بىنائەن قەشقەرگە كەلگۈچە ياقۇتخانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەلدى . بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بەشكېرەمگە چىقىپ ، ئۆتكەن سەپەر ئۆزى ئەكىلىپ ئائىلىسىگە قوشقان مامۇت ئاخۇننىڭ چوڭ ئوغلى ساۋۇت يانتاقنى ھەمراھلىققا سورىۋالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، تا ئىلىغا

كەلگۈچە ئىككىسى بىر بولۇپ، ياقۇتخاننىڭ خىزمىتىدە بولدى ۋە ئۇنىڭغا پەرىشتىدەك ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى بىر قېتىممۇ تىلغا ئالماي، ئاغچا دېسە، ئاغچا دەپ ساقلىلاخۇننىڭ ئۆيىگە ئەكەلدى.

ھازىر بولسا ئېرەن قابۇرغىدىن ئاتلىنىپ چىقىپ: «ئىلايا شۈكۈر، دانىيال خوجام تاپشۇرغان ئىشلارنىڭ، خۇدا بۇيرۇسا يېرىمىنى ئورۇندىدىم» دەپ ئويلىدى: «يەنە يېرىمى قالدى. بىراق، بۇ ھەزرىتى خوجام نىمە ئۈچۈن، تىرىك جانغا سەزدۈرمەي، بۇ خېنىمنىڭ روھىي قۇشىنى ئۈچۈرۈۋەتسىلە، دېدىكىنە؟ يا خاتا ئاڭلاپ قالدىمۇ؟ ياق، شۇنداق دېگىنى ئېنىق. ئەمىسە نىمە ئۈچۈن، بۇ ئايالنى ئەمر ئەقىدەمگە ئالىمەن، كۆز قارىچۇقلىرىدەك ساقلاپ ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزسىلە، دەيدۇ؟ يا بۇ خوجام مېنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن شۇنداق دەپ قويدىمۇ؟ خەپ، مەن ئەخمەق شۇ چاغدا: < خوپ، خوجام، ھەممىنى بەجا كەلتۈرىمەن دېگۈچە، ماڭا ئوخشاش ئەركەككە لايىق، ئۆزلىرىنىڭ دىللىرىغا ئازار بەرگەن، مەيدىسىدە تۈكى بار نوچىلاردىن بىرىنى ئېيتسىلا، خوجام، ئۇ خۇنپەرنى زېمىننىڭ تېگىدىن بولسىمۇ تېپىپ دارىلباقىيغا ئەۋەتەي > دېسەم بولمامدۇ. ئەمدى خوجامغا ۋەدە بېرىپ قويغانىدىم دەپ، تۇغقان ئانىسى يوق يېتىم، دۈمبىسىنى سىلايدىغان ئېرى يوق تۇل ئولتۇرغان بىر بىچارە مەزلۇمغا ئەركەك بېشىم بىلەن، ھېچبىر گۇناھىنى بىلمەي قانداقمۇ قەست قىلارمەن؟... ئەگەر دانىيال خوجامغا بارغاندا، ئۇ خېنىم بۇ يىلچە ئاتامنىڭ قېشىدا قىشلايمەن دەپ، بۇ ياققا كەلگىلى ئۇنىمىدى، دېسەم قانداق بولار؟!...»

ئەدەن قېچىر ئەنە شۇنداق بىر ـ بىرىگە زىت ۋە چىگىش خىياللارغا بېرىلىپ كېلىۋاتقاندا، ساۋۇت يانتاقنىڭ:

— تاغا، قايسى يول بىلەن ماڭىمىز؟ — دېگەن ئاۋازى ئۇنىڭ

بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن ئوي ـ خىياللىرىنى ئۇچۇرۇپ تاشلىدى. ئۇ سەگەكلىنىپ ئەتراپىغا نەزەر سالدى ـ دە:
ــ سول تەرەپتىكى يولغا، ــ دېدى. ئاندىن قۇرۇق خىيالدىن كۆرە ھەمراھى بىلەن گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر قىلىشىپ مېڭىشنى ئەۋزەل كۆردى بولغاي، ــ ساۋۇتباي ئۇكا، سەن بىلەن ھەمسەپەر بولغىنىمغا بىر ئايدىن ئېشىپتۇ. ھازىر بولسا ياقۇتخېنىم يوق، ئىككى ئەركەك ئوچۇق قاپتىمىز. راستىڭنى ئېيتقىنا، سېنى نېمىشقا «يانتاق» دەيدۇ؟
ساۋۇت يانتاق ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى.
ــ نومۇسچان چوكانلاردەك قىزارغىنىڭ نېمىسى؟
ئۇ تېخىمۇ ئوڭايسىزلاندى.
ــ ماڭا تىكرەك قارىغىنا، ــ دېدى ئەدەمن قېچىر ئۇنىڭ قېشىدا غىراق كېلىپ. ساۋۇت يانتاق بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلدى، ــ مۇغەمبەرلىك قىلماي گېپىمگە جاۋاب بەرگىن، بولمىسا يولدا ئۇچراشقان قالماقلارنىڭ بىرسىگە «بۇ يېتىمگە مال باققۇزۇڭلار» دەپ بېرىۋېتىمەن.
ــ بۇ قالماقلارنىڭ مېلىنى ئاتامنىڭ نەچچە يىل باققىنىنى ئاز دەپ، مېنى ئالغاچ كەلگەن بولسىلا، مەيلى بېرىۋەتسىلە، تاغا، ــ دېدى ساۋۇت يانتاق.
ــ مۇڭگۇزۇڭ ئىچىگىدىكەن، بوپتۇ، قالماقلارغىمۇ بەرمەي، ئەمدى بايىقى سوئالىمغا جاۋاب بەر.
ساۋۇت يانتاق نەپەسىنى رۇسلاپ:
ــ ماڭا بۇ «يانتاق» دېگەن لەقەم ئۆزۈم تىلىۋالغاندەك قويۇلۇپ قالغان، ــ دېدى گېپىنى باشلاپ، ــ ئاتام قالماقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندە مۇشتۇمدەك قالغان بولسام، ئۇ كىشى قايتىپ كەلگەن كۈنى ئەر يەتكەن يىگىت بوپتىمەن. ئاتام قايتىپ كەلگەندە ھەممىمىز ئۇنىڭ

چۆرىسىگە ئولىشىپ، خۇشاللىقىمىزدىن تېنىمىزگە سىغماي ئولتۇرساق، ئاتام بىزگە قاراپ: «شۇنچە يىللاردىن بېرى مەن يوق، قانداقمۇ ھايات كەچۈرگەنسىلەر؟» دېدى. مەنزە، ئانام جاۋاب بەرگۈچە ئالدىراپ: «يانتاقتەك» دەپ ساپتىمەن. ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۆيدىكىلەر مېنىڭ ئېتىمنى ئاتىماي «يانتاق» دەيدىغان بولۇۋالدى.

— لەقىمىڭ ياخشىكەن، جۇما، — دېدى ئەدەن قېچىر، — ئۇ گىياھنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر بولغاچقا، قانغۇدەك سۇ ئىچمىسىمۇ، چۆلنىڭ ئىسسىقى بىلەن سوغۇقىغا چىداپ ئۆسۈۋېرىدۇ، جېنى پۇختا. بىر چاغلاردا مەنمۇ ئاشۇ يانتاقتەك ھايات كەچۈرگەن.

ئۇلار كۈن ئولتۇرغان مەزگىلدە سۈيى شىرىلداپ ئېقىۋاتقان، ئوت - چۆپى مول جىلغىغا كەلدى.

— ساۋۇتباي، — دېدى ئەدەن قېچىر، — مۇشۇ جىلغىنىڭ چۆپىمۇ، سۈيىمۇ تۈزۈكتەك كۆرۈنىدۇ. مەشەدە قونۇپ ساقلاخۇننىڭ ئۆيىدە يېگەن مانتىنى سىڭدۈرمەيلىما.

— ماقۇل.

ئۇلار بىر پەستىلا يۈك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ، يولدىن يىراق بىر جايغا ئورۇنلاشتى. ئاتلىرىنى بولسا كىچىككىنە سوۋۇسۇن دەپ، بىر - بىرىگە چېتىشتۇرۇپ باغلىۋەتتى. يۈك - تاقنىڭ بىر قىسمىنى يېيىپ، تەرەت ئېلىپ شام نامىزىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

شۇ چاغدا يېقىنلا بىر يەردىن بوم، لېكىن ناھايىتى مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ئېيتىلغان ناخشا ئاڭلاندى:

پەلەكنىڭ چاقى ئۆرگەلدى،
جاھاننى ئالدى خۇنتاجى.

خۇدانىڭ تەقدىرى شۇنداق،
ئاتام قالماق بىلەن ناجى.

«ئەجەب مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىدىغان ئادەمكىنا بۇ» دەپ ئويلىدى ئەدەن قېچىر. ساۋۇت يانتاق بولسا: «يېقىن ئەتراپتا مەھەللە بارمىكىنا» دېگەن خىيالغا كەلدى. ناخشا يەنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى:

قالماق بالىسى ئەكە،
ئوينايدۇ پىچاق ـ كەكە.
بىز ئوخشاش مۇساپىرغا،
باشپاناھ سامان كەپە.

كۆپ ئۆتمەي جىرانىڭ قىرغىقىدا ناخشىچى ئادەمنىڭمۇ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ ئۇستىگە تاغار ئارتىلغان بىر ئېشەكنى ھەيدەپ جىلغىغا چۈشتى. ئەدەن قېچىر نامىزىنى تۈگىتىپ، بايىقى ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ سالام بەردى.

ــ ۋەئەلەيكۇم، ــ ناخشا ئېيتقان ئادەم، كۈتۈلمىگەن يەردە ئۇچرىشىپ قالغان ئۇستىۋېشى پۈتۈن، ساقال ـ بۇرۇتى تاراشلانغان، سالاپەتلىك بۇ ئادەمنى كۆرۈپ ئەيمىنىپ قالدى. ئۇنىڭغىچە ساۋۇت يانتاقمۇ كېلىپ سالام بەردى. ناخشىچى ئادەم پالۋان قامەت بۇ يىگىتنى كۆرۈپ سەل ھودۇقتى.

ــ ئاۋازلىرى ئەجەب بەلەنكەن، ــ دېدى ئەدەن قېچىر، ــ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ نامىزىمنى چالا ـ بۇلا ئوقۇپ تۈگەتتىم، دېسىلە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناخشىچى ئادەم: «ھە، بۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن يولۇمنى توسۇپ ئالدىمغا كەلگەنىكەن ـ دە» دېگەن ئويغا كېلىپ:

ــ كەچۈرسىلە، خوجام، ھەرقايسىلىرىنىڭ بۇ جىلغىدا ناماز ئو-

قۇۋاتقانلىقلىرىنى بىلمەيتمەن ، ـــ دېدى .

بوي - تۇرقى پاكار ، ئۆزى ئورۇق كەلگەن ناخشىچىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىققاندەك بىلىندى .

ـــ بەللى ، مۇنۇ خوجامنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭلىمۇ ، ساۋۇتباي ؟ ـــ دەپ كۈلۈپ كەتتى ئەدەم قېچىر ، ئاندىن ئۆزىگە گۇمان بىلەن قاراپ تۇرغان ناخشىچىنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ يېقىنچىلىق بىلدۈردى ، ـــ ماۋۇ ساۋۇتباينى بىلمەيمەن ، لېكىن ماڭا ئېيتقان ناخشىلىرى قالتىس تەسىر قىلدى . ناخشىلىرىنى ناماز ئۈستىدە ئاڭلىسامىمۇ ، كۆڭلۈم تېرەك بويى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ، ئۆزلىرى ئەسلىدىن نەدىن بولىدىلا ؟

ـــ ئۇچتۇرپاندىن .

ـــ قەيىرىدىن ؟

ـــ شەھەرنىڭ ئۆزىدىن .

ـــ ئىسمىلىرى كىم بولىدۇ ؟

ـــ ئەسلى ئەزان چىللاپ قويغان ئېتىم ئوبۇلقاسىم ، لېكىن هازىر ھەممەيلەن قاسىم نەيچى دەپ ئاتىشىدۇ .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار بىردەمدىلا بىنەم ئۇنىدەك ئۆزلىشىپ كەتتى . قاسىم نەيچى ئۇلارنىڭ يۈك - تاقى چۇشۇرۇلگەن يەرگە ئېشىكنى ئەكىلىپ ، ئۈستىدىكى تاغارنى چۈشۈردى . ئاندىن ئۆپچۆرىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ ، ئەدەم قېچىرغا مۇراجىئەت قىلدى :

ـــ ئوت ياقماپسىلەرغۇ ؟

ـــ توڭغۇدەك سوغۇق ئەمەسقۇ .

ـــ بەللى ، ئوت دېگەننى توڭغاندىلا يېقىپ ، باشقا چاغدا ياقمامدۇ ؟ تۇججارلارنى پىششىق بولىدۇ دەپ ئاڭلايتتىم ، راست ئوخشىمامدۇ ، ـــ دېدى قاسىم نەيچى ، ـــ بۇنداق ئايدالىدا قونغان

ئادەملەرچۇ ، خوجام ، ئوت يېقىپ ، ئازراق داغ سۇ بولسىمۇ قاينىتىپ ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرسا سۆھبەت قىزىيدۇ ئەمەسمۇ .

ــ بۇنى ئويلىماپتىمىز ، ــ ئىقرار بولدى ئەدەن قېچىر .

ــ ئەمىسە ، ئۆزلىرى يۈك ـ تاقلارغا قاراپ تۇرسىلا ، بىز ماۋۇ پالۋان يىگىت بىلەن ئوتۇن تېپىپ كېلەيلى .

بىر پەستىن كېيىن جىلغا ئىچىگە ئوت يېقىلىپ چۆگۈن ئېسىلدى . بايا ، ئەدەن قېچىرلارنى كۆرگەندە ئەيمىنىپ قالغان قاسىم نەيچى يالغۇز ناخشىنىڭلا ئەمەس ، گەپنىڭمۇ مېغىزىنى چاقىدىغان ئادەم ئىكەن .

ــ شۇنىڭ بىلەن قارىسىلا ، ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ ، ــ ئانام ئاغرىپ قالسا بولىدۇ . ئاتام بىچارە : « ئاغرىق دېگەن تەننىڭ زاكىتى ، بالام . ئاناڭغا هاردۇق يەتكەن ئوخشايدۇ ، بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن ئوڭلىنىپ قالار ، سەن كېلىن بىلەن ئىشىڭنى قىلىۋەر » دېدى . خوپ ، دەپ شۇ كۈنىلا ئېتىزغا كەتتۇق . ئەتىسى قوشنىمىزنىڭ بالىسى : « سىلەرنى ئىلدام كەلسۇن دەۋاتىدۇ » دەپ چاقىرىپ كەلدى . ئۇچقان قۇشتەك يېتىپ كەلدۇق . ئىلايا شۈكۈر ، ئاپام بار ئىكەن . لېكىن ، ئۇنىڭ ئاغزى بىلەن كۆزى بىر تەرەپكە تارتىشىپ كېتىپتۇ . ئاتامنىڭ ئېيتىشىچە ، بىز كەتكەندىن بۇيان بىر قوشۇقمۇ ئۇسسۇلۇق ئىچمەپتۇ : « ئاناڭغا جىن تەگكەندەك قىلىدۇ دېدى ئاتام : « ئەخمەت باخشىنى چاقىرىپ كەلسەك بولغۇدەك . خەقلەر مۇشۇنداق كېسەللەرنى شۇ باخشىلا ساقايتالايدۇ ، دېيىشىدۇ » دېدى . ماقۇل دەپ ئەخمەت باخشىنى باشلاپ كەلدىم . ئۇ ئانامنى كۆرۈپلا : « بۇ مەزلۇم نان يېقىۋاتقاندا لاخشىگىرنى بىسمىللا دېمەي تۇتۇپتۇ . شۇ چاغدا ئاچچىقى كەلگەن ئۇزۇن چاچلىق ئالۋاستى سىلكىۋەتكەچكە ، لاخشىگىر تۇتقان قولى تۇتماس ، تونۇرغا تايانغان پۇتى باسماس بولۇپ قالغان . بۇنداق كېسەلگە پەقەت ئازنا كۈنى كەچتىلا پىر

ئويىنىتىش كېرەك » دېدى. ماقۇل دەپ ئازنا كۈنى پىر ئويناتتۇق. ئەخمەت باخشى « يەتتە كۈنگىچە ئېدەر سېلىپ قويۇڭلار، ھېچكىم كىرمىسۇن » دېدى. ئۇنىمۇ قىلدۇق. بىراق ئانام ساقايمىدى، كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋەردى. بەزىلەر: « ئەردەۋىلدە بىر قەسىدىخان بار ئىكەن. ئەگەر ئۇ بىر سائەت قەسىدە ئوقۇسا، ساق ئادەم ساراڭ بولۇپ، ساراڭ ئادەم ئوڭ بولىدىكەن، شۇ كىشىگە ئوقۇتۇۋەتسەڭلار سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ » دېيىشتى. ئالدىغا ئالاھىدە ئۇلاغ ئاپىرىپ، ئاتا مىننەت، توقا سۈننەت بىلەن ئۇ قەسىدىخاننىمۇ ئەكەلدىم، قارىسىلا. ئۇ كىشى مۇنۇ يانلىرىدا ئولتۇرغان ساۋۇتبايدەك قامەتلىك، ئەمما بېلىق كۆز ئادەم ئىكەن. ئۇ ئانامنى كۆرۈپ: « سىلەرنى ئەخمەت باخشى ئالداپ كېتىپتۇ. بۇ مەزلۇمغا ئالۋاستى ئەمەس، بەلكى باغدات تەرەپتىن كەلگەن جىنلار تېگىپتۇ. بىر قەسىدىنى يەتتە قېتىم قايتۇرۇپ ئوقۇسام، ئانىڭىز يەتتە كۈن، يەتتە سائەتتە ساقىيىپ كېتىدۇ » دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ: « ۋاي، تەقسىر، ئۆزلىرى رازى بولغۇدەك خىزمەتلىرىدە بولىمىز » دەپ، ھېلىقى قەسىدىخانغا ئوقۇتتۇق. خوتۇنۇم تۇغسا، ئۇستىخىنى قاتقۇچە شورپا قىلىپ بېرەرمەن دەپ، بىر پاقلان بېقىپ يۈرگەنىدىم، ھېلىقى قەسىدىخانغا شۇنى يېتىلىتىپ قويدۇم، ئانام بىچارە يەنىلا ساقىيالمىدى، — قاسىم نەيچى چوڭقۇر تىنىپ، بىر ھازاغىچە مۈكىلىنىپ ئولتۇردى ـ دە، ئەدەن قېچىرغا قاراپ، — مۇشۇ بىز خەقنىڭ ئىچىدە ئۆلىپنى تاياق دەيدىغان، باشقىلارغا ئەقىل ئۆگىتىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر نېمىشقا جىق؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنى نېمە سەۋەبتىن سوراۋاتىدىلا؟ — دېدى ئەدەن قېچىر.

— ئۇنداق دېگىنىم، ئانام بىچارىنىڭ ئاغرىقى ساقايماي سوزۇلۋەرگەنسېرى، ئادەملەرنىڭ بۇنداق ئاغرىققا پالانى دورا پايدا قىلىدۇ،

پـوكـۆنى كوكاتنى قاينىتىپ ئىچسە ساقىيىدۇ ياكى چۆچۆكبۇيا بىلەن ئۇ-چۇقـداڭلار دىـگەنگە ئوخشاش ھەر خىل گەپلىرى ئارامىمىزنى قويمىدى. ئاتـام بـىچارىمۇ قولتۇق تايىقىغا يۆلىنىپ: « پالانى مۇنداق دىگەن، شۇنى قىـلىپ كۆرەيلى » دەپ تۇرۇۋالدۇ. باش قاتقاندا ئۇ دىگەن دورىنىمۇ، بۇ دىگـەن دورىـنىمۇ قىلىپ كۆردۇق، ھىچقايسىسى شىپالىق بولمىدى. ئانام بـىچارە كـۈنـدىـن ـ كۈنگە ناچارلىششقا بـاشـلـىـدى. ئاتام بـولـسـا ئۈمـىـدسـىـزلـىـنىپ: « ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، كۈنۈم نىمە بـولار ؟ خـۇدايـىم دىـڭـگوكلاپ يـۈرگـەن مىنى كۆرمەي، گۆسمەستەك يۈرگەن ئاناڭنى ئەكىتەرمۇ ؟ » دىسە، ياش دىگەن تۆكۈلۈپ كىتەتتى.

بـىر كۈنى، ئەردەۋىلدە تۇرىدىغان كىچىك دادىمىز كەلدى. ئۇ ئا-دەم كـەشـىنى كىيگەندىمۇ بىسمىللانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان تەقۋادار ئادەم ئىـدى. ئۆزى قـايىسىدۇر بىر ئىشاننىڭ ۋەخپە يەرلىرىدە ئىشلەيدىغان ئادەملـەرنـى بـاشـقـۇراتـتـى. شـۇ كـىچىك دادىمىز ئانامنى كۆرۈپلا، ئاتام ئىككىمىزگە:

ــ يـەڭـگـەمنى نىمىشقا « سوۋۇتقۇ » مازارغا ئاپىرىپ سۈيىنى ئىچ-كـۈزۈپ، ئۆزىـنـى چۆمـۈلدۈرمىدىڭلار ؟ ــ دەپ كايىپ كەتتى. ئاندىن كـىيىن بۇ « سوۋۇتقۇ » مازارنىڭ خاسىيەتلىرىنى تەرىپلەپ، ــ بىلەمسى-لـەر، پـەيـغـەمـبـەر ئەلـەيـھـىـسـسالام ھەزرىتى ئەلىنى ئاتەشپەرەسلەرنىڭ شـەھـىـرىگە بىرىشقا ئەمر قىلغاندا، ئۇ كىشى ئىككى شاھزادە ۋە بىر نەچچە سـاھابـىزادىلەرنى ① ئەگەشتۈرۈپ، مۇشۇ شەھەرگە كەلگەن ۋە بىر بۇلاق قـىـشـىـغا چۈشۈپ، دۇلدۇللىرىنى ئۇنىڭ يىنىدىكى سۆگەتكە باغلاپ سو-ۋۇتـقـان. بـىـراق، بـۇ بۇلاقتا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرمانى بويىچە

① ساھابىزادىلەر ــ ساھابىلەرنىڭ بالىلىرى.

تۇپلانغان يىلانلار ياشايدىكەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ بۇلاقنى ئۇ يەردىكى خەلق «ئەينۇل سەئبان»① دەپ ئاتىشىدىكەن. بۇنى كۆرگەن ھەزرىتى ئەلى: «ئەي، سەئبانلار! بۇلاقتىن ئۆزۈڭلارنى بىر تەرەپكە ئېلىڭلار! بۇ يەرگە ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرىنىڭ بارگاھىنى تىكىمىز!» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە يىلانلار مەزكۇر بۇلاقتىن كۆچۈپ كېتىپتۇ. لېكىن، بۇلاقنىڭ سۈيىدە ئۇلارنىڭ ئاچچىق زەھەرلىرى قاپتۇ. ھەزرىتى ئەلى بىلەن كەلگەن شاھزادىلەر بۇلاققا تۈكۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۈيى شېرىن ۋە تاتلىق بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەر «سۈۋۈتقۇ مازار» دەپ ئاتىلىپ قالغان، — دەپ كېلىپ، — مۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدىكەنا، تۆگە مىنىپ، تۆگە ئىزدىگەندەك، يېنىڭلاردا شۇنداق خاسىيەتلىك مازارنىڭ سۈيى تۇرۇپ، يەڭگەمنى شۇ يەرگە ئاپارماي، باشقا دورا-دەرمەكلەرنى قىپسىلەر. سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلارنى ئاللاتائالامۇ راۋا كۆرمەيدۇ، — دېدى. شۇنداق قىلىپ قارىسىلا، شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئانام بىچارىنى ئاتام ئىككىيلەن ئېشەك ھارۋىغا سېلىپ «سۈۋۈتقۇ» مازارغا ئېلىپ باردۇق. بىراق، بۇ مۇقەددەس مازار خوجامغا بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا، ئانام شورلۇق ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

قاسىم نەيچى ئېغىر خورسىنىپ، ئۇھ تارتتى. ئارىغا بىر دەقىقە جىمجىتلىق چۈشتى. چۈشەپ قويغان ئاتلارنىڭ كارتىلداپ ئوتلىشى بىلەن ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ شىرىلدىشى ئوچۇق ئاڭلىناتتى.

— ئازراق ئوتۇن سېلىۋەتكىن، — دېدى ئەدەن قېچىر ساۋۇت يانتاققا، ئاندىن ھېجىرغا چاي قۇيۇپ قاسىم نەيچىگە سۇندى، — چاي ئىچسىلە، بۇ دۇنيا دېگەندە مەڭگۈ تۇرىدىغان ئادەم بالىسى يوق. رىزقى-نېسىۋىسى تۈگىگەن كۈنى روسۇلىللامۇ دارىلباقىيغا رەھلەت قىلغان.

① ئەينۇل سەئبان — يىلانلار بۇلىقى دېگەن مەنىدە.

— ئۇغۇ شۇنداققۇ، — دېدى قاسىم نەيچى، — بىراق ھەر ئىشنىڭ يولى بار - دە، خەير شۇنداق قىلىپ قارىسىلا، مېنىڭ بۇ ياقلارغا كېلىپ قېلىشىمغا ئەنە شۇ ئانام بىچارىنىڭ ئۆلۈمى سەۋەب بولدى، دېسىلە.

— قانداقلارچە؟

— ھە، بەللى، ھازىر مەن سىلىگە شۇنى دەپ بېرىمەن.

— ئانامنى دەپنە قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى كەلپىندە تۇرىدىغان ئاچام يېتىپ كەلدى. ئىككىمىز يىغلاپ - قاقشاپ يەنە ھازا قىلىشتۇق. شۇ چاغدا: «بىچارە ئانامنى < سۇۋۇتقۇ مازار > غا نېمىشقىمۇ ئاپارغاندىمەن؟ نېمىشقىمۇ ئۇنىڭ سۆيىنى زورلاپ ئىچكۈزۈپ، چۆمۈلدۈرگەندىمەن؟» دەپ ساپتىمەن. مېنىڭ بۇ گېپىمنى ھەقەمسايىلەرنىڭ بىرسى: «ئاسىم توكۇرنىڭ بالىسى < سۇۋۇتقۇ مازىرى > غا تىل تەگكۈزدى» دەپ شەھەرنىڭ قازىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئۇ ئادەم بۇنى ئاڭلاپ شۇ ھامان چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ، باردىم. قازىنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ: «بىلمەي دەپ ساپتىمەن، تەۋۋا قىلدىم، تەۋۋا قىلغان بەندىسىنىڭ گۇناھىنى ئاللامۇ كەچۈرىدىغۇ، كەچۈرۈۋەتسىلە» دەپ يالۋۇردۇم. بىراق، قازى ئاخۇنۇمنىڭ يۈرىكى تاشتىنمۇ قاتتىق ئىكەن، ئۇنىمىدى: «ھازىر خوجاشبەگكە خەۋەر قىلىمەن. سەن بەتبەختنى < غۇلچا گەدەنكەش > قىلىپ، ئىلىدىكى قالماقلارنىڭ قولىغا ئەۋەتىۋېتىمەن» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە يالۋۇردۇم: «ئانام ئۆلگەنگە ئەمدى ئۈچ كۈن بولدى، تەقسىر. ئاتام بولسا قېرى، بىر پۇتى يوق. بىر قېتىمغا رەھىم قىلسىلا، خىزمەتلىرىدە بولۇپ، گۇناھىمنى يۇياي» دېدىم. بىر چاغدا خۇدا ئىنساپ بەردىمۇ: «بوپتۇ، ئاناڭنىڭ يەتتىسى ئۆتكەندىن كېيىن كەلگىن» دەپ، قويۇپ بەردى. ئىلايا شۈكۈر دەپ ئۆيگە كەلسەم،

ئۈچتىكى قاراخاننىڭ قولىدا ئىشلەيدىغان بالىسىنى ھەر يىلى بىر قېتىم يوقلاپ كېلىدىغان ۋە شۇ باھانىدە ئاتامدىن يۈگەن، قۇشقۇن، ئۇلاڭغا ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى ئالىدىغان قالماق تونۇشىمىز ئولتۇرۇپتۇ. ئاتام بىچارىگە قازى ئاخۇنۇم ئېيتقان گەپلەرنى دەپ بېرىۋېدىم: «ئاناڭدىن تېخى بۇرناكۈن ئايرىلدىم، ئەمدى سېنىڭدىن ئايرىلدىكەنمەن ـ دە» دەپ يىغلىۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ ھېلىقى قالماق تونۇشىمىز: «سەن كۆكشىن، بالاڭدىن غەم قىلىپ يىغلىما. مەن بۇ بالاڭنى ئىلىغا ئاپىرىپ، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇراي. بىر سىيىر بېرىسەن، بالاڭ شۇ يەردە بىر ـ ئىككى يىل تۇرۇپ كۆرسۇن. كۆڭلىگە ياقسا تۇرۇپ قالار، ياقمىسا ئۆزۈم ئەكىلىپ قويىمەن. ئەگەر < غۇلچا > بولۇپ ئۇياققا بارسا، ئۆمۈر بويى ئۇيەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ چاكىرى بولۇپ ئۆتىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن قارىسىلا، رىزقىمىز مۇشۇ يەرلەرگە چېچىلغانىكەن، ئىلىلىق بولۇپ قالدۇق. بۇ يىل ئۈچ يىلدەك بولدى، ئاتامنىمۇ ئەكىلىۋالدىم.

— باللارمۇ باردۇ؟

— بولمامدىغان، بىر ئېتەك توشىدۇ، دېسىلە.

— قاسىم نەيچى دېگەنلىرىگە قارىغاندا، نەيمۇ چالىدىغان ئوخشىمامىلا.

— ئۇنى ئىلىغا كەلگەندە ئاتامدىن ئۆگىنىۋالدىم. قالماقلارنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن چاتىقى يوق خەق ئىكەن، — دېدى ئۇ. ئاندىن ئەدەن قېچىردىن سورىدى، — ئۆزلىرى نەگە مېڭىشتىلا؟

— تېكەس تەرەپكە.

— تولا ئوبدان بوپتۇ. ئۇياقلارمۇ ناھايىتى بەلەن يەرلەر، — قاسىم نەيچى ئورنىدىن تۇردى، — ئەمىسە ئارام ئېلىشسىلا، مۇنۇ پالۋان

يـىـگـىـت ئـىككى قېتىم ئەسنىۋەتتى . ئەمما ، ئەتىگەنلىك ناشتىنى بىزنىڭ ئۆيدە قىلىپ كېتىشىدىلا .

ئەدەن قـېـچىر ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشلىقىنى ، بارىدىغان مەنزىلىنىڭ يـىـراقـلـىـقـىنى ئېيتىپ ، ئۆزرىخاھلىق بىلدۈردى . بىراق ، قاسىم نەيچىمۇ بوش كەلمىدى .

— ئەمـىـسـە ھەرقـايـىـسـلىرى خاتىرجەم يېتىپ دەم ئالسىلا . ماۋۇ تـاغـاردا بۈگۈن كەچتە سويغان قوينىڭ گۆشى بار ، شۇنىڭغا بولسىمۇ ئېـغـىـز تـەگكۈزەي ، — ئۇ ئەدەن قېچىرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇنىماي ، تاغاردىن تـېـرـىـگـە ئورالـغان گۆشلەرنى ئالدى ۋە ئېرىقتىكى سۇدا يۇيۇپ چېلەككە سالدى ، ئاندىن بېسىقىپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى قايتىدىن تۇتاشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە قويدى .

— بـىـكار ئاۋارە بولۇپلا ، — دېدى ئۇنىڭ مېھاندوستلۇقىدىن ھەم خىجالەت ھەم مىننەتدار بولغان ئەدەن قېچىر ، — قورساقمۇ ئاچمىغانىدى .

— ئۇنـداق دېـمـىسىلە ، خوجام . بىزگە قارىغاندا تۇق ئىكەنلىكلىرىنى ئېـيـتـمـىسىلىمۇ بىلىمەن . لېكىن ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز « ئۆيدىن بىر كـۈنـلـۈك يـىـراققا كەتكەن ئادەم مۇساپىر » دەيدۇ ئەمەسمۇ ، مۇنۇ پالۋان يىگىت ئىككىڭلار بىزنىڭ يۇرتقا مۇساپىر بولىسىلەر . قانداق دېدىم ؟

— مېـنـىـڭ ئۇيـقـۇمنى ماۋۇ ئادەم قاچۇرۇۋەتتى . ساۋۇتباي ، — دېـدى ئەدەن قـېـچىر قاسىم نەيچىنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ ، — سەن بولـساڭمۇ كىچىككىنە ئۇخلىۋالغىن .

— بارىكاللا ، بۇ گەپلىرى قاملاشتى .

ئۇلار چـېـلـەكـتـىـكـى گـۆش ۋايىگە يېتىپ پىشقۇچە پاراڭلىشىپ ئولـتۇردى . بۇ جەرياندا قاسىم نەيچى بۇ تەۋەدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ، بولۇپمۇ قالماق بايلارنىڭ قولىدا مالاي بولۇپ يۈرگەن « چاكار

چوكانلار » بىلەن « غۇلچا گەدەنكەشلەر » نىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى، ئۇلارنىڭ قالماقلار ئارىسىدا مالغا ئوخشاش سېتىلىپ، قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرىدىغانلىقىنى ئېچىنغان هالدا سۆزلەپ بەردى ۋە:

— بۇنداق ئىشلار، ئاتامنىڭ ئېيتىشىچە، ئاپاق خوجامنىڭ زامانىسىدىلا باشلانغانىكەن. ئارىلىقتا بىر ئاز ۋاقىت توختاپ، دانىيال خوجام دېگەن كىشى خان بولغاندىن كېيىن يەنە شۇ ئىشنى باشلاپتۇ، دەپ ئاڭلايمىز. بۇنىڭدىن خەۋەرلىرى بارمۇ؟

— ياق، ئۇنداق گەپنى ئاڭلىمىدىم.

— بەلكى ئەپقاچتى گەپتۇ. هەر هالدا قەشقەرىيىگە خان بولۇپ، شەهەر سوراۋاتقان خوجىلارنىڭ قالماقلارغا مال ـ دۇنيا، ئالتۇن ـ كۈمۈش بەرگىنىنى ئاز دەپ، خوتۇن ـ قىزلارنى « چاكار چوكان » دەپ، ئەر خەقلەرنى « غۇلچا » دەپ ئەكىلىپ بەرگىنى توغرا ئەمەس ـ دە. بۇنداق ئىشلارنىڭ سورىقى بۇ ئالەمدە بولمىسا، ئۇ ئالەمگە بارغاندا چوقۇم بولىدۇ، دېسىلە. شۇ چاغدا بۇ خوجىلار نېمە دەپ جاۋاب بېرەر ـ هە؟ ياكى ئالالاتائالا بۇ خوجىلارنى سوئال ـ سوراقىقا تارتماسمۇ؟

— بۇنداق ئىشلارنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى، شۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان كىشىلەر بىلمىسە، بىزگە ئوخشاش پۇقرالار نەدىن بىلىمىز، — دېدى ئەدەن قېچىر ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا. بىراق، ئاتامنىڭ ئېيتىشىچە ـ ئۇ ئادەم هازىر ياشىنىپ قالدى، بىزدەك چاغلىرىدا نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ، كۆپلىگەن ئۆلىما ئادەملەر بىلەن هەمسۆهبەتتە بولغانىكەن — قەشقەرىيە خەلقىگە مۇشۇ بالايىئاپەتلەرنى ئەكەلگەنلەر ئاشۇ خوجىلار ئىمىش. قالماقلارنى شۇ ياقلارغا باشلاپ بارغانلارمۇ، ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دەپ ئىككىگە بۆلۈپ، ئاۋامنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزغانلارمۇ شۇ خوجىلار ئىمىش.

خۇدايىتائالا بۇنداق ئادەملەرنى بۇ دۇنيادا جازالىمىسا، ئاخىرەتكە بارغاندا چوقۇم دوزاخقا سالارمىش.

ئەدەن قىپچىرنىڭ ئۆزىمۇ بىر چاغلاردا، مۇشۇنداق مۇلاھىزىلەرگە بېرىلىپ كېتەتتى. ئەمما، قانائەتلەنگۈدەك بىرەر خۇلاسىگە كېلەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ قاسىم نەيچىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ: «بۇ ئادەممۇ ماڭا ئوخشاش جاۋابى يوق ئوي - پىكىرلەرگە مۇپتىلا بوپتۇ» دېگەن ئويغا كەلدى.

- دە، پاراڭنىڭ مەزمۇنىنى يۆتكەشنى قارار قىلدى.

- راستلا، قالماق ناچىمىزنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتىمەن دەيدىلا، چېلەكتىكى گۆشنى شۇلار بەرمىگەندۇ؟

- ئەستاغپۇرۇللا، ما ئادەمنىڭ گېپىنى؟ بىرىشنى شۇلار بەردى. بىراق، قوينىڭ پۇتىنى باغلاپ، بېشىنى قىبلىگە قارىتىپ، بىسمىللانى ئوقۇپ بوغۇزلىغان، گۆشنى ئۇلگە - ئۇگىسى بويىچە پارچىلىغان ئادەم ئۆزۈم. قالماقلار ئارىسىدا يۈرسەكمۇ، خوجام، ھالال - ھارامنى پەرق قىلىمىز. گۇمان قىلمىسىلا، - قاسىم نەيچى ئازراق رەنجىگەندەك جاۋاب بەردى.

- ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىسىلا، ئۆزلىرىگە چاقچاق قىلاي دەپ شۇ گەپنى قىلىۋىدىم، - دېدى ئەدەن قىپچىر ئۆزىنى ئاقلاپ.

- قانداقراق، پىششىپتىما، سۇزەيمۇ؟ - دېدى قاسىم نەيچى بىر پارچە گۆشنى ئەدەن قىپچىرغا بەرگەندىن كېيىن.

- سۇزسىلە، مەررە بولۇپ كېتىپتۇ.

- ماۋۇ پالۋان يىگىتنى قانداق قىلىمىز؟

- ئۇنى ئويغاتمايلى، كېيىن يەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ يولۇچىلار ئىلى ۋادىسىنى كۆزىتىش-

ـﯟاتـقـانـدەك چوقچىيىپ تۇرغان ئـابـرال تېغىنىڭ ئۈستىدىكى ئاسمان سۈزۈلگەندە بىر ـ بىرى بىلەن خوشلاشتى.

※ ※ ※

ئايشە بېگىم ياقۇپ خوجىنى كۆرگەن چاغدىلا ئۇنىڭ رايىچە بولۇپ، قېيناتا ۋە قېينانىلىرىنى ئەسكە ئالاتتى. باشقا ۋاقىتلاردا قازان ـ ئوچىقىنى بۆلۈپ، يېڭىدىن ئۆي تۇتقان كېلىندەك ياكى بۇغداي خامىنىدا يالغۇز دانلاپ يۈرگەن چۈجە ـ مېكىياندەك قاقاقلاپ يۈرەتتى.

ياقۇپ خوجا بولسا، ئاتىسى دانىيال خوجا قەشقەرىيىگە خان بولۇپ ماڭغاندا شۇنچىلىك خۇشال بولغانىدىكى، يۇك ـ تاقلار ئۇلاغلارغا ئارتىلماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلى يەكەنگە يېتىپ بارغانىدى. بىراق، سۇ ئىچكىلى بارغان ئادەمنى دەريانىڭ قىرغىقىدىن ياندۇرۇۋەتكەنگە ئوخشاش، چىۋاڭ رابدان خۇنتەيجىنىڭ ئۇنى كۆچتىن ئايرىپ، يۇك ـ تاقى بىلەن قوبىغا قايتۇرۇۋېتىشى ئىنتايىن ئەلەم قىلغانىدى: «ئامال قانچە، قازاننىڭ قۇلىقىنى قەيەردىن چىقىرىش قازانچىنىڭ ئىختىيارىدا بولغاندەك، هازىر كىمنى نېمە قىلىش، كىمنى كىمدىن ئايرىۋېتىش مۇشۇ جۇڭغار هۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىختىيارىدا. هوقۇقمۇ، بايلىقمۇ مۇشۇلارنىڭ قولىدا» دەپ تىت ـ تىت بولۇپ يۈردى. ئىلاجسىزلىقتىن ئۆكۈنۈپ، بېشىغا كەلگەن قىسمەتكە كۆنۈكۈپ، كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

ئۇ قوبىغا كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دادىسىنىڭ: «هېچقانداق چۈشكۈنلۈككە بېرىلمەڭ بالام. هازىرچە سىزدىن ئايرىلىپ يىراق كەتسەكمۇ، پىكىر ـ خىيالىمىز سىلەردە. ۋاقتىڭىزنى بوشقا ئۆتكۈزمەي، مۇتالىئە قىلىڭ. بۇنداق چاغلاردا ئالىم ـ پازىللارنىڭ كىتابلىرى مەدەت ۋە سەۋر بېرىدۇ» دېگەن گەپلىرىنى يادىغا ئالدى ـ دە، تېخىچە يېشىلمەي تۇرغان يۈكلىرىنى چۇۋۇپ، كىتابلىرىنى ئالدى.

سىرتى بۇلغاردىن مۇقاۋىلانغان بۇ چوڭ ـ كىچىك ۋە قېلىن ـ نېپىز كىتابلارنىڭ ئىچىدە، قۇرئان كەرىمدىن تارتىپ ئىسلام ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن يېزىلغان تەپسىرلەر، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ھەدىسلەر، شۇنىڭدەك ھىدايەتۇللا ئىشان جۇڭغار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەرىيىگە باستۇرۇپ كىرگەندە، چوڭ ئاكىسى شۇئەيب خوجا بىلەن يەكەندىكى خانلىق كۇتۇپخانىدىن ئېلىپ كەلگەن تارىخىي، ئەدەبىي كىتابلار بار ئىدى.

ياقۇپ خوجا بوش ۋاقىتلىرىنى ئەنە شۇ كىتابلارنى ئوقۇپ، ئۆز زامانىسىنىڭ ئەللامىلىرى تەرىپىدىن ئالغا سۈرۈلگەن، تەرغىب قىلىنغان ئوي ـ پىكىرلەر بىلەن تونۇشتى. بەزى كۈنلىرى تالا ـ تۈزگىمۇ چىقمايتتى. ئۇنىڭ قېشىغا ھەر كۈنى بىر نەچچە قېتىم ئايشە بېگىم كىرىپ، ئوغلى سادىق خوجىنىڭ كەپسىزلىكلىرىنى، بۈگۈن ياكى ئۆتكەن كېچە كۆرگەن چۈشلىرىنى ياكى خىزمەتكار ئاياللاردىن ئاڭلىغان گەپ ـ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. مۇشۇ يېقىندىن بېرى بولسا، بۇنداق گەپلەرنىڭ ئورنىغا، ئاپىسى ئەۋەتكەن خىزمەتكار ئايال ـــ مۇبارەك خېنىمنىڭ يەكەن تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن گەپ ـ سۆزلىرىنى تولىراق دەيدىغان بولدى. ياقۇپ خوجا ئۇنىڭ ئېيتقان گەپ ـ سۆزلىرىدە كۆڭۈل بۆلگۈدەك، ئەھمىيىتى بار بىرەر مۇھىم نەرسىنى ئۇچراتمىسىمۇ، لېكىن ئايشە بېگىمنىڭ مەيىن ئاۋازىغا، ھەر بىر سۆزىگە زوقلىنىپ، تىڭشىغاندەك بولاتتى.

بۈگۈن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، موم شامنىڭ يورۇقىدا كىتاب كۆرۈشكە ئولتۇرغان ياقۇپ خوجامغا مۇراجىئەت قىلىپ:

ـــ سىلى ھازىر ئۇخلىمامدىلا؟ ـــ دېدى.

ـــ ياق، بىر ئاز كىتاب ئوقۇيمەن.

ــــ ئەمـــسـە ، مەن مۇبارەك ئاچام بىلەن باللارنىڭ قېشىغا چىقىپ كـەتـتـىم ، ــــ ئايـىشـە بـېـگـىم ئىشىكنى ئاستا يېپىپ چىقتى . ياقۇپ خوجا ئوچـۇق تـۇرغـان كـىـتابنىڭ بېتىگە ئېڭىشىپ ، كەلگەن يېرىدىن ئوقۇشقا بـاشلىدى : « بىر ئـادالـەتـســىـز پادىشاھ تەقۋادار كىشىدىن سورىدى : < خۇداغا قايسى ئىبادەتنى قىلغان ياخشى ؟> تەقۋادار جاۋاب بەردى : < سـاڭـا چـۈشـكـىچە ئۇخلاش ھەممە ئىبادەتلەردىن ياخشى . چۈنكى ، ئۇ چاغقىچىلىك ، خەلق سېنىڭ ئازابىڭدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ > .

بــىـر دەرۋىــش قاقاس بىر يەردە تەنھا ئولتۇراتتى . بىر پادىشاھ ئۇ-نـىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى . دەرۋىش ئۆزۈمگە ئۆزۈم پادىشاھ ، ھېچكىمگە بـېـقىنمايمەن ، دېگەن قانائەت بىلەن بېشىنى كۆتۈرمىدى . پادىشاھ بولسا ، مـەن دېـگـەن سـەلـتـەنـەت ــــ ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى كىشى تۇرسام ، بۇ دەرۋىش قاراپمۇ قويمىدى دەپ خاپا بولۇپ : < جەندە كىيگەن بۇ نېمىلەر خـۇددى ھايـۋانـغـا ئوخـشـايدۇ . ئۇلاردا ئادەمگەرچىلىك پەزىلىتى يوق > دېــدى . ۋەزىـر دەرۋىـشـنـىـڭ قـېـشـىـغـا كـېـلـىــپ : < ھوي ، مـەرد كــىـشــى ، يـەر - زېـمـىـنـنىڭ سۇلتانى يېنىڭدىن ئۆتسە ، نېمىشقا ئورنۇڭ-دىــن تـۇرۇپ تـەزىـم قـىـلـمـايـسـەن ، نـېـمىشقا ئەدەپ - قائىدىلەرنى بەجا كـەلـتۈرمەيسەن ؟ > دەپ سورىدى . دەرۋىش مـۇنــداق جاۋاب بەردى : < پـادىـشاھقا ئېيت ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشنى كىم ئۈمىد قـىـلسا ، شۇ كىشىدىن خۇشامەت كۈتسۇن . يەنە شۇنى بىلىپ قويسۇنكى ، پادىشاھ دېگەن پۇقرانى ساقلاش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، پۇقرالار ھەرگــىـز پادىشاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس !> دەرۋىشنىڭ سۆزى قـاتتىق تەسىر قىلغان پادىشاھ : <مەندىن نېمىنى خالىساڭ شۇنى سورا > دېـدى . دەرۋىــش دېدى : < مەن سەندىن شۇنى سورايمەنكى ، مېنى ئىك-كىنچى بىئارام قىلمىساڭ > . پادىشاھ دېدى : < ماڭا بىر پەند - نەسىھەت

قىلساڭچۇ ؟> دەرۋىش دېدى:

<بۈگۈنلا بار قولدا بايلىق، بىل غەنىيمەت،
قولدىن - قولغا ئۆتۈپ تۇرار مۈلكى - دۆلەت > ① »

شۇ چاغدا ئالدىراپ ئۆيگە كىرگەن ئايشە بېگىم ياقۇپ خوجىنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى:

— يەكەندىن مېھمانلار كەلدى.

— يەكەندىن ؟ — ياقۇپ خوجا ئورنىدىن ئىرغىپ دېگۈدەك تۇرۇپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— پەرىجىلىرىنى كىيىۋالسىلا، يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، — دېدى ئايشە بېگىم ۋە قوزۇقتا تۇرغان ئۇزۇن پەرىجىسىنى ئېلىپ بەردى. بېشىغا پاختىلىق تەقىيىسىنى كىيگۈزدى.

يامغۇر خېلىلا ئىتتىك يېغىۋاتاتتى. ياقۇپ خوجا ھويلىنىڭ دالدا يېرىدە يېنىپ تۇرغان چىراغ يورۇقىدا ئەدەن قېچىرنىڭ: « مۇنۇ يۈكلەرنى كېلىن ئاغچىنىڭ قولىغا تاپشۇرسىلا » دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدى ۋە دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ سالاملاشتى.

— تىنچ تۇردىلىمۇ، خوجام، — دېدى ئەدەن قېچىر ۋە ھۆل قولى بىلەن كۆرۈشكىنى ئۈچۈن خىجىل بولۇپ، — خۇددى بىزنى تاغدىن چۈشۈۋالسۇن دېگەندەك، چىغلىق سايغا كەلگىنىمىزدە يېغىپ كەتتى بۇ يامغۇر، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئۇلار تىنچ - ئامانلىق سورىشىپ ئۆيگە كىرىشتى.

① شەيخ سەئدى شىرازىنىڭ « گۈلىستان » ناملىق كىتابىدىكى ھېكايەتلەر.

## ئۈچىنچى باب

جۇڭغار خانلىقىنىڭ كېڭىيىشۋاتقان تەسىرىنى توسۇش ئۈچۈن ، چىڭ خاندانلىقى جۇڭغارلارغا قارشى بىر قانچە قېتىم قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى . شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ، جۇڭغار خۇنتەيجىلىرىگە ئارقىمۇ ئارقىدىن ئەلچىلەر ئەۋەتىپ ، ئۇلارنىڭ ئىتائەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى . لېكىن ، جۇڭغار خۇنتەيجىلىرى بۇ خىل تەكلىپلەرگە ئېتىبارسىز قاراپ ، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەيتتى ۋە لازىم تېپىلغاندا ئۇلار بىلەن ھەربىي توقۇنۇشلارنىمۇ قىلاتتى . بۇنداق ھەرىكەتلىرىدىن نەتىجە چىقىرالمىغان چىڭ خاندانلىقى ، ئاخىر قوشۇن تارتىپ جۇڭغارلارنى تىنىمسىز قوغلاپ چىقاردى . ئەمدى قازاق خانلىرىنىڭ جۇڭغارلارغا ھۇجۇم قىلىش خەۋپى تۇغۇلدى .

مۇشۇنداق ئەھۋالدا قالغان جۇڭغار خۇنتەيجىسى چىۋاڭ رابدان ، چاررۇسسىيە پادىشاھىغا بويسۇنۇپ ، ئۇنىڭ پۇقرالىقىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ، بۇرۇكۇرخان دېگەن كىشى باشلىق ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ماڭغۇزدى . چاررۇسسىيە پادىشاھىمۇ بۇ مەسىلىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن ، جۇڭغار خانلىقىغا ئۇنكوۋسكىي باشلىق ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى . لېكىن ، شۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كاڭشى خان ئۆلۈپ ، جۇڭغارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە بىر مەزگىل جىمجىتلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى . چىۋاڭ رابدان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاررۇسسىيە پادىشاھىغا تەۋە بولۇش نىيىتىدىن يالتىيىپ ، قازاقلارنىڭ « ئۇلۇغ جۈز » ① دېگەن يېرىگە ھۇجۇم قىلىپ بىر مۇنچە يېرىنى ئىشغال

① يەتتە سۇ ، تالاس ، سىر ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەر ۋە خەلقنى كۆرسىتىدۇ .

قىلىۋالدى. بۇ غەلبە جۇڭغار خانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىگە قارام بولغان يەرلەردىن ئېلىنىدىغان سېلىقلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە كۆپ پايدا كەلتۈردى. ئۇلار قانغا بويالغان قازاق دالالىرىدىن نەچچە مىڭلىغان ئادەم، نەچچە ئون مىڭلىغان چارۋا مالنى ئولجىغا ئېلىشتى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياكى ئۆزلىرى قازاق دالالىرىدا چاپقۇنچىلىق ئۇۋرۇشلار بىلەن بەند بولۇۋاتقاچقىمۇ ۋە ياكى بۇرۇندىن ئۆزىگە قارام بولۇۋاتقان يەرلەردە بىرەر توپىلاڭنىڭ بولماسلىقىنى نەزەردە تۇتتىمۇ، ئىشقىلىپ چىۋاڭ رابدان خۇنتەيجى غەربىي دىيارنى باشقۇرۇشتىكى سىياسىتىنى بىر ئاز يۇمشاتقانىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل يۇمشاق سىياستى، داندارنى قەشقەرىيىگە ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىغان ئامبۇنلارنى خىزمىتىدىن ئېلىۋېتىشتە ۋە باشقا ئامبۇنلارنىڭ دانىيال خوجام بىلەن بار مەسىلىھەت ئىش قىلىشنى تاپشۇرۇشىدا، شۇنىڭدەك ئىلى تەۋەسىدە گۆرۋدە تۇرۇۋاتقان خوجىلارنىڭ قەشقەرىيىدىن ۋە ئىلىنىڭ ئۆزىدىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىكى چەكلىمىلەرنى ئېلىۋېتىشىدە ئىپادىسىنى تاپقانىدى.

چىۋاڭ رابداننىڭ يازلىق ئوردىسى ئۆزى بىلەن بىللە ئىشغال قىلىنغان يەرلىرىدە كۆچۈپ يۈرگەچكە، ئىلىدىكى تۇراقلىق ئوردىسىدا مەلۇم ساندىكى ئىش باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلىرىلا قالغانىدى.

※ ※ ※

ئەدەن قىچىر ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن كۈنى ياغقان ياغمۇر ئىككى كۈنگىچە توختىمىدى. شۇڭا، ياقۇپ خوجا بىلەن شۇ چاغقىچە بىرەر قېتىم سۆھبەتلىشىپ كۆرمىگەن ئەدەن قىچىرغا گەپلىشىش ئۈچۈن تازىمۇ كەڭ پۇرسەت تۇغۇلغانىدى.

يېشى ئوتتۇزنىڭ ئۈستىگە چىققان، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى دادىسىغا

ئوخشاش ئۆستۈرۈۋالغان ، ئاق يۈزلۈك ، قارىقاش ، دوقاماڭلاي كەلگەن ياقۇپ خوجا ئەدەن قىچىردا ياخشى تەسىرات قالدۇردى . ھەتتا ئۇ : « بۇ خوجىزادە بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ دېگەندەك ، ئاتىسى دانىيال خوجىدىن پاراسەتلىكرەكمۇ نېمە ؟ » دېگەن ئويغىمۇ كەلدى .

بۈگۈن يامغۇر توختاپ ، ئاسمان ئېچىلىپ كەتتى . ئۇلار ئەتىگەنلىك چايلىرىنى ئىچىشىپ ، دەريا بويىغا كېلىشتى . ئەتراپ خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان كۆلنىڭ نۇرىدا تاۋلىنىپ كۆرۈنەتتى . دەريانىڭ سۈزۈلۈپ قالغان سۈيى بەزەن ئۆركەشلەپ ، بەزەن چايقىلىپ ئاقاتتى . ھەر بىر ئۆركەشلىگەندە ، چايقالغاندا پەيدا بولغان چوڭ ـ كىچىك دولقۇنلار كۆلنىڭ شولىسىدا يالتىراپ ، جۇلالىنىپ كېتەتتى .

ــ مانا ، مەيەردە ئولتۇرسىلا ، ــ دېدى ياقۇپ خوجا كۆتۈرۈپ كەلگەن پوستەكلەرنىڭ بىرسىنى يوغان تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ، ئاندىن ئەدەن قىچىرنىڭ دادىسى سامساق سوپىنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمى توغرۇلۇق ئېيتىپ بەرگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ، ــ بايىقى گەپلىرىگە قارىغاندا ، ئاتامنىڭ ئۇياقتىكى پائالىيىتىدە خېلى ئۆزگىرىشلەر بارئىكەن ـ دە ، ــ دېدى .

ــ بولىمامدىغان . ھازىر ھەممىلا يەردىكى خەلقلەر دانىيال خوجام قىلىغان ئىشلارنى ماختىشىۋاتىدۇ ، ــ دېدى ئەدەن قىچىر ، ــ ئاپاق خوجامغا مۇخلىس بولغان بىر مۇنچە ئادەملەر : « مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس » دېگەندەك ، دانىيال خوجام بىر قانچە يىل قالماقلارنىڭ قولىدا تۆلەكتە تۇرغاچقا ، خەقنىڭ قەدرىگە يېتىپتۇ » دېيىشىۋاتىدۇ .

ياقۇپ خوجا بىر پەس جىم تۇردى ـ دە ، ئۇنىڭ گېپىنى قوللىدى .

ــ خەلق ھەممە ئىشىمىزنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، خەلققە پا-
سىبان بولۇشنى خالىغان ئادەملەر ئالدى بىلەن ئۆزلىرى دىنىي ئىسلامنى
ھىمايە قىلىشى ، شەرىئەت قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىپ ، ئاندىن ئۇلارغا توغرا
يول كۆرسىتىشى لازىم . ئۆزلىرى ماڭمايدىغان يولغا باشقىلارنى
ماڭغۇزۇپ ، خارۇزار قىلماسلىقى كېرەك . ۋەھالەنكى ، بىزنىڭ دىيارىمىز-
دىكى پېشۋالار بىلەن خوجا ــ ئىشانلار ، مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ رىيازەت
چېكىپ ، تائەت ــ ئىبادەت قىلىشىنى بار كۈچى بىلەن تەرغىب قىلىشى-
دىيۇ ، ئەمما ئۆزلىرى ئۇنداق قىلمايدۇ . مەسىلەن ، ئاپاق خوجامنى
ئالايلى ، ئۇ كىشى ھەزرىتى روسۇلىللانىڭ : « مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا قېرىنداش . بىر ــ بىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە بىر ــ بىرىنى تاشلىۋەتمەيدۇ .
كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا ، ئاللاتائالا ئۇنىڭ
ھاجىتىدىن چىقىدۇ » ① دېگەن سۆزلىرىگە ئەمەل قىلماي ، ئۆزىنىڭ
شەخسىي ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن بۇتپەرەسلەرنى دىيارىمىزغا باشلاپ
كەلدى ــ دە ، مىڭلىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى قىرىپ تاشلىدى .

ــ شۇنى دېسىلە ، ــ ئەدەن قېچىر ئۇنىڭ سۆزىگە بىردىن
قوشۇلدى ، ــ بەندىچىلىكتە ئۇنداقمۇ ، بۇنداقمۇ دەيدىكەنمىز ، بېراق پې-
شانىمىزگە يېزىلغان نەرسىلەردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن . بولمىسا
رەھمەتلىك ئاپاق خوجام جانابلىرى قالماقلار شەھىرىگە بېرىپ ئاۋارە
بولماي ، ئەزىزانە قەشقەردە ئۆزىنىڭ مۇرىت ــ مۇخلىسلىرى بىلەن ئىستى-
قامەت قىلىۋەرگەن بولسا ، بۈگۈنكىدەك پاراكەندىچىلىكلەرمۇ بولماس
ئىدى .

ــ بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا . لېكىن ، ئاپاق خوجا جانابلىرىنىڭ
مەزكۇر خاتاسىنى ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر ئۆلگە قىلماسلىقى لازىم ئىدى .
ئۇلار ئاپاق خوجامدىن كېيىن ئىتتىپاقلىشىشنىڭ ئورنىغا ، يەنىلا بىر ــ بىر-

① « سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى » ، 116 ــ ، 117 ــ بەتلەر .

رىگە تىغ كۆتۈرۈپ، تالاي يىللارنى قان تۆكۈش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئەگەر ئۇلار خەلقىمىزنى «ئىشقىيە»، «ئىسھاقىيە» دەپ ئىككىگە بۆلۈۋەتمەي بىرلەشكەن بولسا، جۇڭغارلارمۇ ئىككىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، تاجاۋۇز قىلغان ھالەتتىمۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايتتى. جۇڭغارلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىغا «ئىشقىيە» لىكلەر قارشىلىق بىلدۈرسىمۇ، لېكىن «ئىسھاقىيە» خوجىلىرى مۇرەسسەچىلىك يولىنى تۇتتى. يەنى ئاپاق خوجا باشلىق «ئىشقىيە» خوجىلىرى بىرىنچى قېتىم ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، جۇڭغارلارنى باشلاپ كەلگەن بولسا، ئىككىنچى قېتىم «ئىسھاقىيە» خوجىلىرى قارشىلىقسىز تەسلىم بولدى.

— بۇ گەپلىرىگە چۈشىنەلمىدىم، خوجام؟ — دېدى ئەدەن قېچىر، — شۇ چاغدا دانىيال خوجام ھەززەتلىرى سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنمۇ؟

— سەۋەنلىك دېگەن ھەتتا پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئۆتكەن، ئەدەنباي ئاكا، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ، — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم «ئىشقىيە» خوجىلىرى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكنى «ئىسھاقىيە» خوجىلىرى تەكرارلىماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇلار ۋەتەن، مىللەت ئۈستىگە پاجىئە كېلىۋاتقاندا، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئاداۋەتلىرى بىلەن مەسلەك ـ مۇددىئالىرىنى ئۇنتۇپ، ئۆزئارا بىرلىششى لازىم ئىدى. مەن بۇ مۇلاھىزىلىرىمنى ئاتامغىمۇ ئېيتقان. لېكىن، ئۇ كىشى يا توغرا، يا خاتا دەپ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىدى.

ئەدەن قېچىر تەسلىكتە سىڭىدىغان تاماق يەۋالغان ئادەمدەك تېڭىرقاپ قالدى.

ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى ئۆزىچە چۈشەنگەن ياقۇپ خوجا:

— سىلىدىن، ئەدەنباي ئاكا، بىر سوئال سورايمۇ؟ — دېدى.

— سورىسلا، خوجام، بىلىدىغانلا بولسام جاۋاب بېرىمەن.

— ئېيتايلۇق، سىلىنىڭ ئۆيلىرىگە غەيرىي بىر ئادەم كىرىۋېلىپ، ئۇنى قىل، بۇنى قىل! ئۇنى ئەكەلگىن، بۇنى ئەكەلگىن، دەپ خوجايىنلىق قىلسا، خۇش بولاملا ياكى خاپا بولاملا؟

— خۇدايىم ئۇنداق كۈننى هارام قىلسۇن دېسىلە، خوجام، مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ خۇمسىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، كۆتىگە مىڭ بىرنى تەپمەمدىغان.

— توغرا جاۋاب بەردىلە. ئەپسۇسكى، ۋەتىنىمىزنىڭ هازىرقى ئەهۋالى ئەنە شۇنداق. يەنى هەزرىتى ئاپاق خوجام چىللاپ كەلگەن جۇڭغارلار بىزنىڭ زېمىنىمىزنى خالىغانچە ئىگىلەپ تۇرۇپتۇ. بىز بولساق، سىلى دېگەندەك، ئۇلارنىڭ كۆتىگە تېپىپ قوغلىۋېتىشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتىمىز.

ئەدەم قېچىر ئويلىنىپ قالدى. ئۇ شۇ كۈنگە قەدەر جۇڭغار ئەمەلدار ۋە لەشكەرلىرىنى قارغاپ، تىللاپ يۈرگىنى بىلەن ئۇلارنى قوغلىۋېتىش هەققىدە بىرەر قېتىممۇ ئويلاپ كۆرمىگەنىدى. هەتتا قەشقەرنىڭ خان بولۇپ تەختتە ئولتۇرغان دانىيال خوجامدىنمۇ، شۇنچە كۆپ مۇلاقەتتە بولسىمۇ، مۇشۇنداق مەزمۇندىكى بىرەر ئېغىز سۆزنى ئاڭلىمىغانىدى: « مۇنۇ قالماق خۇنتەيجىسى ئادەم تونۇيدىغان نېمە ئوخشىمامدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ياقۇپ خوجىنى ئاتىسىدىن ئايرىۋېلىپ قاپتىكەن — دە » دېگەن ئويغا كەلگەن ئەدەم قېچىر:

— بۇ ئويلىرىنى، خوجام، باشقا ئادەملەرگە دەپ سالمىسىلا، — دېدى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، — هېلىقى يۈزى ياپىلاق خۇنتەيجىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمىسۇن.

ئەلۋەتتە، — ياقۇپ خوجا كۈلۈۋەتتى، — لېكىن بالدۇر تەگرى-

تېغىنىڭ شىمالىغا، كېيىن جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلىپ ئورۇنلىشىۋالغان بۇ كۆچمەن قەبىلىلەرنى قوغلاپ چىقىرىش خىيالى يالغۇز مېنىڭلا ئەمەس، مۇشۇ دىياردا ياشاۋاتقان ھەممە مۇسۇلمانلاردا، ھەتتا «ئىشقىيە» مەزھىپىگە مەنسۇپ خوجىلاردىمۇ بار. بىراق، بىزنىڭ بۇ خىيالىمىز ھازىرچە مۇشكۇل بولسىمۇ، كېيىن ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

— ئىلاھىم، ئېيتقانلىرى كەلسۇن، خوجام، — دېدى ئەدەن قېچىر كەم يەرلىرى تولۇپ كەتكەندەك، — بۇنداق ئىشلارغا ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئالىم ئادەملەر يول كۆرسەتسە، ماڭا ئوخشاش مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تىجارەتچى، دېھقان، كاسىپ - ھۈنەرۋەنلەر جان دەپ قوشۇلىدۇ، دېسىلە. ھازىر ئۇ بىچارىلەرنىڭ تاپقان - تەرگىنى مۇشۇ قالماقلارغا تۆلىنىدىغان ئالۋاڭ - سېلىقتىن ئاشمايۋاتىدۇ. بىر يەكەن شەھىرىدىن ئېلىنىدىغان باج - سېلىق يۈز مىڭ تەڭگىگە يېتىدىكەن. شۇڭا، ئۇ يەردىكى ھەر بىر ئائىلە ھەپتىسىگە بىر توپ خام ياكى بىر قوي تېرىسى تۆلەيدىكەن. شۇڭا، بۇ بىچارە خەقنىڭ تاپقان - تەرگىنى ئالۋان - ياساق، باجغا كېتىپ، ئۆزلىرىگە ھېچنېمە قالمايدىكەن، — ئۇ گېپىنىڭ مۇشۇ يېرىگە كەلگەندە يەكەندىكى قۇناخۇن باپكارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى سۆزلەپ، — بىچارە باپكارنىڭ ئەمدى ئون ياشتىن ئاشقان قىزىنى «چاكار چوكانلار» نى تۇتىدىغان ھويلىغا ئەكەتكەنىكەن. دانىيال خوجامنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇ يەردىن بوشىتىپ، ئۆيىگە ئەكىلىپ قويدۇم، — دېدى.

«ئاتام ئاپاق خوجامغا ئوخشاش ئادەملەرنى < چاكار چوكان >، < غۇلچا گەدەنكەش > دېگەن ئەيىب بىلەن نەزەربەند قىلىپ، جۇڭغارلارغا سېلىق ئورنىدا تۇتۇپ بېرىشكە جۈرئەت قىلدىمىكىنا؟» دەپ

ئويـلىدى ياقۇپ خوجا. چۈنكى، ئۇ بۇ خىل نام بىلەن ئەيىبلەنگەن ئادەم-لـەرنـىـڭ جـۇڭغارلار ئارىسىدىكى ئىغىر قىسمەتلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلار ئۆز خـوجـايـىنلىرىنىڭ ئالدىدا خارلىنىپ ئۆتەتتى. بەزىلىرى بىشىغا كـەلـگـەن ئىـغـىـر كـۈنلەرگە بەرداشلىق بىرەلمەي ئىگىز خادا تاشلاردىن ئۆزىـنـى يەرگە ئاتاتتى. بەزىلىرى بوغۇزلاپ ئاققان تاغ سۇلىرىغا، ئىلى، كـۈنـەس ۋە قـاش دەريـالـىرىغا ئۆزىنى تاشلاپ خورلۇق بىلەن ئاچلىقتىن مەڭگۈ قۇتۇلاتتى. بەزىلىرى ئۆز خوجايىنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، باشقا ياقلارغا قىچىپ كىتەتتى.

«ئاتـامـىـنىڭ ئاغزىدىن يامانلىققا ياخشىلىق قىلغىن، شۇنداق قىلـ-سـاڭ، سـەن بـىـلـەن ئاداۋەتتە بولغان ئادەم دوستۇڭغا ئايلىنىدۇ، دىگەن سـۆزلـەر پات ـ پات چىقىپ تۇراتتى. ئەجەب شۇ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلالمـ-غـان بـولـسـا ـ هە، ئۇ بىچارىلەر بىلىپ ـ بىلمەي شەرىئەت دەستۇرلىرىنى بـۇزۇپ قـويـغـان بولسا، تووۋا ـ ئىستىغپار ئـوقـۇتـۇپ قويىۋەتسە بولماـ-دىـكـىـنـا؟...» ياقۇپ خوجىنىڭ بۇ ئويلىرىنى ئۆينىڭ ئالدىدىكى چوڭ يـولـدىـن دۈپۈرلـىتـىـپ يىلقا هەيدەپ كىتىۋاتقان جۇڭغارلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى بىلەن ئەدەن قىچىرنىڭ:

— خوجام، بۇ نىمە ئالامەت؟ — دىگەن سۆزلىرى بۇزۇۋەتتى.

ئۇلار ئورۇنـلـىرىـدىن تۇرۇپ، يولنىڭ ياقىسىغا يىتىپ كەلگەندە، يىـلـقا هەيدىگەن ئادەملەر خىلى ئۇزاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يـۈكـلـۈك ئاتلارنـى يـىـتـىلىگەن بىر نەچچە ئادەم يىتىپ كەلدى. ئۇزايىغا قـارىـغاندا، بۇ ئادەملەرنىڭ خىلى ئۇزۇن يوللارنى بىسىپ كىلىۋاتقانلىقىنى بـايـقـىـغـىـلـى بـولاتـتـى. ئۇلارنـىـڭ ئارىـسىدا بىشىنى ئاق ياغلىق بىلەن ئوريـۋالـغـان ئىككى ئايال ۋە چوققىسىغا ئۆكەر قادىغان تۇماق كىيىۋالغان بـىـر قـىـز بـالـىـمۇ بـار ئىدى. بۇلارنىڭ قىياق كۆزلىرى بىلەن يۈزىنىڭ

قۇرۇلۇشى جۇگغار ئاياللىرىغا ئوخشىغاندەك قىلغان بىلەن ئۇستۇبشىدىكى كىيىملىرى پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. چىرايلىرىدىن مەيۇسلۇك، كۆزلىرىدىن مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قارا قالپاق، قارا چاپان كىيىپ، غانجۇغىسىغا تورسۇق ئېسىۋالغانلىرى مۇشۇ ئەتراپلاردا ئات چېپىپ يۈرىدىغان جۇگغارلار ئىدى.

— ئامۇربەنتا ①، — دېدى ياقۇپ خوجا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېشى چوڭراق بىرسىگە.

— ئامۇربەنتا، — دېدى ئۇ ئېتىنى توختىتىپ ۋە ئۆزلىرىگە قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇرغان ئەدەن قېچىر بىلەن ياقۇپ خوجىغا كۆز يۈگۈرتۈپ سورىدى، — سىلەر نېمە ئادەم؟ — ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئۆكتەملىك چىقىپ تۇراتتى.

— بىز ئۇلۇغ خۇنتەيجىنىڭ كۆتۈمىدىكى ھۆرمەتلىك ئا- دەملەر، — جاۋاب بەردى ياقۇپ خوجا.

— خوجا ئارباتۇلارمۇ؟ ②

— شۇنداق ئۆزۈڭلارچۇ؟ نەدىن كېلىۋاتىسىلەر؟

— مەن بالدىن دامچى دېگەن كىشى بولىمەن، يەتتە سۇ تەرەپتىن كېلىۋاتىمىز.

— بۇلارچۇ؟

— بۇلار ئولجا ئېلىنغان خوتۇنلار، ھەر بىرىنى ئەللىك سەر كۈمۈشتىن سېتىۋالدۇق.

يېشى ئاتمىشنىڭ ئۇستىگە چىققان بۇ جۇگغارنى ئەدەن قېچىرمۇ، ياقۇپ خوجىمۇ تونۇپ قالدى. ئۇ بايان ئاغچىنى بىر نەچچە يىل قول ئورنىدا ئىشلەتكەن ۋە خۇنتەيجى چىۋاڭ رابداننىڭ پۈتىنى قۇچاقلاپ

---

① ئامۇربەنتا — سالامەتمۇسىز.

② ئارباتۇ — بېقىنغان، تەۋە بولغان.

يىغلىغان جۇڭغار ئىدى.

بۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن ئەدەن قېچىر بىلەن ياقۇپ خوجىنىڭ جۇڭغار ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن ئولجا ئاياللارنىڭ بىرسى:

— سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش مۇسۇلمان ئوخشايسىلەر، خۇدايىم بالا ـ چاقىلىرىڭلارنىڭ دۆلىتىنى كۆرسەتسۇن، بىزنى بۇ رەھىمسىز باسقۇنچىلاردىن قۇتۇلدۇرساڭلارچۇ؟ — دەپ يالۋۇردى.

ئۇنىڭ دۇمبىسىگە بالدىن دامچىنىڭ غەزەپ بىلەن ئۇرغان قامچىسى تەگدى، ئولجا ئايال بەللىرىنى تولغاپ چىرقىرىۋەتتى.

— يۇرۇڭلار، — دېدى بالدىن ئولجا ئاياللارنى چۆرىدەپ تۇرغان ھەمراھلىرىغا قاراپ، — مۇنۇ خوتۇنلارنىڭ ئاتلىرىنى بىر ـ بىردىن يېتىلىۋېلىڭلار.

— مانا، ئەدەنباي ئاكا، — دېدى ياقۇپ خوجا ئاتلىرىغا قامچا بېسىپ كېتىۋاتقان جۇڭغارلارغا قاراپ، — جۇڭغارلار دەپ ئاتىلىدىغان بۇ باسقۇنچىلار ئەمدى بىزدىن ئېشىپ، باشقىلارغىمۇ زۇلۇم سالغىلى باشلاپتۇ.

— شۇنى دېسىلە، بۇلارنىڭ قولىغا ئولجا چۈشۈپ، خارۇزار بولۇۋاتقان بىچارىلەردىن كۆرمىگى باردۇر.

— ھازىر زامانىمىز شۇنداق بولۇپ كەتتى. كىم كۈچلۈك بولسا، شۇ خالىغان ئىشىنى قىلىدۇ.

※ ※ ※

ئەدەن قېچىر كېچىنىڭ بىر مەزگىلىگىچە ئۇيقۇسى كەلمەي، ياقۇپ خوجىنىڭ سۆزلىرىنى ئويلىنىپ ياتتى: «بۇ خوجامنىڭ زۇۋۇلىسى خېلى يوغان ئوخشىمامدۇ، دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئۇزايىغا باققاندا، ئاتىسىنىڭ

ئىشلىرىغا ئانچە قوشۇلمايدىغاندەك تۇرىدۇ. دېمىسمۇ، دانىيال خوجام بۇ قالماقلارغا مال ـ دۇنيا بەرگەندىكىن، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ئاياللار بىلەن ئەرلەرنى بەرمىسە بولاتتى. ياقۇپ خوجام دېگەندەك، بۇ ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ پاسىبانى، پىرى بولغاندىكىن مۇسۇلمان ئەھلىنى قالماقلار ئالدىدا خار قىلماي، بىرەر كارامەت كۆرسىتىپ، قالماقلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈۋەتسە، مانا بۇ چاغدا ئالەم گۈلىستان بولۇپ، خۇدامۇ، بەندىلەرمۇ رازى بولاتتى. ھېلىقى قۇناخۇن باپكارنىڭ قىزىنى ئالغىلى بارغاندا كۆرگەنلىرىم، راستلا مۇشۇ قالماقلارغا بېرىدىغان چوكانلار بولسا، بۇ دانىيال خوجام تاڭلا مەھشەردە ئاللاغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەر؟ بىچارىلەر مودەنگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك چوكانلارغۇ. خەپ، شۇ چاغدا دانىيال خوجامغا بۇ خېنىملارنى قالماقلارغا ئەۋەتمەي، خوتەنۇ يەكەن، قەشقەرۇ ئاقسۇ تەرەپلەردىكى پۇلىنىڭ يوقلۇقىدىن خوتۇن ئالالماي، تىزىنى قۇچاقلاپ يۈرگەن بويتاقلارغا ھەدىيە قىلىۋەتسىلە بولمامدۇ دېمەپتىمەن ـ دە . . . »

ئۇ خىياللىرىنىڭ باش ـ ئايىغىنى چىقالماي، ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلۈپ ياتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بېشىغا دانىيال خوجىنىڭ ياقۇتخان ھەققىدە: « بۇ ياقىقا يانغانلىرىدا بۇ خېنىمنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي دارىلباقىيغا ئەۋەتىۋەتسىلە » دەپ جېكىلىگەنلىكى يادىغا كېلىپ: « مۇشۇنى ياقۇپ خوجامغا ئېيتىپ، ئۇنىڭ مەسلىھىتىنى ئالسام قانداق بولار؟ » دەپ ئويلىدى، لېكىن بۇ ئويىدىن دەرھال يالتايدى: « بۇنداق قىلسام خوجىزادىگە گەپ توشۇپ كەلگەندەك بولۇپ قالىمەن. دانىيال خوجام شۇنچە كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلسا، ئەمدىزە، ئۇ ئادەم تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ يېرىمىنى ئورۇنداپ، يېرىمى قالغاندا، ئۇنىڭ بالىسىدىن مەسلىھەت سورىسام، بۇ ھېچبىر ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، شۇ چاغدىلا بۇ ئاغچىلىرىنى ئىلىغا سالامەت ئاپىراي، خوجام، دارىلباقىيغا ئەزرائىلنىڭ

ئۆزى ئاپارسۇن دېيىشىم كېرەك ئىكەن. مەن ئەخمەق بۇ ئىشنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىنى ئويلاپ كۆرمەيلا ماقۇل دەپ ساپتىمەن ئەمەسمۇ...»

ئۇ مانا شۇنداق ئويلار ئىلكىدە بولۇپ، كۆزىنىڭ ئىلىنىپ كەتكەنىنى سەزمەي قالدى. بىر چاغدا قورۇدىكى ئىتلارنىڭ تىنىمسىز ھاۋشىشلىرى، كىمدۇر بىرلىرىنىڭ سالام ـ سائەت قىلىشىپ پاراڭلاشقىنى ئاڭلاندى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ كىيىنىپ ھويلىغا چىقتى، تاڭ سۈزۈلۈپ قاپتۇ. قورۇدا باغلاقلىق تۇرغان تەرلىگەن قېچىرلارنى كۆرۈپ، ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆيىگە بىر كىملەرنىڭ كەلگەنلىكىنى تەخمىن قىلدى. ئۇنىڭغىچە قورۇ خىزمەتكارى كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئەدەن قېچىرغا ئىسسىق سۇ قۇيۇلغان ئاپتۇۋا بەردى. ئۇ تەرەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ياقۇپ خوجىنىڭ قېشىغا كىرىۋىدى، ئۇ يەردە ئولتۇرغان ئۈچ ئادەمنى كۆردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى ئۇ بوي ـ تۇرقى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان، لېكىن ئۇزۇن ساقاللىرى بىلەن بېشىغا كىيىۋالغان تەقىيلىرى ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئادەملەرگە...

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېيىشتى ئۇلار.

ئۇنىڭغىچە ياقۇپ خوجا:

— سىلىنى كۈتۈپ تۇراتتۇق، ئەدەنباي ئاكا. ئاۋۋال نامازنى ئوقۇۋالايلى، ئاندىن بۇ كىشىلەر بىلەن مۇلاقەتتە بولارلا، — دېدى.

ناماز ئوقۇشتى.

— بۇ كىشىلەرمۇ سىلىگە ئوخشاش يەكەندىن كەپتۇ. بۇ كىشى راخمانقۇل ئىشان جانابلىرى بولىدۇ، — دېدى ياقۇپ خوجا نامازدىن كېيىن ئات يۈزلۈك، بويى ئېگىز، ئورۇق بوۋاينى كۆرسىتىپ، — بۇ كىشى پەرمانقۇل جانابلىرى، — ئەدەن قېچىرغا بۇ ئادەمنىڭ ئاق ساقاللىق يۈزى

پۈۋۈلەپ قويغاندەك سېمىز كۆرۈندى ، — بۇياق بولسا ، ئابدۇرېھىم خەلپەم بولىدۇ . چىرايى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بۇ خەلپەم ئەدەن قېچىرغا باشقىلارغا قارىغاندا تولىمۇ خۇش خۇي ئادەمدەك تەسىر قىلدى ، — بۇ كىشى ئەسلى قەشقەرلىق . لېكىن ، خوجەنتتە مۇھاجىر بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاتام بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ كېلىۋاتقان تۇججار ، ئىسمى ئەدەنباي .

— تولا ئوبدان ، تولا ئوبدان ، — دېدى راخمانقۇل ئىشان بېشىنى لىڭشىتىپ ، ئاندىن ئەدەن قېچىرغا قاراپ ، — ئۆزلىرى دانىيال خوجام ھەزرەتلىرى جىنازا نامىزىنى ئوقۇغان مەرھۇم سامساق سوپۇمنىڭ پەرزەنتى ئەمەسمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— شۇنداق ، تەقسىر .

— تولا ئوبدان . بىزگە ئۆزلىرى بىلەن يەكەندىكى چاغدا مۇلاقەتتە بولۇش نېسىپ بولمىسىمۇ ، ئاللاتائالا ياقۇپ خوجامنىڭ ئۆيىدە مۇلاقەتتە بولۇشنى نېسىپ قىپتۇ .

— بىز بولساق ، بۇ كىشىنىڭ ئاتىسىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقان ، — سۆزگە ئارىلاشتى پەرمانقۇل .

— بۇ كىشىنىڭ بۇزرۇكۋارىنىڭ دەپنە مۇراسىمى ھىدايەتۇللا خوجىغا باققاندا ھەزرىتى دانىيال خوجامنىڭ نەچچە مەرتىبە ئۇلۇغ مۇرىت ئىكەنلىكىنى خەلقى ئالەمگە يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى ، — دېدى قاتاردىن قېلىشنى خالىمىغان ئابدۇرېھىم خەلپەم ، — ھازىر دانىيال خوجامنىڭ كەڭ قورساقلىقىغا ، ھەتتاكى « ئىشقىيە » خوجىلىرىمۇ ھەيران .

— ئەينى مۇددىئانى دېدىلە ، — ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلدى راخمانقۇل ئىشان ، — ئۆز ۋاقتىدا ھىدايەتۇللا ئىشان قالماقلارنىڭ ئايىغىدا

مۇبارەك زېمىنىمىزنى بۇلغىغىنىنى ئازدەپ، «ئىسهاقىيە» سۇلۇكىدىكى خوجىلار بىلەن سوپىلارنىڭ قېنىنى تۆككەن بولسا، ھەزرىتى دانىيال خوجام شۇ مۇرتەد خوجىغا مۇرىت بولغانلاردىن قىساس ئالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئالىيجانابلىق پەقەت «ئىسهاقىيە» سۇلۇكىدىكى خوجىلارغىلا خاستۇر...

ياقۇپ خوجا ئاتىسىنىڭ شەنىگە ئېيتىلىۋاتقان بۇ ماختاشلاردىن زېرىكتىمۇ ياكى بىر نەرسە ئېسىگە كەلدىمۇ، گەپنى يۆتكىدى:

— بۇ كىشىلەر، ئەدەنباي ئاكا، ئىلىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «ئىسهاقىيە» سۇلۇكىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كەپتۇ. بۇلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، بۇزرۇكۋارىم مۇشۇنداق مەقسەت بىلەن قۇمۇل تەرەپكە ئەجدىها نىياز سوپى دېگەن كىشى باشلىق بىر توپ يارەنلەرنى، تۇرپان تەرەپكە رەھمتۇللا ئىشان دېگەن ئادەمنى ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ.

— تولا ئوبدان بوپتۇ، — دېدى ئەدەن قېچىر.

— ئاندىن كېيىن، — دەپ قوشۇمچە قىلدى راخمانقۇل ئىشان ياقۇپ خوجىغا قاراپ، — ھەزرىتى دانىيال خوجام شۇ نەرسىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۇقتۇردىكى: «قەدىمكىلار يەتكەن جايلاردا < ئىشقىيە > سۇلۇكىدىكى خوجىلار تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان مەسچىت، تۈنەكخانا، مازار، زاراتگاھلىقلار ۋە مەكتەپلەر بولسا يوقىتىڭلار، كۆيدۈرۈپ ياكى بۇزۇپ تاشلاڭلار» — دېدى.

خوجىلار بىلەن ئىشانلارغا ئېتىقاد قىلىشنى ئاتىسىدىن قالغان مىراستىنمۇ ئەلا بىلىدىغان بۇ ئادەملەر، دانىيال خوجىنىڭ پەرمانلىرىنى ئورۇنلىساق، ئاللاتائالا بىزگىمۇ يۇقىرى مەرتىۋىلەرنى ئاتا قىلىدۇ، ئۆزدمىزگە يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەملەرنى مۇرىت - مۇخلىس قىلىمىز، دەپ

ئويلىشاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چاچلىرى ئاقىرىپ ، چىشلىرى سارغىيىپ كەتكىنىگە قارىماي ، مۇشۇنداق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققانىدى .

ئۇلارنىڭ ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆيىگە كېلىشىدىكى سەۋەب ، بىر - ئىككى كۈن دەم ئېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ پىركاملى بولغان دانىيال خوجىنىڭ بۇ بالىسىغا ئۈچىسى يىغىر بولۇپ كەتكەن قېچىرلىرىنى قالدۇرۇپ ، ئورنىغا ئات سوراپ مىنىش ئىدى . باياتىن بېرى دانىيال خوجىنى ئۇلۇغلىغانلىقىدىكى ئاساسىي مەقسەتلىرىمۇ ئەنە شۇ ئىدى ، يەنى ئاتىسىنى ماختاپ ، بالىسىدىن ھەدىيە ئېلىش ئىدى . بىراق ، ئىشانلارنىڭ بۇ ئويى ئەمەلگە ئاشمىدى .

— ھەرقايسىلىرى مېنىڭ گۆرۈدە تۇرۇۋاتقىنىمنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويۇشقان ئوخشايدىلا ، — دېدى ياقۇپ خوجا ئۇلارنىڭ ئات سورىغان ئىلتىماسلىرىغا جاۋابەن ، — مېنىڭدە ئۇيەر - بۇيەرلەرگە بېرىشقا توغرا كەلگەندە مىنىدىغان بىرلا ئات بار .

راخمانقۇل ئىشان مەيۇسلىنىپ قالدى ، ئەمما ياقۇپ خوجىنىڭ گېپىگە چۈشەنمىگەن ئەلپازدا سورىدى :

— ئەمىسە ، قورۇلىرىدا جىقلا ئاتلار تۇرىدىغۇ ؟

— ئۇلار مېنىڭ ئەمەس ، ئەدەنباي ئاكامنىڭ .

ئەتىسى ئەتىگەندە يەم - چۆپكە تويۇپ ، ئېچى چىققان قېچىرلىرىغا مىنئۇالغان ئىشانلار :

— خۇدا خالىسا ، ئۆزلىرى بىلەن يەنە كۆرۈشۈپ تۇرارمىز ، خوجام ، — دېيىشىپ ياقۇپ خوجا بىلەن خوشلاشتى .

— بۇلار سىلىدىنمۇ ئات سورىدىمۇ ؟ — دېدى ياقۇپ خوجا ئىشىك ئالدىدىكى لىمدا ئولتۇرغان ئەدەن قېچىردىن .

— ھەممىسى ئەمەس ، ھېلىقى تۇرۇپ - تۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ قو-

يېدىغان خەلپەم : « يۇك كۆتۈرۈشتە ئاتقا قارىغاندا قېچىر كۈچلۈك بولىدۇ . ئۆزلىرىدىن ئۇستەك سورىمايمەن ، ئاتلىرى بىلەن قېچىرلىرىمىزنى باشمۇ باش تېگىشەيلى » ـــ دېدى . ئۇنىڭ ئۇستەك سورىمايمەن دېگەن گېپى چىشىمغا تېگىپ : « ھەرقايسىلىرىنىڭ كۈچلۈك قېچىرلىرىنى ئېلىپ ، ئاجىز ئاتلىرىمنى بەرسەم خۇدايىتائالا راۋا كۆرمەس ، تەقسىر . ئۇنىڭدىن « كاللىمۇ يېمەيلى ، چىشىنىمۇ سۇندۇرمايلى » دېدىم .

ـــ توغرا جاۋاب بېرىپتىلا . بۇلار « بىر بالىسى سوپىلىق يولىغا كىرىپ تەركىدۇنيا بولسا ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ » دەيدىغان ئىشانلاردىن ئوخشايدۇ ، ـــ دېدى .

ئاندىن كېيىن دادىسىنىڭ « ئىشقىيە » سۇلۇكىنى تارقىتىش يولىدا ئاۋارە بولۇپ يۈرگەنلىكىنى : « بۇ مەنسەپ ، ئىمتىياز دېگەن نەرسىلەرمۇ ئادەملەرنىڭ خۇلق ـ مىجەزىنى ئۆزگەرتىۋەتسە كېرەك » دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلدى .

ئەدەن قېچىر ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق دېگىنىگە چۈشەنمىسىمۇ ، ئەمما ياقۇپ خوجىنىڭ بايىقى ئىشانلارنى ئانچە ياقتۇرمىغىنىنى بىلدى .

## تۆتىنچى باب

ياقۇپ خوجىلار بىر ھەپتىدىن كېيىن تار ئۆتكەلدىكى ئۆيگە كۆچۈپ كەلدى . ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان بۇ كىچىككىنە مەھەللىدە بىر نەچچە ئۆيلۈك ئادەم تۇراتتى . بۇلار قىش ـ ياز قوزغالماي ئولتۇرغاچقا ، تار ئۆتكەلنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىپ ، تۇ-رۇۋاتقان يەرلىرىنى باغۇ بوستانغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى . مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئاشلىقلىرى يىغىشتۇرۇلۇپ ، سارغايغان

ئېگىزلاردا قوي ـ كالىلار ئوتلاپ يۈرەتتى . ئەدەن قېچىر بۇ قېتىم سو-
دىگەرچىلىك بىلەن ئەمەس ، دانىيال خوجىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن
كەلگەچكە ، قوبىدىمۇ ، بۇ يەردىمۇ ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆيىدىن بۆلەك
ھەر يەرگە بارمىدى . ئۇلار بەزى كۈنلىرى ئاتلىرىغا مىنىشىپ ، يېقىن
ئەتىراپتىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە بارسا ، بەزى كۈنلىرى ئۆيدە ئولتۇرۇپ
سۆھبەتلىشەتتى . بۇ جەرياندا ئىككىسى شۇنداق سىرداش بولۇپ
كەتتىكى ، بىرسى ئۆزىنىڭ خوجىلىقىنى ، يەنە بىرسى ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى
سودىگەر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ ، ئوي ـ پىكىرلىرىنى يوشۇرماي
ئېيتىشىدىغان ، ھەتتا بەزى مەسىلىلەردە بەس ـ مۇنازىرە قىلىدىغان دە-
رىجىگە يېتىشتى .

بىر كۈنى ئۇلار ئاپاق خوجام دەۋرىدە ئادەملەرنىڭ ناخشا
ئېيتىشىنى ، مەشرەپ ئوينىشىنى ۋە قۇرئان بىلەن ھەپتىيەكتىن باشقا كى-
تاب ئوقۇشىنى چەكلىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلارنىڭ جازاغا
ئۇچرىغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالدى .

— مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ، — دېدى ئەدەن
قېچىر ، — مۇشۇ ياققا مېڭىشتىن ئاۋۋال ، ساۋۇت يانتاقنى ھەمراھلىققا
ئېلىۋالاي دەپ ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارسام ، ئۆيدە بىر ئادەم ئولتۇرۇپتۇ .
ھېلىقى ئادەمنىڭ ئوڭ قولى تومتاقلا ، بارماقلىرىنىڭ بىرسىمۇ يوق .
ئىچىمدە « ئۇچىغا چىققان ئوغرى ئوخشايدۇ » دېگەن ئويغا كەلدىم . كې-
يىن ماموت ئاخۇن بىلەن ئوگچە قالغاندا : « سىلىدىمۇ ئاز ـ تولا ھۈنەر بار
ئوخشىمامدۇ ؟ » دېسەم ، كۈلۈپ كەتتى ـ دە : « ئۇ كىشى مېنىڭ ئاكام
بولىدۇ ، ئەدەنباي . مېنىڭ قالماقلار قولىدىن قۇتۇلۇپ كەلگىنىمنى ئاڭلاپ
كەلگەنىكەن . سىلى داۋۇت راۋاب دېگەن ئادەمنىڭ ئىسمىنى
ئاڭلىغانمۇ ؟ » دېدى . مەن « ئاڭلىمامدىغان ، لېكىن كۆرمىگەن » دېدىم .

« شۇ ئادەم ئاشۇ ئەمەسمۇ ؟ بىچارىنىڭ راۋابىنىڭ تارىغا زەخمەك ئۇرىدىغان بارماقلىرىنى ئاپاق خوجامنىڭ مۇخلىسلىرى : سېنىڭ چالغان سازىڭ بىلەن ئېيتقان ناخشىلىرىڭنىڭ كاساپىتىدىن بىزنى قوللايدىغان پەرىشتىلەر كېتىپ قالدى ، دەپ كېسىپ تاشلىغان » دېدى .

بېشىمنى قاتۇرغان بىر نەرسىنى سىلىدىن يېتىنىپ سوراي : زادى بىز قانداق زامانغا دۇچار بولۇپ قالدۇق ؟ بىچارە خەقلەرنىڭ تاپقان — تەرگىنىنى قالماقلارغا تۆلەيمىز دەپ بىر ئالسا ، باج ـ خىراج ، سۇ پۇلى دەپ يەنە ئالسا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئىشلەپ ھارغاندا بىر پەس بولسىمۇ كۆڭۈلگە مەلھەم بېرىدىغان سازلارنى چېلىپ ، ناخشا ئېيتقان ئادەملەرنى جازالىسا ، بۇ نېمە بولۇپ كەتكىنى ...

ئەدەن قېچىر گېپىنىڭ ئاخىرىدا قايسى كۈنى ئېرەن قابۇرغىدىن قايتىپ ، يول ئۈستىدە قاسىم نەيچى دېگەن ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىنى سۆزلەپ :

— بىچارە يېتىم ناخشىنى ئەجەب ۋايىگە يەتكۈزۈپ ئېيتىدىكەن - دە . ئاۋازىنىڭ يېقىملىقلىقى ، ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان مۇڭ ، ئادەم بالىسى تۇرماق جان ـ جانىۋارلارنىمۇ سېھىرلەپ قويغاندەك مەھلىيا قىلىدىكەن ، — دېدى .

— ئۇ ئادەمنىڭ ناخشىسىنى سىلىمۇ ئاڭلاپتىلا ـ دە ، — دېدى ياقۇپ خوجا ، — ئۇ كىشىنى مەنمۇ بىلىمەن . سىلى دېگەندەك ، ئۇ ئادەمنىڭ ناخشىسى ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدۇ . قومۇشتىن ياسىۋالغان نېيىنى چالسا ، ئادەملەرنىڭ يۈرىكىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى يۇيۇۋالغاندەك ، ئوتقا ئوخشاش ياندۇرۇۋېتىدۇ . ئۇ كىشىنىڭ قولتۇق تاياق بىلەن ماڭىدىغان قېرى ئاتىسى بار ، بۇ ياققا كەلگىلى ئۈچ يىلدەك بولۇپ قالدى . بىر ھېيتتا مۇشۇ يەرگە ناماز ئوقۇغىلى كەپتىكەن ، شۇ چاغدا تونۇشۇپ

قالدىم . ئۇ ئادەممۇ ئۇستا سازەندە ئىكەن . بىراق ، ئۇ كىشىگىمۇ ئاپاق خوجامنىڭ سۆلۈكىدىكى سوپىلار ئازار بېرىپ ، بىر ئايغىنى ناكا قىپتۇ . شۇ كىشى ماڭا ئاتىسىدىن قالغان بىر كىتابنى بېرىۋېتىپ : « ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىي ئۇلۇغمۇ ياكى ئاپاق خوجام ئۇلۇغمۇ ؟ » دەپ سورىدى . مەن : « ئەلۋەتتە ئەلىشىر نەۋائىي ئۇلۇغ » دېدىم . « ئۇنداق بولسا شۇ ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى : ئادەملەرگە خۇشاللىق بېغىشلايدىغانلارمۇ ، ئۇلارنىڭ غەم - قايغۇسىنى تارقىتىدىغانلارمۇ ناخشىچىلار بىلەن سازەندىلەردۇر . ئوچۇق چىراي ناخشىچىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ، دەردى بار ئادەملەرنىڭ كۆيگەن باغرىدىن تۇتۇن چىقىرىدۇ . ماھىر سازەندىلەر چالغان كۈي ھەتتا تاش كۆڭۈل ئادەمنىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ ، دەپتىكەن » دەپ كېلىپ ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ « مەھبۇبۇل قۇلۇپ » دېگەن ئەسىرىنى بەردى . ئاندىن ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان مۇنۇ بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بەردى :

« . . . قەدىمكى زاماندا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىنسانلارغا ناخشا ئېيتىپ ، ساز چېلىپ بېرىش ئۈچۈن بېغىشلىغان پىرچەڭگى دېگەن بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن . ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى بىلەن چالغان سازلىرى ئىنسان باللىرىغا خۇشاللىق ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەت بېغىشلايدىكەن . كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ، بايىقى ناخشىچى قەبرىستانلىقتا بېرىپ ، ئانىسىنىڭ تۇپرىقىنى زىيارەت قىلىپ ئولتۇرسا ، قەيەردىندۇر بىر يەردىن دادۇپەرياد قىلىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ . پىرچەڭگى دىققەت قىلىپ قۇلاق سالسا ، بۇ ئاۋاز مۇنكىر - نەكىرلەرنىڭ ئازابىغا چىدىماي ، پەرياد قىلغان ئۆلۈكلەرنىڭ ئاۋازى ئىكەن . بۇنى ئاڭلاپ قەلبى ئېزىلگەن پىرچەڭگى ئاستا ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ . ئۇنىڭ ناخشىسى ياڭراش بىلەن بايىقى دادۇ پەرياد

قىلغان ئاۋازلارمۇ پەسىيىشكە باشلاپتۇ ۋە قەبرىستانلىقتا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. سەۋەبى، ناخشا ئاۋازى ياڭرىغان جايدا تۇرالمايدىغان مۇنكىر ـ نەكىرلەر قەبرىستانلىقنى تاشلاپ كەتكەنىكەن. گۆردىكى ئۆلۈكلەر بولسا، پىرچەڭگى ئېيتقان ناخشىنىڭ شاراپىتىدە گۆر ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئىزھار قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇرلانغانلىقىنى بايان قىلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى پىرچەڭگى شاگىرتلىرىنى دۇنيادا تىرىك يۈرگەن ئادەملەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ، ئۆزى ئۆلۈكلەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ لوقمان ھېكىمدىنمۇ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈپتۇ. بۇنىڭغا پەرىشتىلەر نارازى بولۇپ، تەڭرىگە بۇ پىرچەڭگىنىڭ جېنىنى ئېلىشنى تەلەپ قىپتۇ...»

ـــ بۇغۇ خەلق ئارىسىغا تارالغان رىۋايەت، ـــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ، ـــ لېكىن مەلۇم دەرىجىدە ھەقىقەتمۇ بار. بۇ يەردە ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتلىرى پادىشاھلارنى دەرياغا، پۇقرانى شۇ دەريادىن بۆلۈنۈپ چىققان ئۆستەڭلەرگە ئوخشىتىپ، دەريانىڭ سۈيىدە قانداق خىسلەت بولسا، ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيىدىمۇ شۇنداق خىسلەت بولىدۇ، يەنى دەريانىڭ سۈيى ئاچچىق بولسا، ئۆستەڭنىڭ سۈيىمۇ ئاچچىق، تاتلىق بولسا تاتلىق بولىدۇ، دېمەكچى. ئۇ كىشى ياشىغان دەۋردە خۇراسان پادىشاھى ھۆسەيىن بايقارامۇ شېئىر يازاتتىكەن. شۇڭا، ئۇ دەۋردە بىر مەزگىل ئىلىم ـ مەرىپەت راۋاج تاپقانىكەن. ئۆز ۋاقتىدا يەكەن ئۇيغۇر خانلىقىنى بەرپا قىلغان سەئىدخانمۇ خەلقپەرۋەر، خۇش تەبىئەت ۋە شائىر كىشى بولغانىكەن. ئۇ كىشىنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرىشتخانمۇ خەلقنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە باشلاشتا نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلغان

كىشى بولۇپ، ئۆزىمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش شائىر ئىكەن. شۇ سە-
ۋەبتىن بۇلارنىڭ زامانىسىدىمۇ ئىلىم - مەرىپەت، ئەدەبىيات -
سەنئەت ئىشلىرى كامال تېپىپ، ئاياز قوشچى ① غا ئوخشاش
شائىرلار، مىرزا ھەيدەر كوراگان ②، مەھمۇد جۇراسقا ③ ئوخشاش تا-
رىخچىلار؛ مۇقامشۇناس ھەم شائىر ئامانىسساخان، يۈسۈپ قىدىرخان
يەركەندىگە ئوخشاش شائىر ۋە سەنئەتكارلار بارلىققا كەلگەنىكەن. بۇ پا-
دىشاھ - سۇلتانلار ۋە سەنئەتكارلار دىندار، تائەت - ئىبادەتنى تەرك
قىلمايدىغان دىيانەتلىك ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى تەرىققەتچە-
لىكنى تەشەببۇس قىلغان دىنىي پېشۋالاردەك ئىلىم - مەرىپەتنى
چەكلىگەن ئەمەس.

— ئەلۋەتتە، ھەقىقىي ئادىل پادىشاھ دېگەن شۇنداق بولۇشى لا-
زىم، — دېدى ئۆز خەلقىنىڭ ئۆتمۇشىگە دائىر گەپ - سۆزلەرنى خۇددى
چۆچەكخۇمار باللاردەك پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىڭشىغان ئەدەن قېچىر.

ئۇ ياقۇپ خوجا بىلەن ھەر قېتىم سۆھبەتلەشكىنىدە، ئۆزى ئۇ-
چۇن يېڭى، كۆتۈلمىگەن ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلايتتى
ھەم پىكىر دائىرىسى كېڭىيىپ، پاراستىگە پاراسەت قوشۇلغاندەك
بولاتتى. بۈگۈنكى سۆھبەتتىن كېيىن يەنە بىر نەرسىنى سوراشقا جۈر-
ئەت قىلدى.

— سىلىدىن بىر نەرسىنى سوراشقا تىلىم بارمايۋاتىدۇ.

— ھەرقانداق نازۇك مەسىلە بولسىمۇ تارتىنماي سوراۋەرسىلە، —
دېدى ياقۇپ خوجا، ئۇنىڭ قىسىلىپ، ئىككىلىنىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ.

— بوپتۇ، ئۆزلىرى ئىجازەت قىلغاندىكىن سوراي. مۇنداق بايىقى-

---

① ئاياز قوشچى — سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرىشتخان دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر.

② مىرزا ھەيدەر كوراگان — «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى.

③ مەھمۇد جۇراس — «تارىخى رەشىدى» (زەيلىنىڭ) ئاپتورى.

غۇدەك بولسام ، ئاتىلىرى دانىيال خوجامنىڭ بەزى ئىشلىرى پىسەنتلىرىگە ئانچە سىغمايدىغاندەك قىلىدۇ ، شۇنداقمۇ ؟

— مەنمۇ سىلىدىن مۇشۇ ھەقتە قاچان ئېغىز ئاچىدىكىن دەپ يۈرەتتىم ، — دېدى ياقۇپ خوجا ، — ئاتاممۇ ئاپاق خوجىغا ئوخشاش ئەھلى مۇسۇلمانلارنى تەرىقەت يولىدا مېڭىشقا تەشەببۇس قىلىدىغان ، لېكىن ئۆزى ئۇ يولدا ماڭمايدىغان ئادەم . بىراق ، ئۇلارنىڭ ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى ، ئاتام يۇرتىمىزنىڭ ۋەسسال ھالىتىگە چۈشۈپ قالغىنىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ ، بۇ ۋەسساللىقتىن قۇتۇلۇشنى ئاسان ئىش ئەمەس دەپ ئويلايدۇ . ئاتامنىڭ نەزىرىچە ، ھازىر بۇ جۇڭغارلار شۇنچىلىك كۈچىيىپ كەتكەنكى ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى يالغۇز غەربىي يۇرت زېمىنىدىلا ئەمەس ، قازاق دالالىرى ھەم ئۇنىڭ نېرىلىرىدىمۇ چېپىپ يۈرىدۇ . ئىككىنچىدىن ، بىزنىڭ خەلقىمىز قالماقلارنىڭ بەختىگە يارىشا ئىككى گۇرۇھقا — « ئاق تاغلىق » ، « قارا تاغلىق » بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتكەن ، ئۇلارنى بىرلەشتۈ‌رۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسمىش .

ياقۇپ خوجىنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى . ئۇ خىزمەتكارى ئېلىپ كىرگەن كىچىككىنە قەغەزگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ـ دە :

— قالۇ ئىننالىللاھى راجىئۇن ، — دەپ دۇئا قىلدى .

— بىرىكىم ۋاپات بوپتىمۇ ؟ — سورىدى تەشۋىشلەنگەن ئەدەن قېچىر .

— ساقىلاخۇن تاغىمىز دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ .

ئەدەن قېچىرمۇ دۇئاغا قول كۆتۈردى .

— نامىزى قاچان ئىكەن ؟

— ئەتە پېشىندىن كېيىن دەپنە قىلىنىدىكەن ، بىراق بۈگۈن يولغا چىقمىسام بولمايدۇ .

— مەنمۇ سىلى بىلەن بىللە باراي، ئۇ مەرھۇم يېشى چوڭ بولغىنى بىلەن ماڭا كۆيئوغۇل بولىدىكەن.

— نېمە دەۋاتىدىلا؟ — ياقۇپ خوجا ئىشەنمىگەندەك سورىدى.

— شۇنداق، خوجام، ئۇ تاغىلىرىنىڭ قۇشناچى، مېنىڭ تاغام نادىر ناۋاينىڭ قىزى ئىكەن، — دەپ چۈشەندۈردى ئەدەن قېچىر.

※ ※ ※

ساقىلاخۇن سەكسەننىڭ ئۇستىگە چىققان ئادەم بولسىمۇ، ئۆزىنى ناھايىتى تېتىك ھېس قىلاتتى. ھەمىشەم مىسۋاك بىلەن تازىلاپ تۇرغاچقىمۇ، چىشلىرى پۈتۈن ئىدى. ئۇ بۇرناكۈن ئاق تاغلىق خوجىلاردىن بىرسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن چايغا بېرىپ كېلىپ كېچىچە ئارامسىزلىنىپ چىقتى. ھەتتا كۈندىكىدەك ئەخمەت خوجىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سالاملىشىشقىمۇ ماجالى قالمىدى. ھارارىتى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەچكە، بەدىنى ئوت كاۋاپ بولۇپ قىزىيتتى. بىردەم ئىچى - قارنىغا مۇز كىرىۋالغاندەك جالاقلاپ تىترەيتتى. ئۇ ئۆتكەن يىلى بىر قېتىم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاغرىغانىدى. شۇ چاغدا بېدىيان قۇشناچقا ئاقسۇنىڭ قىزىل گۈرۈچىدىن پىشۇرغان پولۇنى چىقراق يەپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ: «ئەگەر ئاللاتائالا بۇ قېتىم شىپالىق بەرسە، ئۇنداق پولۇنى ئىككىنچى يېمەيمەن» دېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇنىڭ ئىنجىقلاپ توۋلىغىنىنى ئۆزىچە چۈشەنگەن بېدىيان قۇشناچ:

— يەنە قىزىل گۈرۈچنىڭ پولۇسىنى يېگەن ئوخشىمامىلا؟ — دېدى جىملىگەن ھالدا.

— ياق، پولۇ ئەمەس، تايىنىڭ گۆشىدە قىلىنغان نارىن يېگەن، — دېدى ئۇ.

— كىچىككىنە تەرتەز ئىچىپ باقامىلا؟

— ياق، ئۇنىڭسىزمۇ كىچىچە ھاجەتخانىغا قاتناپ چىقتىمغۇ.
شۇ ئارىدا ياقۇتخان كىرىپ دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.
— ئىچ - قارنىمغا ئوت كەتكەندەك قىزىۋاتىدۇ، قىزىم، — دېدى ساقىلاخۇن ھالىنى ئېيتىپ.
ياقۇتخان نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى، بېدىيان قوشناچ:
— بۇ ئادەم نەپسىگە قاچان ئىگە بولىدىكىنتاڭ. ئەمدى ئۆزى ئاۋارە بولغىنىنى ئاز دەپ بىزنىمۇ بىرنەچچە كۈن ئاۋارە قىلىدىغان بولدى، — دەپ كوتۇلدىدى. ئاندىن قوشنىلىرىغا چىقىپ، بىرئاز ئۆرۈك قېقى سوراپ كەلمەكچى بولۇۋىدى، ياقۇتخان:
— ھېلىقى مەن ئەكەلگەن شەربەتلەر تۈگەپ كەتكەنمىدى؟ — دەپ سورىدى.
— ۋاي، جېنىم قىزىم، ئاتىلىرى ئۇ شەربەتلەرنىڭ بىرسىنى ئۆزى ئىچىپ، يەنە بىر كوزىدىكىنى ئەخمەت خوجىغا «قىزىمنىڭ بازارلىقى» دەپ شۇ چاغدىلا ئاپىرىپ بەرگەن.
— ھە، راست، مېنىڭ ساندۇقۇمدا كىچىككىنە شاپتۇل قېقى باردەك تۇراتتى، شۇنى چىلاپ بېرەيلى، — ياقۇتخان دەرھال ياتىدىغان ئۆيىگە كىرىپ، كىيىم - كېچەكلىرى بار ساندۇقتىن كىچىككىنە بىر خالتىنى ئالدى.
ئۇ گىرۋەكلىرى شور ئۆرلىگەندەك ئاقىرىپ، توپىنىڭ رەڭگىگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ ئىككى چاڭگالدەك شاپتۇل قېقىنى دانىيال خوجا خالتىغا سېلىپ بەرگەندە، بۇ بىرنېمىنى نېمە دەپ ئاپىرارمەن، دەپ ياراتمىغانىدى. شۇ چاغدا دانىيال خوجا: «بۇنى ماڭا ھىندىستاندىن كەلگەن بىر تۇججار بۇرادىرىم بەرگەن. ئۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قاقنى مۇشۇ پېتىلا قايناتىپ سۈيىنى ئىچسە، قېرى ئادەملەرگە كۈچ -

قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ ياشارتىۋېتىدىكەن، ئەمما ياشلارغا زىيان قىلىدىكەن. مەنچە بولغاندا، باشقا سوۋغا ـ سالاملىرى بىر تەنۇ، مۇشۇسى بىر تەن. ئەگەر ساقىلاخۇن تاغىمىزغا بۇنىڭ سۈيىنى ئىچكۈزەلمىسىلە، يوقاتماي قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆزۈمگە ئىچكۈزسىلە» دەپ خۇرجۇنىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويغانىدى. ياقۇتخان بۇ يەرگە كەلگەندە ئەكەلگەن بارلىق نەرسىلىرىنى بېرىپ، مەزكۇر خالتىدىكى قاقنى ئىزا تارتىپ بەرمىگەنىدى.

ھازىر بولسا، شۇ كۆزگە ئېلىنمىغان نەرسە دادىسىنىڭ ئۇسسۇلۇقىنى قاندۇرۇپ، دەردىگە شىپا بولىدىغان قىممەتلىك دورىدەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ دەررۇ ئوچاقتا ئوت يېقىپ سۇ قايناتتى ـ دە، خالتىدىكى شاپتۇل قېقىنى چىلىدى.

قاقنىڭ سۈيى ھە دېگەندە ساقىلاخۇننىڭ ئۇسسۇلۇقىنى باسقاندەك قىلسىمۇ، بارا ـ بارا تېخىمۇ ئۇسسىتىۋەتتى. ئۇ چۈش بولماي تۇرۇپلا چېلەكتىكى قاق سۈيىنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ تۈگەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆگدەك بېسىپ ئۇخلاشقا باشلىدى.

— ئىلايا شۈكۈر، — دېدى ئېرىنىڭ كۆزى ئىلىنغىنىغا خۇشال بولغان بېدىيان قۇشناچ، — ئاتىلىرىنىڭ ئاغرىقى قويۇپ بەرگەن ئوخشايدۇ، خويمۇ ئوبدان ئارام ئېلىۋاتىدۇ، قارىسىلا.

ياقۇتخان بىلەن بېدىيان قۇشناچ چۈشلۈك چېيىنى كۆن قىيىلغاندا ئىچىشتى. ياقۇتخان دادىسىنى ئويغاتماق بولۇۋىدى، كىچىك ئانىسى ئۇنىماي: «ئاتىلىرى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىدى، ئۇيغاتمىسىلا، ئارام ئالسۇن» دېدى. ساقىلاخۇن بولسا ھامان ئۇخلايتتى. ياقۇتخان دىگەر مەزگىلى بولغاندا چىدىيالماي قالدى.

— ئاتامنى ئويغىتايچۇ، كىچىك ئانا، كېچىككىنە بولسىمۇ بىر نەرسە ئىچىۋالسۇن.

— ياق، ياق، — ئېتىراز بىلدۈردى قوشناچ، — يەنە بىر ئاز ئۇخلىسا، ئۆزىمۇ ئويغىنىپ كېتىدۇ.

كۆز باغلىنىپ زاۋال ۋاقتى بولغاندىلا، بېدىيان قوشناچ ئۆيگە كې-رىپ ئېرىنى ئويغىتىشقا باشلىدى.

— هوي، ئاتىسى، ئاتىسى دەيمەن، — دېدى ئۇ ساقىلاخۇنىنىڭ ئېگىنىگە قول تەگكۈزۈپ ۋە شۇ هامان مۇردىسىنىڭ ئېگىكىنى تۇتۇۋالغان-دەك چۆچۈپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى توختىتىپ، ساقىلاخۇنىنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ كۆردى. بۇ يەرمۇ سۇنىڭ تېگىدە تۇرغان تاشتەك سوغۇق بىلىندى. ئۇ ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، ئېرىنىڭ پۇت - قولىنى تۇتۇپ كۆرۈۋىدى، ئۇنىڭ بۇ ئەزالىرىمۇ هارارىتىدىن ئاي-رىلىپ، تارىمۇشتەك قېتىپ قالغانىدى. بېدىيان قوشناچ ئۇنىڭ مەيدىسىگە قولىنى يېقىپ، يۈرىكىنىڭ هەرىكىتىنى تىڭشاپ، تىنىقىنى باي-قاپ كۆردى. ساقىلاخۇنىنىڭ يۈرىكىمۇ سوقمايتتى، تىنىقىمۇ يوق ئىدى.

بېدىيان قوشناچ شۇنىڭدىن كېيىنلا، يىغلىغان پېتى هويلىغا چىقىپ، ئۆستەڭگە سۇ ئالغىلى چىققان ياقۇتخاننى چاقىرىدى:

— ياقۇتخان قىزىم، تېزرەك ماڭسىلا، ئاتىلىرىدىن ئايرىلىپ قال-غان ئوخشايمىز.

كۈتۈلمىگەن بۇ سۆزلەر ياقۇتخاننىڭ پۇت - قولىنى بوشىتىۋەتتى. قولىدىكى چېلەك تاراڭلاپ تاشقا چۈشتى. تاپانلىرى يەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك، تىزلىرى تىترەپ ماڭالماي قالدى.

— نېمىشقا هاڭقىيىپ تۇرىدىلا، تېزرەك ماڭسىلا.

ئۆزىگە كەلگەن ياقۇتخان ئۆيگە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندە ساقىلاخۇنىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئېرەن قابۇرغىدىكى هەممە ئادەمگە ئاڭلاندى.

— رەھمەتلىك ساقىلاخۇنۇم ، بىۋام رەھمىتىدىن تارتىپ ھەممىسىزگە سادىق خىزمەت قىلغان ئادەم ئىدى ، — دەپ قايغۇردى ئەخمەت خوجا ۋە ئۆپچۆرىسىدە ئۆزىگە ئوخشاش مەيۈسلىنىپ ئولتۇرغان ئادەملەرگە قاراپ ، — بۇ ئادەمنىڭ جىنازا نامىزىغا ئىلى تەۋەسىدىكى ھەممە ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى چاقىرىڭلار . رەھمەتلىكنىڭ روھى بولسىمۇ خۇش بولۇپ قالسۇن ، — دېدى .

شۇ چاغدا كىمدۇر بىرسى :

— ياقۇپ خوجىلارغىمۇ خەۋەر بېرەمدۇق ؟ — دەپ سورىدى .

— ئەلۋەتتە ، — دېدى ئەخمەت خوجا ، — مەن ئۇ كىشىگە ئالاھىدە نامە يېزىپ بېرىمەن .

※ ※ ※

ساقىلاخۇننىڭ يەتتە نەزىرىگە كېلىۋېتىپ ، قايسى كۈنى ئېيتقان سۆزىگە ياقۇپ خوجىنىڭ تېخىچە بىرەر مەسلىھەت بەرمىگىنىگە دىلى پاراكەندە بولغان ئەدەن قېچىر ، تار ئۆتكەلدىن ئۇزاپ چىقىشى بىلەنلا يەنە شۇ ھەقتە سۆز تەشەببۇسچىسى بولۇۋىدى ، ياقۇپ خوجا :

— قايسى كۈنىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، راستىمنى ئېيتسام ، بىر ـ ئىككى كۈنگىچە ئۆزۈمگە كېلەلمەي يۈردۈم ، ئەدەنباي ئاكا ، — دېدى ، — ئاتامنىڭ ياقۇتخېنىمنى « ئۈچىنچى ئاغچام بولىدۇ » دېگىنىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ . شۇنىڭدەك ، شۇئەيىپ چوڭ ئاتامنىڭ قاتىلى ساقىلاخۇن تاغامدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىدە ، ئۇنىڭ قىزىغا نېمە ئۈچۈن دارىلباقىينى راۋا كۆرگىنىمۇ ئەقلىمگە سىغمايدۇ . ئاخىر بۇ مەزلۇمنىڭ ئۇ ئىشلارغا ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوققۇ ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق ، خوجام ، — قوشۇلدى ئەدەن قېچىر .

— بۇ يەردە سىلىمۇ ـ مەنمۇ بىلمەيدىغان سىر ـ ئەسرالار بولۇشى

مۇمكىن. ئەمما، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ياقۇتخېنىمغا بۇنداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرا ئەمەس.

— ئەلۋەتتە.

— هازىرغۇ ساقىلاخۇن تاغىمىز بۇ دۇنيادىكى رىزقى-نېسىۋىسىنى تۈگىتىپ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. لېكىن، هايات بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىش توغرا ئەمەس. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ پىرى ئاپاق خوجىنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرگەن، يەنى سەردارىنىڭ پەرمانى بىلەن جەڭگە كىرگەن جەڭچىنىڭ رولىنى ئوينىغان. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەككىدە چېغىدا ئۆزىنى مەسخىرە قىلغان، كۆڭلىگە ئازار بەرگەن، ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ ساهابىلىرىنى يۇرتىدىن هەيدەپ چىقارغان، ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان مۇشرىكلارنىڭ گۇناهلىرىنى مەككە پاتىه قىلىنغان كۈنىلا كەچۈرۈم قىلىۋەتكەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇشۇنداق خىسلەتلىرىنى بىلىدىغان ئاتام، قەشقەرىيىگە خان بولۇپ بارغاندىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدىكى رەقىبلىرىنىڭ گۇناهلىرىنى ئەپۇ قىلىش لازىم ئىدى.

— دانىيال خوجام جانابلىرى سىلىگە ئوخشاش ئەمەس، باشقىچە ئويلايدىغاندەك تۇرىدۇ، خوجام، — دېدى ئەدەن قېچىر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولۇپ، — كەمىنىلىرى ئۇ كىشى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى بېجىرمىسە، پۈتۈن قەشقەرىيىنىڭ هۆكۈمدارى بولغان ئادەمنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، نەپرىتىگە ئۇچراپ قالىمەن - دە.

— بۇ مۇلاهىزىلىرىمۇ توغرا. بۇ هەقتە يەنە ئويلىشىپ بىرەر مەسلىهەتكە كېلەرمىز. ياقۇتخېنىممۇ ئاتىسىنىڭ قىرىقى ئۆتمەي يولغا چىقماس.

— توغرا دەيدىلا.

ئۇلار ساقىلاخۇننىڭ ئۆيىگە كېلىشى بىلەن، ھويلىدا يۇگۇر - يې-
تىم ئىشلىرى بىلەن يۈرگەن ئەخمەت خوجىنىڭ ئادەملىرى ئالدىغا چىقىپ
ئاتلىرىدىن چۈشۈردى. شۇ ئارىدا مېھمانخانىدىن چىققان ئەخمەت خوجا
باشلىق بىرقانچە ئادەم سالام - سائەت قىلىشىپ، ئاندىن ئۆيگە تەكلىپ
قىلىشتى. ئادەتتىكى موللىلارنىڭ ئۆيىدەك يوقسۇزچىلىق چىقىپ تۇرغان
چوڭ ئۆيدە، مەرھۇم ساقىلاخۇننىڭ روھىغا ئاتاپ سېلىنغان پوشكالغا
قۇرئان ئوقۇلدى.

— بۇ پانسىيدىكى ئادەملەر تەكتى بىلەن ئويلاپ كۆرسەك، بىر -
بىرىمىزگە مېھمان قاتارى ئىكەنمىز، ياقۇپ خوجام، — دېدى ئۇنىڭ يې-
نىدا ئولتۇرغان جۇغى كىچىك، ساقال - بۇرۇتىنى ئاق ئارىلىغان ئەخمەت
خوجا، — ساقىلاخۇن تاغىلىرى قايسى كۈنلىرى بىردەم ئىلمى
نۇجۇمدىن، بىردەم ھۆكۈمدارلىق ئىلمىدىن گەپ ئېچىپ، ئەھلى جاما-
ئەتنى ئاغزىغا قارىتىپ يۈرەتتى. بۇگۇن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ يەتتە
نەزىرىگە داخىل بولۇپ ئولتۇرىمىز.

— دېگەنلىرى ئارى راست، — ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى ياقۇپ
خوجا، — ۋەھالەنكى، كۆپلىگەن ئادەملىرىمىز بۇنى چۈشەنمەي، بىر -
بىرىنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ ياشاشقا مايىل ئىكەن.

— توغرا دەيدىلا، بىزنىڭ خاتالىقىمىز شۇكى، ئەجدادلىرىمىزدىن
قالغان كونا ئاداۋەتلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق
قىلىمىز دەپ، مۇشۇنداق قىسمەتلەرگە مۇپتىلا يولدۇق. مەن بۇنى كۈن -
ئايلار ئۆتكەنسېرى چوڭقۇر چۈشىنىۋاتىمەن.

— بۇنداق چۈشەنچە ھازىر ھەممە ئادەمدە بارلىققا كەلمەكتە.
ھەرھالدا، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەي ئۆتكەندىن كېچە-
كىپ بولسىمۇ چۈشەنگەن ئادىمىلىكتۇر.

ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ بىر - بىرى بىلەن چىقىشالماي كېلىۋاتقان، نەتىجىدە، جۇڭغارلار قولىغا چۈشۈپ گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان بۇ خوجىلار، ئىلى تەۋەسىدە ياشاۋاتقىنىغا يەتتە يىلدىن ئاشسىمۇ، بۈگۈن بىرىنچى قېتىم بىر - بىرى بىلەن ئوي - پىكىرلىرىنى ئورتاقلاشتۇرماقتا ئىدى. بۇ سۆھبەتكە داخىل بولغان ئادەملەر ئەدەپ ساقلاپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر سۆزىنى باش لىڭشىتىپ ماقۇللايتتى.

— دانىيال خوجام جانابلىرى قەشقەرىيىگە خان بولۇپ مېڭىش ھارپىسىدا، ئۇ كىشىنىڭ يېڭى لاۋازىمىنى مۇبارەكبات قىلغاچ، مەزكۇر ئوي - پىكىرلىرىمنى ئىزھار قىلىپ، مەرھۇم ساقىلاخۇن جانابلىرىدىن نامە ئەۋەتكەنىدىم، — دېدى ئەخمەت خوجا، — ئۇ كىشى ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ، كەمىنىگە سالام ئېيتقاچ، ئاللا تائالادىن زىققا كېسىلىمگە شىپالىق تىلىگەنىكەن.

— تولىمۇ جاسارەتلىك ئىش قىپتىلا، خوجام، مۇنداق مۇناسىۋەت بىلدۈرۈش مۇساپىنى يېقىنلاشتۇرىدۇكى، ھەرگىز يىراقلاشتۇرمايدۇ، — دېدى خۇشال بولغان ياقۇپ خوجا. لېكىن، ئۇنىڭ بېشىدا: «ئاتام ماڭا بۇ ئادەمنىڭ ساقىلاخۇن تاغىمىزنى ئەۋەتىپ، ئۆزىنى تەبرىكلىگەنلىكى ۋە نامە ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە نېمىشقا ئېغىز ئاچمىدىكىنا؟» دېگەن ئوي پەيدا بولدى.

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سۆھبەت ئادەملەرنى يېقىنلاشتۇرىدۇ» دېگەنىكەن. بۈگۈن تاغىلىرى مەرھۇم ساقىلاخۇننىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن دىدارلىشىپ، مۇلاقەتتە بولۇشقا مۇيەسسەر بولدۇق. ئويلايمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلاردا خەلقىمىزنىڭ، دىنىمىز بىلەن يۇرتىمىزنىڭ ھەتتا ئەغيارلىرىمىزنىڭمۇ ① بىر ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتساق، ئىنشائاللا، كۆزلىگەن نىشانلىرىمىزغا يەتكەيمىز.

① ئەغيارلىرىمىز — دۈشمەنلىرىمىز.

— مەندىكى ئەينى مۇددىئامۇ خۇددى شۇنداق، ياخشى كۈنلەرگە مۇيەسسەر بولۇشتا بۆلۈنۈش، ئاداۋەتلەرنى ئەسلەش كۈپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئىتتىپاقلىشىش ياردەم بەرگۈسىدۇر.

— ئىلاھە ئامىن، — دېدى ياقۇپ خوجىنىڭ گەپلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلغان ئەخمەت خوجا ۋە، — ئېي ئاللا، بىزگە دۇنيانىڭ بالايىئاپەتلىرىنى مەنسىتمەيدىغان ئىشەنچ ئاتا قىلغىن. مادامىكى، جېنىمىزنى ئامان قىلىدىكەنسەن كۆزىمىزنى ئېچىپ، ھەق - ناھەقنى تونۇتقىن، بىزگە زۇلۇم قىلغانلاردىن ئۆچىمىزنى ئالىدىغان قىلغىن، بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتلەر سورۇلۇپ كەتسۇن، ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپ ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن ياقۇپ خوجىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. بىراق، نەزىردىن قايتىپ بىر كىمنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئادەت بولمىغاچقا، ياقۇپ خوجا: « خۇدا بۇيرۇسا يەنە بىر قېتىمدا بوسۇغىلىرىدىن ئاتلارمەن » — دەپ ئۆزرىخاھلىق بىلدۈردى.

※ ※ ※

شۇ كۈنى ئەدەن قېچىر ساقىلاخۇننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. كەچلىك چايدىن كېيىن، بېشىغا كەلگەن قانداقلا قىسمەت بولسا « خۇدانىڭ پېشانەمگە يازغىنى شۇدۇر » دەپ چۈشىنىدىغان بېدىيان قۇشناچ، يېشى چوڭايغاندا يالغۇز قالدۇرۇپ كەتكەن ئېرىنى ئەسلەپ، بىر ھازاغىچە جورام دېسە جورام دەپ يىغلىدى. ئۇ ئەدەن قېچىرنىڭ: « سەۋر قىلىسلا، خۇدايىتائالا ياخشى كۆرگەن بەندىلىرىنى مۇشۇنداق چىللاپ ئالىدىكەن » دېگەن تەسەللىسىنى ئاڭلىغانسېرى، تېخىمۇ بوزلاپ:

— بولمىغاندا، تۆت - بەش كۈن ئاللا - تۇۋا دەپ ياتسىلا بولماسمىدى، جورام، باش - كۆزلىرىنى سىلاپ قاراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىمغۇ جورام، رازىلىقلىرىنى ئالالمىدىمغۇ جورام، — دەپ تۆكۈلەتتى.

ھەرقانداق يىغىنى توختىتىدىغان بىردىنبىر چارە قىرائەت قىلىش ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان ئەدەن قېچىر تىزلىنىپ ئولتۇردى ــ دە ، قىرائەت قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بېديان قۇشناچنىڭ يىغىسىمۇ توختىدى . دۇئادىن كېيىن ئەدەن قېچىر :

ــ سەۋر قىلسىلا ، بېدىيان ، دۇنيا دېگەن كارۋان سارايدەك نېمىكەن ، كېلىدىكەنمىز ، كېتىدىكەنمىز . كۆز ياشلىرىنى تولا تۆكۈۋەرمىسىلە ، ئاللامۇ سەۋر قىلغان بەندىلەرنى ياخشى كۆرىدىكەن ، سەۋر قىلسىلا ، ــ دېدى .

بېدىيان قۇشناچ ئۇنىڭ گەپلىرى تۈگىشى بىلەنلا يەنە ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى . ئۇ ئەدەن قېچىر نەۋاقتىا كەلگىنىدە ، ئۆزىنىڭ ياش چاغلىرىدا ئاپاق خوجا باشلىق بىرنەچچە خوجىلارنىڭ دېدىكى بولۇپ ، ئاخىر مۇشۇ ساقىلاخۇنىنىڭ قولىدا توختاپ قالغىنىنى ئېيتىپ : « خۇدايىم يا بۇ دەججالغا ئۆلۈم بەرمىدى ، يا ماڭا . دۇنياغا يىغلاپ كەپتىكەنمەن ، يىغلاپ ئۆتىۋاتىمەن . ئاتا ــ ئانا ، قېرىنداشلىرىمنى ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرلىرىمنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ دېگەن ئوي بېشىمغا كەلسە ، بۇ كەڭ زېمىنغا پاتماي قالىمەن . ھېلىمۇ ياراتقان ئاللاغا مىڭ قەتلە شۈكۈر . ئاھۇزارىمنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىنى ئۆيۈمگە يەتكۈزۈپتۇ » دەپ ھال ــ مۇڭىنى ئېيتقانىدى .

ھازىر بولسا ، گويا مۇنداق گەپلەرنى دېمىگەن ئادەمدەك ، بەلكى بىرنەچچە يىل كۆيۈك دەردىنى تارتىپ قوشۇلغان ئاشىقىدىن ئايرىلىپ قالغان مەشۇقتەك كۆز ياشلىرىنى تۆكەتتى .

« بۇ خەقنى بىلىپ بولمايدىكەن ــ دە ، بېديان خېنىمدىمۇ بەش ــ ئون ئۇلاغقا چۇشلۇق ھىيلە ــ مىكىر بارغا ئوخشامدۇ » ، ئۇنىڭ ئويلىرىنى بېديان قۇشناچنىڭ سوئالى بۆلۈۋەتتى :

— شۇنداق قىلىپ قايتماقچى بولۇۋاتىدىلا ؟

— ياقۇتخېنىم قاچان قايتسام دەۋاتىدۇ ؟

— ئۇياق ئەدەنىباي ئاكاملار قايتسا ، شۇلار بىلەن بىللە كەتسەم بولاتتى دەپ ، سىلىگە قاراپ يۈرىدۇ .

— ئاخۇنۇمنىڭ قىرىقى توشقۇچە تۇرامدىكەن ؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ ، بەك مۇھىم ئىشى بار ئىمىش .

ئەدەن قىيچىر ئويلىنىپ قالدى : « ئەجەبا ، بۇ خېنىمنىڭ شۇنچە مۇھىم نېمە ئىشى باردۇ ؟ ئاتىسىنىڭ قىرىقى تۇرماق ، يىلىنى ئۆتكۈزۈپ بارسىمەن دېسىمۇ ياق دېمەيتتىمغۇ . يا بۇ ئىككى خوتۇننىڭ ئارىسىدىن ئالا مۈشۈك ئۆتۈپ قالدىمۇ ؟ »

شۇ چاغدا داستىخان بىلەن قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇش ئۇ-چۈن ياقۇتخان كىرىپ قالدى . ئەدەن قىيچىر ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدى :

— ئۆزلىرى ئاتىلىرىنىڭ قىرىقىغا قارىماي قايتىپ كېتەي دەۋە-تاملا ؟

— شۇنداق قىلايمىكىن دېگەن ئويغا كەلدىم ، — دېدى ئۇ ، — ئۆزلىرى بىلىدىلا ، ئۆلگەن ئادەمنىڭ كەينىدىن ئۆلۈپ بولمايدىكەن ، تى-رىك ئادەمگە تىرىكچىلىكمۇ لازىم .

« بىر ھېسابتا بۇ خېنىمنىڭمۇ توغرا ، — دەپ ئويلىدى ئەدەن قىيچىر ، ساقىلاخۇننى ئۆلدى دەپ بۇ يەردە ئون يىل ھازا تۇتسىمۇ ئۇ ئا-دەم يېنىپ كەلمەيدۇ . بىراق ، ئاتىسىدىن قالغان دۇنيانى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەخمەت خوجا باشلىق ئاق تاغلىقلارنىڭ قىلغان خەير - ئېھسانلىرى بۇ ئىككى خوتۇنغا بىر نەچچە يىل يېتىپ يېسىمۇ يېتەتتىغۇ . بايا ئويلىغىنىمدەك ، ھەرقاچان بۇلارنىڭ

ئېپى كېلىشەلمەي قالغان بولسا كېرەك . ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ، ياقۇپتىخېنىمنى ئالدىراپ ئېلىپ ماڭغىنىم توغرا ئەمەس . ئەمدى ياقۇپ خوجام بىلەن يەنە بىر مەسلىھەت قىلماي ئىلاج يوق . . . »
ئۇلار كېچىنىڭ بىر مەزگىلىگىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى .

※ ※ ※

بۇ كېچە ياقۇپتىخاننىڭ پىكىر ـ خىيالى ھە دېسىلا يەكەن تەرەپكە پەرۋاز قىلاتتى . كۆزىنى يۇمسىلا بىردەم دۇردۇن ئاغچىنىڭ ئەتتارنىڭ دۇكىنىدەك خۇش پۇراق ھۇجرىسى ، تام ـ تورۇسلىرىدىكى رەڭگارەڭ گۈللەمىلەر ، قىرمىلىق كارىۋات ئۈستىدىكى شايى كۆرپىلەر بىلەن ماۋۇق ياستۇقلار ، دېرىزىلەرگە تارتىلغان كەشتىلىك پەردىلەر كۆرۈنسە ، بىردەم « سىلى بۇ يەردىكەنلىغۇ » دەپ كىرىپ كەلگەن دانىيال خوجىنىڭ ئېگىز قەددى ـ قامىتى بىلەن خۇشخۇي چىرايى كۆرۈنەتتى ـ دە ، بەدىنىگە دانىيال خوجىنىڭ قولى تېگىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . ئۇ ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىۋەتتى .

ئۆينىڭ ئىچى تۈگۈلۈكتىن چۈشۈۋاتقان ئاينىڭ يورۇقىدا ئالا كۆلەڭگە ئىدى . تام تەرەپتە ياتقان بېدىيان قۇشناچ ئۇيقۇ ئارىلاش ئاغزىنى تەمشىپ ـ تەمشىپ ئوڭ تەرىپىگە ئۆرۈلۈپ ، يەنە پۇشۇلداشقا باشلىدى .

« بۇ خوتۇنمۇ ئەمدى ئارام ئالىدىغان بولدى » دەپ ئويلىدى ئۇيقۇسى قاچقان ياقۇپتىخان . « بىچارە خوتۇن شۇنچە يىللار ئاتام رەھمەتلىكنىڭ دەردىنى تارتىپ ، خىزمىتىنى قىلدى . كاشكى ، ھەمراھ بولغۇدەك بىر تال بولسىمۇ بالىسى بولسىچۇ . خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئاتامنىڭ يىلى توشقاندىن كېيىن ، دانىيال خوجامغا ئېيتىپ ، بۇ خوتۇننى ئوردىغا ، ئۇ يەرگە ئۇنىمىسا ، پوسكامغا كۆچۈرۈپ ئەكەلگۈزىمەن » . ئۇنىڭ خىيالىغا دانىيال خوجام كېلىش بىلەن كۆز ئالدىدا يەنە دۇردۇن ئاغچىنىڭ

ھۇجرىسى نامايان بولدى : « ئىشكىنىڭ ئىلغۇچىنى بېكىتىپ قويماي دې-
سەممۇ ئۇنىمىدا ، ھېلىمۇ خۇدا ئوڭلاپ بىرسى كىرىپ قالمىدى » ،
ياقۇتخان خۇددى ھازىرنىڭ ئۆزىدە شۇ شېرىن چاغلارنى بېشىدىن كە-
چۈرۈۋاتقاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، ئويىنى داۋام قىلدى ، شۇ چاغدا ئىزا
تارتقان بولۇپ ، ئۆزۈمنى قاچۇرغاندەك قىلساممۇ قويۇپ بەرمىدى . خوجام
مال تونۇيدىكەن . نەچچە يىلدىن بۇيان قويىندا يېتىپ يۈرگەن دۇردۇن
ئاۋاقتا سىلىشتۇرۇپ كۆردى - دە . بولمىسا ئەمدى ئۈچىنچى ئاغچام
بولىدىلا ، سىلى كەلگۈچە ئۆزلىرىگە ئاتاپ ياستىدىغان ئۆيلەرمۇ پۈتۈپ
قالار ، دەمتى . . . »

ئۇ مۇشۇنداق خىياللارغا بېرىلىپ كەتكەچكىمۇ ، كېچىنىڭ يېرىمى
ئۆتۈپ كەتكىنىگىمۇ قارىماي ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى . ھاردۇق يەتكەن
بېدىيان قۇشناچمۇ ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى .

« خەپ ، ئاتام رەھمەتلىككە نىكاھ ئۈستىدە بولۇش نېسىپ بول-
مىدى » دەپ ئويلىدى ياقۇتخان ، بىراق بۇ ئويىدىن شۇ ھامان يالتايدى :
« ئۇ رەھمەتلىك دانىيال خوجامنى جىنىدەك ئۆچ كۆرەتتى . بىر ھېسابتا
بۇمۇ ياخشى بولدى . ئەگەر ئاتام مەرھۇم ھايات بولسا ، ھېچقاچان دانىيال
خوجىنىڭ ئىلكىدە بولۇشۇمغا رازىلىق بەرمەيتتى . . . »

ياقۇتخان ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئۇخلاپ قالغىنىنى سەزمەي
قالدى . لېكىن ، ئۇنىڭ بۇ خىياللىرى چۈشىدىمۇ داۋام قىلغاندەك بولدى ،
ئەتىمالىم ، سەھەرگە يېقىن : « ئۆزلىرىنى راست كۆردۈممۇ - يالغانمۇ ؟
ئەجەبمۇ مەرىلىرى ئىنتىك ئادەمكەنلا خوجام ! » دەپ چۈشەكىدى .

بامدات نامىزىغا تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان بېدىيان
قۇشناچ ، ياقۇتخان نېمىلەرنى دەيدىكىن دەپ قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ
تىڭشىدى ، ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە ئاڭلانمىدى . ئۇ « بۇ خې-

نىمنىڭ كېتىمەن دېگىنىگە قارىغاندا، قانداقتۇر بىر خوجام بىلەن چېتىشلىقى بار ئوخشىمامدۇ» دېگەن ئويغا كېلىپ تالاغا چىقتى.
ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئەدەن قىچىر ئېتىنى توقۇشقا باشلىدى.
— شۇنداق قىلىپ قاچان ماڭىدىغان بولدۇق؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەن ياقۇتخان.
— ئۇنى پالانى كۈنى دەپ، هازىر ئېنىق ئېيتالمايمەن، — دېدى ئۇ، — ئىشلىرىم قايسى كۈنى پۈتسە، شۇ كۈنى كېلىمەن-دە، ئەتىسى يولغا چىقىمىز.
— ئەمىسە مەن تەييارلىقىمنى كۆرىۋېرسەم بولامدۇ.
— شۇنداق، كۆرىۋېرسىلە.

## بەشىنچى باب

— ساۋۇتباي بالام، بۇ يىل نەچچىگە كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى ئەدەن قىچىر ياقۇپ خوجا بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىققاندا.
— ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، ئاپاق خوجام ئۆلگەندە بەش ياشقا كىرىپتىكەنمەن، — دېدى ئېنىق جاۋاب بېرەلمىگەن ساۋۇت يانتاق، — شۇنىڭغا قاراپ هېسابلاۋەرسىلە.
ئەدەن قىچىر سەل ئويلاندى:
— ئۇنداقتا، ئوتتۇزنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قاپسەن.
— شۇنداق بولسا بولغاندۇ.
— ئەمىسە، نېمىشقا ئۆيلەنمەي يۈردۈڭ؟
ساۋۇت يانتاق «بۇنى سوراپ نېمە قىلىدىكىن؟» دېگەندەك، ئەدەن قىچىرغا قاراپ قويدى.

— نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسەن ؟ — كوچىلاپ سورىدى ئەدەن قېچىر .

— ئۆزلىرى نەچچە ياشلىرىدا ئۆيلەنگەن ، تاغا ؟ — دەپ ئۇنىڭ ئۆزىگە سوئال قويدى ساۋۇت يانتاق .

ئەدەن قېچىر بىر پەس ئويلىنىپ :

— ئوتتۇز ئىككىگە كىرگەندە ئۆيلەنگەن ، — دېدى .

— مەنمۇ شۇ ياشقىچە ئاز - تولا پۇل تاپسام ئۆيلىنەرمەن ، — دېدى ساۋۇت يانتاق .

— ئۆيلىنىدىغانلا ئويۇڭ بولسا ، ئۆز قولۇم بىلەن تويۇڭنى قىلىپ قويىمەن ، پۇكۇپ قويغىنىڭ بارمۇ ؟

— قىزىق گەپلەرنى سورايدىكەنلا ، تاغا ، بىز خوجىزادە بولمىساق ، نېمىنى پۇكۇپ قويىمىز . خۇدايىم پېشانىمىزگە كىمنى پۈتكەن بولسا ، شۇ مەزلۇم بىلەن ئۆي تۇتتۇپ بېرىمىز - دە .

— توغرا دەيسەن ، بالام . بىر چاغلاردا مەنمۇ شۇنداق ئويلايتتىم . ئەدەن قېچىر ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ، ساۋۇت يانتاقنى يېتىلىگەن ئاتلىرى بىلەن ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋەتتى - دە ، تۈنۈگۈن ئاخشام ياقۇپ خوجا بەرگەن مەسلىھەتنى يەنە بىر قېتىم ئويلاپ كۆردى . ئۇ كىشى : «يا ياقۇتخېنىمغا يولۇقمايلا كېتىپ ، ئاكامغا ئۇ خېنىم ئاتىسىنىڭ يىلىغىچە ئولتۇرىدىغان بولدى ، دېيىش ؛ يا پوسكام بىلەن يەكەننىڭ سۆيىنى ئىچمەيدىغان شەرت بىلەن ، ياقۇتخاننى ساۋۇت يانتاققا چېتىۋېتىش كېرەك » دېگەندى . ئەدەن قېچىر ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ، ئاخىر ياقۇپ خوجا بەرگەن مەسلىھەتنىڭ ئىككىنچىسىنى توغرا تاپتى : «ئەگەر بۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلىسەم ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — بىرىنچىدىن ، ساۋۇت يانتاق ئۆيلۈك بولۇپ قالىدۇ . ئىككىنچىدىن ، ياقۇت خېنىم دارىلباقىغا

كېتىشتىن ئامان قالدۇ. پېقىر بولسا، ئىككى مۇسۇلماننىڭ بېشىنى قوشـ
قىنى ئۈچۈن كاتتا ساۋابقا مۇيەسسەر بولىمەن. مۇنۇ ساۋۇت ياتتاقنىڭ
ئۇزايىغا قارىغاندا، ياق دېمەيدىغاندەك. ئەمما، ئاۋۇ ئېگىز ئوقۇردا يەم يەپ
ئۆگەنگەن خېنىمنى قانداقمۇ ئۇنىتارمەن؟»

ئۇنىڭ ئويلىرى مۇشۇ سوئالغا كەلگەندە، چاقى تاشقا تىرىلىپ
قالغان هارۋىدەك تۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ، شۇ كۈنگە قەدەر ئۆزىنى
«دانىيال خوجىنىڭ ئۈچىنچى ئاغچىسى» دەپ هېسابلاپ يۈرگەن ياقۇت
خېنىمنىڭ ساۋۇت ياتتاققا رازىلىق بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى:
«شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا، دانىيال خوجىغا ئاغچا بولىمەن دېگەن قۇرۇق
ئارزۇغا مەلىكە بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەندىن، ساۋۇت ياتتاق بىلەن ئۆي تۇتـ
ۇپ، تىرىك يۈرگىنىنىڭ ياخشىلىقىنى چۈشەندۈرۈش لازىم. شۇ
چاغدىلا بۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرگىلى بولىدۇ». ئەدەن قېچىر ئويلاپ ـ
ئويلاپ مۇشۇنداق قىلىشقا بەل باغلىدى ـ دە، ئېتىنى دۈشىتىپ ساۋۇت
ياتتاققا يېقىنلاشتى ۋە:

— ساۋۇت بالام، — دېدى ئۇنىڭغا، — هازىر ساقىلاخۇننىڭ ئۆـ
يىگە بارغاندا، ياقۇت خېنىمغا تولا قاراۋەرمىگىن، جۇمۇ.

ساۋۇت ياتتاق چۆچۈپ كەتتى.

— خۇدايىم ساقلىسۇن، تاغا. شۇ چاغقىچە ئۇ خېنىمنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلاپ يۈرگىنىم بىلەن رۇخسارىنى كۆرگىنىم يوق.

— شۇڭلاشقا دەۋاتىمەن ـ دە. ئەگەر ئۇ خېنىمنىڭ يۈزىنى كۆـ
رۈپ قالساڭ، شۇ هامان هوشۇڭدىن كېتىسەن، ئاۋايلىغىن ـ هە.

— ماقۇل، تاغا، — دېدى ئەدەن قېچىرنىڭ خۇپسەنلىكىنى
چۈشەنمىگەن ساۋۇت ياتتاق.

— ئاندىن كېيىنچۇ، ساۋۇتباي، — داۋام قىلدى ئەدەن قېـ

چىر ، — ئەتىدىن تارتىپ قەشقەرگە بارغۇچە ، ياقۇت خېنىمنى ئاتقا مىندۈرۈشمۇ ، ئاتتىن چۈشۈرۈشمۇ سىزنىڭ ۋەزىپەڭ ، جۇمو .

— خوپ ، تاغا .

ئەدەن قىچىر ئۆزى دېگەندەك ئىش قىلدى . ئۇ ياقۇتخاننى ئېلىپ يولغا چىققاندىن بۇيان ، ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ماگمىدى . بەزىدە بىر چاقىرىمدەك ئۇزاپ كەتسە ، بەزىدە ئارقىدا قالاتتى . قونغان يەرلەردە بولسا : «بۇ يەردىكىلەرنىڭ تامىقى ناچار ، يېگىلى بولمايدۇ . ئۆزۈڭلار غاچچىدە بىرنەرسە تەييارلاڭلار » دەپ ، ياقۇت خان بىلەن ساۋۇت يانتاقنى خالىي قالدۇراتتى .

بۈگۈن ئەتىگەن ساۋۇت يانتاق ئات توقۇشقا چىقىپ كەتكەندە :

— قانداق ، خېلى هارماي - چارچىماي كېلىۋاتاملا ؟ — دەپ ياقۇتخاندىن هال سورىدى ئەدەن قىچىر .

— خۇداغا شۈكۈر ، ياخشى كېلىۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ .

— ئاۋۇ يانتاقنىڭ كۆچى تېگىۋاتامدۇ ؟

— نېمە دېگەنلىرى ، ئۇ يىگىت تاغنى يۇلۇۋالىدىغان پالۋاندەك كۆرۈنىدۇ .

— شوخلۇق قىلمايدىغاندۇ ؟

— ۋىيەي ، بۇ يانتاق دېگەنلىرى پالۋاندەك بولغىنى بىلەن قىز بالىدىنمۇ بەتتەر ئۇياتچان بىرنېمىكەن . رودۇسى بار ئادەمدەك جىممىدە ماگماي ، گەپ قىلغاچ ماڭايلى دېگەن ئوي بىلەن بىر نەرسىلەرنى سوراپ كۆرسەم ، جاۋاب بەرگۈچە يۈزلىرى شەلپەر-دەك قىزىرىپ كېتىدۇ .

— شۇ چاغقىچە بۇ يانتاقنىڭ پېشانىسىگە چىشى چىۋىنمۇ قونمىغانىكەن . ئەمما ناخشىنى بەلەن ئېيتىدۇ ، زېرىككۈدەك بولسىلا ،

ئالداپ ـ سالداپ ناخشا ئېيتقۇزسىلا .

ــ تۆگىدەك بويى بار يىگىتنى ئالداپ ـ سالداپ دېگەنلىرى نېمىسى ؟ ــ ھەيران بولدى ياقۇتخان .

ــ ئۇنىڭدىن ئەپلىيەلمەيمەن ، قولۇمدىن كەلمەيدۇ ، دېسىلە .

ئۆزىنى دانىيال خوجىنىڭ ئاغچىسى ھېسابىدا ھېس قىلىپ كېلىۋاتقان ياقۇتخان ، ئەدەن قېچىرنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى . ئەدەن قېچىر بولسا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ساۋۇت يانتاقنىڭ ياقۇتخانغا ياخشى تەسىر قالدۇرغىنىنى چۈشەندى .

ــ قولۇمدىنغۇ كېلەتتى ، بىراق ئۇ يىگىتنىڭ ئاۋازى ئۆزىگە ئوخشاشلا قوپالدەك كۆرۈنىدۇ ...

ــ مۇنداقمۇ ئويلىرىم بار دېسىلە . ئەمدى ئۇ يانتاقنىڭ سىلى توغرۇلۇق ئېيتقان گەپلىرىنى دەپ بېرەي ، ئاڭلاپ باقامىلا ؟

ياقۇتخاندا بىردىن قىزىقىش پەيدا بولدى .

ــ ئىككى قۇلىقىم سىلەن ، دېسىلە .

ــ ئۇ ماڭا : «مۇشۇ ياقۇتخان دېگەنلىرى ، ئەدەنباي تاغا ، پەمىمچە ، دۇنيادىكى سەتتىن ـ سەت ، كۆزلىرى ئەلەس ئايال ياكى ئاغزىدا بىر تالمۇ چىشى يوق كەمشۈك مومايمىكىن ، دەيمەن . ئۇنىڭغا دانىيال خوجامنىڭ بۇنچىلىك ئىلتىپات قىلغىنى ، بۇ خېنىمدا چىرىپ ياتقان دۇنيا بولسا كېرەك ... » دەيدۇ .

ياقۇتخان ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى ۋە كۈلكە ئارىلاش :

ــ بۇ يانتاقلىرىنىڭ قامىتى پالۋاندەك بولغىنى بىلەن پەمى ئۇنىڭغا لايىق ئەمەسكەن ، ــ دېدى .

شۇ ئارىدا ساۋۇت يانتاق كىرىپ ئاتلارنىڭ تەييار بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى .

* * *

ھاۋا ئەتىگەندە دۈمبە قورۇغۇدەك سالقىن بولغىنى بىلەن، ھازىر خېلى ئىسسىپ قالغانىدى. ئۈستىگە ئۇزۇق - تۈلۈكلەر بىلەن باشقا يۈكلەر ئارتىلغان ئىككى ئاتنى يېتەكلەپ ماڭغان بۇ يولۇچىلار، قارىغايسىز يېشىل تاغنى ياقىلاپ، كۈن پېتىش تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئارىلاپ كۈنگەي تەرەپتىكى ئوت - چۆپلىرى سارغىيىپ قالغان دۆڭلەردە ئوتلاپ يۈرگەن كالا ۋە يىلقىلار كۆرۈنۈپ قالاتتى. تاغ قاپتاللىرىدىكى تەكچىلەرگە تىكىلگەن كىگىز ئۆيلەرنىڭ چاڭگىرىقىدىن چىققان تۈتۈنلەر كۆككە ئازراقلا كۆتۈرۈلۈپ ھاۋاغا سىڭىپ كېتەتتى.

ئەدەن قېچىر ئۇلارنى يەنە يالغۇز قالدۇرماقچى بولدى:

— ساۋۇتباي، بالام، — دېدى ئات يېتىلەپ ياقۇتخاننىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان يىگىتكە، — مۇنۇ يولدىن چىقماي مېڭىۋېرىڭلار. مەن ئاۋۇ تەكچىدىكى قالماققا يولۇقۇپ، ئاندىن سىلەرنى قوغلاپ يېتىمەن.

ئۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سولغا بۇراپ، قاپتالدىكى ياندۇرما يولغا ماڭدى.

ساۋۇت يانتاق ئېتىنى دېۋىتىپ ياقۇتخانغا يېقىنلاشتى - دە:

— سىلى كەينىمدە ماڭسىلا، يەنە تۈنۈگۈنكىدەك ئالدىلىرىدىن توشقان چىقىپ قالسا قورقۇپ كېتىدىلا، — دېدى.

ئۇلار كۈندىكى ئادەتلىرى بويىچە لام - جىم دېيىشمەي خېلى يەرگىچە مېڭىشتى. ئۆزىنى دانىيال خوجىنىڭ ئاغچىسىمەن دەپ يۈرگەن ياقۇتخان ساۋۇت يانتاققا گەپ قىلىشنى ئۆزىگە ھار ئالاتتى. ساۋۇت يانتاق بولسا، ئۆز غەمخورچىسى ئەدەن قېچىر تەرىپىدىن قەشقەردىن ئىلىغا كەلگۈچە ۋە ھازىرمۇ ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسىتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ خې-

نىمغا بىر نەرسە دېيىشتىن تەپ تارتاتتى : «ئەدەن تاغام بىز بىلەن بىللە ماڭماي ، ئەجەب ئىلگىرى ـ كېيىن ماڭىدىغان بولۇۋالدى » دەپ ئويلايتتى ئۇ . «جىم ـ جىم ئوينىغاندەك گەپ قىلىشماي ماڭسا يولمۇ ئاۋۇمايدىكەن » .

ئۇلار جىرانىڭ ئىچىدىكى تۇگمەن ماڭغۇدەك سۇنى ياقىلاپ كېتىۋاتاتتى . بىردەم ئوڭغا ، بىردەم سولغا ئېغىناپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئەتراپىدا ئۆسكەن تال ـ جىغانلاردا ئۇچۇپ ـ قونۇپ يۈرگەن قۇشلار ۋىچىرلىشاتتى .

ساۋۇت يانتاق يېپىلىپ ئاقىقان سۇدىن ئۆتۈپ نەيزە بويى مېڭىۋىدى ، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ياقۇتخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ۋاي ، ساۋۇتباي !

ئۇ بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىدى . ياقۇتخان سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالغانىدى ، مىنگەن ئېتى ئېقىنغا بېشىنى تىقىپ سۇ ئىچىۋاتاتتى . ئۇ دەرهال ياقۇتخاننىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە :

— نېمە بولدى ، خېنىم ؟ — دەپ سورىدى .

— كۆرمەيۋاتاملا ، مۇنۇ ئات ماڭمايۋاتىدۇ ، تىزگىنى قولۇمدىن چىقىپ كەتتى .

ساۋۇت يانتاق گەپ قىلماستىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئېلىپ ، ياقۇتخاننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى .

— ئەجەبمۇ جىمغور يىگىت ئىكەنلا ، ساۋۇتباي ، ئۇزۇن يولدا تاڭگا چىشلىۋالغاندەك ماڭغۇچە ، ناخشا بولسىمۇ ئېيتىپ ماڭسىلىچۇ ؟

ساۋۇت يانتاق ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى .

— ئەدەنبايكام بولمىسا ، ئىچىم قەۋەتلا پۇشۇپ كېتىدىكەن . ئاۋۇ تالنىڭ سايىسىدە توختاپ ، شۇ ئادەمنى كۈتەيلىلا .

— خوپ ، — ساۋۇت يانتاق لەرزان شامالدا شاخ ـ يوپۇرماقلىرى تەۋرىنىپ تۇرغان تالنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېتىدىن چۈشتى . ئاندىن ياقۇتخاننى چۈشۈرمەك بولۇپ ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى . شۇ چاغدا يا ئۆزى ئەپسىزلىك قىلدىمۇ ، يا ياقۇتخان يىقىلىپ چۈشمەن دەپ قورقتىمۇ ، ياقۇتخاننىڭ تولۇقىنە كەلگەن يۇمشاق بەستى ساۋۇت يانتاقنىڭ گەۋدىسىگە سۈركىشىپ كەتتى . ياقۇتخان نومۇس قىلغىنىدىن «ۋاي ، شەرمەندىيەي !» دەۋەتتى . ئەمما ساۋۇت يانتاقنى ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئەمەس ، بەلكى يۇمشاق بەستىدىن كۆكسىگە تەگكەن هارارەت ئېسەنكىرىتىپ قويغانىدى : « ياپىرىم ، دۇنيادا بۇنداقمۇ ئوتلۇق پەرىزاتلار بولىدىكىنا » دەپ ئويلىدى ئۇ « خوجاملار هەقىقەتەن ئاللانىڭ ئەزىز بەندىلىرى ئىكەن ـ دە . شۇڭا ئۇلارغا مۇشۇنداق ئاتەش بەدەن خېنىملارنى ئاتا قىلىدىكەن ...» .

— هەي ، يىگىت ، — دېدى بىر چاغدا ياقۇتخان ئۇنىڭ ئېتىنى ئاتىماي ، — نېمانداق هارۋىدىن چۈشۈپ قالغان تاغاردەك تۇرىدىلا . ئاۋۇ سەگەيدىغان يەرگە جاي تەييارلىماملا ؟

— هازىر .

ساۋۇت يانتاق بۆكتۇرمىدىكى كىگىزنى ئېلىپ تالنىڭ سايىسىگە يايدى . ئاندىن ئۇنىڭ يول تەرەپتىكى شېخىغا ئاق جايىنامازنى ئېسىپ قويدى .

— بۇ نېمە قىلغانلىرى ؟ — دەپ سورىدى ياقۇتخان يەلپۈنۈپ تۇرغان جەينىيازنى شەرەت قىلىپ .

— ئۆزلىرىنى شامالدىن كىچىككىنە بولسىمۇ دالدا قىلارمىكىن دېگەن ...

— هازىر ئەدەنبايكام كەلسە ، پېشىن ئوقۇيمىزمۇ .

— ئەمسە ئېلىۋېتەي .

ياقۇتخان سۇنى ياقىلاپ ئۆسكەن تاللارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى . بىراق ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا ، ئۇنىڭ «ساۋۇتباي» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . تېخى يېڭىلا يېنىچە يېتىپ دەم ئېلىۋاتقان ساۋۇت يانتاق ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە ماڭدى . ئەمما ئارغامچا بويى مېڭىپلا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى . چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا گۈلبەر كۆينىكىنىڭ ئۈستىدىن قارا پەشمەت كىيىپ ، قەلقەي ياغلىقىنى چېكىلەپ تاڭغان بىر پەرىزات تۇراتتى . ئۇنىڭ ئەگمە قاشلىرى بىلەن چېكىسىدىكى ساڭگىلاپ تۇرغان سېكىلەكلىرىدە ، يۈزىنى يۇغان چاغدا قېپقالغان سۇ تامچىلىرى مەرۋايىت دانىچىلىرىدەك يالتىرايتتى . يۈزلىرى قىزىرىپ ، ئاپئاق بويىنى پەشمىتىنىڭ ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

— ئادەم كۆرمىگەندەك نېمانچە قاراپ كەتتىلا ؟ يۈزۈمگە ئورايدىغان رومىلىم سۇغا چۈشۈپ كەتتى ، — دېدى ياقۇتخان ۋە ئۆزىنى تالنىڭ دالدىسىغا ئالدى .

ساۋۇت يانتاق ئىككى سەكرەپلا سۇغا چۈشۈپ ، ئېقىننى بويلاپ تۆۋەنلىدى ۋە بىر پەستىن كېيىن ياقۇتخاننىڭ ئېقىپ كەتكەن ياغلىقىنى ئەكىلىپ بەردى .

— رەھمەت ، — دېدى ئۇ ۋە ، — بۇنى يەنە ئەدەنبايىكامغا گەپ قىلىپ يۈرمىسىلە ، — دەپ قوشۇپ قويدى .

ئۇ ئەتىگەندە ، ئەدەن قېچىردىن ساۋۇت يانتاقنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ئېيتقان بىمەنە گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ چىرايى بىلەن قەددى - قامىتىنى كۆرسىتىشنى ئەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئەملگە ئاشۇرغانىدى .

ئۇلار ئەدەن قېچىر كېلىشى بىلەن پېشىن نامىزىنى ئوقۇشتى ،

ئاز ــ تولا غىزالىنىپ يەنە ئاتلىرىغا مىنىشتى .
ــ ئىسسىقلاپ كەتتىلىمۇ ؟ ــ دېدى ياقۇتخان بىلەن قاتار كې-لىۋاتقان ئەدەن قىچىر .
ــ ياقەي ، ــ دېدى ياقۇتخان .
ــ ئەمىسە ، مۇنۇ يۈزلىرىنى ئورىۋالغان روماللىرى ھۆلدەك تۇرىدىغۇ ؟
ياقۇتخان بىر نەرسە ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالغان كىچىك بالىدەك ھودۇقۇپ قالدى ــ دە :
ــ بايا سۇغا چۈشۈپ ئېقىپ كەتكەنىدى ، ــ دېدى .
ئەدەن قىچىر ساۋۇت ياناتاقا سۆز قاتتى :
ــ ياقۇتخېنىمنىڭ روملىنى سۇدىن سەن ئېلىپ بەردىڭما ؟
ئۇ « ھەئە » دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى .
ــ ئەمىسە ، سەل تېزرەك ماڭايلى ، بولمىسا مەنزىلگە يېتەلمەي قالىمىز .
ئۇلار كۈن ئولتۇرارغا يېقىن « ئاتنىڭ تېغى » نى ئارقىسىغا تاشلاپ ، «قايىنىنىڭ توزى » دېگەن يەرگە كەلدى . يەنە بىرئاز غەيرەت قىلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرسا ، دەريا بويىدىكى مەنزىلگە ئەل ياتقۇچە بول-سىمۇ يېتىپ باراتتى . لېكىن ئەدەن قىچىرنىڭ ماڭغۇسى كەلمىدى . ئۇ ياقۇتخېنىمنىڭ كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك يۈزىگە ئوراپ يۈرىدىغان تور ياغلىقىنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكىنىنى ۋە ئۇنى ساۋۇت ياناتاقنىڭ ئېلىپ بەرگىنىنى ئاڭلاپ ، مۇشۇ كېچە ، مۇشۇ تېكەس ۋادىسىدا ، نىيەت قىلغان ئىشنى بىر ياقلىق قىلىش قارارىغا كەلدى . شۇڭا ئۇ :
ــ مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭلار ، ــ دېدى سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ .

ئۇلار يولدىن چىقىپ، يۇمشاق كۆك چۆپلەر ئۆسكەن دالانى بويلاپ تۆۋەنلىدى ۋە خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئوك تەرەپكە بۇرۇلۇپ، بىرنەچچە بۇلاقلارنىڭ سۇلىرى قوشۇلۇپ ئاققان تۈزلۈككە كەلدى.

— بۈگۈن مۇشۇ يەردە تۇنەپ، ئەتە سەھەردە يولغا چىقىمىز، — دېدى ئەدەن قېچىر ۋە ئېتىدىن چۈشۈپ خورجۇنلىرىنى ئالدى. ئاندىن ئاتلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاۋاتقان ساۋۇت يانتاققا قاراپ، — سەنچۇ، بالام، بۇ يەردىن ئازراق تۆۋەنلەپ بارساڭ چېچىلىپ ئۆسكەن جاڭگاللىق بار، شۇ يەردىن بىرئاز ئوتۇن يىغىپ كەل.

ساۋۇت يانتاق ئىككى غۇلاچتەك تاننى ئۆشنىسىگە ئارتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەدەن قېچىر كىگىز ئۇستىدىكى كۆرپىدە ئولتۇرغان ياقۇتخېنىمنىڭ قېشىغا كەلدى - دە:

— ئۆزلىرى بىلەن كېلىشىۋالىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار، — دېدى.

— نېمە ئىشتۇ ئۇ ئەدەنبايىكا؟ — ياقۇتخان ھەيران بولۇپ سورىدى.

— سىلى مېنى ياخشى ئادەم دەپ ئىشىنەملا؟

— ئىشەنمەيچۇ، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ دۇنيادا ياخشى ئادەم بولسا سىلىچىلىك بولار.

— ئەمسە، مەن دېگەن ئىشقا رازىلىق بىلدۈرىدىلا.

« بېشىڭنى يېگۈر قارانىيەت قاقۋاش » دەپ ئويلىدى ئۇنىڭ گېپىنى ئۆزىچە چۈشەنگەن ياقۇتخان، « ئەمدىن قانداق قىلارمەن، بۇ ئەر خەق دېگەننىڭ قېرىپ كەتسىمۇ، ئۇچمە كۆڭۈللۈكى قالمايدىكەن - دە. بۇ ئايدالادا كىممۇ ماڭا ئارا بولار ... ».

— نېمشقا جاۋاب بەرمەيدىلا؟ — سورىدى ئەدەن قېچىر.

ياقۇتخان ئۆزىنى تۇتۇپ :

— مەن دېگەن دانىيال خوجامنىڭ ئاغچىسى تۇرسام ، قانداق جۇرئەت قىلىپ شۇ گەپنى قىلىۋاتىدىلا ؟

— ئۆزلىرى ياش بولغاندىكىن تىرىك قالسۇن ، بەش - تۆت زامان بولسىمۇ كۈننىڭ سىرىنقىنى كۆرسۇن دەپ شۇنداق دەۋاتىمەن .

ياقۇتخاننىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتكەندەك بولدى : « بۇ نىيىتى بۇزۇلغان دەججال بەربىر دېگىنىگە كۆندۈرمەي قويمايدىغان ئوخشايدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە ، دانىيال خوجامنىڭ قېشىغا سالامەت يېتىۋالغۇچە بۇ تۇججارنىڭ رايىچە بولايمىكىن . ھېلىقى ھاۋاخان سەتەڭ : ‹ سۇدا بىلىقنىڭ ، خوتۇنلاردا ئەر خەقنىڭ ئىزى يوق › دەيدىغانغۇ ... » .

— گەپ قىلسىلا ، مەن دېگەن ئىشقا رازى بولامىلا ، يوقمۇ ؟

چارىسىزلىقنى چۈشەنگەن ياقۇتخان :

— بوپتۇ ، رايىلىرىچە بولاي ، — دېدى مۈگدىنىپ ۋە ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى .

— مانا بۇ ، بەش كۈن بولسىمۇ تىرىك يۈرەي دېگەن ئەقىللىق جۇۋاننىڭ گېپى . نېمشقا كۆڭۈللىرىنى بۇزۇپ يىغلايدىلا . ھازىر يانتاق كەلسە گۈلخان يېقىپ چاي قاينىتىمىز . ئاندىن كېيىن ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىلەن ئاۋۇ ئاقىرىپ كۆرۈنگەن تەگرىتېغىنى شاھىت قىلىپ ، ئىككىمىزنىڭ نىكاھىنى ئوقۇيمەن ، قانداق ؟

بۇ گەپ ياقۇتخاننى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى : «توۋا ، مۇنۇ تۇججار نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ ، ھوشى جايىدىمۇ ، ئەمەسمۇ ؟ دانىيال خوجامدىن قورقمامدىكىنا ؟ »

— يەنە جىم بولۇپ كەتتىلىغۇ ؟ — دېدى ئەدەمن قېچىر .

— دانىيال خوجامدىن قورقمامىلا ؟ ئۇ ئادەمنىڭ قولى ئۇزۇن ،

قارغىشىغا ئۇچرىماملا ؟

— ئۇ كىشىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە ، پوسكامدا يۈرگەنلە-رىدە « بۇلبۇلغا ئالتۇن قەپەستىن ، گۈلنىڭ تىكىنى ئەلا » دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىمىغانمۇ ؟

ياقۇتخان ئۈنچىقمىدى . ئۇ كۈتۈلمىگەندە بېشىغا كېلىۋاتقان قىس-مەتتىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندى : « بۇ بىۋاپا دۇنيانىڭ ماڭا كۆرسىتىدىغان ئىشى مۇشۇ ئوخشايدۇ . هاياتىمنىڭ بىر تەرىپىنى تۇ-زىدىمغۇ دەپ خۇشال بولسام ، يەنە بىر تەرىپى بۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ » ، دەپ ئويلىدى ئۇ ، « مۇنۇ قېرى تۇججارغا قارىغاندا ، ساۋۇت يانتاق گاداي بولسىمۇ ، پەرىشتىدەك ئاق كۆڭۈل يىگىت . بوپتۇ ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام بولاي ، لېكىن يەكەنگە بارغاندا دانىيال خوجامنى بەرىبىر ئىزدەپ تاپىمەن ... » .

شۇ ئارىدا بىر قوچاق ئوتۇن كۆتۈرگەن ساۋۇت يانتاق يېتىپ كەلدى .

— بىز چاي قايناتقۇچە سىلى داستىخاننى جۇزدىسىلە ، — دېدى ئەدەن قېچىر ياقۇتخاننىڭ جىم تۇرغىنىنى رازىلىق بەرگەنگە جورۇپ .

ئۇ ساۋۇت يانتاق ئەكەلگەن ئوتۇنلارنى تاشلىغاچ بىر يەرگە چۈشۈرگۈزۈپ ئوت ياقتى ۋە ئىككى يەرگە ئاچا ياغاچ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە توغرا ياغاچ قويۇپ چۆگۈننى ئاستى . ئاندىن ساۋۇت يانتاققا قاراپ :

— ئوتقا ئۆزۈم قاراپ تۇرىمەن . سەن ماۋۇنى ئېلىپ ، باش - كۆزۈڭنى يۇيۇپ كەلگىن ، — دېدى ۋە يانچۇقىدىن كىچىككىنە پۇراقلىق سوپۇن ئېلىپ سۇندى .

ئەدەن قېچىرنىڭ بۇ ئىشىدىن هەيران بولغان ساۋۇت يانتاق سو-پۇننى يا ئېلىشنى ، يا ئالماسلىقنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى .

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن ؟ — بۇ قېتىم ئەدەن قېچىرنىڭ ئاۋازى ھۆكۈمرانىلىكىدەك جاراڭلىدى .

ساۋۇت يانتاق گۈلخاندىكى چۆگۈن شىلداشقا يېقىن سۇ بويىدىن يېنىپ كەلدى .

— مانا ئەمدى ئۆيلىنىدىغان يىگىتلەردەك خۇش پۇراق بولدۇڭ ، — دېدى ئەدەن قېچىر گۈلخاننىڭ چېتىگە كېلىپ ئولتۇرغان ساۋۇت يانتاققا ، — ھازىر ياقۇتخېنىم بىلەن ئىككىڭلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇيمەن . بىلىڭ چىڭدۇ ، ئالمايمەن دەپ تۇرۇۋالمايدىغانسەن ؟

ساۋۇت يانتاق تامدىن تاراش چۈشكەندەك ئېيتىلغان بۇ گەپكە شۇنچىلىك ھەيران بولدىكى ، بايا ياقۇتخان ئويلىغاندەك : « بۇ ئادەمنىڭ ھوشى جايىدىمۇ ، ئەمەسمۇ ؟ » دەپ قالدى .

— گەپ قىلمايسەنغۇ ، ساۋۇتباي ، يا ئۆيلەنگۈڭ يوقمۇ ؟

ئۇ تېخىمۇ ھەيران بولدى ، ھەتتا بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى .

— ياقۇتخېنىمنى ئالماي تۇرۇپ شۇنچە ھودۇقۇۋاتسەنغۇ ؟ بۇ قىلىقىڭ بولمايدۇ يىگىت . چايمۇ قايىندى ، چۆگۈننى كۆتۈر ، بالام . نىكاھتىن كېيىن ئاتلارنى ئۆزۈم باققىلى ئەكىتىمەن .

ئۇلار ياقۇتخاننىڭ قېشىغا كەلگەندە داستىخان سېلىنىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېدىيان قۇشناچ يولغا دەپ پىشۇرۇپ بەرگەن توقاچ ، تۇخۇم ۋە ئاخشام ئېشىپ قالغان پىششىق گۆشلەر قويۇلغانىدى .

— ئەمىسە ، مەن ئىككىڭلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇۋېتەي ، چاينى شۇندىن كېيىن ئىچەرمىز ، — دېدى ئەدەن قېچىر . ئاندىن ئۆزى ئېيتقان گەپلەرگە ھەيرانۇ ھەس بولۇۋاتقان ساۋۇت يانتاققا قاراپ سوئال قويدى ، — ساقىلاخۇننىڭ قىزى ياقۇتخاننى ئىختىيارىڭ بىلەن ھالال

جۇپلۇككە ئالدىڭمۇ ؟

ساۋۇت يانتاق ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى ، نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى .

— مەن كىمگە گەپ قىلىۋاتىمەن ؟ ياقۇتخاننى ئالامسەن ، يوقمۇ ؟

ئەدەن قىچىرنىڭ ئۆكتەم ئاۋازىدىن ھودۇقۇپ قالغان ساۋۇت يانتاقنىڭ ئاغزىدىن :

— ئالىمەن ، — دېگەن سۆز ئارانلا چىقتى .

ئەدەن قىچىر ياقۇتخانغا قاراپ سورىدى :

— مامۇت دوپپىچىنىڭ ئوغلى ساۋۇتباينى ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن قوبۇل قىلدىلىمۇ ؟

ياقۇتخانمۇ خۇددى ساۋۇت يانتاقتا ئوخشاش نېمە دېيىشنى بىلمەي كۆرپىنى تاتىلاپ تۇرۇۋالدى .

— بايىلا مەن بىلەن سۆزلەشكەندە ، رازىلىقلىرىنى بەرگەن ئىدىلىغۇ ، — دېدى ئەدەن قىچىر .

ياقۇتخان بېشىنى كۆتۈرمەستىن :

— ساۋۇتباي بىلەن نىكاھ ئوقۇتمايلا بىللە تۇرىۋەرسەك بولامدۇ ؟ — دېدى .

— بۇ قانداق گەپ ! نىكاھ ئوقۇتماي ساۋۇتبايغا ھارام خوتۇن بولۇپ يۈرمەكچىمۇ ؟

ياقۇتخان لاسسىدا بولۇپ قالدى . ئەدەن قىچىر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، سوئالنى يەنە تەكرارلىدى . ياقۇتخاننىڭ « قوبۇل قىلدىم » دېگەن ئاۋازى يەر تېگىدىن چىققان بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىدەك ئاڭلاندى .

— ئەمىسە ، نىكاھ ئوقۇشنى باشلايمەن ، — ئەدەن قىچىر

پەشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قايتىدىن تىزلاندى ـ دە، نىكاھ ئوقۇدى. ئاندىن بىر پارچە نان سېلىنغان چايغا دەم سېلىپ، چايدىن ياقۇتخانغا بىر يۇتۇم ئىچكۈزدى، — ئەمدى، باللىرىم، بېشىڭلار باش، پاچىقىڭلار تاش بولسۇن. بىر ئېتەك ئوغۇل، بىر ئېتەك قىز بالا كۆرۈڭلار، — دەپ تىلەك بىلدۈردى.

※ ※ ※

ئەدەن قېچىرلارنىڭ سەپىرى شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلار تەگرىتېغىنىڭ تەسكەي تە-رىپىدىكى شۇتا دېگەن بېكەتتە ئاتلىرىنىڭ تاقىسىنى يې?لاش ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى غەملىۋېلىش ئۈچۈن بىرنەچچە كۈن توختاپ، يەنە يولغا چىقماقچى بىر'دى:

— ئەدەنبايكا، — دېدى ياقۇتخان، — ياخشىلىق قىلغاندىكىن ئاخىرىغىچە قىلىپ، بىزنى يەنە بىر قېتىم خۇش قىلسىلا، ئۆزلىرىگە ساۋۇتباي ئىككىلەننىڭ بىر ئىلتىماسى بار.

— خوش، — ئەدەن قېچىر قىزىقسىندى:

— بىز بۇ يىلچە قەشقەر تەرەپكە ئۆتمەي، مۇشۇ ياقتا قالساق دې-گەن ئويغا كېلىۋېدۇق.

ئەدەن قېچىر بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن، بېكەتنىڭ ھويلىسىدا ئات توقۇۋاتقان ساۋۇت يانتاقنى چاقىرىپ:

— ماۋۇ ئايالىڭ بىلەن نېمە دەپ مەسلىھەت قىلىشتىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزلىرىگە بىرەر گەپ ـ سۆز كېلىپ قالارمىكىن دەپ، مۇشۇ ياقتا قېلىشنى ئويلىغاندۇق، — دېدى ئۇ.

— مەن توغرۇلۇق غەم قىلغىنىڭلارغا رەھمەت. بىراق بۇ

تەرەپتە قىلىشقا بولمايدۇ. ھازىر بۇياقتا تۇتۇن چىققانلا يەرنى كېزىپ يۈرىدىغان تىڭچى سوپى — ئاشىقلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قىلىشىڭلار مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى ئاتاڭلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، شۇيەردە ئىستىقامەت قىلغىنىڭلار ياخشى، — دېدى ئەدەن قېچىر ۋە، — مېنىڭ ماۋۇ گېپىمنى قۇلىقىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار. بۇگۈندىن، ياق ھازىردىن باشلاپ ياقۇتخېنىمنى ساقىلاخۇننىڭ قىزى ئەمەس، كەلپىنلىك ھىمىت گۇرجەكنىڭ قىزى — ھەجەرخان دەپ ئاتايمىز. قانداق، كېلىشتۇقمۇ؟

— خوپ.

— ئەمىسە، بىسمىللا دەپ يولغا چىقايلى.

ئۇلار بىر ئۇچى تەڭرىتېغىدىكى مۇز داۋان تەرەپكە كېتىدىغان چوڭقۇر غولنىڭ ئىچىگە كىردى. باشقا يەرلەرگە قارىغاندا قۇياشنىڭ نۇرىنى چۈشكە يېقىن كۆرۈپ، چۈشتىن كېيىن كۆرمەيدىغان بۇ غولنىڭ ئىچى ئەگرى - بۈگرى بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى يولمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئەگرى - بۈگرى ئىدى. ھەر بىر ئايلانمىدىن بۇرۇلۇپ ئۆتكەندە، غولنىڭ تېگىدىن ئۈستىگە ئېگىز قارىغايلار ئۆسكەن يېشىل قاپتاللار ياكى ئۈستى قورام تاشلىق، ئاياغ تەرىپىدىن تىۋىلغىلىق يانباغلار ئۇچرىشاتتى. ھاۋادىن بولسا قارىغاي بىلەن ئارچىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

«ياقۇتخانغا ھەممىنى ئوچۇق ئېيتقىنىم ياخشى بولدى. بولمىسا بۇ خېنىم ھېچقاچان ساۋۇت يانتاق بىلەن بۇ تەرەپتە قالايلى دېمەيتتى» دەپ ئويلىدى ئەدەن قېچىر «ئىسسىق بۇلاق» دېگەن يەرگە يېقىنلاشقاندا، «دانىيال خوجامنىڭمۇ يۈرىكى تاشتەك قاتتىق ئادەم ئىكەن. بولمىسا مۇشۇنداق ياپياش، ھېچقانداق گۇناھى يوق چوكاننى دارىلىباقىغا ئەۋەتىۋەتىسىلە دەمدۇ؟ قاتىللىقنى قىلسا ساقىلاخۇن مەرھۇم قىپتۇ. بۇ بىچارىدە نېمە ئەيىب يار؟ بۇ ھەقتە ياقۇپ خوجامغا مەسلىھەت سالغىنىممۇ

بەك ئۇبدان ئىش بولدى ـ دە ... » .

شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېتى بىر نەرسىدىن ئۈركىگەندەك قۇلاقلىرىنى شىڭگىتىپ ، يولنىڭ چېتىگە چىقتى . ئەدەن قېچىر دەرھال تىزگىننى تارتىپ ، ئالدى تەرەپكە قارىۋىدى ، يۈز قەدەمدەك يەردىكى كۆك چىمەنىنىڭ ئۈستىدە دەۋر قىلىپ ئولتۇرۇشقان بىرقانچە ئاشىق ـ دەرۋىشلەرنى كۆردى .

ساقاللىرى ئۆسۈپ چاڭگاكلاشقان ، چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشكەن ۋە جۇلىقى چىقىپ كەتكەن جەندىلەرنى كىيىۋالغان بۇ دەرۋىشلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ ئولتۇرغان بىرسى مۇڭلۇق ئاۋازدا ھېكمەت ئېيتىۋاتاتتى :

زېكىرىيادەك ① بۇ بېشىمغا ھەرە قويسام ،
ئەييۇپتەك بۇ تېنىمگە قۇرتنى قويسام ،
مۇسادەك ②تور تاغدا تائەت قىلسام ،
بۇ ئىش بىرلە يارەب سېنى تاپقايمۇ مەن .

باشقا دەرۋىشلەر ئۇنىڭغا جور بولۇشتى :

چىلتەن ـ چىلتەن ③ئەمەسمۇ ،

① زېكىرىيا ـــ پەيغەمبەر ، رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ئۇ كۇپپارلاردىن قېچىپ دەرەختىن پاناھ تىلىگەن ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان . بۇنى بىلىپ قالغان كۇپپارلار دەرەختنى ھەرە بىلەن ھەرىدىگەن . زېكىرىيا پەيغەمبەر نالە ـ زار قىلىپ ئۆلگەنىكەن .

② مۇسا ـ پەيغەمبەر ، رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ئۇ تور دېگەن تاغدا تائەت ـ ئىبادەت قىلىۋاتقاندا ئاللادىن «تەۋرات » چۈشكەنىكەن .

③ رىۋايەت قىلىنىشىچە ، چىلتەن دەپ ئاتىلىدىغان ئادەملەرنىڭ يىگىرمە ئىككىسى دەمەشىقتىكى تاغ غارلىرىدا ، ئون سەككىزى ئىراقتا بولۇپ ، ئۇلارنىڭ يەتتىسى يەكەنگە كېلىپ شۇ يەردە ۋاپات بولغانىكەن . يەتتە چىلتەننىڭ ھەممىسىنىڭلا ئىسمى مۇھەممەد بولۇپ ، بۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن يەردە مەمۇرچىلىك بولىدىكەن ، ئاغرىق ـ سىلاق بولمايدىكەن .

دەرۋىش چىلتەن ئەمەسمۇ .
چىلتەنلەرنىڭ دۇئاسى ،
مۇشكۇل ئاسان ئەمەسمۇ ،

يا ئاللا ، ئاللا ھۇم ، ھۇم ، ھۇم ،
داتمۇ دات ، ئۆزۈڭگە دات ،
ئاللا يەي ، ئاللا ئىماملىرىم ،
ئۆزۈڭگە تەۋەككۇل ئەيلىدىم ...

ئەدەن قىچىر دەرۋىشلەرگە يېقىنلاپ كەلدى . ھەق يولىدا رىيازەت چېكىشكە بېرىلىپ كەتكەن بۇ ئاشىقلار ئۈنى سەزمىدى :

يۇنۇستەك دەريا ئىچىدە بېلىق بولسام ،
يۇسۇپتەك قۇدۇق ئىچىدە تۇركۇن بولسام .
ياقۇپتەك يۇسۇپ ئۈچۈن زار يىغلىسام ،
بۇ ئىش بىلەن يارەب سېنى تاپقايمۇ مەن .

دەرۋىشلەر يەنە جور بولۇشتى :

چىلتەن ـ چىلتەن ئەمەسمۇ ،
دەرۋىش چىلتەن ئەمەسمۇ ...

ئاندىن ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ :

بەندەڭ ئىرۇرمەن ۋاللاھۇبىللا ،
شامۇسەھەرلەر مەن ساگا شەيدا ...

دېيىشىپ ساما سېلىشقا باشلىدى. بىر چاغدا گىرۋىكى ئاق كۆلاھ كىيىۋالغان قېرى دەرۋىش يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. بۇنى كۆرۈپ باشقا دەرۋىشلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— سوغوق سۇ ئەكىلىڭلار ! — دېدى بىرسى.

— ئازاق سوپۇم ھەقنىڭ ۋىسالىغا مۇشەررەپ بولغان ئوخشايدۇ، — دېدى يەنە بىرى.

— ئىلاھىم، ئىپتىقانلىرى كەلسۇن، ئازاق سوپۇمغا بولسمۇ، ھەقنىڭ دىدارىنى كۆرۈش نېسىپ بولغاي، — دېدى ئۈچىنچىسى.

ئۇنىڭغىچە سۇغا كەتكەن دەرۋىش بىر قاپاقتا سۇ ئەكەلدى. بويى ئېگىز بىرسى سونايلىنىپ ياتقان دەرۋىشنىڭ يۈزىگە سۇ چاچتى.

— سوپۇم كۆزىنى ئاچتى، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى بىر دەرۋىش.

— ھەقنىڭ ۋىسالىغا يېتىش بۇنداق ئاسان ئەمەس، — دېدى ئېگىز دەرۋىش قولىدىكى قاپاقنى يەرگە قويۇپ.

شۇ چاغدا ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەن ئەدەن قېچىر دەرۋىشلەرگە سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېيىشتى ئۇلار.

— ئازاق سوپۇم دېگەن گېپىڭلارنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلدىم، — دېدى ئەدەن قېچىر.

— بۇ گەپنى قىلىۋاتقان كىم ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا كىرگەن ئازاق سوپى.

— بۇ مەنغۇ، ئازاق سوپۇم، سامساق سوپىنىڭ ئوغلى ئەدەنباي.

— ھە، ھە، ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارمايدىغاندەك تېخىچە تۇججارلىق قىلىپ يۈرەمسەن ؟ — ئۇ چۆرىسىدە تۇرغان دەرۋىشلەردىن ئۆزىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇشنى ئۆتۈندى. ئۇلار بۇ قېرى دەرۋىشنىڭ ئىلتىماسىنى دەرھال ئورۇندىدى.

— ئاتا، كىچىككىنە ئۇسسۇلۇق ئىچۋالملا ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن ياشقىنا بىر دەرۋىش.

ئازاق سوپۇم قاپاقتىكى سۇدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئىچتى - دە :

— ھەقنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئاسان ئەمەس، — دەپ سۆزلەپ كەتتى ئۇ، — ئۆز ۋاقتىدا بەلخنىڭ پادىشاھى ئىبراھىم ئەدھەم① ئاللانىڭ ئىشقىدا بارلىق مال - مۈلكىدىن، تاجۇ تەختىدىن ۋاز كېچىپ، جەندە كىيىپتۇ - دە، نىشاپوردىكى بىر تاغدا يەتتە يىل رىيازەت چېكىپتۇ. كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرى ئۇخلىماي ئاللاغا ئىبادەت قىپتۇ. يىغقان ئوتۇنلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئىپتارلىقى ئۈچۈن تائام تېپىپ يەپتۇ. نەتىجىدە، چىش كولىغۇچتەك نازۇكلىشىپ قومۇش ئىچىدىكى نالغا② ئوخشاش تىترەپ تۇرىدىغان ھالغا يېتىپتۇ. شۇنىڭغا قارىماي، بىر كۈنى ئوتۇن كۆتۈرۈپ شەھەرگە كېلىۋاتسا، بىر گۇرۇھ ئىشانلار ئۇچراپتۇ - دە، ئۇنىڭ تەرىقەت يولىدا قايسى مەقامغا يەتكەنلىكىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، بىرسى بوينىنى سىقىپتۇ، يەنە بىرسى مۇشتۇمى بىلەن ئۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا تەرىقەت يولىغا كىرگەن ئىبراھىم ئەدھەم : « سىلەر ئىزدىگەن نەرسىلەر مەندە يوق. ئۇلار بەلخ شەھىرىدە قالغان » دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىشانلار : « بۇ تېخى ھەقىقىي ئاشىقلىق دەرىجىسىگە يەتمەپتۇ. شۇنچە ئازابلارنى تارتىپ ئوتۇن كۆتۈرۈپ يۈرسىمۇ، بەلخ شەھىرىدە قالغان مۈلكى ئېسىدىن چىقماپتۇ. شۇڭا بۇ ئادەم يەنە بىر نەچچە يىل ئاللا يولىدا رىيازەت چەكسۇن. شۇ چاغدا، بەلخ شەھىرىدە قالغان مال - مۈلكى ئېسىدىن چىقىپ قالار » دېيىشىپتۇ. ئارىدىن يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، يەنە شۇ ئىشانلار ئۇنى سىناش ئۈچۈن يولىنى توسۇپ، ئىككى مۇشت

① ئىبراھىم ئەدھەم — شاھلىقتىن كېچىپ، تەسەۋۋۇپ يولىغا كىرگەن.

② نال — قومۇشنىڭ ئىچىدىكى نېپىز پەردە.

ئۇرۇپتۇ . بۇ قېتىم ئىبراھىم ئەدھەمدىن سادا چىقماپتۇ . بۇ ھالنى كۆرگەن ئىشانلار پەرياد چېكىپ : «ئۇ ئەمدى ھەقنىڭ ۋىسالىغا يېتىپتۇ ، ئۇنىڭ تەرىقەت يولىدىكى رىيازىتى تۈگىدى » دەپ شۈكۈر سانا قىلىشىپتۇ . ئەگەر تەرىقەت يولىدا ئۆلۈش نېسىپ بولسا شۇنى بىلىڭلاركى ، بۇ ئۆلۈم ئەبەدىي ھاياتنىڭ نەق ئۆزىدۇر .

ئازاق دەرۋىش گېپىنى يۆتكەپ ، سۆزىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان دەرۋىشلەرگە تەلىم بېرىشكە باشلىدى :

— سىلەر چىن دىلىڭلار بىلەن ئاللانىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىشنى ئويلىساڭلار ، ئاھ چېكىڭلار ، ھەرقانداق جەبىر - جاپاغا ئۇچرىساڭلارمۇ خۇشال بولۇڭلار . ۋۇجۇدۇڭلاردىكى جان قۇشۇڭلار قاچانكى پەرۋاز قىلىدىكەن ، ھەقنىڭ ۋىسالىغا شۇ چاغدىلا مۇيەسسەر بولىسىلەر ، يەنى ئاتەشنىڭ ئىشقىدا ئۆزىنى ئاتەشكە ئۇرغان پەرۋانىگە ئوخشاش مەقسەتكە يېتىسىلەر . ھەزرىتى ئاپاق خوجام : «ساما قىلىۋاتقان چاغدا ، ئاللاتائالا بەندىلىرىنى چاقىرىدۇ ، يەنى ھەي بەندىلىرىم ، سىلەرنىڭ ئىبادىتىڭلار مېنىڭ دەرگاھىمدا قوبۇلىيەتكە ئۆتتى . سىلەر ھايات تۇرۇپ ئۆلدۈڭلار ، يەنى ئۆلۈمنى ياد ئەتتىڭلار » دېگەن ... .

ئەدەن قېچىر ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ قويۇپ ، ئەمدى قانداق كېتىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى . چۈنكى ھەق يولىدا رىيازەت چېكىپ يۈرگەن بۇ دەرۋىشلەر تۇرماق ، ھەتتا ئۆزىنى تونۇيدىغان ۋە ئاتىسى بىلەن تالاي يىللار بىللە يۈرۈپ ، رىيازەت چەككەن ئازاق سوپىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي قالغانىدى . شۇڭا :

— ئەمىسە ، ھەرقايسىلىرىنىڭ سەپەرلىرى ئوڭ بولۇپ ، ياراتقان ئىگەم ھەربىرلىرىگە شاپائەت قىلغاي ، — دېدى ئۇ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ، بىراق ئىككى قەدەمدەك ماڭمايلا ئازاق سوپىنىڭ :

— سامساق سوپىنىڭ تۇججار بالىسى كەتتىمۇ ؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .
— يوقسۇ ، مەن بار ، تەقسىر ، — دېدى ئەدەن قېچىر ۋە ، — ئۆزلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئالاي دەپ تۇرۇۋاتىمەن ، — دەپ قوشۇپ قويدى .
— دۇئانى ئاتاڭدىن ئالمىدىڭمۇ ؟ ئاللاتائالا ، يەنى يوقتىن بار قىلغۇچى : «ئاللاغا ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ، ئۆزۈڭلاردىن بولغان پەرمان ئىگىسىگە بويسۇنۇڭلار » دېگەن . بۇ گەپتىكى « پەرمان ئىگىسى » ئاتا بىلەن ئانىدۇر ، — ئۇ يەنە نېمە دېسەم بولىدىكىن دېگەندەك بىر پەس ئويلىنىپ تۇردى - دە ، — ئاللانىڭ ئالدىدا مېنىڭ دۇئالىرىمدىن ، ئۆز ئا- تاڭنىڭ دۇئاسى ئىناۋەتلىكتۇر ، — دېدى .
— ئۆزلىرىنىڭ بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا . بىراق ئۆزلىرىنى ئاتامدەكلا ھۆرمەت قىلىمەن ، سۆيۈم . چۈنكى ئۆزلىرى غەمخورلۇق قىلغاچقا ، ئاتام بىلەن ئاخىرقى ئۆمرىدە بولسىمۇ دىدارلىشىپ قالدىم .
— بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا . لېكىن تاڭلا مەھشەردە بەربىر دىدارلىشاتتىڭلار ، — ئۇ بىردىن گېپىنى يۆتكەپ ، — دۇئا بەرسەم ، ھەق- قىڭگە نېمە بېرىسەن ؟ — دەپ سورىدى .
— سىلەردىن ئايايدىغان ھېچ نەرسەم يوق ، تەقسىر .
— دۇئا بەرمىسەمچۇ ؟
— بەرمىسىلىمۇ مەيلى .
ئازاق سوپى ياش دەرۋىشكە مۇراجىئەت قىلىپ :
— بالام ، مۇنۇ تۇججارنىڭ بەرگەن نەرسىلىرىنى ئال ، — دېدى .
ئاندىن ئەدەن قېچىرغا قاراپ ، — بەرگەن نەرسىلىرىڭ تېنىمىزگە سىڭگەندە خالىس دۇئا قىلىپ قويىمەن ، — دېدى .
ئەدەن قېچىر بىلەن ياندىشىپ كېلىۋاتقان ياش دەرۋىش :

ـــ مەن سىلىنى تونۇغاندەك قىلىمەن . سىلى يەنە بىر ھەمسەپەر-لىرى بىلەن بەشكېرەم يولىدا چوڭ ئاتام ئىككىيلەنگە ئۇچراشقان ئەمەسمۇ ؟ ـــ دېدى .

ـــ شۇ يىگىت سىلىمۇ ؟ ئازاق سوپۇم سىلىنىمۇ تەرىقەت يولىغا كىرگۈزۈپتۇ ـ دە .

ـــ يوقسۇ ، مەن چوڭ ئاتامنى قېرىغان چېغىدا رەنجىپ قالمىسۇن ، بەش ـ تۆت زامان ھەمراھ بولۇپ يۈرەي ، دەپلا ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ يۈ-رۈۋاتىمەن . كېيىن بەرىبىر بۇ كەسىپنى قىلمايمەن .

ـــ بۇ ياقتا نەگە ماڭدىلا ؟

ـــ ئەخمەت خوجامنى زىيارەت قىلىمىز كەن . قىشنى ئىلىدا ئۆتكۈزۈپ ، ئەتىياز كىرىشى بىلەن تۇرپانغا ئەسھابۇلكەبكە بارىمىز كەن . ھازىر چوڭ ئاتامنىڭ بىردىنبىر ئارمىنى مۇشۇ .

ئەدەن قېچىر ساۋۇت يانتاق يېتىلىۋالغان بىر ئاتنىڭ ئۇستىدىكى خورجۇندىن يەتتە ـ سەككىزدەك نان ۋە گۆش ئېلىپ ، ياش دەرۋىشكە بەردى .

※ ※ ※

ـــ ساۋۇتباي بالام ، ـ دېدى ئەدەن قېچىر بەشكېرەمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەن ، ـــ مەن دېگەن گەپلەرنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت ، خۇدا بۇيرۇسا يازلىققا ئەنجان تەرەپكە بارىمىز . ھەجەرخان قىزىم ، ئۆزلىرى رۇخسەت قىلالا ـ ھە ؟

ـــ ماۋۇ ئەدەنباي تاغامنىڭ گېپىنى ؟ بۇ دۇنيادا ئايالاردىن رۇخسەت سوراپ سەپەرگە چىققىدىغان ئەر خەق بولامدۇ ؟ ـــ دېدى ياقۇتخان . ئۇ ھازىر ساۋۇت يانتاق بىلەن قىرىق يىلدىن بېرى ئۆي تۇتۇپ كېلىۋاتقان قەدىناس خوتۇندەك ئۆزلىشىپ كەتكەنىدى ، ـــ مېنى ساۋۇت-

بايىنىڭ پۇتىغا باغلانغان چۈشەك دەپ ئويلاملا . بۇ كىشى سىلى بىلەن ھېلىغۇ ئەنجانغا بارىدىكەن ، باغداتقا بارسىمۇ ۋايىم قىلمايمەن .
— سەنچۇ ، ساۋۇتباي ، ئەنجانغا بارغاندا بىرئاز تۇرۇپ قالساق ، «ھەجەرخان چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ ، كېتەيلىلا ، تاغا » دېمەيدىغانسەن ؟
— قېنى ، بالدۇر ياز كەلسۇن ، — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ .
— بېشىڭدا بىر ئويلىغىنىڭ بار سېنىڭ ، — دېدى ئەدەن قېچىر ئۇنىڭ جاۋابىدىن رازى بولۇپ ، — بوپتۇ ، ئۇنى سەن دېگەندەك ياز بولغاندا كۆرەرمىز . ئاندىن مەن غاچچىدا مامۇتخان بىلەن گۇلسەنەملەرگە بېرىپ ، خۇش خەۋەرلىك ئالاي . سىلەر بىرەر ئاش پىشقۇدەك ۋاقىت ھايال قىلىپ كېلەرسىلەر ، — ئۇ يېتىلەكتىكى ئاتلارنىڭ بىرسىنى ئېلىپ ئىلگىرىلەپ كەتتى .
— مۇشۇ ئەدەنباي تاغام ئەل باشقۇرغۇدەك ئادەم ئىكەن ، جۇمۇ ، ساۋۇتباي ، — دېدى ياقۇتخان ، — ياراتقان ئىگەم بۇ كىشىنى نېمىشقا تۇججار قىلىپ قويدىكىن ؟
— شۇنى دېسىلە ، مەنمۇ بەزى چاغلاردا ، خۇدايىم بۇ ئادەمنىڭ پېشانىسىگە تۇججارلىقنى يازغۇچە ، قەشقەر شەھىرىگە بەگ بولۇشنى يازغان بولسا ، بىزگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ بەختى ئېچىلىپ قالار ئىدى ، دەپ كېتىمەن .
— ئاتىلىرى بىلەن ئانىلىرى سىلىگە ئوخشاش كەم گەپ ئادەملەرمۇ ؟ — دېدى ياقۇتخان گېپىنىڭ مەزمۇنىنى يۆتكەپ .
— ئۇنى ئۆيگە بارغاندا كۆرىدىلا ، ھەجەرخان .
ئۇلار ئازراق سۈيى بار ، ياقىسىدا ئېگىز دەرەخلەر ئۆسكەن ئېرىق بويىغا كېلىپ توختىدى . ساۋۇت يانتاق مىنگەن ۋە يېتىلىگەن ئاتلارنى دەرەخنىڭ غولىغا باغلاپ ، ياقۇتخاننىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

— تېخىچىلا ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇۋېتىلىغۇ ، — دەپ سورىۋىدى :
— ئۆزلىرىنى چۈشۈرۈپ قويارمىكىن دەپ ، — دېدى ئۇ .
— مەن چۈشۈرسەم بىر پەس يۆگىشىپ قالىمەنمىكىن .
— مەيلى ئەمەسمۇ ، ئەر - خوتۇن دېگەننىڭ بىر - بىرىگە يۆگىشىپ ئۆتكىنىگە نېمە يەتسۇن .

— ماقۇل ، دېگەنلىرىچە بولسۇن ، — ساۋۇت يانتاق ئۇزۇن ۋە يوغان قوللىرىنى سوزغان پېتىچە ياقۇتخاننى ئاتتىن چۈشۈردى - دە ، قۇچاقلىۋالدى . ئاندىن ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرىگە ھېرىس بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆيدى . ياقۇتخان بولسا ئۇنىڭ ئوتلۇق باغرىغا سىڭىپ كەتمەكچى بولغاندەك بىر پەس ھۇزۇرلىنىپ تۇردى - دە ، ئاندىن :

— ئاۋۇ تەرەپتىن بىر كىم كېلىۋاتىدۇ ، — دەپ ساۋۇت يانتاقنىڭ باغرىدىن ئاجراپ ئېرىق بويىغا كەلدى .

— قاياقتىن كېلىۋاتىدۇ ؟ — دەپ ئەتراپىغا كۆز تاشلىدى ساۋۇتباي .

— شۇنداق دەپ سىلىنى ئالدىمىسام ، كەچكىچە قويۇپ بەرمەيدىغاندەك ئەلپازلىرى بارغۇ ، — ئۇ ئېرىنىڭ ساددىلىقىدىن زوقلىنىپ ، بىر ئۇچۇم سۇنى ئۇنىڭغا چاچتى ، ئاندىن يۈز - قولىنى يۇيۇشقا باشلىدى .

— تولا يۇيىۋەرمىسلە ، چىدىمايدىكەنمەن ، — دېدى ساۋۇت يانتاق .

ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ھەيران بولغان ياقۇتخان :
— نېمىشقا ؟ — دەپ سورىدى .
— تارلىقىم كېلىۋاتىدۇ .
— نېمىگە ؟

— نېمىگە بولاتتى، ئېرىقتىكى سۇغا - دە.
— بەللى ساۋۇتباي، سۇغىمۇ تارلىقى كەلگەن بارمۇ؟
— كەلمەيچۇ. ئايدەك جامالىرىغا مېنى پارقىرىتىپ قويۇپ شېرىك بولۇۋاتامدۇ؟

ياقۇتخان مۇنداق گەپنى ئاڭلايمەن دەپ مۇتلەق ئويلىمىغانىدى. بۇ گەپ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك خۇشاللىق بېغىشلىدىكى، يۈرەك - باغرى ئۆزىنى چىن دىلى بىلەن ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىدىن تەۋرىنىپ كەتتى:

— ئەمىسە، يۈيۈنماي، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرىنىڭ بايىقى گېپىگە خۇشاللىقنى ئىپادە قىلىش ۋە ئۆزىگە ئوخشاش ئۇنىڭ كۆڭلىگىمۇ چوغ تاشلاپ قويۇشنى ئويلاپ، — رومالىرىنى بەرسىلە، يۈزۈمنى ئېرتىۋالاي. ئۆزۈمنىڭكىگە ئېرتسام، يەنە تارلىقلىرى كېلىپ قالار، — دېدى.

※ ※ ※

ئەدەن قېچىرنىڭ يالغۇز كېلىشى ماموتخان بىلەن گۈلسەنەمنى ئەنسىرىتىپ قويسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلىندۈرمىدى.

— سوغۇق چايلىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەدەن قېچىر تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن.

— چايمۇ تەييار، — دېدى گۈلسەنەم دۈگىلەك جوزىنىڭ ئۈستىگە داستىخان سېلىۋېتىپ، — هازىر ئىسسىق چاي ئەكىرىمەن.

— ئىسسىق چايلىرىنى سەل تۇرۇپ، ساۋۇت يانتاق بىلەن كېلىنلىرى كەلگەندە ئىچەيلى.

گۈلسەنەم بىلەن ماموتخان هاڭ - تاڭ بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى.

ئۇلار ھاياجانلانغىنىدىن نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— كونىلارنىڭ نىكاھ غايىب دېگىنى راست ئىكەن، ساۋۇت يانتاق ھازىر ئۆيلۈك. ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئۆزۈم ئوقۇدۇم. كېلىنلىرى بالىلىرىغا ئوخشاشلا پاراسەتلىك، ئىسمى ھەجەرخان، كەلپىنلىك ھىمىت گۆرجەك دېگەن ئادەمنىڭ قىزى.

— راست دەۋاتامىلا؟ — بۇ گەپ ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئاغ-زىدىن تەڭلا چىقتى.

— بەللى، گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتامسىلەر ياكى يانتاقنىڭ ئۆيلەنگىنى دىتىڭلارغا سىغمايۋاتامدۇ؟

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، — دېدى گۈلسەنەم.

— ئۇنداق بولسا، كېلىن تۇرىدىغان ھۇجرىنى جۆندىسىلە، ئاندىن كېيىن كېلىنلىرىنىڭ ئايىغىغا تاشلايدىغانغا ئاق بوزدىن بولسىمۇ پاياندار تەييارلىسىلا.

شۇنداق قىلىپ مامۇت ئاخۇنىنىڭ ئۆيىدە كېلىن كۈتۈش تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى.

# تۆتىنچى قىسىم

## بىرىنچى باب

بەزى دانىشمەنلەر خالىق تەختىدە ئولتۇرۇشنى ئەجدىھانىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانغا ئوخشىتىپ، ئەگەر ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەم هوشيار ۋە قاتتىق قول بولمىسا، ئوڭايلا يىقىلىپ چۈشىدۇ، دېگەنىكەن. دانىيال خوجا بۇ گەپلەرنى ياش چاغلىرىدا ئاڭلىغان ۋە بەزى كىتابلاردىن ئوقۇغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە ئانچە ئېتىبار بەرمىگەنىدى. ھازىر ئويلىسا، ئۇ دانىشمەنلەر بىرئاز كەمتەرلىك قىلغاندەك بىلىنەتتى. چۈنكى تەختتە ئولتۇرۇش، ئۇنىڭ بايقىشىچە، بىر باشلىق ئەمەس، يەتتە باشلىق ئەجدىھانىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانغا ئوخشايدىكەن. بۇگۈن ئۇنىڭ بىر بېشىنى باشقۇرسا، ئەتە يەنە بىر بېشىنى باشقۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن. ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسا، ئۈچىنچى، تۆتىنچى باشلىرى ئاغزىنى ئېچىپ تۇرىدىكەن. بۇنداق بىر نەچچە بېشى بار ئەجدىھانىڭ — تەختنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەمدە، ئەقىل - پاراسەت بىلەن ھىيلە - نەيرەڭ، ئادىللىق بىلەن جاھىللىق، قاتتىق قوللۇق بىلەن يۇمشاقلىق ۋە تەبەسسۇم بىلەن ئىچى قارىلىققا ئوخشاش ياخشى - يامان خۇسۇسىيەتلەر مۇجەسسەملەشكەن بولۇشى لازىم ئىكەن. شۇنىڭغا قارىماي، يەنە پۇقرالار ئىچىدە «ئادالەتپەرۋەر» دېگەن تەسىرات قالدۇرۇش كېرەك ئىكەن.

دانىيال خوجىنىڭ بۇ چۈشەنچىسى جۇڭغارلارغا ۋەسساللىقى يادىغا كەلگەندە، ئۆز مەنىسىنى يوقىتاتتى. ئۇ ھەممە بېقىندى خانلارغا ئوخشاش بوگۇن ئولتۇرغان تەختىدە، ئەتە يەنە ئولتۇرىمەن دەپ

ئىشەنچلىك ئېيتالمايتتى. ئۇنىڭ خانلىق تەختىدە قانچىلىك ئولتۇرۇشىنى ئۆزى ئەمەس، جۇڭغار خۇنتەيجىسى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھازىر ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇشتىن كۆررە، جۇڭغار خۇنتەيجىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇشنى ۋە ئۇنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالماسلىقنى ئاساسىي ۋەزىپەم دەپ ئويلايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھاكىمىيەت قولىدا بار چاغدا ئۆزىگە قارشى بولغان ئادەملەردىن ئۆچ ئېلىشنى، ئۆز ئەۋلادىنىڭ ئۇزۇن يىللار ھۆكۈمران بولۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى، زېمىن ھازىرلاشنى ئېسىدىن چىقارمايتتى.

لېكىن قەشقەر، ئاقسۇ ۋە كۇچار تەرەپلەردىن كەلگەن ئايغاقچىلارنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، ئۇ يەرلەردىكى بەزى ئادەملەر، خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى پىتنىخورلۇقتا، ئالدامچىلىقتا ئەيىبلەپ، بويۇنتاۋلىق قىلىشىۋېتىپتۇ.

قەشقەرنىڭ ئوپال دېگەن يېرىدە تۇرىدىغان بىر ئادەم پېشانىسىگە يېزىلغان قىسمەتكە نارازى بولۇپ: «ھەممىمىز ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغان بەندىلەر تۇرساق، نېمە ئۈچۈن خوجاملارنىڭ يەرلىرىگە ھەر ھەپتىدە ئۈچ، بەزىدە تۆت كۈن ئىشلەپ بېرىمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاشلىقىنى ئورۇپ، كېيىندىن دېنى قېقىلىپ كەتكەندە ئۆزىمىزنىڭكىنى ئورۇيمىز؟ ئاخىرەتنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى بىزگىلا بولۇپ، ئۇلارغا يوقمىكەن؟» دەپ مۆمىن مۇسۇلمانلارنى يولدىن ئازدۇرىدىغان گەپلەرنى قىپتۇ.

يەنە شۇ قەشقەرنىڭ شەھەر ئىچىدە تۇرىدىغان بىر ئادەم، ئون ئۈچ ياشقا كىرىپ رەسىدە بولغان قىزىنى، قايسىدۇر بىر خوجا ئۈچىنچى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇپ سوراتسا «بىزگە خوجاملارنىڭ نەزىرى چۈشۈپتۇ» دەپ خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا: «بۇ قېرى خوجام ئاتام-

دىنىمۇ چوڭ تۇرسا، قانداق بېرىمەن» دەپ ئۇنىماي، قىزنى مەكىت تەرەپكە قاچۇرۇۋېتىپتۇ ۋە پۇقرالارنىڭ خوجىلارغا بولغان ئېتىقادىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان بىر مۇنچە گەپلەرنى تارقىتىپتۇ.
كۇچار شەھىرىدە تۇرىدىغان بىر سازەندە شەھەر ئىچىدىكى ئاشخانىلاردا غەزەل ئوقۇپ، ھەربىر غەزەلنىڭ ئاخىرىدا:

يار بىلەن بىرگە بولساڭ، شۇ يەردىلا مەككە بار،
مەككىگە بارماڭ، نىگارىم، بۇ يەردىمۇ مەككە بار.

دېگەن مىسرالارنى ئوقۇپ، مۆمىن مۇسۇلمانلارنى بەيتۇللانى تاۋاب قىلماسلىققا دەۋەت قىپتۇ.
ئاقسۇ شەھىرىدە، غىياس ئىسىملىك بىر يىگىت ھەر كۈنى بازار دەستىلىرىگە كېلىپ؛ ماۋرا ئۇننەھىر، خۇراسانلارنى بويسۇندۇرغان ئەمىر تۆمۈر دېگەن پادىشاھ شام شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ: «لەشكەرلىرىمىزنىڭ ھەر بىرى ئىككى نەپەر ئەرەبنىڭ كېسىلگەن بېشىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزسۇن» دەپ پەرمان بېرىپتۇ. لەشكەرلەر ئۇن مىڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە بۇ كېسىلگەن باشلاردىن 124 «كاللا مۇنارىسى» ياساپتۇ. ھەر بىر كاللا مۇنارىسىغا توققۇز مىڭ ئادەمنىڭ بېشىنى تىزىپتۇ. بۇ قىرغىنچىلىقنى كۆرگەن ئىمام جەزەرى ① دېگەن ئەۋلىيا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆرۈپ: «يا روسۇلىللا، دۈشمەنلەر ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلدى، ئەمدى ئۈممەتلىرىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلغىن؟» دەپ ئىلتىماس قىلغاندا، پەيغەمبىرىمىز دۇئا قىلغانىكەن، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا ئەمىر تۆمۈر پادىشاھ شام شەھىرىنى تاشلاپ قېچىپتۇ. ئۇ يەردىكى

① ئىمام جەزەرى — تولۇق ئىسمى ئىمام شەمشىدىن مۇھەممەد ئەل جەزەرى، 1332 - يىلى ۋاپات بولغان.

مۇسۇلمانلار بولسا شاد ـ خۇراملىققا چۆمۈپتۇ . ھازىر بىزنىڭ دىيارىمىز- دىكى مۇسۇلمان قوۋمىنى خوجىلار خانىۋ ۋەيران قىلىشقا باشلىدى . ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ پېشۋاسى ئاپاق خوجا دىيارىمىزغا قالماقلارنى باشلاپ كەلگەن بولسا ، قارا تاغلىقلارنىڭ پېشۋاسى يەنە شۇ قالماقلار بىلەن بىر- لىشىپ خەلقنىڭ قېنىنى شورىماقتا . خەلقنىڭ تاپقان ـ تەرگىنىنى قالماقلارغا بېرىپ ، ئىسمايىلخاننىڭ تەختىدە ئولتۇرماقتا . شۇنىڭ ئۈچۈن ، دىيارىمىزدىكى ھەممە مۇسۇلمانلار ياراتقان ئاللا بىلەن روسۇلۇللادىن قال- ماقلار بىلەن خوجىلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تىلەپ مۇناجات قىلايلى ... ، — دەيدىكەن .

ئۆز ھاكىمىيىتىگە قارىتا مۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاش ، دانى- يال خوجىنىڭ خانلىق غۇرۇرىغا تېگەتتى ، ئەلەم قىلاتتى . ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە يا ئىچىلىپ ، يا يېغىپ كەتمەي تۇرۇۋالغان بۇلۇتلۇق ئاسماندەك قاپىقىنى تۈرۈپ يۈردى .

« ئەگەر ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ، — ئايغاقچىلار ئەكەلگەن بۇ خەۋەرنىڭ يېرىم ـ ياتىسى راست بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ . نەچچە يىللاردىن بۇيان بۇ دىياردىكى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتىدە تائەت ـ ئىبادىتىنى قىلىپ ، كۈنىنى كەچۈرۈۋاتقان خەلق ئۆز يولىدىن چىقىدىغان بولسا ، ئۇلارنى قايتىدىن يولغا سېلىش بەسى مۈشكۈلدۇر ... » .

ئۇ مۇشۇنداق ئويلار ئىلكىدە نېمە قىلىشنى بىلمەي ، باش قاتۇ- رۇپ ، ئاخىر بۇگۈن بىر قارارغا كەلدى .

« ئەڭ ياخشىسى ، بۇ خىل پىتنە ـ پاسات قىلغۇچىلارغا ئاسىيلار ، مۇرتەدلەر ، ئازغۇنلار ، لەنەتكەردىلەر دېگەنگە ئوخشاش ئەيىبلەرنى ئار- تىپ ، يەكەنگە يالاپ ئەكىلىش ، بەزىلىرىنى ئەلگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن

قاتتىق جازالاش ۋە بەزىلىرىنى تۇۋا قىلدۇرۇش كېرەك . بەزىلىرىنىڭ مال
- مۈلكىنى ، يەر - جايىنى مۇسادىرە قىلىپ ، ئۇنى جۇڭغارلارغا
تۆلىنىدىغان خىراجغا قوشۇش لازىم . شۇنداق قىلغاندىلا ھاكىمىيەتكە
قارشى زىيانكەش ئۇنسۇرلاردىن قۇتۇلغىلى ھەم پۇقرالارنىڭ يۈرىكىنى
مۇجىغىلى بولىدۇ ... » .
دانىيال خوجا بۇ قارارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئوردا ئەركانلىرى بى-
لەن مەسلىھەت قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلاردا « خوجام بىز بىلەن ھەر
دائىم بار مەسلىھەت ئىش قىلىدۇ » دېگەن تەسىرات قالدۇرۇش نىيىتىگە
كېلىپ ، ئەمدىلا دىۋاننى چاقىرماق بولۇۋىدى ، ئوردا مۈنشىسى كىرىپ ،
پەرمانقۇل دېگەن كىشىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى .
— باشلاپ كىرسىلە ، — ئىجازەت بەردى دانىيال خوجا ۋە بۇ ئا-
دەمنىڭ بىر مۇھىم خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگىنىنى پەرەز قىلدى .
كېچىكمەي ئۇنىڭ قېشىغا تاغىل پەرىجىسىنىڭ ئۈستىدىن شايى
ياغلىق باغلىۋالغان ئات يۈزلۈك ، كەكە ساقال بىر ئادەم كىرىپ كەلدى .
بۇ ئىلى تەۋەسىگە « ئىشقىيە » سۈلۈكىنى تارقىتىش ئۈچۈن بارغان
سوپىلارنىڭ بىرى — پەرمانقۇل ئىشان ئىدى . دانىيال خوجا بۇ ئادەم بى-
لەن خاس خانىدا ئولتۇرۇپ بىرەر سائەتتەك پاراڭلاشتى . پەرمانقۇل
ئىشاننىڭ گەپلىرىدىن ، بولۇپمۇ ، ساقىلاخۇنىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ئېيتىپ
بەرگەنلىرى دانىيال خوجىنى خۇش قىلىۋەتتى . ياقۇتخاننى ئىلىغا
ئەۋەتكىنى بوش كەتمەپتۇ ، ئۆزى كۈتكەندەك نەتىجە بېرىپتۇ . ھەتتا ئا-
كىسىنىڭ قاتىلى بولغان بۇ ئادەمنىڭ نامزىغا ياقۇپ خوجىنىڭ
قاتناشقانلىقىنى ئاڭلىغاندا خاپا بولۇشنىڭ ئورنىغا خۇشال بولدى . ئۇنىڭ
ساقىلاخۇنىنىڭ نامىزىغا بارغىنىنى « ئىشقىيە » خوجىلىرىدا پەيدا
بولىدىغان ھەر تۈرلۈك گۇمانلارنى يوققا چىقىرىدۇ دەپ ئويلىدى . بىراق

« قىرىللارغا قوۋۋەت بېرىدىغان » شاپتۇل قېقىنىڭ بىر قىسمى ئايرىلىپ قالدىمۇ ياكى ھەممىسى ئىشلىتىلدىمۇ ؟ دېگەن ئويغا كېلىپ سەل ئارامسىزلاندى . « خەپ ، شۇ چاغدا ھېلىقى ئەدەپ قىچىرغا مۇشۇ ھەقتە ئەسكەرتىپ قويماپتىمەن ـ دە ، خەير ... » .

دانىيال خوجىنىڭ ساغۇچ كۆزلىرىنى غوۋالاشتۇرۇپ ئۇزاققىچە ، ئەنە شۇنداق ئوي ـ پىكىرلەرگە بېرىلىپ كەتكىنىنى « پىرىم ئاللاتائالاغا مۇناجات قىلىۋاتىدۇ » دەپ چۈشەنگەن پەرمانقۇل ئىشان ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىقىنى نامايىش قىلىپ ، ياغاچ تەسۋىسىنى سىيرىشقا باشلىدى .

— سىلىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىرىمۇ ياخشى بولدى ، — دەپ سۆز باشلىدى دانىيال خوجا ، — ئەمدى ئىلى تەرەپكە ياز چىققاندا بارالا . يېقىندىن بېرى قەشقەر ، ئاقسۇ ، كۇچارغا ئوخشاش يەرلەردە تۇرۇۋاتقان بىرنەچچە بۇزۇق ئادەملەرنىڭ خانلىقىمىزغا ، مۇسۇلمانچىلىق دەستۇرلىرىغا خىلاپ كېلىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنى مەلۇم بولدى . ئەنە شۇ مۇرتەدلەرگە سىياسەت قىلىپ ، ئەدىپىنى بەرمىسەك بولمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئىچىدە سىنالغان سوپى ـ دەرۋىشلەردىن 30 ياكى 40 ئادەمنى تاللاپ ، سەپەرگە تەييارلىق كۆرسىلە .

— تولا ئوبدان ، — پەرمانقۇل ئىشان قولىنى كۆكسىگە قويۇپ رازىلىق بىلدۈردى .

— قالغان گەپ ـ سۆزلەر بولسا ، تەييارلىقلىرى پۈتكەندە يەنە سۆزلىشەرمىز .

دانىيال خوجا ئۇنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت بېرىپ ئورنىدىن تۇردى .

※ ※ ※

— مەۋلانەمگە ھەزرىتى خوجام جانابلىرى قاغىلىق تەرەپتە بىرمۇنچە ۋەخپە يەرلەرنى ھەدىيە قىپتۇ ، دەپ ئاڭلىدىمغۇ ؟

— ھەزرىتى خوجامنىڭ تېخى تۇنۇگۇنلا قىلغان بۇ ئىلتىپاتىنى بۈگۈنلا ئاڭلاپ ئۈلگۈرۈپتىلا . ھەزرىتى خوجام ئۆزلىرىگىمۇ شامال تەگمىگەن بىر باھار غۇنچىسىنى ئىنئام قىپتۇ ، دەپ ئاڭلىدۇققۇ ؟

— ئۇنداق باھار غۇنچىسى مەۋلانەمدەك مۆتىۋەر زاتلارنىڭ كۆكسى - قارنى تويغاندىلا بىزگە ئاشىدىكەن - دە ، تەقسىر .

ئوردىنىڭ سورۇنخانىسىدىكى يۇمشاق كۇرسىدا ئولتۇرۇپ ، مۇشۇ تەرىقىدە پاراڭلىشىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى ، خانلىق مەسچىتىنىڭ مۆتىۋەر ئىمامى ھەم دانىيال خوجا كەلگەندىن كېيىن قازىلىق لاۋازىمىغا ئىگە بولغان مەۋلانە ھەزرەت . ئىككىنچىسى ، دانىيال خوجىنىڭ قۇدىسى نىياز بەگ ئىدى .

بۇ ئىككى ئەمەلدار دانىيال خوجىنىڭ نېمە سەۋەبتىن چاقىرغانلىقىنى بىلمىسىمۇ ، لېكىن ئۆزلىرىنى بىلدىغاندەك تۇتۇپ ئولتۇراتتى .

— خوجامنىڭ ئىلتىپات قىلغان يەرلىرىگە نەچچە چارەك ئاشلىق تەرگىلى بولىدىكەن ؟ — دەپ سورىدى نىياز بەگ .

مەۋلانە ھەزرەت ئۆزىگە ھەدىيە قىلىنغان يەر ئىككى يۈز قىرىق چارەك ئەتراپىدا بولسىمۇ ، ئەمما دانىيال خوجىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغىنىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن :

— ئۈچ يۈز چارەكتىن ئاشىدىغۇ دەيمەن ، — دەپ ماختاندى .

— ئۇ يەردە ئىشلەيدىغان ئادەملەرچۇ ؟

— ئۇلار يېتىپ ئاشىدۇ ، — يەنە ماختاندى مەۋلانە ھەزرەت ۋە بۇ ساختىنىۋاتقىنىمنى بىلىپ قالمىغاندۇ دېگەن ئويغا كېلىپ ، بەگدىن چاقچاق ئارىلاش سورىدى ، — كۆزلىرىنىڭ مەجۇن يېگەن ئادەمدەك قىسىلىپ قالغىنىغا قارىغاندا ، باھار غۇنچىسىنىڭ ھىدى خېلى مەست قىلغان

ئوخشىمامدۇ ؟
ــ ئانچىلا ئەمەس ، مەۋلانەم . بۇ باھار غۇنچىسى نەكەمدە ئۆزلىرىگە ھەدىيە قىلىنغان غۇنچىغا ئوخشاش ، شىخىدىن ئاجرىماي تۇرۇپلا ، باشقىلار تەرىپىدىن پۇرالغانىكەن .
مەۋلانە ھەزرەت ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن پىخىلداپ كۈلدى ۋە :
ــ شۇنىڭ ئۆزىمۇ غەنىيمەت ، تەقسىر . پۇرالغان بولسىمۇ ، بۇنداق غۇنچىغا ھەزرىتى خوجامنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مۇيەسسەر بولۇشنىڭ ئۆزى كاتتا ھۆرمەتتۇر ، ــ دېدى .
شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ قېشىغا « خوش ـ خوش ، ئۆزلىرى مەرھەمەت قىلسىلا » دېيىشىپ بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئابدۇقادىر مۇپتى بىلەن غازى بەگلەر كىرىپ كەلدى .
مۇپتى ئالاھىدە ياسانغان ــ بېشىغا تىللارەڭ ئۇچلۇق كۈلاھ كىيىپ ، مەخسۇملاردەك چاقچاق سەللە يۆگىگەن . چېكىسىدىن تارتىپ ئۆستۈرگەن ئۇزۇن ساقىلىنىڭ ئۇچىنى تەكشىلەپ ، بۇرۇتىنى چەكتۈرگەندى . قىرلىق بۇرنى بىلەن ياپىلاق كەلگەن پېشانىسى ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ كۆرۈنەتتى . سول قولىغا تۇتۇۋالغان كەھرىۋا تەسۋىسى زەيتۇن رەڭلىك پەرىجىسىنىڭ ئېتىگىگىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى .
غازى بەگ بولسا ئۆزىنى ئادەتتىكىدەك كىچىك پېئىل تۇتۇپ ، ئابدۇقادىر مۇپتىغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى ۋە بۇ ئارقىلىق كەمتەرلىكىنىلا ئەمەس ، بەلكى دانىيال خوجىغا يېقىنلىقىنى ئىپادە قىلماقچى بولاتتى .
ئۇلار مەۋلانە ھەزرەتلەر بىلەن سالام ـ سائەت قىلىشىپ ، ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ، قاتار قويۇلغان كۇرسىلارغا ئولتۇرۇشتى .
ــ ئۆزلىرىگە تۇمۇ تېگىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم ، دېگەنىبىلەن ئوڭلىنىپ قالغان ئوخشايلا ، ــ دېدى نىياز بەگ پاتىھە قىلىشقاندىن

كېيىن ئابدۇقادىر مۇپتىغا.

— ئىنشائاللا، — دېدى ئۇ، — ھەر يىلىنىڭ مۇشۇ مەزگىلىدە تېگىدىغان تۇمۇ، بۇ يىلمۇ ئۆز ئىشىنى قىلدى. دېگەنىبلەن بۇ قېتىم سەل يېنىكرەك ئۆتتۈپ كەتتى.

— ئۇ بولسىمۇ ئاللا تائالانىڭ ئىلتىپاتى، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى مەۋلانە ھەزرەت.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق، — ئۇنىڭ سۆزىنى نىياز بەگ قۇۋۋەتلىدى.

— بۇ ئۇلۇغ زات، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ، — ھەر كۈنى كېچىسى تەھەججۇت ① نامىزى ئوقۇپ، ئاللاتائالادىن ھەزرىتى خوجام باشلىق ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ساقلىق ـ سالامەتلىكىنى تىلەيدۇ.

— ئىلاھىم، سۇھەيىل ② يۇلتۇزىمىز ھەر قايسىلىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن، — دېدى ئابدۇقادىر مۇپتى.

دانىيال خوجا سورۇنخانىغا كىرىش بىلەن، ئوردا ئەركانلىرىنىڭ قىلىشىۋاتقان گەپلىرى چىپپىدە توختاپ، ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە ئۆز خوجىسىغا سالام قىلىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.

بىراق دانىيال خوجىنىڭ چىرايى كۈندىكىگە قارىغاندا جىددىي ھەم سۈرلۈك بولۇپ، ساغۇچ كۆزلىرى سالقىنىدا تۇرغان كىچىككىنە مۇز پارچىسىدەك يالتىرايتتى. ھەتتا ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك چەكتۈرۈپ، چەت ـ چۆرىسىنى قىردۇرۇپ تۇرىدىغان ساقال ـ بۇرۇتىغىمۇ ئۇستۇرا تەگمىگەندەك كۆرۈنەتتى.

— قېنى، ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى ئۇ سورۇنخانىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى تەختكە بېرىپ جايلاشقاندىن كېيىن.

---

① تەھەججۇت — كېچىسى ئوقۇلىدىغان ناماز.

② سۇھەيىل جەنۇبىي قۇتۇپتىكى ئۆمۈر يۇلتۇزى بۇ يەردە خوجىنى شۇنىڭغا ئوخشاتقان.

دانىيال خوجىنىڭ قاش - قاپىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن چاقىرغىنىنى بىلمەكچى بولغان ئوردا ئەركانلىرى ھەر خىل ئوي ۋە تەخمىنلەردە بولدى. قايسى كۈنى دانىيال خوجىغا قاراڭغۇ تاغ تەرەپتە تۇرىدىغان بىر مۇخلىسى بىلەن گۇما تەرەپتە تۇرىدىغان يەنە بىر مۇخلىسى قىزلىرىنى ھەدىيە قىلىپ، دۇئاسىنى ئاپتۇ دەپ ئاڭلىغان ئابدۇقادىر مۇپتى: « ئەمدىغۇ نۆۋەت ماڭا كەلگەندۇر، خوجام ھەزرەتلىرى بەلكى شۇ قىز بالىلارنىڭ بىرسىنى ئىنئام قىلىش ئۈچۈن چاقىرتقان بولۇشى كېرەك » دېگەن تەمەدە بولسا، مەۋلانە ھەزرەت: « ۋەخپە يەرلەردىن قانچىلىك ھوسۇل ئېلىنغىنىنى سورامدىكىن ؟ » دەپ ئويلايتتى. نىياز بەگ بىلەن غازى بەگلەر، ئەگەر دانىيال خوجام جۇڭغارلارغا تۆلىنىدىغان خىراج توغرۇلۇق گەپ قوزغىسا، بۇ يىلچە ئۇ خىراجنى ئاق تاغلىقلاردىن مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈك بىلەن تۆگىتىپ، پۇقرالاردىن ئېلىنغان باج ۋە باشقا سېلىقلارنى ئوردىنىڭ ئىختىيارىدا قالدۇرۇش ھەققىدە پىكىر بىلدۈرمەك بولاتتى.

ئەمما دانىيال خوجىنىڭ ئاغزىدىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئويلاپ باقمىغان گەپ - سۆزلەر چىقتى:

— ھەر بىرلىرىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ئېلىپ مەشۋەرەتكە① تەكلىپ قىلىشىم، جايلاردىن كەلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تەۋەيىمىزدىكى شەھەرلەردە تۇرۇۋاتقان بەزى ئادەملەر خاندانلىقىمىزغا، شەرىئىتىمىزنىڭ ئەھكاملىرىغا قارشى تۈرلۈك پىتنىلەرنى ئويۇشتۇرماقتا ئىكەن، — دەپ خوجا ئۇلارنى قەشقەر، ئاقسۇ ۋە كۇچار تەرەپلەردىكى ئايغاقچىلار يەتكۈزگەن خەۋەرلەر بىلەن تونۇشتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇنداق مۇرتەد - ئازغۇنلارنى، تۇزكورلار بىلەن لەنەتگەردىلەرنى باشقا شەھەر - يېزىلاردا يوق دېگىلى بولمايدۇ. مېنىڭ

① مەشۋەرەت — مەسلىھەت، كېڭەش.

ئويۇمچە، بۇ ئاسىي بەندىلەر ئۆز ئىچىمىزدىن چىقىۋاتقان دۈشمەن بولغاچقا، سىرتتىن كېلىدىغان دۈشمەنگە نىسبەتەن نەچچە ھەسسە خەتەرلىكتۇر.

— ئارى راست، — دەپ قۇۋۋەتلىدى مەۋلانە ھەزرەت.

— شۇ ۋەجىدىن ھەربىرلىرى بىلەن مەشۋەرەتتە بولۇپ، بىرەر چارە - تەدبىر كۆرۈشنى لايىق تاپتىم. خانىدانلىقىمىزنىڭ بەقارار بولۇپ، كامال تېپىشى ھەر بىرلىرىدەك دانالىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە موھتاجدۇر.

— بۇنداق لەنەتگەر - ئەبلەخلەرنى يەرنىڭ تېگىگە كىرىۋالسىمۇ تارتىپ چىقىرىپ، شۇ ھامان قەتل قىلىش ۋاجىپتۇر! — دېدى دانىيال خوجامنىڭ «دانالىرىمىز» دېگەن سۆزىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن مەۋلانە ھەزرەت، — بۇ مۇرتەد، بۇزۇقلار تەھقىق «ئىشقىيە» خوجىلىرى بىلەن ئالاقىدىدۇر. مۇشۇ باھانىدە «ئىشقىيە» لىكلەردىنمۇ بىر نەچچە خوجىنىڭ تۇمشۇقىنى قانىتىشىمىز لازىم.

— مەۋلانە ھەزرىتىمنىڭ ئېيتقانلىرى بىزنىڭ ھەم ئەينى مۇددىئايىمىزدۇر، — دېدى ئابدۇقادىر مۇپتى، — ھەزرىتى دانىيال خوجام يەكەن تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بارلىق مۇخلىسلىرىمىز «نەچچە يىللار مابەينىدە ئارزۇ قىلغان خوجىمىزنى ئەمدى تاپتۇق، ئەمدى بىزگە ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس» دەپ ئەقىدە باغلاپ، ئاتلىرىنى ئۈيرىسى بىلەن، كالىلىرىنى ئېغىلى بىلەن، قويلىرىنى قوتىنى بىلەن، قىزلىرىنى ئېپپەت - نومۇسى بىلەن خوجاملارغا ھەدىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىۋاتسا، ئۇ ئازغۇن بەتبەخلەرنىڭ بۇ خىل سۆزلىرى دىنىمىزنىڭ ئەھكاملىرىنى، خوجىلىرىمىزنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى تۆكۈشكە قارىتىلغان پىتنە - پاساتتۇر. شۇ بايىستىن بۇ بەتنىيەت بۇزۇقلارنى قاتتىق

جازالاپ، ئەھلى مۇسۇلمانلارغا ئىبرەت قىلىشىمىز لازىم.

بۇ ئىككى ئۆلىمانىڭ پىكرىنى ئولتۇرغانلار قۇۋۋەتلەشتى. لېكىن دانىيال خوجام تەرىپىدىن: «بۇ مۇرتەدلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈلىدىغان سىياسەتنى كىم ئىلىپ بارىدۇ؟» دېگەن سوئال قويۇلغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئاقىچە جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى.

— لەنەتكەردىلەرنى تۇرغان جايلىرىدىن يالاپ كېلىپ، زىندانغا بەنت قىلىش لازىم، — دېدى ئوردا ئەركانلىرىدىن نارازى بولغان دانىيال خوجا، — بۇ ئىشنى ئورۇنلاشقا نىياز بەگ جانابلىرى مەسئۇل بولغاي. ئۇلارغا شەرىئەت ئەھكاملىرى بويىچە جازا بېرىشنى مەۋلانە ھەزرىتىم بىلەن ئابدۇقادىر مۇپتى جانابلىرى ئىجرا قىلغاي.

— ئەينى مۇددىئا.

— بىزمۇ شۇنداق قىلايلى دەپ ئويلىشىدۇق، — ئوردا ئەركانلىرى شۇ ھامان رازىلىق بىلدۈرۈشتى.

— ئەمدى ھەر قايسىلىرى بىلەن مەشۋەرەت قىلىدىغان يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بار، — دېدى دانىيال خوجا، — ھازىر خۇنتەيجى جانابلىرى لەشكەرلىرى بىلەن ئۆزگە ئىقلىملارنىڭ يەرلىرىدە ئات چېپىپ يۈرۈۋاتقان ئوخشايدۇ. داندار دورغىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، خۇنتەيجى جانابلىرى غەلىبە ئۈستىگە غەلىبە قىلىپ، ماۋرا ئۇننەھر تەرەپكە سىلجىپ كېتىۋاتسا كېرەك. بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن يىغىلار ئەمدى ئۇياقلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كېلىۋېتىپتۇ. ئەمما، شۇنداق بولسىمۇ خاندانلىقىمىزنىڭ جۇڭغارلار ئالدىدىكى ئىناۋىتىنى، خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر يىلى تۆلەپ تۇرۇشىمىزغا تېگىشلىك خىراجنى مۇددىتىدىن بۇرۇن تاپشۇرساق دېمەكچىمەن. بۇنداق قىلىشىمىزنىڭ ئىككى تۈرلۈك ياخشى تەرىپى بار.

بىرىنچىسى، خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ ھەر قايسىمىزغا بولغان ئىشەنچى ئاشىدۇ. ئىككىنچىسى، كېلەر يىلى سەرەتان ئېيىدا تۆلىنىدىغان خىراجدىن بىر نەچچە ئاي بالدۇر قۇتۇلغان بولىمىز.

— ھەزرىتى خوجامنىڭ ئېيتقانلىرى دانالىقنىڭ ئالامىتىدۇر، — بىرىنچى بولۇپ سۆز قاتتى يەنە مەۋلانە ھەزرەت، — بۇ ئىشنى ئىجرا قىلىشتا «ئىشقىيە» خوجىلىرى بىلەن شۇ سولۇكتىكى ئادەملەرگە سېلىنىدىغان سېلىقنىڭ مىقدارىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش لازىم. زىراكى ئۇلار ئاپپاق خوجا دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ئۆزلىرى خان بولۇپ كەلگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق سېلىق ۋە خىراج تۆلىمەي بىپىپ كەتتى.

— بۇنداق قىلساق، ئۇنىڭسىزمۇ قەشقەر، ئاقسۇلاردا پىتنە - پاسات ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان «ئىشقىيە» چىلەر تېخىمۇ قۇتراپ كېتەمدىكىن، — دېدى غازى بەگ ئېھتىياتچانلىق بىلدۈرۈپ، — مېنىڭچە، يۇقىرىلاردىن ئېلىنىدىغان ئالۋاڭ - ياساق، باج ۋە ئۆشرە - زاكاتلاردىن چۈشكەن دارامەتلەرمۇ يېتىپ قالارمىكىن.

— ئۇنداق قىلغىنىمىز بىلەن، ئوردىنىڭ خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالىدۇ - دە، تەقسىر، — ئېتىراز بىلدۈردى نىياز بەگ، — ئەگەر خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ ۋەكىلى داندار دورغا ماقۇل كۆرسە، خىراجنىڭ بىر قىسمىغا ھېسابلاپ «چاكار چوكانلار» بىلەن «غۇلچا گەدەنكەشلەر» نى بېرىۋېتەيلى.

— ئۇ چاغدا ئاشۇ بىر يىلدىكىدەك خەلق ئارىسىدا غۇلغۇلا بولماسمۇ؟

— ھەرىنىڭ چاققىنىغا چىدىغان ئادەم ھەسلىنى يەيدۇ، تەقسىر.

— نىياز بېگىمنىڭ بۇ گەپلىرىمۇ توغرىدۇر، — دېدى غازى بەگ، — بىراق ھازىرقى شارائىتتا مەيلى «ئىشقىيە» چىلەر بولسۇن،

مەيلى ئاۋام خەلق بولسۇن، ئۇلاردا نارازىلىق پەيدا قىلىدىغان ئىش قىلماي، نەچچە يىللاردىن بېرى تۆلەپ ئۆگىنىپ كەتكەن ئالۋاڭ - ياساق بىلەن باج - سېلىقلارنى دەرھال يىغىۋېلىش لازىم. زىراكى قەدىمي زامانلاردىن تارتىپ، پۇقرا دېگىنىمىز مېۋىلىك دەرەخقە ئوخشاش ئۆز پادىشاھلىرى بىلەن خوجىلىرى چىڭراق ئېغىتسا جىق، بوشراق ئېغىتسا ئازراق مېۋە بېرىپ كەلگەن.

— بىز بۇ ئىشلارنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرساق بولامدىكىن، — دېدى باياتىن بېرى ئوردا ئەركانلىرىنىڭ پىكىر - مەسلىھەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرغان دانىيال خوجا، — بۇ يىلچە پۇقرالار بىلەن «ئىشقىيە» چىلەرگە سېلىنىدىغان ئالۋاڭ - ياساقنىمۇ كۆپەيتمەيلى. «چاكار چوكانلار» بىلەن «غۇلچا گەدەنكەشلەر» نىمۇ خىراج ئورنىدا ھېسابلاپ بەرمەيلى. نىياز بەگ باشلىق خەزىنىچىلەر خاندانلىقىمىزنىڭ دارامىتىنى ھېسابلاپ كۆرسۇن. بۇ يەردىكى مەبلەغ ئىككى يۈز مىڭ تەڭگىگە يەتمىسە، ئۇ چاغدا مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ۋەخپە ماللار بىلەن ۋەخپە يەرلەردىن كىرگەن دارامەتنى قوشايلى.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئوردا ئەركانلىرى، ھە دېگەندە خوجىنىڭ مەردلىكىگە قايىل بولۇپ تەھسىن ئوقۇشتى. ئەمما بىر پەستىن كېيىن، بۇ مەردلىكنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشىنىپ قېلىشتى. ئۇلاردا: «بۇ غوجىمىز شۇنچىلىك مەردلىك قىلىۋاتقاندا، بىزنىڭ قاراپ تۇرغىنىمىز ياخشى ئەمەس، بەلكى بۇ بىزنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق دەۋاتىدىغاندۇ» دېگەن ئوي پەيدا بولدى.

— ھازىرچە مۇشۇنداق قىلساق بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى دانىيال خوجا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئوردا ئەركانلىرىدىن.

— ئۆزلىرىدەك ئالىي سۈپەت خوجىمىزنىڭ پىكرى، ماڭا ئوخشاش

مۇخلىسلىرىنىڭ پاراستىگە پاراسەت قوشتى، — دەپ ئىپادىسىنى بىلدۈردى ئابدۇقادىر مۇپتى، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ سادىقلىقىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئويلىدى، — بۇ قېتىم تۆلىنىدىغان خىراجىنىڭ كەم يەرلىرى بولسا خەزىنىچى بەگلەر سىلىنىڭ ئەمەس، مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى مالۇ غەللىلەرنى قوشقاي.

مۇپتىنىڭ گېپى مەۋلانە ھەزرەت، غازى بەگ، نىياز بەگلەرنىمۇ ئىپادە بىلدۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى مەسلىھەت قىلىشىۋالغاندەك:

— ئابدۇقادىر مۇپتى جانابلىرى بىزنىڭمۇ ئەسلى مۇددىئايىمىزنى ئىزھار قىلدى. بىز تۇرغاندا سىلىدەك سېخىي ھۆكۈمدارىمىزنىڭ قاپچۇقىنى ئېچىشنى ئاللاتائالامۇ راۋا كۆرمەيدۇ، — دېيىشتى.

دانىيال خوجا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرمەكچى بولغاندەك ياكى ئۆزىنىڭ مەردلىكى بىلەن خەلقپەرۋەرلىكىنىڭ چەكسىزلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك ئەلپازدا ئېتىراز بىلدۈردى:

— ھەر قايسىلىرىنىڭ بۇ سەمىمىي تىلەكلىرىگە مىڭ مەرتىبە تەشەككۇر، — دېدى ئۇ، — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ھىجاز، يەمەن، شام، ئىراق ۋە ئۇلارغا يېقىن جايلار پاتىھ قىلىنغاندا، نۇرغۇنلىغان غەنىيمەت ئېلىنغان، شۇنىڭدەك خىراج ۋە زاكات ماللىرى كەلتۈرۈلگەن. يېقىن - يىراقتىكى پادىشاھلارمۇ ئۇ زاتقا سوۋغىلارنى يوللىغانىكەن. ئەمما پەيغەمبىرىمىز ئۇلاردىن ھېچ نەرسىنى شەخسىي ئىگىلىۋالماي، ھەممىنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا سەرپ قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى كۈچەيتكەن. ھەتتا ئۇ زات يەنە: «ئۇھۇت تېغىدەك① ئالتۇنۇم بولسا، ئۇنىڭدىن ئاللا يولىدا ئېلىپ قالغىنىمدىن باشقا، بىر دىنارىمۇ يېنىمدا قالدۇرۇش مېنى خۇش

① ئۇھۇز . تېغى — مەدىنە شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاغ.

قىلمايدۇ » دېگەن . ھازىر مەندىمۇ مەلۇم مىقداردا يىغىلىپ قالغان مال ـ
مۈلۈك ۋە مەبلەغ بار . شۇ بايىستىن ماڭا رۇخسەت قىلغايسىلەر .
سورۇنخانىدا يەنە بىر ھازاغىچە سۈكۈنات پەيدا بولدى . ئوردا
ئەركانلىرى يەنە بىر ـ بىرىنى تىڭشاپ قالدى . ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى :
« خوجامنىڭ رايىچە بولساق ، توپلىغان مال ـ دۇنيايىمىز ئۆزىمىزدە
قالىدۇ » دەپ ئويلاشتى . بىراق ئۇلارنىڭ بۇ ئويلىرىنى مەۋلانە ھەزرەتنىڭ
ئاغزىدىن چىققان سۆزلەر توزغاقتەك ئۇچۇرۇۋەتتى .
— ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇھۇت تېغىدەك ئالتۇ-
نوم بولسا ، ئاللا يولىدا سەرپ قىلىشقا ئېلىپ قالغىنىمدىن باشقا ، بىر
دىنارنى يېنىمدا قالدۇرۇش مېنى خۇشال قىلمايدۇ » دېگەن مۇبارەك كەلد-
مىسىدىن شۇنداق مەنە چىقىدۇكى ، ئۇ كىشى ئۇھۇت تېغىدەك ئالتۇن
بولسا ، شۇنىڭدىن ئاللا يولىدا سەرپ قىلىش ئۈچۈن ، مەلۇم مىقداردا بول-
سىمۇ ئۆزىگە ئېلىپ قالىدىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىي سۈپەت خوجام
ھەزرەتلىرىنىڭ ئىختىيارىدا يىغىلىپ قالغان مال ـ مۈلۈك بىلەن مەبلەغ ،
ئۇ زاتنىڭ دېگىنىدەك « ئاللا يولىدا سەرپ قىلىش ئۈچۈن » قالغىنى ئەينى
مۇددىئادۇر . جۇڭغارلارغا تۆلىنىدىغان خىراجنىڭ كەم يەرلىرىنى
تولدۇرۇش بولسا ، بىزگە ئوخشاش ئۆز مۇرشىدىغا چەكسىز بېرىلگەن
ئەسھابلەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر .
— مەۋلانە ھەزرەتنىڭ بۇ لەۋزى بىزنىڭ ھەم لەۋزىمىزدۇر ، —
دەپ قوللىدى ئابدۇقادىر مۇپتى ، — ئەھلى مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت قىل-
غۇچى ۋەلىيۇللامىزنىڭ ① ئۆزىگىمۇ ئاللا يولىدا سەرپ قىلىش ئۈچۈن ،
كۈندە دېگۈدەك مەبلەغ لازىم بولىدۇ . شۇ بايىستىن بۇ ئىشنى بىزنىڭ بەجا
قىلىشىمىز مۇستەھەقتۇر② .

① ۋەلىيۇللا — ئاللا بىلەن سۆزلەشكۈچى .
② مۇستەھەق — لايىق ، ھەقلىق .

شۇنداق قىلىپ، دانىيال خوجىنىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلغان ئوردائەر-كانلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇنىڭ رايىچە بولۇشتى.

## ئىككىنچى باب

دانىيال خوجا مۇشۇ يىقىندا خوتەن تەرەپتىن كېلىدىغان داندار دورغىغا بىرنەچچە ئادەمنى قوشۇپ، شۇلار ئارقىلىق جۇڭغار خانلىقىغا تۆلەيدىغان يىللىق خىراجىنىڭ يېرىمىنى ئەۋەتىپ، خۇنتەيجىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاقلىماقچى بولدى. خەزىنىچى بەگنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئاۋام خەلقتىن يىغىۋېلىنىدىغان ئالۋاڭ ـ ياساقلار ۋە دىنىي مەھكىمىلەرگە تاپشۇرۇلىدىغان ئۆشرە ـ زاكاتلار تېخى تەلتۆكۈس يىغىلىپ بولماپتۇ. شۇنداقتىمۇ خەزىنىگە توپلانغان نەرسىلەرنىڭ ئۆزى خېلى بارئىدى.

«ھازىرچە مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ تۇرىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى ئۇ. ئەمما ساغانوياننىڭ خوشلىشىۋېتىپ: «ئەمدى خوجا بىلەن كېلەر يىلى مەدىرە بايرىمىدىن كېيىن، يىللىق خىراجىنى ئېلىپ كەلگەندە كۆرۈشىمىز ـ دە» دېگەن سۆزلىرى يادىغا كېلىپ، مۇشۇ باھانىدە نوياننىمۇ ئەسكە ئېلىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

ئۇ ئەمدىكى ئىشلىرى توغرۇلۇق مۇشۇنداق قارارغا كېلىپ ئېغىز ئۆيدە ئولتۇرغان دېۋانبېگىگە:

— دەرھال ھوشۇر قازىغا ئادەم ئەۋەتسىلە، پېشىن نامىزىنى مەن بىلەن ئوقۇسۇن، — دېدى.

— خوپ.

دانىيال خوجا خانلىقنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا ھىندىستاندەك چوڭ مەملىكەت ۋە شەھەرلەرگە كارۋان ئەۋەتىپ سودا ـ سېتىق قىلىدىغان چوڭ سودىگەر ھوشۇر قازىنىڭ پىكىر ـ مەسلىھەتلىرىنى

ئېتىبارغا ئالاتتى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى گۆرۈلۈكتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىر مۇنچە يامبۇ ئېلىپ تېكەس ۋادىسىغا بارغان بۇ ئادەمگە كۆڭلىنىڭ يېقىنلىقىنى بىلدۈرمەك بولاتتى. ھەتتا بۇ سودىگەرگە بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى مۇخلىسلىرىدىن بىرسى دۇئا ئېلىش ئۈچۈن ئەكەلگەن بىر قىزنى ئىنئامۇ قىلغانىدى.

ھوشۇر قازىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تىجارىتىنىڭ راۋاج تېپىشىدا دانىيال خوجىدەك ھۆكۈمدار ئادەمنىڭ يار - يۆلەك بولۇشىغا موھتاج ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ھەر قېتىم چەت شەھەرلەرگە بېرىپ كەلگىنىدە، ئۇ يەرلەرنىڭ يوچۇن ۋە تاڭسۇق ماللىرىدىن بىر - ئىككى ئۇلاغنى دانىيال خوجىغا تەقدىم قىلىپ دۇئاسىنى ئالاتتى ۋە: «ئۆزلىرىنىڭ دۇئايى - بەرىكەتلىرى تۇپەيلىدىن ئاز - تولا پايدا ھاسىل قىلىۋىدىم، خوجام» دېگەن سۆزلەرنى قوشۇپ قوياتتى.

ھوشۇر قازى ئانچە كېچىكمەيلا يېتىپ كەلدى. ئۇ ساتىراشخانىدىن يېڭىلا چىققان ئوخشايدۇ، يۈزى قىزارغان ۋە پارقىراپ تۇراتتى. بېشىغا سۆسەر جىيەكلىك دۇخاۋا تۇماق كىيگەنىدى. ئالدىغا تەڭگىدەك پومپىيىپ چىققان قورسىقىنى ئۆرە ياقىلىق جىگەر رەڭ پەشمىتىنىڭ پەشلىرى ئاران يېپىپ تۇراتتى.

— خۇرۇچى ئوبدان بولۇپ، ئاشپەزنىڭ ماھارىتى بولمىسا تائامۇ يېيىشلىك بولمىغاندەك، — دەپ سۆز باشلىدى دانىيال خوجا ھوشۇر قازىنى ھۆرمەت بىلەن كۇرسىغا تەكلىپ قىلىپ، — ئوردا ئەركانلىرىنىڭ سىياسەت بابىدا چارە - تەدبىرلىرى بولسىمۇ، ئەمما مالىيە ئىشلىرىدا ئۆزلىرىدەك ماھارەت ساھىب ئەمەس. ئۆزلىرىنى چاقىرغىنىم، قايسى كۈنى ئۇلار بىلەن مەشۋەرەت قىلىپ، كېلەر يىلى جۇڭغارلارغا تۆلىنىدىغان خىراجنىڭ يېرىمىنى مۇشۇ ئايدا تۆلىۋېتىپ، بىرئاز بولسىمۇ يېنىكلىشەيلى

دېۋىدۇق. ھازىر بىزدە شۇ ئۆلچەمگە تولغۇدەك غەللە، خام، قوي، شۇ-
نىڭدەك سۆلەيسۇن تېرىلىرى بارئىكەن. بىراق بۇ نەرسىلەرنى قىش-
قىرودا ئۇ يەرگە يەتكۈزۈش خېلى ھەرەج ئۇخشايدۇ. شۇ بايىستىن ئۆز-
لىرى بىلەن مۇلاقەت قىلاي دېۋىدىم.

— دانىشمەنلەرگە خاس تولىمۇ دانا تەدبىر كۆرۈپتىلا، تەقسىر،
قالماق پادىشاھىغا تۆلىنىدىغان خىراجنى مۇددىتىدىن ئىلگىرى تاپشۇ-
رۇش، خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئېتىبارىنى كۈچەيتىش
دېمەكتۇر، — دېدى ھوشۇر قازى ئۇنىڭ تەدبىرىگە قايىل بولغانلىقىنى
ئىزھار قىلىپ، — ئەمما، ئۆزلىرى دېگەندەك، بۇنچىلىك نەرسىنى ئىلى
تەرەپكە يەتكۈزۈش، بولۇپمۇ ھازىر بەسى مۇشكۈل. مۇزات داۋىنى قېلىن
قار بىلەن ھەر كۈنى كۆمۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر
جەمغۇرۇلغان نەرسىلەرنى قىممەت جەھەتتىن ئالتۇن بىلەن كۈمۈشكە
تەڭلەشتۈرۈلگەن نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇپ، شۇلارنى ئەۋەتسىلە ئوبدان
بولارمىكىن؟

— بارىكاللا، تولا ئوبدان مەسلىھەت بەردىلە، ھوشۇر ئاخۇن،
سىلىنى چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتىشتىكى مۇددىئايىممۇ شۇ ئىدى. مەن بۇگۈنلا
نىياز بېگىم بىلەن خەزىنىچى بەگلەرگە ئېيتاي، بار نەرسىنى ئوخشىتىشقا
ئۆزلىرى ياردەم بەرسىلە.

ھوشۇر قازى دانىيال خوجىنىڭ بۇ تەكلىپىنى ئاڭلاپ، خۇددى
بىر كوزا ئالتۇنغا يالغۇز ئۇچراپ قالغان ئادەمدەك خۇشال بولۇپ كەتتى.
چۈنكى بۇ يىل قارىقاش، خوتەندىن تارتىپ چەرچەن، چارقىلىققىچە
بولغان يەرلەردە قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ئاشلىقنىڭ باھاسى ئىككى ھەسسە
ئېشىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ يېقىندا تاغلىق بەدەخشان بىلەن
كەشمىر تەرەپتىن بىرنەچچىلىگەن مويپۇرۇش سودىگەرلەر كەلگەنىدى.

مۇنـداق شـارائـىتتا ، ھوشۇر قازىنىڭ يانچۇقىغا دانىيال خوجىنىڭ خـەزىـنـىـسـىگە يىغىلغان غەللە بىلەن تېرە ـ تەسەكلەردىن مىڭلىغان كۈ-مۈش تەڭگىلەر چۈشەتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ يەكەن ، قاغىلىق ۋە خـوتـەنگە ئوخشاش شەھەرلەردىكى دۇكانلىرىدا چەت مەملىكەتلەردىن ئە-كـەلـگـەن باھاسى قىممەت ماللىرى ـــ ھەر خىل كىمخاپلار بىلەن شايى ـ دۇردۇنلار ، زەر يىپ ئارىلاش توقۇلغان كالاۋۇتونلار ، كەشمىرنىڭ ئۇزۇن چـۇچـىـلـىـق يـاغلىقلىرى ، تۇرلۇك چىلتەكلەر ۋە باشقىلار كۆزدىن بۇيان سـېـتـىـلـماي خـېـرىـدارسـىـز تۇراتتى . مۇشۇ باھانىدە ئۇلارنىمۇ « سۇ » قىلىۋېلىش مۇمكىن ئىدى .

لېكىن شۇنىڭغا قارىماي ھوشۇر قازى دانىيال خوجىنىڭ تەكلىپىگە دەرھال رازىـلـىـق ـبـىرىشنىڭ ئورنىغا قانداقتۇر بىر تەس ئىشنى ئىلاجسىز ئورۇنلاشقا بەل باغلىغان ئادەمدەك قىينىلىپ جاۋاب بەردى :

ـــ ئەمدى ، خوجام ، ئۆزلىرى دېگەندىكىن ئورۇنلايمەن ـ دە .

شۇ چاغدا خانلىق مەسچىت مەزىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

ـــ ئاندىن كېيىن ، ـــ دېدى ئورنىدىن تۇرغان دانىيال خوجا ، ـــ خـۇنـتـەيـجـى جـانـابـلـىرىنىڭ ئوك قولى بولۇپ يۈرگەن ھېلىقى مۇغەمبەر نـويـانـنـى ئۆزلـىرىمۇ بىلىدىلا . مۇشۇ باھانىدە ئۇ كىشىگىمۇ سوۋغات تەي-يارلاش ئەسلىرىدە بولغاي .

ـــ خـوپ ، خـوجـام . ھەمـمـە ئـىشـنـى ئۆزلـىـرى دېگەندەك بەجا كەلتۈرىمەن .

※ ※ ※

ئۇلار پـېـشـىـن نامىزىنى ئوقۇپ ئوردا ھويلىسىغا كىرگەندە ، دەرۋا-زىـنـىڭ سول تەرىپىدە بىرنەچچە ئاتلىق جۇڭغار لەشكىرى بىلەن ھارۋىدا ئولتۇرغان ئۈچ ئادەمگە كۆزى چۈشتى .

بۇ نېمە ئىش، دەپ ئويلىدى دانىيال خوجا، ئۇنىڭغىچە ئاتتىن چۈشكەن جوڭغار لەشكىرى، ئېگىز چاقلىق هارۋىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، قوللىرى باغلانغان بىر ئەر ۋە باشلىرى تار ياغلىق بىلەن ئورالغان، چاچلىرىنىڭ ئۇچى بېلىگە چۈشۈپ تۇرغان ئىككى ئايالنى سىلكىشتۇرۇپ يەرگە چۈشۈردى. تۇتقۇنلارنىڭ ئۇستىۋېشىدىكى توپا - چاڭلار، ئۇلارنىڭ خېلى ئۇزاق يەردىن كەلتۈرۈلگەنلىكىدىن دالالەت بېرەتتى.

— بۇلار كىملەر؟ — دەپ سورىدى دانىيال خوجا ئۆزىنى كۆرۈشى بىلەنلا ئالدىغا كەلگەن ئابدۇللا باقاۋۇلدىن.

— هازىر داندار دورغا كەلگەندى، تەقسىر. ئاۋۇ هارۋىدىكى ئادەملەرنى قارىقاش تەرەپتىن يالاپ كەپتۇ.

— ئۇ قېنى؟

— ئۇ كىشى ئاۋۇ هۇجرىغا كىرىپ كېتىۋىدى.

«بۇ ئايغاقچى يەنە نېمە بالالارنى تېپىپ يۈرىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى دانىيال خوجا كەيپى ئۇچۇپ. هوشۇر قازى بولسا هارۋىنىڭ قېشىدا قولى باغلاقلىق كەكە ساقال ئادەمنى تونۇپ قېلىپ هەيران بولدى - دە، «بۇ هەيدەر ئاكامغۇ؟» دېگەن پېتى ئۇنىڭ قېشىغا باردى.

شۇ چاغدا يۈزىنى ئورىۋالغان ئايالنىڭ:

— ياراتقان خۇدايىم مەن بىچارىگە نېمىشقىمۇ پەرىزاتتەك قىز بالا تۇغۇشنى راۋا كۆردىكىن، هوشۇر ئۇكام، — دېگەن، يىغا ئارىلاش ئاۋازى ئاڭلاندى، — بۇ قىز بالا بىزگە تۈگىمەس - پۈتمەس بالالارنى تېپىپ بەردىغۇ؟ خۇدايىم بىز بىچارىلەرنى ئازاب تارتىش ئۈچۈن ياراتقانمىكىن؟ ئۇنىڭسىزمۇ روزى تۇتقاندەك هايات كەچۈرۈۋاتاتتۇق.

— سەۋر قىلسىلا، گۈلخان ئاچا، ئۆزلىرىنى ئۇپراتمىسىلا، — دېدى هوشۇر قازى ئۆزىنى كۆرۈپ هال - مۇڭ ئېيتىشقا باشلىغان ئايالغا

تەسەللى بېرىپ، ئاندىن كەكە ساقاللىق ئادەمدىن سورىدى، — نېمە قىلىپ بۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭلار، ھەيدەر ئاكا؟

— ھېلىقى ئاق تاغلىق ئىشاننىڭ كاساپىتى. ئۇ بەتبەخت، كىمدۇر بىرى ئۆلتۈرۈپ، بىزنىڭ باغقا تاشلىۋەتكەن ئامبۇن بىلەن نۆكىرىنىڭ جەسىتىنى مۇنۇ دورغا قالماققا بىزنى ئۆلتۈردى دەپ چېقىپتۇ.

شۇ چاغدا ھۇجرىدىن چىققان داندار دورغا:

— بۇ نېمە قالايمىقان؟ تۇتقۇنلارنى ئاۋۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىگە ئەكىرىپ سولاپ قويۇڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئۇنىڭ بېغىر رەڭ سىدام چىرايى قارىيىپ، قىسىق كۆزلىرى چوغدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ھە، داندار دورغا كەپتىكەن-دە، — دېدى دانىيال خوجا.

ئۇ كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئەھۋالنىڭ ماھىيىتىگە چۈشىنەلمەي، پەلەمپەينىڭ قېشىدا تۇراتتى.

— خوجامۇ بۇ يەردە بار ئىكەنغۇ، — دېدى داندار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ۋە شۇ ھامان تەكەببۇرلۇقىمۇ پەسەيگەندەك بولۇپ، پەلەمپەي قېشىغا كەلدى-دە، دانىيال خوجىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— قېنى، داندار دورغا، ئۆيدىغا كىرەيلى، — دانىيال خوجا سىپايىلىق بىلەن تەكلىپ قىلدى. ئاندىن پېشايۋاندا ئۆرە تۇرغان دىۋانبېگىگە قاراپ، — بىزگە چاي ئەكىرسۇن، — دېدى، بىر قەدەم مېڭىپ، — ئابدۇللا، — دەپ باقاۋۇلغا قارىدى، — ئاۋۇ جوڭغار ئەسكەرلىرى بىلەن، ئۇلار يالاپ كەلگەن كىشىلەرگىمۇ چاي، غىزا بېرىڭلار.

— خوپ، خوجام.

— سىلى نېمىشقا توختاپ قالدىلا؟ — دېدى دانىيال خوجا نېمە

قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان ھوشۇر قازىغا قاراپ ، — يۈرسىلە .

ئۇ داندار بىلەن ھوشۇر قازىنى دەھلىزنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى كىچىك سورۇنخانىغا باشلاپ كىردى . تورۇسى گەج بىلەن نەقىشلەنگەن بۇ ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تامدا بىرنەچچە ئويۇقلار بولۇپ ، ئۇلارغا بۇلغار مۇقاۋىلىق قىلىن - نېپىز كىتابلار تىزىقلىق تۇراتتى . ئېدەندىكى كونىراق گىلەم ئۈستىگە كۆرپىلەر قويۇلغانىدى .

— دورغىنىڭ ئېلىمىزنى ئارىلاپ قىلغان سەپىرى ياخشى ئۆتتىمۇ ؟ — دېدى دانىيال خوجا تۆر تەرەپتىكى كۆرپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن .

— ئېتىمنىڭ تۇيىقى كۆپ يەرلەرگە تېگىپ ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۈم . بىراق ، قارىقاش دېگەن يەرگە كەلگەندە كۆڭلۈم بىر تۇرلۇك بولۇپ قالدى ، — داندار دورغا سەل توختىۋېلىپ ئاندىن گېپىنى داۋام قىلدى ، — ئۇ يەردىكى لامچىن ئامبۇن : « ئەتە قايتقىن ، گۇمىغىچە ئۆزۈم ئۇزىتىپ بارىمەن » دەپ قوندۇرۇپ قالغانىدى . لېكىن ئۇ ئامبۇن شۇ كېچىسى ئۆيىگە كەلمىدى . ئەتىگەنلىكى ئۇنىڭ ئايالى : « لامچىن كېچىسى تالادا قونمايدىغان ، قونسىمۇ بۇ چاغقىچە كېلەتتى . ئەنسىرەۋاتىمەن » دەپ يىغلاشقا باشلىدى . بىز بىرنەچچە لەشكەر بىلەن ئامبۇننى ئىزدەشكە باشلىدۇق . ئاخىر چۆشكە يېقىن ، ئامبۇن بىلەن يېنىدىكى نۆكىرىنىڭ ئۆلۈكىنى بايا يالاپ كەلگەن ئادەمنىڭ بېغىدىن تېپىۋالدۇق . شۇ چاغدا بېشىغا سەللە ئورىغان بىر بوۋاي كېلىپ : « مۇشۇ ئادەمنى چىڭ تۇتسىلا ، ئۇنىڭ قىزىنى لامچىن ئامبۇنغا ئاشىق ئىكەن دەپ ئاڭلىغانىدىم » دېدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەمنى قىزى بىلەن قوشۇپ تۇتقۇنغا ئالدىم . خوتۇنى بولسا قالغىن دەپ قوغلىغىنىمىزغا ئۇنىماي ، ئۆلسەم مۇشۇلار بىلەن بىللە ئۆلەي ، دەپ ئەگىشىپ كەلدى .

— بۇ قايسى كۈنى بولغان ئىش ؟ — دەپ سورىدى دانىيال خوجا.

— سەككىز كۈننىڭ ئالدىدا.

— بۇ ئادەم گۇناھىنى گەدىنىگە ئالدىمۇ ؟

— ئېلىشنىغۇ ئالمىدى، بىراق ئامبۇننىڭ ئۆلۈكى مۇشۇلارنىڭ بېغىدىن چىقتى.

داندارنىڭ گېپىدىن قانائەتلەنمىگەن دانىيال خوجا ھوشۇر قازىدىن سورىدى:

— بۇ ئادەملەرنى سىلى تونۇيدىغان ئوخشىماملا ؟

— تونۇمامدىغان، خوجام. بۇ ئادەمنىڭ ئۆزى غازى بېگىمنىڭ تاغىسى، ئايالى بولسا مېنىڭ چوڭ ئانامنىڭ قىزى.

— شۇنداقمۇ ؟ — دانىيال خوجا بىر ھازاغىچە خىيالغا چۆمدى، ئۇ ئىككى ئوتنىڭ ئارىسىدا قالغانىدى. بۇ ئوتلارنىڭ بىرسىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، ئامبۇن بىلەن ئۇنىڭ نۆكىرىنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى جۇڭغارلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى جۇڭ-غارنىڭ خۇنىنى تۆلەش ۋە بۇنداق ئىشلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم سادىر بولماسلىقى ئۈچۈن كاپالەت بېرىپ خۇنتەيجىنى ئىشەندۈرۈش لازىم ئى-دى. بولمىسا جۇڭغار خانى ئالدىدىكى ئىناۋىتىگە چوقۇم تەسىر يېتەتتى. لېكىن بۇنداق قىلسا، ئامبۇننى ئۆلتۈرگەن بۇ كەكە ساقال قېرىنىڭ بىر يىلتىزى خوتەن ھاكىمى غازى بەگكە، يەنە بىر يىلتىزى مۇنۇ ھوشۇر قازىغا چېتىشلىق ئىكەن. بۇلار بولسا، ئۆزىنى خۇنتەيجىدىن سوراپ بىر-مۇنچە پۇل خەجلىگەن تۆت مۆتىۋەرنىڭ ئىككىسى، شۇنىڭدەك ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇشتا يار - يۆلەك بولۇۋاتقان نوپۇزلۇق ئادەملەر، بۇلارنى رەنجىتىش، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ

قىلىش دېگەنلىك ئىدى .

مۇشۇنداق ئوي ـ خىياللاردا بېشى قاتقان دانىيال خوجا دانداردىن سورىدى :

ــ دورغىنىڭ بۇ ئادەملەرنى تۇتقۇنغا ئالغىنىدىن غازى بەگنىڭ خەۋىرى بارمۇ ؟

ــ ياق ، مەن ئۇ كىشىگە خەۋەر قىلمايلا خوجىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدىم .

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن مەزكۇر ئىشنى بىر ئاز سوزۇشقا بولىدىغانلىقىنى ، بۇ جەرياندا ئاتمۇ ئۆلمەيدىغان ، هارۋىمۇ سۇنمايدىغان بىرەر چارە ـ تەدبىر تېپىشقا بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن دانىيال خوجا :

ــ داندار دورغا مەشەگە كەلگەندە سەل ئالدىراپ كېتىپتۇ ، ــ دېدى . ئاندىن ئىشىك تەرەپتە تۇرغان دىۋانبېگىگە قاراپ ، ــ دورغىنىڭ قورسىقىمۇ ئاچقاندۇر . ئابدۇللا باقاۋۇلغا ئېيتسىلا ، ئوبدان مېهمان قىلسۇن ، ــ دېدى .

※ ※ ※

ــ خانلىق ، ئوردا سەلتەنىتى دېگەن نەرسىلەر سىرتتىن قارىغان كىشىگە راهەت ـ پاراغەتتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ، بەزىدە ئادەمنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى زېدە قىلىۋېتىدىغان مۇشۇنداق ۋەقەلەرمۇ سادىر بولۇپ تۇرىدۇ ، ــ دېدى دانىيال خوجا ۋە بىر دەم جىم تۇرغاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ ئولتۇرغان هوشۇر قازىغا مۇراجىئەت قىلدى ، ــ سىلىچە بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار ؟

ــ كەمىنە مۇخلىسلىرى بۇنداق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۆزلىرىدەك پاراسەتكە مۇيەسسەر بولمىسامۇ ، لېكىن مۇنۇ دورغىنىڭ دىيانەتلىك بىر مۇسۇلماننىڭ ئىبالىق قىزىنى ، شاراپ بىلەن ناسۇئال هېدى

چىقىپ تۇرغان قېرى ئامبۇنغا « ئاشىق ئىكەن » دېگىنىگە ئەقلىم زادى يەتمەيدۇ ، — دېدى هوشۇر قازى .

« هوشۇر ئاخۇننىڭ بۇ مۇلاھىزىسىدىمۇ مەنتىق بار » دانىيال خوجا ئويلىنىپ قالدى ، « بىراق ، ئۇ بەتبەختلەرنىڭ جەسىتى ئاشۇ قىز بالا بار ئۆينىڭ ئېغىدىن تېپىلىپتۇ - دە ... »

شۇ چاغدا ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولغان دىۋانبېگىنىڭ :

— خوتەن هاكىمى غازى بەگ جانابلىرى كەپتۇ ، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .

دانىيال خوجىنىڭ ئوي - خىياللىرى چېچىلىپ كەتتى - دە :

— باشلاپ كىرسىلە ، — دېدى .

هوشۇر قازى بولسا : « غازى بەگ هەيدەر ئاخۇن ئاكامنىڭ تۇتقۇنغا ئېلىنغىنىدىن خەۋەر تاپقان ئوخشىمامدۇ » دېگەن ئويغا كەلدى .

ئانچە كېچىكمەيلا غازى بەگنىڭ تولۇق بەستى ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى . ئۇ سەپەر كىيىملىرىنى يېشىپ ، ئوردا سەلتەنىتىگە لايىق كىيىنىشكە ئۈلگۈرگەنىدى . تولۇق ۋە قىزارغان چىرايى ئىللىق كۈلۈمسىرىگەندەك كۆرۈنەتتى .

— يالغۇز كەلدىلىمۇ ؟ — دەپ سورىدى خوجا سالام - سائەت ۋە تىنچلىق - ئامانلىقتىن كېيىن .

— يوقسۇ ، — ئەدەپ بىلەن جاۋاب بەردى غازى بەگ ، — قارىقاشتىكى هېكمەتۇللا ئىشان بىلەن ئۈچ نەپەر ئاشىق - دەرۋىشلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدىم .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دانىيال خوجا بىلەن هوشۇر قازىلار هەيران قېلىشتى . چۈنكى قارىقاشتا تۇرىدىغان بۇ ئىشان « ئىسھاقىيە » مەزھىپىنى تەرغىپ قىلىشتا كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە تىبابەتچىلىكتىمۇ شۆھرەت قازانغان

ئادەم ئىدى. ئۇنى دانىيال خوجا خېلى يىللاردىن بېرى بىلەتتى. ئۇ دانىيال خوجىنىڭ خان بولغىنىنى ئاڭلاپ، بىرقانچە مۇرىتلىرى بىلەن يەكەنگە كېلىپ، ئۇنىڭ يېڭى مەنسىپىنى تەبرىكلىگەچ شىپالىق دورا - دەرمەكلەر بىلەن بىللە تەرياق ① سوۋغا قىلغانىدى. ھېكمەتۇللا ئىشانىنىڭ بۇ ساداقىتىدىن خۇشال بولغان دانىيال خوجا ئۇستىگە تون يېپىپ، ئوردىنىڭ تاشقى دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويغانىدى. بۇ ئادەم ھوشۇر قازىنىڭ يەرقان ② كېسلى بىلەن ئاغرىغان ئوغلىنىمۇ ساقايتقانىدى.

— قارىقاشتا تۇرىدىغان قالماق ئامبۇنى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، دېگەن خەۋەر مەھكىمىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇ يەرگە بارساق، — دېدى خوتەن ھاكىمى، — دورغا تاغام ھەيدەر ئاخۇننى بالا - چاقىسى بىلەن قاتىللىقتا ئەيىبلەپ بۇياققا يالاپ كېتىپتۇ. ئەقىل باۋەر قىلمايدىغان بۇ ئىشنىڭ ئاق - قارىسىغا يېتىش ئۈچۈن سۈرۈشتۈردۈم. نەتىجىدە، داندار دورغا ئۈچۈن شاراپ ئىزدەپ يۈرگەن ئامبۇن يېنىدىكى نۆكىرى بىلەن ھېكمەتۇللا ئىشانىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ، شۇ يەردە ئەجەل شەربىتى ئىچىپتۇ. ئۇ بۇنى بىزگە ئەمەت ئىسىملىك بىر دېھقان يىگىت ئاشكارىلاپ بەردى. ئۇ يىگىت شۇ كۈنى ھەزرىتى ئالاھىددىن مۇھەممەدنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ، تۈن نىسپى بولغاندا ئۆيىگە كېلىۋاتسا، ھېكمەتۇللا ئىشانىنىڭ ھويلىسىدىن ئۇستىگە ئارتىلغان بىر نەرسىسى بار ئىككى ئاتنى يېتىلەپ چىقىۋاتقان ئىككى ئادەمنى كۆرۈپتۇ. ھېلىقى ئادەملەر ھەيدەر ئاخۇن تاغامنىڭ بېغىغا كەلگەندە ئاتلارنىڭ ئۇستىدىكى نەرسىلەرنى چۈشۈرۈپ، باغنىڭ ئىچىگە تاشلاپتۇ. بىز بۇنىڭ راست - يالغىنىغا يېتىش ئۈچۈن، ھېكمەتۇللا ئىشانىنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئۇ كىشى ھە دېگەندە ئىقرار بولمىسىمۇ، لېكىن قازىنىقىدىن ئامبۇن بىلەن نۆكەرنىڭ ئىگەر - توقۇملىرى

① تەرياق — زەھەر قايتۇرىدىغان دورا.

② يەرقان — سېرىق كېسەل.

تېپىلغاندا چارىسىز قالدى ـ دە : « بۇ كۇپارلارنى خۇدا يولىدا زەھەرلەپ ئۆلتۈردۈم » دېدى ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆزىگە ياردەملەشكەن دەرۋىشلەرنىمۇ ئېيتىپ بەردى .

ئاردا ئىبغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى . خوتەن ھاكىمىنىڭ سۆزىدىن كېيىن ، جۇڭغار ئامبۇنىنىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەندەك بولدى . دانىيال خوجا بۇرۇن ئىككى ئوتنىڭ ئارىسىدا قالغان بولسا ، ئەمدى يەنە بىر ئوت پەيدا بولدى . بۇلار- دىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرسىنى بولسىمۇ ئۆچۈرۈشكە جۈرئەت قىلىش كېرەك ئىدى . لېكىن قايسىسىنى بالدۇر ئۆ- چۈرۈش لازىم ؟ ئەگەر ئامبۇنىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ھېكمەتۇللا ئىشاننى جازالىسا ، « ئىسھاقىيە » سۇلۇكىدىكى كۆپلىگەن مۇرىت ـ مۇخلىسلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ . ھەيدەر ئاخۇننى جازالىسا ، غازى بەگ بىلەن ھوشۇر قازىلارنىڭ كۆڭلىگە غۇم چۈشىدۇ . ئامبۇنىنىڭ ئۆلۈمىنى ئېتىبارسىز قالدۇرسا ، مۇنۇ داندار دېگەن نېمە خۇنتەيجىگە ياخشى كۆرۈ- نۈش ئۈچۈن ، بىرگە ئىككىنى قوشۇپ مەلۇم قىلىدۇ ـ دە ، جۇڭغارلاردا گۇمان تۇغدۇرىدۇ .

بۇنداق ئويلار مەلۇم دەرىجىدە غازى بەگ بىلەن ھوشۇر قازىدىمۇ بار ئىدى . ئۇلار ئامبۇنىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ يېگىدىن خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان پىرىنىڭ جۇڭغارلار ئالدىدىكى ئابرۇيىغا نۇقسان كەلتۈرىدىغان- لىقىنى بىلەتتى . بۇ ھال ئۇلار ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئەمەس ئىدى . شۇڭا ئۇلارمۇ يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋالغا قانداق چارە ـ تەدبىر قوللىنىش ھەققىدە باش قاتۇراتتى .

— ھېكمەتۇللا ئىشان ئامبۇنىنىڭ جەسىتىنى باشقا يەرگە تاشلىماي ، نېمە ئۈچۈن ھەيدەر ئاخۇننىڭ بېغىغا تاشلاپتۇ ؟ — دەپ سو-

ردى دانيال خوجا غازى بەگدىن، ــ بۇ ھەقتە سوراپ كۆرمىدىلىمۇ ؟
ــ سورىدىم، تەقسىر. بۇ شەخسىي ئاداۋەتتىن بولغان ئىش ئىكەن، ــ دېدى ئۇ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ــ ھېكمىتۇللا ئىشان ئۆتكەن ئايدا ئايالى ئۆلۈپ قالغان ئوغلى ئۈچۈن ھەيدەر تاغامنىڭ قىزىنى سوراتقانىكەن. بىراق، ئۇ كىشى خوتەندىكى بىر بۇرادىرى بىلەن قۇدا بولۇشقا ۋەدىلىشىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىشانىنىڭ ئەلچىلىرىنى قايتۇرغانىكەن. ھەيدەر ئاكامنىڭ بۇ ئىشىنى «مېنىڭ ئابرۇيۇمنى تۆككەنلىك» دەپ چۈشەنگەن ھېكمىتۇللا ئىشان ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كېلىپ، ئامبۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئۇلارنىڭ بېغىغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ.
ئارىدا بىر پەس سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى.
ــ تۇتقۇنلارنىمۇ، دورغىنىڭ نۆكەرلىرىنىمۇ ياخشى كۆتۈڭلار، ــ دېدى ئىچىدە مەلۇم قارارغا كەلگەن دانيال خوجا دىۋانبېگىنى چاقىرىپ، ئاندىن غازى بەگ بىلەن ھوشۇر قازىلارغا قاراپ، ــ ھەر قايسىلىرى ئارامخانىغا بېرىپ ھاردۇق چىقىرىشسىلا، مەن داندار دورغا بىلەن خاس مۇلاقەت قىلىپ كۆرەي. مۇبادا مۇلاقىتىم نەتىجە بەرمىسە، ئىلاج يوقكى، پۈتۈن بەدىنىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىرەر بارمىقىمىزنىڭ مېھرىدىن كېچىشكە توغرا كېلىدۇ، ــ دېدى.

※ ※ ※

تالاي يىللار دانيال خوجىنىڭ خىزمىتىنى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىش ــ ھەرىكەتلىرىنى جۇڭغار ئوردىسىغا يەتكۈزۈپ تۇرغان داندار، دورغىلىق مەنسەپكە چىققاندىن كېيىن تەكەببۇرلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دانيال خوجىنى كۆرگەندە، نېمە ئۈچۈندۇر بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلىپ قالغاندەك بولاتتى. ئۇ قەشقەرىيىدىكى جۇڭغار ئامبۇنلىرىنىڭ ئىش ــ پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئۆزىنى خۇنتەيجىنىڭ ئوك

قول ۋەزىرىدەك تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزدى. بولۇپمۇ جۇڭغار ھۆكۈمدارى: « بىز بۇ زېمىندىكى ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇشتا جەبە نويانىنىڭ① ئىش ـ ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز كېرەك. ئۇ كىشى بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، رەسىم ـ قائىدىلىرىگە ۋە دىنىي ئېتىقادىغا چېقىلمىغانىدى. چۈنكى، ئۇلار ياشاۋاتقان يېرىدىن ئايرىلىسىمۇ، بېشىغا تۈرلۈك ئازاب ـ ئوقۇبەت كېلىپ ھاقارەتلەنسىمۇ، ھەتتا تۈلكىدەك ئاچ قورساق ياشىسىمۇ، ئاللانىڭ پېشانىمىزگە يازغىنى شۇ، دەپ يۈرىۋېرىدۇ. ئەمما دىنىنىڭ ھاقارەت قىلىنىشىغا چىدىمايدۇ » دېگەن سۆزلىرىنى يېنىپ ـ يېنىپ تەكرارلىغانىدى. لېكىن، شۇنىڭغا قارىماي، جايلاردىكى ئامبۇنلار تەرىپىدىن ئۆزىگە قىلىنغان سوۋغىلارنىڭ يەرلىك ئادەملەردىن بۇلاپ ـ تالاپ ئېلىنغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بىلمەسكە سالغانىدى. داندارمۇ جۇڭغارلارنىڭ باسقۇنچى ئەمەلدارلىرىغا ئوخشاش، قەدىمى يەت- كەن يەردىلا ئۇنى ـ بۇنى باھانە قىلىپ خورجۇن ـ خالتىسىنى تولدۇرۇشنى ھاۋادىن نەپەس ئالغاندەك ياكى ئۆستەڭ سۈيىنى ئېگىشىپ ئىچكەندەك ئادەتتىكى بىر نەرسە دەپ ھېسابلايتتى.

بىراق، قارىقاشقا كەلگەندە، ئۆزىنى گۇمىغچە ئۇزىتىپ قويغاچ، تەييارلىغان سوۋغىلىرىنى بەرمەكچى بولغان لامچىن ئامبۇنىنىڭ ئۇ دۇنياغا تۇيۇقسىز سەپەر قىلىشى داندار دورغىنىڭ ئويلىغانلىرىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇ مەزكۇر ئامبۇن بېرىدىغان سوۋغا ـ سالامنى ئىلىدىكى « ئالتۇن سۈمەن » ② نىڭ چوڭ لاماسىغا ھەدىيە قىلىپ، ئۇ كىشىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېگە بولماقچى ئىدى. ھازىر بولسا بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي قالغانىدى. ئۇنىڭ ئامبۇن بىلەن ئۇنىڭ نۆكىرىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى قىزى بىلەن

---

① جەبە ـ نويان ـــ 1218 ـ يىلى كۈچلۈك خاننى يېڭىپ، قەشەرىيىدە تۆت يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

② ئالتۇن سۈمەن ـــ ئالتۇن گۈمبەزلىك بۇتخانا.

يالاپ كېلىشىدىكى ئويى ، دانىيال خوجىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش ئىدى . ئەگەر ، دەپ ئويلايتتى ئۇ : « بۇ خوجا چىن دىلى بىلەن بىزگە سادىق بولسا ، ئامبۇننى ئۆلتۈرگەن بۇ ئادەمنى باشقا مۇسۇلمانلارغا ئۆلگە قىلىش ئۈچۈن قاتتىق جازالايدۇ ياكى ئامبۇن ئۈچۈن قىساس ئېلىشنى ماڭا هاۋالە قىلىدۇ . ئۇ چاغدا مەن بۇ قاتىلنى ئېلىپ ئاپىرىپ قول ئورنىدا ئىشلىتىمەن ـ دە ، قىزىنى دېدەك قىلىۋالىمەن . ئەگەر دانىيال خوجا ‹ چىققان كۆز ئورنىغا چۈشمەيدۇ ، بۇ ئادەملەرنى جازالىساقمۇ ئامبۇن بىلەن ئۇنىڭ نۆكىرى تىرىلمەيدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە ، ئۆلارنىڭ خۇنىنى تۆلىسۇن ياكى تۆلەيلى › دېسە ، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەيمەن ... »

ئۇ شۇنداق خىيال بىلەن ئولتۇرغاندا ، ئىككىنچى قېتىم قويۇلغان شاراپقا قول سۇنۇۋىدى ، ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەن دېۋانبېگى :

— دورغىنى خوجام ھەزرەتلىرى كۈتۈپ تۇرىدۇ ؟ — دېدى .

داندار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، دېۋانبېگىنى ئەگەشتى .

— دورغىنىڭ ھاردۇقى چىققاندۇ ؟ — دېدى دانىيال خوجا ئۆزىنى كۆرگەندە نېمە ئۈچۈندۇر قىزىرىپ كېتىدىغان داندارغا مۇراجىئەت قىلىپ ، — قېنى ، بۇياققا ، مۇنۇ كۇرسىغا .

— خوجامنىڭ مېھماندوستلۇقىغا رەھمەت ، — داندار ئۆزىنى تۇ-تۇۋالغاندەك بولدى .

— بۇ چاغقىچە دورغىنىڭ چۈشىگە ئالتىن ئاغچا نەچچە قېتىم كىرگەندۇ ، — دەپ چېقىشىپ قويدى دانىيال خوجا ئەتە ـ ئاخشىمى ياغاچ چېلەكنى كۆتۈرۈپ سېيىر ساغىدىغان ، نىسا بېگىم ئاچىقىپ بەرگەن تا-ماقلارنى ئالغاندا بېشىنى يەرگىچە ئېگىپ رەھمەت ئېيتىدىغان ۋە ئىككى يېنىدا يىپرىقى بار چاپان بىلەن يۇگىدىن بېسىلغان قارا قالپاق كىيىپ يۇ-رىدىغان داندارنىڭ خوتۇنى يادىغا كېلىپ .

— خوجامنىڭ ئالتىن ئاغچىنى ئېسىگە ئالغىنىغا رەھمەت، — دېدى ئۇ، — خوجامنىڭ دۇردۇن ئاغچىسى بىلەن كىچىك ئاغچىسى سالامەتتۇر؟

— ئۇلار كۈندە دېگۈدەك ئالتىن ئاغچىنى ئەسلەيدۇ. دۇردۇن ئاغچا: «بىرنەچچە يىل بىللە يۈرۈپ قېرىنداشتەك بولۇپ كېتىشىدۇق. داندار دورغا ئالتىن ئاغچىغا تەييارلاپ قويغان سوۋغا-سالاملىرىمنى ئېغىر كۆرمەي ئېلىپ كېتەرمۇ؟» دەيدۇ.

«ئىنسان ئىھسانىنىڭ قۇلى» دېگەن سۆزگە ئەمەل قىلىدىغان دانىيال خوجا، داندار دورغىغا ئەنە شۇنداق گەپلەر بىلەن قىلتاق قويدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلايمەن دەپ ئويلاپمۇ قويمىغان داندارنىڭ قىياق كۆزلىرى گويا بىر تەڭنە سۈتنى كۆرگەن مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك جانلىنىپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە، باشقا نەرسىلەرنى تاشلاپ بولسىمۇ، دۇردۇن ئاغچا بەرگەن سوۋغىنى ئالغاچ كېتىمەن، — دېدى ئۇ.

— ئاندىن كېيىن، — دەپ داۋام قىلدى دانىيال خوجا، — ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىز جانابلىرىغا ساداقىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېلەر يىلى تومۇز ئايلىرىدا تاپشۇرىدىغان خىراجنىڭ يېرىمىنى پات-يېقىندا ئەۋەتىپ بېرىش ئويۇم بار. دورغا ھەپتە-ئون كۈن تەخىر قىلىپ، مەزكۇر خىراجنى ئېلىپ ماڭغان ئادەملىرىمىز بىلەن ھەمسەپەر بولسا تولىمۇ خۇرسەن بولاتتىم.

داندار دورغا ئويلىنىپ قالدى: «خوجىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، مەن تاش ساناپ يۈرۈپتىمەنۇ، ئۇ قۇم ساناپ يۈرۈپتۇ. خۇنتەيجى جانابلىرى بىلەن ساغا نويانلار خوجىنىڭ ساداقىتىنى بىلىپ خان قىلىپ ئەۋەتكەن-دە، مەن تېخى ئۆزۈمچە بۇ ئادەمنىڭ بىزگە سادىقلىقىنى

سناپ كۆرۈش كويىدا يۈرۈپتىمەن ... »

ــ دورغا ئۆيلىنىپ قالدىغۇ ؟ ــ داندارنىڭ جىمىپ كەتكىنىنى ئۆزىچە چۈشەنگەن دانىيال خوجا قۇرغان قىلتىقنىڭ چۆرىسىگە يەنە دان چاچتى ، ــ بايا خوتەندىن كەلگەن غازى بەگ جانابلىرى : « داندار دورغا ماڭا يولۇقماي كېتىپ قاپتۇ ، ئاز ـ تولا سوۋغا ـ سالام تەييارلاپ قويۇپتىم ، ئۈچ ـ تۆت كۈنگىچە يېتىپ كېلىدۇ » ــ دېگەنىدى .

داندارنىڭ چىرايى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى ۋە :

ــ ئۇ كىشى قاچان كەلگەن ؟ ــ دەپ سورىدى .

ــ دورغا تاماق يەپ ، هاردۇقىنى چىقىرىۋاتقاندا ، ــ ئەمدى دانىيال خوجا ئاساسىي مەقسىتىگە ئۆتتى ، ــ ئۇ كىشى قارا تاشتىكى ئامبۇن بىلەن نۆكەرنىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارنى تەپتىش قىلىپ ، مېنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن . غازى بەگنىڭ گېپىگە قارىغاندا ، لامچىن ئامبۇن بىلەن ئۇنىڭ نۆكىرى شاراپخورلۇقى تۇپەيلىدىن بىرنەچچە مەرتىۋە دەرىگە بېسىلغان بىر نائەھلىنىڭ ئۆيىدە شاراپ ئىچىپ ، شۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۆلگەن ئوخشايدۇ . بۇنىڭدىن قورقۇپ جىنىنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغان ھېلىقى نائەھلى ، شۇ كېچىسى ئامبۇنلارنىڭ جەسىتىنى دورغا يالاپ كەلگەن ئادەمنىڭ بېغىغا تاشلاپتۇ ـ دە ، ئۆزى خوتەنگە بېرىپ غازى بەگ جانابلىرىغا ۋەقەنى بايان قىپتۇ . غازى بېگىم ئۇ شاراپخور نائەھلىنى زىندانبەنت قىلىپ قارىقاشقا كەلسە ، دورغىغا : « مۇشۇ ئادەمنىڭ قىزىنى ئامبۇنغا ئاشىق ئىكەن دەپ ئاڭلىدىم ، شۇڭا بۇ ئادەمنى چىڭ تۇتسىلا » دېگەن قېرى ئادەم كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ : « هوي ، خالايىق ! هەي ، ئەهلى مۇسۇلمانلار ! ئىلى تەرەپتىن كەلگەن خۇنتەيجىنىڭ دورغىسى ، ئىشىنىڭ ئاق ـ قارىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا بىر مۇسۇلماننى خوتۇن ـ بالىسى بىلەن يالاپ كەتتى ! »

دەپ بىرمۇنچە ئادەملەر بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن غازى بەگ جانابلىرى، ئەھلى جامائەتكە نەسىھەت قىلىپ: «بۇ داندار دېگەن دورغا دانىيال خوجام ئىلىدىكى چاغلاردا بىرقانچە يىل ئۇ كىشىنىڭ خىزمىتىدە بولغان، ھەرگىز ئۇ دورغىنى يامان دەپ ئىسيان كۆتۈرمەڭلار. ئۇ كىشى ئەھلى مۇسۇلمانغا ياخشىلىقتىن باشقىنى ئويلىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇنتەيجى جانابلىرى بۇياقتىكى ئامبۇنلارنىڭ ئىشىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن ...» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىپ، خەلقنى ئاران دېگەندە توختىتىپتۇ.

دانىيال خوجىنىڭ بۇ سۆزلىرى داندار دورغىنىڭ خىياللىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇ بېشىغا تاش تەگكەن ئادەمدەك گاڭگىراپ قالدى. ھەتتا، ئامبۇننىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك سادىر بولغان بۇ ئىشلار خۇنتەيجىنىڭ قولىقىغا يەتسە، ئۇنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ غەزىپىگە ئۇچرايدىغىنىنى ئويلاپ، گويا يۈرىكى توختاپ قالغاندەك كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى: «ئەجەب كالتە پەملىك قىپتىمەن ـ دە؟ ... ئارىلىق ئانچە يىراق بولمىغاندىكىن خوتەن ھاكىمىغا بېرىپ نېمىشقا مەسلىھەت قىلمىدىم؟ نېمىشقا قوينى ئۆزىنىڭ يۇڭىدىن يىپ ئېشىپ باغلىمىدىم؟ ... »

داندار دورغىنىڭ روھىي ھالىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ھالەتنى بايقىغان دانىيال خوجا:

— مەن مەزكۇر گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غازى بېگىمگە: «داندار دورغا ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرى بىلەن ساغا نويانلارنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ئادەم. ئۇ كىشى لامچىن ئامبۇننىڭ شاراپخورلۇقىنى سىلەرگە قارىغاندا ياخشىراق بىلەر. ئۇنىڭ ھەيدەر ئاخۇننى مېنىڭ ئالدىمغا يالاپ كەلگىنى، بىزنى ھۆرمەت قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى. بۇ ھەقتە

خۇنتەيجى جانابلىرىغا خەۋەر قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق » دېدىم .
— شۇنداق بولماي ، — داندار دورغىنىڭ كۆز ئالدىنى توسۇپ تۇرغان چاڭ تارقاپ ، كۆڭلى يورۇپ كەتتى ۋە لامچىن ئامبۇننى يامانلاپ ، — ئۇ بىر نېمە مەن بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىلا مەست ئىدى . ساغا نويانمۇ مەن بۇياقتا مېڭىشتا لامچىننى ئامبۇنلۇققا لايىق ئەمەس ، ھەر ھالدا ئۆزلۈك ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلارسەن ، دېگەنىدى . شۇڭا مەن نەۋاقتا ، خوجامنىڭ ئىسدە بولسا كېرەك ، ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ئۇ نېمىنى قايتىدىن مەنسىپىگە قويغانىدىم .
— ھازىر ئۇ كىشىنىڭ خىزمىتىنى كىم قىلىۋاتىدۇ ؟
داندار تۇرۇپ قالدى . چۈنكى ئۇ لامچىننىڭ ئورنىغا مەكىتتە تۇرۇۋاتقان ئامبۇننىڭ قولىدا ئىشلەيدىغان بىر تۇغقىنىنى قويۇش نىيىتىدە بولۇپ ، بۇ ئورۇنغا ھازىرچە باشقا بىرىنى ئويلاشمىغانىدى . شۇڭا :
— ھازىرچە ئۇ خىزمەتكە بىرەرسىنى بەلگىلىمىدىم ، — دېدى .
— نېمىشقا ؟ ئۇيەردىكىلەرنىڭ ئىچىدىن دورغىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدەك ئادەم تېپىلمىدىمۇ ؟
— بايقىشىمچە ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى لامچىننىڭ ئۆزىگە ئوخشاش شاراپخور ئىكەن . شۇڭا مەن مەكىتتە تۇرۇۋاتقان ئادەملىرىمىزدىن بىرەرسىنى ئامبۇن قىلىپ ئەۋەتىشنى ئويلىغانىدىم .
— دورغىنىڭ بۇ ئىشى يەنە سەل قارىغانلىق بوپتۇ ، — دانىيال خوجا قارىقاشنىڭ ئامبۇنسىز قالغىنىغا خاپا بولمىسىمۇ ، دانداردىنى يەنە بىر قېتىم چۆچۈتۇپ قويۇشنى لايىق كۆردى ، — ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ تەدبىرى بويىچە ئېيتقاندا ، جايلاردىكى مۇھاپىزەتچى لەشكەرنى بىر كۈن ئامبۇنسىز قالدۇرۇش — شۇ جايدىكى جۇڭغار ھاكىمىيىتىنى بىر كۈن ئاجىزلىتىش دېگەن سۆزدۇر . ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىز

دورغىنىڭ بۇ ئىشىدىن خەۋەر تاپسا، ماڭىمۇ سىياسەت قىلىشى مۇقەررەر. شۇنىڭ ئۈچۈن دورغىنىڭ ئامبۇنلۇققا بەلگىلىمەكچى بولغان ئادىمىگە پەرمان يېزىپ، نۆكەرلەرنىڭ بىرىنى دەرھال مەكتىكە ئەۋەتىش لازىم.

داندارنىڭ باياتىن بېرى بەل - پەل بولسىمۇ خاتىرجەم بولغان كۆڭلى يەنە داۋالغۇپ كەتتى. ئۇ خۇنتەيجىنىڭ ھوقۇقلۇق ۋەكىلى بولسىمۇ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا دانىيال خوجا بىلەن تەڭلىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى:

— مەن بۇ ھەقتە خوجام جانابلىرىدەك چوڭقۇر ئويلىماپتىمەن، — دېدى. ئاندىن مەكتىنكى ئامبۇنغا ھازىرلا نۆكەر ئەۋەتمەكچى بولۇپ، شىرەگە كېلىپ پەرمان يېزىشقا باشلىدى.

دانىيال خوجا داندار دورغا بىلەن قىلىشقان گەپ - سۆزلىرىنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان بۇ پەرماننىڭ مەزمۇنىغا قىزىقتى:

— دورغا يازغان پەرماننى ئاڭلاپ باقسام، دېۋىدىم، — دەپ تىلەك بىلدۈردى.

ئۇنىڭ بۇ تىلىكى داندار دورغىدا: «بۇ خوجا مېنى يەنە چالا ئىش قىلدىمىكىن دەپ گۇمانلىنىۋاتسا كېرەك» دېگەن ئوي پەيدا قىلدى - دە، يازغان پەرماننى ئوقۇپ بەردى. دانىيال خوجا پەرماندا يېزىلغان سۆزلەرنىڭ ئىچىدىكى «قارىقاشتىكى لامچىن ئامبۇن شاراپخورلۇق بىلەن ئۆلۈپ كەتكەچكە ...» دېگەن جۈملىنى ئاڭلاپ، باياتىن بېرى ئەتراپىدا كۆيۈپ تۇرغان ئوتلارنىڭ ئۆچكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ، شۇ ئوتنى پەيدا قىلغان ئادەمنىڭ قولى بىلەن ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى ۋە دىۋانبېگى چاقىرىپ كىرگەن نۆكەرلەرگە داندار دورغىنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان پەرماننى بېرىۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

— دورغىنىڭ ئىككى نۆكىرىنى ئاۋارە قىلمايلى. بىرسىنىڭ ئورنىغا

ئوردا ياساۋۇللىرىدىن بىرى بارسۇن ، ــ دېدى دىۋانبېگىگە ، ئاندىن ، ــ ئابدۇللا باقاۋۇلغا ئېيتسىلا ، داندار دورغىنى قالغان نۆكەرلىرى بىلەن «ئەجدىھا باغ» قا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرسۇن . بۇ مېھمانلار خۇنتەيجىمىزگە ئەۋەتىدىغان خىراج كارۋىنى تەييار بولغۇچە دەم ئېلىپ ھاردۇقىنى چىقارسۇن ، ــ دېدى .

※ ※ ※

دانىيال خوجا ئارامخانىغا كىشى ئەۋەتىپ ، غازى بەگ بىلەن ھوشۇر قازىلارنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇلارغا داندار دورغا بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ ، ئاخىرىدا :

ــ شۇنداق قىلىپ دورغا بىلەن بولغان سۆھبەتتە زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن بىرمۇنچە يالغان گەپلەرنىمۇ قىلىشقا توغرا كەلدى ، ــ دېدى ۋە غازى بەگكە قاراپ ، ــ ئۆزلىرىنى ئىككى خۇرجۇن سوۋغا ـ سالامغا قەرزدار قىلىپ قويدۇم ، ــ دەپ كۈلدى .

ــ دانىشمەن خوجامنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنىڭ بۇ مېۋىسى ئۈچۈن ، يۈز خۇرجۇن سوۋغا ـ سالام بولسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ ، ــ غازى بەگ خۇشاللىقىنى بىلدۇردى ، ــ راستىمنى ئېيتسام ، ھوشۇر قازى ئىككىلەن بۇ ئىشنىڭ بۇنداق پۈتۈشىنى مۇتلەق تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدۇق .

ــ دانىشمەنلەر : « پىرى كامىللار ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ ماڭار يولىدا شولا چاچقۇچى چىراغدۇر » دەپ بىكار ئېيتمىغان ـ دە ، ــ قوشۇمچە قىلدى ھوشۇر قازى ، ــ ئىلاھىم ، بىزگە ئوخشاش مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنىڭ بەختىگە پاراسەتلىرى تېخىمۇ كامال تاپقاي .

ــ بايا ئاۋۇ چاشقاننى ئۆلتۈرىمەن دەپ لوڭقىنى چېقىۋالغان ھېكمىتۇللا ئىشانىنى چاقىرىپ خېلى نەسىھەت قىلدىم ، ــ دېدى ئۆزىنىڭ ئەقلىدىن رازى بولغان دانىيال خوجا ، ــ ئۆزلىرىمۇ ، غازى بېگىم جاناب-

لىـرى ، ئۇ ئىـشان بىـلـەن مۇلاقەتتە بولۇپ ، ئۆيگە تۇتاشقان ئوتنى بىر قـەدەھ سـۇ بىلەن ئۆچۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭغا تارىمنىڭ سۈيـ دەك سۇ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويارلا .

— ئەلۋەتتە ، شۇنداق ، تەقسىرىم .

— ئانـدىن كېيىن ئۆزلىرىنى ھۆرمەتلىنىشكە ، بىز خەقنى ھۆرمەت قىـلـىشقا تېگىشلىك دەپ ئۆگىنىپ كەتكەن بۇ جۇڭغار ئامبۇنلىرى بىلەن مۇنـاسـىۋەت قـىـلـىـشـتـا ، تولىمۇ ھوشيار بولۇش لازىم . خانلىقىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇشۇنداق بىر تەشۋىشلىك ئىشلار سادىر بـولـسا ، ئەگەر ئۇنى مەبلەغ بىلەن دەپنە قىلىش مۇمكىن بولسا ، ئۇنى ئايىـ ماي سەرپلەپ ، تەشۋىشتىن خالىي بولۇش لازىم ....

## ئۈچىنچى باب

1721 ـ يـىـلـىـنـىڭ دەلـۋە ئېـيـى كـىرگەن بولسىمۇ ، ئانچە سوغۇق ئەمـەس ئىـدى . ئۆتـكـەن ھەپـتـىـدە ياغقان قار تەسكەي جايلاردا ئاقىرىپ كـۆرۈنـگـىـنـى بـىـلەن ، كۈنگەي يەرلەر كۆز پەسلىدەكلا قارىيىپ ، ئېرىق بويلىرىدىكى چىملار كۆكىرىپ تۇراتتى . تارىم ئاسمىنىدا ئېسىلىپ تۇرغان قـۇياش ئۆز ھارارىتى بىلەن قىشنىڭ ھاۋاسىنى ئىسسىتالمىغىنىدىن خىجىل بولغاندەك ، دۆگىلەك يۈزىگە ئاپئاق تۇماندىن پەردە تارتىۋالغانىدى .

ئـىـككى كۈندىن بېرى يولۇچىلارنىڭ قەدىمى يەتمەي بوش تۇرغان ھېـلـىـم يـۇمشاقنىڭ كارۋان سارىيى چۆل ـ جەزىرىلەردىكى ئۆتەڭلەردەك ھوۋۇلداپ قالغانىدى .

— ھويلا ـ ئارامـنـى ئەتـىـگـەندە سۈپۈرگەنىدىم ، ھازىر سۈپۈرمـ سـەمـمـۇ بـولار ، — دېـدى سارايى خـىـزمـەتكارى دىگەر نامىزىنى ئوقۇپ دەرۋازىدىن كىرگەن ھېلىم يۇمشاققا .

— ئۇنداق دېمىسىلە، تازىلىق بولمىغان يەردە بەرىكەت بولمايدۇ، — ئېتىراز بىلدۈردى ھېلىم يۇمشاق.
— مېھمان بولمىغاندىكىن، سۈپۈرگىنى بولسىمۇ ئايايلى - دە، تەقسىر.
— سىلىگە بۈگۈن نېمە بولدى، تۇراخۇن؟ سۈپۈرگە دېگەن ئاغچىلارنىڭ قولىقىدىكى ئالتۇن سۆكىمىدى؟
— سۆكىمىغۇ ئەمەس، بىراق ... — تۇراخۇن گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ساراي ھويلىسىنىڭ بىر قانىتى ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىسىدىن يايلى - قۇيرۇقى ئۇزۇن تورۇق ئاتقا مىنگەن ئەدەن قېچىر كىرىپ كەلدى. ھېلىم يۇمشاق ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى.
— تىنچ - ئامان تۇرۇۋاتىلىمۇ، ھېلىماخۇن؟ — دېدى ئەدەن قېچىر، ئۆتكەن قېتىم كەلگىنىدە بىرنەچچە كۈن تۇرغان ھۇجرا تەرەپكە مېڭىپ.
— ھارماي كەلدىلىمۇ؟ — ھېلىماخۇن ئۆزلىرىگە سوغدىشىپ كېلىۋاتقان خىزمەتكارىغا قاراپ، — تۇراخۇن، خۇرجۇننى ماڭا بەرسىلە، سىلى غاچچىدا سەندەلگە ئوت سېلىۋەتسىلە، — دېدى.
بۇ قېتىم ھېلىماخۇننىڭ ئەدەن قېچىرغا بولغان مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي باشقىچە بولدى. ئۇ ئۆتكەن قېتىم كەلگىنىدە قانداق قىلىپ بۇ تۇججارنىڭ يانچۇقىدىن كۆپرەك پۇل ئۇندۇرۇۋېلىشنىڭ كويىدا بولغان بولسا، بۇ قېتىم خۇددى يىراق يەردىكى يېقىن ئاغىنىسى كەلگەندەك خۇشال بولۇپ، ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسەتتى.
— سىلى كەتكەننىڭ بۇياقى، — دېدى ئۇ، — ئاتىلىرى مەرھۇم سامساق سوپۇم بىرنەچچە مەرتەم چۈشۈمدە ئايان بولدى. رەھمەتلىكنىڭ روھىي پاكلىرى ياغسىراپ قالسا كېرەك دەپ، تۆت مەرتەم ياغ پۇراتتىم،

ئىككى مەرتەم تۇپرىقىغا چىقىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلدىم .

شۇ ئارىدا تاتلىق ـ تۇرۇم بىلەن بىرنەچچە گىردە كۆتۈرگەن خىزمەتكار كىرىپ كەلدى .

ــ ئۆتكەن جۈمەدىغۇ دەيمەن ، ــ دېدى ھېلىم يۇمشاق ، ئەمما گېپىنىڭ ئايىغىنى ئېيتماي ، داستىخان سېلىۋاتقان خىزمەتكارىغا مۇراجەئەت قىلدى ، ــ تۇراخۇن ، قۇناخۇنكام باپكار قاچان كەلدى ؟

ــ ئۇ كىشىنىڭ كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە بولدىغۇ .

ــ ياش چوڭايغاندا ئادەمنىڭ خاتىرىسىمۇ ئاجىزلىشىپ كېتىدىكەن ـ دە ، ــ دېدى سارايۋەن ، ــ مەن تېخى ئۇ ئادەمنى ئۆتكەن جۈمە كۈنى كەلدى دەپ يۈرۈپتىمەن . شۇ كۈنى قۇناخۇنكامنىڭ قولى كىچىككىنە بوش بولۇپ قاپتىكەن : « يۈرسىلە ، ھېلىماخۇن ، ئەدەنباي بۇ شەھەردە بولمىغاندىكىن ، ئۇنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمەي ئالتۇنلۇققا چىقىپ ، سامساق سوپۇمنىڭ قەبرىسىگە قۇرئان ئوقۇپ كېلەيلى » دەپ كەپتىكەن ، ماقۇل ، دەپ يەنە چىقىپ كەلدىم .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، ئەدەن قېچىرنىڭ كۆڭلى بوشاپ كەتكەندەك بولدى ـ دە ، چوڭقۇر خورسىنىپ :

ــ تولىمۇ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشىپتىلا ، ــ دېدى تىزلىنىپ ئولتۇرغان سارايۋەندىن رازى بولۇپ ، ئاندىن ، ــ قېنى ، ئاتام مەرھۇمنىڭ روھىغا يەنە بىر قىرائەت قىلىۋەتسىلە ، چاينى شۇنىڭدىن كېيىن ئىچەيلى ، ــ دەپ تىلەك بىلدۈردى .

ھېلىم يۇمشاق خۇددى مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ، تامىقىنى قىرىپ قويۇپ ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى .

ئەدەن قېچىرمۇ ئادەتتىكى ھەممە ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ، ئوقۇلۇۋاتقان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي ، سارايۋەننىڭ ئاۋازىغا قۇلاق

سىلىپ ئۆلتۈردى. ئۇ بولسا خۇددى بىرنەچچە يىل مەدرىستە ئوقۇغان قا-
رىيلاردەك ئىككى كۆزىنى يۇمۇپ، ئاۋازىنى بەزىدە سوزۇپ، بەزىدە
جاراڭلىتىپ چىن ئېتىقاد بىلەن قىرائەت قىلاتتى.

— رەھمەت، ھېلىماخۇن، — دېدى ئەدەن قېچىر دۇئادىن كېيىن
رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، — تولىمۇ بەلەن قىرائەت قىلىدىكەنلا، قايسى مەد-
رىستە ئوقۇۋىدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— قىزىق گەپ قىلدىلا، ئەدەنباي، — دېدى ئۇ چاي قۇيۇلغان
چىنىنى سۇنۇۋېتىپ، — مەدرىستە ئوقۇغان بولسام سارايۋەنچىلىك قىل-
ماي، بىرەر مەسچىتتە ئىمامەتچىلىك قىلمايتتىممۇ. ھازىر مەدرىس دېگەن
ھەممە ئۆيلەردە بار. ئاتا ـ ئانىلار بالا ـ ۋاقىلىرىنىڭ زۇۋانى چىقىشى بى-
لەنلا بىسمىللا دېيىشنى، بالاغەتكە يەتكەندە ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىدۇ. بۇ
خەت بىلمەيدىغان، پەيشەنبىلىك ئالمايدىغان ئاتا ـ ئانا خەلپەتلەرنىڭ
ۋەزىپىسى شۇ بولۇپ قالدى.

— بۇ دېگەنلىرى توغرا، بىراق قىرائەتلىرى تولىمۇ ياخشى
ئىكەن.

— ئۇنداق بولغىنى ئاتام رەھمەتلىك ئۆز زامانىسىدە غەزەل ئوقۇپ،
دۇتار چالاتتىكەن. رەھمەتلىك ئىككى ياشقا كىرگىنىمدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ.
ماڭا مال ـ دۇنيانىڭ ئورنىغا ئازراق بولسىمۇ ئاۋازىدىن قالدۇرۇپ كەتكەن
ئوخشايدۇ. ئانام رەھمىتى «ئاۋازىڭ ئاتاڭنىڭكىگە ئەجەب ئوخشايدۇ»
دەيدىغان.

— بىرەر سائەتتەك ۋاقىتلىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەدەن
قېچىر چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن.

— ئۈچ كۈننىڭ بۇياقى بىكارچىلىقتىن قاچا بوشىتىپ يۈرىمەن.

— ئۇنداق بولسا، يۈرسىلە، ئالتۇنلۇققا بېرىپ كېلەيلى.

— تولا ئوبدان .

ئۇلار ئالتۇنلۇققا كەلگەندە ، ئەدەن قېچىر دادىسىنىڭ تۇپرىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى .

— ئۆتكەندە مەنمۇ سىلىدەك ، ھە دېگەندە سوپۇمىنىڭ قەبرىسىنى تاپالماي ، كېيىن تېپىۋالغانىدىم ، — دېدى ھېلىم يۇمشاق ئۇنىڭ ھالىتىنى بايقاپ ، — دانىيال خوجام ئاكىسى شۇئەيىپ خوجامنىڭ قەبرىسىگە گۈمبەز ياساتقاندىن كېيىن ، بۇ يەرنىڭ قىياپىتى تامامەن ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ .

دېمىسىمۇ ، ئۈستىگە دۈۋۈلەنگەن توپىلارنى ئوت - چۆپلەر بېسىپ كەتكەن قەبرىستانلىقنىڭ بۇ تەرىپىدە ، شۇئەيىپ خوجىغا ياسالغان ھەشەمەتلىك گۈمبەزنىڭ يالت - يۇلت پارقىراپ تۇرغان رەڭدار كاھىشلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . بىر چاغلاردا ، يەنى يەكەن خانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە « ئىسھاقىيە » سوپىلىرىنىڭ مەشھۇر مۇرشىتى بولغان ، تالاي مۇسۇلمانلار چاپىنىنىڭ پېشىنى كۆزىگە سۈرتۈپ زىيارەت قىلىدىغان شۇئەيىپ خوجا ، مۇشۇ ئاسمان - پەلەك گۈمبىزى ئارقىلىق ئۆزىگە قول بەرگەن مۇرىت - مۇخلىسلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغاندەك قىلاتتى .

— مانا ، مەيەرگە ئولتۇرايلى ، ئەدەنباي ، — دېدى ھېلىم يۇمشاق توپىسىنىڭ بىر چېتى شۇئەيىپ خوجىغا تۇرغۇزۇلغان گۈمبەزنىڭ ئۇلىغا تاقاشقان قەبرىنىڭ يېنىغا كېلىپ .

ئەدەن قېچىر شۇ چاغدىلا دادىسىنىڭ قەبرىسىنى تونۇدى . ھېلىم يۇمشاق بايا « قىرائەتنى ياخشى قىلىدىكەنلا » دېگەن گەپنى ئاڭلىغاچقىمۇ ، ئەدەن قېچىر ئولتۇرۇشى بىلەنلا قىرائەتنى باشلىۋەتتى . ئۇ بۇ قېتىم ، ھۆجرىدىكىگە ئوخشاش ئاۋازىنى بوش چىقارماي ، بەلكى ئۈچ گەز چوڭقۇرلۇققا كۆمۈلگەن ئالتۇنلۇقتىكى ھەممە مېيىتلار ئاڭلىسۇن دې-

گەندەك ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، دېمى يەتكۈچە سوزۇپ ئوقۇدى. ئاخىرىدا «ئەدەنبايىنىڭ ئاتىسى مەرھۇم سامساق سوپۇمنىڭ روھىي پاكلىرىغا شاپائەت قىلغايسەن!» دەپ يۈزىنى سىيپىدى.

ئۇلار كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ، ئالتۇنلۇقنىڭ چېتىگە كەلگەندە: «ھەي، مۆمىن مۇسۇلمانلار!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ توختاشتى. يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ، ئۈچىسىغا ئۆگۈپ كەتكەن كونا پەرەنجە ئارتىۋالغان بىر ئايال يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلدى ـ دە:

— خۇدا ھەققى، مەن بىچارىگە ياردەم قىلىڭلار؟ — دېدى زارلىنىپ، — ئەمدى ئۈمۈ بەختسىز ئوغلۇمغا ئوخشاش ئاللانىڭ خۇش پۇراقلىق جەننىتىگە راۋان بولسا، مەن ناتىۋاننىڭ ھالى نېمە بولماق.

— شۇنچىلىك پىغان چەككۈدەك قانداق مۇشكۈلاتقا دۇچار بولدىلا؟ — دەپ سورىدى ھېلىم يۇمشاق.

— جېنىم تۇغقانلار، — دېدى ئايال يالۋۇرۇپ، — بېشىمغا كەلگەن مۇشكۈلاتنى سورىماي، ئېرىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى يامان يولدىن ياندۇرۇپ بېرىشسىلە؟

— يۈرسىلە، — دېدى ئەدەن قېچىر.

پەرەنجىلىك ئايال ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يەردە يۈز قەدەمچە مېڭىپ، شاخلىرى سۇنغان قېرى توغراقنىڭ يېنىغا كەلگەندە:

— ۋاي، جېنىم خۇدايىم، ئەمدى ماڭا بۇ ئادەمنىمۇ قىيمەدىڭمۇ؟ — دېگىنىچە يان تەرەپكە يۈگۈردى.

ئەدەن قېچىرلارمۇ قەدىمىنى تېزلەتتى ۋە يانتۇراق بىر يەردە يېڭىدىن پەيدا بولغان قەبرىنى قۇچاقلاپ ياتقان ئادەمنى كۆرۈپ توختاشتى.

— سادىغاڭ كېتەي، ئاتىسى، — دەپ يالۋۇردى ئايال دۈم ياتقان

ئادەمگە ، — نېمانچە ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويىدىلا ؟ مەيدىلىرىگە سوغۇق ئۆتسە ، سىلى تۇرماق بىزنىڭمۇ جانلىرىمىز قاقشاپ كەتمەمدۇ ؟

بىراق ، ئۇ ئادەم ئايالىنىڭ نالىسىگە پەرۋا قىلماي :

— جېنىم بالام ، ئۇن گۈلۈڭنىڭ بىرىمۇ ئېچىلماي ، غازاڭ بولدۇڭغۇ ، بالام ... ، — دەپ پەرياد چېكىپ ، ياش تۆكەتتى .

قەبرىنى قۇچاقلاپ ياتقان بۇ ئادەمنى تونۇپ قالغان ھېلىم يۇمشاق :

— ھوي ، بۇ قۇناخۇنكامغۇ ؟ — دېگىنىچە كېلىپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى ، — بۇ نېمە قىلغانلىرى ؟ سەۋر قىلسىلا دېدى .

— شۇنى دېسىلە ، باياتىن بېرى بۇ ئادەمگە زادى گېپىمنى ئۇقتۇرالمىدىم ، — دېدى ئايال ، — تۈنۈگۈن مەھەللىمىزنىڭ ئىمامى ئۆيگە كىرىپ : « ئاللاتائالا سەۋر قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر ، ئوغۇللىرى بۇ جاپالىق ئالەمدىن ئاخىرەت باغچىسىغا سەپەر قىپتۇ . بۇنىڭغا قاتتىق ھازا تۇتمىسىلا ، ئەمدىن ئوغۇللىرى ھېچ نەرسىدىن خاپا بولمايدۇ ، ئۇنى ئۇياقتا ھېچكىم ئىشلەتمەيدۇ ، بۇ دۇنيادىكىگە ئوخشاش بىر كۈن ئاچ ، بىر كۈن توق يۈرمەيدۇ ، ئاللانىڭ قۇدرەت ئىلاھى بىلەن بىنا بولغان جەننەتتە كەۋسەر بۇلاقلارنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ، ھۆرلەر بىلەن بەختىيار ياشايدۇ » دەپ بىرمۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلسىمۇ ئاڭلىماي : « بۇ خوجىزادىلەر ئوغلۇمنى ئۆلتۈرگۈچە مېنى ئۆلتۈرسە بولمامدۇ ؟ بالام دەپ زارلاپ ياشىغاندىن كۆرە ، ئۇنىڭ قېشىغا كېتەي » دەپ زادى ئۇنىمايدۇ ... .

ئەدەن قېچىرمۇ بۇ ئادەمنى تونۇپ قالدى . ساقال - بۇرۇتلىرى لايلىشىپ ، چىراي - شەكلى بۇلغانغان بۇ ئادەم ، دانىيال خوجىغا ئېيتىپ ، « چاكار چوكان » لىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ھېلىقى كىچىك قىز بالىنىڭ ئاتىسى قۇناخۇن باپكا ئىدى . قېرىغان چېغىدا نېمە سەۋەبتىندۇر ئوغلىدىن ئايرىلىپ ، قانىتى سۇنغان بۇ بەختسىز بوزچىغا ئۇ نېمە دەپ

تەسەللى بېرىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى .
—— ئۆزلىرىگە كەلگەن بۇ مۇسىبەتتىن خەۋەرسىز ئىكەنمەن ، ——
دېدى ھېلىم يۇمشاق ، —— ئاڭلىغان بولسام ، ھەر قايسىلىرىنىڭ غەم -
قايغۇسىغا شېرىك بولار ئىدىم ، —— ئۇ كۆزىگە ئۇلاشقان ياشنى يېڭى بى-
لەن سۈرتىۋەتتى - دە ، —— خەير ، قاچان شۇنداق بولدى ؟ كىچىك
ئاخۇن ئاغرىقمىدى ؟ —— دەپ سورىدى .

—— بىر كۈن بولسىمۇ ئاغرىپ ياتقان بولسا كىمنىڭ دەردى ، دې-
سىلە ، — ئېرىنىڭ جاۋاب بەرگۈدەك ماجالى يوقلۇقىنى بايقىغان ئايال سۆز
قاتتى ، —— ھەر يىلى كۈزدە ، خوجاملارنىڭ ئېتىزلىرىدىكى زىرائەتلىرىنى
يىغىپ بېرىش ئۈچۈن بىرنەچچە كۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدىغان سېلىق
بار ئەمەسمۇ . شۇنى تۆگىتىپ كېلىش ئۈچۈن قارا قۇم تەرەپتىكى بىر
مەھەللىگە كېتىۋىدى . شۇ يەردە ئىشلەپ يۈرۈپ ، بىر دېھقاننىڭ قىزى بى-
لەن چىقىشىپ قاپتۇ . كۆڭۈل دېگەن ساراڭمۇ ئادەمنى ئېزىقتۇرۇپ
قويىدىكەن . بولمىسا ئاتىسى بىلەن ئىككىيلەن ئاشلىق بازىرىنىڭ يېنىدىكى
ھاماچامىنىڭ بىر قىزى بار ئىدى ، شۇنى كىچىك ئاخۇنغا چاتىمىز دەپ
يۈرەتتۇق . بىر كۈنى بالام : « ئانا ، ھاماچىلىرىنىڭ قىزى لايىقىمىز
ئەمەس ، ئۇ خېنىم ئېگىز ئوقۇردا يەپ ئۆگەنگەن ، سىلىگە كۈچ بەرمەيدۇ .
بىزگە يانتاياق بولۇپ ، روزغار تەۋرەتكۈدەك بىر قىز بىلەن سۆزلىشىپ
قويدۇم ، ئاتا - ئانىسىمۇ رازىلىق بەردى ، خۇدا بۇيرۇسا مۇشۇ ئاينىڭ
ئىچىدە ئۆيگە ئەكىلىمەن » دېدى . ئاتىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، بۇ-
نىڭغىمۇ ماقۇل دەپ رازىلىق بەردۇق . ئۆلۈشكۈننىڭ ئالدىدا « بۈگۈن
بېرىپ كېلىنلىرىنى ئەكىلىمەن » دەپ كېتىپ كەلمىدى . ئەتىسى كۈت-
تۇق ، يەنە يوق . ئاتىسى : « ھەي ، چىمەنگۈل ، كۆڭلۈم ئەنسىرەۋاتىدۇ »
دەپ ئولتۇرالماي بالىنى ئىزدەپ كەتتى . بۈرناكۈنزە ، ھېلىقى خوجىزادى-

نىڭ يېنىدا ئىشلەيدىغان دېھقان بىلەن ئىككىسى ئىشەك هارۋىغا سېلىپ كىچىك ئاخۇننىڭ مۇردىسىنى ئەكەلدى . بولغان ئىش شۇ ، — ئايال ئۆ- زىنى تۇتالماي گېپىنى تۈگىتىپ بىر هازاغىچە ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى .

ئۇلارنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەپ تاشلىغان بۇ پاجىئەگە هېسداشلىق قىلىپ ، ئۆزىمۇ مەيۈسلىنىپ قالغان هېلىم يۇمشاق ، ۋەقەنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتە قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي ، گەپنىڭ ماۋزۇسىنى يۆتكىدى :

— سەۋر قىلىشسىلا ، تەقدىر دېگەن كاساپەت بەزىدە ئەنە شۇنداق رەھىمسىز بولىدىكەن . قۇناخۇنكا ، ماۋۇ ئەدەنبايىنى تونۇمىدىلىمۇ ؟

قۇناخۇن باپكار ياشاڭغىرىغان نۇرسىز كۆزى بىلەن ئەدەن قې- چىرغا قارىدى ، لېكىن بۇرۇنقىدەك ئىززەت - هۆرمەت كۆرسەتمىدى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئەتىگەندىن كەچكىچە خام توقۇپ بەللىرى مۈكچىيىپ كەتكەن بۇ بوزچىنىڭ گەپ قىلغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى .

— ئۆزلىرىنى بەك تۇتسىلا ، قۇناخۇنكا ، — دەپ تەسەللى بەردى ئەدەن قېچىر ، — ئەجەل كارۋىنى پەيغەمبىرىمىزنىمۇ ئېلىپ كەتكەن ، بۈگۈن - ئەتە بىزنىمۇ ئەكېتىدۇ . يىغلاپ - قاقشىغانغا ئۆلگەن ئادەمنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغىنىنى بىلىدىلىغۇ .

ئۇنىڭ سۆزىنى قۇناخۇن بوزچى باش ئېغىتىپ ماقۇللىدى ، كۆز- لىرىدىن بولسا توختىماي ياش ئاقاتتى .

— يۈرسىلە ، بۇ يەردە تۇرغاننىڭ پايدىسى يوق ، — هېلىم يۇمشاق بوزچى بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن ئالدى ، — سوغۇقمۇ كۈچەيگىلى تۇردى ، ئۆيگە بارايلى ، — ئاندىن ئۇنىڭ ئايالىغا قاراپ ، — سىلى ، بىزگە قارىماي كېتىۋەرسىلە ، — دېدى .

ئەدەن قېچىر قۇناخۇن باپكارنىڭ يەنە بىر قولتۇقىدىن يۆلىدى .

لېكىن بۇ ئادەمنى مۇشۇ ھالەتتە ئۆيگە يەتكۈزۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى بىر-ەر مىنۇت ئۆتمەيلا مەلۇم بولدى. بالىسىنىڭ پىراقىدا ھەممە نەرسىدىن ۋاز كەچكەن بوزچى يا قولىنى، يا پۇتىنى باشقۇرالمايتتى. ئۇ پۇتۇنلەي ھالسىزلىنىپ كەتكەندى. ئىلاجسىز قالغان ھېلىم يۇمشاق شەھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ھارۋىنى ياللاپ كەلدى-دە، ئەدەن قېچىر ئىككىسى قۇناخۇن باپكارنى كۆتۈرۈپ دېگۈدەك ھارۋىغا سالدى.

※ ※ ※

ئەدەن قېچىر بىلەن ھېلىم يۇمشاق سارايغا كەلگۈچە خۇددى بىر-بىرىگە ئاداۋىتى بار ئادەملەردەك زۇۋان سۈرۈشمىدى. چۈنكى قۇناخۇن باپكاردىن ئاڭلىغان بالىسىنىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك گەپ-سۆزلەر ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە يىڭنىدەك سانچىلىپ، يۈرەك-باغرىنى زىدە قىلىۋەتكەندى.

«بۇنداقمۇ ياۋۇزلۇقلار بولىدىكەن-ھە» دەپ ئويلىدى ئەدەن قېچىر: «خەقلەر خۇدادىن كەلسە-كەلسۇن، خوجىلاردىن كەلمىسۇن، دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن-دە. بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك ئۆلۈم! بۇنداق ئۆلۈمنى ياراتقان خۇدامۇ راۋا كۆرمەس. ھېلىمۇ قۇناخۇنكام چىداشلىق ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا سەل سەپرالىق ئادەم بولسا، شۇ يەردىلا ئۇ قانخور خوجىنىڭ قارنىنى يېرىپ، كۆرىدىغانىنى بىراقلا كۆرەتتى».

ھېلىم يۇمشاقمۇ ئۆز خىيالى بىلەن بەنت ئىدى: «خوجىلارنىڭ بۇنداق ئىشلىرى مۇشۇ يېقىندىن بېرى يەنە ئەدەپ قالدى» دەپ ئويلايتتى ئۇ «ئۇلار نە ۋاقىتلا ھېلىقى ھۆمە سۈزمىنىڭ بالىسىنى مۇشۇنداق ئۆلتۈرگەندى. ئۇ بىچارە يىگىتنىڭ گۇناھى، ئۇنىڭغا كالان خوجامنىڭ ئاسقاق قىزى ئاشىق بىقارار بولۇپ نامە ئەۋەتكەنىمىش. ئۇ قىز تالاقنىڭ پەمى يوقمۇ ياكى كۆيۈك ئوتىدا ئەقلى ئىشلىمەي قالدىمۇ، نامىنى كالان

خوجامغا ياخشىچاق بولۇپ كۈن كەچۈرۈپ يۈرگەن بىر ناكەستىن ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ناكەس بولسا نامىنى ھۆمە سۈزمىنىڭ ئوغلىغا بەرمەي، كالان خوجىغا بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىكاردىن ـ بىكار ئۇ سۈزمىنىڭ بالىسى ئەيىبلىنىپ، ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ① ئەمدى بۇ بالا ـ قازا قۇناخۇنكامنىڭ بالىسىغا كەپتۇ ...».

سارايۋەن بىلەن ئەدەن قىچىرنىڭ بۇنداق ئىچىنىشلىق ئويلارغا بېرىلىشىگە قۇناخۇن باپكاردىن ئاڭلىغان سۆزلىرى سەۋەب بولغانىدى. باپكار گېپىگە قارىغاندا، كىچىك ئاخۇن قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ۋەدە بويىچە، سىلىنى ئەكەتكىلى كەلدىم دەپتىكەن، ئۇ قىز ئانىسىغا ئېيتىپتۇ، ئانىسى بولسا: «ئاتىڭىز كەلسۇن، بىرەر ئادەم تېپىپ نىكاھىڭلارنى ئوقۇتايلى، ئاندىن كېيىن كېتىڭلار» دەپتۇ. قىزنىڭ ئاتىسى بۇ چاغدا خوجىزادىنىڭ ئۆيىگە ئوتۇن توشۇغىلى كەتكەنىكەن. ئۇ ئادەم پېشىن مەزگىلىدە كەپتۇ. ئايالى ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن: «بولىدۇ، مەن خوجامنىڭ ئۆيىگە يەنە بىر ھارۋا ئوتۇن تاشلاپ، قايتىشىمدا موللا باشلاپ كېلەي» دەپتۇ. چۈنكى بۇ بىچارىلەرمۇ بوي تۈزۈپ قالغان قىزىغا ئىككى خوتۇنى بار خوجىنىڭ كۆز تىكىپ يۈرگىنىنى بايقاپ، قىزىنى كىچىك ئاخۇنغا چېتىۋېتىشنى لايىق كۆرۈشكەنىكەن. قىزنىڭ ئاتىسى بىر موللىنى باشلاپ كەپتۇ ـ دە، نىكاھ ئوقۇتۇپ، باللارنىڭ بېشىنى قوشۇپتۇ. لېكىن ئۆلۈم بىلەن نەزىر ـ چىراغدىن باشقا نەرسە چۈشىگە كىرمەيدىغان ھېلىقى موللامنىڭ ئىشى ئەتىسىلا خوجىزادىگە مەلۇم بوپتۇ. غەزىپى كەلگەن خوجىزادە شۇ كۈنى كەچتە ئىشەنچلىك مۇخلىسلىرىدىن بىرنەچچە ئادەمنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار قىز بىلەن يىگىت ياتقان ھۇجرىغا بېسىپ كىرىپ، كىچىك ئاخۇننى قوزۇقتا ئولتۇرغۇزۇپتۇ ـ دە، قىزنى خوجىزادىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ ... .

① بۇ چاغلاردا خوجىلار ئاددىي پۇقراغا قىز بېرىشنى نومۇس دەپ بىلەتتى.

— بۇ دۇنيا دېگەنگە نېمە بولۇپ كەتتى ، ھېلىماخۇن ؟ — دېدى ئەدەن قېچىر ، — بىچارە قۇناخۇنكام قاراتاغمۇ كۆتۈرەلمەي مىجىلىپ كېتىدىغان دەرد - ئەلەمگە ئۇچراپتۇ .
— ئۇنى بىر دېمىسىلە ، — ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى سارايىۋەن ، — نە ۋاقتا خوتەندىن كەلگەن بىر تۇججار ، بۇ خوجا بىلەن سەئىد دېگەنلەرنىڭ قېنى باشقا بولغىنى ئۈچۈن ، بىز خەقنىڭ غېمىنى مۇتلەق ئويلىمايدۇ ... دەپ بىرمۇنچە گەپ - سۆزلەرنى دەپ بەرگەندى . بەزىدە شۇ تۇججارنىڭ گېپىنى راست ئوخشايدۇ ، دەپ قالىمەن .
بۇ چاغدا ئۇلار ساراي ئاشخانىسىغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى . ئو-چاقتا كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ شولىسى ئەتراپىنى يورۇتۇپ ، پىشۋاتقان تاماقنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كوچىغا تارقىلىپ كەتكەنىدى . ئەدەن قېچىر سارايىۋەننىڭ گېپىگە ئىپادە بىلدۈرمەي :
— قورساقنىڭ غېمىنى قىلمامدۇق ؟ — دېدى .

※ ※ ※

ئەدەن قېچىرنى ساراي دەرۋازىسىنىڭ تاقىلدىشى ئويغىتىۋەتتى . كىچىكمەي ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېلىم يۇمشاقنىڭ « كىم ئۇ ؟» دېگەن ئاۋازى ۋە ئۇنىڭغا جاۋابەن : « دەرۋازىلىرىنى ئاچسىلا ، بىز يىراق يۇرتتىن كەلگەن يولۇچىلار » دېگەن سۆزلەر ، بىر ئازدىن كېيىن دەرۋازىنىڭ غە-چىلداپ ئېچىلغىنى ، ئات - ئۇلاغلارنىڭ دۈپۈرلىگىنى ئاڭلاندى . ھويلىدا پىلىلداپ يانغان چىراغ شولىسى كۆرۈندى . « بىر ياقتىن كەلگەن سودا كارۋىنى بولسا كېرەك » دەپ ئويلىغان ئەدەن قېچىر بېشىنى يۇركەپ قايتىدىن ياتتى . ئەمما شۇ ھامان بامدات نامىزىغا چاقىرغان ئەزان ئاۋازى قۇلىقىغا كىردى . ئۇ ئەمدى سول يېقىغا ئۆرۈلۈپ ياتتى . لېكىن ھويلىدا يۈرگەن ئادەملەرنىڭ : « ئەمدى بارغۇ ، بامداتنى ئوقۇۋېلىپ بىراقلا ھار-

دۇق ئالايلى » ، « ھەي ، ئاۋۇ ئۇلاغنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى تېخىچە چۈشەرمەپسەنغۇ !» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرى ئۇيقۇسىنى پۈتۈنلەي قاچۇرىۋەتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، پەنجىرىدە تۇرغان شامنى ياندۇردى . خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك :

— ئەدەنباي ، ئورۇنلىرىدىن تۇردىلىما ؟ — دېدى ھېلىم يۇمشاق . ئۇ ئۆيگە كىرىپ سەندەلنىڭ ئوتىنى يەڭگۈشلىدى ، ئاندىن بامدات نامىزىنى ئەدەن قېچىر بىلەن بىللە ئوقۇدى .

— كارۋانلار نەدىن كەپتۇ ؟ — دەپ سورىدى ئەدەن قېچىر .

— ئۇلار كارۋان ئەمەس ، ئاقسۇ بىلەن كۇچار تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر ئىكەن ، — دېدى سارايۋەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى ، — ئۆتكەندە نىياز بەگ ھاكىم باشلىق بىرنەچچە ئادەملەرنىڭ ، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلماي ، دانىيال خوجامنىڭ سەلتەنىتىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن ئاقسۇ ، كۇچار تەرەپلەردىكى ئادەملەردىن بىر نەچچىسىنى يالاپ كەپتۇدەك ، دېگەن گەپ - سۆزلىرى تارقالغانىدى . سارايغا كېچە كەلگەن كىشىلەر شۇ ئادەملەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىكەن . ئۇلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا ، شەھىرىمىزدىكى باشقا سارايلارغىمۇ ، تۇتقۇن قىلىنغان تۇغقانلىرىنى سۇرۇشتۇرۇپ خېلى نۇرغۇن كىشىلەر كەلگەن ئوخشايدۇ .

— كۆپچىلىك بولغاندىكىن ، ئالۋاڭ - سېلىقنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمەي ، خارۇ زار بولغان دېھقانلار بىلەن كاسىپلارنىڭ ئارىسىدا قۇناخۇنكام باپكاردەك ، خوجامنىڭ سەلتەنىتىگە نارازى بولغان ئادەملەر بولسا باردۇر ، — دېدى ئەدەن قېچىر ، — لېكىن شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلمايدىغان ئادەملەر بار ئىكەن ، دېگەنلىرىگە ئانچە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ . ھازىر ئادەملەر ھەممە جايدا ، ھەممە ئۆيدە ، مەسچىتلەر بىلەن خانىقالاردا

يەتتە ياشلىق بالىدىن تارتىپ ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىلارغىچە ناماز ئوقۇپ ، روزا تۇتۇپ ، ئۆشرە - زاكات بېرىپ دېگەندەك ، دىنىمىز بۇيرۇغان ھەممە ئىشلارنى ئادا قىلىۋاتامدۇ .

— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى ھېلىم يۇمشاق ، — بىراق سىلى دې‑گەندەك ، يۇرت بولغاندىكىن ، ئاپاق خوجا زامانىدىكىدەك شامەشرەپكە ئوخشاش ئادەملەر چىقىپ قالغاندەك تۇرىدۇ . ھازىر بەزى دەرۋىشلەر زە‑لىلى دېگەن بىر ئادەم توقۇپ چىقارغان غەزەللەرنى ئوقۇيدىغان بولۇپ قاپتۇ .

— زەلىلى دەملا ؟ — ئەدەن قېچىر بۇ ئىسىمغا قىزىقىپ سورىدى .

— ھە ، ئۇ كىشىنىڭ ئىسىم - شەرىپلىرى مۇھەممەد سىدىق بو‑لۇپ ، « زەلىلى » دېگەن تەخەللۇسى ئىمىش ، — دەپ چۈشەندۈردى سارايىۋەن ، — ھازىر ئۇ كىشى قەشقەر بىلەن ئاتۇش تەرەپلەردىكى ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ مازارلىرىنى زىيارەت قىلغىلى كېتىپتۇدەك . لېكىنزە ، ئۇ ئادەمنىڭ توقۇغان غەزەللىرى بەلەن ئىكەن - دە . قايسى كۈنى بىر دەر‑ۋىشنىڭ ئاغزىدىن :

ئەگرى يۈرگەن سەبەبىدىن يىلان ،
خەلق كۆزىدىن قاچادۇر بەد گۇمان .
ئەگرىلىكىدىن چىمەن ئىچرە تىكەن ،
خار تۇرۇر گەرچە گۈل ئۈزرە تىكەن ... .

دېگەن غەزەلنى ئاڭلاپ ، بۇنى ئۆزلىرى توقۇدىلىمۇ ؟ — دەپ سورىسام ، « ياق ، زەلىلى دېگەن كىشى توقۇغان » دېدى .

ئەدەن قېچىر مەزكۇر غەزەلنى خىيالەن مۇلاھىزە قىلىپ : « راست ئەمەسمۇ ، يولى ئەگرى ئادەملەر ھەر قاچان خەلق كۆزىدىن يىلانغا ئوخ‑شاش يوشۇرۇنۇپ ، قېچىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ . گۈل بىلەن تىكەن بىر

چىمەنلىكتە ئۆسسىمۇ، گۈلگە ئوخشاش گۈزەللىكى، پۇرىقى بولمىغاچقا، تىكەننىڭ ھېچقانداق ئەتىۋارى يوق ...» دېگەن ئويغا كېلىپ:
— راستتىنلا بەلەن توقۇلغان غەزەل ئىكەن بۇ، — دېدى.
زەلىلى دېگەن ئادەمنىڭ يەنە مۇنداقمۇ غەزەللىرى بار ئىكەن دېسلە. ئېسىمدە قالغىنىنى دەپ بېرەي:

قەدرى تاجى مەرىپەت بىلمەسمىكىن زاھىد ئىدى،
خاتىرى خۇشتار ھېمىشە جۇببەۋۇ - دەستارىدىن ①

ئەربەيىن ئولتۇردى بولغايكىم رىيادىن شەيخلەر،
قول ئاچىپ ھەرگىز دۇئا قىلماس، نىيازى بولمىسا ②.

— بۇ زەلىلى دېگەنلىرى گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەپتۇ - دە، — دېدى ئەدەن قېچىر.
— ئۇنى بىر دېمىسىلە. ھېلىقى دەرۋىش: «ئەگەر سىلگە زەلىلىنىڭ غەزەللىرى ياققان بولسا، يەنە بىر كېلىشىمدە ئۇ كىشىنىڭ دىۋانىدىن بىرنى ئالغاچ كېلەي» دەپ ۋەدە بەردى.
ھېلىم يۇمشاقنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھويلا تەرەپتىن:
— مېھمانىنىڭ ئېتىنى توقۇپ قويدۇم، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
— ئەمىسە، مەن ماڭاي، — دېدى ئەدەن قېچىر يېنىدا تۇرغان تۇمىقىنى كىيىپ.
— ناشتا قىلىۋالمامىلا؟
— قايتىپ كەلگەندە، — ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

① سوپى - زاھىتلار مەرىپەت تاجىنىڭ قەدرىنى بىلمەمدىكىن، ئۇلار ھەمىشە تون - سەللە بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىشىدۇ.
② شەيخلەر قىرىق كۈن ئىبادەتتە ئولتۇرسىمۇ، نىياز - سەدىقە بولمىسا ھەرگىز قول ئېچىپ دۇئا قىلمايدۇ.

※ ※ ※

ئادەملەر بىر نەرسىدىن خاتىرجەم بولسا، يەنە بىر نەرسىدىن خاتىرجەمسىزلىنىدۇ. ئەدەن قىچىرنىڭ ئۆمرى ئەنە شۇنداق ئۆتكەن. ئۇ بۈگۈن بىر نەرسىدىن خۇشال بولسا، ئەتە بىر نەرسىدىن خاپا بولىدۇ. تىجارىتىدىن بىر قېتىم پايدا ئالسا، يەنە بىر قېتىمدا زىيان تارتىدۇ، بىردە كۈلسە، بىردە يۇمىلىنىدۇ، ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ ئاشۇنداق ئۆتۈشىگە ئۆگىنىپ كەتكەن. شۇڭا «گۈل بولغان يەردە، تىكەنمۇ بولىدۇ. دۇنيا دېگەن بۇ كارۋان سارايىدىن ھەمىشە كۈلۈپ ئۆتىدىغان ئادەم بالىسى بولمايدۇ. بۈگۈن كۈلسەڭ ئەتە يىغلايسەن، ئۇنىڭ قىزىقچىلىقىمۇ شۇنىڭدا» دېگەن سۆزلەرنى پات ـ پات تەكرارلاپ قويىدۇ.

ئۇ ھازىر ئوردىغا كېتىۋېتىپ دانىيال خوجا بىلەن بولىدىغان ئۇچرىشىشنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇنىڭ سوئاللىرىغا بېرىدىغان جاۋابلىرىنى يەنە بىر قۇر ئويلاپ كۆردى.« بۇ ئادەم ئالدى بىلەن ئوغلى ياقۇپ خوجامنىڭ ئەھۋالىنى، ياقۇتخېنىمنى قانداق ئېلىپ بارغىنىمنى، ئاندىن ساقلىقخۇن توغرۇلۇق سورايدۇ. بۇلارغىمۇ بېرىدىغان جاۋابلىرىم تەييار. لېكىن ياقۇتخېنىم ھەققىدە بەرگەن جاۋابىمغا قانداق قارار، خاپا بولارمۇ؟ ئەگەر خاپىلىق بىلدۈرسە، ئۇ خېنىم ئۆزلىرىدەك ئەۋلىيا، پادىشاھ ئادەمنىڭ ئاغچىسى بولغاچقا، ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدىم، خوجام، دېيىشتىن باشقا ئىلاج يوق...»

ئەدەن قىچىر مۇشۇنداق ئويلار بىلەن ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا كېلىپ ئېتىدىن چۈشتى. كۆكنى قاپلىغان كۈل رەڭ بۇلۇتلار قويۇقلىشىپ سەپكىدەپ چۈشۈۋاتقان قار، توڭلاپ قالغان يەرنىڭ بېشىنى ئاقارتقانىدى. ئۇ مەيداندا ناھال قېقىلغان كەشىنىڭ ئىزىنى قالدۇرۇپ ئوردا

دەرۋازىسىغا كەلدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بېشىغا چاققانغىنا يېشىل سەللە ئوراپ، بېلىگە قىلىچ ئاسقان ۋە بىر قولىدا پۆپۈكلۈك ئۇزۇن نەيزە تۇتقان ساقال - بۇرۇتلۇق سىپاھلار تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى ئەدەن قېچىر ئۇلارغا نۆۋەت بىلەن قاراپ.

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېيىشتى ئۇلار ۋە ئوردا ئالدىدا ئەتىگەندىلا پەيدا بولغان كەمچەت تۇماقلىق، دۇگىلەك ساقاللىق ئەدەن قېچىرغا قىزىقىش بىلەن قاراشتى.

— ھەزرىتى دانىيال خوجامنى زىيارەت قىلاي دەپ كېلىۋىدىم، — دېدى ئۇ.

— ئۇ كىشى بۈگۈن ۋە ئەتە ھېچقانداق ئادەمنى قوبۇل قىلمايدۇ، — دېدى سىپاھلارنىڭ بىرسى، — ھازىر سىلى كېلىشنىڭ ئالدىدا، دىۋانبېگىم شۇنداق دەپ ئۇقتۇردى.

شۇ چاغدا ئوردا ھويلىسىدىن ئىككى ئاتلىق ياساۋۇل بىلەن ئابدۇللا باقاۋۇل چىقىپ قالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، باقاۋۇل ، — دېدى ئەدەن قېچىر خۇشال بولۇپ.

باقاۋۇل بۇ كىمكىنا، دېگەندەك بىر پەس تۇرۇپ قالدى - دە:

— ئەدەنباي ئاكامغۇ، قاچان كەلدىلە؟ — دەپ ئېتىدىن ئىرغىپ چۈشۈپ كۆرۈشتى. ئاندىن، — يۈرسىلە، — دېدى - دە، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ياساۋۇللارغا بېرىپ، ئەدەن قېچىرنى ئوردىغا ئېلىپ ماڭدى.

— سىلىنى خىزمەتلىرىدىن قويدۇمۇ نېمە؟ — دېدى ئەدەن قېچىر ئوردا پەلەمپىيىگە يېقىنلاشقاندا.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، ئوردىنىڭ ئىشى ئىككى ئالەمدىمۇ

تـۇگـىـمـەيـدۇ ، ــ ئابدۇللا باقاۋۇل ئەدەن قىچىرنى گۇللۇك پېشايۋانىنىڭ ئىشـىـكـىـدىن ئەكىرىپ ، ئوڭ تەرەپتىكى نەقىشلىك ئىشىكنى ئاچتى ، ــ دىۋانبېگى جانابلىرى ، ئۆزلىرىگە مېھمان باشلاپ كەلدىم .
دىـۋانـبـېـگـى بـاقـاۋۇلنىڭ يېنىدا تۇرغان ئەدەن قىچىرنى كۆرۈپ دەرھال سالام بەردى ۋە :
ــ تـىـنچ ـ ئامان كەلدىلىمۇ ؟ ــ دەپ ئامانلىق سوراشتى . ئاندىن باقاۋۇلغا قاراپ ، ــ بايا سىلىگە ئېيتىمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن . پاقلاندۇ خـېـنـىـم ① ئۆلتۈرۈلگەن يەردىكى خانىقا ئېسىمگە كەلمەپتۇ . شۇ يەردىكى داشلارنىمۇ قايىنتىش لازىم .
ئۇ گـېـپـىـنـى تۈگىتىپ ئەدەن قىچىرنى دانىيال خوجىنىڭ قېشىغا بـاشلاپ كـىـردى . تىللا رەڭلىك تورلۇق قاپقىقى بار سەندەللەر قويۇلغاچقا ئۆي ئىچى ياز كۈندىكىدەك ئىسسىق ئىدى .
ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ــ دېدى ئەدەن قىچىر بېغىررەك كىمخاب بىلەن قاپلانغان تەخت ئۈستىدىكى دانىيال خوجىغا .
ــ سـالامـەت كەلدىلىمۇ ؟ ــ دېدى خوجا ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ، ــ قاچان كەلدىلە ؟
ــ تۈنۈگۈن .
ــ نـېـمـىـشقا ئولتۇرمايدىلا ، ــ دانىيال خوجا ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆرە تۇرغان ئەدەن قىچىرنى كۇرسىغا تەكلىپ قىلدى .
« خوجام ئەمدى بىر باشتىن گەپ سورايدۇ » دەپ ئويلىدى ئەدەن قىچىر ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئويى توغرا چىقمىدى . دانىيال خوجا ھەتتا ئوغلى ياقۇپ خوجىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ سوراپ قويماي :
ــ سىلىگە ئوخشاش تۇججارلارنىڭ ئىشى نېمىدېگەن ياخشى ، ــ

① پـاقلانـدۇ خـېـنـىـم ــ ئاپاق خـوجـىـنىڭ قېينىسىڭلىسى بولۇپ ، خېنىم پاشا تەرىپىدىن قىزىتىلغان ياغقا بېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن .

دېـدى تامدىن تارىشا چۈشكەندەك ، ــــ خالىغان ۋاقىتلاردا ئۇ شەھەردىن بۇ شـەھەرگـە كـېتـىـۋېرىـسـىلـەر ، كـۆپ ئادەم بىلەن ئالدى ـ بەردى قـىـلـىـشـىـسـىلەر . تىجارىتىڭلاردا نېسى بولغان يۈز دانە توز قۇشىدىن نەق بـولـغـان بـىـر دانـە قـۇشـقـاچـنـى ئەۋزەل كـۆرىـسـىلەر ، ئاز ـ تولا پايدا ئالالـمـىـساڭلارمۇ ، بەرىبىر خەلقنىڭ ھاجىتىدىن چىقىسىلەر . شەھەر ـ يېـ زىلارنىڭ بازارلىرى سىلەرگە ئوخشاش تۇجارلار بىلەن ئاۋات .

ئەدەن قـېـچـىـر دانـىـيال خوجىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق گەپلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي ، « خوش ، خوجام دېسە ، خوش ، خوجام » دەپ ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەربىر سۆزنى ماقۇللاپ تۇردى .

ــــ مـاڭا ئوخشاش خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان كىشىلەر بولسا ، ــــ دېـدى ئۇ گـېـپـىـنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ــــ ئاۋام خەلقنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچـۈن كـېچە ـ كۈندۈز باش قاتۇرۇپ ئىشلىسەكمۇ ، ئۇلاردىن رازى بولـ غـۇدەك گـەپـنـى ئاڭلىماق تەس ئىكەن . بەزىلەر قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى ھـىـيلە ـ نەيرەڭ ياكى بىر غەرەز بىلەن قىلىنغان ئىش ، دەپ قارايدىكەن . بـەزىـلـەر بـېـشـىـمـىزدىكى كۇلاھ بىلەن سەللىمىزنىڭ يېپىنى ئالدامچىلىق چـاقـىـدا تـوقۇلغان ، دەيدىكەن . جۇڭغارلارغا تۆلىنىدىغان خىراجنى يىغـ مـاقـچـى بـولـساق ، بـۇ ئىـشـنى بېجىرىدىغان ئادەملىرىمىزنى : « تاپقان ـ تـەرگـىـنىمىزنى يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئېچىپ كەلگەن ئەجدىھالار » دەپ پىتنە ـ پاسات تارقىتىدىكەن .

دانـىـيال خـوجـا بـۇ گـەپـلـەرنـى ئەدەن تـۇجـجارغا نېمە ئۈچۈن دەۋاتـىـمـەن دەپ ئويلىدىمۇ ياكى بۇ گەپلەردىن ئىچ ـ قارنى بوشاپ يەڭـ گـىلـلىنىپ قالدىمۇ ، ئەيتاۋۇر گېپىنى توختىتىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە :

ــــ قاچان قايتماقچى بولۇۋاتىسىلا ؟ ــــ دەپ سورىدى .

ئەدەن قـېـچـىـر بـۇ ئادەمـنـىـڭ ئىـشـى كـۆپـىـيـىـپ ، مېنى ئىلغا

ئەۋەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن، دەپ ئويلىغاچقا، ئۇنىڭ سوئالىغا دەرھال جاۋاب بېرەلمەي بىرئاز تۇرۇپ قالدى.

— ئۆزلىرىدىن ئىجازەت بولغاندا، — دېدى ئاخىر ناتايىنلىق بىلەن.

— ساقىلاخۇننىڭ ۋاپات قىلغىنىدىن، ياقۇپ خوجام باشلىق بىر نەچچىلىرىنىڭ ئۇنىڭ نامىزىغا داخىل بولغانلىقلىرىدىن خەۋەردار بولدۇم، — دېدى دانىيال خوجا ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىمىغاندەك.

«بۇ ئادەم ھەممىنى ئاڭلاپتۇ - دە» دەپ ئويلىدى ئەدەن قېچىر، «مەندىن بۇرۇن بۇ خەۋەرنى كىم يەتكۈزگەندۇ؟» ئۇ دانىيال خوجىنىڭ بۇ مۇئامىلىسىنى، ئۇنىڭ نەگىدۇر بىرياققا ئالدىراۋاتقانلىقىدىن بولسا كې-رەك دەپ، ئىچ يانچۇقىدىكى لىپاپىنى چىقاردى - دە:

— ياقۇپ خوجام ئۆزلىرىگە نامە پۈتۈپ بەرگەنىدى، — دېدى.

دانىيال خوجام بالىسىدىن كەلگەن خەتنى خۇشال بولۇپ، دەرھال ئېچىپ ئوقۇيدۇ دېگەن ئويدا بولۇۋېدى، لېكىن بۇ ئويىمۇ خاتا چىقتى.

— نامىنى ئاۋۇ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويسىلا، — دېدى خوجا.

شۇ چاغدا ئەدەن قېچىرنىڭ ئاغزىدىن:

— ئۈچىنچى ئاغچىلىرى توغرۇلۇق تاپشۇرغان ۋەزىپىلىرىنى ئو-رۇنلىيالمىدىم، خوجام، — دېگەن سۆز ئىختىيارسىز چىقىپ كەتتى.

— خەۋىرىم بار، ئۇ ئىشنى ئاللاتائالا راۋا كۆرمىگەن بولسا كېرەك، — دېدى خوجا ۋە دىۋانبېگىنى چاقىرىپ، — ئەدەنبايىنى مېھمان قىلىش ئۆزلىرىگە قالدى. مەن ئەمدى ماڭاي، ئۇلار تەقەززا بولۇشۇۋاتقاندۇ، — دېدى - دە، چىقىپ كەتتى.

دانىيال خوجا بىلەن بولغان بۇ ئۇچرىشىش ئەدەن قېچىرغا ئۆپ-

كىسىنى ئىچىدىن چىقىرىۋەتكەندەك تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ: «خوجىنىڭ نەزىرىدىن قالغان ئوخشايمەن» دېگەن ئويغىمۇ كەلدى. لېكىن دىۋانبېگىنىڭ:

— ھەزرىتى خوجام جانابلىرى ئۆزلىرىنى ھەممە مۇخلىسلىرىدىن چارە كۆرىدىكەن. نەۋاقتا ئوردا ئەركانلىرىغا بەرگەن بىر زىياپەتتە سىلى-نىڭ گەپلىرى بولۇپ، ئۇ كىشى: «ئەدەنباي قولى قىسقا تۇججار بولغىنى بىلەن، يۈرىكىنىڭ سوقۇشىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەم» دەپ تەرىپلىرىنى قىلغانىدى، — دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ قويغاندەك بولدى.

ئۇ دانىيال خوجىنىڭ ساقلاخۇنىنىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارنى، بېديان قۇشناچىنىڭ ئۆزىگە تۇغقان بولۇپ چىققانلىقىنى، ھەتتا ياقۇتخانىنىڭ مۇز داۋانىدىن بۇ تەرەپكە ساق - سالامەت ئۆتكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئېرەن قابۇرغىدىن كەلگەن ئايغاقچى دەرۋىشتىن تەلتۆكۈس ئاڭلىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

## تۆتىنچى باب

1514 - يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغان مەزگىلدە: «ئون يىلغىچە پۇقرالاردىن بىر نەرسە ئالماڭلار، سېلىق سالماڭلار...» دەپ يارلىق جاكارلىغان سۇلتان سەئىدخاندەك؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ تەۋەدىكى خەلقنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈپ، كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئەربابلى-رىنى يېتىشتۈرگەن سۇلتان ئابدۇرىشتخاندەك؛ 1678 - يىلى جوڭغار خۇنتەيجىسىدىن ياردەم ئېلىپ، 180 يىلغا يېقىن دەۋر سۈرگەن بۇ خان-

لىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ھىدايەتۇللا ئىشانىدەك ۋە بىرنەچچە يىلنىڭ ئىچىدىلا « جاللات خېنىم » دەپ ئاتالغان ئۇنىڭ خوتۇنى مۆھتەرەم خېنىمدەك خانلارغا پايتەخت بولۇپ، كۆپلىگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن يەكەن شەھىرى دانىيال خوجا تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ، تۇرلۇك بالايىئاپاتلەردىن خالىي بولمىدى.

بۇگۈن شەھەر ئاسمىنىنى قويۇق قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتكەنىدى. كوچا ۋە باغلاردىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقسىز شاخلىرىنى قىرو باغلاپ، خۇددى ئۇنىغا مىلەپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. كۈن چىقىشتىن سوقۇۋاتقان ئىزغىرىن شامالغا قوشۇلۇپ، مەسچىتلەرنىڭ پەشتىقىدىن بامدات نامىزىغا ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا كوچا ـ كوچىلاردا جاكارچىلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى:

ــ شەھىرىمىزدىكى بارلىق ئەھلى مۇسۇلمانلار، ئاڭلىمىدۇق دېمەڭلار! ئاڭلىغانلىرىڭلار ئاڭلىمىغانلارغا يەتكۈزۈڭلار! بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈنى، جانابىي كەرىمە ھۇللا دانىيال خوجام ھەزرەتلىرىگە بەيئەت قىلىشتىن باش تارتقان مولخىتلار ① ئۈستىدىن ئەھكامى شەرئەتنىڭ ھۆكۈم ـ پەرمانلىرى جاكارلىنىدۇ. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان مۇسۇلمانلار ئازنا مەسچىت ئالدىدىكى مەيدانغا مۇھەييا بولسا ۋاجىپتۇر! ھۆكۈم شەرئەتتىن كېيىن، شەھىرىمىزدىكى مەسچىتلەر خانىقالاردا، تۆنەكخانىلاردا ۋەلىيۇللا خوجامنىڭ ئۆز خىراجىتىدىن تەييارلانغان تەۋەرروك تائاملار تارتىلىدۇ!

قەلەي كارنايدا ۋارقىراپ يۈرگەن جارچىلارنىڭ بەزىلىرى:
ــ روسۇلۇللانىڭ نەسەبلىرى بولغان ھەزرىتى دانىيال خوجامنىڭ

---

① مولخىت ــ دىنىنى بۇزغان، يولدىن چىققان.

مۇخلىس ـ مۇرىتلىرى ، ياتقان بولساڭلار تۇرۇڭلا ر ، تۇرغان بولساڭلار مېڭىڭلار ! مەيدانغا بېرىپ ، مۇسۇلمانچىلىق مىزانلىرىنى بۇزۇپ ، دىنىمىزغا ئاسىيلىق قىلغان مۇرتەدلەرنىڭ جازالانغانلىقىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىڭلار ! خانىقا ـ مەسچىتلەرگە بېرىپ ، ھەزرىتى دانىيال خوجامنىڭ مەرد ـ سېخىيلىقىدىن بەھرىمەن بولۇڭلار ! ــ دەيتتى .

جارچىلار يەتتە ـ سەككىزدىن بولۇپ شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى دېگۈدەك ئارىلاپ چىقتى .

كۈن چاشگاھ بولار ـ بولمايلا مەيدان تەرەپكە كېلىۋاتقان سوپى ـ دەرۋىشلەر بىلەن ئاشىق ـ قەلەندەرلەرنىڭ توپى كۆرۈنۈشكە باشلىدى . خانىقالاردىن ، مازار ۋە قەبرىستانلىقتىكى تۈنەكخانىلاردىن خۇددى ئوتلاققا ماڭغان قويدەك چىقىشقان بۇ ئادەملەرنىڭ ساقاللىرى چاڭگاكلىشىپ ، بەزىلىرىنىڭ پاخپايغان چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشكەنىدى . بەزىلىرى قوللىرىغا ساپايى ئېلىپ ، بەللىرىگە يوغان قۇلۇللەرنىڭ سىرىتقداپ كەتكەن قېپىنى ئېسىۋېلىشقانىدى . ئۇلاردىن بىرسى :

پىر رىزاسى ھەق رىزاسى بولۇر دوستلار ،
ھەق تائالا رەھمىتىدىن ئالار دوستلار ،
ئۇنداق قۇللار ھەققە ياۋۇق ① بولار ئەرمىش

دەپ ھۆكمەت ئېيتسا قالغانلىرى : « يا ، ئاللا دوست ، يا ، ئاللا ھەق دوست ، يا ، ئاللا ! » دېيىشىپ چۇرقىرىشاتتى .

مەدداھلار دىنىي ئىسلام ئۈچۈن بولغان غازاتلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى دوست تارتىشىپ جار سېلىشاتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ قىلىچى ئادەتتە بىر غۇلاچتەك كۆرۈنسىمۇ ، جەڭ قىلغاندا قىرىق غۇلاچ سوزۇلۇپ ، بىر چاپقاندا قىرىق مىڭ كۇپپارنىڭ بېشىنى قى-

① ياۋۇق ــ يېقىن .

رىپ چۈشىدىغانلىقى، ئۇلارغا قىلىچ ئۆتمەيدىغانلىقى، مىنگەن دۇلدۇلنىڭ تاشلىق يەردە ماڭسا، تۇياقلىرىنىڭ ئىزى تاشقا چۈشىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىسە، بەزىلىرى بۇ دۇنيا ئىنسانلارنىڭ تۇرىدىغان مەنزىلى ئەمەسلىكى، بۈگۈن ھايات بولغان بولسا، ئەتە ياكى ئۆگۈن ئەجەل شەربىتىنى ئىچىدىغانلىقى، توۋا قىلسا گۇناھىنىڭ يەڭگىللەپ ئاللانىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى، توۋا قىلىشنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن قالغانلىقى، توۋا قىلىش ئادەم ئاتىنىڭمۇ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلغانلىقى ھەققىدە كارنايلىرى پۈتۈپ كەتكۈدەك ۋارقىراپ سۆزلەيتتى.

مەيداننىڭ قىبلە تەرىپىدىكى ۋاقىتلىق ياسالغان شەرئەت سەھنىسىنىڭ يېنىدا ئېگىز بويلۇق، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، قارا ساقاللىق، يوغان قارا كۆزلىرى ئۇچقۇنداپ تۇرىدىغان بىر مەدداھ «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» قىسسىسىنى سۆزلىمەكتە ئىدى:

ـــ شۇنداق قىلىپ، يۈسۈپ كەنئانغا مىسىر پادىشاھى ئەزىزىنىڭ خوتۇنى ئاشىق بىقارار بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئەمما يۈسۈپ كەنئان: «خۇدا بۇنداق ئىشلاردىن پاناھ بەرسۇن» دەپ ئۇنىڭ يېقىنچىلىقىنى رەت قىلدى. ئاچچىقى كەلگەن زىلەيخا تۆھمەت قىلىپ يۈسۈپ كەنئاننى زىندانغا سولاتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مىسىردىكى ئالىي تەبىقىلەرنىڭ خوتۇنلىرى: «ئەزىزى پادىشاھنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ قۇلىغا كۆيۈپ قاپتۇ، بۇنداقمۇ ئازغۇن خوتۇن بولىدىكەن» دېيىشىپ گەپ تارقاتتى. بۇنى ئاڭلىغان زىلەيخا مەزكۇر خوتۇنلارنى چايغا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىردىن تەخسە، بىردىن پىچاق قويۇپ، بىر قاچىدىن پىياز كەلتۈردى ۋە: «قېنى خېنىملار، پىياز

تـوغـرىـغاچ ئولتۇرۇشلار » دېدى . ئۇلار پىياز توغراشقا باشلىغاندا زىلەيخا يۈسۈپ كـەنئانىنى چاقىرىپ : « نىقابىڭنى ئالغىن ، يۈسۈپ ! »دېدى . ئۇ يۈزىـدىـكى نـىقابىنى ئالغاندا ، شۇنداق يورۇقلۇق پەيدا بولدىكى ، خېنىـمـلارنـىـڭ ھـەمـمـىـسـى ئەقـلى ـ ھوشىدىن ئايرىلدى . چۈنكى ، ئۇ شـۇنـداق گـۈزەل يـىـگىت ئىدىكى ، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرسە جەننەتتىكى ھۆر قـىـزلارمـۇ رەشـك قىلاتتى . بۇنداق گۈزەل يىگىتنى كۆرگەن بايىقى خـوتـۇنلارنىڭ ھەممىسى پىيازغا قولىنى قوشۇپ توغراشقا باشلىدى . تەخـسلەرنىڭ ھەممىسى قانغا تولدى . ئۇلارنىڭ كـىيىملىرىمۇ ، داستىخانمۇ قان بـىـلـەن بـۇلـغـانـدى . ئۇلار يۈسۈپ كەنئانىنىڭ جامالىدىن بىھوش بولۇپ قوللىرىنى قەلەم قىلىۋەتكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى . . .

مـەدداھ قـىـسسىسىنىڭ مۇشۇ يېرىگە كەلگەندە ، تىزىغا ئەسكى چاـپاننى قويۇپ ئولتۇرغان ئون ياشلار چامىسىدىكى بالىغا قاراپ :

— قېـنـى شـاكـىـچـىك ، دوسـت تـارتـىـڭ ، دوسـت ! — دەپ ۋارقىرىدى .

— دوسـت . . . ! دەپ ئۇنـىـنىڭ بارىچە سوزۇپ ۋارقىرىدىن بايىقى بـالا . ئانـدىـن مـەدداھنـىـڭ ئـىـشـارىـتـى بـىـلـەن كونا تۇمىقىنى ئېلىپ ، چۆرگىلەپ تۇرۇشقان ئادەملەردىن پۇل يىغىشقا ماڭدى . . .

بۇ چاغدا بىر نەچچە سوپى ـ دەرۋىشلەر بىلەن كىگىز ـ كىچەك ۋە گـىـلـەم ـ كۆرپىلەرنى ئېلىپ كەلگەن پەرمانقۇل ئىشان شەرىئەت سەھنىـسـىـگـە چـىـقـىـپ ، ئۇنىڭ ئۈستىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى . سەھنىنىڭ ئالـدىـدىكى ئىككى تۈۋرۈككە ئارغامچا تارتىپ ، ئوتتۇرىسىغا قارا تاۋاردىن تـىـكـىـلـگـەن جـىـلـتـىغا سېلىنغان مۇقەددەس كىتاب — قۇرئاننى ئېسىپ

قويدى. ئاندىن كىگىز - گىلەملەرنىڭ ئۈستىگە كۆرپە - يېكەندازلارنى سالغۇزدى ۋە قىلغان ئىشىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، ئالدىغا توپلىنىپ تۇرغان ئادەملەرگە قاراپ:

— ئەھلى جامائەت! — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاياللارنىڭكىدەك ئىنچىكە چىقاتتى، — ئۆز زامانىسىدە بۇ زېمىندا قۇرۇلغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان مۇھەممەتخان ① جانابلىرى ھەزرىتى ئىسھاق ۋەلى خوجامغا ② مۇرىت - مۇخلىس بولۇپ، مەرتىۋە - كامالەت ھاسىل قىلغانىدى. بۇ خاندانلىقنىڭ ئاخىرقى خانلىرى ئىسمائىلخان بىلەن مۇھەممەت ئىمىنخانلار بولسا، شۇ ھەزرىتى ئىسھاق خوجامنىڭ نەۋرىلىرى شۇئەيىپ خوجام بىلەن دانىيال خوجامغا مۇرىت بولۇپ سەلتەنەت قۇرغانىدى. زىراكى ھىدايەتۇللا ئىشانىنىڭ تەرىقىچىلىكىنىڭ كاساپىتىدىن بۇ خوجاملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك بىر نەچچە يىل باشقا يۇرتلارغا ھىجرەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەخت قۇشى يەنە ئايلىنىپ، ھەزرىتى دانىيال خوجامنىڭ مۇبارەك بېشىغا قوندى. ئۆتكەن كېچە بولسا، بۇ ئۇلۇغ پىرى كامىلىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ياساتقان قۇبا ③ مەسچىتىدە دىلىنى ئىمان بىلەن بېزەپ ۋە ئۇنىڭدىن شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، شۇ يەرگە يىغىلغان ئەنسارلار بىلەن ئارامخۇدا ناماز ئوقۇپ چۈش كۆرۈپتۇ.

— ئىلاھىم، بىزگە ئوخشاش مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ بەختىگە ھەزرىتى دانىيال خوجام سىھەت - سالامەت بولغاي، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى

---

① مۇھەممەتخان — ئابدۇرىشىتخاننىڭ چوڭ ئوغلى، يەكەن تەختىدە 18 يىل ئولتۇرۇپ، ھىجرىيىنىڭ 1013 - يىلى ( مىلادى 1604 - 1605 ) ئۆلگەن.

② ئىسھاق ۋەلى خوجا — غەربىي يۇرتتا تەرىقەتچىلىكنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى بۇخارالىق مەختۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى. 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا « ئىسھاقىيە » سۇلۇكىنى تارقاتقان.

③ قۇبا مەسچىتى — مۇھەممەت پەيغەمبەر ھىجرەت قىلغاندا بىر نەچچە كۈن تۇرغان جاينىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ يەرگە مەسچىت ياساتقان.

ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن سوپىلارنىڭ بىرسى.

— بىر چاغلاردا ھەزرىتى دانىيال خوجامنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى يەكەن خاندانلىقىدىكى پادىشاھلارغا يولىيورۇق كۆرسىتىپ، مەسلىھەت بەرگەن بولسا، ھازىر خوجامنىڭ ئۆزى تەختكە ئولتۇرۇپ، كەپتەر بىلەن لاچىن بىر شاختا قونىدىغان، بۆرە بىلەن قوي بىر كۆلچەكتە سۇ ئىچىدىغان ئادالەتلىك زامانىنى بەرپا قىلدى...

پەرمانقۇل ئىشاننىڭ دانىيال خوجامنى ماختاپ ئېيتىۋاتقان سۆزلىرى شۇ يەرگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالدى. مەيداننى ـ تىتىرىتىپ چېلىنغان كاناي ـ سۇنايىنىڭ، مەسچىت پەشتىقىدىكى ناغرىلارنىڭ ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ زىكرىسى، قەلەندەرلەرنىڭ «توۋا گۇناھنى، سەدىقە بالانى يەر» دەپ ۋارقىراشلىرى، مەدداھلارنىڭ رىۋايەتلىرى قايىنىغان سۇغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك جىمىپ، ھەممە ئادەم شەرئەت سەھنىسى تەرەپكە ئېغىشتى. ئۇنىڭغىچە سېمىز ئاتلارغا مىنگەن، پۆپۈكلۈك نەيزە تۇتۇپ، بېلىگە ئەگرى قىلىچلارنى ئاسقان، بېشىغا يېشىل شايىدىن ئىنچامغىنا سەللە ئورىغان بىرقانچە سىپاھلار مەيدانغا يېتىپ كەلدى ـ دە، توپلانغان خەلقنى ئىككى ياققا بۆلۈپ، ھارۋا پاتقۇدەك يول ئاچتى. ئارقىدىن يورغا ئاتلارغا مىنگەن قازى مەۋلانە ھەزرەت، ئابدۇقادىر سوپى، شەھەر ھاكىمى نىياز بەگ قاتارلىق ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرقانچە قوغدىغۇچىلىرى كېلىشىپ، شەرئەت سەھنىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە بېرىپ توختاشتى. بېشىغا چاققانغىنا سەللە ئوراپ، بېلىنى كەمەر بىلەن باغلىغان چەبدەس، سىپاھلار، ئالتۇن زەرلىك يوغان سەللىلىرىنىڭ ئۇستىدىن كۆمۈش تالالىق كۇلاھلىرىنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇرغان ۋە ئېتەك ـ يەڭلىرى كەڭ، قوش ئەستىرىگە تۆگە يۇڭى سېلىنغان مەخمەل پەرىجە-

لەرنى كېيگەن ئۇردا ئەركانلىرىنى قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ، ئاتلىرىدىن چۈشۈردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ شەرىئەت سەھنىسىگە چىقىشىغا ياردەملەشتى.

شۇ ئارىدا مىرشاپ باشلىق بىرقانچە ياساۋۇللارنىڭ قورۇقدىشىدا ئىككى ئات قوشۇلغان، ئۈستى سايىۋەنلىك بىر هارۋىمۇ يېتىپ كەلدى. هارۋىدىن پۇت - قوللىرى زەنجىرلەنگەن ئىككى ئادەمنى — بىرسى چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپ ياشىنىپ قالغان، يەنە بىرسى يۈز - كۆزىنى قارا ساقال بېسىپ كەتكەن ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى ئادەمنى چۈشۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئۇستىۋېشىدىكى كىيىملىرى ۋە رەڭگىروييغا قارىغاندا تۇتقۇن قىلىنغىنىغا خېلى بولغان بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ چىراي - شەكلى بىرنەچچە ئاي كېسەل ئازابىنى تارتقاندەك سارغىيىپ كەتكەنىدى. قېرىراقىنىڭ بەشلىك ئارىدەك دارديىپ تۇرغان قوللىرىدىكى تومۇرلار يىراقتىنلا قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

مىرشاپنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان ياساۋۇللار بۇ ئىككى مەھبۇسنى شەرىئەت سەھنىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئەكىلىپ، تۆۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقىدا ئېسقلىق تۇرغان قۇرئاننىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزدى - دە، ئاندىن بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئەكەلدى.

شۇ چاغدا شەھەر هاكىمى نىياز بەگ:

— ئەهلى جامائەت! — دەپ شەرىئەت سەھنىسىگە كۆز تىكىپ تۇرغان سانسىز ئادەملەرگە مۇراجىئەت قىلدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان هەر بىر ئېغىز سۆزنى هەر ئەللىك قەدەم ئارىلىقىدا قويۇلغان جارچىلار تەكرارلاپ يىراقتىكىلەرگە يەتكۈزەتتى، — هەرقانداق ئادەم ئالالاتائالاغا ۋە هەممە مۇسۇلمانلارغا پاسىبانلىق قىلىدىغان خوجىلارغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتسا، مانا مۇنۇ هەپسىدىن كەلتۈرۈلگەن مولخىتلارغا ئوخشاش

ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە مۇپتىلا بولغۇسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبلىرى بولغان بۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ دۇئاسى ئاللا ئالدىدا ھەرقاچان ئىجابەتتۇر. ئەگەر ئۇلار چىن دىلىدىن تەلەپ قىلسا، ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر پەستىلا دەريالارنى قۇرۇتۇپ چۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ. مۇنۇ ئىككى لەنەتگەردى ئەنە شۇنداق كارامەتكە ئىگە ھەزرىتى دانىيال خوجام تەرىپىدىن دۇئايىبەتقا رغىش دۇئاسىنى ئالغان ئادەملەردۇر. بۇلارنىڭ بىرسى ئاللاتائالا تەرىپىدىن پېشانىسگە پۈتۈلگەن قىسمەتكە نارازى بولۇپ، ۋەخپە يەرلەردىكى زىرائەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ بېرىشتىن باش تارتقان ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى جارى قىلىۋاتقان بىر خوجا سەئىد بالاغەتكە يەتكەن قىزىنى ئۆز ئەقىدىسىگە ئېلىش نىيىتىنى بىلدۈرسە، «خوجامنىڭ نەزىرى چۈشتى» دەپ خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا، قىزىنى قاچۇرۇۋەتكەن. ئىككىنچى لەنەتگەردى بولسا، دىنىمىزدىكى بەش پەرھىزنىڭ بىرسى مەككە ـ مۇكەررەمگە بېرىپ كەبىتۇللانى تاۋاپ قىلىشنى، ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دېگەنگە ئوخشاش كۇپۇرلۇق سۆزلەردىن غەزەل توقۇپ، تۇرلۇك پىتنە ـ پاساتلارنى تارقاتقان. ھازىر بۇ ئاسىي بەندىلەرگە، خاندانىمىزنىڭ مۇپتىسى ئابدۇقادىر جانابلىرى شەرىئەت ھۆكمىنى ئېلان قىلىدۇ.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ كەينىگە داجىدى. مىرشاپ يەرگە تايىنىپ تۇرماقچى بولۇۋاتقان جۇغى كىچىك ئابدۇقادىر مۇپتىنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

ـــ شەھىرىمىزدىكى بارلىق ئەھلى مۇسۇلمانلار! ـــ دېدى مۇپتى ھۆكۈمدارلارغا خاس تەكەببۇرانە قىياپەتتە، ـــ بارلىق مەدھىيىلەر ئاللاتائالاغا خاستۇر. ئاللاتائالا يەرنى ئۇلسىز، ئاسماننى تۈۋرۈكسىز ۋە تۈتقۇسىز ياراتتى. ئۇنىڭغا ئاي، كۆن ۋە يۇلتۇزلار بىلەن زىننەت بەردى.

كۆڭۈلدىكى سۆزلىرىمىز مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ شەپقەتچىسى روسۇلۇللاغىلا خاستۇر. دۇئايىمىز بولسا كەرىمە ھۇللا پىرىمىز ھەزرىتى دانىيال خوجامغا خاستۇر. مۇسۇلمان قوۋمىنىڭ پىرى كامىلى بولغان بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ھەممە ئىشلىرى ھېكمەتنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر. ئۇ كىشىنىڭ ئادەلەتپەرۋەرلىكىگە نوشىرۋان؛ ئادىل، سېخىيلىق ۋە مەردلىكىگە ھاتەمتايمۇ تەڭلىشەلمەيدۇ، — ئۇ گېپىنىڭ مۇشۇ يېرىگە كەلگەندە، يۆتىلى تۇتۇپ قېلىپ بىر ھازاغىچە ئۆزى بىلەن ئاۋارە بولدى، ئاندىن دانىيال خوجىنىڭ شەنىگە ئېيتىدىغان ماختاش سۆزلىرىنى توختىتىپ، سەللىسىنىڭ پەتتىسىنى چىقىرىپ مۇرىسىگە ساڭگىلاتتى -دە، ئەسلى مۇددىئاغا كۆچتى، — فۇرقانى مۇھەممەدتە ①: «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»② دېيىلگەن. ھەزرىتى دانىيال خوجام جانابلىرى چۈشەنمەسلىكتىن بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ ۋە ئۇ خاتالىقلىرىغا تووۋا قىلغان بىرمۇنچە مۆمىنلەرنى تۈنۈگۈن ھەپسىدىن ئازاد قىلدى. بۈگۈن بولسا، جاھىللىقتا ئەبۇلەھەپتىن ③ قېلىشمايدىغان بۇ ئىككى ئادەمگە جازا بېرىشنى ئەھكامى شەرئەت پېشۋالىرىغا ھاۋالە قىلغانىدى. بىز، يەنى مەۋلانە ھەزرىتىم باشلىق بىرنەچچە ئوردا ئەركانلىرى بار مەسلىھەت، مەزكۇر ئىككى نەپەر دۇئايىبەتنى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن چالما كېسەك قىلىشنى ھۆكۈم قىلدۇق.

مەيداندىكى مىڭلىغان ئادەم، گويا دەملىرى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك ئېغىر سۈكۈت قىلىشتى. سەللىلىك ياساۋۇللارنىڭ بىر قىسمى

---

① فۇرقان — قۇرئاننىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى.

② قۇرئان، سۈرە «زەلزەلە» نىڭ 7 — ، 8 — ئايەتلىرى.

③ ئەبۇلەھەپ — مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تاغىسى، ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان.

مەھبۇسلارنى ئېلىپ مېڭىشقا ، بىر قىسمى ئۇلار ماڭىدىغان يولنى ئېچىشقا تەرەددۇت قىلىشتى . پەقەت شۇ چاغدىلا شەرىئەت سەھنىسىنىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان مەھبۇسلارنىڭ بالا - چاقىلىرى پەرياد ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى ۋە بۇ يىغا - زار ئىچىدىن :

— بۇنداقمۇ دەھشەتلىك كۈنلەر بولىدىكەنغۇ ، جورام ! ھالال جۈپتىلىرىدىن رازى بولسىلا ، جورام ! — دېگەن ئايال كىشىنىڭ زارلانغان ئاۋازى بىلەن :

— خوجاملارنىڭ نەزىرىگە چۈشمەي ، نەپرىتىگە ئۇچرىغان ئاتام ! — دېگەن ئەر كىشىنىڭ نالىسى ئاڭلاندى . بۇ نالە - پىغانلارغا يۈرەك - باغرى بوشاپ ، كۆزلىرى ياشقا تولغان بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئۆكسۈپ ، بۇقۇلداپ يىغلىغىنى قوشۇلدى . شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى ھوشىنى يوقىتىپ يەرگە يىقىلدى .

— سۇ ! سۇ ئەكىلىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى بىرسى .

خەقنىڭ بىر قىسمى جازالانغۇچىلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تەسەللى بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇشتى . كۆپچىلىكى مەھبۇسلارنى ئېلىپ ماڭغان مىرشاپلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى . ئەڭ ئالدىدا پەرمانقۇل ئىشان دەرۋىشلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭغانىدى . دەرۋىشلەر مۇڭلۇق ئاۋازدا ھۆكمەت ئوقۇشنى باشلىدى :

ئۆمرۈم ئاخىر بولغاندا ، نە قىلغايمەن خۇدايا ؟
جان ئالغۇچى كەلگەندە ، نە قىلغايمەن خۇدايا ؟
جان بەرمەكنىڭ ۋەھىمىدىن ، ئەزرائىلنىڭ زەخمىدىن ،
شەپقەت بولمىسا سەندىن ، نە قىلغايمەن خۇدايا ؟

بۇ تۈپتىكى دەرۋىشلەرنى سوگدىشىپ ماڭغان يەنە بىر توپتىكى

دەرۋىشلەر ھۆكمەتنى داۋاملاشتۇراتتى:

تەرىقەتكە ساياسەتلىغ مۇرشىت كېرەك،
ئۇل مۇرشىتقا ئېتىقادلىق مۇرىت كېرەك.
خىزمەت قىلىپ پىر رىزاسىن تاپماق كېرەك،
بۇنداق ئاشىق يوقتىن ئۇلۇش ئالارئىمىش.

ئۇلار قولىلىرىنى ئالدى ـ ئارقىسىغا تاشلاپ، تەكىپۇكلۇقىنى يوقاتـ
قاندەك ئىككى يېنىغا ئېغاڭلاپ مېڭىشاتتى.

— يۇرسىلە، ھېلىماخۇن، — دېدى ئەدەن قېچىر چوڭ ـ كىچىك توپ بولۇپ كېتىۋاتقان سوپى ـ دەۋرىشلەردىن كۆزىنى ئۈزۈپ.

— ھازىر، ئەدەنباي، سىلى ماۋۇ مېھمانلىنىڭ قېشىدا جىندەك تۇرۇپ تۇرسىلا، — دېدى ئۇ، — مەن غاچچىدا بىر مەپە يالاپ كېلەي.

ئۇنىڭ مېھانلار دېگىنى قايىسى كۈنى تاڭغا يېقىن كارۋان سارايغا ئاقسۇ، كۇچا تەرەپلەردىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى ئوردا ئەركانلىرىنىڭ رۇخستى؟ دانىيال خوجىنىڭ شاپائىتىنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، تۇنۇگۇن كەچتە تۇتقۇندىن ئازاد قىلىنغان تۇغقانلىرىنى ئېلىپ كېتىشكەنىدى. ھېلىم يۇمشاق مەپىگە سېلىپ سارايغا ئەكەتمەكچى بولۇۋاتقان مۇنۇ ئادەملەرنىڭ ئىككىسى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلارنىڭ ئايالى بىلەن ئوغلى ئىدى. ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئىككى ئادەم: «بۇنداق پالاكەتنى كۆرۈپ تىرىك يۈرگۈچە، ئاتام بىلەن بىللىلا ئۆلۈپ كېتەي» دەپ يىغلاۋاتقان ياش يىگىتكە تەسەللى بېرىۋاتاتتى. يۈزىگە چۈمپەردە تارتىپ، پەرەنجە ئارتىۋالغان ئايال، ئەرخەقلەرنىڭ يېنىدا كۆز ياش تۆكۈپ، ھازا قىلىشنى ئەپ كۆرمىدىمۇ ياكى ھازا قىلىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندىمۇ،

تەقدىرگە تەن بەرگەندەك مۇڭلىنىپ ئولتۇراتتى.

ھېلىم يۇمشاق يالاپ كەلگەن مەيە شەھەردىن چىقىپ، ئىككى چاقىرىمدەك ماڭدى ـ دە، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىغا كېلىپ توختىدى. بۇ يەردە «تەتۈر قەبرىلەر» دەپ ئاتىلىپ كەتكەن كىچىككىنە قەبرىستانلىق بارئىدى. بۇ قەبرىستانلىق تارىخچىلار تەرىپىدىن: «ئىنتايىن تەقۋادار، ئاق كۆڭۈل ۋە خەلقپەرۋەر زات بولۇپ، پۇقرالارغا زۇلۇم قىلمايتتى» ① دەپ تەرىپ قىلىنغان سۇلتان سەئىدخان ۋە پارس تىلى بىلەن سۆزلىشىپ، پارس يېزىقى بىلەن ئەسەر يېزىشنى كېمەيتىپ، ئۇيغۇر يېزىقىدا ئەسەر يېزىشنى تەشەببۇس قىلغان، نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە، پارسچە كىتابلارنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرغان، كونا، خۇراپىي ئادەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 2263 مەدرىس، 1533 مەكتەپ سالدۇرغان ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا پىداركارلىق كۆرسەتكەن ② سۇلتان ئابدۇرىشىتخانلارنىڭ زامانىسىدە پەيدا بولغانىدى.

ئۇ چاغلاردا بۇ قەبرىستانلىقتا پەقەت ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىپ، دۈشمەنگە خىزمەت قىلغانلارنىڭ جەسىتى قويۇلاتتى.

بۇ ئىككى مەھبۇسنىڭ يا ۋەتەنگە خائىنلىق قىلغان، يا جاسۇسلۇق قىلغان ئەيىبى يوق ئىدى. بۇ ئىككى ئادەمنى ئاشۇ «تەتۈر قەبرىلەر» دە جازالىسام، ھاكىمىيەتكە نارازى ياكى قارشى تۇرماقچى بولغان ئادەملەرنىڭ يۈرىكى مۇجۇلىدۇ، دەپ ئويلىغان دانىيال خوجا تۈنۈگۈن كەچتە پەرمانقۇل ئىشانىنى چاقىرىپ، مۇشۇ تاپشۇرۇقنى بەرگەنىدى.

مەھبۇسلارنى ئېلىپ كەلگەن مىرشاپ بىلەن پەرمانقۇل ئىشانلار قەبرىستانلىقتا كولانغان ئىككى ئورەكنى، ئورەكنىڭ تۆت تەرىپىگە ــ

---

① «تارىختىن قىسقىچە بايانلار»، 213 ـ، 216 ـ، 217 ـ بەتلەر.

② «تارىختىن قىسقىچە بايانلار»، 213 ـ، 216 ـ، 217 ـ بەتلەر.

ئۇن نەچچە چامدام يىراقلىقتا دۈۋىلەپ قويۇلغان كېسەك پارچىلىرى بىلەن چوڭلۇقى مۇشتۇمدەك كېلىدىغان تاش دۆۋىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ قانائەت قىلدى، ئەتىمالىم، ياساۋۇللارغا مەھبۇسلارنى ئورىغا چۈشۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى.

ئۇلار ئالدى بىلەن قىرى مەھبۇسنى ئورىغا چۈشۈرۈپ، توپا - قۇم بىلەن مۈرىسىگىچە كۆمدى. ئاندىن ياش مەھبۇسنى ئورىغا چۈشۈردى.

دۇنياغا كەلگەندىن بېرى بىرەر قېتىم تېتىغۇدەك تاماق، تۈزۈككىنە كىيىم كۆرمەي، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە جەبىر - جاپالىرىنى ۋە بېشىغا كەلگەن بالا - قازالارنى « ئاللانىڭ ھۆكمى »، « پېشانىمىزگە يېزىلغىنى شۇ » دەپ چۈشىنىدىغان بۇ مەھبۇسلار خۇددى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە ئەقلى - ھوشىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك خاراموش ئىدى.

پەرمانقۇل ئىشان مىرشاپ بىلەن قىسقىچە پىچىرلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئىزغىرىن سوغۇققا پەرۋا قىلماي مۇراسىمغا قاتنىشىۋاتقان ئادەملەرنى مەھبۇسلارنىڭ يېنىغا چاقىردى. باياتىن بېرى خۇددى مۇشۇ چاقىرىقنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئادەملەر دەۋرەپ كېلىپ، قارا يەردىن بېشىلا چىقىپ تۇرغان مەھبۇسلارنىڭ ئەتراپىنى چەمبەر شەكلىدە ئوراپ تۇرۇشتى. شۇ چاغدا ئاۋازى ياڭراق بىر دەرۋىش قولىقىنى تۇتۇپ: « سالاتۇ جىنازا! » دەپ ۋارقىرىدى. بۇ يەرگە كەلگۈچە تەرىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن بىر مۇنچە سوپى - دەرۋىشلەر قۇم - توپىلارنى تاتىلاشتۇرۇپ تەيەممۇم قىلىشتى - دە، مەھبۇسلارنىڭ كۆن چىقىش تەرىپىگە كېلىپ بىرنەچچە سەپ بولۇپ تىزىلدى. يۈزلىگەن دەرۋىشلەر بىلەن ئادەتتىنكى ئاۋام خەلقنىڭ يىغلىغىنىغا قارىماي، يازدا كۈننىڭ ئىسسىقىدىن، قىشتا سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن باغرى يېرىلغان بۇ يەردە بىر پەستىلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— ئۇلۇغ پىر كامىلىمىز ھەزرىتى دانىيال خوجامغا مۇرىت - مۇخلىس بولغان مۆمىن مۇسۇلمانلار ! — دەپ خىتاب قىلدى پەرمانقۇل ئىشان سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ، — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلى - نەسەبىدىن بولغان دانىيال خوجام ھەزرەتلىرى باشلىق ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويۇنتاۋلىق قىلغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىككى دۇنيالىقى قارادۇر . ئەگەر ئاراڭلاردا بۇ ئۇلۇغ خوجامغا مۇرىت بولماي يۈرگەن مۇسۇلمانلار بار بولسا ، مۇنۇ دۇئايىبەتەردىن ئىبرەت ئېلىپ ، بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدىلا پىر كامىلىمىزغا مۇرىت بولغايسىلەر ، — ئۇ يەنە نېمە دېسەم بولىدىكىن دېگەندەك بىر پەس تېپىگىرقاپ تۇردى - دە ، — ھەي ، مۆمىن مۇسۇلمانلار ! — دەپ ئىلگىرىكىدىنمۇ ئۈنلۈكرەك ۋارقىراپ سۆزلىدى ، — كەرىمە ھۇللا ھەزرىتى دانىيال خوجام بۇ ئىككى لەنەتگەردىگە جىنازا نامىزىنى ئوقۇش راۋا بولمايدۇ ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەربىرى ئىككى مۇسۇلماندىن تۆرەلگىنى ئۈچۈن ، يەنى بۇلارنىڭ ئەجدادلىرى مۆمىن مۇسۇلمانلار بولغىنى ئۈچۈن ۋە خوجام ھەزرەتلىرىنىڭ مۇسۇلمان پۇقرالارغا مېھىر - شەپقىتى بىسيار كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن ، بۇ گۇناھكارلارنى روزى مەھشەرگە جىنازا نا-مىزىنى ئوقۇپ ئەۋەتىشكە ئىجازەت بەردى .

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ، قىبلە تەرەپكە بۇرۇلدى - دە ، قولىنى قاقتى . ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سەپتە تۇرغانلارمۇ قولىنى قىقىپ ، قول باغلاپ تۇرۇشتى .

« خوجىلار ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋاسىدۇر . شۇڭا ھەممە مۇسۇلمان قوۋمىنىڭ ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇلاردىن تەلىم ئېلىشى قەرز ۋە پەرھىزدۇر » دېگەنگە ئوخشاش تەشۋىق - تەرغىباتلار ئەۋجىگە چىققان بۇ دەۋردە ، خوجىلار ئۈچۈن ئاددىي پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكى

تۇرماق، ئەزىز جانلىرىمۇ ئەرزىمەس نەرسە ئىدى. ئۆز نۆۋىتىدە، كۆپلىگەن ئاۋام خەلق خوجىلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىماي، ئۇلارنىڭ ئىز-زەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ دۇئاسىنى ئالساق، بۇ دۇنيادىكى تىرىكچىلىكىمىز بەرىكەت تاپىدۇ، ئاخىرەتلىكىمىز ياخشى بولىدۇ، دەپ ئويلىشاتتى.

ھازىر بولسا، پەرمانقۇل ئىشانغا ئوخشاش خوجىلارنىڭ سۆزلىرىگە شەكسىز ئىشىنىپ، جاھالەت گىردابىدا ھايات كەچۈرۈۋاتقان تەرىقەتچى سوپى ـ دەرۋىشلەر، بۇ ئىككى مەھبۇسنى چالما كېسەك قىلىپ، ئەھكامى شەرئىيەتنىڭ قۇدرىتىنى نامايىش قىلماقچى بولۇشۇۋاتاتتى.

ــ ئەھلى مۇسۇلمانلار! ــ دېدى نامازدىن كېيىن چالما كېسەك ۋە تاش پارچىلىرى دۆۋىلەنگەن تەرەپكە ماڭغان پەرمانقۇل ئىشان، ــ ئەمدى شەرئىيەت ھۆكمىنى بەجا كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمانلىق قەرزىڭلارنى ئادا قىلىڭلار!

شۇ ئەسنادا پۈتۈن بەدىنى كۆمۈلۈپ، بېشىلا چىقىپ تۇرغان مەھبۇسلار تەرەپتىن:

ــ ھوي، سەللىلىك ئەزرائىل! ــ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

پەرمانقۇل ئىشان بىرسى بىقىنىدىن نوقۇۋەتكەندەك، ئىتتىك بۇ-رۇلۇپ مەھبۇسلار تەرەپكە قارىدى. قېرى مەھبۇسنىڭ بوينى ئاجراپ كەتكەندەك، بېشى ئالدىغا ساڭگىلاپ قالغانىدى. ياش مەھبۇسنىڭ قارام-تۇل چىرايى بايىقىدەك سولغۇن، خامۇش بولماي، تولۇقلۇق يۈزى قىزىرىپ، كۆزلىرى چانىقىغا پاتمىغاندەك پۇلتىيىپ چىققانىدى، قېلىن كالپۇكلىرىنى تەمشىپ ـ تەمشىپ قوياتتى.

ــ گەپ قىلغان سەنمۇ؟ ــ دەپ سورىدى پەرمانقۇل ئىشان ئۈنىڭغا قادىلىپ.

ــ سەنمۇ، سېنىڭ خوجا ـ ئىشان، قازىلىرىڭنىڭ ھەممىسى مەل-

ئۇن ! — دەپ خىرقىرىدى ياش مەھبۇس ، ئۇ تۇكۇرمەكچى بولغانىدى ، بىراق قۇرۇپ كەتكەن ئاغزىدىن بىر تامچە سۈيۈقلۈق چىقىرالمىدى .

پەرمانقۇل ئىشان :

— بەتبەخت ! — دېگەن پېتى بىر نەچچە قەدەم ئارقىغا چېكىنىدى . ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغان مەھبۇسنىڭ ھاقارىتىگە چىدىيالماي ، بىر ھازاغىچە دۈپۈلدەپ كەتتى .

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە ، ئىككى مەھبۇسنىڭ بېشى چوقچىيىپ تۇرغان يەردە يۈزلىگەن سوپى - دەرۋىشلەر ۋە باشقا ئادەملەر ئاتقان كېسەك ۋە تاش پارچىلىرىدىن ئىككى قەبرە پەيدا بولدى .

پەرمانقۇل ئىشان باشلىق سوپى - دەرۋىشلەر خۇددى ئاللا تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە يۈكلەنگەن مۇھىم بىر ۋەزىپىنى ئادا قىلغاندەك خۇشال بولۇپ ، ئادەتتىكىدەك تەلقىن ، ھۆكمەتلىرىنى ئېيتىشىپ شەھەر تەرەپكە قايتىشتى . ئۇلارنى خانىقالاردا قايىنتىلغان چوڭ - كىچىك داشلاردىكى ئۇماچ - ئاتىلار كۈتۈپ تۇراتتى .

مەھبۇسلارنىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن — كېسەك ۋە تاش پارچىلىرىدىن ھاسىل بولغان قەبرە يېنىغا كەلگەن بىر نەچچە ئادەم ئۆزلىرىنى تۇختىتالماي خېلىغىچە يىغلاشتى . كېيىن ، بىرى يەنە بىرىگە تەسەللى بېرىپ ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشتى . ئاندىن ئىككى قەبرىنىڭ چەت - چۆرىسىدە چېچىلىپ ياتقان تاش - داشقاللارنى يىغىپ رەتلەپ قويدى .

— ھېلىقى پەرمانقۇل ئىشان بۇ بىچارە مەرھۇملارنىڭ قەبرىگە ئىككى ئېغىز قىرائەتمۇ قىلىپ قويمىدى ، — دېدى ئەدەن قېچىر ، ئاندىن ، — قېنى ، ھېلىماخۇن ، ئۆزلىرى مەرھۇملارغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ قويسىلا ، — دېدى .

ھېلىم يۇمشاق تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قىرائەت قىلدى .

— ئەمدى ئۆزۈڭلارنى يوقاتماڭلار ، — دېدى دۇئادىن كېيىن ئەدەن قىچىر مەھبۇسلارنىڭ ئىگىلىرىگە تەسەللى بېرىپ ، — خۇدايىم بىزگە ئوخشاش پۇقرالارنى مۇشۇنداق قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنى تارتىش ئۈچۈن ياراتقۇچە ، بىر ھېسابتا ياراتماي قويسمۇ بولغانىكەن . خەير ، بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر قىلايلى ، پېشانىگە يېزىلغان قىسمەتتىن بەربىر قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن ، سەۋر قىلىشسىلا .

— شۇنداق ، — ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى ھېلىم يۇمشاق ، — مۇسىبەتكە سەۋر قىلىش كېرەك ، باشقا نېمە چارىمىز بار .

ئۇلار پەرىشان ھالدا شەھەر تەرەپكە قوزغىلىشتى .

# بەشىنچى قىسىم

## بىرىنچى باب

دانىيال خوجا تېكەس ۋادىسىدىن ئاتلانغاندا، خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدان بىلەن بولغان سۆھبىتىنى ئەسلەپ، گويا ئۇن نەچچە يىل سالقىن جايدا ساقلانغان شارابنى قانغۇچە ئىچىۋالغاندەك خۇشال بولغانىدى. بۇ نۆۋەت يىللىق خىراجنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن بارغىنىدا، خۇنتەيجى ئۇنى خۇددى كۆڭلى يېقىن، قەدىناس دوستىدەك قوبۇل قىلغانىدى. ئۇ دانىيال خوجىغا گۆرۈدە تۇرغان چاغلىرىدىمۇ، قەشقەرىيىگە خان بولغاندىن كېيىنمۇ بۇنچىلىك ئىلتىپات كۆرسىتىپ باقمىغانىدى. بۇ قېتىم بولسا، ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، چوڭ خانىشنىڭ سەككىز كەرگىلىك ئاق ئۆيىدە چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى ۋە شۇ چاغدا:

— يەر يۈزىنىڭ تەگدىن تولىسىنى ئىشغال قىلغان تېمۇچىننىڭ بەش خوتۇنى، بەش يۈزگە يېقىن كېنىزىكى ۋە يەتتە ئوغۇل، بەش قىزى بولغانىكەن، شۇنىڭغا قارىماي، يەتمىش ياشتىن ئاشقاندىمۇ شىكارغا چىقىشنى توختاتمىغانىكەن. مەن تېمۇچىنگە ئوخشاش تالاي ئەللەرنى ئۆزۈمگە بويسۇندۇرغان ھۆكۈمدار بولمىساممۇ، بەزى چاغلاردا ئوتاۋلىرى ئايرىم بولغان چوڭ - كىچىك خوتۇنلىرىمنى باشقۇرۇشقا كۈچۈم يەتمەي قالىدۇ. خوجىدا بۇنداق باش ئاغرىقى يوقتۇر... — دەپ سىرداش ئادىمى بىلەن دىلكەشلىك قىلغاندەك سۆزلەپ كەتكەنىدى.

ئاندىن ئۇ يەنە چىڭگىزخان ھەققىدىكى سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— يەتمىش ئۈچ يىل ھايات كەچۈرۈپ، يىگىرمە بەش يىل خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان بۇ خاقان، بىر كۈنى يەتتە ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا يەتتە يا ئوقىنى بېرىپ «سۇندۇرۇڭلار!» دەپتۇ. ئوغۇللىرى يا ئوقىنى بىر - بىرلەپ سۇندۇرۇپ تاشلاپتۇ. ئاندىن ئۇ يەتتە ئوقنى بىر قىلىپ باغلاپ، يەنە «سۇندۇرۇڭلار» دەپتۇ. بۇ قېتىم ئوغۇللىرىدىن ھېچقايسىسى سۇندۇرالماپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ: «بۇنىڭدىن قىياس قىلىڭلاركى، بىر - بىرىڭلارغا مۇخالىپ بولماڭلار. ئەي، ئوغۇللىرىم، بىر يىلاننىڭ بىر بېشى، نەچچە قۇيرۇقى بار بولسا، بېشى بىر تۆشۈككە كىرسە، قۇيرۇقلىرى كەينىدىن كىرەر. ئەگەر يىلاننىڭ بېشى ئون، قۇيرۇقى بىر بولسا، ھەربىر بېشى بىر تۆشۈككە كىرسە، قۇيرۇقى تاشقىرىدا قالۇر ۋە سوغۇقتا ھالاك بولۇر» ① دېگەنىكەن، مېنىڭ بۇ گەپلەرنى دېيىشتىكى ئويۇم، خوجا بىلەن تونۇشقىنىمغا بىر مۆچەلدىن ئاشتى. خوجا ئۆز قوۋمىغا خان بولغاندىن بۇيان، يەتتە قېتىم قار يېغىپ، يەتتە قېتىم ئېرىدى. بىزنىڭ غەمخورلۇقىمىز تۈپەيلى خوجىنىڭ ئېلى باشقىلارنىڭ باسقۇنچىلىقىدىن خالىي ياشماقتا، خوجىمۇ بىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىمىزنى ياخشىلىق بىلەن قايتۇرۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ياخشى ئۆتسەك، بىزگە ھېچقانداق يولۋاسنىڭ چىشى ئۆتمەيدۇ. تېمۇچىن دېگەندەك، بېشىمىز قايسى تۆشۈككە كىرسە، قۇيرۇقىمىزمۇ شۇ تۆشۈككە كىرىدۇ. تالادا قېلىپ چېپىلىپ كەتمەيدۇ، — دېدى - دە، گېپىنىڭ ئاخىرىنى، — بەزى چاغلاردا سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بىلەن بىزنىڭ خۇدايىمىز كېڭەش قىلىۋالامدىكىنا دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن. ئۇلار بىزگە ئوخشاش ئادەملەرگە تاجۇ تەخت بىلەن كۆپلىگەن مال - دۇنيا ئاتا قىلغىنى بىلەن، ئۆمۈرنى ئاز بېرىدىكەن، تېقىمى ئات، ئېغىزى ئاش كۆرمىسىمۇ، توقسەن بىلەن يۈز ياشقا كىرگەن پۇقرالار خېلى بار. لېكىن

① «چىڭگىزنامە»، 36 - بەت.

خانلار بىلەن پادىشاھلارنىڭ ئارىسىدا بۇنداق ياشنى كۆرگەن ۋە كۆرۈۋاتقانلىرى يوق ئىكەن . . . — دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرغانىدى .

خۇنتەيجىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىللىق مۇئامىلىسى دانىيال خوجىغا يول ئۇستىدىمۇ ، يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىغاندەك قىلغانىدى . بىراق ، بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ ھوزۇرىدا خۇنتەيجى ئەۋەتكەن مەخسۇس چاپارمەنلەر پەيدا بولدى . ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىگە قارىغاندا ، خۇنتەيجى جانابلىرى قىزىنىڭ تويىنى قىلماقچى بولۇپ قاپتۇ . توي سۇمبۇلە ئېيىنىڭ ئون بەشىدە ، خانيايلاقتا باشلىنارمىش . قىزىنىڭ تويىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈشنى نىيەت قىلغان خۇنتەيجى جانابلىرى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىپ كېلىۋاتقان شەھەرلەردىكى چوڭ - چوڭ ئەمەلدارلارنى ، شۇ قاتاردا دانىيال خوجا باشلىق قەشقەرىيەدىكى ھاكىملارنىمۇ تەكلىپ قىپتۇ .

جۇڭغار خانىنىڭ بۇ تەكلىپى تالاي كۈنلەر يول يۈرۈپ ، تېخى بۈرناكۈنلا كەلگەن دانىيال خوجىنىڭ چىشىغا مۇشت ئۇرغاندەك تەگدى ، لېكىن ئۇنى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . ئەگەر ئۇ بىرەر باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ تويغا بارمىسا ، تەختىنىڭ تەۋرەپ قېلىشىغا كۆزى يېتەتتى . ئەمما ئۇ ، ئۆزى بىلەن بىر نەچچە سائەت « مۇڭداشقان » خۇنتەيجىنىڭ توي ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ، ئالاھىدە چاپارمەن ئەۋەتكىنىگە ھەيران بولاتتى :

« بۇ جۇڭغار خانىنىڭ كۆڭلىدە تۈلكىنىڭ ئىنىدەك قاتمۇ قات تۆشۈكلەر بارئىكەن . ئۇنىڭ شۇ تۆشۈكلىرىدە نېمىلەرنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغىنىنى ئۆزى ئېيتمىسا بىلگىلى بولمايدىكەن - دە . . . » دەپ ئويلىدى .

ئۇ ئەمدى باشقا ئىشلارنى قويۇپ ، يەنە سەپەر تەييارلىقىغا

كىرىشتى ۋە خەزىنىچى بەگ بىلەن دىۋانبېگىنى چاقىرىپ، خۇنتەيجىنىڭ
تويىغا ئىلىنىدىغان سوۋغا ـ سالاملاردىن باشقا، ئۇنىڭ ئوردىسىدا
ئىشلەيدىغان ئەمەلدارلار ئۈچۈنمۇ سوۋغا تەييارلاشنى تاپشۇردى. چۈنكى
ئۇ ئاشلىق ساقلىرىدا يۈرگەن چاشقانلاردەك سەمرىپ كەتكەن بۇ
ئادەملەرنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلاردىن سوۋغا ـ سالام ئېلىشقا ئۆگىنىپ
كەتكەنلىكىنى، ئاز ـ تولا بولسىمۇ بىر نەرسە ھەدىيە قىلىنمىسا، «بۇلار
بىزنى ھۆرمەت قىلمىدى» دەپ خاپا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە جۇڭغارلارنى باسقۇنچىلار، ئىشغالىيەتچىلەر ئەمەس، بەلكى
بىزگە مەنسەپ، ئاتاق بەرگۈچىلەر دەپ قارايدىغان بەزى يەرلىك ئە-
مەلدارلار، خۇنتەيجىدىن تارتىپ ئادەتتىكى جۇڭغار ئىراۋۇللىرىنىڭمۇ
كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ھېچ نەرسىنى ئايىمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرى باشقۇ-
رۇۋاتقان شەھەرلەردە بۇقىدەك ھۆركىرەپ، قول ئاستىدىكى پۇقرالارنىڭ
تەقدىرىنى خالىغانچە ھەل قىلغىنى بىلەن، خۇنتەيجى ئوردىسىغا كەل-
گەندە، ئۇچرىغان جۇڭغارغا كۈچۈكلىنىپ، سايىسىگە سالام بېرەتتى.
ئەگەر بۇ ئەمەلدارلار تويغا تەكلىپ قىلىنىدىغان بولسا، پۇرسەتتىن پايدى-
لىنىپ، خۇنتەيجىنىڭ ئائىلىسىنى تۈرلۈك سوۋغا ـ سالاملار بىلەن
تولدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىگە چۈشۈشنى قولدىن بەرمەيتتى. دانىيال
خوجىمۇ ئۆزىدەك ۋەسسال ئەمەلدارلارغا ئوخشاش، خۇنتەيجى باشلىق
نويان ـ دورغىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. شۇڭا تويغا مېڭىشتىن
ئۈچ كۈن ئىلگىرى، خەزىنىچى بەگ بىلەن دىۋانبەگلەر تەرىپىدىن
تەييارلانغان سوۋغا ـ سالاملارنى كۆزدىن كەچۈردى ـ دە، خەزىنىچى
بەگكە قاراپ:

— قەنت ـ گېزەكلەر ئاز بولۇپ قاپتۇ. ھەرخىل رەڭدىكى پەت-
تازا، ناۋات ۋە گۈللۈك قەغەزلەرگە ئورالغان چوكا مەنپەسلەردىن ئىككى

ئۇلاغ تەييارلاڭلار ، يانغا ئىسىۋالىدىغان بۇلغار غىلاپلىق چوڭ ـ كىچىك پىچاقلاردىنمۇ بىر ئۇلاغ تەييارلاشنى ئۇنتۇماڭلار ، — دەپ تاپشۇردى .
— خوش .
— بۇ جۇڭغارلاردىن قۇتۇلۇش قولىمىزدىن كەلمىگەندىن كېيىن ، مۇشۇنداق قىلىشتىن ئۆزگە چارىمىز يوق ، — دېدى ئۇ يەنە ئېغىر ئۇھ تارتىپ ، ئاندىن دىۋانبېگىگە ۋەزىپە تاپشۇردى ، — سىلى هازىرلا ئابدۇللا باقاۋۇلنى بازارغا ئەۋەتسىلە ، نەۋاقتىكى شارابتىن ئىككى خۇمرا ئېپىپ كەلسۇن .

※ ※ ※

شۇ كۈنى دىگەر نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ ، دانىيال خوجىدا « چاكار چوكانلار » دىن بىرنەچچىسىنى خۇنتەيجىنىڭ قىزىغا ھەدىيە قىلىش ئويى پەيدا بولدى . ئەمما ، بۇ ئويىنى بۇرۇنقىدەك ئوچۇق ـ ئاشكارا ئەمەلگە ئاشۇرسا ، خەلق ئارىسىدىلا ئەمەس ، ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئادەملەردىمۇ نارازىلىق پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئىدى . چۈنكى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن ، يىللىق خىراج ھېسابىغا بىرنەچچە « چاكار چوكان » بىلەن « غۇلچا گەدەنكەش » لەرنى جۇڭغار خانلىقىغا ئېلىپ بارغاندا ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بەزى ئادەملەر : « مۇسۇلمانچىلىقتا ياتمايدىغان ، شەرئىتىمىزگە سىغمايدىغان ئىش »دەپ ، ئۇنىڭ پىركامىل ۋە ئەۋلىيالىقىغا گۇمان قىلىشقان ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى « ئىشقىيە » سۇلۇكىدىكى سوپى ـ دەرۋىشلەر ئارقىلىق مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاشقا ئۇرۇنغانىدى . خەلق ئارىسىدا بولسا :

« ئۇرغىلى بولماس خوجىنى ،
تىللاشقا بولماس خوجىنى ،

مۇسۇلماننى خار قىلغان،
خۇدا ئۇرسۇن خوجىنى...»

دېگەنگە ئوخشاش ناخشىلار تارقىلىپ كەتكەنىدى.

دانىيال خوجا يەكەن تەختىگە ئولتۇرغاندىن بېرى، ھەر يىلىنىڭ سەراتان ئېيىدا ئىلىغا كېلىپ، خۇنتەيجىگە كۆرۈنۈش قىلغاچ، يۈزلىگەن ئۇلاغلارغا ئارتىلغان يىللىق خىراج بىلەن تۇرلۇك سوۋغا ـ سالاملارنى ئالغاچ كېلەتتى. شۇنىڭغا قارىماي، مىجەز ـ خۇلقى باھار ئاسمىنىدەك ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان چىۋاڭ رابدانىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە، خۇددى ئاچ قالغان يولۋاسنىڭ ئالدىغا ماڭغاندەك ئەندىشىگە چۈشەتتى. بەزىدە، ھەتتا دائىرىسى سەككىز مىڭ مېتىردەك كېلىدىغان ئېگىز سېپىل بىلەن قورشىلىپ تۇرغان، ئاسمانغا تاقاشقۇدەك قۇببە، پەشتاق ـ راۋاقلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرىدىغان يۈزلىگەن مەسچىت ـ مەدرىسلىرى بار يەكەن شەھىرىنى يېنىپ كۆرمەيدىغاندەك ھېسسىياتقا چۆمەتتى ـ دە، ئوردىسىدىكى ھەممە خانىلارغا بىر ـ بىردىن كىرىپ چىقاتتى. بالا ـ چاقىلىرى بىلەن خوشلاشقاندا، خۇددى جۇدالىق ھەسرىتى بېشىغا چۈشكەندەك پۈچىلىنىپ كېتەتتى. ئۇنى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى خىراج ئېلىپ بارغىنىدا، خۇنتەيجى تۆت ئايغىچە يەكەنگە قايتۇرماي، ئوردا تىلماچى موللا ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ ئۆيىدە تۇتۇپ تۇردى ۋە بۇ جەرياندا بىر قېتىممۇ قوبۇل قىلماي، يامغۇر ئارىلاش قار يېغىۋاتقان بىر كۈنى يەكەنگە كېتىۋەرسۇن، دەپ ئىجازەت بەرگەنىدى.

بۇلتۇر بارغىنىدا بولسا، خۇنتەيجى ئەل ئارىلىغان سەپىرىگە ھەمراھ قىلىپ، توققۇزتارادىن نارات داۋىنىغىچە، چوڭ يۇلتۇزدىن كىچىك يۇلتۇزغىچە ئارىلاتقانىدى. دانىيال خوجا بۇ يىللاردا جۇڭغار خانىنىڭ بەزى شەھەرلەرنىڭ ھاكىملىرىنى خۇددى گۈرۈدە تۇتقاندەك بىر ـ ئىككى

يىللاپ ئۆز يۇرتىغا ئەۋەتمىگەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، يالغۇز دانىيال خوجىلا ئەمەس، خۇنتەيجىنىڭ ئالدىغا بارغان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ كۆڭلىنى ئېلىشقا ۋە ئۆزلىرىنىڭ سادا قەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشاتتى.

بىراق، بۇ يىل جۇڭغارخانى دانىيال خوجىنى ئىنتايىن سەممىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى. ھەتتا چوڭ خانىشنىڭ ئۆيىگە چۈشلۈك تاماققىمۇ تەكلىپ قىلدى. لېكىن، بۇ ھال قىش مەزگىلىدە بىرەر كۈننىڭ ئۇشتۇمتۇت ئىسسىپ قالغىنىدەك ئىش بولۇپ، خۇنتەيجىنىڭ دانىيال خوجىغا نىسبەتەن ئۆزگەرمەس يېقىنلىقىنى بىلدۈرمەيتتى. بۇنى دانىيال خوجىمۇ بىلەتتى. ئەمما، ئۇ خۇنتەيجىنىڭ ئاشۇ ئىللىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەممە ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىدى. شۇڭا ئۇ ھەر قېتىم خۇتبە ئوقۇغاندا تەكرارلايدىغان: «مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قېرىنداش، بىر - بىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە بىر - بىرىنى تاشلىۋەتمەيدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، ئاللا ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللا ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدىن بىرسىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئۇنتۇپ، «چاكار چوكان» دەپ ئەيىبلەنگەن بىرنەچچە ئايالنى جۇڭغارلارنىڭ چاڭگىلىغا تاشلاپ بېرىش قارارىغا كەلدى ۋە بۇ قارارىنى «مەن بۇ خوتۇنلارنى ھەدىيە قىلىش ئارقىلىق جۇڭغار ھۆكۈمرانىنىڭ ئالدىدا شۆھرەتكە مۇيەسسەر بولۇپ، قەشقەرىيىدىكى دىنىي ئىسلامنى راۋاجلاندۇرىمەنغۇ» دېگەن ئوي بىلەن تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى - دە، جايىنامازدىن تۇردى، ئاندىن دىۋانبېگىنى چاقىرىپ سورىدى:

— نىياز بېگىم كەلدىمۇ ؟
— ياق ، تەقسىر .
— بېگىم كېلىشى هامان بۇ يەرگە كىرسۇن .

ئۇزۇن ئۆتمەي ، خېلىدىن بېرى بىتاپ بولۇپ ياتقان مەۋلانە
هەزرەتنى يوقلاپ كېلىشكە كەتكەن نىياز بېگىم كىرىپ كەلدى . ئۇ ، دا-
نىيال خوجام مەۋلانە هەزرەتنىڭ ئەهۋالىنى سورايدىغۇ ، دەپ ئويلىۋىدى ،
ئۇنداق بولمىدى .

— يۇرسىلە ، دىۋانبېگى بىلەن ئۇچەيلەن « چاكار چوكانلار »
تۇرۇۋاتقان هويلىغا بېرىپ كېلەيلى .

ئۇلار ئوردىدىن چىقىپ ، سىپىل ئىچى بىلەن خېلى مېڭىپ ، ئېگىز
ئوردا سېپىلىغا تۇتاشقان ئاسمان - پەلەك دەل - دەرەخلەرنىڭ دالدىسىدا
قالغان ، دەرۋازىسى ئاران كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان هويلىغا يېقىنلاشتى . بۇ
هويلىنىڭ ئىچىدىكى قاتار سېلىنغان هۇجرىلاردا « شەرئەت ئەهكاملىرىنى
بۇزدى » دېگەن ئەيىب بىلەن قەشقەردىن خوتەنگىچە ، مارالۋېشىدىن
ئۇلۇغچاتقىچە بولغان جايلاردىكى شەهەر - يېزىلاردىن كەلتۈرۈلگەن ئا-
ياللار تۇراتتى . بۇلارنىڭ سانى بەزى ئايلاردا ئازىيىپ ، بەزى ئايلاردا
كۆپىيىپ قالاتتى . بۇنىڭ سەۋەبى « گۇناهكار » دەپ هېسابلانغان بۇ ئا-
ياللارنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ياكى قوۋم -
قېرىنداشلىرى مەۋلانە هەزرەت ، ئابدۇقادىر مۇپتى ۋە باشقا ئوردا ئەمەلدار-
لىرىغا تۇرلۇك يوللار بىلەن پارە بېرىپ ، مەهكىمە شەرئىدە تووا -
ئىستىغپار ئوقۇتۇپ قايتۇرۇپ ئالاتتى . قولى قىسقا ، تونۇش بىلىشلىرى
يوق ، يىراق ۋە چەت يېزا - قىشلاقلاردىن كەلتۈرۈلگەن بىر قىسىم ئاياللار
دانىيال خوجىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن شەهەر هاكىملىرىغا ، مۆتىد-
ۋەر زاتلارغا ، خوجا - ئىشانلارغا ئىنئام قىلىناتتى . يەنە بىر قىسمى بولسا

« دىلى قارايغان تۈزەلمەس ئاياللار » ھېسابلىنىپ ، ھېچ ياققا قوزغالمايتتى .

دانىيال خوجىلارنىڭ قەدىمى ھويلىغا يېقىنلاشقانسېرى ئاستىلاپ ، كېيىن ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالدى . ھويلا ئىچىدىن ئايال كىشىنىڭ جۇشقۇن ۋە ئويناق ئاۋازدا ئېيتىۋاتقان ناخشىسى ئاڭلاندى :

سېنىڭ سەللە كۇلاھىڭدىن ،
مېنىڭ تەتۈر جالام ياخشى ،
سېنىڭ تەسۋى ئىمانىڭدىن ،
نامازسىز پاك نادان ياخشى .

دانىيال خوجا بىلەن نىياز بەگنىڭ قۇلاقلىرى چۈشىنى كىرىۋالغاندەك غۇڭۇلداپ كەتتى ۋە ئۇلار ئاڭلىغانلىرىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك بىر - بىرىگە تەئەججۇپ بىلەن قارىشاتتى . ئازدىن كېيىن ، باياتىن بېرى بايقالمىغان دۇتارنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاشكارا ئاڭلىنىپ ، ناخشا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى :

ھارام نەپسى مالامەتتىن ،
ھالال نەغمە - ناۋا ياخشى .
سېنىڭ سۇلتان مازارىڭدىن ،
مېنىڭ مەشرەپخانام ياخشى .

ناخشا ئەمدىلا ئاياغلىششى بىلەن تەڭ :

— دوست دەيمۇ خېنىم ! ئۆلمىسىلە ، خېنىم ! — دەپ ۋارقىرىغان ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— بۇ نېمە ئىش ، نىياز بېگىم ؟ — دېدى دانىيال خوجا دەرغەزەپ بولۇپ .

نىياز بەگنىڭ جاۋاب بەرگۈدەك ھالى يوق ئىدى. ئۇمۇ دانىيال خوجىدىن بەتتەر دەر غەزەپ بولۇپ، تىرىسىگە سىغماي تۇراتتى.

دىۋانبېگى بولسا، ھەممىشە دەرۋازا ئالدىدىن يىراق كەتمەيدىغان قاراۋۇللارنىڭ كۆرۈنمىگىنىدىن ئەنسىرەپ: بۇ خۇنپەرلەر « چاكار چوكانلار » غا قوشۇلۇپ كەتتىمىكىنا؟ دېگەن ئەندىشە بىلەن ئىلگىرىلەپ ماگماقچى بولاتتىيۇ، دانىيال خوجا بىلەن نىياز بەگنىڭ ئالدىنى بېسىپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن ناخشا پەسىيىپ، نېمىلەرنىڭدۇر جىرىڭلىشى، نېمىلەرنىڭدۇر قارسىلدىشى ئاڭلاندى، ناخشا يەنە ياڭرىدى:

سېنىڭ راھەت ـ پاراغىڭدىن،
مېنىڭ نەغمە ـ كۈيۈم ياخشى.
بابائى قەمبەر، تىنىم تاپماي،
يولۇڭدا يۈرگىنىم ياخشى: ①

بايىقى ئەر كىشىنىڭ:

ــ يار بولسىلا، خېنىم! تەسەددۇقلىرى بولاي، خېنىم! ــ دېگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

تاقىتى تاق بولغان دانىيال خوجا بىلەن نىياز بەگلەر بەئەينى ئوق يىلاندەك ئېتىلىپ دەرۋازا تۈۋىگە كەلدى. بىراق، شۇنداق شىددەت بىلەن كەلگىنىگە قارىماي، خۇددى تاشقا ئۇرۇلغان دولقۇندەك توختاپ كەينىگە داجىشتى. دەرۋازا ئىچىدىن ئېتىكلىك ئىدى. ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر دەقىقە تۇرۇپ قېلىشتى.

« چاكار چوكانلار » تۈرۈۋاتقان ھويلىدىكى نەغمە ـ ناۋا قىزىپ

---

① يەكەنلىك بابائى قەمبەرنىڭ غەزەللىرى.

كەتكەندى. بايا دانىيال خوجىلارنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانغان قارسىلداشلار «چاكار چوكانلار» نىڭ نازۇك بارماقلىرىدىن، جىرىڭلاشلار بولسا ئۇلارنىڭ يۇمشاق بىلەكلىرىدىكى كۇمۇش بىلەزۈكلەردىن چىققان ئاۋازلار ئىدى.

— سەل سەۋر قىلايلى، — دېدى دانىيال خوجا. ئۇلار دېۋانىبېگىنى قاراۋۇللارنى ئىزدەپ تېپىشقا ئەۋەتىۋېتىپ دەرۋازىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغان يېرىدىن هويلا ئىچىگە قاراشتى. سۇ چېچىپ، توپىسى بېسىلغان هويلىدا بىر نەچچە قىز ـ چوكانلار كەكلىكتەك يورغىلاپ، تاغ كېيىكىدەك ئويناقلاپ ئۇسسۇلغا چۈشكەندى. ئۇلارنىڭ كۆينەكلىرى بەزىدە يەلپۈنۈپ، بەزىدە يالىڭاچ تىزىغا يۆگىلىپ قالاتتى. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلى بىلەن ئىككى يېنىدىكى پېشايۋانلارنىڭ گىرۋىكىدە پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ يىگىرمىگە يېقىن چوكانلار ئولتۇرۇشاتتى. هەرخىل رەختلەردىن كۆڭلەك كىيىشكەن بۇ ئاياللارنىڭ بوي ـ تۇرقى بىلەن يېشى بولاق تۇۋىدە ئۆسكەن مايسىلاردەك بىر ـ بىرىدىن ئانچە پەرق قىلىپ كەتمەيتتى. چوڭلىرىنىڭ يېشى كۆپ بولسا ئوتتۇز بىلەن ئوتتۇز بەشنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدا، يېڭىدىن بوي تۈزەپ كېلىۋاتقان قىرىق چاچلىق قىز باللارمۇ بار ئىدى. سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا جۈپ ـ جۈپى بىلەن بىر ـ بىرىگە بېقىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن بۇ كېيىك قورساق چوكانلار تۇتقۇن بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىغا تەن بەرمەي، خۇددى كۆكۈل ئېچىش ئۈچۈن قوغۇنلۇققا ياكى باراۋەتكە چىققان ئاياللاردەك، قاشلىرىغا ئوسما قويۇپ، قىزارغان يۈزلىرىگە مەڭ چېكىۋالغانىدى. ئۇلار دۇتار بىلەن ناخشىنىڭ ئاۋازىغا ماسلىشىپ پىرقىرىغاندا، ئاپئاق بىلەكلىرى شاكىلى ئېلىنغان توخۇمدەك يالت ـ يۇلت قىلىپ قالاتتى. نازۇك بەللىرى هېلىدىن ـ هېلى مىڭ تولغىنىپ، مىڭ

ئېگىلەتتى. خۇش خۇي چىرايلىرى، كۆلۈمسىرەپ جىلۋە قىلىشلىرى، قارىغان ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتاتتى.

ئۇدۇلدىكى پېشايۋاننىڭ پەلەمپىيىدە ئولتۇرغان بۇغداي ئۆڭلۈك چوكان ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا دۇتار چېلىۋاتاتتى. قىز ـ چوكانلارنىڭ بەزىلىرى ساپىقىدىن ئۈزۈلگەن گۈل سىياقى سولىشىپ ئولتۇرسا، بەزىلىرى توغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلىرىنى، ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن سۆيگەن يارلىرىنى ئەسلەپ ئوي ـ خىياللارغا بېرىلىپ كەتكەندەك قىلاتتى. چەتتە ئولتۇرغان ئاق پېشماق چوكان بولسا، دۇتارچى ئايال دۇتارنىڭ تارىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىۋاتقاندەك كۆز يېشىنى توختىتالماي ئېسەدىمەكتە ئىدى.

— سىڭىللىرىم! — دېدى دۇتار چېلىۋاتقان ئايال، باياتىن بېرى تىنىمسىز هەرىكەت قىلغان قوللىرىنى توختىتىپ، — پەم ـ پاراسەتلىك، راست سۆزلۈك ئۇستازلار بىلەن دانىشمەنلەرنىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا، ئاپاق خوجا قالماقلارنى باشلاپ كەلگەندىن كېيىن زامانىمىز پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئېلىمىزنى باشقۇرغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە سۇلتان سەئىدخان دېگەن كىشى جاهالەتنى ئادالەتتىن، تەرىقەتنى مۇسۇلمانچىلىقتىن ئۈستۈن قويماقچى بولغان ئىنسانلاردىن بىرنەچچىسىنىڭ كاللىسىنى ئالغانىكەن. سۇلتان ئابدۇرىشتخان دېگەن كىشى بولسا، مەرىپەت ئەھلىنى دىنغا قارشى ئادەملەر، دەپ تەشۋىق يۈرگۈزگەن بەدەخشانلىق سەئىد ئاسپىخان باشلىق يەتتە ئىشاننى يېسى ① دېگەن جايدا ئۆلۈمگە بۇيرۇغانىكەن. بۇ ئىشانلار قەدىمى يەتكەن يەردە مەرىپەت ۋە سەنئەت ئەھلىلىرىنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىپ، نەغمە ـ ناۋا چالغۇلىرىنى چېقىپ، ئۇسسۇل ئوينىغان، غەزەل ئېيتقان ۋە قوشاق ئوقۇغانلارنى «شەيتان پوقىنى

① يېسى — پوسكامنىڭ ياستۇلۇڭ دېگەن يېرىگە توغرا كېلىدۇ.

يېگەنلەر » دەپ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى ئارقىلىق جازالىغانىكەن . بايا مەن سىلەرگە ئوقۇپ بەرگەن ناخشىلار ، مۇشۇ يەكەن شەھىرىدە داڭقى چىققان ۋە تەرىقەتچىلەر تەرىپىدىن چوپان سۆيىنىڭ ياقىسىدىكى غارنىڭ تۆشۈكلىرىگە سولىنىپ ، بۇرۇقتۇم قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئون ئۈچ ئادەمنىڭ بىرسى بابائى قەمبەر ئاتىنىڭ غەزەللىرىدۇر . . .

رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن دانىيال خوجا :

— بۇ قەيەردىن كەلتۈرۈلگەن خوتۇن ؟ — دەپ سورىدى .

— ئوپالدىن ، — دەپ جاۋاب بەردى نىياز بەگ .

— سىڭىللىرىم ! — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى دۇتارچى ئايال ، — ئەمدى مەن سىلەرگە خەلقىمىزنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن ، سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ دەۋرىدە ياشىغان سەنئەت ئۇستازى ، شائىر ھەم ئالىم قىدىرخان يەركەندىنىڭ غەزەللىرىنى ئوقۇپ بېرەي .

ئۇ دۇتارنى تەڭشەپ ، يېنىك ۋە شوخ ئاۋازى بىلەن يەنە ناخشا باشلىۋەتتى :

كەچتىم مەن زامانىڭدىن ،
ياخشىكىم يامانىڭدىن .
ئاق سەللە ـ يېشىل سەللە ،
بىزارمەن تامامىڭدىن .
ۋاي دادەي ، بىزارمەن تامامىڭدىن .

كەمبەغەل كىيسە كۇلاھنى ،
شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس .
ئۆلگۈچە ئېيتسام مۇقامنى ،

مەن ئۇچۇن ماتەم ئەمەس.
ۋاي دادەي، مەن ئۇچۇن ماتەم ئەمەس.

— بەللى، گۈلبادام، ئۆلمىسلە ئوكام! — دەرۋازا تەرەپكە دومبىسىنى قىلىپ ئولتۇرغان ئەركىشى رازىمەنلىك بىلەن ۋارقىرىدى.

شۇ ئەسنادا دىۋانىبېگى نەشە چېكىپ، دەرەخ ئارىسىدا ئۇخلاپ قالغان قاراۋۇلنى ئويغىتىپ، دانىيال خوجىلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇچىسىغا قاراچەكمەندىن ئىشتان – چاپان كىيىپ، بېلىنى كۆك بەلۋاغ بىلەن باغلىۋالغان يېشىل سەللىلىك بۇ قاراۋۇلنىڭ كۆزلىرى خۇمالىشىپ، تىترىگەن پۇتلىرى بىلەن يەرنى ئارانلا دەسسەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كەيپى تېخىچە تارقىمىغاچقا، دانىيال خوجا بىلەن نىياز بەگكە ئېتىبارمۇ قىلماي: «كەش تار بولسا پۇتۇڭنى، جاھان تار بولسا يۇرتۇڭنى غاجايدىكەن ئەمەسمۇ...» دەپ غۇدۇرىدى.

ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن نىياز بەگنىڭ شۇنچىلىك جەھلى قاتتىكى، «بەتبەخت!» دېگىنىچە كاچىتىغا بىرنى سالدى، دەلدەڭشىپ تۇرغان قاراۋۇل پوگزەكتەك قاڭقىپ قېرى سۆگەتلەرنىڭ دالدىسىغا بېرىپ يىقىلدى.

— بۇ بەتبەختلەر نەشىلا چەكمەي، شارابمۇ ئىچىپتۇ، تېخى، — ئاچچىقتىن ئۆزىنى تۇتالمىغان دىۋانىبېگى دەرۋازىنى كۈچ بىلەن ئۇردى، — سايىماخۇن، ھەي، سايىماخۇن!

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئەركىشى ھودۇقۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى – دە، ئاياللارغا: «ھەممىڭلار كىرىپ كېتىڭلار!»دەپ بۇيرۇدى. چېچىلىپ ئولتۇرغان ئاياللار تايغان كۆرگەن توشقانلاردەك ئۆركۈپ، ھوجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. ئاندىن بايىقى ئەركىشى دەرۋازىغا سېلىنغان قۇلۇپنى ئېچىپ، دانىيال خوجىلارغا ئېگىلىپ سالام بەردى. ھەپسلى

پىر بولۇپ كەتكەن بۇ كىشىلەر، ئەلپازىنى بۇزۇپ ھويلىغا بۆسۈپ
كىرىشتى، لېكىن ئىككى چامداپلا توختاپ قېلىشتى، چۈنكى باشقا ئا-
ياللارغا ئوخشاش ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتمەي، پېشايۋاننىڭ پەلەمپىيىدە
ئولتۇرغان گۈلبادام بىر قولىدا دۇتارنى تۇتقان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ:
— كېلىشىسلە ئۇلۇغلۇرۇم، ھەرقايسىلىرىغا قەمبەر ئاتىنىڭ غەزەل-
لىرىنى ئوقۇپ بېرەيمۇ ياكى قىدىرخان يەركەندىنىڭ غەزەللىرىنىمۇ ؟
ياق، ئۇلارنىڭ غەزەللىرى پىسەنتلىرىگە سىغماس. ئەڭ ياخشىسى مەلىكە
ئامانىساخېنىمنىڭ، ياق، ياق، شامەشرەپنىڭ
غەزەللىرىنى ئوقۇپ بېرەي، — دېدى ۋە دۇتارنىڭ قۇلىقىنى تول-
غاشقا باشلىدى.

گۈلبادام ئىسملىك بۇ چوكاننىڭ ئۆزىنى نامەھرەم تۇتۇشنىڭ
ئورنىغا، پۈتۈن قەشقەرىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان زاتلارغا بىھۆرمەت-
لىك قىلىشى دانىيال خوجىلارنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇلار بىر - بىرىگە
« بۇ چوكان ئاينىپ قالغانمۇ نېمە » دېگەن مەنىدە قاراشتى.

گۈلبادامنىڭ سۆزلىرىنى چېكىدىن ئاشقان ھۆرمەتسىزلىك دەپ
ھېسابلىغان دىۋانبېگى، بۇ جايغا قەدەم تەشرىپ قىلغان كىشىلەرنىڭ دا-
نىيال خوجا بىلەن نىياز بەگ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى ھۇجرىسىغا
كىرگۈزۈۋەتمەكچى بولۇۋىدى، بۇنى ئاڭلىغان گۈلبادام خۇددى بىر ئادەم
بىقىنىنى غىدىقلىغاندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن ئۆزىنى توختى-
تىپ:

— ياراتقان ئىگەمگە مىڭ قەتلە شۈكۈر، ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ
ئارمىنىم يوق، — دېدى ۋە دانىيال خوجىغا قاراپ، — قېنى، ئېشەككە
كۆچى يەتمەي، توقۇمنى ئۇرىدىغان خوجام. مېنى دەررىلىرىگە باسسىلا،
ياق، ياق، ئاشۇ بىر يىلى ئۆزلىرىنىڭ پەرمانلىرى بويىچە ئۆلتۈرۈلگەن

ئېرىمغا ئوخشاش «چالما كېسەك» قىلىپ ئۆلتۈرسىلە. ئۆزلىرىنى «ۋەلىيۇللا خوجام» دەپ ئاتىغانلىرى بىلەن، كۈچ - قۇدرەتلىرى قالماقلارغا يەتمەي، بىزگە ئوخشاش ناتىۋانلارغا يېتىدىكەن. بۇ پانىي دۇنيادا ھەرقايسىلىرىغا ئوخشاش خوجاملار قوشلاپ خوتۇن ئېلىپ كەيپ - ساپا قىلسا، نەچچە پاتمان يەر - زېمىنلەرنى ئىگىلىسە، قاراڭغۇ تاغنىڭ سايلىرىغا پاتمايدىغان مال - ۋاران تۇتسا بولىدىكەنۇ، بىزگە ئوخشاش ئادەملەر سۆيگەن يارى بىلەن سۆزلەشسە، توغرا گەپنى قىلسا «دىندىن چىققان»، «شەرىئەتنى بۇزغان» بولىدىكەن، شۇنداقمۇ؟ خۇدايىم بۇ دۇنيانى ئۆزلىرىگە ئوخشاش خوجىلارنى ماي يەپ، ئەركىن يۈرسۇن، بىزگە ئوخشاش ناتىۋانلارنى سىلەرنىڭ سايەڭلەرگە سالام بەرسۇن دەپ ياراتقانمۇ؟ — گۈلبادام گېپىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، ئىشىك - پەنجىرىلىرى ھويلىغا قاراپ تۇرغان ھۇجرىلارغا قاراپ ۋارقىرىدى، — ھەي، «چاكار چوكان» دەپ ئاتالغان بەختى قارا سىڭىللىرىم، قاراڭلار! خەلقىمىزنى توغرا يولغا باشلىغۇچى، ئالىي سۈپەتلىك ھەزرىتى دانىيال خوجام ئالدىمىزغا كەپتۇ. مىڭ بىر تەشۋىش، خورلىنىش ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىپ ھايات كەچۈرگەندىن كۆرە، ھازىرلا مۇشۇ ئۇلۇغ «پىر كامىل»نىڭ ئالدىدا ئەجەل شەربىتىنى ئىچىپ، ئانا تۇپراقنىڭ قوينىدا ئارام ئالايلى!

— يۈرسىلە، نىياز بەگ، — دېدى دانىيال خوجا كەينىگە بۇرۇلۇپ. شۇ تاپتا ئۇ ئەقلى - ھوشى ئىشلەشتىن قالغاندەك ياكى گۈلبادام ئېيتقان سۆزلەرنىڭ يالقۇنىدا كۆيۈپ كەتكەندەك ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى.

— لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ... — نىياز بەگ ياقىسىنى تۇتتى.

«چاكار چوكانلار» تۇرىدىغان بۇ ھويلىغا

كېلىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئالىرى تاشقا ئۇرۇلغان ئەينەكتەك كۇ-
كۇم ـ تالقان بولغىنىدىن باشلىرى چۈشۈپ كەتكەن دانىيال خوجىلار
دەرۋازىدىن ئۇن بەش قەدەمچە ئۇزىغاندا، گۈلبادامنىڭ:
— كەرىمە ھۇللا خوجام، جالالاتلىرىنى تېزرەك ئەۋەتىپ، بىزنى
بۇ گىرىپتارلىقتىن تېزرەك قۇتقۇزسىلا؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

※ ※ ※

«چاكار چوكانلار» تۇرىدىغان ھويلىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە نىياز
بەگ بىلەن دىۋانبېگىگە باشقىچە تەسىر قىلدى. ئۇلار بۇ يەردىكى
ئاياللارنىڭ ئۆز بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى «ئاللانىڭ ھۆكمى، پېشانى-
مىزگە يېزىلغىنى شۇ» دەپ چۈشىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانا ۋە
قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭمۇ ئاشۇنداق ئەقىدىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى،
شۇنىڭدەك بۇ ئاياللارنىڭمۇ بەزى كۈنلىرى، بولۇپمۇ ھېيت ـ ئايەملەردە
ئاتا ـ ئانىلىرىنى، ئەل ـ يۇرتىنى سېغىنىپ يىغلايدىغانلىقىنى، بەزى
كۈنلىرى غەمكىن كۆڭۈللىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ناخشا ئېيتىپ، نەغمە ـ
ناۋا قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. لېكىن، بۈگۈنكىدەك نەغمە ـ ناۋانى ۋە
دانىيال خوجىغا تىل تەگكۈزۈپ ئېيتىلغان ناخشىلارنى، ھاقارەتلىك
سۆزلەرنى ئاڭلىمىغانىدى. ئۇلار دۇتارچى ئايالنىڭ ھاياسىزلىق بىلەن
دېگەن سۆزلىرىگە، دانىيال خوجىنىڭ شۇنچە دەرغەزەپ بولسىمۇ،
چىشىنى چىشلەپ، سەۋر ـ تاقەت قىلغىنىغا ھەيران بولاتتى.
دانىيال خوجىنىڭ سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇشىدىكى سەۋەب شۇ ئى-
دىكى، ئۇ ئاچچىق ھۆكۈمران بولسا ئەقلىنىڭ كېسىلىپ قالىدىغانلىقىنى
بىلەتتى. ئۇ قەشقەرىيىگە خان بولغاندىن بۇيان، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگى-
رىمۇ، دۇتارچى ئايال تۇرماق، بايلىقىدىن جاھانغا پاتماي كېرىلىپ
يۈرىدىغان ۋە مەنسىپىگە مەست بولۇپ، كۈندۈزى چىراغ ياقىدىغان ئا-

دەملەردىنمۇ بۇنداق كىشىنىڭ جان - جىنىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئاچچىق گەپلەرنى ئاڭلىمىغاندى. ئۇ بايىقى گۈلبادام دېگەن ئايال ئېيتقان غەزەللەر ۋە سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرىشىتخانلار دەۋرىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىشانلار توغرۇلۇق، ئىسمايىلخاننىڭ ئوردىسىدا يۈرگەن چاغلىرىدىلا خەۋەردار ئىدى. بىر نەچچە قېتىم بۇ ئىشلارنىڭ توغرا - خاتالىقىنى مەرھۇم ئاكىسى شۇ ئەيىب خوجا بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىپ: «ھەزرىتى روسۇلىللامۇ خەندەك غازىتىدا، خەندەك كولىغۇچىلار بىلەن بىللە ئىشلەپ توپا توشۇغاچ، ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھەنىڭ شېئىرىنى ئوقۇغانىكەن. بۇنى ئاز دېسىلە، كەئىب ئىبنى زۇھەير ئۆز قەسىدىسىنى ئوقۇپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۈستىدىكى تونىنى كىيدۈرۈپ قويغانىكەن» ① دېگەننى شىپى كەلتۈرۈپ، سۇلتان سەئىدخان بىلەن ئابدۇرىشىتخانلارنىڭ قۇتبىدىن ئىشان بىلەن ئاسپخان ئىشانغا ئوخشاش تەرىقەتچىلەرگە بەرگەن جازاسىنى توغرا دەپ ھېسابلىغانىدى، ھەتتا قەمبەر ئاتا، قىدىرخان يەركەندى، مەلىكە ئاماننىساخان قاتارلىق مەرىپەتچىلەرنىڭ بەزى غەزەللىرىنىمۇ يادلىۋالغانىدى، ئۇ چاغلاردا دانىيال خوجا تېخى يىگىرمىگە تولمىغان ئىلىم تەلەپ يىگىت ئىدى.

ھازىر بولسا، بايىقى خوتۇن ئېيتقاندەك، ئاپاق خوجىنىڭ كاساپىتىدىن غەربىي يۇرت جۇڭغارلارنىڭ ئىشغالىيىتىگە چۈشۈپ، زامان پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. زامانغا يارىشا ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىمۇ ئۆزگىرىپ، ئەللىكنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، جۇڭغارلارنىڭ قورچاق خانىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئېغىر كەلگىنى ۋە ئەلەم قىلغىنى «چاكار چوكانلار» تۇرىدىغان ھويلىدىكى نەغمە - ناۋا ۋە ئېيتىلغان

---

① «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى»، 238 - ۋە 340 - بەتلەر.

ناخشىلار بولماستىن ، بەلكى ئۇ يەرنى قورۇقداپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ لايىغەزەللىكى بىلەن ئادەتتىكى بىر دۇتارچى خوتۇننىڭ ئۆزىگە پىتىنىپ ياكى جىنىنى قولىغا ئېلىپ ئېيتقان : « ئېشەككە كۆچى يەتمەي ، توقۇمغا ئۇرىدىغان خوجام » ، « كۆچلىرى قالماقلارغا يەتمەي ، بىزگە ئوخشاش ناتىۋان ئايالالارغا يېتىدىكەن » دېگەن گەپلىرى ئىدى .

« دېمىسمۇ راست ئەمەسمۇ » دەپ ئويلىدى دانىيال خوجام « راستتىن ئېيتقاندا ، بۇ ئاجىز بىچارىلەردە نېمە گۇناھ ! بىراق بۇ ناتىۋان مەزلۇملار ، خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان ئادەمنىڭ ھېچكىمگە سا-يىسىنى چۈشۈرمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ - دە . ئەگەر ئۇلار ماڭا ئوخشاش جۇڭغارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا ، ھا-لىمنى چۈشەنگەن بولاتتى ... »

ئۇ مۇشۇنداق ئوي - خىياللار بىلەن ئوردا پېشايۋىنىغا چىققاندا ، كەينىدىن كېلىۋاتقان دىۋانبېگى قەدىمىنى تېزلىتىپ ، تېخى يېڭىراقتىلا ئابدۇللا باقاۋۇلدىن ئاڭلىغان خەۋەرنى يەتكۈزدى :

— مەۋلانە ھەزرەت جانابلىرى دارىلباقىيغا رەھلەت قىلغان ئوخشايدۇ .

— ھە ؟ — دانىيال خوجا چۆچۈپ كەتتى .

## ئىككىنچى باب

نىياز بەگنىڭ دانىيال خوجىغا گۈلبادامنىڭ « ئوپالدىن كەلتۈرۈل-گەن » دېگىنى يالغان بولۇپ ، ئۇ ئاقسۇ شەھرىدىكى مەشھۇر سازەندە يۇنۇس تەمبۇر دېگەن ئادەمنىڭ قىزى ئىدى . 1677 - يىلى ، ئاقسۇ-لۇق بىر نەچچە ئادەم مەككىگە ھەج قىلىشقا بارماقچى بولۇپ ، يۇنۇس

تەمبۇرنى خىزمەتكارلىققا ياللاپ ئالىدۇ ـ دە ، ھەجدىن قايتقاندا تاشلاپ كېتىدۇ . ئۇ بىر نەچچە يىل سەرگەردان بولۇپ ، ئاخىر مىسىرلىق بىر مۇپەسسىرنىڭ ئۆيىدە قورۇ خىزمىتىنى قىلىدۇ . ئۇنىڭغا ئۆز ۋەتىنىگە قايتىش ئۈچۈن سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا نېسىپ بولىدۇ ، خەلق ئۇنى يۇنۇس ھاجى دەپ ئاتىشىدۇ .

گۈلبادام ئەنە شۇ ئادەمنىڭ قىرىق ياشقا كىرگەندە كۆرگەن يالغۇز قىزى بولۇپ ، رەڭگىرويى قارىمۇتۇققىنا كەلگەن ، ئوغۇل بالىدەك قاۋۇل ۋە پاراسەتلىك ئىدى .

بىر كۈنى ( بۇ چاغدا گۈلبادام ئون ئىككى ياشتا ئىدى ) ، يۇنۇس ھاجى سەۋزە ساقلايدىغان ئورا كولاتماقچى بولۇپ ، ئىككى ئادەمنى باشلاپ كەلدى . ئۇلار كۆرسىتىلگەن يەرنى كولاپ ، توپىسىنى چىقىرىشقا باشلىدى . ئۇلارنىڭ ئىشىنى كۆزىتىپ تۇرغان گۈلبادام ئىككى مەدىكارغا :

— توپىسىنى تېشىغا چىقارماي ، كولىغان يەردىلا لاي ئېتىپ ، كېسەك قۇيۇپ بېرىڭلار . ئورىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئۈچ گەز ، كەڭلىكىمۇ ئۈچ گەز بولسۇن ، كېسەكنى ھويلىغا ، ئۇ يەرگە پاتمىسا ئېرىقنىڭ بوشلۇققا تىزىپ قويۇڭلار ، — دېدى .

بايىقى ئادەملەر بۇ ئىشلارنى ئورۇنداپ ، تېگىشلىك ھەققىنى ئېلىپ كەتتى . ئۇلار ھەم ئورىلىق ھەم كېسەكلىك بولۇپ قالدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، يۇنۇس ھاجىنىڭ قىزىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى ، ئەقىل ـ پاراستىگە بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ كۈچەيدى . ئۇ بىر كۈنى كەچتە :

— قىزىم ، ئەمدى سىزگە دۇتار چېلىشنى ئۆگىنىپ قوياي ، چۈنكى ساز دېگەن ئادەم قەلبىنىڭ تىلى ، ئۇ سازەندىنىڭ قولى ئارقىلىق ياڭراپ ، مىسكىن كۆڭۈللەرنى ئېچىپ ، كىشىنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى ئۇن-

تۇلدۇرىدىغان روھىي مەدەت، — دەپ نەچچە يىللاردىن بېرى قازناقتا تۇرىدىغان كونا دۇتارنى ئېلىپ چىقتى.

گۈلبادام ئۆزىنىڭ تەگتۈش دوستلىرىدەك قېشىغا ئۇسما، قولىغا خېنە قويۇپ ياسىنىپ - تارىنىپ كەتمەيتتى. لېكىن شۇنىڭغا قارىماي، يېشى ئون ئۈچكە توشمايلا، يۇنۇس ھاجىنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلەر كېلىشكە باشلىدى. يۇنۇس ھاجى ئىختىيارنى قىزىغا بەردى. گۈلبادام بولسا تۇرمۇشقا چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئەلچىلەرنى قايتۇراتتى.

ئارىدىن يەنە بىر نەچچە يىللار ئۆتتى. گۈلبادام ئون سەككىز ياشقا كىردى. تۆت - بەش يىلدىن بېرى ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالغان ئەلچىلەر يۇنۇس ھاجىنىڭ ئىشىكىنى يەنە ئېچىشقا باشلىدى. لېكىن بۇ ئەلچىلەر بۇرۇنقىلارغا ئوخشاش، گۈلبادامنى ئۆيلەنمىگەن ياش يىگىتلەرگە ئەمەس، خوتۇنى ئۆلگەن، بىر - ئىككى بالىسى بار بويتاقلارغا ياكى ئىككىنچى، ئۈچىنچى خوتۇنلۇققا سوراپ كېلەتتى. گۈلبادام بولسا ھامان ئۆز دېگىنىدە چىڭ تۇرۇپ، تۇرمۇشلۇق بولۇشنى رەت قىلاتتى.

قىزىنىڭ بۇ ئىشنى ياقتۇرمىغان يۇنۇس ھاجى قوشنا ئاياللار ئارقىلىق نارازىلىقىنى بىلدۈرۈۋىدى، قىزى: «پەيغەمبەر يېشىدىن ئاشقان ئاتامنى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ، ئەرگە تېگىشكە ۋىجدانىم يول قويمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

«قىز بالىلار توققۇز ياشقا كىرگەندە بالاغەتكە يېتىدۇ» دېگەن دىنىي ئەقىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ زامانلاردا، گۈلبادامنىڭ يېشىدىكى قىزلار ئەمەس، بەلكى 13 ـ 14 ياشلاردىكى قىزلارمۇ «ئولتۇرۇپ قالغان»، «بېشى تۈگۈلۈككە تاقاشقان» قىزلار دەپ قارىلاتتى. خەلق ئارىسىدا گۈلبادام توغرۇلۇق ھەرخىل پاراڭلار تارقىلىشقا باشلىدى. بىرلىرى: «بۇ قىزنىڭ بىر ئەيىبى، يا كېسىلى بولسا كېرەك»

دېسە ، يەنە بىرلىرى : « ئۇنىڭدا نەنىڭ كېسىلى بولسۇن ، رەڭگىگە قارىسامسىلەر ، توغاچتەك قىزىرىپ تۇرامدۇ . بۇ قىزنىڭ چوقۇم جىن - ئالۋاستىدىن ئېرى بار ، شۇنىڭدىن قورقۇپ ئەرگە تەگمەيدۇ » دېيىشەتتى .

كېيىنكى گەپ بارا - بارا ھەممە ئادەمنىڭ ئورتاق گېپىگە ئايلىنىپ كەتتى . ئۇلار يۇنۇس ھاجىنى كۆرگەندە ، گۈلبادامنى داخانلارغا ئوقۇتۇۋېتىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىشەتتى . بۇ ھال ياشنىپ قالغان يۇنۇس ھاجىغا روھىي جەھەتتىن ئىنتايىن ئېغىر كەلدى . ئۇ ئاغرىغان يېرىنى بىلمەي ، تاماققىمۇ كۆڭلى تارتماي بىر نەچچە كۈن يېتىپ قالدى .

— قىزىم ، — دېدى ئۇ بىر كۈنى سوۋۇتۇلغان كىشمىش سۈيىدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋېتىپ ، — ئاللاتائالا مەرھۇم ئانىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىشىمنى راۋا كۆرگەن بولسا ، سىزنى ئۆيىمىزدە يالغۇز قالدى دېسەم مېنى كەچۈرەرمۇ ؟

دادىسىنىڭ گېپىدىكى بېشارەتنى چۈشەنگەن گۈلبادام :

— ھەرگىز ئۇنداق بىھۇدە خىياللارغا بېرىلمىسىلە ، ئاتا . خۇدايىم بۇيرۇسا ، سىلى يەر دەسسەپ تۇرغان كۈنلەردە ، ئۆيىمىزدە ئۈچ ئادەم بولۇپ ياشايمىز ، — دېدى .

دېگەندەك ، يۇنۇس ھاجى ساقىيىپ ، تالا - تۈزگە چىققۇدەك بولغاندا ، گۈلبادام ئېگىز پەشتاقلىق مەدرىسنى تۈگەتكەن غىياز ئىسىملىك يىگىت بىلەن تۇرمۇش قۇردى . يۇنۇس ھاجىنىڭ ئۆمرىمۇ ئاخىرلىشىپ قالغانىكەن . ئۇ گۈلبادامدىن تۇغۇلغان تۇنجى نەۋرىسىنى كۆرۈپ دۇنيادىن ئۆتتى . بۇ جەرياندا ئۆز بېشىدىن نۇرغۇنلىغان ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۈزۈپ ، كۆپلىگەن ئەللەرنى كەزگەن ، كۆپلىگەن

دانــشمەنلەرنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولۇپ ، نۇرغۇنلىغان كىتابلارنىڭ بىر-
ـتىنى ۋاراقلىغان يۇنۇس ھاجى قىزى بىلەن كۆيئوغلىغا بىرمۇنچە تۇرمۇش
تــەجرىبىلىرىنى ، ئاتىلىق ۋەسىيىتىنى دەپ ئۆلگۈرگەنىدى . بۇنىڭ ئىچىدە
تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئۇلارنىڭ ئېسىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالدى .

« مۇھەمـمـەد ئەلەيھىسسالام : ھۇببۇل ۋەتەن ، مىنەل ئىمان ، يەنى
ۋەتــەنــنــى سـۆيـۈش ئــىمان جۈملىسىدىندۇر دەپتىكەن ، بالىلىرىم . ئىمان
بــىــلــەن ياشــاي ، ئىمان بىلەن ئۆلەي دېسەڭلار ، يــۇرتــۇڭــلارنـــى سۆ-
يۈڭلار » دېگەنىدى يۇنۇس ھاجى . « مانا مەن بىرقانچە يىللار ئەجنەبىي
مەمـلـىكەتلەردە سەرگەندار بولۇپ شۇنى چۈشەندىمكى ، ئادەم بالىسى ئۆز
ۋەتــىــنــىــدىــن بــاشقا يەردە قورسىقى توق ، ئۈچىسى پۈتۈن پۇقرا بولۇشى
مۇمـكــىــن ئــىكەنۇ ، لېكىن ئۇ يەرنىڭ ۋارىسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئى-
كەن . ھــازىــر قــالــمــاقــلارغــا يــۆلــىــنــىــپ ھــاكــىمــىــيــەت ئۈستىگە
چــىــقــىــۋالغان خوجا ـ ئىشانلار ئانا ۋەتىنىمىزنى زۇلمەت گىردابىغا ئىتتىر-
مەكــتــە . ئۇلار دىــنــىــمــىزنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ ، ئۆزلىرىنى ئاللانىڭ
ۋەكــىــلــى دەپ روسۇلــىـللادىن ئۈستۈن قويماقتا . خەلقىمىزنىڭ بېشىنى
تــەرىــقــەتــچــىــلىك بىلەن ئايلاندۇرماقتا . بۇ تەرىقەتچىلىك دېگەن نەرسە ،
ئۆيــى بار ، بالا ـ چاقىلىرى بار ئادەملەر ئۈچۈن ئەمەس ، تولىراق كەتمەن
سېپــىــنــى تــۇتــسا قولى قاپىرىدىغان ، باشقىلارنىڭ كۈچى بىلەن ھايات
كــەچۈرۈشنى خالايدىغان خوجا ـ ئىشانلار ئۈچۈن لازىم . ھازىر ئانا ۋەتى-
نــىــمىز ئىشغالىيەتچىلەر قولىدا ئىگراپ تولغىنىۋاتسا ، خەلقىمىز ئۆز يېرىدە
تــۇرۇپ نــانــغا تويمىسا ، تەرىقەت يولىدا تەركىدۇنيا بولۇپ ، رىيازەت چې-
كــىــشــنــىڭ نــېمە ھاجىتى بار ؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام : سىلەر ئۆزۈڭلار
زورۇقــماي قــىلالايــدىغان ئىبادەتلەرنى قىلىڭلار ، سىلەر زېرىكىپ قالمىغۇ-

چە، ئاللا زېرىكىپ قالمايدۇ، ① دېگەن».

«ئادەملەرنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان نەرسە نادانلىق بىلەن تەپرىقىچىلىكتۇر» دەپ سۆزلىگەنىدى يەنە بىر قېتىم. «قاچانكى، دىيارىمىزغا تەرىقەتچى خوجىلارنىڭ قەدىمى يەتتى، خەلقىمىز ئارىسىغا مۇشۇ كېسەلنى تارقاتتى. ئۇلار ئۇيۇشقاقلىقى، قەيسەرلىكى، ئادالەتلىكلىكى، مىللىي غۇرۇرى ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان خەلقىمىزنى روھىي جەھەتتىن نابۇت قىلىپ بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان ۋە ئۆزئارا زىتلىشىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان ھالەتكە كەلتۈردى. بۇ قالماقلارغا يۆلىنىپ بىزنى باشقۇرۇۋاتقان خوجىلارنى، بالىلىرىم، شىرغا خۇشامەت قىلىپ ھايات كەچۈرۈۋاتقان قارا قۇلاققا ئوخشاتسا بولىدۇ: ‹ مېنىڭ شىرغا يېقىن بولۇشۇم، دېگەنىكەن قارا قۇلاق، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭدىن ئاشقان ـ تاشقاننى يەيمەن. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ پاناھىدا باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىمەن ›. ھازىر بىزدە بەتنىيەت، خۇشامەتچى، تۇزكور ۋە ساتقۇنلۇق بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان ئەمەلدارلار بىلەن موللا ـ ئىشانلار كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار دىيارىمىزدىكى خەلقنى نادانلىقتىن ئويغىتىپ، مەرىپەتكە باشلاشنىڭ ئورنىغا باسقۇنچى قالماقلارغا يان تاياق بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھالاۋىتىنى ئويلىماقتا. مەن سىلەرگە سەئدىيە خانلىقى دەۋرىدە بۇنداق تۇزكورلۇق يولىغا كىرگەن ئادەملەرگە قانداق مۇناسىۋەت قىلىغانلىقى ھەققىدە ‹ پەتىۋا شېرىپ › دېگەن كىتابتىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ بېرەي.» يۇنۇس ھاجى جوزىنىڭ چېتىدە تۇرغان كىتابنى ئېلىپ ئۇنىڭ خەتكۈچ سېلىنغان بېتىنى ئوقۇشقا باشلىدى: «تۇزكورغا يان باسقان، بولۇشقان ئەۋلادتىن، دوست ـ يارەندىن تېنىپ كەتمەكلىك، قاچماقلىق پەزىلەتتۇر ۋە ئەڭ ئالىي مۇسۇلمان ساۋابىدۇر..

---

① «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى»، 102 ـ ھەدىس.

. يەر يۈزىدە خائىنىنىڭ كۆلكىسىنى ئاڭلاشتىن ئېغىر ئازاب، گۇناھ، ئەلەم يوقتۇر. خائىنىنى كۆرمەك بەتبەختلىكتۇر... خائىنلارنى يەكلەڭلار، ئۇلارغا تۇغقان بولماڭلار، دۇئا قىلماڭلار، دۇئا ئالماڭلار! خائىن يۈرگەن يولغا كىرمەڭلار، خائىن كۆمۈلگەن زاراتگاھلىققا مېيىت قويماڭلار، خائىنىنىڭ تووۇسىغا ئىشەنچ قىلماڭلار! خائىنغا ھۆرپەيمىگەن شىكار ئىتلىرىنى قىرىپ تاشلاڭلار! خائىنغا ھومىيىش، تۆكۈرۈش... ھەربىر ۋىجدانلىق، راۋۇرۇس ئىنسان ھەم مۇسۇلماننىڭ ۋىجدان ـ ئىمان قەرزىدۇر... خائىننى رەسۋا قىلماق ـــ ھەربىر ئىنسانغا، تاڭلا مەھشەر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ساۋاب، ئىككى ئالەملىك شۆھرەت، ئانا سۈتىگە جاۋاب، ئەل ـ يۇرتقا تۆھپە ھېسابلانغاي... خائىن ئاللانىڭ غەزەپ، بەندىنىڭ نەپرەت ئوچىقىدۇر ... »

مۇنداق پەند ـ نەسىھەتلەر كۆپلىگەن ئادەملەرگە ئوخشاش، جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ئاللانىڭ ھۆكمى دەپ قارايدىغان؛ خەلقنىڭ گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ « ئاق تاغلىق »، « قارا تاغلىق » بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قارشى بولۇشىنى « تەقدىردىن » دەپ چۈشىنىدىغان؛ ئۆزلىرىنى « پەيغەمبەر ئەۋلادى » دەپ، مىڭلاپ ئادەملەرنى مۇرىت قىلىۋالغان تەرىقەتچى خوجا ـ ئىشانلارنى « ئۇلۇغ ئادەملەر »، « ئەۋلىيالار » دەپ ئويلاپ يۈرگەن كۆيئوغلى غىيازنىڭ چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتكەنىدى.

شۇڭا، ئۇ تەگتۇشلىرى بىلەن بازار ـ گۈزەرلەرگە يىغىلغان ئادەملەر ئارىسىدا جۇڭغارلار بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ، ئۆز خەلقىنى كانىدەك شوراۋاتقان خوجىلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى شىكايەت قىلىپ، ئۇلارنى خەلقنىڭ ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ شىللىسىگە

مىنۋالغان «رودۇپايلار»، «دىنىمىزنى، خەلقىمىزنىڭ روھىنى، مىللىي غۇرۇرىنى تەرىقەتچىلىك بىلەن زەھەرلىگەنلەر» دەپ ئەيىبلىدى. بىراق، نەسەب جەھەتتىن پەيغەمبەر ياكى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ئەۋلادى بولمىغان يىگىتنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغۇچىلار «راست ئېيتىۋاتىدۇ، توغرا دەۋاتىدۇ» دەپ ماقۇللىسىمۇ، قانداقتۇر بىر كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئىلاھىي كۈچتىن ئەيمىنىپ، ئارقىسىدىن ئەگەشمەيتتى. بەزى ئادەملەر بولسا: «زامانىنىڭ رەپتارىغا قاراپ كۈن كەچۈرۈشنى بىلمەيدىغان تەنتەك» دېيىشەتتى، ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرسى «ئىسھاقىيە» چى خوجىلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، پەرمانقۇل ئىشانغا خەۋەر قىلدى. بۇ ئىشان بولسا دانىيال خوجىغا يەتكۈزدى. نەتىجىدە، نىمە قىلارىنى بىلمەي، كۈچ ـ قۇۋۋىتى تېنىگە سىغماي يۈرگەن بۇ ياش يىگىت يەكەنگە يالاپ كېلىنىپ، «چالما كېسەك» قىلىنغانىدى.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن، گۈلبادامنىڭ ھاياتىدىكى غەم ـ قايغۇلۇق ئېغىر كۈنلەر باشلاندى. ئېرى ئۆلۈپ بىرەر يىلمۇ ئۆتمەي، دەرەخ سايىسىدە دوستلىرى بىلەن ئۈچكە ئويناۋاتقان بەش ياشلىق قىزىنى ئىلىغا ماڭغان بىر توپ مەست جۇڭغار لەشكەرلىرىنىڭ ئاتلىرى دەسسەپ ئۆلتۈردى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، قېينانىسى كىچىك بالىسىنى تارتىۋالدى.

گۈلبادام ئەنە شۇنداق دەرد ـ ئەلەملەرگە دۇچار بولسىمۇ، ئاتام بىلەن ئانامنىڭ، ئېرىم بىلەن قىزىمنىڭ روھىغا كىم دۇئا قىلىدۇ؟ كىم يالغۇز بالامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ؟ دېگەن ئويغا كېلىپ، ھەممىگە چىدىغان ۋە بەرداشلىق بەرگەنىدى. لېكىن، ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا، قېينانىسى كۈنچىلىك قىلىپ، بەش بالىسى بار، خوتۇنىنىڭ بۇرنىنى كېسىۋەتكەن بىر تۇغقىنىغا گۈلبادامنى چېتىپ قويۇش كويىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتى چېكىگە يەتتى. يۈرەك ـ

باغرىنى خۇن قىلىۋەتكەن بۇ دەرد ــ ئەلەملىك دۇنيا كۆزىگە تار ھەم قاراڭغۇ كۆرۈنگەن گۈلبادامنى « كەرىمە ھۇللا پىر » دەپ ئاتالغان دانىيال خوجىغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ ئۆلۈش قارارىغا كەلتۈردى ــ دە، بىر كۈنى كەچتە دۇتارىنى ئېلىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

مانا شۇنىڭدىن بېرى، پۈتىنى ئات، قولىنى قامچا قىلغان گۈلبادام تارىم دەرياسىنىڭ بويلىرىدىكى يېزا ــ كەنت، شەھەرلەرنى ئارىلاپ كۆڭلىدىكى تۈگىمەس ــ پۈتمەس قايغۇ ــ ھەسرەت ۋە غەزەپ ــ نەپرىتىنى دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ خەلقى ئالەمگە ئايان قىلدى، لېكىن كىيىم ــ كېچەكلىرىنىڭ جۇلقى چىققان، چاچلىرى پاخپىيىپ، رەڭگى ــ رۇخسارى كىرلەشكەن، دۈمبىسىگە خالتا ئېسىۋالغان گۈلبادامنىڭ ھال ــ مۇڭىنى ھېچكىم سورىمايتتى. چۈنكى بۇنداق جاھانگەزدى بولۇپ يۈرگەن ئادەملەر ھەممىلا يەردە ئۇچرايتتى.

گۈلبادام بىرەر چايخانا ياكى بىرنەچچە ئادەم باش قوشقان يەرگە كېلەتتى ــ دە، بەزى ناخشىچىلار سوپى ــ دەرۋىشلەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئېيتمايدىغان ياكى ئىشىك ــ تۈڭلۈكلىرىنى تاقاپ ئېيتىدىغان ناخشىلارنى باشلىۋېتەتتى.

ھەشتارىمىز قىلسا خەندان،
دىيارىمىزنىڭ بوستانىدا،
قۇزغۇن ئۆلۈپ، بۇلبۇل كۈلەر،
نەغمە ــ مەشرەپ داستانىدا.

ئون ئىككى چوڭ تولۇنئايدەك،
دىل رىشتىگە مەشئەل ياقار،
ئۇنىڭ ئەمەس، بۇنىڭ ئەمەس،

## يوقسۇللارنىڭ بوستانىدا ①.

ئايال كىشىنىڭ بازار ـ رەستىلەردە دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتى-شىغا، يەنە كېلىپ «زامان كۆتۈرمەيدىغان ناخشىلار» نى ئېيتىشىغا ھەيرانۇ ھەس بولغان ئادەملەر يانچۇقلىرىنى كولايتتى، قاپچۇقلىرىنىڭ ئاغزىنى ئاچاتتى.

گۈلبادام ھەر دائىم ئېيتقان ناخشىسىنىڭ ئاخىرىنى:

«ئۇرغىلى بولماس خوجىنى،
تىللاشقا بولماس خوجىنى.
مۇسۇلماننى خار قىلغان،
خۇدا ئۇرسۇن خوجىنى.

دېگەن قوشاق بىلەن تۈگىتىپ، كەينىدىن يىغلىۋېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ئادەملەر: «بىچارە ئايال ئاينىپ قاپتۇ ـ دە»، «ئەقلى-دىن ئاداشقان ئوخشايدۇ» دېگەن ئويلارغا كېلەتتى.

گۈلبادام ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزىگە ئوخشاش كۈرمىڭلىغان ئادەملەرنىڭ بېشىغا چىدىغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە غۇربەتلەرنى كەلتۈرگەن دانىيال خوجىغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بولسىمۇ، ئۆچىنى ئېلىش نىيىتىدە يەكەنگە كەلدى.

بىراق، ئۇنىڭ بۇ ئويى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇ دانىيال خوجىنى كۆرۈش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنى ئوردىسىغىمۇ يېقىن يولاتمىدى. بېشىغا سەللە ئوراپ، قولىغا پۆپۈكلۈك نەيزە تۇتقان سىپاھلار گۈلبادامنى ھەتتا ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغىمۇ يېقىن كەلتۈرمىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ دانىيال خوجىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇ ئەمدى يەكەن-

---

① قەدىرخان يەركەندىنىڭ شېئىرلىرىدىن.

ىنىڭ بازار ـ گۆزەرلىرىدە تەرىقەتچى خوجىلار بىلەن ئىشانلارنى مەسخىرە قىلىدىغان ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئىچى ـ قارىنىنى بوشىتىشقا كىرىشتى.

گۇلبادامنىڭ بۇ ئىشىمۇ ئۇزاققا بارمىدى. كۈنلەر ئىسسىپ، يەكەننىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرى چېچەكلەپ، سۆگەتلەر چوكان چىقىرىشقا باشلىغان چاغدا، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل مۇقەددەم، ياللانما دەرۋىشلەر بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ، ئېرىنى تۇتۇپ كەتكەن پەرمانقۇل ئىشاننىڭ قولىغا چۈشۈپ، مىرشاپخانىغا تاپشۇرۇلدى. ئۇ يەردىن « چاكار چوكانلار » تۇرىدىغان ھويلىغا كەلتۈرۈلدى.

ئۇنىڭ دانىيال خوجىغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بولسىمۇ ئۆچىنى ئېلىش ئارمىنى، قايسى كۈنى مۇشۇ يەردە ئەمەلگە ئاشقانىدى.

## ئۈچىنچى باب

ئۆمۈر بويى: ئەھلى مۇسۇلمانلار بۇ دۇنيادا جاپا تارتسىمۇ، ئۇ دۇنياغا بارغاندا راھەت ـ پاراغەتتە ياشايدۇ. جەننەتتىكى شېرىن مېۋىلەرنى يەپ، كەۋسەر بۇلاقلاردىكى شەربەتلەرنى ئىچىدۇ. ھۆر ـ غىلمانلار بىلەن چارباغلاردا ئويناپ كۈلىدۇ ... ، دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان مەۋلانە ھەزرەت، يېشى سەكسەندىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزى ماختىغان ئۇ دۇنياغا كېتىشكە ئالدىرىمايتتى. ئەزرائىلمۇ بۇ ئادەمگە كۆز تاشلىماي، كېيىنى تىزىدىن ئاشمىغان، قورسىقى ناغىدا تويمىغان ۋە خوجىلار بىلەن ئىشانلارغا تىل تەگكۈزگەن ئادەملەر بىلەن ياش بالىلارنىڭ جېنىنى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

بىراق، جەۋزا ئېيى كىرىشى بىلەن مەۋلانە ھەزرەت ئۆزىچىلا ئۇلۇغ ـ تەتۈر گەپلەرنى قىلىپ، قالايمىقان سۆزلەيدىغان ۋە تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا كۈلۈپ كېتىدىغان قىلىق چىقاردى. ئۇنىڭدىن

كېيىن، داستىخان ياكى
جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغاندا : « ئالما گۈلىدەك يارىم، خېنە گۈلىدەك يارىم » دەپ ناخشا ئېيتىدىغان بولۇۋالدى. ئېرىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن قۇشناچىم ھە دېگەندە ئانچە ئېرەن قىلمىدى. ھەتتا قايسىبىر كۈنى نىياز بېگىمنىڭ ئاغچىسىنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتتە : « ئەر خەق دېگەننىڭچۇ، ئاغچىلىرىم، ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالسىمۇ، كۆڭلى قېرىمايدىكەن، بىزنىڭ ھەزرەت ئون يىلدا سەككىزنى يولغا سالغىنىغا قارىماي، ھازىر يەنە ئالما گۈلىدەك يارىم، دەپ ناخشا ئېيتىدىغان بولۇۋالدى. تايىنلىق، ئۇنىڭ قېرى كۆڭلىگە، كۆڭلۈم تويۇپ تۇرىدۇ، بىر ھاياسىز چوكان يۈزىنى ئېچىپ كۆزىنى ئويىنىتىپ چوغ سېلىۋەتتى ... » دەپ سۆزلىگەنىدى. ئەمما ئارىدىن بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتتۈپ، مەۋلانە ھەزرەت كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيگىلى ئۇنىمايدىغان، كىيىندۈرۈپ قويسا يىرتىۋېتىدىغان، يامان گەپلەرنى قىلىپ تالاغا قاچىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ روھىي كېسەلگە مۇپتىلا بولغانىدى. بىراق، قۇشناچىم ئېرىمگە جىن تەگدى دەپ، داخانلارغا بىرنەچچە قېتىم ئوقۇتتى.

مەۋلانە ھەزرەتنىڭ كېسىلى ئوردا ئەركانلىرىغا ئاڭلانغاندىن كېيىن، ئۇلار پايپېتەك بولۇشۇپ، يەكەن بىلەن خوتەندىكى مەشھۇر تېۋىپلارنى چاقىرىپ داۋالاتتى. لېكىن، ئەجىلى توشقان ئادەمگە دورا - دەرمەك داۋا قىلمايدىكەن. مەۋلانە ھەزرەت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەنە شۇنداق كېسەل بىلەن دۇنيادىن ئۆتتى.

دانىيال خوجا بۇ ئادەمنىڭ روھىي كېسەلگە مۇپتىلا بولغىنىنى ئىلى تەرەپتىن كەلگەن كۈنىلا ئاڭلىغان بولسىمۇ، بىر - ئىككى كۈن ھاردۇقىنى چىقىرىپ، ئاندىن يوقلاپ قويۇشنى ئويلىغانىدى. لېكىن، خۇنتەيجى تويغا چاقىرغان چاپارمەن كېلىپ، ئىشلىرى كۆپىيىپ

بارالمىغانىدى .

بۇگۈن بولسا ، مەۋلانە ھەزرەتنىڭ جىنازىسىنى ئوقۇپ ، ئوردا ئەركانلىرى بىلەن تۇپراق بېشىغا چىقماي ، ئوردىسىغا يېنىپ كەلدى . ئۇ مەۋلانە ھەزرەتنىڭ ئاق چۈنچەن بىلەن يېپىلغان تاۋۇتىنى كۆرۈپلا ، بۇ ئادەمنى يورۇق دۇنيادىن ئېلىپ كەتكەن ئەجەل پەرىشتىسىنىڭ ، بىر كۈنى ئۆزىنىمۇ ئەكىتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، روھى چۈشۈپ مىسكىنلەشتى . شۇڭا ئوردىغا كىرىپلا ئۆزى بىلەن سوگدىشىپ كېلىۋاتقان دىۋانبېگىگە :

— مېنى ھېچكىم بىزاۋىتە قىلمىسۇن ، — دەپ تاپشۇردى .

ئۇ تەخت قويۇلغان ئۆينىڭ بىقىنىدىكى ئارامخانىغا كىرىپ جۇگغار خۇنتەيجىسىنىڭ تويىغا بارغاچ ، ئۇ يەردىن پۈتتۈرۈپ كېلىدىغان ئىشلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرمەكچى بولۇۋىدى ، كۆز ئالدىدىن مەۋلانە ھەزرەتنىڭ قىياپىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر بىر - بىرلەپ ئۆتتى .

دانىيال خوجا بۇ ئادەم بىلەن قىرىق يىلنىڭ ئالدىدا تونۇشقان ، بۇ چاغلاردا پۈتۈن قەشقەرىيىگە ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ ھۆكمى يۈرگۈزۈلۈپ ، « ئىسھاقىيە » سۇلۇكىگە مەنسۇپ خوجىلاپ تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان زامانلار ئىدى . « ئىشقىيە » سۇلۇكىدىكى سوپى - دەرۋىشلەر ، شەھەرلەر - يېزىلارنى تىمىسقىلاپ ، ھىدايەتۇللا ئىشانغا شەك كەلتۈرگەن ياكى قارشى تۇرغان ئادەملەرنى قاتتىق جازالايتتى . ئاۋام خەلق ئوقۇغان نامىزىدا خۇداغا مۇناجات قىلىپ : « پىرىمنىڭ ( ئاپاق خوجىنىڭ ) غەزەپ - زۇلمىدىن ، زامانىنىڭ خېيىم - خەتىرىدىن ، كۈندۈزنىڭ قازاسىدىن ، كېچىنىڭ بالاسىدىن ، قۇرۇق سۆز ، قۇرۇق تۆھمەتتىن ، تىلى يامانىنىڭ تىلىدىن ، دىلى يامانىنىڭ دىلىدىن ، نەپسى يامان ئىشان بىلەن پېشكەل سوپىدىن ، ئىنساپسىز خوجىدىن ، ئاغرىق - سىلاقتىن ساقلىغايسەن ، خۇدايىم ؟ » دېيىشەتتى .

ئەنە شۇنداق مۇشكۇل زامانلاردا جەندىگە ئورۇنۇپ ئاقسۇدىن كۇچا، كورلىغىچە ۋە خوتەندىن چەرچەنگىچە بولغان جايلاردا قۇرئىلىق قىلىغاچ دەرۋىشانە يۈرۈپ «ئىسهاقىيە» سۇلۇكىنى تىرىلدۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغان دانىيال خوجا يەكەن، قاغىلىق، گۇمىغا ئوخشاش شەھەرلەردىكى پائالىيىتىنى مۇشۇ مەۋلانە ھەزرەتنىڭ دالدىسىدا يۈرگۈزگەن ۋە بۇ ئادەم بىلەن بىللە 1694 - يىلى، ئاپاق خوجىنى مەخپىي ھالدا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى. خىنىم پاشانىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىمۇ، مۇشۇ ئادەمنىڭ ماددىي - مەنىۋى ياردىمىدىن پايدىلانغانىدى. بۇلاردىن باشقا، يەنە مۇشۇ ئادەم ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، ئۈچ مىڭ چاقىرىمدەك يول بېسىپ، جۇڭغار خۇنتەيجىسگە سوۋغا - سالام ئاپىرىپ، ئۆزىنى گۆرۈلۈكتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئۆيۈشتۇرغانىدى.

دانىيال خوجا مۇشۇلارنى ئەسلەپ، ئېغىر كۆڭلەردە ئەسقاتقان بۇ ئادەمنى يوقلاپ قويمىغىنىغا قاتتىق ئەپسۇسلاندى: «ئەجەب يېگىلىپتىمەن - دە، بۆرە چېغىدا ئۆزىنىڭ ھەمراھىغا ۋاپاسىزلىق قىلمايدىغۇ»

ئۇ خۇددى بىر كىم قولتۇقىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈۋەتكەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، دىۋانبېگىنى چاقىردى ۋە:

— خەزىنىچى بەگنى باشلاپ كىرسىلە، — دېدى.

— ئۇ كىشى ھەزرىتىمنىڭ دەپنە مۇراسىمىدىن تېخى قايتمىدىغۇ.

— ئۇنداق بولسا، خەزىنىچى بەگنى تېپىپ، مەۋلانە ھەزرەتنىڭ ئۆيىگە بېرىشسىلا، مەرھۇمنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ھەممە خىراجەتنى مېنىڭ ھېسابىمدىن كۆتۈرسۇن.

— خوپ.

دىۋانبېگى چىقىپ كېتىشى بىلەن دانىيال خوجا مۇرىسىنى باسقان

ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ، بىرئاز يېنىكلىشىپ قالدى . ئەمما ئۇنىڭ يادىغا « چاكار چوكانلار » تۇرىدىغان هويلىدا يۈز بەرگەن تۈنۈگۈنكى ۋەقەلەر كېلىپ ، كۆڭۈل ئارامى يەنە بۇزۇلدى ، يۈرەك ـ باغرىنى سۆز نەيزىلىرى بىلەن تىلغىۋەتكەن گۈلبادامنىڭ هېچ نەرسىدىن قايتمايدىغان قىياپىتى كۆز ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنى غايىبانە « بەتبەخت ! » دەپ تىللىۋەتتى . ئاندىن پەردىسى يېرىم يېپىقلىق تۇرغان دېرىزىگە كېلىپ ، مەقسەتسىز هالدا باغ تەرەپكە قارىدى . باغۋەن يەكتىكىنىڭ يەڭلىرىنى جەينەككىچە تۈرۈپ ، تىوزۇپ كەتكەن ئەتىر گۈللەرنى گۈل قايچىسى بىلەن كېسىۋاتاتتى .

« بۈگۈن كەچتە پەرمانقۇل ئىشاننى چاقىرىپ ، هېلىقى گۈلبادام دېگەن هاياسىز خوتۇننىڭ روهىي قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتسىلە دەپ تاپشۇرايمىكىن ؟ » دەپ ئويلىدى دانىيال خوجا ئېرىق بويىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان ئەتىرگۈللەرنىڭ غازاڭلىرىغا قاراپ . شۇ ئارىدا گۈلبادامنىڭ جاللاتلىرىنى تېزرەك ئەۋەتسىلە ، خوجام دېگەن ، سۆزلىرى يادىغا كېلىپ ، يۇقىرىقى ئويىدىن يالتايدى : « ئۇ بەتبەخت ئايالنى ئۆلتۈرگىنىم بىلەن روهى پەرۋاز قىلىپ ، تېنى ئارام ئالىدۇ . بۇنداق جازا ئۇ قانجۇققا ئاز ، ئۇنىڭغا بۇنداق ئۆلۈم راۋا ئەمەس . بۇنداق رەسۋا ئاياللار دۇنيادىن ئۆمۈر بويى ئازابلىنىپ ئۆتۈشى كېرەك . ئۇنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىن سىم قامچىسىنى ئايرىمايدىغان بىرەر جۇڭگارغا بەرسەم ، شۇ چاغدىلا ئۆچۈمنى ئالغان بولىمەن ... » دېگەن ئويغا كەلدى . ئۇ كەچتە ئەركانلىرىنى چاقىرىپ ، ئۇلارنىڭ هېچقايسىسى كۈتمىگەن مۇنۇ گەپلەرنى قىلدى :

— مەۋلانە هەزرىتىم بارچىمىزنى مۇسىبەتكە مۇپتىلا قىلىپ ، دارىلباقىيغا رەهلەت قىلدى . مەرهۇم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەهكامى شەرىئەتنى قوغداپ ، خاندانلىقىمىزنى مۇستەهكەملەش يولىدا ئەقىدە قىل-

غانىدى ، — دانىيال خوجا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك ، بىر پەس گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى ـ دە ، ئاندىن يەنە داۋام قىلدى ، — بابا ئارامخانىدا ئولتۇرۇپ ، سەل ـ پەل ئۆگدىگەندەك بوپتىكەنمەن ، تىلىدىن دۇرۇت ، قولىدىن تەسۋى چۈشمەي ، زېمىننى بىتەرەت دەسسىمەي ، مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى ئالەملىك غېمىنى يېگەن ئابا ـ ئەجدادىم ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ : « سولىشىپ قالغان گۈللەرنى ئىگىسىگە بېرىۋېتىش لازىم » دېگەن زەبانى قۇلىقىمغا ئاڭلانغاندەك بولدى ـ دە ، تەربىتىمنى يەڭگۈشلەپ ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدۇم . مەزكۇر بېشارەتتىكى « سولىشىپ قالغان گۈللەر » قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرغان « چاكار چوكانلار » بولسا كېرەك ، دېگەن ئويغا كەلدىم ، — ئۇ يەنە بىرئاز توختاپ ئاق كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىدىن ياغلىقىنى ئالدى ، ئاندىن پېشانىسى بىلەن بويۇنلىرىنى ئېرتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئەتە نىياز بەگ بىلەن بىرنەچچىمىز خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ تويىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقىمىز . ئەگەر ھەربىرىڭلارغا توغرا كەلسە ، ئابدۇقادىر مۇپتى جانابلىرى بىلەن دىۋانبېگى باشلىق بىرنەچچەيلەننىڭ ئەتىلا بارلىق « چاكار چوكانلار » نى مەھكىمە شەرئىگە ئەكىلىپ ، تۇۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇتۇپ ، ئىگىلىرىگە قايتۇرۇۋېتىشنى لايىق كۆردۈم . بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدىن دىنىمىزنىڭ بەرھەقلىقى ئۈچۈن كۆچ چىقارغان ئابا ـ ئەجدادىمىز ئىسھاق ۋەلىيۇللاغا ئوخشاش ئەۋلىيالىرىمىز بىلەن مەرھۇم مەۋلانە ھەزرەتنىڭ روھى پاكلىرى خۇرسەن بولغۇسىدۇر .

ئوردا ئەركانلىرى دانىيال خوجىنىڭ سۆزلىرىنى :

— ئارى راست !

— بۇنداق شاپائەت ، خوجام ھەزرەتلىرىگە ئوخشاش ئالىي نەسەب كىشىلىرىگىلا خاستۇر ! — دېگەنگە ئوخشاش ئالقىشلار بىلەن

قوللاپ -قۇۋۋەتلىدى.

شۇ كۈنى دانىيال خوجا خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن پەرمانقۇل ئە-شان بىلەن ئابدۇللا باقاۋۇلنى چاقىرىپ:

— كېچىنىڭ نىسپى ئۆتۈشى بىلەن «چاكار چوكانلار» تۇرىدىغان ھويلىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى لەقۋا قاراۋۇللارنى زىندانبەنت قى-لىڭلار ۋە گۈلبادام دېگەن خوتۇن بىلەن ئىككى نەپەر سۇمباتلىق چوكاننى سايىۋەنلىك مەپىگە سېلىپ يولغا چىقىڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

## ئۆتتىنچى باب

تەگرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ياشاۋاتقان خەلقنىڭ ناخشىلىرىدا «... تۆپىسىگە قار يېغىپتۇ، ئاستىدا گۈلباغلىرى» دەپ ئېيتىلغىنىدەك، تومۇز كۈنلىرىدە ئۈستىگە قار يېغىپ تۇرىدىغان ئەگرى-بۈگرى مۇزلۇق داۋانلارنى بېسىپ، كۈمۈش گۈمبەزدەك يالتىراپ تۇرغان ئۈچلۈق چوققىلارنى ئايلىنىپ ئۆتكەن يولۇچىلار ھېرىپ-ئېچىپ، بۇ ھەيۋەتلىك تاغنىڭ قوينىدىكى «خان يايلاق» دەپ ئاتىلىدىغان مەنزىرىلىك يەرگە كەلدى. ئۇلار بۇ يەردە، خۇددى قەھرىتان قىشتا مۇزلاپ، تىترەپ كەلگەندە، مەش قويۇلغان ئۆيگە كىرگەندەك راھەتلىنىپ قالدى.

قاتمۇ قات قاپتاللىرىدا قويۇق ئۆسكەن قارىغايلار كۆكىرىپ تۇرغان بۇ يايلاقنىڭ ھەر تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەن ساي-سالالىرىدا رەڭمۇ رەڭ گۈل-چېچەكلەر يەلپۈنۈپ تۇراتتى. بېغىر كۆپمە ئېدىر-دۆڭلىرى بىلەن غۇنان بەيگىسى ئۆتكۈزسىمۇ بولىدىغان چوڭ-كىچىك دەپسەنلىرى يېشىل پاياندار سېلىپ قويغاندەك تاۋلىنىپ كۆرۈنەتتى. بۇ

يەرلەرگە تىكىلگەن كىگىز ئۆيلەر يىراقتىن قارىسا، قانداقتۇر بىر ھەيۋەتلىك قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرىدەك ئاقىرىپ تۇراتتى. ئەتراپىنى قارىغايلار بىلەن گۈل ـ گىياھلاردىن چىققان خۇش پۇراق قاپلاپ كەتكەنىدى.

بەزىلەر تەگرىتېغىدىكى بۇ تەگىدىشى يوق گۈزەل جايدا، بۇنىڭدىن بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى، تۇغلۇق تۆمۈرخان دېگەن پادىشاھ يايلىغاچقا «خان يايلاق» دەپ ئاتىلىپ كەتكەن، دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ راست ـ يالغىنى ئۆز ئالدىغا. ھازىر بۇ يەرگە جۇڭغار خۇنتەيجىسى چېۋاڭ رابداننىڭ يازلىق ئوردىسى تىكىلگەن. قارىغايلىق قاپتالدىن ئۆسۈپ چىققان ئېگىز ـ پەس تەكچىلەرگە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆيلىرى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى بېغىر كۆپمە دۆڭلەر بىلەن جىرا ـ جىلغىلارغا ئوردا ياساۋۇللىرى، ئاشپەزلەر ۋە ئاتباقارلارنىڭ ئۆيلىرى ئورۇنلاشقان.

دانىيال خوجىلار يەرلىك ئەمەلدارلار ئۈچۈن ئەگرىسايىنىڭ قىرغىقىغا تىكىلگەن ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتى. بۇ يەرگە شەھەر ـ شەھەردىن كەلگەن مېھمانلارغا تىكىلگەن كىگىز ئۆيلەر قاتار تىزىلىپ تۇراتتى.

ئابدۇللا باقاۋۇل باشلىق خىزمەتكارلار جىرانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قوش قارىغاينىڭ يېنىغا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن چېدىرلارنى تىكىپ، ئۇلارنىڭ بىرىگە گۈلبادام باشلىق تۆت ئايالنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئاياللارنىڭ تۆتىنچىسى ـــ ئاقسۇدىكى بىر خوجىنىڭ ئۆيىدە مەششاتەلىك قىلىدىغان ئايپاشا ئىسىملىك، بىسمىللا دېيىشتىن بالدۇر ئاغزىنى چايقىۋېتىدىغان تەقۋادار خوتۇن ئىدى. لېكىن ئۇ ئاياللارغا پەرداز قىلىشقا شۇنداق ئۇستا ئىدىكى، قېرى خوتۇنلارنى قىز بالىدەك، قىز بالىلارنى قېرى خوتۇندەك ھالەتكە كەلتۈرەلەيتتى. ئۇنىڭ بۇنداق تەرىپىنى

خېلىدىن بېرى ئاڭلاپ يۈرگەن دانىيال خوجا، خۇنتەيجىگە سوۋغا ئۈ-چۈن ئېلىپ كېلىۋاتقان ئاياللارنى پەردازلاش ھەم ئۇلارغا كۆز - قۇلاق بولۇش ئۈچۈن ئاقسۇغا كەلگىنىدە بۇ خوتۇننىمۇ ئېلىۋالغانىدى.

بىر نەچچە كۈنلۈك ئۇزۇن يولدىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن دانى-يال خوجىلار خۇپتەن نامىزىدىن كېيىنلا يېتىپ قېلىشتى. ئەمما ئۇزۇن كۈننى بىر دەم ساغا نويانىنىڭ، بىر دەم باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىدا ئۆت-كۈزگەن موللا ئىبراھىم مەشھۇر بىلەن بۇگۈن دادىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن داندار دورغا بىلەن «ئۇلارلىق» دېگەن يەرگىچە بارغان ياقۇپ خوجىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەي، كېچىنىڭ بىر مەزگىلىگىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

— خوجام جانابلىرى سوۋغا - سالاملارنى بۇ قېتىم يەنە خېلى نۇرغۇن ئەكەپتۇ، — دېدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر، — ئۇلاغلاردىن چۈشۈرگەن نەرسىلەرنىڭ ئۆزىلا چېدىرنىڭ ئىچىگە سىغماي قالدى.

— باشقىلارنىڭچۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ خوجا.

— ئۇلارنىڭمۇ خېلى بار، ئاقسۇدىن كەلگەن خوجاشبەگنىڭ سوۋغىسىمۇ نۇرغۇندەك كۆرۈندۇ.

— كۇچا ھاكىمى ئابدۇكېرىم بەگنىڭچۇ؟

— ئۇ كىشىنىڭ مىجەزىنى ئۆزلىرى ياخشى بىلىدىلىغۇ، ھەر قېتىمقىدەك خۇرجۇنىنىڭ بىر بېشىنى گۈلەقاق، يەنە بىر بېشىنى قوغۇن قېقىغا تولدۇرۇپ كەلگەندۇر.

شۇ چاغدا گۈلبادامىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان چېدىرغا تاماق ئېلىپ بارغان تىلماچنىڭ ئايالى كەلدى - دە، موللا ئىبراھىم مەشھۇرغا زەردە بىلەن:

— سىلىنىڭ «خوجام دېسە، خوجام» دەپ تېۋىنىپ كېتىدىغان

خوجىلىرىغا مىڭ لەنەت ! — دېدى ، ئۇنىڭ ئاچچىقى شۇنداق كەلگەندىكى ئېرىنىڭ قېشىدا ياقۇپ خوجىنىڭ بارلىقىنىمۇ بايقىمىدى ، — « دىنىمىزنىڭ پېشۋاسى » دەپ يۈرىدىغان بۇ خوجىلىرى ئەكەلگەن ئاياللار خۇنتەيجىگە سوۋغا قىلىنىدىغان چوكانلار ئىكەنغۇ ؟ تووۋا ، بۇنداقمۇ ۋىجدانسىز ئادەم بولىدىكىنا ؟ چوكانلارنىڭ بىرسى ھېلىقى كونا ئاغىنىلىرى يۇنۇس تەمبۇرنىڭ قىزى گۈلبادامخان ئىكەن . بىچارىنىڭ ئېرىنى ئاشۇ يىلى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرگەنىدىغۇ . قالغان ئىككىسى خوتەننىڭ « ئويتوغراق » ، « كۆكيار » دېگەن يەرلىرىدە ئۆسكەن دېھقان قىزلىرى ئىكەن .

كۈتۈلمىگەن بۇ گەپلەر ياقۇپ خوجىنىڭ ئىچ - قارنىنى ساپان سالغان ئېتىزدەك تىلغىۋەتتى . ئۇ دادىسىنى بۇنچىلىك ناكەس ئىشلارنى قىلىدۇ دەپ ئويلىمايتتى . موللا ئىبراھىم مەشھۇر بولسا ، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا قىز- جۇۋانلارنى بىر - بىرىگە سوۋغا قىلىش ئادىتى بۇرۇندىن بارلىقىنى بىلگەچكە ، ئۇ سۆزلەرگە ئانچە ئېرەن قىلمىدى . ئەمما ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرغان نەرسە ئايالىنىڭ ياقۇپ خوجىنىڭ ئالدىدا ، ئۇنىڭ دادىسىنى ۋىجدانسىزلىقتا ئەيىبلەپ ، ھاقارەتلىگەنلىكى ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ كۆپنى كۆرگەن بۇ تىلماچ :

— ئۆزلىرىنى تۇتسىلا ، ناۋاتخان ، — دېدى تەمكىنلىك بىلەن ، — خوجام بىلەن خۇنتەيجىنىڭ ئارىسىدا بولىدىغان ئىشلارغا سىلى بىلەن بىزنىڭ ئارىلىشىدىغان ھەققىمىز يوق . ئۇلار دېگەن بىز بىلمەيدىغان ئىشلارنى ئويلايدۇ . كۆرگەنلا ئىشقا چېچىلىۋەرمەي ئۆپكىلىرىنى باسسىلا .

تىلماچنىڭ ئايالى شۇ چاغدىلا ئېرىنىڭ قېشىدا ياقۇپ خوجىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ھورىدىن چۈشتى - دە ، بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا ياندى .

— ناۋاتخان ئاچىلىرىنىڭ گەپلىرىنى ھار ئالمىسىلا ، — دېدى تىلماچ خوتۇنى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ياقۇپ خوجىغا ، — ئايال خەق دېگەننىڭ ئەقلى چولتىراق كېلىدۇ . ئۇلار بىر نەرسىنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتمەيلا ، قۇرۇق ئوتۇندەك چارسىلداپ يېنىپ كېتىدۇ .

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە ، — ئېتىراز بىلدۇردى ياقۇپ خوجا ، - ناۋاتخان ئاچام سىلى ئويلىغاندەك « ئەقلى چولتا » ئايال ئەمەس ئىكەن ، مېنىڭ ئويۇمچە ، ئۇياقنىڭ ئېيتقانلىرى ئەينى ھەقىقەت . سىلىگە كۆڭلۇمدىكىنى ئېيتسام ، ئاتامنىڭ بۇ ئىشى مېنىمۇ ھەيران قالدۇ-رۇۋاتىدۇ .

— قېنى ، چايغا باقسىلا ، — موللا ئىبراھىم ئۇنىڭ گېپىگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۇرمەي ، ئۇستى لۆڭگە بىلەن يېپىلغان چەينەكنى ئېلىپ چاي قۇيدى . بېشىدا بولسا : « دانىيال خوجام راستتىنلا چەكتىن چىقىپ كېتىپتۇ ، خۇنتەيجىنىڭ تويىغا ئەكەلگەن سوۋغىلىرى ئۇ ئا-ياللارسىزمۇ يېتىپ ئاشىدىكەن » دېگەن ئويلار پەيدا بولدى .

— سىلىگە بىر مەسلىھىتىم بار ، — دېدى ياقۇپ خوجا بىر دەملىك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ، — ئەتە ئاتام بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ ، ئاشۇ مەزلۇملارنى ھەدىيە قىلىشتىن يالتايتسىلا ، ئاتامنىڭ بۇ ئىشى خۇنتەيجىنىڭ ئالدىدىكى ئابرۇيىنى كۆتۈرۈشكە ياردەم بەرسىمۇ ، لېكىن پۇقرالار ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ . ئاتام سىلىنىڭ مەسلىھەتلىرىگە ماقۇل دەيدۇ . ئۇ بىچارە مەزلۇملارنى قايتۇرۇپ ئەكەتسۇن ياكى ناۋاتخان ئاچام بىلەن بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىشقا قالدۇرسۇن .

مولالا ئىبراھىم مەشھۇر « بۇمۇ بولىدىغان ئىش ئىكەن » دەپ ئويلىدى ، لېكىن ياقۇپ خوجىغا « ماقۇل » دەپ ئېنىق جاۋاب بەرمىدى . ئۇ ھارۋىغا قوشىسىمۇ ، ئۇنىڭدىن چىقىرىپ سۆرەمگە سالسىمۇ ياكى

ئۈستىگە مىنىپ توپقا كىرسىمۇ ئۈركۈپ ، شاشلىق قىلمايدىغان ياۋاش ئاتلارغا ئوخشاش ئادەم ئىدى . بىرسىدىن ئاڭلىغان گەپنى يەنە بىرسىگە دېمەيتتى . ئۇنىڭ مىجەزىدىكى بۇ خۇسۇسىيەت جۇڭغار ئوردىسىدا تىلماچ بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا تېخىمۇ قېلىپلىشىپ كەتكەنىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك ، بۇ قېرى تىلماچنى جۇڭغار ئەمەلدارلىرىمۇ ، دانىيال خوجىمۇ ياخشى كۆرەتتى ، ھەتتا بەزى چاغلاردا ئۇنىڭدىن پىكىر - مەسلىھەت سورايتتى .

ياقۇپ خوجىنىڭ بۇ ئىلتىماسى ئۇنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقتى . ئۇ ئايالى ناۋاتخاننىڭ : « ئۇلارنىڭ بىرسى يۇنۇس تەمبۇر دېگەننىڭ قىزى گۈلبادامخان ئىكەن » دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندىلا ، ئاقسۇنىڭ ئىگەرچى دېگەن مەھەللىسىدە تۇرىدىغان كونا ئاغىنىسى يۇنۇس تەمبۇرنىڭ خۇش خۇي قىياپىتى كۆز ئالدىغا كەلگەنىدى . يۇنۇس تەمبۇر مەككىگە مېڭىشتىن بىر يىل بۇرۇن ، ئۇنىڭ مۇشۇ ناۋاتخانىنى ئېلىپ قېچىشىغا ھەمراھ بولۇپ ، تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قاينۇق دېگەن يەرگىچە بىللە كەلگەن . ئۇ ئاردىن يىگىرمە يىل ئۆتكەنىدە ، ئىلى تەرەپكە كەلگەن ئاقسۇلۇقلاردىن يۇنۇس تەمبۇرنىڭ « ھاجى » بولۇپ كەلگەنلىكىنى ، ئۆيلىنىپ بىر بالا تاپقاندا خوتۇنىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى . لېكىن ئۇنىڭغا ئاقسۇغا بېرىشنىڭ ئىلاجى بولمىدى . بۇنىڭدىن ئالتە - يەتتە يىل ئىلگىرى يارۇغچى نويان ئاقسۇغا بارغاندا ، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ باردى .

شۇ چاغدا يۇنۇس تەمبۇرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپ مۇڭداشتى ۋە شۇ چاغلاردا ئالتە - يەتتە ياشلارغا كىرگەن گۈلبادام ئىسىملىك قىزنى كۆرگەنىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، يەنە تالاي يىللار ئۆتۈپ ، يۇنۇس تەمبۇرنىڭ يورۇق دۇنيادىن كەتكەنلىكىنى ، بۇلتۇر

مۇشۇ مەزگىللەردە ئاقسۇلۇق بىر ئەمەلداردىن گۈلبادامنىڭ بىر كىچىدىلا يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى.

مۇشۇ خاتىرىلەرنى ئىسىگە ئالغان موللا ئىبراھىم مەشھۇرنى كونا ئاغىنىسى يۇنۇس ھاجىنىڭ روھى ھەرىكەتلەندۈردىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ غۇرۇرى قوزغىلىپ كەتتىمۇ، ئىشقىلىپ، «ئەتە بىرىنچى قىلىدىغان ئىشىم دانىيال خوجىدىن گۈلبادامنى سورۇشۇرىلىش»، دېگەن قارارغا كەلدى ـ دە، ئۆزىگە ئوخشاش خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرغان ياقۇپ خوجىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئارام ئالامدىلا؟

— سىلى كىرىپ ئۇخلاۋەرسىلە، مەن ئابدۇللا باقاۋۇلنى كۈتىمەن، — دېدى ئۇ.

※ ※ ※

ئاخشام ئويلىغان ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنى كۆزلىگەن ئىبراھىم مەشھۇر، بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ياقۇپ خوجىنى ئويغىتىپ، دانىيال خوجىلار چۈشكەن ئۆيگە باردى. ئۇلار بىلەن تەڭ دېگۈدەك شەھەرلەردىن كەلگەن ھاكىم، بەگلەرمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يېتىپ كېلىشتى. ھەممىسى تۆت كەرگىلىك ئۆيگە پاتماي، بۇلاق سۈيى شىرغىپ ئېقىۋاتقان ئېرىقنىڭ ياقىسىدا بامدات نامىزىنى ئوقۇشتى. ئاندىن ئۆز ئارا سالام ـ سائەت قىلىشىپ ئەھۋاللاشتى.

موللا ئىبراھىم مەشھۇر دانىيال خوجىنى چۆرىسىدە پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن بۇ ئادەملەردىن ئايرىپ سۆزلىشىشنىڭ ئېپىنى تاپالماي، نىياز بەگ بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى، خوجىنىڭ ئۆزى:

— موللا ئىبراھىم، — دەپ مۇراجىئەت قىلىپ قالدى، — بۈگۈن ھاۋا تولىمۇ مۇسەپپا ئىكەن. ناشتا تەييار بولغۇچە، ئاۋۇ قاپتالدىكى ئار-

چىنىڭ قېشىغا بېرىپ كەلمەيلىمۇ ؟

دانىيال خوجىنىڭ مۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب، توي باشلىنىش ئالدىدا، جۇڭغارلارنىڭ رەسىم - قائىدىلىرى ۋە خۇنتەيجىنىڭ كەيپىياتى توغرۇلۇق بەزى نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋېلىش ئىدى.

— بەجانىدىل، خوجام، — باياتىن بېرى مۇشۇنداق ئەپلىك پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان تىلماچ دەرھال رازىلىق بەردى. ئۇلار ئەتراپتىكى ئەمەلدارلاردىن ئۈزۈلۈپ، ئانچىمۇ تىك ئەمەس قاپتالغا يېقىنلاشقاندا :

— خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ تويىغا كېلىمىز دەپ، يەنە ئاز - تولا خىراجەت سەرپلەشكە توغرا كەلدى، — دانىيال خوجا تويغا ئەكەلگەن نەرسىلەرنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن جىقلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇردا تىلماچىنىڭ كۆز قارىشىنى بىلمەكچى ئىدى.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، خوجام. خۇنتەيجى جانابلىرى ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزلىرىنى «خانلىق ھارۋىمىزنىڭ يانداق ئېتى» دەپ ھېسابلايدۇ، — دېدى تىلماچ.

بۇ گەپتىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان خوجا، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇناسىۋەت قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە ھەر قېتىم جۇڭغار ئوردىسىغا كەلگەندە تەم - تۇزىنى تېتىپ يۈرگەن بۇ تىلماچقا شۈكەمگىچىلىك ئەرزىگۈدەك بىر نەرسە ئىنئام قىلمىغىنىنى ئويلاپ :

— بۇ قېتىم ئۆزلىرىنىمۇ ئېسىمگە ئالدىم. نەۋاقتا ناۋاتخان ئاغچىنى ساقسىز بولۇپ قالدى، دېگەندەك قىلىۋىدىلە. شۇ گەپلەرنى خاتىرەمدە ساقلاپ، خېزمەتلىرىنى قىلىش ئۈچۈن «ئويتوغراق» لىق بىر چوكاننى ئالغاچ كەلدىم، — دېدى. ئۇ ئۆزى دېمەتلىك بۇ تىلماچنى قىزىل تۈلكىنى كۆرگەن قېرى بۈركۈتتەك ياكى چاشقاننى كۆرگەن مۈشۈكتەك

خۇشال بولۇپ رەھمەت دەيدۇ ، دەپ ئويلىغانىدى .

موللا ئىبراھىم تىلماچ قاپتالدىكى ئارچىنىڭ قېشىغا بارغۇچە تاڭگا چىشلىۋالغان ئادەمدەك ئۈنچىقمىدى ، پەقەت يەر ئۈستىگە بۇرتۇپ چىققان يىلتىزلارغا ئولتۇرغاندىن كېيىنلا :

— مېنىڭ بىر ئىلتىماسىم بار ، — دېدى ، — ئەگەر ئۆزلىرىگە مالاللىق كەلمىسە ، ئەكەلگەن ئاياللارنىڭ ئىچىدە گۈلبادام ئىسىملىك بىرسى بار ئىمىش . ماڭا شۇ مەزلۇمنى ئىلتىپات قىلسىلا ، ئاندىن كېيىن ...

— ئۇ بەتبەخت ئايال ! — دانىيال خوجا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ، — مەن ئۇ مولخىت ئايالنى يەكەندىكى چاغدىلا قەتل قىلىشنى ئويلىغان ، بىراق بۇ جازانى ئاز كۆرۈپ ، بۇياققا ئۆمۈربويى ئازاب تارتىپ ئۆلسۇن دەپ ئەكەلدىم . ئۇ بەتبەخت سىلىگە ئەمەس ، ئاچچىقى كەلسە ئاساۋ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ ئۆلتۈرىدىغان جۇڭغار دورغىلىرىغا لايىق . مېنىڭچە ، ئاشۇ « ئويتوغراقلىق » چوكان ئۆزلىرىنىڭمۇ ، ناۋاتخان ئاغچىنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ . پەرمانقۇل ئىشانىنىڭ گېپىگە قارىغاندا ، ئۇ چوكان بەش ۋاخ نامازنىڭ بىرسىنىمۇ قازا قىلمايدىكەن . يەنە بىرسى سەل يېنىكرەك ، شەيتان مىجەز چوكان ئىمىش ، ئۇنى خۇنتەيجىنىڭ قىزىغا ھەدىيە قىلىشنى لايىق كۆردۈم .

دانىيال خوجىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن مولا ئىبراھىم گۈلبادامغا دائىر تەپسىلاتلارنى سۆزلەپ بېرىشنى لايىق كۆرمەي :

— خوجامغا دەيدىغان ئىككىنچى ئىلتىماسىم ، خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ تويىغا ئەكەلگەن سوۋغا - سالاملىرى تولىمۇ نۇرغۇن بولغاندىكىن ، بۇ ئەھلى مۇسۇلمان ئاياللارنى گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان خوجاملارنى ... — ئۇ ياقۇپ خوجامنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا جۈرئەت قىلمىدى ، — بەھرىمەن قىلسىلا ساۋاب بولار ئىدى ، — دېدى .

دانىيال خوجا ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى جۇڭغارلارنىڭ قولىدا ياقۇپ خوجىدىن بۆلەك، ئىلىنىڭ ھەربىر جايلىرىدا تۇرۇۋاتقان «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىگە مەنسۇپ خوجىلاردىن بىر نەچچە ئۆيلۈك بار ئىدى. بىراق، ئۇلارنى بۇنداق «چاكار چوكانلار» بىلەن رازى قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارمۇ مۇشۇ «چاكار چوكانلار» غا ئوخشاش ئەركىنلىككە، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشقا تەشنا ئىدى.

«مېنىڭ جۇڭغار خۇنتەيجىسىگە قىلىۋاتقان بۇ خۇشامەتلىرىمدىكى ئەسلى مۇددىئا، ئاشۇ گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان ئادەملەرنى يۇرتلىرىغا قايتۇرۇش ئۈچۈن يول ئېچىش ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلىدى دانىيال خوجا. «مۇنۇ موللا ئىبراھىم بۇ ئىقلىمنىڭ تىلىنى بىلگەن بىلەن، مېنىڭ دىلىمدىكىنى نەدىن بىلسۇن... بىر ھېسابتا بىلمىگىنىمۇ ياخشى، مەن باشقىلارغا مەسلىھەت سالغان بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ پاراستى بويىچە ئىش قىلىپ ئۆگەنگەن ئادەم...»

※ ※ ※

بۇ چاغدا قوش قارىغاينىڭ سول تەرىپىگە تىكىلگەن يېشىل چېدىردا مەششاتە ئاياپاشا خېنىم ئۇپا - ئەڭلىك، سۈرمە - خېنە ۋە مۇشكى - ئەنبەرگە ئوخشاش پەرداز بۇيۇملىرى سېلىنغان خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئەتلەس كۆينەكلەرنى خۇرجۇندىن چىقىرىپ، «چاكار چوكانلار» نى پەرداز قىلىشقا، ياساندۇرۇشقا تەرەددۇتلاندى.

— سىلى، كەلسىلە خېنىم، — دېدى ئۇ «كۆكيارلىق» قاراقاش، قايرىلما كىرپىك لەيلىگۈل دېگەن چوكانغا، — ئۆزلىرىنى شۇنداق پەرىزاتقا ئايلاندۇرۇۋېتەيكى، بېھىشتىكى ھۆر قىزلارنىڭ تارلىقى كېلىپ، بىر نەچچە كۈنگىچە ئۆكسۈپ يىغلىسۇن. گۈزەل چىرايلىرىغا

مەپتۇن بولغان خۇنتەيجى جانابلىرى دىنىدىن چىقىپ ئىسلام دىنىغا
كىرسۇن . « خان يايلاق » نىڭ قاپتاللىرىدىكى قارىغايلار بىلەن ئارچىلار
جامالىرىنى كۆرىمەن دەپ ، ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ كەتسۇن .
ئۇ مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن لەيلىگۈلنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى
تاراپ ئۆرۈپ ، سىپكىلەكلىرىنىڭ ئۇچىنى ئەگمەش قىلىپ ، قاش ـ قا-
پىقىنى بوياپ ، كۆزىگە سۈرمە يېقىپ ، يۈزىگە ئۇپا ، لېۋىگە ـ ئەڭلىك
سۈركىدى . بوينىغا بىر نەچچە قۇر قىزىل ، يېشىل مارجانلارنى ئاستى .
بىلەكلىرىگە كۈمۈشتىن سوقۇلغان بىلەزۈكلەرنى ، قۇلىقىغا ئالتۇندەك
پارقىراپ تۇرىدىغان كەمەك ھالقىلارنى سالدى . ئاندىن ئۇچىسىدىكى كې-
يىملەرنى سالدۇرۇپ ، لىغىلداپ تۇرغان كۆكسىنى شايى باغىرداق بىلەن
يۇقىرى كۆتۈردى . ئويما ياقىلىق ئىچ كىيىم ، ھەسەن ـ ھۈسەندەك تاۋ-
لىنىپ تۇرىدىغان ئەتلەس كۆينەك ۋە كۈنىنىڭ نۇرىدا جۇلالىنىپ
تۇرىدىغان كالاۋۇتۇن جىلىتكە كىيگۈزدى . بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كې-
يىن ، يېنىدا تۇرغان قەلقەي ياغلىقلارنىڭ بىرىنى ئېلىپ ، بېشىغا سىڭايان
تاڭدى ـ دە ، لەيلىگۈلنى گويا ئۆزى تۇغۇپ ئۆستۈرگەندەك زوقلىنىپ :
— ۋاي ، سادىغاڭ كېتەي ، بوتام ، خۇدايىم بەختلىرىنى بەرسۇن ،
يامان كۆزدىن ساقلىسۇن ، — دەپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى .
لەيلىگۈلمۇ ئۇنىڭ رايىچە بولۇپ سورىدى :
— ئاۋۇ مۇشكى ـ ئەنبەرلەردىن چاچمىدىڭىزغۇ ؟
— ئۇنى ماڭار چاغدا چاچىمەن ، بوتام ، — دېدى ئايپاشا ۋە
ئىككىنچى چوكاننى — « ئويتوغراقلىق » ھەنىپىخاننى يېنىغا چاقىردى .
ئايپاشا خېنىم يۇقىرىقىدەك شېرىن ـ سۇخەن سۆزلەر بىلەن
ھەنىپىخاننىمۇ پەرداز قىلىپ ياساندۇردى . بۇلارنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك
بولۇشىنى تىلەپ ، پېشانىلىرىگە سۆيۈپ قويدى . ئاندىن « ئۇھ » دېگەنچە

چېدىرنىڭ ئىشىك تەرىپىدىكى تۆۋرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇردى.

ئاپاق خوجىنىڭ دەۋرىدە، ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن ئاپپاشانى ئۆز مەھەللىسىدىكى مەسچىتكە ئىمام بولۇشقا خۇشتار دادىسى، ئاق تاغلىق ئىشانلارنىڭ بىرسىگە دۇئا قىلدۇرۇۋېتەكەندى. شۇنىڭدىن بۇيان پادىشاھلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان كۈمۈش تەڭگىدەك، ئۇ ئىشاننىڭ قولىدىن يەنە بىر ئىشاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ، كېيىنكى يىللاردا ئاقسۇدىكى پالتا خوجا دېگەن «قارا تاغلىق» خوجىنىڭ قولىدا توختاپ قالغانىدى.

قىرىق يىلدەك ئۆمرى ئالمىدەك مىجىلىپ ئۆتكەن بۇ ئايالنىڭ يا بالىسى، يا ئىچ كۆيەر ئادىمى يوق بولغاچقا، تېشى پۈتۈن، ئىچى تۈتۈن بولۇپ ھايات كەچۈرەتتى. ئۇ بەزى چاغلاردا پالتا خوجىنىڭ خوتۇنلىرىنى كۈلدۈرۈپ: «مېنى ئاتام رەھمىتى ياخشى كۆرمەي، ئىشانغا دۇئا قىلدۇرۇۋېتكىنىنى بىلەن ئالتۇن تەختتىكى پادىشاھلار قورقىدىغان ئەزرائىل ياخشى كۆرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ كەمگىچە تىرىك يۈرىمەن» دەپ قوياتتى.

ھازىر ئۇ چېدىرنىڭ تۆۋرۈكىگە يۆلىنىپ مۇنۇ بەختى قارا دۇنيادىن ئۆزىگە ئوخشاش «ئىچ ـ قارنى تۈتۈن» بولۇپ ئۆتىدىغان چوكانلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان قىسمەتلەرنى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئاللاتائالادىن دانىيال خوجىغا ئىنساپ بېرىشنى، بۇ بىچارىلەرنى يات ئىقلىمنىڭ قولىدا خار ـ زار قىلماسلىقنى تىلەيتتى ۋە قېنى قاچقان كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ: «ھەي، جېنىم خۇدايىم، ماڭغۇ رەھىم ـ شەپقەت قىلمىدىڭ، مۇنۇ بىر كىملەرگە بېرىش ئۈچۈن شېخىدىن يېرىۋالغان گۈللەرگە ئوخشاش سولىشىپ قالغان بىچارىلەرگە بولسىمۇ شاپائەت قىلغىن...» دەپ مۇناجات قىلاتتى.

شۇ چاغدا تالا تەرەپتىن پەرمانقۇل ئىشاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئاپپاشا خېنىم، چوكانلار تەييارمۇ ؟
— ھە . . . ئە، ھەممىسى پۇتتى، بوتىلىرىمنىڭ خۇمار كۆزلىرى يەر ـ جاھانغا ئوت يېقىشقا تەييار، — دېدى ئۇ .
— ئەمسە، باشلاپ چىقسىلا، ماگايلى .
— جىندەك سەۋر قىلسىلا، بۇ قىزلىرىم ئىككى رەكەت ناماز ئو-قۇۋالايلى، دەۋاتىدۇ .
— ھە، مەيلى . . .
ئاپپاشا خېنىم گۇلبادامغا قاراپ :
— بوتىلىرىم، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە ناماز ئوقۇپ، خۇدايىمدىن بەختىڭلارنى سوراي، — دېدى ۋە تەرەت ئالغىلى سىرتقا چىقتى .
ئۇ تەرەت ئېلىپ چېدىرغا كىرگەندە، « خۇمار كۆزلىرى بىلەن جاھانغا ئوت يېقىشقا تەييار » دەپ ئاتىغان چوكانلار، ناماز ئوقۇشنىڭ ئورنىغا ئۇچېسىدىكى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ يىرتقىنىنى يىرتىپ، يىرتمىغىنىنى يېشىپ تاشلاپ ئۆزلىرىنىڭ كونا كىيىملىرىنى كىيىۋالغان، يۈز ـ كۆزلىرىگە قىلىنغان پەرداز ـ ئەندازلاردىن ئەسەر قالمىغان، تارالغان، ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى چۇۋۇپ، پېشانىلىرى بىلەن مەگزىلىرىگە توپا سۈركىۋالغانىدى .
ئاپپاشا خېنىم بۇ ھالنى كۆرۈپ ھە دېگەندە كۆزلىرىگە ئىشەنمەي بىر پەس تۇرۇپ قالدى، كېيىن :
— ۋاي، بوتىلىرىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار ؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى .
ئادەملەر ئاچلىققا، جىسمانىي ئازابقا چىدىسىمۇ، روھىي خورلىنىشقا چىدىمايدۇ . دانىيال خوجىنىڭ پەرمانى بويىچە تۆت نىسپىدىن ئۆتكەندە، « چاكار چوكانلار » تۇربىدىغان ھويلىدىن ئېلىپ كېلىنگەن گۇلبادامىلار، يەكەندىن چىقىپ بىرىنچى كۈنى قونغان ئۆتەڭدىلا،

ئۆزلىرىنىڭ خۇنتەيجىگە تۆھپە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. شۇ كې-
چىسى پەرمانقۇل ئىشان ئۇلار ياتقان ئۆيگە كىرىپ: « ئاللا تەرىپىدىن
يارىتىلغان ھەر بىر بەندىگە ئۇنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇش پېشانىسىگە يې-
زىلغان. تەقدىرگە تەن بېرىش لازىم. ئەھكامى شەرئەت بويىچە،
ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭلار ئۈچۈن قەتل قىلىش راۋا بولسىمۇ، ھەزرىتى
پىرىمىز دانىيال خوجام جانابلىرىغا غايىب ئەۋلىيالار بېشارەت بېرىپتۇ. ئۇ
كىشى: « بۇ سولاشقان گۆللەر » بىرەر جۇڭغارنى بولسىمۇ دىنىي ئىسلامغا
دەۋەت قىلىپ، ئۆز گۇناھىنى يۇسۇن دەپ پەرمان بەردى، دەپ ئۇقتۇر-
غانىدى. شۇنىڭدىن بېرى، ئۆز ۋەتىنىدە تۇرۇپ، ئۆزىگە ئوخشاش بىر
ئادەمنىڭ سوۋغا قىلىنىدىغان بۇيۇمىغا ئايلىنىپ قالغان بۇ چوكانلار تالاي
كۆز ياشلارنى تۆكتى ۋە بۇ دەھشەتلىك قىسمەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن،
تالاي قېتىم پىچىرلىشىپ مەسلىھەت قىلىشتى. ئاخىر بۇ ئۇزۇن يوللاردا
بىرەر ئېپىنى تېپىپ قېچىپ كېتىشكە توختاشتى. لېكىن دانىيال خوجىغا
سادىق پەرمانقۇل ئىشانىنىڭ قاراۋۇللىرىنى غەلەت قىلالمىدى.

« خانيايلاق » قا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ بارلىق ئۈمىدلىرى ئۈزۈ-
لۈپ، ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىغانلىقىنى چۈشەندى ۋە ئۈچى بىرلىشىپ
« ئادەم باللىرى بۇ دۇنياغا ئۆلۈش ئۈچۈن تۇغۇلىدىكەن، ئۇ بىزگە ئاتا ـ
ئانىلىرىمىزدىن قالغان مىراس، ئۇنىڭدىن ھېچكىم قۇتۇلغان ئەمەس. بۇ
قالماقلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، يۈندىسىنى ئىچىپ خارلىنىپ ياشىغۇ-
چە، ئار ـ نومۇسىمىز بىلەن، بۇلغانماي ئۆلگىنىمىز ئەلا » دېگەن يەرگە
كېلىشتى ۋە قارارىنى جۇڭغارلارغا ئۆزلىرىنى ھەدىيە قىلىش پەيتىدە ئىشقا
ئاشۇرۇشنى نىيەت قىلىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر پەيت كەلگۈچە
ئايپاشا خېنىمنىڭ رايىچە بولۇپ، ئۆزلىرىنى تىرىك ھەيكەلدەك ئۇنىڭ
ئىختىيارىغا تاپشۇرغاندەك بولۇشتى.

شۇ بايىستىن بولسا كېرەك، چوكانلارنىڭ ئەتلەس - تاۋارغا ئورالغان بەدەنلىرى، پەرمانقۇل ئىشاننىڭ «چوكانلار تەييارمۇ؟» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندا ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. ئۇلار يەنە بىر پەستىن كېيىن جان ئالىدىغان ئەزرائىل بىلەن ئۇچرىشىدىغاندەك بىر - بىرى بىلەن خوشلىشىپ: «رازى بولسىلا، ئەمدى ئاخىرەتتە كۆرۈشەرمىز» دېيىشتى. لېكىن گۈلبادام كىچىككىنە بولسىمۇ ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇش ئۈچۈن: «ئۆلسەكمۇ ئىمان بىلەن ئۆلەيلى، ئىككى رەكەتتىن ناماز ئوقۇۋالايلى» دەپ سورىدى. ئۇنىڭ بۇ نىيىتىگە قوشۇلغان ئاياپاشا خېنىم تەرەت ئالغىلى تالاغا چىققاندا، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن چوكانلار «ئۆلسەكمۇ ئۆزىمىزنىڭ كىيىملىرى بىلەن ئۆلەيلى» دېگەن ئوي بىلەن ئۇچىسىدىكى خېنىملارچە كىيىم - كېچەكلەرنى يېشىپ تاشلاشقانىدى.

گۈلبادام لارنىڭ بۇ ئىشى مەششاتە ئايالنىلا ئەمەس، پەرمانقۇل ئىشاننى، ئۇنىڭدىن كېيىن نىياز بەگ بىلەن دانىيال خوجىنىمۇ تېپىرلىتىۋەتتى. بىر پەستىن كېيىن تويغا كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىگە ئاڭلاندى.

گۈلبادام بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەگرى قىلىچنىڭ بىسىنى، پۆپۈكلۈك نەيزىنىڭ ئۇچىنى ئاشقىنى كۆتكەن مەشۇقلاردەك تەقەززا بولۇپ كۈتۈشتى. ئەگەر، دەپ ئويلاشتى ئۇلار «بۇ جاللاتلارنىڭ قولىدىكى ئەگرى قىلىچلار بويىنىمىزنى چاپسا ياكى نەيزىلەرنىڭ ئۇچى يۈرىكىمىزگە سانجىلسا، شۇ زامان ئازاب - ئوقۇبەتلەردىن قۇتۇلاتتۇق. روھىي قۇشىمىز پەرۋاز قىلىپ، ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ، سۆيگەن يارلىرىمىزنىڭ روھىغا قوشۇلاتتى - دە، جېنىمىز ئارام ئالاتتى».

بىراق، كۈن ئېگىلىپ، نامازدىگەر مەزگىلى بولۇپ كەتسىمۇ،

بـۇلار تـۇرغـان چـېـدىـرنىڭ ئىچىگە يا ئەگرى قىلىچ ، يا پۈپۈكلۈك نەيزە تـۇتـقان ئادەملەر كىرمىدى . بىر چاغدا كۆن بويى دەككە ـ دۈككە بىلەن تـاقـىـتـى تـاق بولغان گۈلبادام « ئەجەل پەرىشتىسى » نى چاقىرىپ ناخشا باشلىدى :

خوجاملارنىڭ قولىدا ،
كۆزگە چۈشمەس تىغى بار .
بىزدەكلەرنىڭ دىلىدا ،
يۇسا كەتمەس دېغى بار .
ۋاي دادەي ، تېز كەلسەڭچۇ ، ئەزرائىل ،
جان بېرىشكە تەييار بىز .

يۇرتىمىزنى قاپلىدى ،
خوجا بىلەن ئىشانلار .
تەرىقەتنىڭ دەستىدىن ،
خاراب بولدى ئىنسانلار .
ۋاي دادەي ، تېز كەلسەڭچۇ ، ئەزرائىل ،
جان بېرىشكە تەييار بىز .

شۇ چاغدا :

— گـۈلـبادام ، هەي گۈلبادام ، نېمانداق تەلۋىلىك قىلىدىلا ؟ ! — دېـگـەن ئابدۇللا باقاۋۇلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ، — قىزىق چوكانلار ئىكەنا بـۇ . سـىـلـىنى مۇشۇ كۆلپەتكە دۇچار قىلغان ئاشۇنداق غەزەللىرى ئەمەسمۇ ؟

گـۈلـبـادام ئـۇنـىـڭ گـېـپـىـگـە پـەرۋا قـىـلـمـاي ، نـاخـشـىـسـىـنـى داۋاملاشتۇردى :

مىنگەن ئېتىم پۇتۇمدۇر ،
قامچا بولغان قولۇمدۇر .
ئۆلسەك مەيلى بۇ يەرمۇ ،
ئانا تۇپراق - يۇرتۇمدۇر .
ۋاي دادەي ، تېز كەلسەڭچۇ ، ئەزرائىل ،
جان بېرىشكە تەييار بىز .

— مۇنۇ خوتۇنىنىڭ جاھىللىقىنى ، — تېرىكتى باقاۋۇل ، — خۇدا ھەققى ، غەزەللىرىنى توختىتىپ ، گېپىمگە قۇلاق سالسىلا دەيمەن .

— بىز ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتىمىز . خوجىلارغا ئېيتسىلا ، جاللاتلىرىنى تېزرەك ئەۋەتىۋەتسۇن ، — دېدى لەيلىگۈل

— ئەجەب تەتۈر مىجەزلىك چوكانلار ئىكەنا بۇلار . ھازىر ھەر- قايسىلىرىنى ئۆلتۈرىمىز دەۋاتقان ھېچ كىشى يوق . ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ غېمىگە چۈشۈپ قالدى .

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ؟ ئۇلار بىزنى تالىشىپ سوقۇشۇۋاتامدۇ - يا ؟ — دېدى گۈلبادام .

— ئەستاغپۇرۇللا ، ئەجەبمۇ يىڭنىدەك سانجىپ گەپ قىلىدىغان خوتۇن ئىكەنلا ، بالدۇر بىر پەس جىم تۇرۇپ گېپىمنى ئاڭلىسىلا . . .

— گەپلىرىنى شامالغا دېسىلە ، — ناخشا يەنە داۋام قىلدى :

ئالدىماڭلار مەزلۇمنى ،
ئىككى كۆزىدە يېشى بار .
جېنى تۇتسا قولىدا ،
چەللەپ ئاتار تېشى بار . . .

— ھەي ، گۈلبادام ، ماڭا نېمشقا چىنپۇتمەيدىلا ؟ — تېخىمۇ رەللە بولغان باقاۋۇل يالۋۇرۇشقا باشلىدى ، — سادىغاڭ كېتەي ، سىڭىللىرىم ، جىندەك تۇرۇپ گېپىمنى ئاڭلاڭلار . دانىيال خوجام باشلىق ئەمەلدارلار خۇنتەيجىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ ، ئۆزلىرىنىڭ غېمىدە بولۇپ قالدى . ئۆتكەن ئاخشام بىز بىر نەچچە ياخشى ئادەملەر بىلەن سىلەرنى بۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەسلىھەت قىلغان . بۈگۈن كېچە شۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز ، ئۆزۈڭلارنى تەييارلاپ تۇرۇڭلار .

ئاياللار بىردىن جىمىپ قالدى . ئۇلار يول بويى ھەمراھ بولۇپ ، پەيتى كەلگەندە غەمخورلۇق قىلىپ كەلگەن ، ناشايان گەپ - سۆزى يوق بۇ باقاۋۇلنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىشنى ، يا ئىشەنمەسلىكنى بىلمەيتتى .

— باقاۋۇل ئاكا ، — دېدى بىر چاغدا ئۇنىڭ بىلەن جىددىي سۆزلىششنى ئويلىغان گۈلبادام .

لېكىن ، ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بولمىدى . ئابدۇللا باقاۋۇل ساي تەرەپتىكى ئاشپەزلەر تۇرىدىغان ئۆيگە كېتىپ قالغانىدى .

※ ※ ※

بۇ كۈنى چۈشكە يېقىن ئوتتۇز ئۈچ تۈۋرۈكى بار يوغان چېدىردا خۇنتەيجىنىڭ توي زىياپىتى باشلانغانىدى . زىياپەتكە چۈاڭ رابدانىنىڭ قۇدىسى — تورغۇت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى باشلىق ئوردا نويانلىرى ، ئىلى ، قاينۇق ، نىلقا ، تېكەس قاتارلىق جايلاردىكى كۈرەلەردىن كەلگەن چوڭ - چوڭ لامالار ۋە يۇرت - يۇرتتىن تەكلىپ قىلىنغان دانىيال خوجا باشلىق يەرلىك ئەمەلدارلار قاتناشتى . تۇنۇگۈندىن بېرى توي مۇناسىۋىتى بىلەن ئەركە ھارىقىدىن بۆلەك ، باشقا يۇرتلاردىن كەلتۈرۈلگەن ھەرخىل شارابلارنى ئىچىپ ، قاپاقلىرى ئوتتۇققان خۇنتەيجى زىياپەتنىڭ دەسلىپىدە ناھايىتى خۇش خۇي ، ساھىبخانا سۇپىتىدە كۈلۈپ ، بەزى مېھمانلار بىلەن

چىقىشىپ ئۆلتۈردى .

ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ ، ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ ، توي داستىخىنىدا ئۆلتۈرغان جۇڭغار ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرقىسمى ئۆز ئۆيىدە ئۆلتۈرغاندەك ئىشتىھا بىلەن تاماق يەپ ، شاراب ئىچىشەتتى . بەزىلىرى ياپىلاق يۈزلىرى كۆۋەجەپ ، پېشانىسى ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرغان خۇنتەيجىنىڭ ئاغزىدىن يەنە قانداق سۆزلەر چىقىدىكىن ، كىمگە قولىدىكى سىرلىق ئاياق بىلەن شاراب بېرىدىكىن ، كىمگە ئالدىدا تۇرغان تاۋاقتىكى گۆشلەردىن بىرەر پارچە سۇنىدىكىن دېگەندەك ئويلار بىلەن ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە ، توختىماي مىدىرلاۋاتقان ئاغزىغا ، مايلىشىپ كەتكەن قېلىن كالپۇكلىرىغا ، ھەتتا ئىككى جاۋغىيىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئىنچىكە بۇرۇتىغا زوقلىنىپ قارايتتى .

دانىيال خوجا باشلىق ۋەسسال ئەمەلدارلار بولسا ، ئۆزلىرىنى جۇڭغار ئەمەلدارلىرىغا ئوخشاش تويغا چاقىرىلغان مېھمان دەپ ئەركىن ھېس قىلىشنىڭ ئورنىغا ، خۇنتەيجىدىن تەپ تارتىپ ، ئەيمىنىپ ئۆلتۈرۈشاتتى . بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ، توينىڭ ئىلدامراق تۈگىشىنى ، خۇنتەيجىنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە ، غەزىپىگە ئۇچرىماي ئۆز يۇرتلىرىغا كېتىۋېلىشنى ئويلايتتى . داستىخان ئۈستىگە قويۇلغان تاماقلارغا ، قورسىقى توق قوزىلار ئوت يېگەندەك ئاندا ـ ساندا قول تەگكۈزەتتى .

بىر چاغدا قۇدىسى بىلەن پاراڭلاشقاچ شاراب ئىچىپ ئۆلتۈرغان خۇنتەيجىنىڭ بوغۇق ، شۇنداقلا ئۆكتەم ئاۋازى ئاڭلاندى :

ـــ سىلەر مېنى ھۆرمەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ ؟

تاغدىكى جىمجىت چاتقاللاردا تۇيۇقسىز ياڭرىغان مىلتىق ئۇنىدەك ئاڭلانغان بۇ سۆزلەردىن چۆچۈگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ سەگەكلەشتى .

— سىلەرنى خان ، بەگ ، ھاكىم قىلىپ شەھەرلەرنى سوراتقان كىم ؟

خۇنتەيجىنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ گەپلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قارىتا ئېيتىلغانلىقىنى چۈشەنگەن دانىيال خوجا باشلىق بېقىندى ئەمەلدارلارنىڭ يۈرەكلىرى جىغىلداپ كەتتى .

— بىز ئۆتكۈر قىلىچىمىز بىلەن ئۇچلۇق نەيزىمىزنى تېخى تاشلىمىدۇق ! ئۇچقۇر ئاتلىرىمىز كىشنەپ ، تۇياقلىرى يەرنى تىلغىماقتا . باتۇرلىرىمىزنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى تەگرىتېغىنى غۇلىتىپ ، ھەممىڭلارنى كۆمۈپ قويۇشقا يېتىدۇ . ھېلىقى دا ... دا ، دانى ... ، — خۇنتەيجىنىڭ تىلى كالۋالىشىپ دانىيال خوجامنىڭ ئىسمىنى دېيەلمەي دودۇقلىدى ، — خوجا قېنى ؟ كۇچانىڭ ھاكىمى ئا ... ئا ... دۇ ، ئابدۇكېرىم قېنى ؟ — خۇنتەيجى مۇشۇنداق كالۋالاشقان تىلى بىلەن دۇدۇقلاپ ، بىر قانچە بېقىندى ئەمەلدارلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى ، — ماڭا سىلەر ئەكەلگەن نەر-سىلەرنىڭ كېرىكى يوق ! قىزىمنىڭ تويىغا ھىندىستاندىن چىققىدىغان ئېسىل رەختلەر ، دېڭىز تېگىدىن چىقىدىغان ئۈنچە - مەرۋايىتلار ، گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكلەر كېرەك ! ئەگەر ئەتىگىچە دېگەنلىرىم ئالدىمغا كەلمىسە ، بېشىڭلارنى يەرگە چۈشۈرىمەن .

كۈتۈلمىگەندە سادىر بولغان بۇ ئەھۋال تويدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيران قالدۇردى . ھەتتا بەزى نويانلار بىلەن لامالار خۇنتەيجىنىڭ بۇ ئىشىنى « ئەدەپسىزلىك » دەپ ئويلىدى . چېدىر ئىچىدە قانداقتۇر بىر سۈرلۈك ، جىددىي ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى .

لېكىن ، خۇنتەيجىنىڭ شارابقا تويغاندا ، تۇرلۇك ئەقىلگە سىغمايدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ، كېلىشمىگەن ئەمر - پەر-مانلارنى بېرىپ ، كەيىندىن ئۆكۈنۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدىغان چوڭ

ئوغلى غالدان سېرىن يۈز بەرگەن ۋەزىيەتنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ، قېلىن كالپۇكلىرىنى يالاۋاتقان دادىسىنىڭ قېشىغا كەلدى-دە، قۇلىقىغا پىچىرلىدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ، نارازىلىق بىلدۈرگىنىگە قارىماي، بىر قولتۇقىنى ئۆزى، يەنە بىرسىنى قۇدىسى يۆلەپ، چېدىرنىڭ ئارقا ئىشىكى بىلەن ئاچىقىپ كەتتى.

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، — دېدى ساغا نويان يېڭىراقتىلا يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتقان ئادەملەرگە مۇراجىئەت قىلىپ، — ئۇلۇغ ئەمرچىمىز تويىنىڭ خۇشاللىقىدىن مەست بولۇپ قالدى. قىسلماي، ئەركىن ئولتۇرۇڭلار. سىلەرمۇ ئۇلۇغ ئەمرچىمىزگە ئوخشاش تاماق يەپ، شاراب ئىچىپ، تويىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن مەست بولۇڭلار!

بۇ گەپلەردىن كېيىن مېھمانلارنىڭ بىر قىسمى جۇدۇن ۋاقتىدا دالدىغا كىرىۋېلىپ، توختىغاندا دەرەخ شاخلىرىغا چىقىۋالغان قۇشلاردەك ۋىچىرلاشقا باشلىدى.

دانىيال خوجا باشلىق بېقىندى ئەمەلدارلار بولسا، ئاستىدا قېلىن كۆرپىلەر بولغىنىغا قارىماي، خۇددى مىخنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ئارامسىزلىناتتى ۋە بۇ ھالىتىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىپ ئۆزئارا پاراڭلاشقان، كۈلۈشكەن بولاتتى.

ئەمما خۇنتەيجىنىڭ بۇ تويى مۇشۇ يوغان چېدىردىن باشقا «خان يايلاق» نىڭ دەپسەن-تەكچە، ساي-جىرالىرىغا تىكىلگەن ئۆيلەردە، ئۇنىڭ ئالدىدىكى تۈزلەڭ-قاپتاللاردا جۈگۈلارغا خاس ئادەتلەر بويىچە ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ يەرلەردىن مەست ئەركەكلەر بىلەن ئايالارنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ناخشلىرى ئاڭلىناتتى.

※ ※ ※

دانىيال خوجا خۇنتەيجىگە بېقىندى بولغاندىن بېرى، ئۇنىڭ بۇگۈنكىدەك غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرمىگەن، ئۆزىمۇ بۈگۈنكىدەك قورقۇپ ئۆزىنى يوقاتمىغانىدى. راست، ئاشۇ بىر يىلى بۇ ھۆكۈمدار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ مەدىرە بايرىمىغا داخىل بولغىنىدا بىر قېتىم تەڭقىسلىقتا قالغان. لېكىن، ئۇ چاغدا ئوغلى ياقۇپ خوجا بىلەن ئوردا تىلماچى موللا ئىبراھىم مەشھۇرلار مەدەت بېرىپ، مەبۇدنىڭ ئاستىدىن ئۆتكەچ بىر ئاياق ئەركەھارىسىنى ئىچىپ قۇتۇلغان ۋە بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا گۆرۈلۈكتىن قۇتۇلۇپ، قەشقەرىيىگە خان بولۇپ بارغانىدى.

بۈگۈن بولسا، بۇ خۇنتەيجىنىڭ شۇنچە يىراق يەرگە چاپارمەن ئەۋەتىپ، قىزىنىڭ تويىغا تەكلىپ قىلىپ، شۇنچە خىراجەت ھېسابىغا ئەكەلگەن سوۋغا - سالاملىرىنى ئېلىۋېلىپ رەھمەت ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ غەزەپ بىلدۈرگىنى، يوق نەرسىنى تەلەپ قىلىپ، ئۆلۈم بىلەن قورقىتىشى دانىيال خوجىنى ئەقلى - ھوشىدىن ئايرىۋەتكىلى تاس قالدى. كۆز ئالدىغا بىر دەقىقىدەك ئۆلۈم دەھشىتى ئەلەڭلەپ، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. بۇنداق ھالەت بېقىندى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يۈز بەردى. بىراق، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئۆلۈم خەۋپىنى غالدان سېرىن تارقاتقاندەك قىلسىمۇ، ئۇنى پۈتۈنلەي يوقاپ كەتتى دەپ ئېيتقىلى بولمايتتى. «ئەسلى مۇشۇ غالدان سېرىن خۇنتەيجى بولۇشقا لايىق ئىكەن» دەپ ئويلاشتى بېقىندى ئەمەلدارلار.

دانىيال خوجا بولسا باشقىچە مۇلاھىزە قىلدى: «بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئۆزۈمنى بىر تۈرلۈك ھېس قىلىۋىدىم. بامدات نامىزىدىمۇ ئوي - خىياللىرىم چېچىلىپ، ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ

قالغانىدىم . ئۇنىڭدىن كېيىن تويغا ئەكەلگەن سوۋغاتلارنى تاپشۇرۇش
مۇراسىمىدا ، مېنىڭ ئەكەلگىنىم باشقىلارنىڭكىدىن ئىككى باراۋەر كۆپ
بولسىمۇ ، بۇ ئەبلەخنىڭ ياپما قاپىقى ئېچىلمىغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە
ھېلىقى بەتبەخت خوتۇنلارنىڭ تۇزكورلۇق قىلغىنىچۇ ؟ بولۇپمۇ ، ھېلىقى
گۈلبادام دېگىنى يىلاننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ جەننەتكە كىرگەن ، ئادەم
ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىنى يولدىن ئازدۇرغان شەيتاننىڭ ئۆزى ئى-
كەن - دە . بۇ بەتبەخت بوۋگۈن يەنە بىر قېتىم ئۆپكەمنى ئېچىمدە
تۇرغۇزۇپ قاقتى . ئۇ شەيتان مىجەز خوتۇننى شۇنچە يەردىن ئاتقا مىنگۈ-
زۈپ ئەكەلگۈچە ، شۇ يەردىلا قۇمنىڭ ئاستىغا تىققۇزۇۋەتسەم بوپتىكەن .
ھېلىمۇ ئۇ مولخىت خوتۇنلارنى كەلگەندە بىراقلا كۆرسۇن دەپ ، بۇ ياپما
قاپاق خۇنتەيجىگە ، قىزلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن گۈزەل
چوكانلارنىمۇ ئالغاچ كەلدىم ، دېمەپتىمەن » . ئاشۇنداق ئويلارغا بېرىلگەن
دانىيال خوجىنىڭ بېشىغا ، بۇ رەھىمسىز خۇنتەيجى ئەتە ئەتىگەندە ئورنى-
دىن تۇرۇپ : « مەن دېگەن نەرسىلەر تەييار بولدىمۇ ؟ » دېسە نېمە
دەرمىز ؟ دېگەن ئەندىشلىك سوئال پەيدا بولۇپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىت-
رىتىۋەتتى . ئۇ بىر دەقىقىدەك توختاپ ، نەپسىنى رۇسلىۋالدى - دە ،
سولغا بۇرۇلۇپ ، يانباغىردا ئۆسكەن بىر تۈپ ياش قارىغاينىڭ تۈۋىدە ئول-
تۇردى .

بۇنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شۈككىدە كېلىۋاتقان نىياز
بەگ بىلەن پەرمانقۇل ئىشان ۋە ياقۇپ خوجىلارمۇ قارىغاي تەرەپكە بۇ-
رۇلدى .

ئانچە كېچىكمەي ، بۇلارنىڭ قېشىغا بېقىندى ئەمەلدارلارنىڭ
ھەممىسى كېلىشتى . ئۇلارنىڭ چۈشتىن بۇرۇنلا خورازنىڭ تاجىدەك قى-
زىرىپ تۇرغان رەڭگى - رۇخسارى بىرنەچچە ئاي ئاپتاپتا قالغان لاتىدەك

ئۆگۈپ كەتكەندى.

ئارقىسىغا ئۆلۈم خەۋپى يوشۇرۇنغان ۋەھىمە، قورقۇنچ دەپ ئاتال-غان نەرسىلەر، ئادەملەرنىڭ پەركايىنى بىردەمدىلا ئۇچۇرۇۋېتىدۇ. لېكىن، ئادەملەرنىڭ بۇنداق دەھشەتلىك نەرسىلەرگە بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئازاق دەرۋىشكە ئوخشاش تەرىقەت يولىغا كىرگەن ئادەملەر «ئۆلۈم — ئاللانىڭ ۋىسالىغا يېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى» دەپ چۈشەنسە، گۈلبادامغا ئوخشاش ناتىۋان ئايالار «ئۆلۈم دې-گەن بۇ دۇنيانىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىدىن، كۆچىسىزلەرنى كۆچلۈكلەرنىڭ خورلىشىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ» دەپ ھېسابلايدىكەن. دانىيال خوجىلارغا ئوخشاش مەنسەپ - ئەمەلگە ئىگە بولغان، مىڭلىغان ئادەملەرگە ھۆكمىنى يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغان ئادەملەر بولسا، «ئۆلۈم» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، نېمە قىلارنى بىلمەي، تىرىك تۇرۇپ جېنى چىقىپ كەتكەندەك خامۇشلىنىپ كېتىدىكەن.

بۇ چاغدا كۆك ئاسماندىكى قۇياش «خان يايلاق» نىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن خوشلىشىپ، غەربتىكى ئېگىز چوققىلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكەن ۋە ئۇۋىسىغا يېقىنلاشقانىدى. ئەتىگەندىن بېرى ساي قاپتاللىرى-دىكى گۈل - گىياھلارنى يەلپۈپ تۇرغان تاغ شامىلى توختاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قارلىق تاغلاردىن كېلىدىغان سالقىن شامال ئىگىلىگەنىدى.

— شام نامىزىنى ئوقۇۋالمايمىزمۇ؟ — دېدى پەرمانقۇل ئىشان خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرغان كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلىپ.

ئۇنىڭ گېپىگە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا دانىيال خوجىمۇ كۆڭۈل پاراكەندىلىكى بىلەن دىگەر نا-مىزىنى قازا قىلىۋەتكىنىنى ئەسلىدى - دە، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تەرەت

ئېلىش ئۇچۇن ساي تەرەپكە مېڭىشتى .

ـــ ئابدۇللا باقاۋۇل خەۋەر يەتكۈزۈپتىمۇ ؟ ـــ دەپ سورىدى كۇچا هاكىمى ئابدۇكېرىم دادىسى بىلەن بىللە تەرەت ئېلىشنى ئەپ كۆرمەي ، بىر چەتتە تۇرغان ياقۇپ خوجىدىن .

ـــ هەئە .

ـــ ئۇنداق بولسا ، بۇ ئىشنى دەرهال بىر تەرەپ قىلايلى ، مەن هازىر خىزمەتچىلىرىمنى ئاگاهلاندۇراي .

ـــ ئۇلار « شۇتا » تەرەپ بىلەن ماڭامدۇ ؟

ـــ خاتىرجەم بولسىلا ، خوجام ، تاغ ئارىسىدا يول بار . ئۇلار ئاۋۇ دۆڭدىن ئۆتۈۋالسىلا . هېچقانداق خەتەرگە ئۇچرىماي كۇچاغا بېرىۋالىدۇ .

※ ※ ※

كۆك چۆپنىڭ ئۈستىگە پەرىجىلىرىنى يېيىپ ، شام نامىزنى ئوقۇغان ئادەملەر جاينامازدا ئۇزاققىچە ئولتۇردى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللاتائالاغا : « زالىمنىڭ زۇلمىدىن ، پادىشاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىغايسەن » دەپ ، بەزىلىرى : « بۇگۈنكى كېچە ياكى ئەتىكى كۈن قانداق قىسمەتلەرنى ئەكىلىدىكىن ؟ ياراتقان ئىگەم يامان قىسمەتلەرنى تاشقىرى قىل » دەپ مۇناجات قىلاتتى .

تېخى تۈنۈگۈنلا بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىن تۈرلۈك غەيۋەتلەرنى قىلىشقان ، دانىيال خوجىغا ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك جۇڭغار نويانلىرىغا گەپ توشۇپ بارغان بۇ بېقىندى ئەمەلدارلار هازىر قاتتىق دولقۇنغا ئۇچراپ ، چۆكۈش ئالدىدا تۇرغان كونا قولۋاقتىكى يولۇچىلاردەك ئۆزجانلىرىنىڭ هەلەكچىلىكىگە چۈشۈپ قالغانىدى .

ئۆز هاياتىدا كۆپلىگەن مۇسۇلمان پادىشاهلىرىنىڭ هاياتىغا دائىر نۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋىرى بار دانىيال خوجا ، بەزى پادىشاهلارنىڭ ئۆز-

لىرى زېرىككەن، كۆڭلىگە ياقمىغان ياكى ئاۋام خەلق ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەملەرنى، ئەمەلدارنى يوقىتىش ئۈچۈن، مۇنۇ خۇنتەيجىگە ئوخشاش ئورۇنلاشقا مۇمكىن بولمايدىغان تەلەپلەرنى قويىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ يەكەن تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇشۇنداق ئۇسۇل ـ چارىلەرنى قوللىنىپ، تالاي ئادەمنىڭ ياستۇقىنى قۇرۇتقانىدى.

دانىيال خوجا مۇشۇلارنى ئويلاپ، خۇنتەيجىنىڭ مۇنۇ ئېگىز، ئەلىسىز تاغدا قويغان تەلىپىنى «بىزنى يوقىتىش ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان باھانىسى» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋەتتى. ئاندىن ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىپ ناماز ئوقۇغان ۋە ئورنىدىن تۇرۇشنى كۈتۈپ ئولتۇرغان بەگلەر بىلەن ھاكىملارغا قاراپ سۆز باشلىدى:

— ئەي، ئەھلى مۇسۇلمان قوۋمىنىڭ ئۇلۇغلىرى، فۇرقانى مۇھەممەدتە: «ھېچ كىشى ئاللانىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، (ئاللا ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن) ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ)...» ①، «قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە)، ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ...» ②، «ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر...» دېيىلگەن، — ئۇ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بىر پەس تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاللاتائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئاللادىن ئۆزگە مەدەتكارىمىز يوقتۇر. بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىزغا توۋا قىلايلى. ئاللا ناھايىتى مېھرىبان شاپائەتچىدۇر. ئۇ ھەزرىتى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى توۋا قىلغاندىن كېيىنلا بېلىقنىڭ قارنىدىن چىقارغان، — دەپ كېلىپ، ئەتە

① قۇرئان، سۈرە «ئال ئىمران» نىڭ 145 ـ، 185 ـ ئايەتلىرى.
② قۇرئان، سۈرە «نىسا» نىڭ 78 ـ ئايىتى.

يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئۆلۈم خەۋپىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان ئەمەلدارلارغا بۈگۈن كېچىنى ئاللاتائالاغا مۇناجات قىلىپ، تووۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇپ ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى.

ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى خۇنتەيجىنىڭ قەھرى ـ غەزىپىگە ئۇچراپ، ئۆلۈم گىردابىغا يېقىن تۇرغان ئەمەلدارلار قۇۋۋەتلەشتى.

※ ※ ※

شۇ [illegible] ـپ، «خان يايلاق» نىڭ بۈگۈنكى سالقىن
كېچىسى [illegible] ئوجىلار تووۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇپ، مۇناجات بىلەن
ئۆتكۈزدى.

جۇڭ [illegible] ـوۋغا قىلىش ئۇچۇن ئېلىپ كېلىنگەن گۈلبادام
بىلەن ھەنپىخار [illegible] ۇللەر بولسا، ئابدۇللا باقاۋۇلنىڭ ياردىمى بىلەن
چېدىردىن چى [illegible] ھاكىمى ئابدۇكېرىمنىڭ خىزمەتكارىنىڭ باش-
لىشىدا تاغ ئارىسى [illegible] يوللارغا كىرىپ كەتتى.

بۇ كېچىد [illegible] ىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدىكى شەھەر، يېزا ـ
قىشلاقلاردىكى خەل [illegible] ىمۇ كىرمىگەن يەنە بىر ۋەقە يۈز بەردى.

تېخى تۈنۈ [illegible] ىتەك خىرىلداپ، مەست بۇقىدەك ھۆركى-
رەپ «خان يايلاق» ن [illegible] بگەن خۇنتەيجى ئۆلدى!

بۇ خەۋەرنى ھ [illegible] اپ، گېلىدىن سۇمۇ ئۆتمەي؛ مىسكىن
ھالەتتە مۈكۈنۈپ ئولتۇر [illegible] ل خوجىلار كونا ئارغامچا بويى ئۆرلى-
گەندىلا ئوردا تىلماچى مو [illegible] مەشھۇردىن ئاڭلىدى.

بۇ خەۋەر جان قاي [illegible] شۇپ قالغان بېقىندى ئەمەلدارلارنىڭ
قايغۇسىنى پۈۋلەپ توزۇتۇۋ [illegible] ولدى. ئۇلار ھە دېگەندە، خۇددى
شاكىلىنى يېرىپ كەڭ جا [illegible] ن چۈجىلەردەك داڭقېتىپ قالدى.
كېيىن بولسا خۇشاللىقىدىن بىر [illegible] تۇچاقلاپ كەتتى.

كـونـىلار بـۇ دۇنـيـانى « تاسادىپىي ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە تولغان » دەپ بــىكار ئېيتمىغانىكەن. بۇ ئادەملەر كېچىدىن بېرى جېنىنى ئالىدىغان ئەزرائىـلنى ۋۇجۇدى تىترىگەن ھالدا كۈتۈپ تۇرغانىدى. ۋەھالەنكى، شۇ ئەزرائىل ئەكسى ھالدا خۇنتەيجىنىڭ جېنىنى ئالغانىدى.

ــ بـۇ ھەم ئاللاتـائالانـىـڭ ئـىرادىـسـى، ــ دېـدى دانىيال خوجا ئۇزۇن مـۇساپىنى بېسىپ، مەنزىلگە يەتكەن ئادەمدەك ھارغىن قىياپەتتە.

ئۇ خـۇنـتـەيـجـىنىڭ ئۆلۈمگە باشقا ئەمەلدارلارغا ئوخشاش خۇشال بـولـىـسـمـۇ، تـېـگـىـدىكى تاشلارنى كۆرسەتمەيدىغان لاي سۇغا ئوخشاش سـۇزۇلـمـەي، چىرايىنى ئاچماي تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئەتـىـراپـىـدىـكـى ئادەمـلـەردە: « بـۇ خـوجـام خـۇنـتـەيـجـىـگـە ھـازا تـۇتـۇۋاتـمـايـدىـغـانـدۇ؟ » دېـگـەن ئوي پەيدا بولدى. لېكـىن دانـىيـ ـال خـوجـا: « بـۇنـىڭدىن كېيىن كۈنىمىز قانداق بولار؟ ئۇنىڭ ئورنىغا قـايـسـى بـالـىسى تەختكە ئولتۇرار؟ چوڭىمۇ ياكى كىچىكىمۇ؟ ئۇ مىراسخورلارنـىـڭ بـىـز بـىـلـەن بـولـغـان مـۇنـاسىۋىتى قانداق بولار؟ تەزىيە بـىـلدۇرگەچ، ئوردا تەرەپكە بېرىپ، ساغا نويانىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرەيمىكىن؟ ... » دېگەنگە ئوخشاش ئويلارغا بېرىلىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئويلىرىنى بىلگەندەك، ئوغلى ياقۇپ خوجا سۆز قاتتى:

ــ ئوردا تەرەپكە بېرىپ كۆرۈنۈش قىلىپ كەلمەيمىزمۇ؟

ــ بولىدۇ، بالام، بولىدۇ، ــ دېدى ئۇ.

ئۇلار تــۈنـۈگـۈن ئۆزلـىـرى ئولـتـۇرغـان يـوغـان چـېـدىـرنـىـڭ يـۇقـىـرىسىدىكى ئون ئالتە كەرگىلىك، چاڭغىرىقىدىن ئاچا بايراق چىقىپ تـۇرغـان ئاق ئۆيـگـە مـاڭـدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ چىققان جـۇڭـغـار ئەمـەلدارلىرى دانىيال خوجىلارنى كىگىز ـ گىلەملەر سېلىنغان قـارىـغـايـلـىـقـنىڭ سايىسىگە باشلاپ باردى. بۇ يەردە ساغا نويان باشلىق

بىر نەچچە چوڭ ئەمەلدارلار بىلەن خۇنتەيجىنىڭ ئوغۇللىرى بار ئىدى .

— ھەمـمـمـمـىزنىڭ غەمخورچىسى بولغان ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابـلىـرى ئاللانـىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىپتۇ ، — دېدى دانىيال خوجا غەمكىن ھالـەتـتـە ، — ئۇ كـىـشـى سـىلەر ئۈچۈنمۇ ، بىز ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ياخشىلـىقلارنـى قـىـلـغـانىدى . بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ، ئانىسىدىن ئايرىلغان بـوتـىلاقتەك مۇساپىرلىشىپ كەتتۇق . ئەمما مەرھۇم خۇنتەيجىمىزنىڭ ئورنـىـدا ئۇنـىـڭ ئىـشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغان يولۋاستەك ئوغۇللىرى ، ساغا نـويـانـدەك دانـىـشـمەن ۋەزىر – ۋۇزرالار بارغۇ دەپ ، غەمكىن كۆڭۈللىرىمىزگە تەسەللى بەردۇق .

— خوجا توغرا دەيدۇ ، — دەپ قويدى ساغا نويان .

دانـىـيال خـوجـىلار ئۆزلـىـرى چۈشـكـەن ئۆيـلـەرگـە قـايـتـىـپ كـېـلـىـۋاتـقـانـدا ، پەرمانقۇل ئىشان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ : « چاكار چوكـانلار » نـىـڭ ئۆتكەن كېچىدە قېچىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىۋىدى ، خوجا :

— ئۇ مـولختىلارنى يەر يۇتسۇن ! ئۇلار توغرۇلۇق ئىككىنچى گەپ قىلمىسىلا ، — دەپ سىلكىۋەتتى .

※ ※ ※

بـېـقـىـندى ئەمەلدارلار تەگرىتېغىدىكى بۇ يايلاقتا بىر نەچچە كۈن تـۇرۇپ قـالـدى . ئۇلار بـىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى . ھەتتا ئۇلارنى خـۇنـتـەيـجـىـنـىـڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك مۇراسىملارغىمۇ چاقىرمىدى . بـىـراق ، بـۇلار بـەزى كـۈنـلىرى موللا ئىبراھىم تىلماچ بىلەن ئون نەچچە يىلدىن بېرى گۆرۈدە يۈرۈپ ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن تونۇشۇپ كەتكەن يـاقـۇپ خـوجـىـدىـن جۇڭغار ئوردىسىدا بولۇۋاتقان ئەھۋاللاردىن ئانچە – مۇنچە خەۋەردار بولۇپ تۇردى .

بۇرۇن ـ بۇرۇنلاردىن تارتىپ ھەرقانداق پادىشاھ ياكى خانلار ئۆ-
لۈپ قالسا يۇز بېرىدىغان ئۇردا پىتنىلىرى، تەخت ئۈچۈن بولغان
كۈرەشلەر جۇڭگىغار ئۇردىسىدىمۇ ئەۋجىگە چىققانىدى. بەزى نويانلار
خۇنتەيجىنىڭ ئۆلۈمىنى: «ئۆزىنىڭ ئەجىلى، شارابنى كۆپ
ئىچىۋەتكەنلىكتىن كۆتۈرەلمەي قالدى» دېسە، بەزىلىرى: «ياق، بۇقى-
دەك كۈچى بار ئادەممۇ شاراب ئىچكەنگە ئۆلەمدۇ، ئۇنى كىچىك خانىش
زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن بولۇشى كېرەك. خۇنتەيجى شۇ كۈنى ئاشۇ خانىش-
نىڭ ئۆيىدە قونغانىكەن» دەيتتى. ئۇچىنچىلىرى بولسا، بۇ گۇمانىنى
قۇۋۋەتلەپ: «كىچىك خانىش تەختنى چوڭ خانىشتىن تۇغۇلغان
غالدان سېرىنگە بېرىش ئويىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ ئۇنى زەھەرلىگەن.
چۈنكى ئۇ خانىشنىڭ ئۆز بالىسىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش ئويى بار
ئىكەن» دېيىشەتتى.
دانىيال خوجىلار بۇ خىل گەپ ـ سۆزلەرنىڭ قايسى راست، قايسى
يالغانلىقىنى بىلەلمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە موللا ئىبراھىم مەشھۇر-
دىن:
ـــ ئۆتكەن ئاخشام غالدان سېرىن بىرنەچچە نويانلار بىلەن
بىرلىشىپ كىچىك خانىشنى ھەم ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ،
ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ، ـــ دېگەن گەپنى ئاڭلىدى.
بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان دادىسىغا خۇشامەت قىلىپ، ئۇنىڭ
سايىسىدە خان بولۇپ، شەھەر سوراپ كېلىۋاتقان بېقىندى ئەمەلدارلار
ئەمدى ئۇنىڭ بالىسىغا خۇشامەت قىلىپ، كۆڭلىگە يېقىشنىڭ تەرەددۇتىغا
چۈشۈشتى.
بىراق، دادىسى رەھمەتلىكنىڭ ئۆزىگە بېقىنىپ كېلىۋاتقان يەرلىك
ئەمەلدارلار توغرىسىدا ئېيتقان گەپلىرىنى ئېسىدە ساقلىغان غالدان سې-

رىن ، دانىيال خوجىلارغا ئۆزىنى مۇبارەكلەپ كەلگەن كۆنلا قايتىپ كېتىشكە ئىجازەت بەردى .

## بەشىنچى باب

— ساۋۇتباي ، — دېدى ئەدەن قېچىر ئاخىرقى قونالغۇدىن چىققاندا ، — يەكەندە بىر - ئىككى كۈن توختاپ ماڭمساق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ . مۇنۇ جانىۋارلارنىڭ مۇجگەكلەپ كەتكىنىنى كۆردۇڭمۇ ، تاقىسىنى يېڭىلىۋالايلى . ئاندىن كېيىن مەرھۇم ئاتامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشىم كېرەك . ھەزرىتى دانىيال خوجامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئۇ كىشىنى يوقلىمساق يەنە بولماس ، قانداق دەيسەن ؟

— نىيەتلىرى ياخشىكەن ، تاغا . بىراق كېيىنكى ئويلىرى پىسەنتىمگە سىغماي تۇرىدۇ ، — دېدى ساۋۇت يانتاق .

— نېمىشقا ؟

— ئۇ خوجامنىڭ غايىبنى بىلىدىغان ھۈنىرى بار، دەيدۇ ، راست بولسا ، مېنى تونۇپ قالارمىكىن دەيمەن .

— ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى ، ساقىلاخۇن تاغامنىڭ كۈيئوغلى كەپتۇ ، دەپ ئۇستۈڭگە زەرباپ تون ياپىدۇ .

— بۇنداق گەپنى دېمىسىلە ، تاغا ، « باشىنمۇ يېمەيلى ، چىشىنمۇ چاقمايلى » ، بارغۇلىرى كەلسە ئۆزلىرى بېرىپ مۇڭدىشىپ كېلەرلا .

ئۇلار ھازىر ئۈچ قېچىر ۋە ئىككى ئېشەككە مال ئارتىپ خوتەنگە ماڭغانىدى . ئۆتكەن يىلى ئەدەن قېچىرغا ھەمراھ بولۇپ ، بىر نەچچە ئاي قوشنا ئەللەرنىڭ بىرنەچچە چوڭ شەھەرلىرىدە تىجارەت قىلغان ساۋۇت يانتاقنىڭ ، بۇرۇنقىدەك گەپ سورىسا جاۋاب بېرىدىغان ، بولمىسا ئۇزۇن كۈننى بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان مىجەزى ئۆزگىرىپ ،

هازىر ئۇ يول بويى ناخشا ئېيتىپ، قىزىق گەپلەرنى قىلىدىغان خۇش خۇي، گەپچى يىگىتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇنى ئايالى ياقۇتخان مۇشۇ ئۆتكەن يىللاردا ئىككى قېتىم قورساق كۆتۈرۈپ ئۈچ ئوغۇل، بىر قىزغا ئاتا قىلىپ قويغانىدى.

— ئەدەنباي تاغا، — دېدى ئۇ گېپىنى يۆتكەپ، — سىلىدىن بىر نەرسىنى سوراي دېۋىدىم، دەپ بېرەمدىلا؟

— سورا، لېكىن كېلىشىۋالايلى. مەنمۇ بىر نەرسىلەرنى سورىسام، سەنمۇ دەپ بېرەمسەن؟ — شەرت قويدى ئەدەن قېچىر.

— دەپ بېرەي.

— ئۇنداق بولسا سورا.

— سىلىدىن سورايدىغان نەرسەم، مۇشۇ خەقلەر نېمە ئۈچۈن خوتەنلىكلەرنى «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دەپ شاڭخو قىلىدۇ؟

— سەنچۇ، بىرنى بىر دېمەي ئىككى دەمسەن؟

— ياق، مەنمۇ بىرنى بىر دەيمەن.

— ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق بولۇشى كېرەك، ئۆلۈپ كەتسىمۇ بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دېيىشى لازىم، جۇما. ئەمدى خەقلەرنىڭ خوتەنلىكلەرنى ئۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەبكە كەلسەك، ئاپاق خوجا قالماقلارنى باشلاپ كېلىپ، يەكەن خانلىقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، پۇقرالارغا تازىمۇ ئېغىر سېلىقلارنى ساپتۇ. بۇ چاغدا قالماقلار قىزىل تۇچتىن ياسالغان پۇلنى بىر پۇل دەپ خەجلەيدىكەن. ئاپاق خوجا قالماقلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، پۇقرالارغا بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەش توغرۇلۇق پەرمان چىقىرىپتۇ. لېكىن، بۇ پەرمانغا نارازى بولغان خوتەنلىكلەر بىر پۇلنى ئىككى دېيىشكە ئۇنىماپتۇ. بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن ئاپاق خوجا خوتەن خەلقىنى بىر سەيناغا توپلاپ،

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قىرىق نەپەر ئادەمنى ئايرىپ: « بىر پۇلنى ئىككى دەمسەن، دېمەمسەن ؟ » دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەملەر بولسا: « خۇدامۇ بىر، بىر پۇلمۇ بىر، ئۇنى ئىككى دېسەك خۇدايىم راۋا كۆرمەيدۇ، شۇڭا بىرنى بىر دېگۈلۈك » دەپ قارشىلىق قىپتۇ. قالماق ئەسكەرلىرى: « بىر پۇلنى ئىككى دېمىسەڭلار ئۆلتۈرىمىز » دەپ قىلىچلىرىنى تەڭلەپتۇ. لېكىن ئۇلار: « بىرنى بىر دېگۈلۈك » دېگەن سۆزدىن يانماپتۇ. تېخىمۇ ئاچچىقى كەلگەن ئاپاق خوجا بىلەن قالماقلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇز توققۇز كىشىنىڭ بېشىنى ئاپتۇ. قىرىقىنچى كىشىگە كەلگەندە يەنە سوراپتىكەن، ھېلىقى كىشى غەزەپ بىلەن « بىرنى بىر دېگۈلۈك » دېگەن سۆزدىن يانماپتۇ. قالماقلار ئۇنىڭمۇ بېشىنى ئاپتۇ. شۇ چاغدا بايىقى سەيناغا يىغىلغان خوتەنلىكلەرنىڭ چۇقان كۆتۈرۈپ: « بىرنى بىر دېگۈلۈك! » دەپ تۇۋلىغان ساداسى يەر ـ كۆكنى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ ①.

بۇ گەپتىن تەسىرلىنىپ كەتكەن ساۋۇت يانتاق:

— خوتەنلىكلەر راسا ئوغۇل بالا خەقكەن ـ دە، — دەۋەتتى.

— بۇنداق ئوغۇل بالا خەقلەر ھەممە يەردە بولغان، ھازىرمۇ بار، سەنمۇ قەشقەرنىڭ بىر ئوغۇل بالىسىغۇ، ھە؟

— شۇنداق بولماي.

— ئۇنداق بولسا ئېيتقىنا، يېڭىساردا قونغان كۈنى « ھېلىقى قارىۋايىلارنى چۈشەپ قاپتىمەن » دېۋىدىڭ. راستتىنلا شۇ بالىلىرىڭنى چۈشىدىڭمۇ ياكى ياقۇتخانىنىمۇ بىللە چۈشىدىڭمۇ؟

— قىزىق گەپلەرنى سورايدىكەنلا، تاغا. ئانىسىدىن ئايرىپ، بالىسىنى چۈشەيدىغان ئەر خەق قايسى يۇرتتا بار؟

ئۇلار شۇنداق پاراڭلار بىلەن يەكەنگە كېلىپ، ھېلىم يۇمشاقنىڭ سارىيىغا چۈشتى. سارايۋەن خۇشاللىقنى بىلدۈرۈپ:

---

① « يېپەك يولىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر » دىن.

— بارمۇ سىلەر، تىرىكمۇ سىلەر، ئەدەنباي، — دېگەن سۆزلەر بىلەن كۈتۈۋالدى.

ھېلىم يۇمشاقنىڭ سارىيى شەھەر ئىچىدىكى سارايلاردەك يولۇچىلار بىلەن تولۇپ كەتمىسىمۇ، ھەرھالدا ئۇياق - بۇياقتىن كەلگەن ئادەملەردىن خالىي بولمايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ باشقا سارايۋەنلەردىن ئار-تۇقچىلىقى قولى بوش بولسىلا، ھەربىر يولۇچىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئۇلار بىلەن ئەھۋاللىشاتتى. بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى، نېمە ئەكىلىپ، نېمە ئالىدىغانلىقىنى، تۇرۇۋاتقان يەرلىرىدىكى ۋەقەلەرنى بىلىۋالاتتى.

— سىلىگە سەپەر قىلىش ياقىدىكەن، — دېدى ھېلىم يۇمشاق، كۆڭلىنىڭ ئىسسىقىدا يول ئازابى تارتىپ، كۆزلىرى كىرتىيىپ قالغان ئەدەن قېچىرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، — ئاشۇ يىلدىكىگە قارىغاندا، سەمرىگەندەك تولۇپ قاپتىلا، يۈزلىرىمۇ قەشقەر خورىزىنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ قاپتۇ، — ئۇ چىنىگە چاي قۇيۇپ ئەدەن قېچىرغا سۇندى، — قېنى، ئىسسىق ئوتلىسىلا، ھاردۇقلىرى چىقىدۇ.

— ياخشى لەۋزىلىرىگە ھەشقالىلا. ئۆزلىرىمۇ چوققىلىرىغا قار ياغ-سىمۇ، ئېتەكلىرى قاغىلىقنىڭ باغلىرىدەك ياشىرىپ تۇرىدىغان قارا تاغقا ئوخشاش مەزمۇت تۇرۇپلا.

— تېپىپ ئېيتتىلا، ئەدەنباي، ئادەمنىڭ دىلىنى يايرىتىۋېتىدىغان مۇشۇنداق سۆزلىرى ئۈچۈن، ئاتلىرىغا بېرىدىغان يەم - چۆپنىڭ پۇلىنى ئالمىسام بولغۇدەك.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار ئالتۇنلۇققا چىقىپ، سامساق سوپيۇمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشتى. ئاندىن بازارغا بېرىپ، تاقىسى چۈشۈپ قالغان ئۇلاغلارنى تاقلاتتى. بىرەر سائەتتەك بازاردىكى دۇكانلارنى ئا-

رىلاپ ، سېتىلىۋاتقان ماللارنىڭ نەرخى ـ ناۋاسىنى بىلدى . چۈشتىن كېيىن ئۇستۇپىشىنى تۈزەپ ، ئوردىغا بېرىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلدى .

— دانىيال خوجام جانابلىرى يوق بولسىمۇ بارىۋېرەملا ؟ — دەپ سورىدى سارايۋەن .

— شۇنداق ، ئۇ ئادەم يوق بولسىمۇ ، يوقلاپ كەلگىنىمنى ئاڭلىسىلا بولدى ، — دېدى ئۇ .

دانىيال خوجا بىلەن نىياز بەگلەر يوق چاغلاردا ئوردىدىكى بىرىنچى شەخس بولۇپ قالىدىغان دىۋانبېگى ئەدەمن قېچىرنى ئىنتايىن سەمىمىيەت بىلەن كۈتۈۋالدى . ئۇ ئۆز خوجىسىنىڭ بۇ تۇججار بىلەن يېقىنلىقىنى ، سامساق سوپۇمنىڭ مېيىتىنى شۇئەيىب خوجىنىڭ قەبرىسىنىڭ قېشىغا قويدۇرغاندىلا بايقىغان بولسا ، ئاندىن كېيىن ئوردا ئەركانلىرى بىلەن بولغان ئولتۇرۇشلاردىمۇ « ئەدەمباي ياخشى ئادەم » دەپ ماختايدىغانلىقىنى تالاي قېتىم ئاڭلىغان ۋە ئۇنى دانىيال خوجىنىڭ قەشقەر بىلەن جۇڭغارلار ئارىسىدىكى « كۆز ـ قۇلىقى » دېگەن خۇلاسىگىمۇ كەلگەنىدى .

شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ، دىۋانبېگى بۇ ئادەم بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ ، دوستلۇق رىشتىسى باغلاشنى خىلىدىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەنىدى . بۈگۈن بولسا شۇ ئۈمىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پۇرسىتى كەلگەنىدى . شۇڭا ئۇ ئەدەمن قېچىر ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا :

— كەلسىلە ، ئەدەمباي ، كەلسىلە ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، — دەپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى ـ دە ، ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھالدا قولتۇقىدىن تۇتۇپ كۆرسىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ، — تىنچ ـ ئامان كەللىمۇ ؟ ئۇلۇشكۈنلا سىلىنى چۈشەپ قاپتىكەنمەن . بابا ئۆزلىرى بىلەن دىدارلىشىش نېسىپ بولىدىكەن ، — دېدى .

ئۆز نۆۋىتىدە ، ئەدەن قىچىرمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى . شۇ چاغدا دىۋانىخانىنىڭ گۈللۈك ئىشىكى زەرب بىلەن ئېچىلدى ، ئۇچىسىغا شايى يەكتەك كىيىپ ، بېشىغا چاقچانغىنا يېشىل سەللە ئورىغان بىر يىگىت كىرىپ كەلدى ـ دە ، سالام ـ سائەت قىلمايلا :

ــ بۇ شەھەردىكى مىرشاپلار ئاتام بولمىسا سىلىگە بويىسۇنمايدۇ ؟ ــ دېدى دىۋانبېگىگە تېرىككەن هالدا ، ــ يا سىلى ئۇلارغا پەرمان بەرگەنمۇ ؟ ــ يىگىتنىڭ ساغۇچ كۆزلىرى يالتىراپ ، بارلىق قېنى يۈزىگە يىغىلىپ قالغاندەك قىزىرىپ كەتتى .

ــ نېمە ئىش بوپتۇ ، خوجىزادەم ؟ ــ دىۋانبېگى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى .

ــ مەن ئۇندان ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن گۇناھى يوق مۇسۇلمان بالىلىرىنى ئازابلايدىغان مىرشاپلارغا كۆرستىمەن ! دەرهال مىرشاپخانىغا ئادەم ئەۋەتىپ ، ئۇلارنىڭ باشلىقىنى چاقىرتسىلا ، بولمىسا ئۆزۈم بېرىپ شۇ يەردىلا سۆزلىشىمەن .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، شەھەردىكى مىرشاپلارنىڭ بىرسى قانداقتۇر نامۇۋاپىق ئىش ـ ھەرىكەت قىلغىنىنى سەزسىمۇ ، ئەمما نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمىگەن دىۋانبېگى :

ــ ئۆزلىرىنى كايىتمىسىلا ، خوجىزادەم ، ــ دېدى ئۇنىڭ جەھلىنى قايتۇرۇشقا بۇرنىڭدىن بۆلەك سۆز تاپالماي ، ــ قېنى ، مۇنۇ كۇرسىدا ئولتۇرۇپ ، كىچىككىنە دەم ئالسىلا ، ھەببەللى ! ــ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ خوجىزادىنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، ــ خوش ، ئەمدى بىر باشتىن گەپ قىلسىلا ، قايسى مىرشاپ ، قەيەردە ، قانداق ئىشلارنى قىلىپ ئۆزلىرىنى رەنجىتتى ؟

باياتىن بېرى قىزىشىپ كەتكەن خوجىزادە سول تەرەپتىكى كۇر-

سىدا ئۇلتۇرغان ئەدەن قىچىرنى كۆرۈپ قالدى . بىرئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى ـ دە ، كېيىن :

ــ ئەدەنباي ئاكام ئىكەنغۇ ؟ ــ دەۋەتتى ھەيران بولۇپ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەدەن قىچىرغا سالام بەردى ، ئاندىن ، ــ قاچان كېلدىڭلا ؟ ــ دەپ سورىدى .

ئەدەن قىچىر ئۆزىنى تونۇپ ، ھالىنى سورىغان بۇ خوجىزادىنىڭ دانىيال خوجىنىڭ قايسى بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ياكى سىلى كىم بولىدىلا دەپ سوراشقا تىلى بارماي ھودۇقۇپ قالدى . ئۇنىڭ بۇ ھالىنى چۈشەنگەن خوجىزادە يەنە سۆز قاتتى :

ــ مېنى ئۇنتۇپ قاپتىلا ـ ھە ؟ مەن يۇسۇپ خوجام ئەمەسمۇ .

ــ يۇسۇپ خوجام ؟ ــ ئەدەن قىچىر ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ خوجىزادىنى قۇچاقلىۋالدى . ئاغزىدىن بولسا ، ــ تىلىم تەگمىسۇن ، قارا تاغنىڭ يولۋىسىدەك يىگىت بوپتىلا ، خوجام ، بايان ئاغچىنىڭ ئەھۋالى ياخشىدۇر ... ــ دېگەنگە ئوخشاش ھال سوراش سۆزلىرى توختىماي ئاقاتتى .

ئۇلارنىڭ ھەرئىككىسىگە بۇ كۇتۇلمىگەن ئۇچرىشىش نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەسلەتتى . ئەدەن قىچىرنىڭ كۆز ئالدىدىن تەگرىتېغىدىكى مىڭلىغان ئاق قۇشلارغا ماكان بولغان « باينبۇلاق » ، خۇنتەيجىنىڭ ياز-لىق ئوردىسىدا بۇ بالىنىڭ دانىيال خوجىنى قۇچاقلىۋالغىنى ، تېكەس دەرياسىنىڭ بويىدىكى « قوبى » دېگەن يەردە بۇ خوجىزادىگە ئۆزىنىڭ ئەزان قىچقىرىپ بېگى ئات قويغانلىقى بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى .

يۇسۇپ خوجا بولسا ، بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى مۇزداۋان دېگەن يەردىن ئۆتۈپلا كۆرۈنمەي كەتكەن ئەدەن قىچىرنى كۆرۈپ ، يولىمىسە ئورنىدىن تۇرالمايدىغان خارغاتا بىلەن بالدىن دامچى

ئىككىسىنىڭ ئانىسىغا كۆرسەتكەن زۇلۇم ــ خورلۇقلىرىنى ئەسلىدى ۋە بايان ئاغچىنىڭ: « ئەگەر شۇ چاغدا ئاشۇ تۇججار بىز تۇرغان ئاۋۇلغا كەلمىگەن، بىزنىڭ خەۋىرىمىزنى ئاتىڭىزغا يەتكۈزمىگەن بولسا، بۇ چاغقىچە ئىككىمىزنىڭ كۈنى نىمە بولاتتىكىن؟ ئاتىڭىز خانلىق تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىزگە پەرشتىدەك ياخشىلىق قىلغان شۇ ئادەمنى كۆرەلمىدۇق. ئاتىڭىزدىن سورىسام: « ئەدەنبايىنىڭ خەۋىرىنى ئالالمايۋاتىمەن » دەيدۇ، دېگەن گەپلىرى يادىغا كەلدى.

ئۇلار ۋۇجۇدىنى تەۋرەتكەن ھاياجانلىرىنى بېسىپ كۈرسىغا ئولتۇرۇشتى. بىر ــ بىرىگە يېنىپ ــ يېنىپ قاراشتى: « تووۋا، خۇدايىم ھەيدىگەندەكلا كەپتىمەن » دەپ ئويلايتتى ئەدەن قېچىر يۇسۇپ خوجىنىڭ قەددى ــ قامىتىگە، يالتىراپ تۇرغان پېشانىسى بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان ساغۇچ كۆزلىرىگە زوقلىنىپ: « بۇ بالا خوجامدىنمۇ سۆگەكلىكرەك بولامدۇ نىمە؟ ... »

بۇ ئۇچرىشىش يۇسۇپ خوجىنىڭ شەھەر مىرشاپلىرىغا بولغان ئاچچىقىنىمۇ، دىۋانبېگىگە بولغان تاپا ــ تەنىسىنىمۇ تاغ شامىلىدەك ئۇچۇرتۇپ كەتتى. دىۋانخانىدا بىر ئىللىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ــ بۇ يەردىمۇ ئىلى تەرەپتىكى دورغا، دامچىلارغا ئوخشاش بىگۇناھ ئادەملەرگە زۇلۇم قىلىدىغان ئادەملەر بار ئىكەن، ــ دېدى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان يۇسۇپ خوجا، ــ مەن بىلەن بىللە ئوقۇيدىغان ئەمىتاخۇن دېگەن بىر بالا بار ئىدى. ئۇ بالىدا مەلىكە ئامانىسا خېنىمنىڭ « ئەخلاقى جەمىلە » دېگەن كىتابى بار ئىكەن. شۇنى سورىغىلى بارسام، ئەمىتاخۇننى ئۆتكەن كېچە مىرشاپخانىغا ئەكىتىپتۇ. سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرسەم، ئۇ بالىنىڭ گۇناھى « خوجا مىڭ دۆڭ » ① تەرەپكە كېتىدىغان

① بۇ جاي يەكەننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، قارا تاغلىق مىڭ ئادەم كۆمۈلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

كوچىدىكى دالىم دېگەن خوجىغا باشقىلارغا ئوخشاش بېغىدا پىشقان مېۋىلەرنىڭ باش ـ بۇرنىنى ئېغىز تەگكۈزمەي ، باققاللارغا سېتىۋېتىپتۇ . ئاندىن چۆگۈن تۇۋۇلەيمەن دەپ ، يەنە شۇ خوجىنىڭ يېـ. گىـدىن تەۋەللۇت قىلغان تۆتىنچى خوتۇنىنىڭ چۇشلۇك ئۈيقۇسىنى ئۈچ قېتىم بۇزۇۋېتىپتۇ . ئەمتاخۇننىڭ بۇ ئىشلىرىنى « ماڭا نىسبەتەن ھۆر- مەتسىزلىك » دەپ ھېسابلىغان دالىم خوجا مىرشاپخانىغا ئەرز قىلىپ سولىتىۋېتىپتۇ .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئەدەن قېچىر : « بۇ بالىنىڭ ناھەق ئىشلارغا ئىچى پۇشۇپ غەلۋە كۆتۈرگىنىگە قارىغاندا ، ياراتقان ئىگەم زۇۋۇلىسىنى خېلى يوغان ئۈزگەن ئوخشىمامدۇ ؟ » دەپ ئويلىدى .

ـــ شۇ گەپ ، ـــ دېدى يۇسۇپ خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ـــ ھازىر ئاتام بولغان بولسا ، شۇ تاپتىلا سۇرۇشتە قىلغۇزۇپ ، دالىم خوجا بىلەن مىرشاپلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگۈزەتتىم . ئەمدى بۇ ئىشنى ئۆزلىرىگە ھاۋالە قىلىمەن . تالىپ ئەمتاخۇننى دەرھال ئازاد قىلىپ ، ئۇنىڭغا ئازار بەرگۈچىلەرنى جازالىسىلا ، ـــ ئۇ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ئەدەن قېچىرغا قارىدى ، ـــ يۇرسىلە ، ئۆيگە باشلاپ باراي .

ـــ تولا ئوبدان ، ـــ دېدى ئەدەن قېچىر قولىنى مەيدىسىگە قو- يۇپ ، ـــ ئۆزۈمدىمۇ شۇنداق نىيەت بار ئىدى . خۇدا بۇيرۇسا دانىيال خوجام جانابلىرى كەلگەندە چوقۇم بارىمەن .

ئۇنىڭ گېپىدىن دادىسى يوق چاغدا ئۆيگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىغىنىنى چۈشەنگەن يۇسۇپ خوجا :

ـــ ئۇنداق گەپنى قىلمىسىلا ، ئاتام كەلگەندە يەنە بارارلا ، ـــ دەپ ئەدەن قېچىرنىڭ ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرگىنىگە ئۇنىماي ، دېۋانخانىدىن ئاچچىقىپ كەتتى .

※ ※ ※

ئۇلار ئوردا ئىچىدىكى « راۋاق كۆل » نىڭ قېشىغا سېلىنغان ئېگىز راۋاق تەرەپكە ماڭدى. كۆك خىشلارنى بىر ـ بىرىگە چاپراس كەلتۈرۈپ ياسالغان يولنىڭ بىر چېتىدە ئېچىلىپ كەتكەن ئەتىرگۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. يەنە بىر چېتىدە مېيىز گۈللەر بىلەن مارجان گۈللەر، سېرىق سەبدە بىلەن توغاچ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. شاخ ـ يوپۇرماقلىرى تەۋرىنىپ تۇرغان مەجنۇنتاللارنىڭ ئارىسىدا تۇمۇچۇقلارنىڭ سايراشلىرى، سېرىق قۇشقاچلارنىڭ چۇرۇقلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

يۇسۇپ خوجا ئەدەن قېچىرنى « راۋاق كۆل » نىڭ يان تەرىپىدىكى مېهمانخانىغا باشلاپ كىردى ۋە پاتىهەدىن كېيىن « ئانامنى باشلاپ كىرەي » دەپ چىقىپ كەتتى.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا پۈتكەن بۇ مېهمانخانىنىڭ سول تەرەپتىكى تېمىدا يەنە بىر ئىشىك بولۇپ، ئۇ يەردىن ئون ـ ئونبەش ئادەم ناماز ئوقۇغۇدەك ئىچكى مەسچىتكە كىرەتتى. دانىيال خوجا بۇ يەردە، ئانچە ـ مۇنچە تائەت ـ ئىبادەت قىلىسمۇ، لېكىن رامزان ئېيىدا زولۇقتىن كېيىنلا، مۇشۇ يەرگە كىرىپ قۇرئان ئوقۇيتتى.

تام ـ تورۇسلىرى پۈتۈنلەي گەج بىلەن نەقىشلەنگەن بۇ مېهمانخانىنىڭ زىغىر مېيى سۈركەلگەن ئىشىك ـ دېرىزىلىرى يالىلداپ تۇراتتى. ئېدەنلىرىگە تاۋلىنىپ تۇرغان ئانار گۈللۈك گىلەملەر سېلىنغانىدى.

تۆۋەن تەرەپتىكى كۇرسىدا چۆكۈپ ئولتۇرغان ئەدەن قېچىرنىڭ يادىغا دانىيال خوجىنىڭ خوجەنتتە، ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭغارلارنىڭ قولىدا گۆرۈدە تۇرغاندا ياشىغان ئۆيلىرى كەلدى. مۇنۇ ئۆيگە سېلىشتۇر-

غاندا، ئۇ ئۆيلەر ئېيىق ئۆڭكۈرىدەك قاراڭغۇ، كالا قوتىنىدەك تاملىرىنىڭ توپىسى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

«بۇ ئادەمگە ھەقىقەتەن ئاللانىڭ نەزىرى چۈشكەن ئوخشايدۇ، ھېچ نەرسىنى ئايىماي بېرىپتۇ- دە...»، ئەدەن قېچىرنىڭ ئويى بۆلۈنۈپ كەتتى. مېھمانخانىغا ئىككى ئايالنى ئەگەشتۈرۈپ يۈسۈپ خوجا كىرىپ كەلدى. شاھانە كىيىم- كېچەكلەرنى كىيىشكەن بۇ ئاياللارنىڭ قەدىمى تاپىسىدىن ئۆتۈشى بىلەنلا، مېھمانخانىنىڭ ئىچى خۇش پۇراقلارغا تولۇپ كەتكەندەك بولدى.

— ئەسسالام، — دېيىشتى ئۇلار ئۇزۇن يەڭلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ.

ئەدەن قېچىر دەررۇ ئورنىدىن تۇردى- دە، خۇددى شاھلارغا ئىززەت بىلدۈرگەندەك قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى ئەگكىنىچە بىر قەدەمدەك كەينىگە داجىدى ۋە ئۇ يەر- بۇ يېرى بۆرتۈپ تۇرغان چۈچىلىق ياغلىق بىلەن يۈزىنى پۈركىۋالغان بۇ ئىككى ئايالنىڭ قايسىسى بايان ئاغىچا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئۇلارنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇردى.

— ئەدەنباي ئاكام مېنى تونۇيالماي قالدى، ئانا، — دېدى يۈسۈپ خوجا قەددى ئېگىزرەك، بەدىنى تولۇقراق كەلگەن ئايالغا قاراپ، — بىز بۇ ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كېتىپتىمىز.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، خوجام، — ئېتىراز بىلدۈردى ئەدەن قېچىر، — سىلەرنى ئۇنتۇپ قالسام خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىمەن دېسىلە، ئەمما ئۆزلىرىنى ھە دېگەندە تونۇيالماي قالغىنىم راست. ئۇ بولسىمۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزلىرىنى كۆرمىگەنىنىڭ كاساپىتى.

— نىسا بېگىم بىلەن گەپلىرىنى قىلىپ ئەسلەپ تۇرۇشتۇق، —

سۆز قاتتى بايان ئاغچا، — خوجامغىمۇ بىرنەچچە مەرتە ئەدەنباي ئاكامنىڭ خەۋىرىنى ئالسىلا بولاتتى، دېيىشتۇق.

— شۇنداق، بۇ تىرىكچىلىك دېگەن كاساپەت بىردەم ئۇ شەھەرگە، بىردەم بۇ شەھەرگە ئەكىتىپ، يەكەنگە زادىلا يول چىقمىدى.

— ئۆزلىرىغۇ ياخشى تۇرۇپتىلا. ئۆيلىرىدىكى ئاچىمىز بىلەن بالىلارنىڭ ھەممىسى تىنچلىقتۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا.

— ياخشى تۇرۇپتىلا ئەمەس، بايان ئاغچا، ئەدەنباي ئاكام مېنىڭ كۆزۈمگە ياشىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغۇ، — دەپ سۆز قىستۇردى نىسا بېگىم.

— ئاللانىڭ بۇ كۈنلىرىگىمۇ رەھمەت. ھەرقايسىلىرى بىلەن دىدارلىشىپ، زەبانلىرىنىمۇ ئاڭلىدىم، — رازىمەنلىك بىلدۈردى ئەدەن قېچىر.

— سىلىنىڭ قەدەم تەشرىپلىرىگىمۇ مىڭ رەھمەت. ھازىر ئۆيدە بالىلارنىڭ ئاتىسى بولمىسىمۇ، ئايۇپ خوجام بىلەن يۇسۇپ خوجاملار بار. مېھمىنىمىز بولۇپ، كەتكۈچە مۇشۇ يەردە تۇرسىلا، — خېرىدارلىق قىلدى بايان ئاغچا.

— خۇدا بۇيرۇسا.

بايان ئاغچىلار بىرنەچچە مىنۇتتەك ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. شۇ ئارىدا يۇسۇپ خوجىغا قارىغاندا سېمىزراق، ياپىلاق يۈزى گۆشلۈكرەك كەلگەن، ئۇچىسىغا ئاق شايىدىن پەشمەت كىيىپ، يېشىل سەللە ئورىغان بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. بۇ دانىيال خوجىنىڭ ئايۇپ خوجا ئىسىملىك ئوغلى ئىدى.

ئەدەن قېچىر بۇ ئىككى خوجىزادە بىلەن ئۇزاققىچە پاراڭلىشىپ

ئۆلتۈردى .

## ئالتىنچى باب

دانىيال خوجا سۇمبۇلە ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭغا بۇ قېتىم ئىلىدىن يەكەنگىچە بولغان ئۇزۇن يوللار بىلىنمىدى . ئەكسىچە ، قۇش ئۇچسا قانىتى كۆيىدىغان چۆل ـ جەزىرىلەر گۈل ـ گىياھلار ئۆسكەن ئوتلاقلاردەك ، تونۇردەك ئىسسىق شاماللار باھارنىڭ سەلكىنىدەك سېزىلدى . يوپۇرماقلىرى قۇم توپىلارغا كۆمۈلگەن توغراقلار ، يۇلغۇنلار ، بەزى يەرلەردە غۇژمەك ، بەزى يەرلەردە چېچىلىپ ئۆسكەن كۆك ۋە قارا يانتاقلار ، قۇم بارخانلىرىنىڭ چۆرىسىدە ياكى يامغۇر سۈيى توپلىنىپ تۇرغان ئازگاللاردىكى ئۇچلىنىپ چىققان قومۇشلار بىلەن يېكەنلەر خۇددى بوستانلىق باغلاردەك تەسىر قىلدى .

ئەگەر ئۇ خۇنتەيجىنىڭ قەھرىگە ئۇچراپ ، ئۆلۈم خەۋپىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن ، جۇڭغار قىلىچىدا قانغا مىلەنگەن تەڭرىتېغىنىڭ قۇمايلىرى بىلەن سېغىزخانلىرىنىڭ چوقۇيدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىگەن بولسا ، ئاللاتائالانىڭ ماڭغانسېرى تۈگىمەيدىغان بۇ قاقاس داللارنى ياراتقىنىغا نارازى بولۇپ ، قۇياشنىڭ مېڭىنى قاينىتىدىغان ئىسسىقىنى جاھاننىڭ ئوت يالقۇنىغا ئوخشاتقان بولار ئىدى . « ھېلىمۇ مىڭ قەتلە شۈكۈر » دەيتتى ئۇ يورۇق دۇنيادا يەر دەسسەپ يۈرگىنىگە خۇشال بولۇپ .

ئۇنى مارالۋېشىدىن كېيىنكى ھەربىر قونالغۇدا قىرىق ـ ئەللىكتەك سوپى ـ دەرۋىشلەرنى ئەگەشتۈرگەن ، ساقاللىرىنىڭ ئۇچى ئىڭەرنىڭ قېشىغا تېگىپ تۇرىدىغان ، سەللىلىك چوڭ ـ كىچىك ئىشانلار كۈتۈۋېلىشاتتى . بۇ « ئىسھاقىيە » سۇلۇكىگە مەنسۇپ سوپى ـ

دەرۋىشلەر خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك :

چىلتەن ــ چىلتەن ئەمەسمۇ ،
دەرۋىش چىلتەن ئەمەسمۇ .
چىلتەنلەرنىڭ دۇئاسى ،
مۇشكۈل ئاسان ئەمەسمۇ .

دەپ ھۆكـمەت ئوقـۇشـسا ، ئارقىدىن « ئىشقىيە » سۆلۈكىدىكى سوپى ــ دەرۋىشلەرگە تەقلىد قىلىپ :

دادمۇ داد ، ئۆزۈڭگە داد !
دانىيال خوجامغا داد !

دېيىشىپ قايتۇرما قىلاتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەزىلىرى چەتكە چىقاتتى ــ دە ، بار ئاۋازى بىلەن « ئاللا ... ھۇ ... ھۇ ... ھۇ ! » دەپ ، ئۇياقتىن ــ بۇ ياققا ماڭاتتى .

ھەربىـر قونالغۇدا پەرمانقۇل ئىشان ياللىۋالغان مەدداھلار ، ئۇنىڭ ئۆگىتىپ قويغىنى بويىچە مەدداھلىق قىلاتتى :

ــ ھەزرىتـى دانـىيال خوجام تەگرىتېغىغا بېرىپ ، ئاللاتائالاغا مۇنـاجـات قـىـلغاندا ، رەججەل غايىبلاردىن ئىسھاق ۋەلىيۇللا بىلەن شۇئەيىپ خـوجـاملار بىشارەت بېرىپ : « ئەي ، ئەزىز خوجام ، ئاگاھ بولغىنكى ، بۇگـۈنـگـىـچە كـۇپـار پادىشاھىنىڭ روھىي قۇشى تەن قەپىزىدىن چىقىپ ، تـابـۇت ( تىبەت ) ئېلىدىكى ئۆڭكۈرگە پەرۋاز قىلىدۇ » دەپتۇ . دېگەندەك شۇ كېچىسى قالماقلارنىڭ پادىشاھى ئەجەل شارابىنى ئىچىپتۇ .

ــ ئـىـلـمـىـي نۇجۇمدا ئېيتىلىشىچە ، سەراتان ئېيىدا تۇغۇلغان بالا نـاھايىتى تەلەيلىك ۋە ئادىل بولىدىكەن . چۈنكى ئاللاتائالا ئـالەمنى مۇشۇ ئايـدا يـاراتـقـان ، ئالـەم بـىـنـا بـولـغـانـدىـن بېرى ئۈچ كىشى مۇشۇ ئايدا

تۇغۇلغان . ئۇلارنىڭ بىرى مۇگگۇزلۇك پادىشاھ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن-
دۇر . ئىككىنچىسى ، يەنى ئۇنىڭدىن كېيىن سەككىز يۈز يىل ئۆتكەندە
تۇغۇلغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر . ئۈچىنچىسى بولسا ، ھەزرىتى قۇت-
بىل ئەقتاپ دانىيال خوجامدۇر .

مۇخلىسلىرىنىڭ مۇشۇنداق كۆتۈۋېلىشىغا ، مۇشۇنداق تەرىپلىرىگە
كۆڭلى خۇش بولغان دانىيال خوجا ، ئۆزىنى بۇلۇتلار ئۈستىدىكى
پەرىشتىدەك ھېس قىلاتتى . ئەمما ئارىلاپ يېڭى خۇنتەيجى غالدان سېرىن-
نىڭ قانداق سىياسەت تۇتىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە قارىتا قانداق مۇئامىلىدە
بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ خىيالغا چۆمەتتى .

ئۇ غالدان سېرىنىنىڭ ئۆزى بىلەن تۈزۈكرەك سۆھبەت قىلمىغىنىنى
ئويلاپ : « بۆرىدىن تۇغۇلغان كۈچۈك بەرىبىر بۆرە بولغىنىدەك ، بۇ بالىمۇ
بۈگۈن بولمىسا ئەتە چىۋاڭ رابداندەك ئاچ كۆز ، زالىم ھۆكۈمدار بولىدۇ .
ئۇنىڭ كىچىك ئانىسى بىلەن ئىنىسىنى ئۆلتۈرگىنى ، ئاتىسىدىنمۇ نەچچە
ھەسسە زالىم خۇنتەيجى بولىدىغانلىقىدىن دالالەت بەرمەمدۇ . ھەر ھالدا
چىۋاڭ رابدان ھۆكۈمدار بولغان چاغدىكىدەك ، بۇلارنىڭ دىلىغا تېگىدى-
غان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم . ئاللاتائالامۇ ساقلانغاننى
ساقلايمەن دېگەن ... » دەيتتى . لېكىن يېڭى خۇنتەيجىنىڭ ئۈچ ھاكىمى
خوجاشبەگكە ئوخشاش بىر نەچچىسىنى قايتۇرماي ، ئۆزىگە ئىجازەت
بەرگىنىنى ئويلاپ ، ھەر يىلى جۇڭغار ئوردىسىغا خىراج ئاپارغاندا ، خۇن-
تەيجىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ مۇشۇ بالىسىغىمۇ بىر
نەچچە ئۇلاغ سوۋغا ئېلىپ بارىدىغىنىنى يادىغا كېلىپ ، ئۆزىگە باشقىلاردىن
بالدۇر ئىجازەت قىلغىنىنى ، ئاشۇ ئېھسانلىرىمىنىڭ نەتىجىسىمىكىن ، دېگەن
ئويغىمۇ كېلەتتى .

يول بويى مۇشۇنداق ئۆز تەختىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك

ئىشلار تۇغرۇلۇق باش قاتۇرۇپ يەكەنگە كەلگەن دانىيال خوجامنى ئۇردا
ئىچىدىكى ئۆيىنىڭ ھويلىسىدا ئۈچلا ئادەم — بايان ئاغچا بىلەن قىزى ۋە
نىسا بېگىم كۈتۈۋالدى. ئۇ ئەتىيازدىن بېرى ئېلەك - سېلەك بولۇپ
يۈرگەن دۇردۇن ئاغچىنى سورىۋىدى:

— ئۇ كىشىنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈۋالغۇدەك ھالى يوق، — دېدى
نىسا بېگىم.

دانىيال خوجىدا قانداقتۇر بىر ئىچ ئاغرىتىش، ئېچىنىشقا ئوخشاش
سېزىم پەيدا بولدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ قاتىللى ساقلاخۇن يادىغا كېلىپ قال-
غاندا دۇردۇن ئاغچىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ، بايان ئاغچىنىڭ
ئۆيىدىلا بولۇپ كېتەتتى. ئېرىنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى چۈ-
شىنەلمىگەن دۇردۇن ئاغچا: «بۇ قالماق خوتۇن خوجامنىڭ بېشىنى
ئايلاندۇرۇۋالدى» دەپ نىسا بېگىگە ھال ئېيتاتتى. بايان ئاغچا ئىككىنچى
بالىسىنى — قىزىنى تۇغقاندا بولسا: «بۇ قالماق خوتۇن تېخىمۇ يىلتىز
تارتىشقا باشلىدى» دەپ تىپىرلاپ كەتتى. لېكىن، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ
ئۆزىمۇ ئىككى قېتىم قورساق كۆتۈرۈپ ئۆلگۈردى. ئۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ
دانىيال خوجا بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىدا بايان ئاغچىنىڭ ئۆزىنى بۇ-
رۇنقىدەك ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقىنى، بەزىدە ئانىسىنى ئەسلەپ
يىغلايدىغانلىقىنى ۋە بەش ۋاخ نامازنى تولۇق ئوقۇمايدىغانلىقىنى شىكايەت
قىلاتتى. دانىيال خوجا بۇ گەپلەرگە ئانچە ئېتىبار قىلمايتتى. ئۇنىڭ
نەزىرىدە، تۆت بالا، ئىككى نەۋرە كۆرگۈچە، شىرنىسىدىن ئايرىلغان
شاپتۇل قېقىدەك بولۇپ قالسىمۇ، چوكانلىقنى قويمىغان دۇردۇن ئاغچىدا
ئانىلىق خۇسۇسىيەتتىن بۆلەك ھېچ نەرسە قالمىغانىدى. ئۇنى «بالا
تۇغۇشنىلا بىلىدىغان، ئىچىدە قىلمۇ پىرقىرىمايدىغان ئايال» دەپ
قارايتتى. شۇنداق بولسىمۇ دۇردۇن ئاغچىنى كۆرگەندە، باللىرىمىزنىڭ

ئانىسىغۇ دېگەن ئوي بىلەن ھالىنى سورايتتى ۋە كۆڭلى خۇش بولۇپ قالسۇن دەپ، «زىلەيخا» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قوياتتى.

ئۇ خۇنتەيجىنىڭ تويىغا بايان ئاغچىنىڭ ئۆيىدىن ئاتلانغاندى. شۇ چاغدا ئۆزىنى ئۇزىتىپ چىققان دۇردۇن ئاغچىنىڭ پەرىشان ھالىنى، ياش يۇقى كۆزلىرىنى كۆرۈپ: «خۇدا نېسىپ قىلسا، قايتىپ كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىمەن» دەپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويغاندى. ھازىر شۇ گېپى يادىغا كەلدىمۇ ياكى ئېغىر كۈنلەردە ھەمراھ بولغان ۋە بىرنەچچە بالامنىڭ ئانىسىغۇ دەپ ئويلىدىمۇ، قولىدىكى قىزىنى بايان ئاغچىغا بېرىپ، دۇردۇن ئاغچىنىڭ ئۆيىگە كىردى.

— ياراتقان ئىگەمگە قىلغان نالىلىرىم بىكار كەتمەپتۇ، — دەپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى قىرمىلىق كاتتا ئىككى ياستۇقنى بېلىگە قويۇپ ئولتۇرغان دۇردۇن ئاغچا، — ئۆزلىرىنىڭ دىدارىنى كۆرسەتكەن خۇدايىمغا مىڭ قەتلە شۈكۈر...

ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ، ئىسسىق ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ چىققان بۇ سۆزلەر دانىيال خوجىنى بىر تۈرلۈك قىلىۋەتتى.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، زىلەيخا، — دېدى ئۇ غەمخورلۇق بىلەن ۋە كاتىنىڭ بېشىدا تۇرغان لۆڭگىنى ئېلىپ دۇردۇن ئاغچىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، — خۇدا بۇيرۇسا سەھەت تېپىپ تارىمنىڭ ئاھۇسىدەك قىيغىتىپ كېتىدىلا، — دېدى.

ئۇزۇندىن بېرى دانىيال خوجىدىن بۇنداق گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىمىغان ۋە ئاڭلاشقا تەشنا بولۇپ يۈرگەن دۇردۇن ئاغچا بىرپەس ئاغرىقىنى ئۇنتۇغاندەك بولۇپ:

— مۇبارەك قوللىرىنى بەرسىلە، خوجام، چاڭقىغان لەۋلىرىمنى يېقىپ، تەشنالىقىمنى باساي، — دېدى-دە، ئېرىنىڭ ئالقىنى بىلەن

بېغىشلىرىنى سۆيۈپ يەنە يىغلىۋەتتى .

— ئۆزلىرىنى ئۇپراتمىسلا دېدىمغۇ، زىلەيخا — دېدى يەنە خۇ-تۇنىنىڭ ئىسسىق ياشلىرى قولىغا تامغان دانىيال خوجا، — بۇنداق يىغلاۋەرسىلە، قانداق سەھەت تاپىدىلا ؟

دۇردۇن ئاغىچا ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ ياشلىرىنى سۈرتتى ۋە كاتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرغان ئېرىگە تىكىلىپ قاراپ :

— سىلىنى راست كۆرۈۋاتىمەنمۇ ياكى چۈشۈممۇ ؟ — دېدى .

— ئەلۋەتتە، راست كۆرۈۋاتىدىلا .

— تىلىم تەگمىسۇن، قىياپەتلىرى يېڭىدىن ئۆي تۇتقان چاغدىكىدەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ .

— سىلىمۇ شۇنچە ئاغرىغانلىرىغا قارىماي، غۇنچىدەكلا تۇرۇپتىلا، ئۆزلىرىنى بىكارغا زىلەيخا دېمەيمەن - دە .

ئۇلار ئەنە شۇنداق، بىرسى چىن دىلى بىلەن، يەنە بىرسى مۇغەمبەرلىك بىلەن بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇشقاندا، ئايۇپ خوجا بىلەن يۈسۈپ خوجىلار كىرىپ كېلىشتى .

※ ※ ※

دانىيال خوجا كەچلىك تاماقنى دۇردۇن ئاغىچىنىڭ ئۆيىدە يېدى . بۇ هال بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇسسۇلۇقتىن بۆلەك نەرسىگە كۆڭلى تارتمىغان ئاغىچىنىڭ ئىككى تال مانتا يېيىشىگە سەۋەب بولدى .

— خوجام بولمىسا ئىشتىھالىرىمۇ يوقاپ كېتىدىكەن، ئاغىچا، — دەپ چىقىشتى نىسا بېگىم، ئاندىن دانىيال خوجىغا قاراپ، — بۇگۈن دۇردۇن ئاغىچىنىڭ غىزا يېمىگىنىگە تۆت كۈندەك بولغان، — دەپ قوشۇپ قويدى .

— تېۋىپلار نېمە دەيدۇ ؟ — دەپ سورىدى خوجا .
— ئاغـچـىنىڭ ئۇسسۇلۇقىغا سوغۇقلۇق بېرىڭلار ، ئىچىنى قۇرۇق ئىسسىق باغلاپ كېتىپتۇ ، دېيىشتى .
— قـايـىسـى كـۈنـلىرى خېلى ئۇڭلىنىپ قىلىۋىدىم ، — گەپكە ئا-رىلاشتـى دۇردۇن ئاغچا ، — نەۋاقتتا ھېلىقى ئەدەن قېچىر دېگەن تۇججار مۇخلىسلىرى كەپتىكەن . بايان ئاغچىنى يوقلاپ ، مېنى يوقلىماي كېتىپتۇ . ئادەم كـېـسـەل بولۇپ قالسا ئەتىۋارى بولمايدىكەن ، — ئۇنىڭ كۆڭلى بۇ-زۇلۇپ يەنە يىغلىۋەتتى .
— نـېـمـىشقا ئۇنداق ئۆزلىرىنى ئۇپرىتىدىلا ؟ — تەسەللى بەردى نـىسا بېگىم ، — ئۇ تۇججار شۇنچە نېمىلىرى ، مانا خۇدايىم قوشقان باشپا-ناھلىرى يانلىرىدا ئولتۇرىدىغۇ .
— ئەدەنـبـاي قـاچـان كەلگەن ؟ — دانىيال خوجا نىسا بېگىمدىن مۇراجىئەت قىلدى .
— بـۈگـۈن ھەپـتـىدىن ئاشتىغۇ دەيمەن . ئۇ كىشى سىلىگە سالام بـېرىش ئۈچۈن ئوردىغا كەپتىكەن ، يۈسۈپ خوجام تونۇپ قېلىپ باشلاپ كەپتۇ .
دانـىـيال خوجا ئورنىدىن قوزغالدى . بايا ئۇ بۈگۈن كېچىنى ئۆزى جـەيـنـەكـتـەك ، بـارمـاقـلىرى چىش كولىغۇچتەك بولۇپ قالسىمۇ ، يۈز - كـۆزىـنى پەردازلاشقا ئۈلگۈرگەن ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئۆتكۈ-زۈۋاتـقـان دۇردۇن ئاغـچـىـنىڭ قېشىدا ئۆتكۈزۈشنى ئويلىغانىدى ، ھازىر يـالـتـىـيىپ قالدى . بۇنىڭ سەۋەبى ، دۇردۇن ئاغچا جۇڭغارلارنىڭ قولىدا تـۇرۇۋاتـقـان ئوغـلـى يـاقـۇپ خـوجـىنىڭ ئەھۋالىنى شۇ چاغقىچە سوراپ قـويـمـىـغـانىدى . لېكىن ، دانىيال خوجا ئۇنىڭ كېـسەلـلـىـكـىـنـى ئېتىب-ـارغـا ئـېـلـىـپ « بـويـتـىلا » دېـگـەن ئويغا كەلگەنىدى . بىراق ئۇنىڭ

ئەدەن تـۇججاردىن يامانلاپ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ گەجگىسـى قـورۇپ قـ
ـالـدى : « ئەخـمەق خوتۇن ، دەپ ئويلىدى دانىيال خوجا ، ئۆزى ئىككى
دۇنـيـانىڭ ھودۇدىغا كىلىپ قالسىمۇ ، ئىچىدىن چىققان بالىسىنى ئـەسـلـ
ـەشنـىڭ ئـورنىغا ، نەدىـكـى بـىر تـۇججـارنـى ئەسلەۋاتىدا ؟ ... »
ـــ نـەگـە مـاڭـدىلا ؟ ـــ دەپ سورىـدى دۇردۇن ئاغىچا ئېرىنىڭ
ئورنىدىن تۇرۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ .
ـــ سىلـى ئارام ئالـسىلا ، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇۋالاي ، ـــ دېدى
خـوجـا ۋە نـىسـا بېگىمگە قاراپ ، ـــ مەن ئېتىكاپخانىدا بولىمەن ، ئايۇپ
خوجام بىلەن يۇسۇپ خوجاملار شۇ يەرگە كىرسۇن ، ـــ دېدى .
شـۇ چـاغـدا خېلىدىن بېرى كۆڭلى ئاينىپ تۇرغان دۇردۇن ئاغىچا
ئۆزىـگـە ئـىـگـە بـولالـماي ، يـېـگـەن غـىـزاسـى بـىـلـەن ئىچكەن چېيىنى
ياندۇرۇۋەتتى .

※ ※ ※

ئېتىكاپخانىدا خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇغان ئاتا ـ بالىلار مېھمانخانىغا
چـىـقـىشـتـى . خـوجـىزادىلەر پاكار شىرەنىڭ قېشىغا قويۇلغان كۇرسىدا
ئولـتۇرغـان دادىسىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھالدا ، ئۇنىڭ ھارغىن چىرايىغا
كـۆز سـېلـىـپ ئولتۇرۇشتى . دانىيال خوجا بولسا ، بۇ ئىككى بالىسىدا ئۆز
ئەجـدادىـنـىڭ ئۇدۇمىغا خاس خۇسۇسىيەتلەردىن قانچىلىك بارلىقىنى بىلـ
مەكچى بولغاندەك ، بىردەم ئايۇپ خوجىغا ، بىر دەم يۇسۇپ خوجىغا نەزەر
تـاشلايـتـتـى ۋە ئۇلارغـا دەيـدىـغـان گـەپـلـىرىنى نەدىن باشلاشنى ، نېمە
دېيىشنى بىلمەي ئويلىنىپ تۇراتتى .
بـىـر چـاغـدا دادىسىدىن بۇرۇن ئېغىز ئېچىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ
بىلىدىغان خۇجىزادىلەرنىڭ تاقىتى تۈگىدى ، ئەتىمالىم :
ـــ تـازىـمۇ كـېچـىـكـىپ كـەتـتـىلـىغـۇ ، ئـاتـا ؟ ـــ دېدى

ئايۇپ خوجا، — قالماق خۇنتەيجىسىنىڭ تويى شۇنچە ئۇزاق بولامدىكەن ؟

— شۇنداق، ھەر ئىقلىمنىڭ ئۆزلىرىچە ئۆرپ - ئادەتلىرى بولىدىكەن.

— ئاتا، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — يېڭى خۇنتەيجى بىلەن مۇلاقەتتە بولدىلىمۇ ؟ قانداقراق ئادەم ئىكەن ؟

ئۇنىڭ بۇ سوئالى ئايۇپ خوجىنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ئاتىسىنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتمەي ئىنىسىدىن سورىدى:

— نەنىڭ يېڭى خۇنتەيجىسىنى دەۋاتىدىلا ؟

— چىۋاڭ رابدانىنىڭ ئورنىغا تەختتە ئولتۇرغان خۇنتەيجىنى دەۋاتىمەن.

— ئۇنىڭ ئۆزىچۇ ؟

— سىلى بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە ئاڭلىمىدىلىمۇ ؟ — ھەيران بولغاندەك ئاكىسىغا قارىدى يۇسۇپ خوجا، — چىۋاڭ رابدان خۇنتەيجى قىزىنىڭ تويى بولغان كۈنى ئەجەل شەربىتىنى ئىچىپتۇ.

— راستما، ئاتا ؟

— راست، — دېدى دانىيال خوجا، ئاندىن يۇسۇپ خوجىغا قاراپ، — سىز بۇ خەۋەرنى كىمدىن ئاڭلىدىڭىز ؟ — دېدى.

— تۈنۈگۈن « تارىخى رەشىدىيە » دېگەن كىتابنى ئىزدەپ، بازاردىكى كىتابپۇرۇشلارغا بېرىۋىدىم، شۇ يەردە قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن بىر دەرۋىش بازار ئەھلىگە سۆزلەۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ گېپىگە قارىغاندا، يېڭى خۇنتەيجى ئۆگەي ئانىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىمىش.

« يەكەندە كىگىز قاقسا، تويسى تۇرپانغا بارىدۇ » دېگەن گەپلەر راست ئىكەن. « تەگرىتېغىنىڭ قوينىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەر بىزدىن

بۇرۇن بۇ ياقلارغا تارىلىپ كېتىپتۇ » دەپ ئويلىغان دانىيال خوجا پاراڭنىڭ مەزمۇنىنى يۆتكىدى .

— ئەدەن تۇججار كېلىپ كەتسە كېرەك ، ئۇ كىشى بىرەر گەپ - سۆز قىلمىدىمۇ ؟

يۇسۇپ خوجا ئاكىسىغا يول قويۇپ جىم تۇردى ، ئۇ گەپ قىلمىغاندىن كېيىن ئۆزى جاۋاب بەردى .

— ئۇ كىشىگۇ ھېچ نەرسە دېمىدى . نەۋاقتا بىر ئىش بىلەن دىۋانخانىغا بارسام بىر ئادەم ئولتۇرۇپتۇ . قارىسام ، سىلىنىڭ بۇرادەرلىرى ئەدەنباي ئاكام ئىكەن . بىراق ئۇ كىشى مېنى تونۇمىدى ، — دەپ ئەدەن قېچىرغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارنى سۆزلەپ بەردى .

— ئەدەنباي دېگەن بۇرادەرلىرى قىزىق گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىكەن ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئايۇپ خوجا ، — يۇسۇپ خوجام ئىككىلەن مەيدانغىچە ئۇزىتىپ بارساق : « خوجامنىڭ جوڭغارلارنىڭ قولىدا بىر بۇركۇتى قېلىۋىدى ، بۇ يەردىكى بۇركۇتلىرىمۇ تۆمۈر قانات بولۇپ قاپتۇ » دەيدۇ . مەنزە : « بىز بۇركۇت باقمايمىزغۇ » دېسەم ، « ھەر قايسىلىرى قايسى بۇركۇتتىن كەم » دېمەمدۇ .

دانىيال خوجا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، ئايۇپ خوجىنىڭ ساددىلىقىغا ھەيران بولدى ۋە : « بۇ بالا بۇرۇندىن مۇشۇنداقمىدىكىنا ؟ نېمىشقا بالدۇر بايقىمىدىم ؟ بەلكى كىچىك بولغىنى ئۇچۇن كۆڭۈل بۆلمىسەم كېرەك . بەزى ئەللامىلەر ئاتا - ئانىلارنىڭ مىجەز - خۇلقىدىكى ئالامەتلەر ئۇلارنىڭ نەسلىگىمۇ ئۆتىدۇ ، دەيدىغان . مۇنۇ بالىدا ماڭا قارىغاندا ئانىسىنىڭ مىجەزىدىكى خۇسۇسىيەتلەر كۆپرەك بايقىلىۋاتىدۇ » دەپ ئويلىدى .

— سىلى يوق چاغدا بۇ يەردىكى ئەمەلدارلار خانلىقىمىزنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈۋېتىدىكەن ، — دېدى يۇسۇپ خوجا .

دانىيال خوجا سەگەكلىشىپ قالدى.

— ئۇلار ئاكام ئىككىمىزنى كىچىك بالا چاغلاپ، يادىغا كەلگەن ئىشلارنى قىلىدىكەن، — دەپ «خوجا ملك دۆك» تەرەپكە كېتىدىغان كوچىدىكى دالىم خوجا بىلەن مىرشاپلارنىڭ ناھەق ئىشلىرىنى، دىۋانبېگىنىڭ ئۇلارغا سۆكۈت قىلغىنىنى، بۇنىڭغا تاقەت قىلالماي، «غۇلىچا گەدەنكەشلەر» تۇرىدىغان ھويلىغا بېرىپ ساۋاقدىشىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ بىر نەچچە ئادەمنى ئازاد قىلىۋەتكەنلىكىنى دەپ بېرىپ ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — بۇ شەھەردىكى ئەمەلدارلار بىلەن مىرشاپلارنىڭ بەزىلىرى شۇنچىلىك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇكى، سىلى يوق چاغلاردا، پۇقرالارنى ئۆزى بىلگەنچە باشقۇرىدىكەن. پۇقرالار بولسا، كۆرۈۋاتقان ئازابلىرىنى ئۇلاردىن كۆرمەي ئۆزلىرىدىن رەنجىشىدىكەن. «ھەزرىتى دانىيال خوجامنىڭ زۇلمى ئاپاق خوجامنىڭ زۇلمىدىن قېلىشمايدىغان بولدى» دەپ شىكايەت قىلىشىدىكەن، — دېدى.

— يۇسۇپ خوجامنىڭ ئېيتقانلىرى ئارى راست، ئاتا، — دەپ سۆز قىستۇردى ئايۇپ خوجا، — ئۆتكەن پەيشەنبە كۈنى تېرەك باغ تەرەپتىن كېلىۋاتسام، بېشىغا مۇغەمبەر تۇماق كىيىۋالغان بىر ئادەمنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان كىشىلەرگە: «بىر ياقتىن ئەمەلدارلار، يەنە بىر ياقتىن ئامبۇنلار پۇقرا دېگەن قويغا ئوخشاش دەپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىۋەرسە، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى قويغا ئوخشىتىپ ياۋاش دېگەن پۇقرالار يولۋاسقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ زالىم ئەمەلدارلار كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي قالىدۇ» دېگەن گېپىنى ئاڭلىدىم. دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ ئاتا؟ مەدرىستىكى ئۇستازلارمۇ: «ئاللاتائالا پادىشاھ، ھاكىم، خان ۋە ئەمەلدار دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى پۇقرالارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقان، ئۇلارغا جەبىر قىلىش ئۈچۈن ئەمەس» دەپ تەلىم

بېرىدىغۇ .

دانىيال خوجا بالىلىرىدىن ئاڭلىغان بۇ گەپلەرگە ئېتىراز بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلمىدى .

ــ ئەسلىنى ئالغاندا ، سىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىڭلار بىردىنبىر توغرا ، ــ دېدى ئۇ ، ــ ياش چاغلىرىمدا مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئويلايتتىم . لېكىن هايات دېگەن پۈتۈنلەي ئۆزگىچە بولىدىكەن . ئۇنىڭغا ماسلاشماي ياشايمەن دېگەن ئادەمنىڭ بۇرنى ئوڭايلا قانايدىكەن . هازىر سىلەر مايىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەككە ئوخشايسىلەر ، هاياتنىڭ ئاچچىق ــ چۈچۈكىنى ، ئازگال ــ دۆڭلىرىنى ئانچە پەرق قىلمايسىلەر ، ئەمما ، ــ ئۇ « بىزگە ئوخشاش » دېمەكچى بولۇپ يالتىيىپ قالدى ، ــ بەزىبىر ئادەملەرنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس ، سەرگانىڭ قامچىسىدىن قورققان ئاتقا ئوخشاش ئويۇن كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيسىلەر . بۇ غەم ــ تەشۋىشكە تولغان پانىي دۇنيادىكى هەرقانداق ياخشى ــ يامان ئىشلار خانلار تەرىپىدىنمۇ ، پۇقرالار تەرىپىدىنمۇ سادىر بولۇپ تۇرىدۇ . سىلەر هازىر ـ بۇ ئىشلارنىڭ ماهىيىتىگە چۈشەنمەيسىلەر . ئاللاتائالا : « كىمكى يامان ئىش قىلسا جازاسى ئۆزىگە » دېگەن . پۇقراغا زۇلۇم قىلغان ئەمەلدار ئاللانىڭ جازاسىنى ئالغۇچىلاردۇر . سىلەر ، باللىرىم ، هازىرچە بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشماي ، ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈڭلار ، ــ ئۇ گېپىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ ، يۈسۈپ خوجىدىن سورىدى ، ــ شۇنداق قىلىپ هېلىقى « تارىخى رەشىدىيە » دېگەن كىتابنى تاپالىدىڭىزمۇ ؟

ــ هەئە .

دانىيال خوجا ئايۇپ خوجىغا قاراپ :

ــ سىزمۇ ئۇ كىتابنى ئوقۇپ كۆرۈڭ ، ــ دېدى ۋە ئۇنىڭ

« ماقۇل ، ئاتا » دېگەن جاۋابنى ئەسنەك ئارىلاش ئېيتقىنىنى كۆرۈپ ، — ئەمسە ، ئارام ئېلىڭلار . كېچىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى .

※ ※ ※

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ ، بىر كۈنى ئەتىگەندىلا ، خوجىزادە-لەر ئوقۇيدىغان مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ساۋۇر داموللا دېگەن كىشى دانىيال خوجىنى زىيارەت قىلدى . ئەرەب - پارس تىللىرىنى ياخشى بىلە-دىغان ، بۇخارادا بىرنەچچە يىل بىلىم ئالغان بۇ ئادەم دىۋانبېگىنىڭ ئاكىسى ئىدى . ئۇ دانىيال خوجا بىلەن ھەر قېتىم ئۇچراشقىنىدا خوجىزا-دىلەرنى ماختاپ ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ ياخشىلىقىنى ، ئىلىم تەھسىل قىلىشتىكى ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى تەرىپلەيتتى .

ئۇ بۈگۈن پۈتۈنلەي باشقا گەپلەرنى قىلدى . يەنى يۈسۈپ خوجا قانداقتۇر بىر بەتنىيەت ئادەملەر تەرىپىدىن پۈتۈلگەن كىتابلارنى ئوقۇيدى-غان ۋە ئۇلاردىكى شەرىئەت پېشۋالىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان لەتىپىلەرنى خاتىرە دەپتىرىگە كۆچۈرۈۋېلىپ ، تالىپلارغا ئوقۇپ بېرىدىغان بولۇۋاپتۇ . ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن نىياز بەگ بىلەن دىۋانبېگىنىڭ بالىلىرى ئارقىلىق خەۋەر تاپقان داموللا ، يەنە شۇ بالىلار ئارقىلىق خوجىزادىنىڭ خاتىرە دەپتىرىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ - دە ، يۈسۈپ خوجىنىڭ ئەقىل باۋەر قىلمايدىغان بۇ ئىشىدىن ھەزرىتى خوجامنى خەۋەردار قىلىشنى ئويلاپ بۇ-ياققا كەپتۇ .

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، ھەيرانۇ ھەس بولغان دانىيال خوجا بالىسىنىڭ دەپتىرىنى سورىدى . ساۋۇر داموللا چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن قېلىنغىنا بىر دەپتەرنى ئېلىپ خوجىغا سۇندى .

دانىيال خوجا دەپتەرنى ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى . دەپتەرنىڭ

دەسلەپكى بىرنەچچە ۋاراقلىرىغا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ، جامىينىڭ، سەككاكىنىڭ غەزەللىرى بىلەن رۇبائىيلىرى يېزىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەرەب ـ پارس ئەللىرىدە كەڭ تارقالغان لەتىپىچى جوھانىڭ ھەجۋىيلە-رىدىن بىر نەچچىسى كۆچۈرۈلۈپتۇ. دانىيال خوجىدا بىردىن قىزىقىش پەيدا بولدى. ئۇمۇ مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن مەزگىللىرىدە دادىسىدىن يوشۇرۇپ، جوھانىڭ لەتىپىلىرىنى ئوقۇغانىدى. دانىيال خوجا لەتىپىلەرگە كۆز يۈگۈرتتى:

« بىر كىشى جوھادىن سوراپتۇ:

ـــ جوھا، ئادەملەر قايسى چاغدا تۇغۇلۇپ، قايسى چاغدا ئۆلىدۇ، بىلەمسەن؟

ـــ تەقسىر، ـــ دەپتۇ جوھا، ـــ جەننەت ئادەم بىلەن تولۇپ كەتكەندە، ئادەملەر ئۆلۈشكە باشلايدۇ. دوزاخ ئادەم بىلەن تولۇپ كەت-كەندە، تۇغۇلۇشقا باشلايدۇ.»

« يېزا باشلىقى بىر دېھقانىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كېلىپ جوھادىن سوراپتۇ:

پادىشاھ چوڭمۇ، دېھقان چوڭمۇ؟

ـــ ئەلۋەتتە، دېھقان چوڭ، ـــ دەپتۇ جوھا، ـــ ئەگەر دېھقان ئاشلىق تېرىمىسا، پادىشاھ ئاچتىن ئۆلمەمدۇ!؟ »

دانىيال خوجا دەپتەرنىڭ يەنە بىر ۋارىقىنى ئاچتى. بۇ بەتكە ئىرانلىق ئەبەيدۇللا زاكۇنىنىڭ ھېكايەتلىرى كۆچۈرۈلگەنىدى:

« بىر كىشى تەلھەكتىن:

ـــ پارا دېگەن نېمە؟ ـــ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـــ بۇنى قازىدىن سوراش كېرەك، ـــ دەپ جاۋاب بەردى. »

« بىر كىشى مەۋلانە ئازۇددىندىن:

— تەقسىر ، خەلىپىلەرنىڭ زامانىدا خۇدالىق ۋە پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلىدىغان ئادەملەر كۆپ چىقاتتى ، ھازىر نېمە ئۈچۈن ئۇنداق ئادەملەر يوق ؟ — دەپ سورىدى .

— بۇنىڭ سەۋەبى ، ھازىر ئادەملەر زۇلۇم ۋە ئاچلىقتىن شۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانكى ، ئۇلار يا خۇدا ، يا پەيغەمبەر بولۇشنى ئويلىمايدۇ ، — دېدى . »

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتكە يەنە مەزكۇر مۇئەللىپنىڭ « دەخپەسىل » ( ئون پەسىل ) دېگەن رىسالىسىدىكى قازىلار ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر ھەققىدە يېزىلغان تەبىر ـ چۈشەندۈرۈشلەردىن بىر نەچچە قۇر كۆچۈرۈلۈپتۇ :

« قازى دېگىنىمىز — ھەممە كىشى نەپرەتلىنىدىغان ئادەم ، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى بولسا ، گۇۋاھلىقنى ئالدىنئالا پۇلغا ساتىدىغان ئادەملەر . »

« قازىنىڭ كۆزى ـ ھېچ نەرسە بىلەن تولدۇرۇپ بولمايدىغان ئىدىش . »

« قازىخانا — ئوتخانا دېمەكتۇر . »

« ھالال — بۇ قازىلار ئىستېمال قىلمايدىغان نەرسە . »

« بېھىش — قازىلارغا نېسىپ بولمايدىغان جاي ... »

دانىيال خوجا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، بىر پەس ئويلىنىپ تۇردى ـ دە ، دەپتەرنىڭ يەنە بىر ۋارىقىنى ئاچتى . بۇ ۋاراقتا XI ئەسىردە خۇراساندا ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شەمسۇل مەئالى قابۇسنىڭ « قابۇسنامە » دېگەن ئەسىرىدىن تۆۋەندىكى ئۇزۇندىلەر كۆچۈرۈلۈپتۇ :

« ئەي ، ئوغۇل ، ئاتاڭدىن قالغان نەسەب ( نام ) بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۆز ھۈنەر ـ كەسپىڭ ۋە ئەقىل ـ پاراستىڭ بىلەن ئىپتىخارلان ،

چۈنكى ئاتا ـ ئانىڭ قويغان ئەخمەت، مۇھەممەت ياكى ئابدۇللا دېگەنگە ئوخشاش ئاتلار ساڭا شەرەپ بولمايدۇ. سەن ئۆزۈڭ قولغا كەلتۈرگەن ئالىم، پەيلاسوپ، ھېكىم (تېۋىپ)، ئۇستاز، مۇئەللىم ۋە ھۈنەرۋەن دېگەن ناملار ساڭا شەرەپلىكتۇر ... »

« ئادەم نەسىل ـ نەسەبى ۋە باشقىلىرى بىلەن ئۇلۇغ بولالمايدۇ، ئۇلۇغلۇق ئىلىم ـ بىلىم ۋە ھۆنەر بىلەن بولىدۇ ...، ئەي، ئوغلان، ئىلىم ـ مەرىپەتنى يوق كىشىنى ئادەم ئورنىدا قويما ۋە ئادەم قاتارىدا ھېسابلىما، بۇنداق ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولما. بولۇپمۇ، ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئىلىم ئورنىغا قويىدىغان ئادەملەر بىلەن سۆھبەتلەشمە، بۇ ‹ مۇرەككەپ نادانلىق › دېيىلىدۇ ... »

« ئەي، ئوغۇل، ئۆزۈڭنى بىلمەسلەر، ئىقتىدارسىزلار قاتارىدا تۇت. ھەرقانچە بىلسەڭمۇ، مەندىن ئارتۇق بىلىدىغانلار بار دەپ قىياس قىل. چۈنكى ‹ بىلمەيمەن › دېيىش ـ ئىلىمنىڭ يېرىمىدۇر. ئۆز بىلىمىڭدىن مەغرۇرلانما. بىرەر ئىش قىلساڭ ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن كېڭەش قىلغىن. كېڭەش قىلىشقا ئادەم تاپالمىساڭ بۆكۈڭ بىلەن كېڭەش، مەسلىھەت ـ كېڭەشنى ئەيىب سانىما ... ».

دانىيال خوجا دەپتەرگە يېزىلغانلارنى ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ رەڭگىرويىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرغان مۇدەررىس: « بۇ ئادەم بالىلىرىنىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنىمنى كۆرۈپ مىننەتدار بولىدۇ. ھەتتا ئۆتكەن يىلدىكىدەك بىر نەرسىلەرنى ئىنئام قىلىدۇ » دەپ ئويلىدى. كېيىن بولسا: « ئاپلا، خوجىزادىنى يامانلىغاندەك ئىش قىلىپ بىكار كەپتىمەن ـ دە، بۇ جاھاندا ئۆز بالىسىنى يامان دەيدىغان ئادەم يوققۇ؟ بۇنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالدىم؟ » دەپ ئۆكۈنۈشكە باشلىدى. چۈنكى قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، قىياپىتى جىددىيلىشىپ كەتكەن دانىيال

خوجىنىڭ رەڭگى ـ رۇخسارى قاچىدىكى لاي سۇغا ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا تىنىپ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى.

— ئۆزلىرى قارا تاغ تەرەپلەرگە بارغانمۇ؟ — دەپ سورىدى دانىيال خوجا قولىدىكى دەپتەرنى مۇدەررىسنىڭ ئالدىغا تاشلاپ.

— يوقسۇ، — ھودۇقۇپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— مەن ئۇ تەرەپلەردىكى كۆپلىگەن جايلاردا بولغان. ئۇ يەرلەردىكى تاغ ئارىلىرىدىن چىققان سۇلار تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ، سەكرەپ، شارقىراپ ئاقىدىكەن، پەسكە چۈشكەندە خۇددى تەكلىماكاننىڭ قۇملىرىغا سىڭىپ كېتىشتىن قورققاندەك ئاقايمۇ، ئاقمايمۇ دەپ سۈرئىتىنى پەسەيتىدىكەن. ھەتتا بەزى جايلاردا ئاقماي، توختاپ قالغاندەك بىلىنىدىكەن.

دانىيال خوجىنىڭ بۇ گەپلەرنى نېمە ئۈچۈن دەۋاتقىنىنى چۈشەنمىسىمۇ:

— شۇنداق، تەقسىر، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللىدى مۇدەررىس.

— ياش باللار خۇددى شۇ تاغ سۇلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا سىلى بىلەن بىزمۇ شۇنداق ئىدۇق. ھەممە نەرسىگە قىزىقىپ، ھەممە نەرسىگە كۆلەتتۇق. يەرنىڭ ئويمان ـ چوڭقۇرىغا قارىماي يۈگۈرۈيتتۇق، شوخلۇق قىلاتتۇق. ھازىر بولسا، بىرەر ئېغىز گەپ ياكى ئىش قىلىشتىن بالدۇر ئويلاپ كۆرىدىغان بولدۇق.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق، تەقسىر، — خوجىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىگە ئەمدى كۆزى يەتكەن مۇدەررىس ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى، — بۇ خوجىزادەم ئۆزلىرى دېگەندەك، گۈركىرەپ ئاقىدىغان تاغ سۈيىنىڭ ئۆزى. يەنە كېلىپ سۆزۈكتىن ـ سۈزۈك، كەۋسەردەك

شېرىن دېسىلە. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان، كۆڭلىگە ياقمىغان نەرسىلەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدىغان ۋاقتى. مېنىڭ ئۆزلىرىنى زىيارەت قىلىشتىكى مۇددىئايىم، خوجىزادىنى يامانلاش ئۈچۈن ئەمەس، ئىللا - بىللا ھەرگىز ئۇنداق دەپ ئويلىمىسىلا، يۈسۈپ خوجامنىڭ باشقا بالىلاردىن زېرەكلىكىنى، خۇش خەتتىمۇ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئىزھارقىلىشتىن ئىبارەت.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئويلىدىم. يۈسۈپ خوجام خەتنى تولىمۇ چىرايلىق پۈتىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى دانىيال خوجا ۋە بالىسىنىڭ خاتىرە دەپتىرىنى مۇدەررىسكە سۇندى، — بۇنى ئىگىسىگە بېرىۋەتسىلە.

※ ※ ※

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، دانىيال خوجىنىڭ بالىلىرىغا بولغان كۆز قارىشىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولۇشقا باشلىدى. ئۇ نەچچە يىللاردىن بېرى ئوردا ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، بالىلىرىنىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلمەپتۇ. «ئۆيدە تۇغۇلغان موزاي ئۆي بولماس» دېگەندەك، ئۇلارنى تېخىچىلا «موزاي» دەپ يۈرۈپتۇ. ۋەھالەنكى، بۇ «موزايلار» نىڭ گەپ - سۆزلىرىگە، ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ۋە ئوقۇغان كىتابلىرىغا قارىغاندا، ساپانىڭ بىر تەرىپىنى تارتقۇدەك ئۆي بولۇپ قاپتۇ. بىراق، ئۇلارغا تەلىم - تەربىيە ۋە بىلىم بېرىش ئۈچۈن ئادەم تاللاشتا سەۋەنلىك بوپتۇ. رەھمەتلىك مەۋلانە ھەزرەت بىلەن دىۋانبېگىلەر ماختىغان مۇدەررىس ساۋۇر داموللا قونغان شېخى مىدىرلىسا، دەرھال باشقا شاخقا يۆتكىلىدىغان ئادەم ئىكەن. توۋا، بۇ ئادەم مۇدەررىس تۇرۇپ، ئۆز زامانىسىدە خەلقى ئالەمگە مەشھۇر بولغان جۇھانى، ئەبەيدۇللا زاكونىنى ۋە شەمسۇل مەئالى قابۇسلارنى بىلمەمدىكىنا؟ ...

مۇشۇنداق ئوي ـ خىياللارغا بېرىلگەن دانىيال خوجىنىڭ دىققە-
تىنى ئىشىكتىن ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن نىياز بەگ بۆلۈۋەتتى، ھودۇققان
چىرايىنىڭ ئۆڭگىسۈلى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ھالىتىنى كۆرمىگەن
دانىيال خوجا ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمە بولدىلا؟

شۇ چاغدىلا خۇدىنى يوقاتقان ئادەمدەك تۇرغان نىياز بەگ:

— «ئاللاتائالا سەۋر قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر» خوجام، — دېدى
سۇنۇق ئاۋازدا. ئاندىن، — دۇردۇن ئاغچا ...، — دېدى ـ دە، گېپىنىڭ
ئاخىرىنى دېيەلمىدى.

## خاتىمە

دانىيال خوجا خانلىق تەختىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، قولىدىن
كەلگەن ھەممە ئىشلارنى قىلدى. ئۇ خۇنتەيجى چېۋاڭ رابداننىڭ ۋاقتىدا
ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى قانداق بېجىرگەن بولسا، غالدان سېرىن
خۇنتەيجى بولغاندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلدى. ھەتتا يېڭى خۇنتەيجىنىڭ
ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، يىللىق خىراجنى ۋاقتىدا تاپشۇرغاندىن
باشقا، سوۋغا ـ سالام ھېسابىدا مەخسۇس كارۋانلارنى ئەۋەتىپ تۇردى.

ئۆز نۆۋىتىدە، غالدان سېرىنمۇ ئاتىسىنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ،
ئۆزلىرىگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەن دانىيال خوجىدىن
داۋاملىق پايدىلىنىشنى لايىق كۆردى. شۇڭا دانىيال خوجىنىڭ تەختى
بۇرۇنقىغا نىسبەتەن مۇستەھكەملىنىپ، «تۆت پۇتى يەرگە تېگىپ»
تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، مەرھۇم خۇنتەيجى چېۋاڭ رابدان
دېگەندەك، ئاللاتائالا بىلەن بۇرھان پادىشاھلىق ۋە خانلىق تەختىدە ئول-

تۇرغان ئادەملەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى راۋا كۆرمەيدىغان ئوخشايدۇ. دۇردۇن ئاغىچا ئۆلۈپ ئۈچ يىل ئۆتكەندە، يورۇق دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىگە تويماي ھايات كەچۈرۈۋاتقان دانىيال خوجىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى.

گۈلبادامنىڭ دادىسى ئېيتقاندەك، شىرغا خۇشامەت قىلىپ كۈن كەچۈرۈۋاتقان قارا قۇلاققا ئوخشاش، جۇڭغارلارغا خۇشامەت قىلىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان دانىيال خوجىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى غالدان سېرىنگە ئەۋەتكەن ئون يەتتە ئۇلاغ سوۋغا ـ سالىمدىن ئۈچ كۈن كېيىن جۇڭغار ئوردىسىغا ئاڭلاندى.

— رەھمەتلىك خوجا، دارجاپ بوشقىنىڭ قويچىسىغا ئوخشاش سادىق ۋە ياۋاش ئادەم ئىدى، — دەپ ئەسلىدى ساغا نويان.

— مەرھۇم ئەمرچىمىز بۇ خوجىغا ئىشىنەتتى ۋە ئۇنى «ئۆزى ئۆسكەن سايىنىڭ تۈلكىسىنى تۇتالايدىغان تەدبىرلىك تايغان» دەپ، قەشقەرىيىگە خان قىلىپ ئەۋەتكەنىدى، — دېگەن سۆزلەر بىلەن يادىغا ئالدى يارۇغچى نويان.

خۇنتەيجى غالدان سېرىن بولسا:

— راست، بۇ خوجىنى دادامۇ ياخشى كۆرەتتى. ساغا نويان دېگەندەك ياۋاش ۋە سىلىق ئادەم ئىدى، — دەپ ئۇلارغا قوشۇلغان بولدى.

لېكىن، بۇ جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى دانىيال خوجىنىڭ ئورنىغا خان بەلگىلەشتە، مەرھۇم خۇنتەيجى چېۋاڭ رابدانىنىڭ ئۇسۇلىنى لايىق كۆرمەي، قەشقەرىيىنى بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈپ ئىدارە قىلىش ئۇنۇملۇك دەپ ھېسابلاشتى. «خان» دېگەن ئەمەلنى كۈچىدىن قالدۇرۇپ، دانىيال خوجىنىڭ گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان چوڭ ئوغلى ياقۇپ خوجىنى يەكەنگە، ئايۇپ خوجىنى ئاقسۇغا، يۈسۈپ خوجىنى قەشقەرگە، ئابدۇللا خوجىنى

خوتەنگە هاكىم قىلىپ تەيىنلىدى.

شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭدا بىر يۈز ئاتمىش نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرگەن يەكەن خانلىقى ئاپاق خوجىنىڭ كاساپىتىدىن جۇڭغارلارنىڭ بېقىندى خانلىقىغا ئايلىنىپ ئەللىك ئىككى يىل تۇرغان بولسا، غالدان سېرىن خۇنتەيجى بولغاندا، بۇ بېقىندى خانلىق مەمۇرىي جەھەتتىن تېخىمۇ ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈۋېتىلدى ...

责任编辑：苏里坦·阿西木
封面设计：加拉利丁·巴合拉木
责任校对：阿扎提古丽·阿塔吾拉
技术编辑：亚生·吐尔地

沉闷的年代 （维吾尔文）
（历史长篇小说）

作者：玉苏甫·伊力亚斯（哈萨克斯坦）

转写：阿布都肉苏里·吾买尔

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮编830001）
新疆新华书店发行 新疆人民出版社微机室排版
新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 16.625印张 3插页
1997年11月第1版 1998年6月第2次印刷
印数：10,001——15,000

ISBN7—228—04123—2/I·1508 定价：16.00元